يارمۇھەممەت تاھىر تۇغلۇق



# قائىدە-يوسۇنلىرىمىز

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى
شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى

قائىدە-يوسۇنلىرىمىز

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى
شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: نۇرمۇھەممەد ئۆمەر ئۇچقۇن



ISBN 978-7-5373-1997-3
9 787537 319973 >



يارمۇھەممەت تاھىر تۇغلۇق

# قائىدە-يوسۇنلىرىمىز

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى
شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى

كىتاب نامى: قائىدە ـ يوسۇنلىرىمىز (1)
پىلانلىغۇچى: ئىزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن
ئاپتورى: يارمۇھەممەت تاھىر تۇغلۇق
مەسئۇل مۇھەررىرى: نۇرئالىيە ئابدۇكېرىم
تەكلىپلىك مۇھەررىرى: ئابلىمىت قادىر
مەسئۇل كوررېكتورى: دىلنۇر ئابدۇراخمان
تەكلىپلىك كوررېكتورى: ئابدۇرېھىم ئابلىمىت
مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: نۇرمۇھەممەد ئۆمەر ئۇچقۇن
نەشرىيات: قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى
شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى شىنخۇاڭ غەربىي يولى 36 ـ نومۇر
پوچتا نومۇرى: 830000
تارقاتقۇچى: شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى
زاۋۇت: شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتى
فورماتى: 1230 × 880 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 18.25
نەشرى: 2009 ـ يىلى 12 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
بېسىلىشى: 2011 ـ يىلى 3 ـ ئاي 1 ـ قېتىم بېسىلىشى
كىتاب نومۇرى: ISBN 978 – 7 – 5373 – 1997 – 3
باھاسى: 48.00 يۈەن

(باسما ۋە يەت تۈپلەشتە خاتالىق كۆرۈلسە زاۋۇت بىلەن ئالاقىلىشاڭ)

Abdulcelil TURAN
Yenidoğan Mh. 41. Sk. No: 7
Daire: 4 Zeytinburnu - IST.

# مۇندەرىجە

قائىدە ـ يوسۇن مىللىي ئۆزلۈكىنىڭ جۇلاسى(مۇقەددىمە ئورنىدا)
............................................................ 1
قائىدە ـ يوسۇن ئۈستىگە يارىتىلغان دۇنيا .............. 1
قائىدە ـ يوسۇننىڭ بەنسى ۋە مەزمۇنى .................. 5
قائىدە ـ يوسۇننىڭ ئىجتىمائىي قاتلىمى ................. 7
ئۇيغۇرلار قائىدە ـ يوسۇنلۇق مىللەت ................. 10
قائىدە ـ يوسۇن مىللىي مەۋجۇتلۇقنىڭ ئاساسى ........ 15
زامانىۋىلىشىش ۋە ياتلىشىش ................................ 18
قائىدە ـ يوسۇننى قوغداش مۇھىم مەسئۇلىيەت ........ 23

بىرىنچى قىسىم

## قائىدە ـ يوسۇنلار تۇرمۇشىمىزدا

**يېڭى مېھماننى كۈتۈۋېلىش** ........................................ 31
ھامىلىدار ئايالنى ھۆرمەتلەش ................................ 32
كىندىك قېنىنىڭ تۆكۈلۈشى .................................... 32
خۇش خەۋەر يەتكۈزۈش .......................................... 33
بۆبۈش مۇراسىمى .................................................. 34
زاكىلاش مۇراسىمى ................................................ 35

ئېغىزلاندۇرۇش مۇراسىمى .................................. 35
ئىسىم قويۇش مۇراسىمى .................................. 36
بۆشۈك توي .................................. 39
قىرقىنى قىلىش .................................. 40

**قوشنىدارچىلىق يوسۇنلىرى** .................................. 43
قوشنا قوشنىغا ئامانەت .................................. 43
قولغا بىرىپ تۇرۇش .................................. 44
لاپقۇت .................................. 44
ئاش سۇنۇشۇش .................................. 45
قوشنىلاردا پاسىل تام .................................. 46
سوۋغا ـ سالام قىلىش .................................. 47
قوشنىلاردا ئۆلۈم ـ يېتىم بولغاندا .................................. 47
كېسەل يوقلاش .................................. 49
قوشنىلارنىڭكىدە توي بولغاندا .................................. 49
مېھمان چاقىرغاندا .................................. 50
قوشنىلار بىلەن يۈز كۆرۈشكەندە .................................. 50
قوشنىلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلماسلىق .................................. 51
ياخشى قوشنىلاردىن بولايلى .................................. 51

**ھېيت ـ بايراملىرىمىز** .................................. 53
نورۇز بايرىمى .................................. 53
قۇربان ھېيت .................................. 56
روزا ھېيت پائالىيەتلىرى .................................. 58
روزا مەزگىلىدىكى پەرھىزلەر .................................. 58
ھېيت پائالىيەتلىرى .................................. 59

ھېيتنىڭ خاسىيىتى ........................................ 59

**سودا ئەخلاقى ۋە سودا يوسۇنى** ........................................ 61
سودىدا ئادىل بولۇش ........................................ 61
سودىدا راستچىللىق ........................................ 61
سودىدىكى سەممىيەت تەلىپى ........................................ 62
تارازا، ئۆلچەم توغرا بولۇش ........................................ 62
بېسىمدارلىق قىلماسلىق ........................................ 63
لەۋزى ھالال ........................................ 63
جازانىخورلۇق يامان كۆرۈلىدۇ ........................................ 63
بېدىكلىك يوللۇق ........................................ 64
ئاناڭ بازار، ئاتاڭ بازار ........................................ 65
باشقىلارنىڭ سودىسىنى بۇزماسلىق ........................................ 65
كېلىش مەنبەسى ئېنىق بولمىغان نەرسىنى ئالماسلىق
........................................ 66
زاكالەت قويۇش ئادىتى ........................................ 66
سودىدا شېرىكچىلىك ........................................ 66

**مۇھەببەتلىشىش يوسۇنلىرى** ........................................ 68
مۇھەببەت ۋە ھايا ........................................ 69
ۋاپا مۇھەببەتنىڭ قۇياشى ........................................ 70
مۇھەببەت بابىدا غوجا ۋە قۇللۇق پەرقى بولمايدۇ ...... 71
مۇھەببەتكە ئۆزىنى پىدا قىلىش روھى ........................................ 72
مۇھەببەت كۆز ـ كۆز قىلىدىغان زىبۇ ـ زىنەت ئەمەس
........................................ 72
نەپسى ئۈچۈن ئاشىق بولغانلارغا ئاشىقلىق ھارام ...... 75

نىكاھ مۇھەببەتنىڭ قاتىلى ئەمەس .................. 76

**كىيىنىش يوسۇنلىرى** .................. 78

ئۆزىنى قەدىرلەش .................. 78

كىيىنىشتىكى مىللىي قائىدە ـ يوسۇن .................. 79

كىيىنىشتىكى پەرھىزلەر .................. 80

ئەرلەرچە كىيىنىش، ياسىنىش ئادەتلىرى .................. 81

پوتا باغلاش .................. 82

ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ياسىنىش يوسۇنلىرى .................. 83

**ئەقىدىگە باغلانغان قائىدە ـ يوسۇنلار** .................. 86

ياخشىلىق قىلىش، يامانلىق قىلماسلىق .................. 86

باشقىلارنىڭ رىزقىغا توپا چاچماسلىق .................. 87

كىشىلەرگە قولايلىق يارىتىش .................. 88

باشقىلار زىيانغا ئۇچرىغاندا .................. 88

يامان بولىدۇ .................. 88

تەرەت قىلىش يوسۇنلىرى .................. 89

تەبىئەتنى تىللاش مەنئى قىلىنىدۇ .................. 90

ھەددىدىن ئارتۇق قۇلچىلىق قىلماسلىق .................. 90

ھەرقانداق نەرسىلەر بىلەن قەسەم قىلىش مەنئى قىلىنىدۇ .................. 91

ئەيىب سانىلىدىغان ئىشلار .................. 92

باشقىلارنى كەمسىتىش يامان ئېلىنىدۇ .................. 92

**ناخشا ـ مۇزىكىغا باغلانغان يوسۇنلار** .................. 93

«ئون ئىككى مۇقام» يوسۇنلىرى .................. 93

مۇقام تەلىم ـ تەربىيە مەكتىپى ........................ 95
ناخشا ـ مۇزىكا ساغلاملىق شىپاخانىسى ..................... 95
ئولتۇرۇشلارنىڭ گۈلتاجى ـــ ناخشا ـ مۇزىكا .......... 96
ئۆيىنىڭ زىننىتى، تۇرمۇشنىڭ بېزىكى ..................... 97
ناخشا ـ مۇزىكا بايراملارنىڭ ئەۋجى ....................... 98
سەنئەت خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ ..................... 98

**ئائىلىدىكى يوسۇنلار** .............................................. 100
ئائىلىدە پەردىشەپ ............................................ 100
ئاتا ـ ئانا ھۆرمىتى ............................................ 102
ئاتا ـ ئانىغا كۆرسەتكەن پەزىلەت ......................... 104
ئۇرۇق ـ تۇغقانلارنى يوقلاش ................................. 105
قەبرىنى زىيارەت قىلىش ....................................... 105
ئۆلگەننىڭ يامان كېپىنى قىلماسلىق ...................... 106
بىر ـ بىرىنى كەمسىتىش يامان ئىللىتىمدۇ ............ 106
ئۇلۇغلارنى ئۇلۇغلاش ......................................... 107
ئوچاق ۋە ئائىلە ................................................. 107
ئۆيدە چارۋا بېقىش ............................................ 109
نان ئۇۋاقلىرىنى يېيىش ....................................... 109
ئىشىك ئالدىلىرىغا كۆپ قويۇش ........................... 110
يولغا ئەھمىيەت بېرىش ....................................... 111
نىيەتنى ئەلا بىلىش ........................................... 111
ياخشىلىقنى كىمگە قىلىش كېرەكلىكى ھەققىدە ...... 113

**كىشىلىك مۇئامىلە ـ مۇناسىۋەت قائىدىلىرى** ................... 115
ئاياللارغا ياخشى مۇئامىلىدە بولۇش ......................... 116

ئەرلەر ئەزىزلىنىدۇ ........................................ 117
باشقىلارنىڭ ئەيىبىنى يوشۇرۇش ........................ 117
كىشىلەرنى ئەپلەشتۈرۈش .............................. 118
يېتىملارنىڭ بېشىنى سىلاش ........................... 118
تۇل خوتۇنلارغا غەمخورلۇق قىلىش ..................... 118
چۈشكۈرۈش ۋە ئەسنەش ................................. 119
يەتتە كۈندە بىر قېتىم يۇيۇنۇش ......................... 119
ئۈجمە دەرىخى تىكىش .................................. 120
قەبرىلەرنى زىيارەت قىلىش ............................ 120
قەبرە بېشىدا ئولتۇرماسلىق ............................. 121

كىشىلىك مۇناسىۋەتتىكى يەنە بىر قىسىم پەزىلەت يوسۇنلىرى
.................................................................... 122
باشقىلارنىڭ ئارىسىنى تۈزەپ قويۇش ...................... 122
باشقىلارنىڭ ئەيىبىنى ئىچىش يامان ....................... 123
بىرىنىڭ ئۆيىگە ئىجازەتسىز كىرىش مەنئى قىلىنىدۇ .... 124
ئىككى ئايال بىر تۆشەكتە بىللە ياتمايدۇ .................. 125
يۈزگە ئۇرۇش يامان ئېلىنىدۇ ............................. 126
ئۇرۇشقاندىمۇ يامان تىل ئىشلەتمەسلىك .................. 126
سوۋغا ـ سالام قىلىشىش ................................. 127
يول سورىغان كىشىلەرگە يول كۆرسىتىپ قويۇش ......... 128
ھەرقانداق ئىشنى ئوڭدىن باشلاش ........................ 128
سۆز ئېچىش يوسۇنى ...................................... 129

**قۇتلۇق ۋە پەرھىزلىك ئىشلار** ............................ 131
قۇتلۇق، پەرھىزلىك ۋاقىت چۈشەنچىسى .................. 131

بالدۇر يېتىش ........ 134
سەھەر تۇرۇش ........ 134

**تىلەك تىلەش ئادىتى** ........ 135
كوللېكتىپ شەكلىدىكى تىلەك تىلەش ........ 136
ئائىلىدە تىلەك تىلەش ........ 137
شەخسىي تىلەك تىلەش ........ 138

**مېھماندارچىلىق يوسۇنلىرى** ........ 139
مېھماننىڭ تەييارلىقلىرى ........ 140
مېھمانلارنى كۈتۈۋېلىش ........ 142
مېھمانلارنىڭ پەزىلەت تەلەپلىرى ........ 144
«داستىخان»دىكى يوسۇنلار ........ 150

**تازىلىق روھنىڭ پاكلىقى** ........ 152
ئۆي ئىچى، ھويلا ـ ئارام تازىلىقى ........ 153
مۇھىت تازىلىقى ئادەتلىرى ........ 154
شەخسىي تازىلىق ئادەتلىرى ........ 155
يېمەك ـ ئىچمەك تازىلىقى ئادەتلىرى ........ 156

**قانداشلىق (جەمەت) يوسۇنلىرى** ........ 158
قانداشلىق مۇناسىۋەت ........ 158
تۇغقانلارنىڭ نام ـ ئاتىقى ........ 159
قانداشلار ئارا نىكاھ چەكلىنىدۇ ........ 162
پەرزەنت تەربىيەلەش يوسۇنلىرى ........ 162
نەسىل ـ نەسەبكە ئەھمىيەت بېرىش ........ 163

سەۋەب ـ نەتىجە پرىنسىپى .............................. 164
بالىنى ئۆز قولى بىلەن تەربىيىلەش پرىنسىپى ....... 165
بالىنى ئانا سۈتى بىلەن بېقىش پرىنسىپى ............ 166
«ئادەم قولاقتىن سەمرىيدۇ، هايۋان تۇياقتىن» ......... 166

**ئوزۇقلىنىش يوسۇنلىرىمىز ................................ 169**
ئۈچ ۋاخ ئوزۇقلىنىش ........................................ 169
ئوزۇقلىنىش مىقدارى ....................................... 170
ئوزۇقلىنىش ۋە مىزاج ....................................... 171
ئوزۇقلىنىش ۋە پاكىزلىق .................................. 173
ئائىلىدە ئوزۇقلىنىش ........................................ 173
ئوزۇقلىنىشتا پەرھىزلەر .................................... 174

**نانغا باغلانغان يوسۇنلار ................................. 178**

**چايغا باغلانغان يوسۇنلار ............................... 185**
ساماۋارخانا ئادەتلىرى ...................................... 185
چاي قۇيۇش، چاي سۇنۇش ئەدەپلىرى ..................... 186
چايغا باغلانغان يوسۇنلار ................................. 187

**سالاملىشىش يوسۇنلىرى .................................. 189**
سالامنىڭ لەۋزى ............................................... 189
سالامنىڭ شەرتلىرى ......................................... 190
قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈش .................................... 191
قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈش ..................................... 191
قولىغا ۋە پۇتىغا سۆيۈپ كۆرۈشۈش دۇرۇس ئەمەس ... 191
سالامنى باشلاش يوسۇنى .................................. 192

سورۇنغا كىرگەندە، قايتقاندا سالام قىلىش ............ 192
سالامدا چەكلەنگەن ئىشلار ............................ 193
سالامنىڭ لەۋزى مىللىي ئادەتكە ئۇيغۇن بولۇش تەلەپ
قىلىنىدۇ ................................................. 194

**سەپەر يوسۇنلىرى** ........................................ 196
سەپەردىكى تەقدىرداشلىق ............................. 197
نىيەت دۇرۇس بولۇش ................................... 197
سەپەرگە ئاقيول تىلەش ................................ 198
ۋەسىيەت قالدۇرۇش ..................................... 198
«يازدا يېپىنچا، قىشتا ئوزۇق» ....................... 199
ئوزۇقنى سەپەرداشلىرى بىلەن ئورتاق يېيىش ...... 200
يولدا قوشۇلغان ھەمراھ ھەمراھ ئەمەس ............ 200
سوۋغا ئېلىپ كېلىش ..................................... 201
كارۋان ـ مۇساپىرلارنى ھۆرمەتلەش .................. 201

**جامائەتچىلىك يوسۇنلىرى** ................................ 203
جامائەتنىڭ رولى ......................................... 204
جامائەتنىڭ يېتەكلىشى ................................. 205
جامائەتنىڭ كونكرېت پائالىيەتلىرى .................. 206
جامائەتكە بولغان ھۆرمەت يوسۇنلىرى ............... 208

**توي ـ تۆكۈن يوسۇنلىرىمىز** ............................. 210
تويلارنىڭ تۈرلىرى ...................................... 210
خەتنە توي ............................................... 210
نىكاھ توي ............................................... 213

«نىكاھ» نىڭ مەنىسى ..... 213
نىكاھنىڭ شەرتلىرى ..... 214
ئەلچى ئەۋەتىش ..... 215
چاي ئىچۈرۈش (يېپ باغلاش) ..... 216
چوڭ، كىچىك چاي ئاپىرىش ..... 217
ساندۇق ئېچىش مۇراسىمى ..... 218
قىز ئۆيىدە توي چېيى ..... 218
نىكاھ خۇتبىسى ئوقۇش ..... 219
يىگىتلەرنى كۈتۈۋېلىش ..... 220
قىزنى ياساندۇرۇش ..... 221
قىزنى يۆتكەش ..... 223
نىكاھ كېچىسى ..... 223
چاي ئېلىپ كېلىش ..... 225
يۈزنى ئېچىش ..... 225
ئوغۇلنىڭ ئۆيىدە توي چېيى ..... 226
يۈز ئاچقۇ ..... 227
قۇدا كۆرۈشۈش (تۆر كۆرسىتىش دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ..... 227

**پەزىلەت يوسۇنلىرىمىز ..... 228**
گەپمۇ ئېغىزدىن چىقىدۇ، جانمۇ ئېغىزدىن چىقىدۇ ... 228
ھۈنەرنى ئەلا بىلىش ..... 229
توغرىلىققا دەۋەت قىلىش ..... 231
توغرا يولدا بولۇش ..... 231

**ئىشلەپچىقىرىشتىكى قائىدە ـ يوسۇنلار ..... 234**
پاكلىق بىلەن ئىشقا كىرىشىش ..... 234

باغۋەنچىلىك ئادىتى .................... 235
دېھقانچىلىق ۋە ئۆشرە ـ زاكات ................. 236
خەير ـ ساخاۋەت .......................... 236
تومۇسنى ئۆلۈغ بىلىش ...................... 237

**ئۆزگارا ھۆرمەت يوسۇنلىرى** ....................... 239

**تىلدىكى پەزىلەت يوسۇنلىرى** ....................... 241
مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش ...................... 243

**تەنھەرىكەتكە باغلانغان يوسۇنلار** ................... 244
ھەرقانداق مەرىكىدە تەنھەرىكەت بار ................ 244
چېلىشىش .......................................... 245
ئوغلاق تارتىشىش ............................ 245
باشقا مۇسابىقىلەر ........................... 246

**دەپنە يوسۇنلىرى** ................................ 247
ئاخىرەتنىڭ تەييارلىقلىرى ..................... 248
ۋىدالىشىش .................................. 249
جان ئۈزۈش .................................. 250
ئېگەك تېڭىش ................................ 252
هازا ئېچىش ................................. 252
جامائەت ھازىر بولۇش ......................... 253
مېيىتنى يۇيۇپ ـ تاراش، كېپەنلەش ............. 253
نامىزىنى چۈشۈرۈش ........................... 255
قەبرە بېشىدىكى سوئال ........................ 255

كىتاب تورى ئۇيغۇربەگ

جىنازىنى كۆتۈرۈش .............................. 256
گۆرلۈك ۋە گۆركار .............................. 257
مېيىتنى يەرلىككە قويۇش .............................. 257
نەزىر ـ چىراغ .............................. 258
خۇلاسە .............................. 259

زامانىۋى دەۋر تۇغقان قائىدە ـ يوسۇنلار .............................. 261
ئائىلە ئولتۇراق رايونىنىڭ قائىدە ـ يوسۇنلىرىغا ئەمەل
قىلىش .............................. 262
لىفىتتا چىقىشنىڭ قائىدىسى .............................. 264
ئىشخانىدىكى ئەدەپ ـ قائىدە .............................. 264
پىيادىلەر يولىدا، ماگىزىندا قائىدىگە ئەمەل قىلىش ... 266
ئاممىۋى قاتناش ئەسلىھەلىرىگە چىققاندا .............................. 269
مېھمانخانىلاردا .............................. 271
ماشىنىلىق يۈرگەندە .............................. 271
تور ۋە تور مەدەنىيىتى .............................. 273
تېلېفون ئالاقىسىدىكى قائىدە ـ يوسۇنلار .............................. 275

## ئىككىنچى قىسىم
## مىراس يوسۇنلار

«دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»تە قەدىمكى قائىدە ـ يوسۇنلار تەسۋىرى
.............................. 281

بىر قىسىم مەدەنىي ئادەتلەر .............................. 285
تۆرە .............................. 285

بۇيرۇپ كىتاب يازدۇرۇش ئادىتى ــ «بىتىك بىتىتماق» ...... 293

كىتاب تەقدىم قىلىش ئادىتى ــ «ئارمىغان» ...... 296

كېچىلىك ئولتۇرۇش ــ «سۇرچۇك» ...... 299

ئۇلۇغلارنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ «بۇت» (فىرۇزە) ئاقىشى ...... 300

خانىرە كۈنى ــ «بەزرەم» ...... 301

«تۇغدى»، «يەڭگىدى»نى ئاياللاردىن باشقىغا ئىشلەتمەيدۇ ...... 302

تەڭرى ئەلچىسى بىلەن خان ئەلچىسىنى پەرقلەندۈرۈش ...... 303

قاتار بەزمە، مەشرەپ ...... 305

توپۇق ئويناش ئادىتى ...... 309

بەدەندىكى مويلارنى چۈشۈرۈپ سۈننەت قىلىش ...... 311

نەرسىلەرنى بوغچىدا ساقلاش ئادىتى ...... 312

ئالقىشلاشنى چاۋاك بىلەن ئىپادىلەش ...... 313

ئات سوۋغا قىلىش ئادىتى ...... 313

كېڭەش ــ ئەقىل، تەجرىبە توپلاش ...... 314

چارۋا ماللارغا ئەن سېلىش ئادىتى ...... 315

قوينىدا بۇرنىنى ئېرتىدىغان ياغلىق ساقلاش ...... 316

زىلۋا بويلۇق قىزلارنى «تال» دەپ ئاتاش ...... 317

قاشتاشنى خاسىيەتلىك بىلىش ...... 318

قۇرشاغ ــ قۇر ـ بەلباغ باغلاش ئادىتى ...... 320

تۈركچە ـ ئۇيغۇرچە بىلمەيدىغانلارنى «سۇملىم» ئاتاش ...... 321

تاراش، تارىماق ــ قىزلارنىڭ چاچ تاراش ئادىتى ...... 322

ئۆلۈغلارنىڭ تاماق يېيىشىنى «ئاشادى» دەپ ئاتاش .... 323
تۆۋەت ساقلاش ئادىتى «ساپ» ................ 324
تەرەت سۇندۇرغاندا چالما تۇتۇش ............ 325
مۇچەلدىن كېلىپ چىققان ئەقىدە ـ ئادەت ............ 327
يىلنى پەسىللەر بويىچە ھېسابلاش ئادىتى ............ 328
تۆركۈن ــ ئۇرۇق ـ ئايماق ئەزالىرى توپلىنىدىغان ئۆي
.......................................................... 330
يۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىش ئۈچۈن راسلانغان داستىخان ــ
«كەتچىلىۋ» ........................................ 332
تاماقتا چوكا ۋە قوشۇق ئىشلىتىش ............... 333
كەشتە ئىشلەش ئادىتى .............................. 334
ئىپار ئىستېمال قىلىش ئادىتى ..................... 336
ئۆزۈك سالىدىغان بارماقنى «چىچامۇق» ئاتاش .......... 336
«سىغساماق» ــ چىش كولىغۇچ ئىشلىتىش ........... 337
پاكىزلىق روھنىمۇ ساغلام قىلىدۇ ................ 338

**تۇرمۇش ئادەتلىرى** ................................ 340
ئوۋچىلارنىڭ ئوۋ ئىتى «باراق» ....................... 340
ئاياللارنىڭ پىچاق ساقلاش ئادىتى «كەزلىك» ........... 342
ئەرلەرنىڭ ئۇزۇن چاچ قويۇش ئادىتى «سولۇندى» .... 343
مەڭزى قىزىللىقنى ئېسىل تەبىئەت ھېسابلاش ....... 347
كېلىشكەن ياشلارنى «تايلاڭ» ئاتاش .................. 347
ئىككى ئادەمنىڭ ئارىسىنى تورەپ قويۇش ــ «سۇياد ـ
چىلىق» ................................................ 348
ئادەم مۇڭدىشىپ، ھايۋان ھىدلىشىپ چۈشىنىدۇ ..... 348
قولداش پەقەت يىگىت قولدىشىنى كۆرسەتمىگەن ..... 350

بويىغا يەتكەن قىزنىڭ كوكۇلا (ماڭلاي چاچ) قويۇشى ...................... 350
تېكە ساقال ...................... 351
قولىنى ئۆزۈلاپ جەددىيلەشكەنلىكىنى ئىپادىلەش .... 352
سەپەر قىلغۇچىغا خەيرلىك تىلەش ...................... 353
يۆرۈك — چۆش ئۆرۈش ئادىتى ...................... 354
بار تاۋىقىم، يان تاۋىقىم ئادىتى ...................... 357
سەپەردىن كەلگەن كىشىنىڭ سوۋغىسى — «بەلەك» ...................... 358
ئىشلەپچىقىرىشتا ھەمكارلىشىش ئادىتى — «لۆشۆت» ...................... 359
بەللە يېتىشمىدىغان ئادەم — «ياتقاشوك» ...................... 360
بەدەلسىز سوۋغا «سىگۆر» ...................... 361
قارلۇقلارنىڭ چوكىلىرىنى «كۆلىركىن» دەپ ئاتىشى ...................... 361
«قىز» نىڭ ھىرقانچە خىل مەنىدە قوللىنىلىشى ...... 363
ئەگەچ — ئوماق، ئەقىللىق قىز بالىلارغا ئامراقلىق قىلىش سۆزى ...................... 364
ئايالار يەپ، ئەرلەر يېمەيدىغان گۆش ...................... 365
ياسانچۇق خوتۇنلارنى يالدۇرۇق ئاتاش ...................... 366
ئۇمۇنۇش تەمەخورلۇق ئەمەس ...................... 366
نوقچىلىقتا ئۆتكەن ئادەمنى «ئوغلاغۇ» ئاتاش ...................... 367
نان ياپتۇرۇش، نان يېقىشىش ئادىتى ...................... 368
قوجا تام — تىرەك قويۇش ئادىتى ...................... 369
بىھۇدە ئىش — بىھۇدە خۇن تۆلەشتۇر ...................... 370
تونى يېپىنچاقلاش ئادىتى — «ياخشىناق» ...................... 371

نامراتلارغا يارماق ئۆلەشتۈرۈش ........................ 372
بويى ئېگىز كىشىلەر «سىلىغ كىشى» دەپ ئاتالغان
........................................................... 373
تەقسىمات پاكى مىراس بۆلۈشۈشتە «ئوق» قا ئايرىش
ئادىتى ................................................ 374
چەك تاشلاش ئادىتى ........................... 374
يىتكەن نەرسىنى سوراپ جار سېلىش ........... 375
ئىشلارنى «ئۇلاڭ» قىلىش ئەنئەنىسى ............ 376
مۈلك ـــ ئەقىل چىشى چۈشەنچىسى ............ 380
«تۈلكىمۇ، بۆرىمۇ» دېيىش ئادىتى ............ 381
ئاجىز ئادەمنى «سارىچقا» ئاتاش ............ 382

كىشىلىك مۇئامىلە ـ مۇناسىۋەت يوسۇنلىرى ............ 383
خۇمارۇ (ئەستىلىك، يادىكار) ............ 383
قاياش، قولۇم ـ قوشنىلارنى «قونات» ئاتاش ............ 384
تىنچلىق سورىشىش ـــ «ئايتىخ» ............ 386
چىنچە سالاملىشىش ............ 386
ياشانغان ئاياللارنى «ئاچى» ئاتاش ............ 388
ياخشى بىلەن يامانىنى ئايرىش ............ 388
كىشىلىك مۇناسىۋەت كۆچىنى ئىشەنچتىن كۆكەرتىدۇ
........................................................... 390
تېگى ـ تەكتى بار ئادەمنى «يىلتىزلىق» ئاتاش ........ 392
يەرلىشىپ، قوشۇلۇپ كېتىش ـــ «يىلتىزلاناق» ...... 392
ئاداش بولۇش ئادىتى ............ 393

مېھماندارچىلىق يوسۇنلىرى ............ 396
مېھمانلىق ئۆي «قونۇقلۇق» ............ 396

چاقىرىلمىغان (تويۇقسىز كەلگەن) مېھمان زىياپىتى —
«كەستەم» ...................................... 397
شارابنى ئۈچ قېتىمدىن ئىچىش ئەنئەنىسى ............ 398
يولۇچى ئۇسسۇز قالمىغان ............................ 399
ئۈزىتىش زىياپىتى — يوشۇغ .......................... 401

**تەلىم ـ تەربىيە ئادەتلىرى** .......................... 404
بوۋاقنىڭ جەننىتى — بۆشۈك .......................... 404
بالىلارنى ئەركىلىتىش ئادىتى — ئوخشىماق ......... 406
ئۈزۈلمەس كۈي — «ئەللەي» .......................... 407
«جىن كەلدى» دېسەڭ راستتىنلا جىن پەيدا بولىدۇ ... 408
شاگىرت تەربىيەلەش ئادىتى .......................... 409
ئادەمنى پولاتتى تاۋلىغاندەك تاۋلاش — «قاتۇرماق» .... 411
ھېكايە، قىسسە، تەمسىل ئېيتىشىش ئادىتى —
«ساۋلاشماق» .............................................. 413
ۋائىزلارنىڭ جار سېلىپ ھېكمەت ئۆگىتىشى ......... 414
بالا بېقىۋېلىش ئادىتى ................................. 415
ئەر بېزىكى — كۆركى «بېزىك» — بۆرۆت ............ 416

**پەزىلەت ۋە پەردىشەپ يوسۇنلىرى** .................... 417
ئەردەم ...................................................... 417
ئەردەم شاھى ھايا — ئۇۋۇت .......................... 420
تەكەللۇپ سۆزى «ئۇۋۋا، ئىلىل» ....................... 423
پەشتى قىستۇرۇپ ئولتۇرۇپ نازاكەتنى ئىپادىلەش .... 424
«قىلدى» سۆزىدىن ۋاز كېچىش ......................... 426
چۈركۈ ـ يۈتكۈ — كىچىك بالىلارنى تەرەت قىلدۇرۇشقا

تۇسۇش ئادىتى ...................................... 428
ئارچۇغلۇغ — ياخشى خۇلقلۇق كىشىگە جاھان كۈلۈپ
باقىدۇ ................................................. 428
ساغ كۆڭۈل — يۈزنىڭ ئاقلىقىدىن كۆڭۈل ئاق بولغىنى
ئەۋزەل .................................................. 429
غەرەز ئۇقۇش ئەقىللىق كىشىلەرنىڭ پەزىلىتى ........ 431
ھەرقانداق ئىشنىڭ ئۆرنى بار ........................ 432

ئەدەپ يوسۇنلىرى ...................................... 433
كۆرگەنلا ئەزانى ئوچۇق تىلغا ئالمايدۇ ................ 434
ئۇلۇغلارنى ئۇلۇغلاش ئادىتى .......................... 436
ئاقىلدارلارنى ئۇلۇغ ئاتاش ئادىتى ..................... 437
چوڭلارنى «سىز»لەش، كىچىكلەرنى «سەن»لەش ئادىتى
.......................................................... 438
يۇرت چوڭىنى ھۆرمەتلەش ئادىتى ...................... 439
تون كىيدۈرۈش يوسۇنى ................................ 440
ئۇلۇغلارنى تۆرگە ئېلىش .............................. 441
بىلىملىك، ئالىم كىشىلەرنى «تەڭرى» دېيىش .......... 441
بىلىملىك ئادەمنى «تەڭرىكەن» دەپ ئاتاش ............ 442
دانىشمەن ئەرلەرنى «بۈگۈرۈك بىلگە» دەپ ئاتاش ..... 444
ئۇلۇغلارغا تىل تەگكۈزمەسلىك ....................... 444

ئەقىدىگە باغلانغان يوسۇنلار .......................... 446
بايات — تەڭرى چۈشەنچىسى ............................ 446
ئىسلام دىنى ئادىتى بويىچە ئىمان كەلتۈرۈش ......... 449
قامانلارنىڭ رەم سېلىشى ھازىرمۇ داۋاملاشماقتا ...... 449

كېچىدە ئاڭلانغان ئەرۋاھلارنىڭ گۆلڭ ـ گۆلڭ ئاۋازى ... 450
كاككۇك سۆڭىكىنى ئەپسۇندا پايدىلىنىش .............. 452
مۇسۇلمان بولمىغان ئۇيغۇرلارنى «تات» دەپ ئاتاش .... 454
تۇزنى ئۇلۇغلاش ئادىتى .............................. 458
«پېشانىسى كەڭلىك»نى بەخت نىشانى دەپ قاراش ..... 459
قەسەم قىلىش ئادىتى .............................. 462
مىنىلمەيدىغان، سېغىلمايدىغان ئۇلاغ — ئىمزۇق ...... 463
قىلىچىنى يالىڭاچلاپ ئالدىغا كۆندىلەڭ قويۇش ... 464
قۇربانلىق قىلىش ئادىتى ........................... 465
تۇمار ساقلاش ئادىتى .............................. 466
يازدا تۇغۇلغان «كۆرپە» ئوغۇل ....................... 467
«قاپلىغ ئوغۇل» ئەقىدىسى ............................ 467
ئوغۇلنىڭ قۇلىقىنى تىلدۇرۇش ئادىتى — «ئەز تۇرۇش»
............................................................ 468
شامان دىنىغا ئائىت بىر قىسىم سۆزلەرگە ئىزاھات ... 469
ياغمىلاردا «يادا تاش سېھىرگەرلىكى» .................. 476
شامال دارىشنى «جىن چاپلاشتى» دەپ قاراش .......... 478

**مەردلىك يوسۇنلىرى** ................................ 480
قوي بېشىنى تەقدىم قىلىش ئادىتى .................. 480
ئات قۇيرۇقىنى ئۆرۈش ئادىتى ......................... 482
باتۇر يىگىتلەرنى «لاچىن» ئاتاش ...................... 483
قوتاز قۇيرۇقى تاقاپ باتۇرلۇقنى ئىپادىلەش .......... 484
ئەر ئاتقا ئىگە بولسا «قاناتلاندى» دېيىش ............ 484

ئات قۇيرۇقىنى تۈگۈپ باتۇرلۇقنى ئىپادىلەش ......... 485

بىر قىسىم پەزىلەتسىز ناچار ئادەتلەر ........................ 486
ئاياللارنى سۈننەت قىلىش ئادىتى ........................ 486
ئەرلەرنى ئاختا قىلىش ئادىتى «تۇنۇق» ................. 487
ئاياللارنىڭ ئارسىزلىقى «ئەركەكلىك» ................. 488
ياش بالىلارنى تىللاش ئادىتى «كۆتىچ» ................. 489
ئاياللارنى ئەتىۋارلاش ۋە ھاقارەتلەش — «ئەردىنى» ... 489
ئۆكتەملەرنىڭ ھەيۋە سۆزى «چىق» ...................... 491
قەدىمكى تىكىشىش ئادىتى ................................ 492
خوتۇنلارنىڭ ئاسىيلىقى — «ئويناش» .................. 493
قۇللارنى سۆككەندە «قاشاڭ» دېيىش ................... 494

خەلق يامان كۆرىدىغان مەنىۋى ئىللەتلەر .................. 496
ئىچى يامان ئادەمنى «تەپىز» ئاتاش .................. 497
ئەلگە ئەسقاتمايدىغان تاشلاندۇق كىشى ................. 497
پاسلى يۈزۈلغان ئايالنى «يەرۈك» ئاتاش ................. 499
سۆيۈق، سەيدانى يوق ئادەمنى «يايىغ» ئاتاش ............ 500
سۆخەنچىلىك، پىتنە ـ پاسات كېسەللى ................. 501
پىتنە ـ پاسات ھەسەتتىن تۇتىشىدۇ ...................... 502
يىلان، چايانلار چېقىلسا چاقىدۇ، چېقىمچى چېقىلمىسىمۇ
چاقىدۇ .................................................... 503
بىھەرۋالىق قىلىنىڭ پالەچلىكى ........................ 504
مۇناپىقنى ئىككى يۈزلۈك ئاتاش ........................ 505
يۈزسىزلىك ئىككى يۈزلىمىلىككە ئېلىپ بارىدۇ ....... 506
يالغانچىلىق، ۋەدىدە تۇرماسلىق ........................ 507

بېخىللىق ئۆزىگە ئۆزى زۇلۇم قىلغانلىق ............ 508
سۈسلۈق مەھرۇملۇققا سەۋەب بولىدۇ .................. 509
ئەقىلنىڭ تىزگىنى غەزەپ، تەننىڭ ئوزۇقىمۇ غەزەپ ... 510
قۇتۇلماس قۇللۇق تەمە قۇللۇقىدۇر ..................... 512
ۋاقتەگكۈرلۈكمۇ بىر خىل پىسخىك كېسەل ........... 513
مىجەزى يامان ئادەم نەگە بارسا يالغۇز قالىدۇ ........... 514
ئاڭ پەس — نەس كۈن يالاقچىنىڭ كۈنى .............. 515
شالغۇت ئادەمنىڭ روھىمۇ شالغۇتلىشىدۇ .............. 516
روھتىكى تەكەببۇرلۇق گەۋدىسىمۇ ئەكس ئېتىدۇ ..... 517
ئەسلىنى ئۇنتۇغان ئادەمنى «قانتقلىغ» ئاتاش .......... 519

«توي» ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ئادەتلەر ..................... 521
دۇنياۋى ئورتاق ئىنسانىي ئادەت سۆيۈش ۋە سۆيۈشۈش
.................................................................... 522
سۆيۈملۈكنى ئىپادىلەش تىل ئادىتى — «تۇزاق» ..... 526
سۆيگۈ تەڭرىنىڭ مەرھەمىتى ........................... 527
ئەلچىلىك ئادىتى — «يۇمۇش»، «ساۋ» ................. 528
ئارقاپى ................................................ 529
توي .................................................... 531
چاچقۇ چېچىش ئادىتى «مۇندۇزى» ..................... 533
كېلىنگە سوۋغا ـ سالام بېرىش ئادىتى «يۈيۈش» ..... 533
نىكاھ كېچىسى كېلىنگە قوشۇلىدىغان دىيدەك —
«ئەگەتلىك» ........................................... 535
كەزۆت ................................................ 536
دىدىم ................................................ 537
كېلىن ئولتۇرىدىغان چىمىلدىق — «مۇندەرۇ» ........ 538

ئەگەنلىك قارا باش ......................................... 539
ئاياللارنى ئايرىيدىغان كۆشكە «تۆلۆ‹ر» ................. 541
سوۋغا ـ سالام ئارقىلىق كېلىنگە ياردەم بېرىش ...... 541
پاكلىق گۇۋاھچىسى ــ «قىزلىق» ............................. 542
ئاياللارنىڭ ئاغۋاتلىق بولۇشى .............................. 544
كېلىنىنىڭ «ھاسىلىق» بولۇشى ............................. 544

**خاقانىيەدە تۇغقاندارچىلىق ئاتالغۇلىرى** ....................... 546

**ئۆلۈم ـ يېتىم يوسۇنلىرى** ......................................... 554
ئۆلۈكنى ساندۇققا سېلىش ئادىتى «قابىرچاق» ......... 554
تاۋۇت بىلەن دەپنە قىلىش ئادىتى ......................... 556
قەبرە ۋە جىنازىغا يوبۇق يېپىش ئادىتى «ئەشۈك» .... 556
نەزىر ـ چىراغ ئادىتى «يۇغ» ۋە «باسان» ................ 557
ئۆلگەن كىشى ھەققىدە يامان گەپ قىلىش ــ «كىرتۈ»
............................................................................ 559

# قائىدە ـ يوسۇن مىللىي ئۆزلۈكنىڭ جۇلاسى

(مۇقەددىمە ئورنىدا)

قائىدە ـ يوسۇن قاسىراق ئەمەس تاشلىۋەتسە بولۇۋېرىدىغان، ئۇ دېگەن روھ، چىقىپ كەتسە قۇرۇق گەۋدە قالىدىغان.

— خاتىرىدىن

## قائىدە ـ يوسۇن ئۈستىگە يارىتىلغان دۇنيا

ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ مۇھىم بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى ئىنسانلار رەڭگارەڭ قائىدە ـ يوسۇنلار چەمبىرىكى ئىچىدە ياشايدۇ ۋە تەرەققىي قىلىدۇ. قائىدە ـ يوسۇن كىشىلىك جەمئىيەتنىڭ شەكلى ياكى پوستىدىلا نامايان بولماستىن، بەلكى مەزمۇنى ۋە مېغىزىدا ئىپادىلىنىدۇ. بۇ مەنىدىن ئالغاندا، ئۇ جەمئىيەتنىڭ تاشقى بېزىكى ئەمەس، بەلكى ئۇنى بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە قىلغۇچى يادرولۇق ئامىل ھېسابلىنىدۇ. ئەڭ قەدىمكى دەۋردىن باشلاپلا ئىنسانلار قائىدە ـ يوسۇننى ياراتقان، قائىدە ـ يوسۇن بولسا ئىنسانلار جەمئىيىتىنى بەرپا قىلغان؛ شۇنداقلا ئىنسانلار يەنە ئۆز نۆۋىتىدە شۇلارغا تايىنىپ، كىشىلىك مۇناسىۋەت تورىنىڭ جازىبىدار ھالقىلىرىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. قائىدە ـ يوسۇن ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ، مۇنتىزىم قانۇن ـ تۈزۈمنىڭ ئانىسى ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر جەمئىيەتنى بۈگۈنكىدەك بىر

پۈتۈن تەرتىپكە ئىگە قىلغان، كۈچلۈك كونترول قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە قائىدە ـ يوسۇنلار ئۆز رولىنى يوقاتسا، مۇنتىزىم خەلقئارا قانۇن ۋە دۆلەت قانۇنلىرىنىڭمۇ رولى بولمايدۇ. قائىدە ـ يوسۇنلار بۇزۇلسا، جەمئىيەت ئۆز كونترول دەستىسىدىن مەھرۇم بولىدۇ، گۈزەل ھۆسن ـ جامالىمۇ خۇنۈكلىشىدۇ. قائىدە ـ يوسۇن ئىنسانلار تۇرمۇشىنىڭ بارلىق قاتلىمىغا چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەربىر ھەرىكەت ـ پائالىيىتىنىڭ بېزەكى ۋە كۆركى ھېسابلىنىدۇ.

ئۇمۇمىي نۇقتىدىن قارىغاندا، پۈتۈن ئىنسانىيەت جەمئىيىتى ناھايىتى مۇكەممەل، كۆپ قاتلاملىق، رەڭگارەڭ قائىدە ـ يوسۇنلار ئۈستىگە قۇرۇلغان. ئۇلار دۆلەتلەر ئارا بولىدىغان دىپلوماتىك مۇناسىۋەت، سودا مۇناسىۋىتى، مەدەنىيەت مۇناسىۋىتى قاتارلىقلاردا ئەڭ ئاۋۋال ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم ئىشلار ھېسابلىنىدۇ. ھەممىمىزگە مەلۇمكى، ھەربىر دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس قائىدە ـ يوسۇنلىرى بولىدۇ. بىر دۆلەتنىڭ رەئىس جۇمھۇرى يەنە بىر دۆلەتكە بارسا، شۇ دۆلەتنىڭ قائىدە ـ قانۇنىغا ئەمەل قىلىدۇ ھەمدە شۇ دۆلەت ئۇ رەئىس جۇمھۇرنى ئۆزلىرىنىڭ قائىدە ـ يوسۇنى بويىچە كۈتۈۋالىدۇ. ئەگەر ئۇ رەھبەر بىرەر ئىشتا ساھىبخانا دۆلەتنىڭ قائىدە ـ يوسۇنىغا خىلاپلىق قىلىپ قويسا، شۇ دۆلەتنى كۆزگە ئىلمىغان بولۇپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى نورمال مۇناسىۋەتكە تەسىر يېتىدۇ. دېمەك، قائىدە ـ يوسۇنغا ئەمەل قىلىش مەيلى دۆلەتلەر ئارا مۇناسىۋەتتە بولسۇن ياكى كىشىلىك مۇناسىۋەتتە بولسۇن، ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ.

دۆلەتنىڭ ئىچكى قىسمىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، دۆلەتنىڭ قائىدە ـ يوسۇنلىرىغا بارلىق پۇقرالارنىڭ ئاكتىپلىق ھالدا قاتنىشىشى ۋە بويسۇنۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ. جۇڭگونىڭ دۆلەت

بايرىمى ئېلىمىزنىڭ مۇھىم بىر قائىدە - يوسۇنى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ جۇڭگو پۇقرالىرىغا يېڭى جۇڭگونىڭ قۇرۇلۇشى، بۇ جەرياندا بېرىلگەن قۇربانلارنى ئەسلىتىدۇ، ئۇلارنىڭ دۆلەتنىڭ مۇستەقىللىقى ۋە بىر پۈتۈنلۈكىنى قوغداش ئېڭىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ. دۆلەت بايرىقىنى چىقىرىشمۇ مۇھىم قائىدە - يوسۇن بولۇپ، دۇنيادىكى بارلىق دۆلەتلەردە ئومۇملاشقان. دۆلەت بايرىقى ھاكىمىيەتكە، مۇستەقىللىققا، دۆلەتنىڭ بىر پۈتۈنلۈكىگە ۋە غەلىبىسىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. دۆلەت بايرىقى چىقىرىش ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ دۆلەت ھاكىمىيىتى ۋە دۆلەتنىڭ بىر پۈتۈنلۈكىنى جان تىكىپ قوغداش، دۆلەت ۋە خەلققە سادىق بولۇش ھېسسىياتى ئويغىتىلىدۇ. بۇنداق پائالىيەتلەر دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئۆزىگە خاس ئۇسۇل بىلەن يۈرگۈزۈلىدۇ. ئامېرىكىنىڭ يېڭى يىلنى خاتىرىلەش مۇراسىمىغا قارايدىغان بولساق، ئۇنىڭمۇ ئامېرىكىنىڭ دۆلەت قۇرۇش مۇساپىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالايمىز. ئامېرىكىدا ھەر يىلى 2 - ئاينىڭ 22 - كۈنى، يەنى مۇستەقىللىق ئىنقىلابىنىڭ ئاتىسى ۋاشىنگتوننىڭ تۇغۇلغان كۈنى يېڭى يىلنى خاتىرىلەش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئامېرىكىلىقلار بۇ پائالىيەت ئارقىلىق دۆلەت ئاتىسىنى ياد ئېتىدۇ، دۆلەت قۇرۇلغانلىقىنى تەبرىكلەيدۇ. ئامېرىكىدا ئۇنىڭدىن باشقا يەنە مارتىن لوتېرنى خاتىرىلەش كۈنى، لىنكولننىڭ تۇغۇلغانلىقىنى خاتىرىلەش كۈنى دېگەندەك خاتىرە كۈنلىرى بار. بۇ پائالىيەتلەردە نېگىرلارنىڭ ھۆرلۈككە ئېرىشكەنلىكى خاتىرىلىنىپ، ئىككىنچى قېتىملىق ئىرقىي كەمسىتىشكە قارشى تۇرۇش ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسى تەبرىكلىنىدۇ. بۇنداق پائالىيەتلەر پەقەت ئاددىيلا بىر خاتىرىلەش پائالىيىتى بولۇپ قالماستىن، بەلكى كىشىلەرگە ئىنسانىي ھوقۇق، مۇستەقىللىق، ھۆرلۈك

ۋە ئىنچىلىقىنىڭ خاسىيىتىنى، ئىتتىپاقلىق ۋە مىللىي بىرلىكنىڭ كۈچ - قۇدرىتىنى تونۇتىدۇ. كىشىلەر شۇلار ئارقىلىق بۇ يولدا جان پىدا قىلغان قەھرىمانلارغا بولغان سېغىنىشىنى ئىپادىلەيدۇ. دۆلەتنىڭ قۇرۇلۇشى، مۇستەھكەملىنىشى، قۇدرەت تېپىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن خەلق قان كېچىپ كۈرەش قىلىدۇ، مىڭلىغان - ئونمىڭلىغان ئادەملەر ئۆز ھاياتىدىن ۋاقىتسىز ئايرىلىدۇ، ھەددى - ھېسابسىز بەدەل تۆلىنىدۇ. ئەگەر ۋارىس ئەۋلادلار ئەجدادلىرىغا قەلب تۆرىدىن ئورۇن بەرسە، ئۇلارنى سېغىنسا، قەلبىدە ئۇلارنىڭ روھىنى جارى قىلدۇرۇش ئىستىكى ئويغانسا، ۋۇجۇدى ھاياتىي كۈچكە تولىدۇ. دېمەك، ئاشۇنداق پائالىيەتلەر ئۆز نۆۋىتىدە دۆلەت، خەلق ئۈچۈن جان تەسەددۇق قىلىدىغان مىليونلىغان پىداكارلارنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە تۈرتكە بولىدۇ. ئەگەر ھەر خىل پائالىيەتلەر ئارقىلىق ئۇلار خاتىرىلەنمەي، ئۇنتۇلۇپ كەتسە، ئەجدادلارغا ئاسىيلىق قىلغانلىق، ئۇلار ياراتقان باياشات تۇرمۇشقا ناشۈكۈرلۈك، نائىنساپلىق قىلغانلىق بولىدۇ. بۇ خىل يامان ئادەت بىلەن كىشىلەرنىڭ ۋۇجۇدىدا ساداقەت، ۋاپادارلىق يالقۇنى ئۆچۈشكە يۈزلىنىدۇ. مىللىي بىرلىك، ئۇيۇشۇشچانلىق ئورنىنى نىزا - ئاداۋەت، دۈشمەنلىك قاپلايدۇ. نەتىجىدە، دۆلەت ئۆزىنىڭ قۇدرەتلىك ئىقتىدارىدىن مەھرۇم بولىدۇ. يۇقىرىقىلاردىن باشقا، دۆلەت گېربى، قەھرىمانلار قەبرىستانلىقىغا گۈل قويۇش، خەلق ۋەكىللىرى قۇرۇلتىيى، پارلامېنت تۈزۈمى قاتارلىقلارمۇ دۆلەتنىڭ قانۇن - تۈزۈمى ۋە قائىدە - يوسۇنى دائىرىسىگە كىرىدۇ. ئۇلار ئەمەلىيەتتە دۆلەتنىڭ ئىچكى قائىدە - يوسۇنلىرىنىڭ مەزمۇنىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئومۇمەن، بۇ دۇنيا قائىدە - يوسۇنلار بىلەن شۇنداق گۈزەل ۋە جەلپكار. ئۇلار كىشىلىك تۇرمۇشقا قىممەت ۋە مەنە بەخش ئېتىدۇ.

## قائىدە ـ يوسۇننىڭ مەنىسى ۋە مەزمۇنى

بىز كۆپ ھاللاردا قائىدە ـ يوسۇننى ئۆرپ ـ ئادەت مەنىسىدە چۈشىنىمىز. ئەمەلىيەتتە بۇ ئىككى ئىبارە ۋە ئۇلار ئۆز ئىچىگە ئالغان مەنە، مەزمۇن ئوخشاش ئەمەس. بىز توختىلىۋاتقان قائىدە ـ يوسۇن مەنە ۋە مەزمۇن جەھەتتىن ئەرەبچە «ئۆرپ» دېگەن سۆزگە باراۋەر كېلىدۇ. «ئۆرپ ـ ئادەت» بىرىكمىسىدىكى «ئۆرپ» سۆزى ئەرەب تىلىدا «تونۇش، بىلىش، چۈشىنىش» دېگەن مەنىلەرگە ئىگە بولسا، ئۇيغۇر تىلىدا «يېزىقتا خاتىرىلەنمىگەن قانۇن» دېگەن مەنىنى ئاڭلىتىدۇ. «ئادەت» بولسا بىر مىللەتنىڭ يۈرۈش ـ تۇرۇش، ئۆي ـ روزغار تۇتۇش، يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك، توي ـ تۆكۈن، ئۆلۈم ـ يېتىم قاتارلىق ماددىي ۋە مەنىۋى پائالىيەتلىرىدە ئۇزاقتىن بېرى شەكىللەنگەن مىللىي ئۆزگىچىلىكنى ئىپادىلەيدۇ. گەرچە ئۆرپ بىلەن ئادەت ئۆز ئارا تەسىر كۆرسىتىپ، بىر ـ بىرىنىڭ مەۋجۇت بولۇشىدا مۇھىم رول ئوينىسىمۇ، لېكىن ئادەت ھەرگىزمۇ ئىجتىمائىي قانۇن، يەنى «يېزىقتا خاتىرىلەنمىگەن قانۇن» بولالمايدۇ. بىراق، بىز تىلغا ئېلىۋاتقان قائىدە بىلەن يوسۇن تەڭداش ئۇقۇم بولۇپ، «ئۆرپ» سۆزى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەزمۇننى ئىپادىلەيدۇ. ئادەتكە خىلاپلىق قىلىشقا بولسىمۇ، لېكىن قائىدە ـ يوسۇنغا خىلاپلىق قىلىشقا بولمايدۇ. قائىدە ـ يوسۇنغا خىلاپلىق قىلغانلىق جامائەتنىڭ قانۇنىغا خىلاپلىق قىلغانلىق بولىدۇ.

ئومۇمىي مەنىدىن ئالغاندا، قائىدە ـ يوسۇن بىر مىللەتنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشىدا تارىختىن بۇيان ئۈزلۈكسىز بېيىپ، تاكامۇللىشىپ كېلىۋاتقان، شۇ مىللەتنىڭ تۇرمۇش ئەندىزىسى، دۇنيا قارىشى، قىممەت قارىشى، دىنىي

ئېتىقادى، مەدەنىيەت ـ سەنئىتى، سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن، شۇ مىللەت ئەزالىرى بىردەك ئېتىراپ قىلغان، بىر پۈتۈن مىللىي مەدەنىيەتنىڭ ئايرىلماس تەركىبىي قىسمىغا ئايلانغان ئۆلگىلىك ھەرىكەت ـ يوسۇنلىرىنىڭ ئومۇمىي يىغىندىسىنى كۆرسىتىدۇ. ھەربىر ئادەم تۇغۇلغاندىن تارتىپ تاكى ئۆلگۈچە ئەنە شۇ قائىدە ـ يوسۇن ئىچىدە ياشايدۇ. بىر ئادەم يەككە ـ يېگانە ھالدا قائىدە ـ يوسۇن بارلىققا كەلتۈرەلمەيدۇ. ئۇنىڭ شەخسىي قائىدە ـ يوسۇنىمۇ بولمايدۇ، شۇنىڭغا ئوخشاش مىللەتنىڭ قائىدە ـ يوسۇنى شەخسكىمۇ تەۋە بولمايدۇ. شەخسنىڭ ئادەتلىنىپ قالغان ئىش ـ ھەرىكىتىنى شۇ ئادەمنىڭ شەخسىي ئادىتى دەيمىز. ئەگەر بىر ئادەم مىللەتنىڭ ئومۇمىي ئادىتىگە خىلاپلىق قىلسا، ئەيىبكە ئۇچرىمايدۇ؛ بىراق قائىدە ـ يوسۇنغا خىلاپلىق قىلسا، ئەيىبكە ئۇچرايدۇ.

ئۆرپ ـ ئادەت كەڭ ۋە تار مەنىدە چۈشىنىلىدۇ. كەڭ مەنىدىكى ئۆرپ ـ ئادەت دېگەندە، بىر مىللەتنىڭ تۇرمۇش، ئىشلەپچىقىرىش ۋە ھۈنەر ـ سەنئەت قاتارلىق پائالىيەتلىرىنىڭ ھەممە تەرىپىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئومۇمەن، بىر مىللەتنىڭ تارىختىن بۇيان داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان ئادەتلىرى شۇ مىللەت مەدەنىيىتىنىڭ جانلىق ۋە كونكرېت ئىپادىسى بولۇپ، فولكلور، ئېتنوگرافىيە، سوتسىيولوگىيە، دىنشۇناسلىق، ئىنسانشۇناسلىق قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. ئۆرپ ـ ئادەت ۋە قائىدە ـ يوسۇندىن مۇستەسنا ھېچقانداق مىللىي مەدەنىيەت بولمايدۇ.

تار مەنىدىكى ئۆرپ ـ ئادەت دېگەندە، دىل بىز تىلغا ئېلىۋاتقان قائىدە ـ يوسۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. قائىدە ـ يوسۇن دېگەندە، كەڭ مەنىدىكى ئۆرپ ـ ئادەتنىڭ مىللەت ئەزالىرى تەرىپىدىن ئومۇمىي قائىدىگە ۋە مىللىي يوسۇنغا

ئايلانغان قىسمىنى كۆرسىتىدۇ. ئادەتنىڭ ئۆزگىرىشى تېز بولسىمۇ، لېكىن قائىدە ـ يوسۇننىڭ ئۆزگىرىشى تېز بولمايدۇ. ئادەت ئۆزگەرسە سۈپەت ئۆزگىرىشى يۈز بەرمەيدۇ، بىراق قائىدە ـ يوسۇن ئۆزگەرسە سۈپەت ئۆزگىرىشى يۈز بېرىدۇ. مەسىلەن، ھۈنەر ـ سەنئەت بىر مىللەتنىڭ ئۆزگىچە خاس تۇرمۇش ئادەتلىرىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى ھېسابلىنىدۇ. بىراق ئۇلارنى تەشكىل قىلىدىغان ياغاچچىلىق، موزدوزلۇق، تامچىلىق، تۆمۈرچىلىك... قاتارلىقلار پەن ـ تېخنىكىنىڭ يېڭىلىنىشىغا ئەگىشىپ ئۆزگىرىپ بارىدۇ، ھەتتا ئۇلارنىڭ تارىخىي بۆرچىنى ئاخىرلاشتۇرۇشى مۇمكىن. بىراق، مىللەتنىڭ ھۈنەر ـ سەنئەتكە بولغان قىزىقىشى، ئۇنى ئۇلۇغ بىلىش، ئۇلارنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكى، قىممەت قارىشى، ئىستېتىك ئېڭىغا ئاساسەن ئۇنى تېخىمۇ زور ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلىپ ئۆزلۈكسىز تەرەققىي قىلدۇرۇش ئەنئەنىسى ئۈزۈلۈپ قالسا، ئۇ ھالدا مىللەتنىڭ ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي تۇرمۇشىدا چېكىنىش خاراكتېرلىك سۈپەت ئۆزگىرىشى يۈز بېرىدۇ. شەھەرلىشىشكە ئەگىشىپ قوشنىدارچىلىق يوسۇنلىرىدا بىر قىسىم ئۆزگىرىشلەر بولدى، بىراق، ئۇنىڭ بىلەن قوشنىدارچىلىق يوسۇنلىرىنى تاشلىۋەتسەك، مىللىتىمىزنىڭ ئەڭ قىممەتلىك بىر ئەنئەنىسىدىن ئايرىلىپ قالغان بولىمىز. بۇ بىزگە نۇرغۇن مەھرۇملۇقلارنى ئېلىپ كېلىدۇ.

## قائىدە ـ يوسۇننىڭ ئىجتىمائىي قاتلىمى

بىر دۆلەتتە ھەر خىل مىللەت، ھەر خىل دىن مۇخلىسلىرى بىللە ياشايدۇ. مانا مۇشۇنداق ھەر خىل مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ئىگە بولغان ۋە ئوخشاش بولمىغان ئېتىقادتىكى

كىشىلەر بىر گەۋدە بولۇپ ئۇيۇشقان كۆپ مىللەتلىك، كۆپ دىنلىق جەمئىيەتتە قائىدە - يوسۇنلارمۇ كۆپ خىل، كۆپ قاتلاملىق بولىدۇ. ئالدى بىلەن مۇشۇ گەۋدىگە ھامىي بولغان دۆلەتنىڭ سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي خاراكتېرلىك قائىدە - يوسۇنلىرى بولىدۇ. ئۇلارغا دۆلەتنىڭ بارلىق پۇقرالىرى بىردەك ئىشتىراك قىلىدۇ، ئۇ مىللەت، بۇ مىللەت دەپ ئايرىلمايدۇ. قەدىمدىن تارتىپ ئوردىنىڭ قائىدە - يوسۇنلىرى ئاۋامنىڭ قائىدە - يوسۇنلىرىدىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ كەلگەن. ئوردا قائىدە - يوسۇنلىرى ناھايىتى نازۇك بولۇپ، ئۇلارغا تولىمۇ ئېھتىياتچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىشقا توغرا كېلەتتى. ئوردىلارنىڭ تەختكە ئولتۇرۇش، مۇكاپاتلاش، جازالاش، دەپنە قىلىش، ئاۋامغا ئاش تارتىش، پۇقرى - تۆۋەن تەبىقىدىكىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇئامىلە قاتارلىقلار توغرىسىدا مەخسۇس قائىدە - يوسۇنلىرى بولاتتى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ پۇقرى - تۆۋەن تەبىقىدىكىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇئامىلە قائىدە - يوسۇنلىرى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دېگەن: «خىزمەتكە ياراپ يول ئاچاي دېگەن كىشى ئىشنى كىچىكىدىن باشلىشى، كىرىش - چىقىش، ئولتۇرۇش - قوپۇش بولسۇن، قائىدە - يوسۇنلارنى پۇختا ئىگىلەپ ھەرىكىتىنى تۈزىتىشى لازىم. بەگلەر يۈزمۇيۈز تۇرغاندا كۆزۈڭنى كۆزىتىپ، ئېھتىيات بىلەن تۇرغىن، ئىش - ھەرىكىتىڭنى تۈز قىل، تىلىڭ بىلەن دىلىڭ تۈز، سۆزۈڭ قىسقا بولسۇن. كۆزۈڭ يەردە، قۇلىقىڭ تۆردە بولسۇن، ئىككى پۇتۇڭ تۈز تۇرسۇن، ئوڭ قولۇڭنى سول قولۇڭنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، قول باغلاپ تۇر. ئىشىكتىن ئوڭ پۇتۇڭنى ئېلىپ كىرىپ، ئىمىر - پەرمانىنى زېھىن قويۇپ ئاڭلا. بەگلەرگە ئىلتىماس قىلغاندا، ئىككى قولۇڭنى تاشلاپ، تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، ئوڭ - سولغا قارىماي ئەدەپ بىلەن سۆزىنى ئاڭلا». ناھايىتى روشەنكى، بۇنداق قائىدە - يوسۇنلار

دۇنيادىكى بارلىق ئوردىلاردا ئۆزگىچە ئۇسۇللار بىلەن يۈرگۈزۈلگەن بولۇپ، ئوردا مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم بىر قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىللە ھەربىر مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس مىللىي قائىدە - يوسۇنلىرى بولىدۇ. ئۇلار ئۇزۇن ئەسىرلەر داۋامىدا شۇ مىللەتنىڭ دىنىي ئېتىقادى، قىممەت قارىشى، ياشاش ئالاھىدىلىكى، ئېستېتىك تۇيغۇسى، تەبىئىي - ئىجتىمائىي مۇھىتى، سىياسىي، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي پائالىيەتلىرى قاتارلىقلار ئاساسىدا بارا - بارا ئومۇملىشىپ، پۈتۈن مىللەت ئەزالىرى ئورتاق ئەمەل قىلىدىغان ئىجتىمائىي قانۇن - ئىنتىزامغا ئايلانغان بولىدۇ.

بىر مىللەتنىڭ قائىدە - يوسۇنلىرى ئومۇمىي جامائەتچىلىك ئورتاق ئەمەل قىلىدىغان، ئۆلچەملەشكەن، قېلىپلاشقان ئىجتىمائىي قائىدە - يوسۇنلار بىلەن ئائىلىگە خاس قائىدە - يوسۇنلاردىن ئىبارەت ئىككى قاتلامدىن تەشكىل تاپىدۇ. ئىجتىمائىي قائىدە - يوسۇنلار جامائەت سورۇنلىرىدا رول ئوينايدۇ. ئائىلە قائىدە - يوسۇنلىرى بولسا خاس ئائىلىنى مەركەز قىلىدۇ ۋە شۇ يەردە ئىجرا قىلىنىدۇ. پۈتۈن مىللەت ئەزالىرى قائىدە - يوسۇنلارنىڭ كۆپ قىسمىنى ئائىلىدە ئۆگىنىدۇ، ئاز بىر قىسمىنى بولسا جەمئىيەتتىن ئۆگىنىدۇ. ھەربىر جەمئىيەتنىڭ قائىدە - يوسۇنلىرىغا ئائىلە ۋە شەخس قاتناشقاچقا، ئائىلە قائىدە - يوسۇنلارنىڭ مەركىزىي نۇقتىسى ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن، ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىگە پۈتۈن جەمئىيەت ئەزالىرى قاتنىشىدۇ، بىراق ئۇ ئاخىرقى ھېسابتا ئائىلىنىڭ ئىجراسى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. شۇڭا، ئۇ ئائىلىنى بىرلىك قىلغان قائىدە - يوسۇن ھېسابلىنىدۇ. شۇ مەنىدىن ئالغاندا، ئائىلە بىر مىللەت قائىدە - يوسۇنلىرىنىڭ بۆلىقى ھېسابلىنىدۇ.

## ئۇيغۇرلار قائىدە ـ يوسۇنلۇق مىللەت

ئۇيغۇر خەلقى نەچچە مىڭ يىللىق مەدەنىيەت تارىخىغا، جۇملىدىن قائىدە ـ يوسۇن تارىخىغا ئىگە مىللەت. ئۇلار ئۇزاق ئەسىرلىك تەرەققىيات تارىخىدا ئۆزىگە خاس مول قائىدە ـ يوسۇنلارنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، ئۇلارنى تۇرمۇشنىڭ ئايرىلماس ئىجتىمائىي قانۇنىغا ئايلاندۇرغان. ئۇيغۇرلارنىڭ بەزى قائىدە ـ يوسۇنلىرىنىڭ تارىخى ئۇيغۇرلار بىر پۈتۈن قوۋم بولۇپ ئۇيۇشقان ناھايىتى يىراق قەدىمكى دەۋرلەرگە توغرا كېلىدۇ. دىنىي ئېتىقادى بىلەن مۇناسىۋەتلىك قائىدە ـ يوسۇنلىرى بولسا، ئۇلارنىڭ شۇ دىنغا ئېتىقاد قىلغان دەۋرى بىلەن باغلىنىدۇ.

بىز ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە نەزەر سالىدىغان بولساق، ئۇيغۇرلار تارىختىن بېرى ئەمەل قىلىپ كەلگەن قائىدە ـ يوسۇنلارنىڭ مەدەنىيەتنىڭ ناھايىتى مۇھىم تەركىبىي قىسمى ئىكەنلىكىنى بايقايمىز. مۇشۇ مەنىدىن ئالغاندا، بىر مىللەت قائىدە ـ يوسۇنسىز مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ، شۇنداقلا مەدەنىيىتىمۇ بولمايدۇ. بىز مەدەنىيەتنى مىللىي خاسلىق نۇقتىسىدىن كۆزەتسەك، ئۇ بىر مىللەتنىڭ تارىختىن بۇيان ياراتقان ماددىي ۋە مەنىۋى بايلىقلىرى، ئۆرپ ـ ئادەتلىرى ۋە قائىدە ـ يوسۇنلىرىنىڭ ئومۇمىي يىغىندىسىنى كۆرسىتىدۇ. دېمەك، قائىدە ـ يوسۇن مىللەتنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى بايلىقلىرىنىڭ ھەممە قاتلاملىرىدا ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرغان بولىدۇ. قائىدە ـ يوسۇن ئىز سالمىغان ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەتمۇ بولمايدۇ. قوشۇقتا تاماق بېيىش ئۇيغۇرلارنىڭ غىزالىنىش قائىدە ـ يوسۇنلىرىنىڭ بىرى، تاماقنى چوكىدا يېيىش بولسا خەنزۇلارنىڭ، ۋىلكا ئىشلىتىش بولسا

غەربلىكلەرنىڭ تاماق يېيىش ئادىتى. بۇلار ئادەتتە كىچىك ئىش ھېسابلانسىمۇ، لېكىن ئۆز ئۆزىتىدە شۇ مىللەتلەر مەدەنىيىتى ۋە مىللىي ئالاھىدىلىكىنىڭ قىسمەن تەرەپلىرىنى ئەكس ئەتتۇرۇپ بېرىدۇ.

بىز ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي مۇساپىسىگە قارىساق، ئۇلارنىڭ ناھايىتى قەدىمكى دەۋرلەردىلا ئۆزىگە خاس مىللىي قائىدە ـ يوسۇنلارنى شەكىللەندۇرۇپ، جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي ئادىتىگە ۋە ئىجتىمائىي قانۇنىغا ئايلاندۇرغانلىقىنى كۆرەلەيمىز. شىنجاڭدىن تېپىلغان بۇنىڭدىن تۆت ـ بەش مىڭ يىل بۇرۇنقى جەسەتلەر بىلەن بىللە كۆمۈلگەن ئاخىرەتلىك بۇيۇملار ئۆز دەۋرىدىكى ئەجدادلىرىمىز قائىدە ـ يوسۇنلىرىنىڭ رەڭگارەڭ، مەزمۇنىنىڭ مول ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. ئۇلارنىڭ قائىدە ـ يوسۇنلىرىنىڭ تارىخىي يىلتىزى، تۇرمۇش ئاساسى ناھايىتى چوڭقۇر. بەزى قائىدە ـ يوسۇنلىرىنىڭ تارىخىنى بۇنىڭدىن نەچچە مىڭ يىل بۇرۇنقى ئىپتىدائىي ئېتىقاد دەۋرىگە باغلاشقا توغرا كېلىدۇ. مەسىلەن، بۆرىنى قۇت بەلگىسى قىلىپ ئۇلۇغلاش ئىپتىدائىي تۇرۇقداشلىق دەۋرىدىكى ئەقىدە ئىدى. بىراق، بۇ ئەقىدە كېيىنكى ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردە ئىزچىل داۋاملىشىپ، ھازىرقى ئۆرپ ـ ئادەتلىرىمىزنىڭ مۇھىم بىر قىسمىغا ئايلىنىپ كەتكەن. ھازىر ئۇيغۇرلاردا بۆرىنى ئۇلۇغلاش ئەنئەنىسى بولمىسىمۇ، بىراق بۆرە ئوشۇقىنى ئۇلۇغ بىلىش ئادىتى بار. مەسىلەن، ئۇيغۇرلار ئومۇميۈزلۈك ھالدا بۆرە ئوشۇقىنى ئامەت كەلتۈرىدۇ، بالا ـ قازانىڭ ئالدىنى ئالىدۇ، خېيىم‌خەتەردىن ساقلايدۇ، دەپ قارايدۇ، ھەتتا بەزى كىشىلەر ئۇنى بېيىدىن ئايرىمايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا جىنسىي تەڭگەنلىك ئەسىرى كۆرۈندى دەپ «ئوتلاش»، سۈپكۈچلەش ئادىتى زەردۇشت دىنى ۋە شامان دىنىنىڭ ئەنئەنىسى ئىدى. بىراق، ئۇيغۇرلار ئۇنى تا ھازىرغىچە داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن.

مۇشۇ نۇقتىدىن ئالغاندا، ئۇيغۇرلارنى ئەنئەنىۋى قائىدە - يوسۇنلىرىنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن مىللەت دېيىشكە بولىدۇ.

ئۇيغۇر خەلقى قائىدە - يوسۇننى تەلىم - تەربىيەنىڭ مۇھىم مەزمۇنى دەپ قارايدۇ. ئۇلار قائىدە - يوسۇنلۇق ئادەمنى تەربىيە كۆرگەن، ئوقۇمۇشلۇق ئادەم دەپ قارىسا، قائىدە - يوسۇن بىلمەيدىغان ئادەمنى تەربىيە كۆرمىگەن، قارا قورساق ئادەم دەپ قارايدۇ. يۇرتلاردا قائىدە - يوسۇن پېشىۋالىرىنى يۇرتنىڭ چوڭى قىلىپ بەلگىلەيدۇ. ئۇ مۆتىۋەر جامائەتنىڭ ھەر خىل پائالىيەتلىرىگە باشچىلىق قىلىدۇ، كىشىلەر ئارىسىدا يۈز بەرگەن توقۇنۇشلارنى قائىدە - يوسۇن بىلەن ھەل قىلىدۇ. خەلق ئارىسىدا قائىدە - يوسۇنغا بويسۇنۇش بەختلىك تۇرمۇشنىڭ، كىشىلەرنىڭ قۇتلۇق بولۇشىنىڭ بىر شەرتى دەپ قارالغاچقا، ھەربىر كىشىنىڭ قائىدىدىن چەتنەپ كېتىشىگە يول قويۇلمايدۇ. شۇڭا، ئۇيغۇرلار «ئەلگە كىرسەڭ ئېلىڭچە، سۇغا كىرسەڭ بېلىڭچە» دەپ ھەرقانداق ئەلگە كىرگەندە، ئۇلارنىڭ قائىدە - يوسۇنلىرىغا بويسۇنۇشنى تەكىتلەيدۇ. ئاتا - ئانىلار پەرزەنتلىرى تۇغۇلغاندىن تارتىپلا، ئۇلارغا قىز بولسا قىزلارغا خاس، ئوغۇل بولسا ئوغۇللارغا خاس قائىدە - يوسۇنلارنى ئۆگىتىدۇ. ھەتتا، تاماق يېگەندە ئوڭ قول بىلەن يېيىش، ئۆيدىن تالاغا چىققاندا بوسۇغىدىن ئوڭ پۇتنى ئېلىپ چىقىش، ئۆيگە كىرگەندە، جامائەت سورۇنلىرىغا بارغاندا «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دەپ سالام بېرىشتىن تارتىپ ئولتۇرۇش - قوپۇشنىڭ ھەممە قائىدە - يوسۇنلىرىغىچە ئۆگىتىدۇ ۋە شۇلارغا ئادەتلەندۈرىدۇ. ئەگەر ئاتا - ئانا بالىسىنى ئۆز مىللىتىنىڭ قائىدە - يوسۇنلىرى بىلەن تەربىيەلىمىگەن بولسا ئەيىبلىنىدۇ. قائىدە - يوسۇن ئۇقمايدىغان بالىلارنى جامائەتمۇ ئارىسىغا ئالمايدۇ. چۈنكى، قائىدە - يوسۇن پەرزەنتلەرنىڭ

قەلبىدە ئەلگە نىسبەتەن ھۆرمەت، مۇھەببەت تۇيغۇسى ئويغىتىدۇ. قائىدە ـ يوسۇندىن چەتنىگەن پەرزەنتلەرنىڭ قەلبى ئەلدىن يىراقلاپ كېتىدۇ.

تۆرپ ـ ئادەت، قائىدە ـ يوسۇن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «تۆرۈ» دەپ ئاتالغان. تۆرۈ دېمەك جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ھەممىسى ئەمەل قىلىدىغان، ھۆرمەتلەيدىغان ئىجتىمائىي قانۇن ـ تۈزۈم دېگەن مەنىنى بېرەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بارا ـ بارا دۆلەتنىڭ قانۇن ـ تۈزۈملىرىمۇ «تۆرۈ» دەپ ئاتىلىدىغان بولغان. يۈسۈپ خاس ھاجىپ تۆرۈنى ھەم دۆلەت قانۇنى مەنىسىدە، ھەم ئاۋامنىڭ قائىدە ـ يوسۇنى مەنىسىدە تىلغا ئالغان:

9846. ئازۇن بولدى ئاخىر تۆرۈ ئارنادى،
ئەسىزلەرنىڭ ئەدگۈ كۆرۈ ئارنادى.

(قائىدە ـ يوسۇن بۇزۇلۇپ، دۇنيا ئاخىرلاشتى، يامانلارنى كۆرۈپ، ياخشىلارمۇ ئاينىدى.)

1946. ئوغۇل ـ قىز كەمىشتى ئاتا ھۆرمەتى،
سۆكۈش بولدى ئەركە ئاۋۇچغا ئاتى.

(ئوغۇل ـ قىز ئاتا ھۆرمىتىنى تاشلاشتى، «قېرى» دېگەن نام ئەمدى ئۇلارغا ھاقارەت بولۇپ قالدى.)

2946. قاموغ تەگشۈرۈلدى تۆرۈ تۆكەدىلەر،
قارالى ئۆرۈڭلى بىر تۈڭ بولدىلەر.

(قانۇن ـ قائىدىلەر پۈتۈنلەي ئاستىن ـ ئۈستۈن بولۇپ كەتتى، ئاق بىلەن قارا ئارىلىشىپ كەتتى.)

يۇقىرىقى بايانلاردا تىلغا ئېلىنغان تۆرۈ ئىجتىمائىي قانۇن ھېسابلىنىدىغان ئەنئەنىۋى قائىدە ـ يوسۇنلار ئىدى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇ يەردە ئەينى دەۋردە قائىدە ـ يوسۇننىڭ بۇزۇلۇشى بىلەن زامان ئاخىرلاشقاندەك ھەممە نەرسە ئاستىن ـ ئۈستۈن بولۇپ كەتكەنلىكىنى؛ مىللەتنىڭ چوڭلارنى ھۆرمەتلەش، ئىلىم ئىگىلىرىنى قەدىرلەشتىن ئىبارەت ئېسىل ئەنئەنىسىنى تەرك ئېتىلىپ، قېرىلار ھاقارەتلەنگەن ۋە خارلانغانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ. ئۇ بۇلاردىن باشقا يەنە جەمئىيەتنىڭ قورغىنى بولغان قائىدە ـ يوسۇنلارنىڭ گۇمران بولۇشى بىلەن يۈز بەرگەن نۇرغۇن بۇزۇلۇشلارنى تىلغا ئالغان: «قارا، مەي بىلەن يۈز يۇيىدىغان پاسىقلار باتۇر ئاتىلىدىغان، پىتنە ـ پاساتچىلار ئەر ئاتىلىدىغان، تەقۋادار، دىيانەتلىك كىشىلەر مۇناپىق دەپ ئاتىلىدىغان بولدى. خەلقتىن ۋاپا كۆتۈرۈلۈپ، جاپا ئۈستۈنلۈكنى ئالدى؛ ئىشەنچلىك ئادەمنى تاپقىلى بولماس بولۇپ كەتتى، كىشىلەر ئارىسىدىكى يېقىنلىق پۇل ـ ئەمەل ئۈچۈنلا بولدى. ھەقىقەت ئۈچۈن توغرا ئىش قىلىدىغانلار قېنى؟ ئامانەتنىڭ نامىلا قالدى، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلغۇچىلار قالمىدى، نەسىھەت قىلىدىغان سۆزلا قالدى، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلغۇچىلار قالمىدى. سودىگەرلەر ئامانەت مەجبۇرىيىتىنى ئۇنتۇدى. ھۈنەرۋەن ئۇستىلار نەسىھەتلەردىن ۋاز كەچتى. كىشىلەرنىڭ ھەممىسى پۇلنىڭ قۇلى بولۇپ قالدى، كىمدە كۈمۈش بولسا شۇنىڭغا بويۇن ئەگدى.» مانا بۇ مىللەتنىڭ قىممەتلىك ئەنئەنىۋى قائىدە ـ يوسۇنلىرى زاۋاللىققا يۈز تۇتقانلىقى سەۋەبلىك يۈز بېرىۋاتقان ئىجتىمائىي تىراگېدىيە ئىدى. ئەسلىدە خەلق ئۆزىنىڭ قىممەتلىك يوسۇنى بويىچە چوڭلار ۋە ئاقىللارنى تۆرگە ئالسا، ئىشنىڭ بېشى قىلسا، دانا مەسلىھەتلىرىگە ئاكتىپ ئاۋاز قوشسا، نۇرغۇن ئىشلاردا ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلگەن بولاتتى.

ئۇيغۇرلاردا قەدىمدە «ئەل قالار، تۆرۈ قالماس» («تۈركىي تىللار دىۋانى»، 3 ـ توم، 503 ـ بەت) دېگەن بىر ماقال بار ئىدى. بۇ ماقالدا تىلغا ئېلىنغان تۆرۈمۇ ئوخشاشلا قائىدە ـ يوسۇننى كۆرسىتىدۇ. مۇشۇ ماقالدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، دۆلەت يوقالسىمۇ، قائىدە ـ يوسۇن يوقالمايدۇ، ئۇ ھاكىمىيەتنىڭ ئالمىشىشى بىلەن ئۆزگىرىپ كەتمەيدۇ. خەلق مەۋجۇتلا بولىدىكەن، شۇ خەلقنىڭ قائىدە ـ يوسۇنى مۇقەررەر مەۋجۇت بولىدۇ. ھەممىمىزگە مەلۇمكى، ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ئۇيغۇرلارنىڭ تۈپ گەۋدىسى ئۆزگەرمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئېتنىك تەركىبىگە نۇرغۇن تەركىبلەر ئارىلىشىپ كەتتى. بۇ جەرياندا مىللەت بېشىدىن نۇرغۇن قىسمەتلەرنى ئۆتكۈزدى، بىر دەۋردە قەد كۆتۈرگەن بولسا، يەنە بىر دەۋردە تىز پۈكتى، شۇنداقلا نەچچە قېتىملىق دىنىي ئېتىقاد ئۆزگىرىشىنى باشتىن كەچۈردى. ئەمما، بىر قىسىم قائىدە ـ يوسۇنلار شۇنچە زور ئۆزگىرىشلەر جەريانىدىمۇ ئۈزۈلۈپ قالماي، ئەۋلادمۇئەۋلاد داۋاملىشىپ دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلدى. دېمەك، قائىدە ـ يوسۇنلىرىمىزنىڭ ئىزچىل داۋاملىشىشى بىلەن مىللىتىمىز نەچچە مىڭ يىللىق ئەگرى ـ توقاي تارىخىي مۇساپىدە ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ، بىر پۈتۈن گەۋدە سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ كەلدى. چۈنكى، بىزنىڭ ئەنئەنىۋى قائىدە ـ يوسۇنلىرىمىز ھەرقايسى تارىخىي باسقۇچلاردا مىللىتىمىز ئەزالىرىنى ئۆز ئاستىغا ئېلىپ، ئۇلارنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرغانىدى.

## قائىدە ـ يوسۇن مىللىي مەۋجۇتلۇقنىڭ ئاساسى

قائىدە ـ يوسۇن بىر مىللەتنىڭ ئەڭ مۇھىم مەۋجۇتلۇق شەكلى، مىللىي ئالاھىدىلىكىنىڭ نامايەندىسى، مەدەنىيلىك

دەرىجىسىنى ئۆلچەيدىغان ئۆلچەم. ئۇ مىللەت ئەزالىرىنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى پائالىيەتلىرىنى مۇئەييەن شەكىلگە ئىگە قىلىپ، ئۇلارنى مەلۇم بىر مەركىزىي نۇقتا ئەتراپىغا ئۇيۇشتۇرىدۇ. چۈنكى، ئۇ مىللەتنىڭ تارىخىي مۇساپىسىدە تەدرىجىي شەكىللىنىپ، بېيىپ، مۇكەممەللىشىپ، شۇ مىللەت ھاياتىنىڭ ئايرىلماس تەركىبىي قىسمىغا ئايلىنىپ كەتكەن. تارىختا قايسى مىللەت قائىدە - يوسۇنلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرگەن ۋە ئۇلارغا ئەمەل قىلغان بولسا، شۇ مىللەت قۇدرەت تاپقان؛ قايسى مىللەتنىڭ قائىدە - يوسۇنلىرى زەئىپلەشكەن بولسا، شۇ مىللەت زاۋاللىققا يۈز تۇتقان. قائىدە - يوسۇن مىللەتنىڭ ياشاش ئادەتلىرىنىڭ قېلىپلاشقان شەكلى بولۇش سۈپىتى بىلەن، مىللەت ئەزالىرى قەتئىي ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك مىزان ۋە ئىنتىزام ھېسابلىنىدۇ. ھەربىر ئادەم تۇغۇلغاندىن كېيىن، ئۆزى مەنسۇپ بولغان قوۋمنىڭ ئەزەلدىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان قائىدە - يوسۇن چەمبىرىكىگە تەۋە بولىدۇ ۋە شۇنىڭ ئىچىدە تەربىيەلىنىپ، تەرەققىي قىلىپ، ۋايىغا يېتىدۇ. ئادەم تۇغۇلۇپلا بۆشۈككە بۆلەنسە، ھايات مۇساپىسى ئاخىرلاشقاندا يەنە بىر بۆشۈككە بۆلۈنۈپ ئاخىرەتكە ئۇزىتىلىدۇ. بۇ جەرياندا ئۇ ئانا - ئانىسىنىڭ ۋە جەمئىيەتنىڭ يېتەكلىشى ئارقىسىدا ئۆز قوۋمىغا تەۋە بارلىق قائىدە - يوسۇنلارنى ئۆگىنىدۇ. بىز ھازىر قائىدە - يوسۇنلۇق مىللەت دېگەن ئۇقۇمنى بىزدە مەدەنىيەتلىك مىللەت سۈپىتىدە قوللىنىمىز. قائىدە - يوسۇنغا ئەھمىيەت بەرمەيدىغان مىللەت دېگەندە، ئۇنى مەدەنىيەتسىز، ياۋايى مىللەت دەپ چۈشىنىمىز. بىز كۆپىنچە ھاللاردا بىر ئادەمنىڭ تەربىيە كۆرگەن - كۆرمىگەنلىكىنى بىلىملىك ياكى بىلىملىك ئەمەسلىكى بىلەن ئەمەس، بەلكى قائىدە - يوسۇن بىلىدىغان - بىلمەيدىغانلىقى ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىدىغان -

قىلمايدىغانلىقى بىلەن ئۆلچەيمىز. بىز ئۇيغۇرلاردا يەتتە مىللەتنىڭ قائىدە-يوسۇنلىرىدىن يىراقلاشقان ئادەم گەرچە پروفېسسور، دوكتور بولۇپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، ئۇنى ئاۋام ئارىغا ئالمايدۇ. قائىدە-يوسۇن مىللەتنىڭ ئۇيۇشۇشچانلىقىنى ئاشۇرىدۇ، كىشىلەرنىڭ مىللىي روھىنى ئويغىتىدۇ، چۈنكى ئۇنىڭغا كۈچلۈك مىللىي روھ سىڭگەن بولىدۇ. قايسى مىللەتنىڭ قائىدە-يوسۇنى بارلىق مىللەت ئەزالىرى ئورتاق رىئايە قىلىدىغان مىزانغا ئايلانغان بولسا، ئۇنىڭ ئىچكى ئۇيۇشۇش كۈچى شۇنچە زور بولىدۇ.

كىشىلەر دۇنيانىڭ قانداق يېرىدە بولمىسۇن، ئۆزىگە خاس مىللىي قائىدە-يوسۇنلىرى ئارقىلىق باشقىلاردىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ ۋە توپ بولۇپ ئۇيۇشالايدۇ. ئاددىيسى، بىر مۇسۇلمان «ئەسسالامۇئەلەيكۇم» دېگەن سالىمى بىلەن دۇنيانىڭ ھەرقانداق جايلىرىدىن ئۆزىنىڭ دىنىي قېرىنداشلىرىنى تاپالىغانغا ئوخشاش، مىللىي قائىدە-يوسۇنلىرى ئارقىلىق دۇنيانىڭ ھەرقانداق بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرىدىن ئۆز مىللىي قېرىنداشلىرىنى تاپالايدۇ.

ھەربىر مىللەتنىڭ ئۆز داھىيلىرىغا، قەھرىمانلىرىغا، ئالىم-تۆھپىكارلىرىغا ھۆرمەت بىلدۈرۈش يوسۇنى بولىدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇرلار قەدىمدىن تارتىپ مىللىي قەھرىمانلىرى، تۆھپىكار ئالىملىرى ئۈچۈن ھەيۋەتلىك قەبرە-گۈمبەزلەر ياساپ، ئۇلارغا تاۋاپ قىلىپ كېلىشكەن. بۇ مىللەتنىڭ ئىچكى قىسمىدا «ئۇلۇغلارنى ئۇلۇغلىسا بەختلىك بولىدۇ» دېگەن ئەقىدىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. ئۇيغۇرلاردا «ئۇلۇغقا تېۋىنسا قۇت كېلۇر» دەيدىغان قەدىمىي بىر ماقال بار. بۇ ئۇلۇغلارغا چوقۇنۇشنىڭ مىللەتنىڭ مۇھىم ئەنئەنىسىگە ئايلانغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. دېمەك، قائىدە-يوسۇن مىللەت ئەزالىرىنى بىر گەۋدىگە ئايلاندۇرۇشتا ئىنتايىن مۇھىم رول

ئوينايدۇ.

قائىدە-يوسۇن كىشىلەرنىڭ مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە ئەخلاق قارىشىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ. قائىدە-يوسۇنغا سەل قارالسا، كىشىلەرنىڭ ئەدەپ-ئەخلاق قارىشى سۇسلىشىدۇ، مەسئۇلىيەتتىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. كىشىلەر قائىدە-يوسۇن ئارقىلىق ئۆزىنى ئەخلاقىي جەھەتتىن تاكامۇللاشتۇرۇپ، دۆلەت ۋە خەلقىمىزنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان سالىدىغان، مىللەتنىڭ شەنىگە داغ كەلتۈرىدىغان يامان ئىش، يامان ھەرىكەتلەردىن ئۆزىنى چەكلەيدۇ.

## زامانىۋىلىشىش ۋە ياتلىشىش

تەرەققىي قىلىش، مەدەنىيلىشىش، زامانىۋىلىشىش ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ مۇقەررەر يۈزلىنىشى، شۇنىڭدەك شاللاش ۋە شاللىنىشمۇ دەۋر تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر قانۇنىيەتلىرىنىڭ بىرى. ئەسلىدىن ئالغاندا، جەمئىيەت تەرەققىي قىلىپ، كىشىلەر مەدەنىيلەشكەنسېرى قائىدە-يوسۇن سۇسلىشىپ، ئۆز ھاياتىي كۈچىنى يوقىتىپ بارماستىن، بەلكى شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا تېخىمۇ نۇرلىنىپ، بېيىپ، كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ مۇھىم ئومۇرتقىسىغا، كىشىلەرنى بىر مەركەزگە ئۇيۇشتۇرىدىغان، ئىنتىلدۈرىدىغان، جەلپ قىلىدىغان گۈلخانغا ئايلىنىدۇ. ۋەھالەنكى، بۈگۈنكى كۈندە بىزنىڭ بەزى قائىدە-يوسۇنلىرىمىز گۈلخانغا ئايلانماي، ئەكسىچە تۇتۇندەك كىشىلەرنى ئەتراپىدىن تېزىتىۋېتىپ بارىدۇ. بۇ بىزنىڭ مەدەنىيلىشىپ كېتىپ، قائىدە-يوسۇنلىرىمىزنىڭ تەرەققىياتقا ياندىشالمايۋاتقانلىقىنىڭ ئىپادىسىمۇ؟! بىز بۇ سوئالغا مۇنداق ئىككى نۇقتا بويىچە جاۋاب بېرەلىشىمىز مۇمكىن:

بىرى، قائىدە-يوسۇن ئۆزلۈك نەرسە ئەمەس، ئۇ ئىجتىما-

ئى تەرەققىياتقا، مەدەنىيەت ئاتموسفېراسىنىڭ يېڭىلىنىشىغا، دىنىي ئېتىقادنىڭ ئۆزگىرىشىگە ۋە شەھەرلىشىشكە ئەگىشىپ يېڭىلىنىپ بارىدۇ. بىر مىللەتنىڭ قائىدە - يوسۇنلىرى ئىچىدە ئىلغارلىرىمۇ، قالاقلىرىمۇ، ھەتتا ئىنسانىيلىققا يات قەبىھ قائىدە - يوسۇنلارمۇ بولىدۇ. مەسىلەن، قۇلدارلىق ۋە فېئوداللىق دەۋرلەردىكى پادىشاھلار ئۆلسە، ئۇلارغا قوشۇپ نۇرغۇن قۇل - دېدەكلەرنى دەپنە قىلىش، دادىسى ئالغان خوتۇنتى ئوغلى خوتۇن قىلىش، قىز بوۋاقلارنى تىرىك كۆمۈش، ئاياللارنى ئادەم قاتارىدا كۆرمەسلىك قاتارلىقلار. ئىنسانلار باراۋەرلىككە، ئىنسانپەرۋەرلىككە يات، تەرەققىياتقا توسقۇن بولىدىغان، ئىلىم - مەرىپەتنى بوغىدىغان قائىدە - يوسۇنلاردىن قەتئىي ۋاز كېچىشى كېرەك. ئۇيغۇر يېقىنقى زامان تارىخىدىمۇ كىشىلەرنى تەركىدۇنيالىققا باشلايدىغان، نىكاھ مۇقەددەسلىكىگە تەسىر يەتكۈزىدىغان، خۇراپىيلىققا ئۈندەيدىغان بىر قىسىم قائىدە - يوسۇنلار ئوتتۇرىغا چىقىپ، خەلقىمىزنى بىر دەۋرلىك تەرەققىيات پۇرسىتىدىن مەھرۇم قىلغانىدى. ئەمەلىيەتتە، ئۇ قائىدە - يوسۇنلار ئومۇمىي خەلقنىڭ ئىرادىسىگە خىلاپ، تەرەققىيات تەلەپىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان، مەجبۇرىي يوسۇندا يولغا قويۇلغان قائىدە - يوسۇنلار ئىدى. شۇڭا، ئۇلار بارا - بارا ئەمەلدىن قالدى.

ئىككىنچى، قائىدە - يوسۇنغا كونا، يېڭى دەپ ئۆلچەم قويمايمىز: پەقەت ئىلغار، قالاق دېگەن ئۆلچەمنى قويىمىز. مەسىلەن، ۋەتەنپەرۋەرلىك، تەرەققىيپەرۋەرلىك ۋە ئىلىم سۆيەرلىكنى ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەنئەنىسى دېسەك، ئۇنى كونا دەپ ئورنىغا باشقا بىر ئەنئەنىنى ئالماشتۇرۇشقا بولامدۇ؟ قائىدە - يوسۇنلارنىڭ ئىلغار ياكى قالاقلىقى خەلق مەنپەئەتىگە ئۇيغۇنلاشقان - ئۇيغۇنلاشمىغانلىقى، كىشىلەرگە ئېسىل خىسلەت ئاتا قىلغان - قىلمىغانلىقى، تەرەققىيات تەلىپىگە،

كىشىلەرنىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرىغا يانداشقان - يانداشمىغانلىقى، تۇرمۇشقا گۈزەللىك، يېڭىلىق ۋە خۇشاللىق ئېلىپ كەلگەن - كەلمىگەنلىكى بىلەن ئۆلچىنىدۇ.

بۈگۈنكى كۈندە جەمئىيىتىمىزدە قائىدە - يوسۇندىن ياتلىشىش ئەھۋالى كۆرۈلدى، بۇ ئەمەلىيەتتە كىشىلەرنىڭ مىللىي روھىنىڭ سۇسلىشىۋاتقانلىقىنىڭ بەلگىسى، تارىختىن بېرى مەۋجۇتلۇق ئاساسى سۈپىتىدە رول ئويناپ كېلىۋاتقان مىللىي ئەنئەنىدىن ياتلىشىۋاتقانلىقىنىڭ بېشارىتى. روشەنكى، ئەنئەنىدىن ياتلىشىش مەدەنىيلىشىش ئەمەس. ھەقىقىي مەدەنىيلىشىش ئۆزىگە مەنسۇپ بولغان ۋە مىللىي قىممەت ئاتا قىلغان، ھاياتنى، تۇرمۇشنى، ۋەتەننى سۆيۈشنى ئۆگەتكەن، قەلبىنى ئىنسانپەرۋەرلىك روھى بىلەن سۇغارغان، ۋۇجۇدىنى گۈزەل ئەخلاقىي پەزىلەتلەر بىلەن بېزىگەن قائىدە - يوسۇنلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ.

ئەپسۇسكى، بىزنىڭ بەزى قائىدە - يوسۇنلىرىمىز، بولۇپمۇ مىللىي ئالاھىدىلىكىمىز ۋە مەدەنىيىتىمىزنى جۇلالاندۇرۇپ كېلىۋاتقان يوسۇنلىرىمىزنىڭ ئورنىنى ئەنئەنىمىزگە، ئەقىدە - ئېتىقادىمىزغا، ئەخلاقىي پەزىلىتىمىزگە زىت چاكىنا يوسۇنلار ئىگىلىۋالغىلى تۇردى. بىز بەزىدە ئۇنى دەۋرنىڭ ئېھتىياجى دەپ چۈشىنىۋالدۇق. بۇنداق تەتۈر يۈزلىنىش مىللەتنى تۈزىمەيدۇ، ئەكسىچە بۇزىدۇ.

ئەنئەنىۋى قائىدە - يوسۇنلاردىن ياتلىشىش، ئۆزىمىزگە يات بولغان يوسۇنلارنى قارىغۇيۇق قوبۇل قىلىش بىر دولقۇنغا ئايلاندى، بۇ دولقۇن ئۆز نۆۋىتىدە نۇرغۇن ئادەملىرىمىزنى ئۆز قوينىغا سۆرەپ كىرىپ كەتتى. بۇنىڭ ئىپادىسى شۇكى، مەن - مەن دېگەن كىشىلەر ئېغىزىدا: «زامان نېمە بولۇپ كەتتى؟ ئاتام كۆرمىگەن، ئانام كۆرمىگەن ئاجايىپ - غارايىپ قائىدە - يوسۇنلار ئوتتۇرىغا چىقىۋاتىدۇ» دەپ ئاغرىنغان بىلەن ۋاقتى

كەلگەندە، ئۆزلىرىمۇ شۇ غەيرىي قائىدە - يوسۇنلارنىڭ سەنىمىگە ئۇسسۇل ئويناۋاتىدۇ. نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولىدۇ؟ مېنىڭچە، بۇنىڭغا مۇنداق ئامىللار سەۋەب بولغان بولۇشى مۇمكىن:

بىرىنچى، سىياسىي، ئىقتىسادىي تەرەققىيات قەدىمىنىڭ كۈنسېرى تېزلىشىشىغا ئەگىشىپ، كىشىلەرنىڭ دۇنيا قارىشى، قىممەت قارىشى ۋە كىشىلىك مۇناسىۋەتتە ئۆزگىرىش يۈز بەردى، تۇرمۇش رىتىمى تېزلەشتى، جايلارنىڭ شەھەرلىشىش سۈرئىتى ئاشتى. بۇ ھال كىشىلەرنىڭ بۇرۇنقى قائىدە - يوسۇنلارنىڭ كونتروللۇقىدىن چىقىشىغا تۈرتكە بولدى.

ئىككىنچى، شەھەرلەر كۆپ خىل مەدەنىيەتلەر ئۇچرىشىپ ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىدىغان سەھنىگە ئايلاندى. بۇنىڭ بىلەن ئۇلۇغ بوۋىمىز مەھمۇد كاشغەرىي ئېيتقاندەك، شەھەرلەشكەنلەرنىڭ مەدەنىيىتىدە يۇلغىنىش، تىلىدا بۇزۇلۇش ئېغىر بولدى.

ئۈچىنچى، زاماننىۋى تۇرمۇش مۇھىتى قائىدە - يوسۇنلىرىمىزنى ئاۋام مائارىپىدىكى ئۈزلۈكسىز ئۆگىتىش ئىمكانىيىتىدىن مەھرۇم قىلدى. شۇنىڭ بىلەن قائىدە - يوسۇنلىرىمىز ئۆز ئىجراچىلىرى ۋە ئوبيېكتىدىن ئايرىلىپ قالدى.

تۆتىنچى، بىر قىسىم كىشىلەر ئۇزاقتىن بېرى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنى مەلۇم تەرتىپكە ئىگە قىلىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىۋى قائىدە - يوسۇنلار بىلەن سىرتقى دۇنيادىن كەلگەن غەيرىي قائىدە - يوسۇنلار ئارىسىدا قايمۇقۇپ قالدى. ئۇلارنىڭ كاللىسىدا يېڭىلىقنى قوبۇل قىلىش بىلەن ئەنئەنىنى داۋاملاشتۇرۇش ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشقا قارىتا ئېنىق چۈشەنچە يوق. ئەسلىدە يېڭى قائىدە - يوسۇنلارنى مىللىتىمىزنىڭ ئۇزاقتىن بېرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىۋى قائىدە - يوسۇنلىرى ئاساسىدا قوبۇل قىلىپ، شاكىلىنى شاللىۋېتىپ، مېغىزىنى تاللىۋالغان بولساق، جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي ئۆزگىرىشىگە ماس كېلىدىغان يېڭى قائىدە - يوسۇنلارنى

مەيدانغا كەلتۈرەلەيتتۇق. ئەمما، بىز ئۆزلۈكسىز يۈز بېرىۋاتقان ئۆزگىرىشلەر ئالدىدا ئىلاجسىزلىقىمىزنى ئىپادىلەش بىلەنلا كۇپايىلەندۇق. ئۆتكەنكى دەۋرلەردە قائىدە ـ يوسۇنلىرىمىز بۈگۈنكىدەك كەسكىن سىناققا دۇچ كەلگەن ئەمەس. چۈنكى، تېخى يېقىنقى زامانلارغىچە ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرىدىكى ئۆزگىرىشلەرنىڭ سۈرئىتى بۈگۈنكىدەك تېز بولمىغان. مانا، يىگىرمە ئەسىرگە يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەت ۋە مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى سىياسىي، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت ئالاقىسىنىڭ ئۈزلۈكسىز كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، ئىنسانىيەت تارىخىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى. بۇ ئۆزگىرىشلەر ئۆز نۆۋىتىدە بەزى قائىدە ـ يوسۇنلىرىمىزنى يوققا چىقىرىپ، ئۇلارنىڭ ئورنىغا يېڭى قائىدە ـ يوسۇنلارنى تاڭدى. شۇنىڭ بىلەن بىر قىسىم مىللىي ئېڭى تۆۋەن ۋە يات مەدەنىيەت ئامىللىرىغا قارىتا ئىممۇنىتېت كۈچى ئاجىز كىشىلىرىمىز «چەت ئەلنىڭ ئوسۇرۇقىمۇ ئەتىر پۇرايدۇ» دېگەندەك، ئۆزىمىزگە يات قائىدە ـ يوسۇنلارغا مەپتۇن بولدى. بۇ ئەھۋال كۆپىرەك شەھەرلەردە گەۋدىلىنىپ، بارا ـ بارا بىر پۈتۈن ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە تەسىر كۆرسىتىشكە باشلىدى، ھەتتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بەزى قائىدە ـ يوسۇنلىرىمىز بارغانسېرى ئەمەلدىن قېلىشقا باشلىدى. مەسىلەن، ئىلگىرى ئۆيىمىزگە مېھمان كەلسە، ئاۋۋال ئۇنىڭ قولىغا سۇ بېرىپ ئاندىن داستىخان سالاتتۇق. بۇ بىزنىڭ مېھمانغا بولغان ھۆرمىتىمىز ۋە پاكىزلىققا ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىمىزنىڭ ئىپادىسى ئىدى. ھالا بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، بولۇپمۇ شەھەرلەردە مېھماننى ئۇدۇل داستىخانغا باشلايدىغان بولدۇق. ئۇنىڭ قولىنىڭ پاكىز ياكى ئەمەسلىكى بىلەن كارىمىز يوق، بەزىدە ئۇنى ئۇدۇل قول يۇيىدىغان يەرگە باشلاپ قويىمىز. كېسىپ ئېيتىش كېرەككى، بىزنىڭ نۇرغۇن قائىدە ـ يوسۇنلىرىمىزنىڭ ۋاقتى ئۆتمەيدۇ، جەمئىيەت قانچىلىك تەرەق-

قىلمىسۇن، ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇۋېرىدۇ. كىشىلەرگە
ئەدەپ - ئەخلاق ئۆگىتىدۇ، ئۇلارنى مەدەنىي بولۇشقا يېتەكلەي-
دۇ. بىز گەرچە نۇرغۇن جەھەتتە دۇنيانىڭ ئارقىسىدا قالغان
بولساقمۇ، ئەمما ئۆزىمىزنىڭ دۇنيادىكى خېلى تەرەققىي قىلغان
مىللەتلەرنىڭ قائىدە - يوسۇنلىرىدىنمۇ ئىلغار قائىدە - يو-
سۇنلارنىڭ ساھىبى ئىكەنلىكىمىزدىن گۇمانلانمايمىز. ئۇ قائى-
دە - يوسۇنلار ئۇيغۇرلار ئىدىيە ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە ناھايىتى
يۈكسەك ئۇتۇقلارغا ئېرىشكەن دەۋرلەرنىڭ مەھسۇلى بولۇپ،
ئۇلارغا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ياشاش ئالاھىدىلىكى، دۇنيا قارىشى،
قىممەت قارىشى ۋە ئىقتىساد جەھەتلەردىكى ئالاھىدىلىكلىرى
سىڭگەن. شۇڭا، ئۇلار ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى
قىياپىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. مەسىلەن، بوۋاقنىڭ دۇن-
ياغا كېلىش مۇناسىۋىتى بىلەن يۈرگۈزۈلىدىغان قائىدە - يو-
سۇنلىرىمىز خېلى - خېلى مىللەتلەردە يوق، ئۇيغۇرلارنىڭكى-
دەك باي ۋە ئەھمىيەتلىك ئەمەس. بوۋاق دۇنياغا كەلگەندىن
كېيىن يۈرگۈزۈلىدىغان كىندىكىنى كېسىش، ئېغىزلاندۇرۇش،
بۆشۈككە بۆلەش، ئىسىم قويۇش، بۆشۈك تويى ئۆتكۈزۈش قاتار-
لىق پائالىيەتلەرنىڭ ئۆزگىچە قائىدە - يوسۇنلىرى بولۇپ،
ئۇلارغا ئۇيغۇرلارنىڭ ئىنساننى، ھاياتلىقنى ئۇلۇغلاش قارىشى
سىڭگەن. ئىنسانغا كامالەت، بەخت - سائادەت ۋە مۇۋەپپەقىيەت
تىلەشمۇ كونىلىقمۇ؟ بۇ زاماننىڭ كەينىدە قالغانلىقىمىزمۇ؟
ياق، بۇ قائىدە - يوسۇنىمىز ئىنساننىڭ تۈپ ماھىيىتىگە ئۇي-
غۇن بولۇپ، زامان ۋە ماكاننىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ.

## قائىدە - يوسۇننى قوغداش مۇھىم مەسئۇلىيەت

ئۇيغۇرلار گەرچە مۇكەممەل قائىدە - يوسۇنغا ئىگە مىللەت
بولسىمۇ، دەۋر تەرەققىياتى، ھەر خىل ئۆزگىرىشلەر،
زامانىۋىلىق بىلەن ئەنئەنە ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت، چەت ئەل

مەدەنىيىتىنىڭ سىڭىپ كىرىشى، بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ چەت ئەل مەدەنىيىتىگە قارىغۇلارچە چوقۇنۇشى قاتارلىق ئامىللار سەۋەبلىك ئۇيغۇر قائىدە - يوسۇنلىرى ئۆزىنىڭ يارقىن جۇلاسىنى خۇنۇكلەشتۈرۈپ قويۇۋاتىدۇ. بۇنداق ياتلىشىش يالغۇز توي - تۆكۈن، كىيىم - كېچەك، يېمەك - ئىچمەك جەھەتتىلا ئىپادىلىنىپ قالماي، بەلكى كىشىلەرنىڭ مەسئۇلىيەتچانلىق ئېڭىدىمۇ، ساداقىتىدىمۇ، مىللىي مەدەنىيەتكە بولغان مۇھەببىتىدىمۇ ئىپادىلىنىۋاتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئەنئەنىۋى قائىدە - يوسۇن تەرەپدارلىرى بىلەن ئەنئەنىدىن چەتنىگۈچىلەر ئوتتۇرىسىدا روشەن بۆلۈنۈش شەكىللەنمەكتە. ھەتتا بەزى ياشلاردا ياتلىشىش ۋە ئاينىش شۇنچىلىك ئېغىر بولۇۋاتىدۇكى، ئۇلار ھەتتا مىللەتنىڭ ئەڭ ئېسىل بايلىقى ۋە مەۋجۇتلۇق تۈۋرۈكى بولغان ئانا تىلىدا سۆزلەشنى مەدەنىيەتسىزلىك ھېسابلايدۇ، بەزىلىرى ئانا تىلىدا مەقسەت - مۇددىئاسىنى تولۇق ئىپادىلىيەلمەيدۇ. ئەگەر ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ قائىدە - يوسۇنلىرى شۇ مىللەتنىڭ مۇھىم بەلگىلىرىنىڭ بىرى بولسا ھەمدە ئۇ ھەربىر مىللەت ئەزاسىنىڭ چوقۇنۇش ئوبيېكتىغا ئايلانغان بولسا، شۇ مىللەتنىڭ مەنىۋى قۇدرىتى شۇنىڭغا مۇناسىپ ئاشىدۇ دېيىلسە، قائىدە - يوسۇننىڭ زاۋاللىققا يۈز تۇتقانلىقى مىللەتنىڭ ۋۇجۇدىدىكى مەنىۋى قۇدرەتنىڭ ئاجىزلىشىشقا قاراپ يۈزلەنگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى بايراملىرى ئىچىدە نورۇز بايرىمى دېگەن كاتتا بىر بايرىمى بار. بۇ بايرام ئەسلىدە پۈتۈن مىللەت ئەزالىرىنى قاينام - تاشقىنلىق پائالىيەتلىرى قوينىغا تارتىپ كىرىپ، ئۇلارغا خۇشاللىق، ئۈمىد، جۇشقۇنلۇق، ئىشەنچ ئاتا قىلىش بىلەن بىللە ھاياتنىڭ گۈزەللىكىنى، تەبىئەتنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى، مىللىي بىرلىكنىڭ كۈچ - قۇدرىتىنى ھېس

قىلىدۇراتتى. ھازىر بولسا بىز پەقەت تېلېۋىزىيە ئېكرانىدىكى نورۇز بايرىمى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزگەن سەنئەت كېچىلىكى ئارقىلىقلا نورۇزنىڭ كەلگەنلىكىنى ھېس قىلىمىز، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق پائالىيەت ئۆتكۈزمەيمىز. ئەسلىدە نورۇز بايرىمىنىڭ ئۆزگىچە قائىدە - يوسۇنلىرى بولۇپ، پۈتۈن يۇرت خەلقىگە نورۇز ئېشى تارتىلاتتى، شائىرلار يېڭى باھارنى مەدھىيىلەپ مۇشائىرىلەر ئېيتىشاتتى، ئوغلاق تارتىشىش، قوچقار، خوراز سوقۇشتۇرۇش، چېلىشىش دېگەندەك ھەر خىل كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى ئۆتكۈزۈلەتتى.

ئۇنىڭدىن باشقا توي - تۆكۈن، ئۆلۈم - يىتىم ئىشلىرىمىزدىمۇ تۈپلۈك ئۆزگىرىش يۈز بەردى. مەسىلەن، توينى ئالساق، شەھەرلەردە توي قىلىشماقچى بولغان قىز - يىگىتكە نىكاھ ئوقۇلغاندىن كېيىن، قىز ئالدى بىلەن پەردازخانىغا بېرىپ، يۈزلىرىنى «زاماسكىلاپ»، قاپاقلىرىغا ھەر خىل رەڭدىكى بوياقلارنى سۈركەپ، قاش - كىرپىكلىرىنى سىرلايدۇ، ئارقىدىن غەربنىڭ يېرىم يالىڭاچ كىيىمىنى كىيىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاجايىپ «گۈزەل پەرىزات» قا ئايلىنىدۇ. قىز رېستورانغا يېتەكلەپ كېلىنىپ، توي باشلىنىشتىن ئىلگىرى يۈزى ئېچىۋېتىلىدۇ. توي باشلىنىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا قىز - يىگىت ئۇسسۇل - تانسىغا چۈشىدۇ. تانسا ئوينىغاندا ئەتراپىدىكىلەر قىز - يىگىتنى قىزىل لاتا بىلەن باغلاپ قويىدۇ، ھەتتا ئۇ ئىككىسىنى ئۆزئارا سۆيدۈرىدۇ. توي ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، قىز - يىگىتنى دوست - بۇرادەرلىرى ئۆيىگە ئاپىرىپ قويىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ئەمدىلا نىكاھلىنىق تۇرمۇشقا قەدەم بېسىلغان ئۆيىدە ھاراق - شاراب ئىچىپ، بولمىغۇر چاقچاقلارنى قىلىشىپ قايتىدۇ. توي قاتناشچىلىرىمۇ توي قىلىشقان قىز - يىگىتنىڭ تۇرمۇشىغا بەخت - سائادەت، ئۆيىگە بەرىكەت تىلەپ دۇئا قىلىشنىڭ ئورنىغا ھاراق ئىچىشىپ

مەست - ئەلەس ھالدا قايتىدۇ.

ئۆلۈم - يېتىم ئىشلىرىغا كەلسەك، ئۆلۈملۈك بولغانلارنى دوست - بۇرادەرلىرى رېستورانغا چاقىرىپ، مەي-شارابلار بىلەن قارشىنى ئۇشتۇپ قويىدىغان ئەھۋاللار پەيدا بولدى.

بىزنىڭ توي - تۆكۈن ۋە ئۆلۈم - يېتىم توغرىسىدىكى قائىدە - يوسۇنلىرىمىزغا خىلاپ يۇقىرىقى ئەھۋاللار ئاساسەن شەھەرگە خاس بولسىمۇ، ئەمما بارا - بارا بىر پۈتۈن ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. چۈنكى، يېڭىلىق شەھەرلەر ئارقىلىق يېزىلارغا تارقىلىدۇ. گەرچە ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى يېزا - قىشلاقلاردا بولسىمۇ، ئەمما شەھەرلەر ھەرقانداق ئىشتا باشلامچىلىق رولىنى ئوينايدۇ. شۇڭا، بۇنداق غەيرىي مەدەنىيەتنىڭ تەسىرىگە سەل قاراشقا بولمايدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ قائىدە - يوسۇنلىرىدا تارىختا ئۆتكەن ئۇلۇغ تۆھپىكارلارنىڭ قەبرىسىنى يوقلاش مۇھىم ئەنئەنىۋى پائالىيەت ئىدى. بۇ خىل پائالىيەت كىشىلەرگە ئۈمىد، ئىشەنچ، جاسارەت بېغىشلايتتى؛ ئەۋلادلار قەلبىنى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئېسىل روھىي خىسلەتلىرى بىلەن سۇغىرىشتا مۇھىم رول ئوينايتتى. ئەمما، بۈگۈنكى دەۋرگە كەلگەندە، بۇ خىل پائالىيەتلەر ناھايىتى ئازلاپ كەتتى. ھازىر نۇرغۇن كىشىلەر تارىخىمىزدا خەلق ئۈچۈن جان تەسەددۇق قىلغان قەھرىمانلىرىمىزنى، ئىلىم بايىدا ئالەمشۇمۇل نەتىجىلەرنى ياراتقان ئالىملىرىمىزنى بىلمەيدۇ. ۋەھالەنكى، بىزدە ئاشۇلارنىڭ نامىغا ئاتالغان بىرەر بايرام ياكى باشقا شەكىللەردىكى نەرسىلەر يوق. مۇشۇنداق كېتىۋەرسەك، بۇنداق مەنىۋى نامراتلىق بارا - بارا پۈتۈن مىللەتنىڭ روھىي قاتلىمىغا تەسىر كۆرسىتىپ، ئاخىر ئۇلارنى چۈشكۈنلۈك پاتقىقىغا پاتۇرۇپ قويىدۇ. ئەگەر ئانا - بوۋىلىرىمىزنى خاتىرىلەشكە تۇغۇلغان كۈنىمىزگە كۆڭۈل بۆلگەنچىلىك كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۇنى مۇئەييەن شەكىلدىكى قائىدە -

يوسۇنغا ئايلاندۇرغان بولساق، ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى تەئەللۇق ھەربىر كىشىگە ئۈمىد، ئىشەنچ، روھىي خۇشاللىق، ئىزدىنىش روھى بەخش ئەتكەنلىكى بولاتتى. شۇنىڭ بىلەن خەلقىمىز كۆز ئالدىدىكى رەڭۋاز دۇنيا ئالدىدا ھودۇقماي، كەلگۈسىگە زور ئىشەنچ بىلەن باقاتتى.

ئۇيغۇرلارنىڭ بارلىق قائىدە - يوسۇنى ئىنسانىي ئەخلاق - پەزىلەت ئۈستىگە قۇرۇلغان. پەزىلەت غۇنچىلىرىمىز مانا مۇشۇ قائىدە - يوسۇن باغچىسىدا ئېچىلغان. قائىدە - يوسۇنلىرى-مىزنىڭ يادروسىنى ئۆزئارا ھۆرمەت ۋە ئۆملۈك، ھايا، نومۇس، ئەدەپ - ئەخلاق، دوستلۇق، ۋاپادارلىق، ساداقەت، مېھرىبانلىق قاتارلىق ئىنسانىي خىسلەتلەر تەشكىل قىلىدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، قائىدە - يوسۇنلىرىمىز يىمىرىلىدىكەن، كىشى-لىرىمىزنىڭ ئېسىل ئىنسانىي خىسلەتلىرىدىمۇ يامان سۈپەتلىك ئۆزگىرىش يۈز بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن جەمئىيىتىمىزدە رەزىل-لىك ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيدۇ، مىللەت ئەزالىرىنىڭ مەسئۇلى-يەتچانلىق ئېڭى تۆۋەنلەيدۇ، مەركەزدىن قېچىش خاھىشى ئېغىر بولىدۇ. شۇڭا، قائىدە - يوسۇنغا سەل قاراسلىق كېرەك.

ئەگەر نەچچە مىڭ يىللاردىن بېرى خەلقىمىزنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى نامايان قىلىپ كەلگەن ئەڭ مۇھىم بەلگىسى ھەم ھەر خىل ئوڭۇشسىزلىقلار ۋە بۇلغىنىشلاردىن ئامان - ئېسەن ساقلاپ كەلگەن كۈچ نېمە؟ دېسە، بىز خەلقىمىزنىڭ قائىدە - يوسۇنى دەپ جاۋاب بېرىمىز. ئۇيغۇرلاردا «ھايا كۆتۈرۈلۈپ كەتسە، ئارقىدىن بالا كېلىدۇ» دېگەن ئەقىدە بار. بۇ يەردىكى ھايا ئۇيغۇرلارغا ئىنسانىي خىسلەت ئاتا قىلغان، ئۇلارنى يامانلىقتىن يىراق تۇرۇشقا، ياخشىلىققا ئۈندىگەن، قەلبىگە پاكلىق ئۇرۇقىنى چاچقان قائىدە - يوسۇننى كۆرسىتىدۇ. قايسى ئەلدە نومۇسسىزلىق ئەۋج ئالسا، شۇ ئەل پەس ئورۇنغا چۈشۈپ قالىدۇ؛ قايسى ئائىلىدىن نومۇس

كۆتۈرۈلۈپ كەتسە، شۇ ئائىلە بەختسىزلىككە يۈزلىنىدۇ؛ قايسى ئادەم نومۇسسىز بولسا، شۇ ئادەمنىڭ ئادىمىيلىك قەدىر - قىممىتى بولمايدۇ. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، قائىدە - يوسۇن مىللەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدىغان مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، بىز قائىدە - يوسۇنلىرىمىزنى قوغدىشىمىز ۋە تېخىمۇ زور ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلىشىمىز كېرەك. قائىدە - يوسۇندىن يىراقلاشساق، قۇتتىن يىراقلايمىز. قائىدە - يوسۇننىڭ تولۇق ئادا قىلىنىشى بىلەن بەخت قارار تاپقۇسى.

# بىرىنچى قىسىم

## قائىدە- يوسۇنلار تۈرمۇشىمىزدا

# يېڭى مېھماننى كۈتۈۋېلىش

قۇتلۇق ئانا توققۇز ئاي، توققۇز كۈن، توققۇز سائەت قورساق كۆتۈرۈپ، ۋاقتى - قەرەلى توشۇپ ئاچچىق تولغاق بىلەن بىر ھاياتلىقنى — شەرەپلىك بىر ئادەمنى دۇنياغا كۆز ئاچقۇزدى. مانا شۇنداق قىلىپ بۇ مۆجىزە بىلەن تولغان دۇنياغا بىر مېھمان قوشۇلدى. ھاياتلىق مۇقەددەس، ھاياتلىق ئۇلۇغ. ھايات گۈزەل، ھايات قىممەتلىك. بوۋاقنىڭ تۇغۇلۇشى قۇتلۇق ئىش. ئۇ بۇ دۇنياغا بىر ئۆلۈش ئەقىل ئېلىپ كەلدى. ئۇ بۇ ھايات كارۋىنىدا ئاخىرقى مەنزىلگە بارغىچە بېشىدىن نى - نى ئىسسىق - سوغۇقلارنى ئۆتكۈزىدۇ. ئەگەر ئۇ ياخشى تەربىيەلىنىش پۇرسىتىگە ئېرىشىپ قالسا، ئىنسانىيەتكە قىممەتلىك سوۋغىلارنى تەقدىم ئېتىشى مۇمكىن، مۇبادا ئۇ خاتا تەربىيەلىنىپ قالسا، ئىنسانىيەتكە بالا - قازا ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن.

بىر جان يېڭىلاپ تۇغۇلدى. ئۇ بىر ئائىلىگە چىراغ ئېلىپ كەلدى، ئائىلە شەجەرىسىگە يەنە بىر شاخ قوشۇلدى. تۇرمۇشقا خۇشاللىق، ئۈمىد، ئىشەنچ ئاتا قىلدى. ئۇ لەختە قاندىن لوقما گۆشكە، ئاندىن بېجىرىم، مۇكەممەل ئورگانىزمغا ئىگە چىرايلىق ئادەم بولۇپ تۇغۇلدى. يېڭى مېھماننى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن تۈرلۈك ئەھمىيەتلىك قائىدە - يوسۇنلار بارلىققا كەلگەن.

ئۇيغۇر خەلقى ھاياتنى سۆيىدۇ، تۇغۇتنى، تۇغۇلۇشنى مۇقەددەس بىلىدۇ. مانا شۇنداق مۇقەددەس چوقۇنۇش قەدىمكى دەۋرلەردە ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۇمايغا چوقۇنۇش ئېتىقادىنى بارلىققا كەلتۈرگەن، شۇنىڭدىن باشلاپ، ئۇيغۇرلار تۈرلۈك قائىدە - يوسۇنلارنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، ھاياتلىققا مەدھىيە

ئوقۇغان، ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ تۇرمۇشنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىغا ئايلاندۇرغان. شۇنداق قىلىپ بالا تۇغۇلۇپ تاكى 40 كۈن بولغۇچە بىرقانچە باسقۇچلۇق قائىدە - يوسۇنلار يۈرگۈزۈلۈپ، بۇ يېڭى مېھماننى كۈتۈۋالىدۇ ۋە ئۇنىڭغا قۇتلۇق تىلەكلەرنى تىلەيدۇ.

## ھامىلىدار ئايالنى ھۆرمەتلەش

ئايال كىشىنىڭ ھامىلىدار بولۇشى ئاياللىق مەرتىۋىسىنىڭ مۇھىم شان - شەرىپى. ئۇلۇغ ئانا بولۇش بەختى بىلەن، ئۇنىڭ باغرى يېڭى بىر ھاياتلىققا «مۇقەددەس جەننەت» بولىدۇ. ئانا بىلەن بالا بىر گەۋدە، بىر جان، بىر قان، بىر نەپەس. ئەييۇھەتتاس! بۇ ئاجايىپ بىر گەۋدە، توققۇز ئاي، توققۇز كۈن، توققۇز سائەتلىك مۇساپە. سىزىكلىك، ئېغىر بويلۇق، بۇ مەزگىل ئانا ئۈچۈن بەكمۇ نازۇك ۋە ئاجىز. ئۇنىڭ خۇشاللىقى، ئوزۇقى بالا ئۈچۈن، خاپىلىقى، ئاچ - زارلىقىمۇ بالا ئۈچۈن بولىدۇ. ئېغىر بوي چاغدىكى ئايالنىڭ كۆزىدىن ئاققان بىر تامچە ياش، قورساقتىكى بالىنىڭ كۆزىدىن قان بولۇپ سىرغىشى مۇمكىن. ئۇيغۇرلار ھامىلىدار ئاياللارنى ھۆرمەتلەيدۇ، ئۇلارغا كۆيۈنىدۇ، ئۇلارغا ئازار بېرىشنى يامان ئالىدۇ. ھەرقانداق يامان ئىش يۈز بەرسىمۇ ئېغىر بوي ئايالنى قويۇپ بەرمەيدۇ. ھەر ئىش بولسا بوشىتىپ بولغاندىن كېيىن بولسۇن دەيدۇ. ھەرقانداق ئادەم ئېغىر بوي ئاياللارغا يول بېرىدۇ. ئۇلارنى خۇشال قىلىش، ئۇلارنى ھۆرمەتلەش ئەمەلىيەتتە قورساقتىكى يېڭى مېھمانغا بولغان ھۆرمەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## كىندىك قېنىنىڭ تۆكۈلۈشى

ئانىنىڭ ئاچچىق تولغىقى بىلەن يېڭى مېھمان دۇنياغا كۆز ئاچىدۇ، ئانا تەۋەللۇت قىلغاندا تۇغۇت ئانىسىنىڭ بالا

تۇغۇلغاندىن كېيىن قىلىدىغان بىرىنچى ئىشى، كىندىك كېسىش بولىدۇ. بالا تۇغۇلغاندا ئۇزۇن كىندىكى بىلەن تۇغۇلىدۇ. كىندىك بالىنىڭ ھەمراھىغا ئۇلاقلىق بولۇپ، شۇنىڭدىن ئوزۇقلۇق سۈمۈرىدۇ. تۇغۇلغاندىن كېيىن ئەمدى كىندىكنىڭ بۇ رولى تۈگەيدۇ. شۇڭا، كىندىكنى كېسىۋېتىشكە توغرا كېلىدۇ. تۇغۇت ئانىلىرى مەخسۇس تەييارلانغان ئەسۋاب بىلەن بالىنىڭ كىندىكنى كېسىدۇ ۋە بوغۇۋېتىدۇ. ئاندىن كىندىككە پاك تۇپراقنى ئېلىپ چاچىدۇ ۋە بۇ تۇپراقنى بالىنىڭ رىزقىنىڭ كەڭ بولۇشى، ئانا تۇپراققا سادىق بولۇشىنى، ئانا تۇپراقنى گۈللەندۈرۈش، ئانا تۇپراقنى بۇلغىماسلىق، ئانا تۇپراققا شان - شەرەپ كەلتۈرۈش ھەققىدىكى تىلەكلەرنى تىلەيدۇ. شۇڭا «كىندىك قېنى تۆكۈلگەن يەر» ئۇ ئادەمنىڭ ۋەتىنى بولىدۇ. ئۇ كىندىك قېنى تۆكۈلگەن ئاشۇ ۋەتەن ئۈچۈن قان - تەر ئاققۇزىدۇ. بەزىلەر ھەتتا ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا دۇنيانىڭ قايسى يېرىدە پائالىيەت قىلىۋاتقان بولمىسۇن، مانا شۇ ئانا تۇپراققا كېلىپ ئانا تۇپراقنى ئاخىرەتلىك ماكان ــ ۋەتەن قىلىشنى ئارزۇ قىلىدۇ.

## خۇش خەۋەر يەتكۈزۈش

يېڭى مېھماننىڭ بۇ دۇنياغا كۆز ئېچىشى، شۇ ئادەمگە نىسبەتەن دۇنيادىكى بارلىق ئۇلۇغ مۇراسىملىرىدىنمۇ كاتتا ئۇلۇغ ئىش. چۈنكى، ئادەم تۇغۇلمىسا باشقا ھېچقانداق بىر كاتتا مۇراسىملارنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. بىر بوۋاقنىڭ تۇغۇلۇشى بىر تەرەپتىن ھايات سېپىنى تولۇقلىسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئائىلىنىڭ ئىزباسارى بولۇپ، بىر جەمئىيەت ئۈچۈن بىر شەجەرە تەشكىل بېرىدۇ. شۇڭا، جەمئىيەت ئۈچۈنمۇ خۇشاللىق، ئائىلە ئۈچۈنمۇ شادلىق ۋە ئۈمىد چىرىغى ئېلىپ كەلگەن بۇ بوۋاقنىڭ دۇنياغا كېلىشى بىلەن يېقىن تۇغقانلارغا

خۇش خەۋەر يەتكۈزۈلىدۇ. «خۇش خەۋەر، خۇش خەۋەر». باللار ئەرەپ - تەرەپكە چېپىشىپ بوۋاقنىڭ دادىسى، بوۋىسى، مومىسى، ئاغا، ھامىسلىرىغا خۇش خەۋەر يەتكۈزىدۇ. خۇش خەۋەر يەتكۈزگەن باللارغا سۆيۈنچە بېرىلىدۇ. بۇ ئارقىلىق بىر ھاياتلىقنىڭ دۇنياغا كەلگەنلىكىنى دۇنياغا جاكارلىغان بولىدۇ.

## يۇيۇش مۇراسىمى

بالا تۇغۇلغاندىن كېيىن، بوۋاقنىڭ ئۇستىبېشىدىكى ئەلغەمچىلەرنى يۇيۇپ راكىلاشقا تەييارلىق قىلىنىدۇ. يۇيۇلىدىغان نەرسىلەردىن بولسا ياغاچتا ياسالغان داس، بولمىسا تۇنىكە داس بولغان ئەھۋالدا داسقا يۇمشاق سىلىنچا سېلىپ ئاندىن بوۋاقنى سېلىش كېرەك. قىش كۈنى بولسا ئۆينىڭ تېمپېراتۇرىسىنى نورمال قىلىپ ئاندىن باشقا ئىشلار قىلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن بوۋاقلار سويۇنىدىن بىر تاختا راسلىنىدۇ، ئۇيىدىن بىر قۇتا تەييار قىلىنىدۇ. سۇ سوغۇقمۇ بولماسلىقى، قىزىقمۇ بولماسلىقى كېرەك. بەدەن قىزىقلىقىدىن ئىككى گرادۇس ئەتراپىدا يۇقىرى بولسا بولىدۇ. 38℃ بولسا مۇۋاپىق. ئۇنىڭدىن كېيىن بىر ئادەم بوۋاقنى يۇسا، بىرىلەن ئاستا سۇ قۇيۇپ بېرىدۇ. سويۇننىڭ كۆزگە كىرىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن بىر قولى بىلەن كۆزىنى تۇتۇۋېلىپ ئاۋۋال بېشىنى يۇيۇۋېلىپ ئاندىن بەدىنىنى يۇيۇش مۇۋاپىق. بوۋاقنى يۇغاندا يۇمران تېرىسىنى زەخىملەندۈرۈپ قويماسلىق ئۈچۈن ئاۋايلاپ، يۇمشاق سىلاپ يۇيۇش كېرەك. بولۇپمۇ كىندىك ئىچىنى تازىلاشتا ئېھتىيات قىلىش كېرەك. ھازىر كۆپ باللار دوختۇرخانىدا تۇغۇلۇۋاتىدۇ. دوختۇرلار بالىنى يۇيۇش ئىشلىرىنى ئۆلچەملىك، كۆڭۈلدىكىدەك ئادا قىلىدۇ. يۇيۇپ بولغاندىن كېيىن ئۇبا بىلەن بويۇندىن تارتىپ پۈتۈن بەدىنى ئۆپىلىنىپ ئاندىن زاكىلىنىدۇ.

## زاكىلاش مۇراسىمى

يۆمشاق، سۈپەتلىك داكا ۋە خەسەدىن زاكىلىق تەييارلىنىدۇ. زاكا چېكىلىك زاكا، بەدەن زاكىسى، تەرەت زاكىسى دەپ ئۈچ پارچە راسلىنىدۇ. چېكە زاكىسى پېشانىدىن ئېلىنىپ بۆرەكچى قىلىپ قۇلاق بىلەن قوشۇپ ئورىلىدۇ. ئاندىن بەدەن زاكىسى ئىككى قولىنى ئىچىگە ئېلىپ چىڭ يۆگىلىدۇ. ئارقىدىن تەرەت زاكىسىنى بەدەن زاكىسى بىلەن قوشۇپ، بەلدىن ئورالغاندىن كېيىن يۆمشاق ئەدىيال ياكى بوۋاق كۆرپىسى بىلەن كۆرپىلىگەندىن كېيىن بەلدىن شوينا بىلەن تېڭىلىدۇ. بۇ بۆشۈككە سېلىشتىن بۇرۇنقى زاكىلاش بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بوۋاق تۇنجى بولۇپ، بۇ دۇنيانىڭ قائىدە - يوسۇنى بويىچە ۋاقىتلىق سەرەمجانلار بىلەن سەرەمجانلاندۇرۇلىدۇ.

دىققەت قىلىدىغان ئىشلار: زاكىلىغاندا بوۋاق راھەت ھېس قىلىدىغان بولسۇن، قاتتىق - قۇرۇق قىلىپ قويماسلىق، قول - پۇتلىرى يۆكۈلۈپ قالماسلىق، بەك چىڭ زاكىلىماسلىق كېرەك.

## ئېغىزلاندۇرۇش مۇراسىمى

ئېغىزلاندۇرۇش مۇراسىمى دېمەك بوۋاقنى تۇنجى بولۇپ ئېغىزىنى يېمەكلىك بىلەن ئىچىش دېگەنلىك بولىدۇ. ئۇيغۇرلاردا بالىنى ئېغىزلاندۇرۇشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلىدۇ. بىرىنچى، ئاۋۋال نان بىلەن ئېغىزلاندۇرۇش مۇھىم بىر قائىدە. ئىككىنچى، بالىنى ئېغىزلاندۇرىدىغان ئادەم ياخشى تاللىنىشى تەلەپ قىلىنىدۇ. ئەقىدە بويىچە، بالىنى قانداق مىجەزلىك ئادەم ئېغىزلاندۇرسا، بوۋاقنىڭ مىجەزى شۇنداق بولىدۇ، ئاچ ئادەم ئېغىزلاندۇرسا، بوۋاقنىڭ مىجەزى شۇنداق

بولىدۇ، گەپدان ئادەم ئېغىزلاندۇرسا گەپدان بولىدۇ، پىخسىق ئادەم ئېغىزلاندۇرسا پىخسىق بولۇپ قالىدۇ دەپ قارىلىدۇ. شۇڭا كىشىلەر ئارىسىدا بالىنىڭ مىجەزىگە قاراپ «كىم ئېغىزلاندۇرغان بولغىيتتى؟» دېيىش مانا شۇ چۈشەنچىدىن كەلگەن.

نان بىلەن ئېغىزلاندۇرۇشتا ئاۋۋال ناننىڭ خەلقىمىز تۇرمۇشىدا ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرغانلىقىدىن بولغان. چۈنكى بىرى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسلىق يېمەكلىكى نان. يەنە بىرى، نان سىمۋوللۇق مەنىدە بۇ دۇنيادىكى رىزىقنى ئىپادىلەيدۇ. ئېغىزلاندۇرغۇچى ناننى يۇمشاق چاينىپ ياكى يۇمشاق ئېزىپ بوۋاقنىڭ ئېغىزىغا تېگكۈزىدۇ، بوۋاقنىڭ تېنىنىڭ پۈتۈن بولۇشنى، ناننى قەدىرلىشىنى، بەدىنىنىڭ ساغلام بولۇشنى ئۈمىد قىلىپ تىلەك تىلەيدۇ.

دىققەت قىلىدىغان ئىشلار: بىرى، نان ناھايىتى يۇمشاق چاينىلىشى كېرەك. يەنە بىرى، ئېغىزلاندۇرغاندا پەقەت ئاز – ئازدىن ئارزاقلا بېرىلسە كۇپايە. ئەگەر كۆپ بولۇپ قالسا، بوۋاقنىڭ ئاشقازىنى تېخى ئادەتلەنمىگەن بولغاچقا، قوبۇل قىلالمايدۇ، ھەتتا بەزىدە كۈتۈلمىگەن ئەھۋاللارمۇ يۈز بېرىشى مۇمكىن.

## ئىسىم قويۇش مۇراسىمى

بوۋاق تۇغۇلۇپ يەتتە كۈنگىچە مۇۋاپىق ۋاقىتنى تاللاپ ئىسىم قويۇش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئىسىم قويۇش قەدىمدىن بېرى ناھايىتى مۇھىم قائىدە – يوسۇنلارنىڭ بىرى بولۇپ كەلدى. ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردە ئىسىم قويۇش مۇراسىملىرىنىڭ شەكلى ۋە مەزمۇنى ئۆزگىرىپ يېڭىلىنىپ تۇردى. ئىسلامىيەتتىن كېيىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسىم قويۇش ئادىتى ئىسلامىي ئادەت بىلەن مىللىي ئادەت يۇغۇرۇلۇپ، ئۆزىگە خاس ئىسىم قويۇش يوسۇنىنى بارلىققا كەلتۈردى.

بىرىنچى، مەنىلىك، ئەھمىيەتلىك ئىسىملارنى تاللاش تەلەپ قىلىنىدۇ. ئىسىم تاللاش ئىسىم قويۇشنىڭ بىرىنچى قەدىمى. تارىختىن بۇيان ئۇيغۇرلار ناھايىتى مەنىلىك گۈزەل ئىسىملارنى قويۇشقا ئادەتلەنگەن. ئىسلامىيەتتىن كېيىن ئەرەبچە ئىسىملار ئۇيغۇر ئىسىملىرىنىڭ 90 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇرلار ئىسىم قويۇشتا مىللىي ئالاھىدىلىكىنى ئاساسەن يوقىتىپ قويدى. ئىسىملاردىن مىللەت تەۋەلىكىنى پەرق ئەتكىلى بولمايدىغان ئەھۋال شەكىللەندى. بۇ مەنىدىن ئالغاندا، باللارغا چوقۇم مىللىي ئالاھىدىلىكنى ئىپادىلەيدىغان ئىسىملارنى قويۇشنى ئاۋۋال ئويلىشىش كېرەك. چۈنكى، دىنىي ئېتىقاد بىلەن ئىسىمنىڭ مۇناسىۋىتى يوق. ئىسمى مىللىي بولسىمۇ يەنىلا دىنىي ئېتىقادىغا تەسىر يەتمەيدۇ.

ئىككىنچى، ئىسىم قويۇشتا ئۇرۇق - تۇغقان، قوشنا - قولۇملار ۋە دوست - بۇرادەرلەر مۇراسىمغا تەكلىپ قىلىنىدۇ. بەزى ئورۇنلاردا ئىسىم قويۇشقا يۇرت چوڭلىرىدىن ئارتۇق خىلى كۆپ مېھمان چاقىرىپ، ئىسىم قويۇشقا قاتناشقانلارغا قوي سويۇپ، سوۋغات بېرىش ئادىتى بار.

ئۈچىنچى، ئىسىم قويغاندا چوقۇم ئىسلامىي قائىدە بويىچە موللام ياكى بوۋاقنىڭ بىۋاستە ھامىيلىرى ئىسىم قويسىمۇ بولىدۇ. بىراق، شەرت ئىسىم قويۇش قائىدىسىنى بىلىشى، ئىسىم قويۇشتا ئوقۇلىدىغان ئايەتلەرنى بىلىشى كېرەك. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئەزان توۋلاپ بوۋاقنى قولىغا ئېلىپ، ئاۋۋال ئوڭ قۇلىقىغا تەكبىر ئاڭلىتىلىدۇ، ئاندىن سول قۇلىقىغا ئەزان ئاۋازىنى ئاڭلىتىدۇ. ئارقىدىن بەلگىلەنگەن ئايەتلەر ئوقۇلغاندىن كېيىن، ئىسمىنى ياداپ، ئىسمى مېھمانلارغا جاكارلىنىدۇ. مۇراسىمغا قاتناشقانلار بوۋاقنىڭ مۇبارەك ئىسمى جاكارلانغاندىن كېيىن «مۇبارەك بولسۇن، ئىسمى قۇت ئاتسۇن» دېگەندەك تىلەكلىرىنى بىلدۈرۈشىدۇ. بۇ ئىسىم ئۇ بوۋاقنىڭ بۇ دۇنيالىق ۋە ئۇ دۇنيالىق ئىسمى دەپ قارىلىدۇ.

دىققەت قىلىدىغان ئىشلار:

بىرىنچى، بالىغا قويۇلغان ئىسىمنىڭ مەنىسى چوقۇم ناھايىتى ئېنىق، ئۇقۇشلۇق بولسۇن. مەنىسىنى بىلمەيدىغان يات، قوپال ئۇقۇم بېرىدىغان ئىسىملارنى قويماسلىق كېرەك. مەسىلەن، ئۇيغۇر قىزلىرىدا «راھىلە» ئىسىملىكلەر خېلى بار. بىراق، بۇ ئىسىمنىڭ مەنىسىنى چۈشەنمەيلا قويغان. چۈنكى، ئۇنىڭ مەنىسى «يۈك ئارتىلغان تۆگە، يۈك ئارتىلغان كارۋان» دېگەن مەنىلەرنى بېرىدۇ. «ئوسمان» گەرچە چارىيارلارنىڭ بىرىنىڭ ئىسمى بولسىمۇ، ئەرەبچە مەنىسى «يىلاننىڭ بالىسى» دېگەن مەنىنى بېرىدۇ. «رامىلە – تۇل خوتۇن» دېگەن مەنىگە، «ئاسىيە – ئاسىي، خائىن، يۈز ئۆرىگۈچى» دېگەن مەنىگە ئىگە. شۇڭا، ئىسىملارنى تاللاشتا تەلەپپۇز قوغلاشماي، بەلكى مەنە قوغلىشىش كېرەك. قارىغۇلارچە ياتقا سىللەتلەرنىڭ ئىسمىنى كۆچۈرۈپ كەلمەسلىك لازىم.

ئىككىنچى، ئىسىمنى ئاتاشتا تولۇق ئاتاش لازىم، ئىسىمنىڭ تاۋۇشلىرىنى ئۆزگەرتىۋېتىشكە، قىسقارتىۋېتىشكە بولمايدۇ. بولۇپمۇ ئاللانىڭ سۈپىتىنى ئىسىم قىلىپ تاللىغاندا، «ئابدۇ» دېگەن سۆز قوشۇلۇپ قويۇلىدۇ. بۇ «بەندىسى، قۇلى» دېگەن مەنىدە بولىدۇ. ئاندىن «راخمان، قاھار، غوپۇر» دېگەندەك سۈپەت ئىسمى ئۇلىنىدۇ. ئەگەر «ئابدۇ» تاشلىۋېتىلسە، رەھىملىك خۇدا، قەھرلىك خۇدا دېگەندەك مەنە بىلدۈرۈپ قالىدۇ.

بىزنىڭ قارىشىمىزچە، بىز ئەرەب، پارس بولمىغاندىن كېيىن، ئىسىمىمىزنى ئەرەبچە، پارسچە قويۇۋېلىشىمىزنىڭ ھاجىتى يوق. بولۇپمۇ توغرا ئاتاشقا كېپىللىك قىلالمىغان ئەھۋال ئاستىدا، ئاللانىڭ 99 سۈپىتىنى بالىغا ئىسىم قىلىپ قويۇش توغرا ئەمەس.

ئۈچىنچى، بالا چۈشەنگۈدەك بولغاندا، ئۆزىنىڭ ئىسمىنىڭ

مەنىسىنى بالىغا ئۇقتۇرۇپ قويۇش كېرەك. ئۆزىنىڭ ئىسمىنىڭ مەنىسىنى بىلمەسلىك مەدەنىيەتسىزلىك بولىدۇ.

## بۆشۈك توي

بۆشۈك توي ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمدىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان خاس مىللىي ئۆرپ - ئادەتلىرىنىڭ بىرى. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا بۆشۈك توي ئېنىق تىلغا ئېلىنىدۇ. مەھمۇد كاشغەرىي «بېچىش» سۆزىنى ئىزاھلاپ، چوڭلارنىڭ زىياپىتىگە ياكى بۆشۈك تويىغا كەلگەنلەرگە تارتۇق قىلىش ئۈچۈن بېرىلىدىغان رەخت (1 - توم، 47 - بەت) دېگەن. بۇنىڭغا قارىغاندا، بۆشۈك توي ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنلا ئۇيغۇرلاردا ئومۇملاشقان بىر ئەنئەنە بولغانلىقى مەلۇم بولىدۇ.

تۇغۇت دېگەن ئانىلار ئۈچۈن بىر ھايات - ماماتلىق كۆرەش. ئانىلارنىڭ ساق - سالامەت يەڭگىپ بىر ھاياتلىقنى دۇنياغا كەلتۈرۈلىشى ناھايىتى خاسىيەتلىك ئىش. ئۇ ئائىلىگە خۇشاللىق، بەخت، ئۈمىد چىرىغىنى ياقتى. ئۇيغۇرلارنىڭ يوسۇنىدا ياتلىق قىلىنغان قىزنىڭ تۇنجى تۇغۇتىنى ئاتا - ئانىسى ئىگە بولۇپ تۇغدۇرىدۇ. تۇغۇتتىن بىر ئاي بۇرۇن قىزنىڭ ئاتا - ئانىسى قىزىنى ئوغۇلنىڭ ئۆيىدىن قائىدە - يوسۇن بىلەن يۆتكەپ، ئۆزىنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ كېلىدۇ. بۇنىڭدا مۇنداق بىرقانچە ئىشنى نەزەردە تۇتقان. بىرىنچىدىن، ياشلارنىڭ تۇغۇتى يېقىنلاپ قالغاندىمۇ جىنسىي مۇناسىۋەت قىلىشىدىن ساقلىنىش. چۈنكى، تەجرىبىلەردىن قارىغاندا، ھامىلدار بولغان ئايال بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەتنى قانچىلىك بالدۇر توختاتسا بالىنىڭ ساغلاملىقى، ئەقىل - پاراستى ئۈچۈن پايدىلىق بولىدىكەن. ئىككىنچىدىن، بىرىنچى قېتىملىق تۇغۇت كېلىن بالىغا نىسبەتەن بىر يېڭى ئىش بولغاچقا، بالىنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر ئالالمايدۇ. قېيىنئاتا - قېيىنئانىسىغا ئېغىرىنى سېلىپ

يامان ئېلىنىپ قالماسلىقىنى نەزەردە تۇتىدۇ. ئۇچىنچىدىن، پەردىشەپ ئۇچۇن بىرىنچى تۇغقۇتىنى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆيىدە يەڭگىشىنى مۇۋاپىق كۆرگەن.

تۇغقۇپ 40 كۈندىن ئاشقاندا ئاندىن ئايالنىڭ بەدىنى ئەسلىگە كېلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، ئوغۇل تەرەپ كېلىنى ۋە نەۋرىسىنى قۇدىلارنىڭ ئۆيىدىن يۆتكەپ كېتىدۇ. مانا مۇشۇ يۆتكەپ كېتىش مۇراسىمى ئۇچۇن قىلىنىغان پائالىيەتلەر بۆشۈك توي دەپ ئاتىلىدۇ. ئوغۇل تەرەپ قىزغا، بوۋاققا تۇغقۇتتىن قوپقانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن، قۇدىلارغا تۇغقۇت باقتىڭلار دەپ سوۋغا ئالىدۇ. قىز تەرەپمۇ ئوغۇل تەرەپنىڭ ئالدىغا مۇۋاپىق سوۋغىلارنى قويىدۇ. تېگىشلىك رەسمىيەتلەر ئۆتىلىپ بولغاندىن كېيىن ئوغۇل تەرەپ قىزنى، نەۋرىسىنى ياخشى بېقىپ بەرگىنىگە رەھمەت ئېيتىپ كېلىنىنى يۆتكەپ كېتىدۇ. قىز تەرەپ بۆشۈك راسلايدۇ. ئوغۇل تەرەپ كېلىن بىلەن بىللە بۆشۈكنى ئېلىپ كېتىدۇ.

## قىرقىنى قىلىش

بۇنى قىرقىنى چىقىرىش دەپمۇ ئاتايدۇ. قىرقىنى چىقىرىش بوۋاق 40 كۈنلۈك بولغاندىن كېيىن ئۆتكۈزۈلىدىغان يەنە بىر مۇھىم تىلەك تىلەش مۇراسىمى. ئۇيغۇرلارنىڭ قارىشىدا بوۋاق تۇغۇلۇپ 40 ـ كۈن ئەڭ مۇھىم بىر ئۆتكەل. قىرقىغىچە هايات تۇرالىغان بالا ئاساسەن هاياتلىق سېپىگە قېتىلىپ كەتكەن هېسابلىنىدۇ. بۇ 40 كۈن بوۋاقنىڭ يورۇق دۇنياغا ــ ئۇنىڭ هاۋاسى، تۇپرىقى، سۈيى ۋە باشقىلارغا ئادەتلىنىپ، كۆنۈش جەريانى بولىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن 40 كۈندە ئانىنىڭ تەن سالامەتلىكى، يەنى تۇغقۇتتىن كېيىنكى بەدىنىنىڭ ئەسلىگە كېلىشى تاماملانغان، نورمال هالەتكە ئۆتكەن بولىدۇ. ئەڭ مۇھىمى، ئۇيغۇرلار قەدىمكى دەۋردىن باشلاپ 40 نى مۇقەددەس بىلگەن، ئۇنى بىر پۈتۈنلۈك،

مۇكەممەللىك، بەخت - سائادەتنىڭ بىر ئالامىتى دەپ چۈشەنگەن. شۇڭا 40 مۇقەددەسلىك ئەنئەنىسى تۇرمۇشنىڭ ھەممە قاتلاملىرىغا چوڭقۇر سىڭىپ يىلتىز تارتقان. 40 نىڭ شۇ بوۋاق بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدە، بالا قورساقتا تۆرىلىپ 40 كۈندىن كېيىن، لەختە قاندىن ئادەملىك شەكلىگە كىرىشكە باشلايدۇ. ئانىنىڭ ھامىلىدار بولۇپ 40 كۈنلەر بولغاندىن كېيىن سېزىكلىك تارتقانلىقى دەل بالىنىڭ ئوزۇقلۇق تەلەپ قىلغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك، بالىنىڭ قانداق ئوزۇققا موھتاج بولۇۋاتقانلىقى ئانىنىڭ نېمىگە سېزىك بولغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئۆز دەۋرىدىكى چۈشەنچە بويىچە بالا تۆرىلىپ 40 كۈن بولغاندىن كېيىن تەڭرى ئۇنىڭ بۇ دۇنيادىكى رىزقى - نېسىۋىسىنى بەلگىلىۋېتىدىكەن. شۇڭا، ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىدا 40 مۇقەددەسلىك سان بىلەن بولغان ئۆرپ - ئادەتلەر ناھايىتى كۆپ. ھەربىر شەخس ھاياتى ۋە ۋاپاتىدا ئۈچ قېتىم 40 سانىغا دۇچ كېلىپ مۇكەممەللىك باسقۇچىنى تاماملايدۇ. بىرىنچى، قورساقتا تۆرىلىپ 40 كۈن بولغاندا رەسمىي جان كىرىپ پۈتۈن ئەزالىرى شەكىللىنىدۇ، رىزقى پۈتۈلىدۇ. ھەقىقىي ھەرىكەتلىك بىر جانغا ئايلىنىدۇ. ئىككىنچى، تۇغۇلۇپ 40 كۈن بولغاندىن كېيىن بالا رەسمىي بۇ ھاياتلىق سېپىگە قېتىلغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. قۇلىقى گەپ ئاڭلايدۇ، كۆزى كۆرۈشكە باشلايدۇ. ئاشقازىنى ئاشلارنى ھەزىم قىلىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرىدۇ. بۇمۇ ئەقىدىدىن چىقىپ «ئوغۇزخان تۇغۇلۇپ 40 كۈندىن كېيىن ئاش تەلەپ قىلىدۇ ۋە گەپ قىلىپ ئوينايدۇ» دەپ مۇبالىغە قىلىنغان. ئومۇمەن، بۇ دۇنيانىڭ تۇرمۇشىغا ماسلىشىش ئىقتىدارىنى ھازىرلايدۇ. ئۈچىنچى، ئادەم 40 ياشقا كىرگەندىن كېيىن، رەسمىي قىرانلىق مەۋسۇمىغا كىرىدۇ، تۇرمۇشقا پىشىدۇ. كۈچ - قۇۋۋىتى تولىدۇ، ئەقلىي ئىقتىدارىمۇ ئەڭ يۇقىرى باسقۇچقا يېتىدۇ. شۇڭا پەيغەمبەرلەرگە 40 ياشقا كىرگەندىن كېيىن

ئاندىن پەيغەمبەرلىك ۋەھيىسى كېلىدۇ. ئادەم ۋاپات بولغاندىن كېيىن، يەنە 40 نەزىرىسى بېرىلىدۇ ۋە بۇ ۋاقىتتا جەسەتنىڭ قورسىقى يېرىلىپ رەسمىي تۇپراققا قوشۇلۇش مۇساپىسى باشلىنىدۇ دەپ قارىلىدۇ. 40 كۈنلۈك ھازا تۇتۇشنى ئۆلگۈچى بىلەن ۋىدالىشىشنىڭ بىر پۈتۈن باسقۇچى دەپ قارايدۇ. مانا شۇنداق مۇكەممەللىك چۈشەنچىسى ۋە 40 مۇقەددەسلىك ئەنئەنىسىنىڭ تۇرمۇشتىكى ئىپادىسى سۈپىتىدە ئۇيغۇرلاردا بالىنىڭ قىرىقىنى چىقىرىش ئەنئەنىسى داۋام ئەتكەن. ئەگەر قىرىقىنى چىقارمىسا بالا قىيىق بولۇپ قالىدۇ، دەپ قارايدۇ.

بۇۋاقنىڭ قىرىقىنى چىقىرىش باسقۇچلىرى مۇنداق بولىدۇ: ئالدى بىلەن قىرىقىنى چىقىرىش مۇراسىمى ئۈچۈن 40 توقاپچاق يېقىپ، قىرىقىغا قاتناشقان بالىلارغا تەييارلىنىدۇ. ئاندىن بۇۋاققا قىرىقلىق دەپ بوۋاق كىيىمى تىكتۈرۈلىدۇ ياكى تەييار بوۋاقلار كىيىمنى ئېلىپ راسلايدۇ. ئاندىن بالىلارنى چاقىرىپ تاماق ئېتىپ، بۇۋاقنى داستا ئولتۇرغۇزۇپ، بېشىغا قىرىق مەرتەم بۇۋاقنىڭ بەخت - تەلىيى ئۈچۈن، ياخشى، يارامىلىق ئادەم بولۇشى، ئەلگە كېرەكلىك ئادەم بولۇشى ئۈچۈن ئاتاپ سۇ قۇيۇلىدۇ. ھەتتا بەزى جايلاردا ئالتۇننى چايقاپ شۇ سۇ بىلەن يۇيۇش ئادىتىمۇ بار. بالا يۇيۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، مۇراسىمغا قاتناشقان بالىلارغا توقاچچاق تارقىتىلىدۇ، تاماق بېرىلىدۇ، بۇۋاققا قىرىقلىق كىيىم كىيگۈزۈلىدۇ.

# قوشنىدارچىلىق يوسۇنلىرى

ئۇيغۇر خەلقى قوشنىدارچىلىق ھەققىنى ئۇلۇغ بىلىدۇ. شۇڭىمۇ خەلق ئارىسىدا: «يەر ئالماقچى بولساڭ سۈيىنى ئارا، ئۆي ئالماقچى بولساڭ قوشنىغا قارا»، «يىراقتىكى تۇغقاندىن ياندىكى قوشنا ئەۋزەل»، «بۆرە قوشنىسىنى يېمەس»، «بار تاۋۇقىم، يان تاۋۇقىم، بولمىسا ئوتتۇرىدا سۇن تاۋۇقىم» دېگەن ماقال - تەمسىللەر بارلىققا كەلگەن. بۇ، قوشنىدارچىلىقنىڭ خەلقىمىز تۇرمۇشىدا قانچىلىك مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. مانا شۇنداق ئۇزۇن ئەسىرلەردىن بېرى قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋىتى جەريانىدا نۇرغۇن قائىدە - يوسۇنلار بارلىققا كەلگەن.

## قوشنا قوشنىغا ئامانەت

قوشنىلارنى قوشنىلار ئۆزىگە ئامانەت دەپ قارايدۇ. قوشنىلارنىڭ مال - مۈلكىمۇ ئۆزئارا ئامانەت. قوشنىلار بىر - بىرىنىڭ مال - مۈلكىگە ھەرگىز چېقىلمايدۇ. قوشنىلارنىڭ ئايال، بالا - چاقىلىرى ئامانەت. قوشنىلىرىدىن ئەر - ئايال بىر يەرگە كەتكەن بولسا، ئايالى ياكى ئېرىگە يامان نىيەتتە بولۇش ئېغىر گۇناھ ھېسابلىنىدۇ. بەلكى پاك، ساداقەتمەنلىك بىلەن ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىغا ياردەم بېرىش ھەققى بولىدۇ. ئۇلارغا زىيانكەشلىك قىلىش قوشنىدارچىلىق ھەققىگە قىلىنغان خىيانەت بولىدۇ. قوشنىلارنىڭ سىرلىرىمۇ ئامانەت. ئەگەر قوشنىلارنىڭ ياخشى ياكى يامان سىرلىرىنى بايقاپ

قالسا، ئۇنى باشقىلارغا ئاشكارىلاش يەنىلا قوشنىدارچىلىق ھەققىگە خىيانەت بولىدۇ.

## قولقا بېرىپ تۇرۇش

قوشنىلار قوشنىلارغا ھاجەتمەن بولىدۇ. چوڭ جەھەتتە ئىقتىسادقا، كىچىك جەھەتتە بىر باش پىياز، چۆمۈچ، چوبىلا، قوشۇق، پىيالە دېگەندەك نەرسىلەرگىچە. بىر باش چامغۇر بولمىسا ئاش كۆڭۈلدىكىدەك بولمايدۇ. شۇڭا، بازارغا بارغىچە قوشنىلاردىن ئېلىپ چىقىدۇ. ئۆيگە مېھمان كەلگەن بولسا چىنە-قاچا يېتىشمەي قالسا چىنە-قاچا سورايدۇ. بۇ چاغدا قوشنىلار خۇشاللىق بىلەن ھاجەتتىن چىقىشى قوشنىلارنىڭ ھەققى. «مەن ساڭا موھتاج بولمايمەن، مەن سەندىن بىر نەرسە سورىمايمەن» دېپ قاراش خاتا. ھەرقاتچە ھاجەتمەن بولمايدىغان ھالەتتە بولسىمۇ، يەنىلا ھاجەتمەن قوشنىسىنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىش قوشنىسىنىڭ قەتئىي ئۆتەشكە تېگىشلىك ھەققى. قولقا بېرىپ تۇرمايدىغان ئادەمنىڭ تەقۋادارلىقتىن، ئەخلاقىي پەزىلەتتىن دەۋا قىلىشى يالغان.

## لاپقۇت

قوشنىلار ئىشلەپچىقىرىشتا ئۆزئارا ھەمكارلىشىدۇ. ئات-ئۇلاغ، ھارۋا، جابدۇقلارنى جىددىي پەيتلەردە ئۆتنە بېرىپ تۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ جىددىي پەيتلىرىدە ئىشنىڭ ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇشىدۇ. چۈنكى، ئېتىزغا قىغ قويۇش، خامان تېپىش، ھوسۇل يىغىش قاتارلىق ئىشلاردا بىر ئائىلە ئۆيىدىكى ئۇلاغلارغا تايىنىپلا ئۇ ئىشلارنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدۇ. بىر ئېشەك ياكى بىر كالا بىلەن خامان يەنچىمەيدۇ. شۇڭا، قوشنىلارنىڭ ئۇلاغلىرىنى ئارىيەتكە ئېلىپ 5 — 10 ئۇلاغ

بىلەن خامان تېپىدۇ. بىرى خامان تېپىپ بولغاندىن كېيىن، يەنە بىرەيلەن خامان تېپىدۇ. مانا شۇنداق ھەمكارلىق شەكلىنى قوشنىلار ئارا لاپقۇت دەپ ئاتاپ كەلگەن. ھازىر كونا ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ ئورنىنى زامانىۋى ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى ئىگىلىگەن بولسىمۇ، بىراق يەنىلا ھەمكارلىشىپ ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىش تۈگەپ كەتكىنى يوق. مۇھىم تېرىقچىلىق مەۋسۇمىدا تىراكتور يەر ھەيدىگەن بولسا، قوشنىلار ھەمكارلىشىپ يەرنى تۈزلىشىپ بېرىسە، ئۇسا ئۆتۈپ كېتىدۇ. شۇڭا، ھەرقانداق شەكىلدىكى ھەمكارلىق قوشنىلار ئارا مۇناسىۋەتنى چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ.

## ئاش سۇنۇشۇش

قوشنىدارچىلىق يوسۇنلىرى ئىچىدە ئۆزئارا ئاش سۇنۇشۇش ئەنئەنىسى ئۇيغۇرلارنىڭ ناھايىتى ئىلغار، پەزىلەت بىلەن تويۇنغان قائىدىلىرىنىڭ بىرى. ياخشىراق تاماق ئەتكەن بولسا قوشنىلارسىز يېمەيدۇ. قوشنىلارمۇ مىننەتدارلىق بىلەن قوبۇل قىلىدۇ. ئۇلارمۇ ياخشى تاماق ئەتكەندە تاماق كىرگەن قاچىنى ئاش بىلەن قوشنىسىغا چىقارتىپ بېرىدۇ. بۇ قائىدىگە قوشنىسىنىڭ باي بولۇشى ياكى تاماق ئەتمىگەن بولۇشى شەرت ئەمەس. پەقەت ئەتكەن تاماقتىن تەڭ بەھرىمەن بولۇش ھېسسىياتى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. شۇڭا، كىرگۈزگەن ئاش ئاز بولسۇن، كۆپ بولسۇن، قوينىڭ بىر تال تۇيىقى چاغلىق نەرسە بولسىمۇ رەھمەت دەپ ئېلىش تەلەپ قىلىنىدۇ. ھەرگىزمۇ «بىزنى ئاچ قالدى دەپ تاماق كىرگۈزگەن ئوخشايدۇ»، «ئېشىپ قالغان تاماقنى كىرگۈزۈپتۇ»، «ئوخشىمىغان ئاشنى كىرگۈزۈپتۇ» دېگەندەك يامان گەپلەرنى تىلغا ئېلىش ئەيىبلىك ئىش، پەزىلەتسىز ئىش دەپ قارىلىدۇ. چۈنكى، قوشنىغا تاماق چىقىرىشنىڭمۇ قائىدىسى بار. ئاشنىڭ

كىتاب تورى



بۇرنىنى ئۇسسۇۋالغاندىن كېيىن، بىرىنچى بولۇپ قوشنىلارغا چىقىرىدۇ. قوشنىلارغا چىقارغاندىن كېيىن ئاندىن ئۆيدىكىلەر يەيدۇ. يەنە بىرى، قاچىنى قۇرۇق قايتۇرمايدۇ. قۇرۇق قايتۇرسا: «بىزگە ئەمدى ئاش كىرگۈزمە» دېگەن بېشارەت بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئارىدىكى مۇناسىۋەتكە دەز كېتىدۇ. «قاچا سۇندى» دېگىنى مانا شۇنداق ئۆزئارا تاماق كىرگۈزۈش مۇناسىۋىتى ئۈزۈلدى دېگەنلىك بولىدۇ. ئۆزئارا ئاش كىرگۈزۈشۈپ تۇرۇش قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋەتنى يېقىنلاشتۇرۇپ، مۇھەببەتنى ئاشۇرىدۇ. ئۆزئارا تۇز تەمتى تېتىشقان قوشنىلار ئارىسىدا يەنە «تۇز ھەققى» شەكىللىنىدۇ. شۇڭا، بۇ ئەنئەنىنى ئۈزۈپ قويماسلىق كېرەك.

## قوشنىلاردا پاسىل تام

قوشنىلاردا داۋاملىق كۆرۈلىدىغان بىر مەنپەئەت مۇناسىۋىتى بار. ئۇ بولسىمۇ پاسىل تامدىن قانداق پايدىلىنىش مەسىلىسى. ئۇيغۇرلاردا قوشنىلارنىڭ پاسىل تېمىغا ياغاچ قويۇۋېلىشى بولۇق دەپ قارىلىدۇ ھەم ئۇلارغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىلىدۇ. بۇمۇ قوشنىلارنىڭ بىر ھەققى. قەدىمدىن بېرى بۇ قائىدە داۋاملىشىپ كەلدى. ھازىرغا كەلگەندە زېمىنلارنىڭ قىسلىشىپ كېتىشىگە ئەگىشىپ قوشنىلار ئارىسىدىكى پاسىل تالىشىش ماجىرالىرى كۆپىيىپ قالدى. قانۇنىي ھەق تەلەپ دەۋالىرى كۆپەيدى. ئەمەلىيەتتە بۇ ئىشنى يەنىلا توغرا ھەل قىلىشقا بولىدۇ. ئۆزئارا ئازراق يول قويۇشسا، پاسىل تامنىڭ كىمگە تەئەللۇق ئىكەنلىكى ھەققىدە ئىسپات بېرىپ قويۇپ، گۇۋاھچىلارنى گۇۋاھلىقتىن ئۆتكۈزۈپ، بىرى يەنە بىرىنىڭكىگە ياغاچ قويۇۋالسا، ئارىدا سۈركىلىش بولمايدۇ.

## سوۋغا - سالام قىلىش

قوشنىلار ئارىسىدا ئۆزئارا سوۋغا - سالام قىلىشىپ تۇرۇش ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىسىدىكى مۇھىم قائىدە - يوسۇنلارنىڭ بىرى. قوشنىلارنىڭ بىرى ئۇزاق سەپەرگە ماڭغان بولسا، ئۇلارغا ئاقىۋول تىلەپ، پۇل، نان يوللۇق تۇتىدۇ. ئۇنى مىننەتدارلىق بىلەن قوبۇل قىلىدۇ. سەپەردىن قايتقان كىشى قوشنىلارغا كۆڭۈل ساناپ، بىرەر سوۋغا ئېلىپ كېلىدۇ. قەدىمكى ئۇيغۇرلار بۇنداق سوۋغىنى «خۇمارۇ» دەپ ئاتىغان. سوۋغىنىڭ ئاز بولۇشى، كۆپ بولۇشى مۇھىم ئەمەس، ئەڭ مۇھىمى كۆڭۈل ساناش، كۆڭۈل ئىزدەش.

## قوشنىلاردا ئۆلۈم - يېتىم بولغاندا

قوشنىلار ئەڭ ئەسقاتىدىغان، بىر - بىرىگە قوشنىدارچىلىقنى يەتكۈزىدىغان مۇھىم ھالقىلىق پەيت، قوشنىلارنىڭ ئۆيىدە ئۆلۈم - يېتىم بولغاندا مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىش ئارقىلىق بولىدۇ.

بىرىنچى، بىراق - يېقىندىن ئۆلۈمگە كەلگەنلەرنى قوشنىلار ئۆيىگە باشلاپ قىزىق چاي بېرىدۇ ياكى بىرەر قازان ئاش ئېتىپ داستىخان سالىدۇ. چۈنكى، ئۆلۈم بولغان ئۆيدە ئۇلارغا چاي، تاماق بېرىش ئىمكانىيىتى يوق. ئەگەر بىرەر قوشنا بۇ ئىشتىن باش تارتسا ئۆزىنىڭ ئابرۇيىنى تۆكۈۋالىدۇ. كىشىلەرمۇ ئۇلارنى ئەيىبلەيدۇ. ئۆلۈم ئىشى ھەممە ئادەمنىڭ بېشىغا كېلىدۇ. شۇڭا، بۇنداق چاغدا يېقىن تۇرۇپ ئىشلارغا ھەمكارلىشىش ئىنسانىي بۇرچ ھېسابلىنىدۇ.

ئىككىنچى، قوشنىلار مۇسىبەت بولغان ئۆيگە تاماق ئېتىپ

كىرىپ، ھازىدارلارغا يېگۈزىدۇ. ھېچبولمىغاندا، چاي دەملەپ كىرىپ ئىچكۈزىدۇ. بۇ ئىنتايىن ئېلغار قائىدە - يوسۇن بولۇپ، بۇ ئىش نەچچە كۈنگىچە داۋاملىشىدۇ. قوشنىلاردىن كىرگەن قازان - قازان ئاشلار ھازىدارلارنىڭ ئۇزۇقلىنىش ئېھتىياجىنى قامدايدۇ.

ئۈچىنچى، قوشنىلار ئۆلۈمگە كەلگەن ھازىدارلارنى ئېلىپ چىقىپ قوندۇرۇشمۇ قوشنىدارچىلىق يوسۇنلىرىنىڭ بىرى، چۈنكى شۇنچە كۆپ ھازىدارلارنى مۇسىبەت بولغان ئۆيدە قوندۇرۇپ بولالمايدۇ. شۇڭا، بىر بۆلىكىنى ئېلىپ چىقىپ ئۆلارنى قوندۇرۇش ئارقىلىق قوشنىدارچىلىق ھەققىنى ئادا قىلىدۇ.

تۆتىنچى، قوشنىلار مۇسىبەت بولغان ئۆيدە يەتتە كۈنگىچە ئۆي ئىشلىرىنى ئۈستىگە ئالىدۇ. ئورۇن - كۆرپە سالىدۇ، يىغىدۇ. ئۆيدىكى ئۇلاغلىرىغا يەم - خەشەك بېرىدۇ. زۆرۈر تېپىلسا مۇھىم كىر - قاتلىرىنى يۇيىدۇ، كىچىك باللىرىنى ئېلىپ چىقىپ ھالىدىن خەۋەر ئالىدۇ، مەكتەپكە بارىدىغانلىرىغا چاي بېرىپ مەكتەپكە يولغا سالىدۇ.

بەشىنچى، بىر قىسىم جايلاردا مۇسىبەت بولغان ئۆيدە 40 كۈنگىچە چويلا سالماسلىق ئەنئەنىگە ئايلانغان. چويلا سېلىش دېگەن چۆپ، لەگمەن، پولۇغا ئوخشاش ئالىي تاماقلارنى ئېتىپ يېيىش دېگەن مەنىنى بېرىدۇ. ئۆلگۈچىنىڭ ھۆرمىتى ۋە مۇسىبەتتىن ئۆيدە سۇيۇقئاشقا ئوخشاش ئاددىي تاماقلار ئېتىلىسىمۇ، ئالىي تاماقلار ئېتىلمەيدۇ. قوشنىلار ئېتىپ ئەكىرىپ بەرسە بۇ يوللۇق بولىدۇ. 40 كۈن بولغاندا، قوشنا - قولۇملار مۇسىبەت بولغان ئۆيدە چۆپ ياكى لەگمەنگە ئوخشاش چويلا ئىشلىتىدىغان تاماقلارنى ئېتىپ چويلا سېلىپ بېرىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، مۇسىبەت بولغان ئۆيدە نورمال تاماق ئېتىش ئەسلىگە كېلىدۇ.

## كېسەل يوقلاش

قوشنىدارچىلىق يوسۇنىدا قوشنىلاردىن بىرى كېسەل بولۇپ قالسا، دوختۇرخانىدا يېتىپ قالسا، ئۇلارنى يوقلاپ ھال - ئەھۋال سوراش، ئۇلارغا ياخشى تىلەكلەرنى تىلەش، تەسەللى بېرىش، شىپا تېپىشى ئۈچۈن ئۇسسە بېغىشلاش قائىدىسى داۋاملىشىپ كەلدى.

ئادەم كېسەل بولۇپ قالغاندا كۆڭلى بەك يېرىم بولىدۇ، يېقىنلارنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشىگە موھتاج بولىدۇ. ئائىلىدە بالىلىرى ئېسسىقسىز قالىدۇ. شۇڭا، قوشنىلارنىڭ بالىلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرۇش، ئاش - تاماق ئېتىپ يوقلاپ تۇرۇش ھەققى بار.

تاسادىپىي ھادىسە يۈز بەرسە ياكى جىددىي قۇتقۇزۇش زۆرۈر تېپىلسا، قوشنىلار تەشەببۇسكارلىق بىلەن ماشىنا چاقىرىپ كېلىپ دوختۇرغا ئاپىرىشى لازىم. ئەگەر قوشنىلارنىڭ كارى بولماسلىقى سەۋەبلىك ئۆلۈم ئىشى چىقىپ قالسا، بۇ بەكمۇ ئېغىر گۇناھ بولىدۇ. جىددىي پەيتتە پۇل لازىم بولۇپ قالسا، دوختۇرغا پۇل تاپشۇرۇش زۆرۈر تېپىلسا قۇربىتى يەتسە تۆلەپ تۇرۇش لازىم.

## قوشنىلارنىڭكىدە توي بولغاندا

قوشنىلارنىڭ ئۆيىدە توي مەرىكىسى بولغاندا قوشنىلارغا موھتاج بولىدۇ.

بىرىنچى، قولغا لازىم بولسا ئېلىپ چىقىپ توي مەرىكىسى ئۆتكۈزۈلۈشىگە ياردەملىشىش. يەنى لېگەن، چىنە - قاچا، داس ۋە باشقا لازىملىق نەرسىلەرنى ئاچىقىپ، تويىنى ئۆتكۈزۈۋالىدۇ. چۈنكى، توي كۈنىدە ئۆيىدىكى چىنە - قاچا لازىمەتلىكلەر

يېتىشمەيدۇ.

ئىككىنچى، تويدا كىگىز بىسات كۆپ كېتىدۇ. شۇڭا، ھويلا-ئارامغا گىلەم، كىگىز سېلىش توغرا كەلسە قوشنىلاردىن ئېلىپ چىقىپ سېلىپ تۇرىدۇ.

ئۈچىنچى، قىز چىقارماقچى بولسا، قىزلارنى ئولتۇرغۇزۇش ئىشى يەنىلا قوشنىلارنىڭ ئۈستىدە بولىدۇ.

تۆتىنچى، قوشنىلارنىڭكىگە تويتى مۇبارەكلەپ سوۋغا-سالام ئېلىپ كىرىدۇ. سوۋغا-سالام كۆپ بولسۇن، ئاز بولسۇن بۇ ئۆتنە جاھان بولۇپ، كۆپ قىلسا كۆپ قايتىدۇ، ئاز قىلسا ئاز قايتىدۇ. گەمدى ئۆزىنىڭ ئۆيىدە توي ئىشى تۈگىگەندىن كېيىن، بېشىنى يوپۇرۇپ ئولتۇرۇۋالسا بولمايدۇ. قىلغانغا تۆشلۈق ئۆتى قايتۇرۇش ھەققى بار.

بەشىنچى، كېلىن، كۈيئوغۇللار يۈز ئاچقۇغا كەلگەندە ياكى ئۆتنىگەندىن كېيىن بولسىمۇ، قوشنىلار بىلەن قوشۇپ ئۇلارنى چاقىرىپ مېھمان قىلىدۇ ۋە كېلىن بولغۇچىغا ياكى كۈيئوغۇل بولغۇچىغا تاپقىنىنى قويۇپ، ئادەمگەرچىلىكنى ئىپادىلەيدۇ.

## مېھمان چاقىرغاندا

مېھمان چاقىرغاندا قوشنىلارنى ئايرىپ قويماسلىق، ئۇلارنى مېھمانلارنى ئۇزىتىشىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىش خەلقىمىزنىڭ مۇھىم قائىدە-يوسۇنلىرىنىڭ بىرى ھەم قوشنىدارچىلىق ھەققىدىكى بىر مەسئۇلىيەت. يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «گال رەنجىكى يامان نازۇك بولىدۇ، شۇڭا مېھمان چاقىرساڭ قوشنىلارنى ئايرىپ قويما» دېگەن.

## قوشنىلار بىلەن يۈز كۆرۈشكەندە

قوشنىلار بىلەن ھەر كۈنى ئەتىگەن كۆرۈشكەندە تىنچلىق-ئامانلىق سورىشىدۇ، ئوچۇق-يورۇقلۇق بىلەن مۇئامىلە

قىلىدۇ. ئەتىگەن - ئاخشامدا بىر-بىرىنىڭكىگە كىرىشىپ مۇڭدىشىدۇ. قايتقاندا ئامانلىق تىلىشىپ ئۈزۈتىپ قويىدۇ.

قوشنىلار بىلەن ئىمكان بار ئارازلىشىپ قالماسلىق ئۈچۈن تىرىشىدۇ. قوشنىلار ئارا ئارازلىشىپ يۈرۈش تولىمۇ ئازابلىق بىر ئىش، چۈنكى، ھەر كۈنى ئۇچرىشىپ تۇرغاندا، بىر - بىرىگە ھومىيىپ يۈرۈش كۆڭۈلگە بىئاراملىق بالاسىنى سالىدۇ. مۇبادا ئارازلىشىپ قالغۇدەك بولسا، ئۈچ كۈندىن ئارتۇق ئاداۋەت تۇتۇش دۇرۇس ئەمەس دەپ قارىلىدۇ. كىم بۇرۇن ئاداۋەتنى يۇزۇپ گەپ قىلىۋالسا ياكى سالام بېرىۋالسا پەزىلەتتە شۇ ئۈستۈن ھېسابلىنىدۇ.

## قوشنىلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلماسلىق

غەيۋەت قىلىش ئىنتايىن يامان ئادەت. بولۇپمۇ قوشنىلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلىش تېخىمۇ يامان، «ئۆزىنىڭ غەيۋىتىنى قىلسا، كىشىنىڭ مېھرى قېچىپتۇ» دېگەن گەپ قوشنىلارغىمۇ چۈشىدۇ. بولسا قوشنىلارنىڭ چىرايلىق گېپىنى قىلىش، باشقىلارغا ماختاپ بېرىش كېرەك. بۇ، قوشنىلار ئارىسىدا دوستلۇقنى چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ ھەم باشقىلارغا ياخشى تەسىر بېرىدۇ.

## ياخشى قوشنىلاردىن بولايلى

ياخشى قوشنىغا ئېرىشكەن ئادەم خاتىرجەملىككە ئېرىشىدۇ، يامان قوشنىغا يولۇققان ئادەم كۆلپەتكە پاتىدۇ، خاتىرجەملىكىنى يوقىتىدۇ. يامان قوشنىدىن قۇتۇلۇشنىڭ يولى كۆچۈپ كېتىش بولىدۇ. قوشنىلار قورساقنى كەڭ تۇتقۇلۇق، قوشنىلار ياخشى كۈن كۆرسە خۇرسەن بولغۇلۇق، كۆرەلمەسلىك، ھەسەت ئوتلىرىنى پەزىلەت سۈيى بىلەن ئۆچۈرۈپ، ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىغا قانائەت قىلغۇلۇق، قوشنىلارغا

كۆز - كۆز قىلىشتىن ساقلىنىش، تەكەببۇرلۇق قىلماسلىق، چوڭچىلىق تالاشماسلىق، تۆر تالاشماسلىق، يول قويۇشنى بىلىش كېرەك. باي بولسا قولچىلىق قىلىش، نامرات بولسا كۆزگە ئىلماسلىق ئەخلاقسىزلىق، غورۇرسىزلىق بولىدۇ، ئۆزەڭگە سوقۇشتۇرۇش ھەم كۆڭۈلسىزلىكلەرگە سەۋەب بولىدۇ. قوشنىدارچىلىق ئىشىدا قائىدە - يوسۇنلىرىمىزغا رىئايە قىلىش، قائىدە - يوسۇنلىرىمىزنى تىرىشىپ قوغداش لازىم. قائىدە - يوسۇنلىرىمىز قوشنىدارچىلىق مۇھەببىتىنى چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ. ئائىلىگە خاتىرجەملىك، خۇشاللىق ئېلىپ كېلىدۇ. ئىناقلىق دېگەن ھەممە كىشىنىڭ ئارزۇسىغۇ!

# ھېيت - بايراملىرىمىز

دۇنيادىكى بارلىق مىللەتلەرنىڭ ئەھمىيەتلىك ھېيت - بايراملىرى بار. بايرام دېگەن خۇشاللىق، تەبرىكلەش مەنىسىدە بولۇپ، بۇ مىللەتنىڭ ئەنئەنىسى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن ھەم يەنە ئەنئەنىلەرنى، قائىدە - يوسۇنلارنى بېيىتقان، تۇرمۇشقا خۇشاللىق، شادلىق، جۇشقۇنلۇق، ئۈمىد ئېلىپ كەلگەن.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۆز تارىخىدا نۇرغۇن ھېيت - بايراملىرى بولغان. دىنلارنىڭ ئالمىشىشى نەتىجىسىدە، دىن تۈسىنى ئالغان نۇرغۇن بايراملار قېپقالغان. ھازىر ئۇيغۇرلارنىڭ چوڭراق ئەنئەنىۋى بايراملىرىدىن نورۇز بايرىمى، قۇربان ھېيت، روزا ھېيت بار. كىچىكرەك بايراملاردىن قوغۇن سەيلىسى، ئۈزۈم سەيلىسى، ئەنجۈر سەيلىسى، ئۆلۈغلارنىڭ قەبرىسىنى يوقلاش بايرىمى دېگەندەك سەيلە خاراكتېرىنى ئالغان بايراملىرىمىز بار. بارات ئېيى دېگەندەك قاپاق كۆيدۈرۈپ تەنتەنە قىلىدىغان بايراملىرىمىز، مەۋلۇت يەنى تەۋەللۇت بايرىمى دېگەنلەر بار. بۇ ئىسلام ئېتىقادى بويىچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇنياغا كەلگەنلىكىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىدۇ.

## نورۇز بايرىمى

نورۇز بايرىمى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ دىندىن خالىي بولغان مىللىي بايرىمى، ئۇنى تەبىئەت بايرىمى، يېڭى يىل بايرىمى، باھار بايرىمى دەپ ئاتىساقمۇ بولىدۇ. بۇ بايرام تارىخى ئۇزۇن، ئومۇملىشىشى چوڭقۇر ئاممىۋى ئاساسقا ئىگە بولغانلىقى بىلەن

نەچچە مىڭ يىللاردىن بېرى خەلقىمىزگە ناھايىتى گۈزەل ئۆيغۇلارنى سوۋغا قىلدى.

نورۇز بايرىمى قەدىمكى تۈركىي كالېندارى بويىچە كونا يىل ئاخىرلىشىپ يېڭى يىل باشلانغان كۈن، يەنى مۇچەل بويىچە بېلىق ئېيىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى كۈنى ئەتىيازلىق كۈن - تۈن تەڭلىشىدۇ. ئاي قوزى ئېيىغا يەنى يېڭى يىلنىڭ 1 - ئېيىنىڭ 1 - كۈنىگە ئۆتكەن كۈنى نورۇز ئېيى باشلانغان بولىدۇ. بۇ مىلادىيە ھېسابى بويىچە ھەر يىلى 3 - ئاينىڭ 21 - كۈنىگە توغرا كېلىدۇ. بۇ قەدىمكى زامان ئۇيغۇر ئاسترونوملىرىنىڭ پىلانېتلارنىڭ ھەرىكەت قانۇنىيىتى ئاساسىدا بېكىتكەن مۇچەل ھېسابى بولۇپ، تەبىئەتنىڭ قانۇنىيىتى بىلەن كىشىلەرنىڭ يېڭى ھاياتلىققا بولغان ئىنتىلىشىنى بىر گەۋدىلەشتۈرگەن. يېڭى يىلدا تەبىئەتمۇ كۈلىدۇ، جەمئىيەتمۇ كۈلىدۇ، ئۇچار قاناتلار، قۇرت - قوڭغۇزلارمۇ يېڭى ھاياتقا ئېرىشىدۇ، تەبىئەتنى خۇش پۇراق گۈلنىڭ ھىدى قاپلايدۇ. يايلاقلاردا چارۋا ماللار سەكرىشىپ يېڭى يىلغا تەنتەنە قىلىدۇ. پۈتۈن ئورمان قىشلىق كىيىملىرىنى سېلىپ تاشلاپ يېشىل تون كىيىدۇ. باللار تال چىۋىقنى ئات ئېتىپ ئوينايدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ نورۇزنامىسىدا نورۇز تەنتەنىسى ئاجايىپ يۇقىرى ماھارەت بىلەن سىزىپ بېرىلگەن.

63. ئىسسىپ كەلدى شەرقتىن باھارنىڭ يىلى،
بېزەشكە جاھان ئاچتى جەننەت يولى.

64. قوڭۇر يەر ئىپار تولدى، كافۇر كېتىپ،
بېزەنمەك تىلەر دۇنيا كۆركەم ئېتىپ.

66. قۇياش ياندى بولغاي يەنە ئورنىغا،
بېلىق قۇيرۇقىدىن قوزى بۇرنىغا.

67. قۇرۇغان ياغاچلار كېيىنكى يېشىل،
بېزەندى يوپيوق، ھال، سېرىق، كۆك، قىزىل.

70. تۈمەن رەڭ چېچەكلەر ئېچىلدى كۈلۈپ،
ئىپار، كافۇر ھىدىغا دۇنيا تولۇپ.

72. غاز، ئۆردەك، قىل، ئاق قۇ خۇشاللىق بىلەن،
قاقىلداپ ئۇچۇشۇر يۇقىرى – تۆۋەن.

79. كېيىك ۋە جەرەن گۈل ئارا ئويىنىشۇر،
ئارقار، تاغ تېكىسى جۈپ – جۈپ سەكرىشۇر.

119. پەلەك چاقى تۆرسۈن دائىم ئايلىنىپ،
تۆۋەن بولسۇن، دۈشمەن بېشى ئېگىلىپ.

شۇنداق، تەبىئەت سېخىي داستىخىنىنى ئاچقاندا، ئەل قۇچاق ئېچىپ سېخىي تەبىئەتكە قۇچاق ئاچىدۇ، ھالال ئەمگەكلىرى بىلەن تەبىئەتكە تېخىمۇ ھاياتىي كۈچ ئاتا قىلىدۇ.

بۇنداق تەنتەنىگە چۈمگەن خەلق تۈرلۈك پائالىيەتلىرى بىلەن ھاياتنى مەنىلەر بىلەن بېزەيدۇ، تەبىئەت بىلەن دوستلۇق ئورنىتىدۇ. بىر – بىرى بىلەن يېڭى يىلنى تەبرىكلىشىدۇ، بايراملىق كىيىملەرنى كىيىشىپ تەبىئەت بىلەن گۈزەللىك تالىشىدۇ. قارىغا ئېتىش، بەيگە مۇسابىقىلىرى، چېلىشىش مۇسابىقىلىرى ئەۋجىگە چىقىدۇ. باللار مۈڭگۈز – مۈڭگۈز ئويۇنى، ئودەكام ئويۇنى، لەڭگەرناقتاق ئويۇنى قاتارلىق ئويۇنلار بىلەن ئۆزلىرىنى چېنىقتۇرىدۇ، تەبىئەتنى، جەمئىيەتنى چۈشىنىدۇ. شائىرلار مۇشائىرە ئېيتىشىپ ھاياتنى كۈيلىشىدۇ. سازەندىلەر مۇقاملار ئېيتىپ ھاياتنىڭ بىردە لەرزان، بىردە دولقۇنلۇق، شاۋقۇنلۇق رىتىمىغا جور بولىدۇ.

شۇنداق، خەلقىمىز نورۇزنى سۆيىدۇ، نورۇزدىن خۇشاللىق،

بەخت تاپىدۇ. نورۇز پائالىيەتلىرى كىشىلەرگە ھاياتنىڭ قىممىتىنى، ئەمگەكنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى تونۇتىدۇ، بۇ ئەمگەكتە ھالال، پاكلىق بىلەن قوشۇلۇشقا ئۈندەيدۇ، ئەمگەكتە ئەقىدە قىلسا ئەمگەك ئۇلارنى مۇكاپاتلايدۇ. ئەمگەككە قارشى چىقسا ئەمگەك جازالايدۇ. نورۇز بىزگە ھەرقاچان يار بولسۇن. قەلبىمىز نورۇز گۈللىرىدەك پورەكلەپ ئېچىلسۇن.

## قۇربان ھېيت

قۇربان ھېيت دۇنيادىكى مۇسۇلمانلارنىڭ خەلقئارالىق بايرىمى، جۈملىدىن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ دىنىي ۋە مىللىي بايرىمى. قۇربان ھېيت ئەسلىي ئىسلام دىنىنىڭ ئەنئەنىۋى بايراملىرىنىڭ بىرى. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام چۈشىدە، ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنى ئاللا يولىدا قۇربانلىق قىلىش ھەققىدىكى بېشارەتنى كۆرۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىشنى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامغا ئېيتقانىكەن، ئىسمائىل ئاللانىڭ يولىدا قۇربانلىق بولىدىغان ئىش بولسا، ھېلىغۇ بىر جان، مىڭ جېنىم بولسىمۇ تەسەددۇق قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. ئىسمائىلنى قۇربانلىق قىلىش ئۈچۈن مىنا تېغىغا ئېلىپ كېتىۋاتسا شەيتانلار ۋەسۋەسە سالىدۇ. شەيتانلارغا تاش ئېتىپ قوغلايدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئىسمائىلنى قۇربانلىق قىلىش ئۈچۈن ياتقۇزغاندا، كۆزىنى ئېتىپ قويغىن، جان تالىشىۋاتقاندا ئىرادەمگە قارشى ھالدا ساڭا ئالىيىپ قالماي، دەيدۇ. دادىسى ئۆتكۈر پىچاقنى ئىسمائىلنىڭ گېلىغا سۈرىدۇ. بىراق، ھەرقانچە قىلسىمۇ پىچاق ئۆتمەيدۇ. پىچاقنى تاشقا ئۇرسا تاشنى ئىككى پارچە قىلىۋېتىدۇ. مانا شۇنداق چاغدا، بىر كۆك قوچقار ئاسماندىن چۈشىدۇ ۋە ئۇنى قۇربانلىق قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. مانا شۇنىڭدىن ئېتىبارەن يىلدا قۇربان ھېيت مەزگىلىدە قۇربىتى يېتىدىغانلارنىڭ قۇربانلىق قىلىشى ۋاجىپ بولۇپتۇ. مانا

ئۇنىڭدىن تارتىپ ئاللاھنىڭ شەپقىتىگە رەھمەت ئېيتىش، ئاتىغا بولغان ساداقەت ۋە ۋاپادارلىقنى ئومۇملاشتۇرۇش ئۈچۈن شۇ كۈنىنى پۈتۈن مۇسۇلمانلارنىڭ ھېيتى قىلىپ بەلگىلىگەنىكەن.

ئۇيغۇر خەلقى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغىلى مىڭ يىلدىن ئاشتى. بۇ جەرياندا ئۇلار قۇربان ھېيتىنى ئۆزىنىڭ ئۆرپ - ئادىتى بويىچە تېخىمۇ بېزەپ ۋە بېيىتىپ، ئۇنىڭغا ھەر خىل مەزمۇن ۋە مەنىلەرنى قوشۇپ، ئۆزلىرىنىڭ مىللىي بايرىمىغا ئايلاندۇردى. ئۇيغۇرلار قۇربان ھېيتىنى ئەرەبلەر ۋە باشقا ئىسلام دۆلەتلىرى بىلەن ئوخشىمايدىغان شەكىلدە تەبرىكلەپ كەلدى. قۇربانلىق قىلىش، ھەج قىلىش، ئىككى رەكەت قۇربان ھېيتلىق ۋاجىپ ناماز ئوقۇشتىن باشقا بارلىق پائالىيەتلەر ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي ئۆرپ - ئادەتلىرى بىلەن يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن. شۇڭا، بىز قۇربان ھېيتىنىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي بايرىمى دەپ قارىساق بولىدۇ.

ھېيتتا نامازدىن قايتىپ، قۇربانلىققا ئاتالغان قوي ياكى كالا قۇربانلىق قىلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن، گۆشنىڭ بىر قىسمى كەمبەغەل، يېتىم - يېسىرلارغا بېرىلىدۇ. قالغان قىسمىنى ئۆزىگە قالدۇرۇپ، بالا - چاقا، ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - بۇرادەرلەر بىلەن تەڭ يەيدۇ.

ھېيتتا تونۇشىدىغان - تونۇشمايدىغان كىشىلەر ئۆزئارا سالاملىشىپ، ھېيتنى تەبرىكلىشىدۇ.

ئۇرۇق - تۇغقانلار، قوشنا - قولۇملار، دوست - بۇرادەرلەر ئۆزئارا ھېيتلىشىدۇ، كەمبەغەل، تۇل خوتۇن، يېتىم ئوغۇللارنىڭكىگە بېرىپ، ئۇلارنى يوقلاپ، ھېيتلىق بېرىپ قايتىشىدۇ. ئۇرۇق - تۇغقانلارمۇ، دوست - يارەنلەرمۇ، قوشنا - قولۇملارمۇ بالىلىرىغا ئاز بولسۇن، كۆپ بولسۇن ھېيتلىق بېرىشىدۇ. ھەممە ئادەم ھېيتلىق كىيىملەرنى كىيىشىپ، چىرايلىق ياسىنىپ ھېيتلىشىدۇ. رەستىلەردە، ھېيتگاھلاردا ناغرا - سۇنايلارنى ياڭرىتىدۇ، چوڭ - كىچىك، قېرى - ياش

ساماغا چۈشىدۇ. شۇنداق قىلىپ ھەممە ئادەم ھېيت تەنتەنىسىگە چۆمىدۇ.

## روزا ھېيت پائالىيەتلىرى

روزا ھېيت يەنە پىتىر ھېيت، زاكات ھېيت دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ ھېيت خەلقئارالىق ھېيت بولۇپ، دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئارىسىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئىسلام دىنىنىڭ بەش پەرزىنىڭ بىرى، ھەر يىلى روزا ئېيىدا مۇسۇلمانلار بىر ئاي روزا تۇتىدۇ. بۇ ھىجرىيە 2 - يىلى شەۋۋال ئېيىدىن باشلاپ يولغا قويۇلغان. روزا ۋاقتىدا زولۇق يەپ، كەچتە كۈن تولۇق پاتقاندىن كېيىن ئېغىز ئاچىدۇ. مۇشۇ 30 كۈن ئىچىدە كەمبەغەل، يېتىم - يېسىرلارغا، تۇل خوتۇنلارغا، مىسكىنلەرگە ۋە باشقا قىيىنچىلىقى بار تۇغقانلارغا مال - مۈلكىنىڭ 40 تىن بىرىنى زاكات ئايرىپ خۇپىيانە ھالدا ياردەم قىلىپ، ئۇلارغا بېرىدۇ. بۇنىڭ بەك نازۇك ئۆلچەم، قائىدىلىرى بار.

روزا ئېيىدا ھەربىر جان بېشىغا پىتىر ھەققى بېرىش بۇيرۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا باي، كەمبەغەل دېگەن شەرت قويۇلمايدۇ. بۇنىڭدا شۇ رايوننىڭ پۇلىنىڭ قىممىتىگە قاراپ بىر يۈەندىن ئارتىپ 100 يۈەن، مىڭ يۈەنگىچە بېرىش چەكلەنمەيدۇ.

## روزا مەزگىلىدىكى پەرھىزلەر

روزىدار ئادەم روزا تۇتۇۋاتقان مەزگىلدە يالغان گەپ قىلىشقا بولمايدۇ، كىشىلەرنىڭ ھەققىگە خىيانەت قىلسا بولمايدۇ. پىتنە - پاسات قىلىشقا، باشقىلار بىلەن ئۇرۇشۇپ، تىللىشىپ ئارازلىشىشقا بولمايدۇ. ئومۇمەن، يامان ئىش، يامان گەپ - سۆزلەرنى قىلسا، باشقىلارغا زىيانكەشلىك قىلسا روزىسى بۇزۇلىدۇ دەپ قارايدۇ. روزا پەرز ئىبادەت مەزگىلى بولغاچقا، بۇ

چاغدا قىلغان يامان ئىشلارنىڭ گۇناھى نەچچە ھەسسە ئېغىر بولىدۇ دەپ قاراپ، كىشىلەر ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ يامان ئىشلارنى قىلىشتىن ساقلىنىدۇ.

## ھېيت پائالىيەتلىرى

ھېيت نامىزى ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، كىشىلەر ھېيت پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بىر - بىرىنىڭ ھېيتىنى تەبرىكلىشىدۇ. نۇرغۇن ئاممىۋى پائالىيەتلەر ئۆتكۈزۈلىدۇ. ھەر خىل مۇسابىقە پائالىيەتلىرى، ساما پائالىيەتلىرى، ھېيتلاش پائالىيەتلىرى بولىدۇ. بارلىق ئائىلىلەردە ھېيتلىق داستىخان راسلىنىدۇ. ھېيتلىق كىيىملەر كىيىلىدۇ، خۇددى قۇربان ھېيتتا ئوخشاش ئارازلىشىپ قالغانلار ئەپلىشىۋالىدۇ. بولۇپمۇ رامىزان ئېيىدىن بۇرۇن ئاداۋەتنى يۇيۇش، ئەپلىشىش دەۋەت قىلىنىدۇ. شۇنداق قىلىپ بۇ ھېيت ئۆزئارا كۆيۈنۈش، ياردەم بېرىش، نامراتلارغا غەمخورلۇق قىلىشتەك خەير - ساخاۋەت بايرىمى بولۇپ قالىدۇ.

## ھېيتنىڭ خاسىيىتى

ھېيت مەۋسۇمىدا پۈتۈن ئائىلىلەردە بىر قېتىملىق چوڭ تازىلىق ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئۆيدىكى كىگىز - گىلەم قاتارلىق بىسائلار پاكىز تازىلىنىدۇ، ئۆي تورۇسلىرى، ئېينەكلەر، ھويلا - ئارام، ئىشىك ئالدىلىرى كەڭ كۆلەملىك تازىلىنىدۇ. كىر - قاتلار يۇيۇلىدۇ. ھەممە ئادەم ھامامغا چۈشۈپ يۇيۇنىدۇ. قىزلار ئوسما قويۇشۇپ شەخسىي تازىلىق قىلىشىپ ھېيتقا ھازىرلىنىدۇ. بۇ تازىلىققا ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ھەممىسى قاتنىشىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ھېيت پاكىزلىق ئېلىپ كېلىدۇ.

ھېيتلىق سازلار سېلىنىدۇ، پېچىنە - پىرەنىكلەر

سېلىنىدۇ ۋە باشقا تۈرلۈك نازۇنېمەتلەر تىزىلىپ ھېيتلىق ھازىرلىنىدۇ. ھېيتتىن بۇرۇن ئارازلىشىپ قالغانلار ئەپلىشىدۇ. ئاداۋەت يۇيۇلىدۇ. شۇنداق قىلىپ ھېيت ئىناقلىق، ئىتتىپاقلىق ئېلىپ كېلىدۇ. ھېيتلىرىمىزدا كىشىلەر ئۆزئارا مېھرىبانلىق كۆرسىتىدۇ، ئۆزئارا كۆيۈنىدۇ، بىر - بىرىگە ياردەم بېرىدۇ، ئۇرۇشمايدۇ، تىللاشمايدۇ. شۇنداق قىلىپ ھېيت ئارقىلىق كىشىلەر ئىناقلىق، ئىتتىپاقلىقنىڭ، ئۆزئارا كۆيۈنۈشنىڭ خاسىيىتىنى ھېس قىلىشىدۇ.

ھېيتتا كىشىلەر ھېيتنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن قائىدە - يوسۇنلارغا يەنە ئەھمىيەت بېرىدۇ، ئەدەپ - ئەخلاقلىق بولىدۇ.

ھېيتتا بۇزۇلغان ئائىلىلەر يارىشىدۇ، يامانلىغان كېلىنلەر قايتۇرۇپ كېلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھېيتنىڭ خاسىيىتى بىلەن ئائىلىلەرنىڭ بۇزۇلۇشىنىڭ ئالدى ئېلىنىدۇ، باللار يېتىم بولمايدۇ.

شۇنداق، ھېيتتا ھەممە ئادەمنىڭ چېھرىدە خۇشاللىق ۋە بەخت جىلۋىسى چاقنايدۇ. ھېيت خۇشاللىق، كۈلكە، گۈزەللىك ئېلىپ كېلىدۇ، پاكىزلىق، ساغلاملىق ئېلىپ كېلىدۇ، ۋاپادارلىق، ساداقەتكە ئۈندەيدۇ. كىشىلەر ھېيتتىكى بۇ كىشىلەرنىڭ پەزىلىتىدىن ھەممە ۋاقىتتا خەلقىمىز مانا شۇنداق مېھرىبان، كۆيۈمچان، ئەدەپلىك، ئەخلاقلىق، پاكىز، ئەرتىپلىك بولسا نېمىدېگەن ياخشى دەپ ئارزۇ قىلىشىدۇ.

# سودا ئەخلاقى ۋە سودا يوسۇنى

خەلقىمىز ئەڭ قەدىمكى سودا مىللىتى. ئۇلار سودىنى قەدىرلەيدۇ، سودىنى ھالال، پاك يول بىلەن قىلىدۇ، ئىنسانلارغا پايدىسى تېگىدىغان مەھسۇلاتلارنىڭ سودىسىنى قىلىدۇ. ئىنسانلارغا زىيان يەتكۈزىدىغان سودىنى قىلمايدۇ. بۇنداق سودىدا تاپقان پۇلنىڭ بەرىكىتى بولمايدۇ، بالا - قازا ئېلىپ كېلىدۇ دەپ قارايدۇ. ئۇلار ئۇزاق ئەسىرلىك سودا - تىجارەت داۋامىدا ئۆزىگە خاس ناھايىتى ئىلغار سودا - تىجارەت ئەخلاقىنى بارلىققا كەلتۈرگەن.

## سودىدا ئادىل بولۇش

سودىدا ئادىل بولۇش ئۇيغۇر سودىگەرلىرىنىڭ سودا قەسىمى ھېسابلىنىدۇ. بۇ دېگەنلىك ھەر ئىككى تەرەپكە مەنپەئەت يەتكۈزۈش، بىر تەرەپنى قەستەن زىيانغا ئۇچرىتىماسلىق دېگەن مەنىنى بېرىدۇ. يەنە سودىدا تاۋارنىڭ قىممىتىنى ھەددىدىن ئارتۇق ئۆستۈرۈۋېلىپ، ئىستېمالچىنى زىيان تارتقۇزماسلىق تەكىتلىنىدۇ.

## سودىدا راستچىللىق

خەلقىمىزنىڭ سودا ئەخلاقىنىڭ يادروسى سودىدا راستچىل بولۇش، يالغانچىلىق قىلماسلىق. راستچىللىقتا مەھسۇلاتلارنى ساختا بوياقلار بىلەن بوياپ، مىسنى ئالتۇن قىلىپ

كۆرسەتمەسلىك، يالغاننى راست قىلىپ ساتماسلىق، ئاجىزنى كۈچلۈك دېمەسلىك، يامانني ياخشى دەپ ماختىماسلىق، مەھسۇلاتنى قانداق بولسا راست گەپ قىلىش تەكىتلىنىدۇ.

## سودىدىكى سەممىيەت تەلىپى

مەن بۇ مالنى مانچە پۇلغا ئالغان دەپ 5 يۈەنگە ئالغان نەرسىنى 8 يۈەنگە ئالغان دېيىش يالغانچىلىق، سەممىيەتسىزلىك بولىدۇ. بۇنىڭدا قائىدە شۇكى، قانچە پۇلغا ئالغان بولسۇن، ئۇنى دېيىش ئورۇنسىز، 5 يۈەنگە ئېلىپ 500 يۈەنگە ساتسىمۇ بولىدۇ، مال مۇشۇ دەپ ساتسا دۇرۇس بولۇۋېرىدۇ. ئەگەر 5 يۈەنگە ئالغان نەرسىنى 6 يۈەنگە ئالغان دەپ ساتقان بولسا، ئۇنى 5 يۈەنگە ساتسىمۇ دۇرۇس بولمايدۇ دەپ قارىلىدۇ. شۇڭا، ياخشىسى، مالنى مانچە پۇلغا ئالغانتىم دېمەسلىك كېرەك. ھېچكىم سەن مالنى قانچە پۇلغا ئالغان دەپ سورىمايدۇ. دىتىڭغا چىقسا ساتقۇلۇق، دىتىڭغا چىقمىسا «كەم بولار» دېگەن گەپ ئەڭ ياخشى.

## تارازا، ئۆلچەم توغرا بولۇش

تارازىنى توغرا تۇتۇش، ئۆلچەمنى توغرا قىلىش خەلقىمىزنىڭ تىجارەت پرىنسىپىدىكى مۇھىم ئەخلاقىي مىزان ۋە قائىدە ھېسابلىنىدۇ. تارازىدا كەم بېرىش، ئۆلچەمگە ساختىلىق ئىشلىتىشنى ئىنتايىن ئەيىبلىك، گۇناھلىق ئىش ھېسابلايدۇ ھەم باشقىلارنىڭ رىزقىنى يەۋېلىش ھېسابلايدۇ.

تارازىغا ۋە ئۆلچەمگە ساختىلىق ئىشلىتىپ تاپقان پۇلنى ھارام دەپ قارايدۇ ھەم ئۇ ھالال ۋەجىنىمۇ توزىتىۋېتىدۇ دەپ قارايدۇ. شۇڭا تارازىدا، ئۆلچەمدە ئارتۇقراق بەرسە بېرىدۇكى، ھەرگىز كەم بەرمەيدۇ.

## بېسىمدارلىق قىلماسلىق

سودا ئىشىدا مەجبۇرلاش يوق، ساتقۇچىنىڭمۇ، ئالغۇچىنىڭمۇ ئۆز ئىختىيارىدا بولىدۇ. ساتقۇچىمۇ ئالغۇچىغا مېلىنى زورلاپ، مەجبۇرلاپ ساتالمايدۇ. ئالغۇچىمۇ مەھسۇلات ئىگىسىنى مەھسۇلاتنى سېتىشقا مەجبۇرلاش چەكلىنىدۇ. ھەرقانداق ئۇسۇلدىكى مەجبۇرلاش ياكى مەجبۇرلىنىش سودا ئەمەس، بەلكى زوراۋانلىق بولىدۇ.

## لەۋزى ھالال

خەلقىمىزنىڭ سودا ـ سېتىق يوسۇنىدا، سودا قىلىنغان ئىشتا لەۋزىگە رىئايە قىلىش، لەۋزىدە تۇرۇش تەكىتلىنىدۇ. ئالىمىز دېگەندىن كېيىن يېنىۋېلىش يوق، ساتتىم دېگەندىن كېيىن ھەم تېنىۋېلىش يوق. گەرچە خەلقىمىز خېلى قەدىمكى دەۋردە ئىقتىسادىي مۇئامىلىدە پىچىم (توختام)، ھۆججەت قاتارلىقلارنى تۈزۈپ گۇۋاھچىلارنىڭ قولىنى قويدۇرۇشتەك ئىلغار سودا مەدەنىيىتىگە كىرگەن بولسىمۇ، ئادەتتىكى ئەھۋاللاردا لەۋزىگە ھۆرمەت قىلىدۇ، لەۋزىدىن يانمايدۇ، يانسا ئەيىبلىنىدۇ.

## جازانىخورلۇق يامان كۆرۈلىدۇ

خەلقىمىزدە ئەڭ يامان كۆرۈلىدىغان ئىشنىڭ بىرى جازانىدۇر. جازانىنىڭ تۈرلىرى بىرنەچچە خىل بولىدۇ.

بىرىنچى، باشقىلارغا پۇل ۋە ئاشلىققا ئوخشاش نەرسىلەرنى قەرزگە بېرىپ ئۈسۈمى بىلەن قايتۇرۇۋېلىش جازانە ھېسابلىنىدۇ.

ئىككىنچى، ئاشلىق ۋە باشقا لازىمەتلىك نەرسىلەرنى

مەمۇر چاغلاردا ئەرزان ئېلىپ، قەھەتچىلىك چاغلاردا قىممەت ساتسا يەنىلا جازانىخورلۇق بولىدۇ.

گەرچە باھادا نەچچە پۇلغا سېتىش تىجارەتچىنىڭ ئۆزىنىڭ ئىختىيارى بولسىمۇ، لېكىن ئاۋامنىڭ مەنپەئەتىگە مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىشلاردا قەستەن باھانى ھەددىدىن ئارتۇق ئۆستۈرۈۋېلىشقا بولمايدۇ. قەھەتچىلىك چاغلاردا ھاجەتنىڭ ئېغىرلىقىدىن پايدىلىنىپ «بىرەنى بىرىپ كېيىن نەچچە ھەسسە قوشۇپ ئېلىش شەرتى بىلەن ساتسا ھەم جازانە بولىدۇ.

ئەگەر مالنى نەق ئالساڭ مانچە پۇل، نېسى ئالساڭ مانچە پۇل دەپ ساتسىمۇ جازانە قىلغانلىق بولىدۇ. بۇنىڭدىمۇ نېسى پۇلنىڭ ئۆسۈمى بولغانغا ئوخشايدۇ.

## بېدىكلىك يوللۇق

ئۇيغۇرلارنىڭ سودا يوسۇنىدا بېدىك ئارىلاشمىسا سودا پۈتمەيدۇ دېگەن گەپ بار. چۈنكى، ئىككى تەرەپ ئوچۇق كېلىشەلمەيدۇ. شۇڭا، چوڭراق سودىلاردا ھەرقاچان بېدىك ۋاستىچى بولۇپ، سودىدا پۈتۈشتۈرىدۇ. بېدىك بىر تەرەپكە يان بېسىپ، يەنە بىر تەرەپنى زىيانغا ئۇچراتسا ئاندىن ۋاستىچىلىك ھەققىنى ئېلىش دۇرۇس بولىدۇ. بېدىكنىڭ ئادىل، توغرا مەيداندا تۇرۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ.

ھازىرقى بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا سودا مۇناسىۋىتى تېخىمۇ مۇرەككەپلەشتى، ۋاستىچى بولۇش سودىنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى بولۇپ قالدى. شۇڭا ۋاستىچى بولۇشتا ئالدامچىلىق قىلماي، توغرا، راست ئۇچۇرلارنى يەتكۈزۈپ، باھانى ئاشكارا دەپ ئۆزى ئالىدىغان ھەققىنى كېلىشىپ چاي پۇلى ئالسا بولۇۋېرىدۇ.

ئۇچۇرمۇ سودا بېدىكلىكىنىڭ بىر مەزمۇنى، سودىدا

ئۇچۇر ناھايىتى مۇھىم. شۇڭا، ئۇچۇرغا موھتاج بولغۇچى، ئۇچۇر بەرگۈچىگە مۇۋاپىق ھەق بېرىدۇ.

## ئاتاڭ بازار، ئاناڭ بازار

ئۇيغۇرلار بازار سودىسىغا كىرگىلى نەچچە مىڭ يىللار بولدى. بازار دېگەن سودا ـ سېتىق مەركىزى. بازار دېگەن ھەممىنىڭ قىممىتىنى بەلگىلەيدۇ، تەڭشەيدۇ. ئەرزان ساتسۇن، قىممەت ساتسۇن بازاردا ساتسا، بازاردىن ئالسا، دېلىغۇل بولمايدۇ. شۇڭا، خەلقىمىز بازارغا ئاپىرىپ سېتىشقا ھەم بازاردىن ئېلىشقا ئادەتلەنگەن. شۇڭا، مالنىڭ ئىگىسى بازارغا يېتىپ كېلىپ بازارنى كۆرۈشتىن بۇرۇن ئۇنى قىممەت بولسىمۇ سېتىشقا زورلاش دۇرۇس ئەمەس دەپ قارالغان. ئەگەر بازاردىكى باھانى بىلمىگەن ئادەمگە: بازاردا مانچە بولۇۋاتىدۇ دەپ يالغان سۆزلەپ، مېلىنى ئالغان بولسا، بازاردىكى باھا ئۇنداق ئەمەسلىكىنى بىلگەن مال ئىگىسى، سودىدىن يېنىۋالسا ھەقلىق دەپ قارىلىدۇ.

## باشقىلارنىڭ سودىسىنى بۇزماسلىق

ئۇيغۇرلارنىڭ سودا يوسۇنىدا، ئىككى ئادەم قىلىشىۋاتقان سودىغا ئۈچىنچى بىر تەرەپنىڭ ئارىلىشىپ، ئۇنىڭغا «ساتما، مەن مانچە پۇلغا ئالىمەن» دەپ سودىنى ياندۇرۇۋېتىشى سودا يوسۇنىغا خىلاپلىق قىلغانلىق بولىدۇ. ئىككى ئادەم كېلىشەلمەي بىرى كېتىپ قالغاندىن كېيىن، ئاندىن خېرىدار بولۇپ، سېتىۋالسا بولىدۇ.

بىر كىشى بىرسىدىن بىر نەرسە سېتىۋالماقچى بولغاندا، يەنە بىر ساتقۇچى مېنىڭكىنى ئالساڭ مەن مانچە پۇل ئەرزان بېرىمەن دەپ بۇ سودىنى بۇزۇۋەتسىمۇ سودا يوسۇنىغا ۋە سودا ئەخلاقىغا خىلاپ ئىش ھېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى



## كېلىش مەنبەسى ئېنىق بولمىغان نەرسىنى ئالماسلىق

ئۇيغۇرلارنىڭ سودا پرىنسىپىدا، بىر نەرسىنى كۆرمەي سودىلاشمايدۇ. كۆرمەي تۇرۇپ سودا قىلىش قىمارغا ئوخشاش بولۇپ، بۇنداق سودا چەكلەنگەن. ئوغرىنىڭ نەرسىسىنى سېتىۋېلىش سودا يوسۇنىغا خىلاپلىق قىلغانلىق بولىدۇ. ئوغرىلانغان نەرسە، بۇلانغان نەرسە باشقىلارنىڭ ھەققى، شۇنى بىلىپ تۇرۇپ سېتىۋېلىش ئوغرى بىلەن شېرىكلەشكەنلىك ھېسابلىنىدۇ.

باشقىلاردىن زورلۇق، زوراۋانلىق بىلەن تارتىۋېلىنغان، مۇسادىرە قىلىنغان نەرسىلەرنى سېتىۋېلىشمۇ دۇرۇس ئەمەس دەپ قارىلىدۇ.

## زاكالەت قويۇش ئادىتى

ئۇيغۇرلارنىڭ سودا يوسۇنلىرىدا سودىدا پۈتۈشكەندىن كېيىن، ئالدىن زاكالەت پۇلى تاپشۇرىدۇ. زاكالەت ئالغاندىن كېيىن، مال ئىگىسى مېلىنى باشقىلارغا ساتالمايدۇ. زاكالەت بەرگۈچىمۇ سودىدىن يانالمايدۇ. ئەگەر سودىدىن يېنىۋالىدىغان بولسا، زاكالەت قويۇلغان پۇل قايتۇرۇلمايدۇ. زاكالەت ئالغۇچى مالنى سېتىۋەتكەن بولسا، قويغان زاكالەت پۇلىغا تەڭ پۇل قوشۇپ قايتۇرىدۇ.

## سودىدا شېرىكچىلىك

سودىدا شېرىكلىشىش، ھەمكارلىشىش، دەسمايە قوشۇش ئارقىلىق پايدا ئېلىش يوللۇق دەپ قارىلىدۇ. شېرىكلەشكەن ھەر ئىككى تەرەپ ھېساب ـ كىتابنى ئېنىق قىلىشى، پايدا

نەسىيىتىنى قىلتى قىرىق يېرىپ ئايرىشى، بىر سىنىستىقىمۇ خىيانەت قىلماسلىقى تەلەپ قىلىنىدۇ.

شېرىكلىشىشتە، مەبلەغ قوشۇپ تەڭ تىجارەت قىلىدۇ. بەزىلەر بىۋاسىتە سودا ئىشىغا ئارىلىشىدۇ، بەزىلەر پەقەت مەبلەغ قوشۇپ قويىدۇ. پۇلنى ئىشلەتكۈچى نىسبەت بويىچە پايدا ئايرىيدۇ. پايدا ئايرىغاندا توغرا، ھەق بولۇش، مەبلەغ سالغۇچىنىڭ پايدىسىغا قارا سانىماسلىق تەلەپ قىلىنىدۇ.

بەزىدە بىرى پۇل چىقارسا، يەنە بىرى ئەقىل چىقىرىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا كېلىشىم، توختام ئېنىق بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ، يەنى پايدىنىڭ قانچە پىرسەنتىنى پۇل چىقارغۇچى، قانچە پىرسەنتىنى ئەقىل كۆرسەتكۈچىگە، قانچە پىرسەنتىنى ئۈچۈر يەتكۈزگۈچىگە بېرىش ئېنىق بېكىتىلىشى شەرت. ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ رازىلىقى بىلەن تۈزۈلگەن توختاملار ئاساسىدا قىلىنغان تىجارەت ۋە پايدا دۇرۇس بولىدۇ. زىيانغا ئىگە بولۇش شەرتلىرىمۇ ئېنىق ئەسكەرتىلىشى كېرەك.

# مۇھەببەتلىشىش يوسۇنلىرى

مۇھەببەت دېمەك سۆيگۈ دېمەكتۇر. مۇھەببەت دېمەك ئىنسانىنىڭ ئىنسانىي سۆيۈشى، يەنى ئىككى جىنسنىڭ بىر-بىرىنى سۆيۈشى ۋە ساداقىتىنى نامايان قىلىشى. مۇھەببەت مۇقەددەس ۋە مەڭگۈلۈكتۇر. مۇھەببەتسىز ھاياتلىق بولمايدۇ. مۇھەببەتسىز ھاياتنىڭمۇ مەنىسى يوقتۇر. مۇھەببەت كىشىلەرگە سەمىمىيلىك، پاكلىق، ساداقەتنى بەخشەندە قىلىدۇ. مۇھەببەتنىڭ زامان ۋە ماكان چېگراسى يوق، مۇھەببەتنىڭ يۇقىرى-تۆۋەنلىك پەرقى بولمايدۇ. قەلب قەلبنى تونۇيدۇ، گۈزەللىك پەقەت گۈزەللىككە جور بولالايدۇ. دېمەككى، ھەقىقىي چىن مۇھەببەت قارىلانمايدۇ، ھەقىقىي چىن ھېسسىيات ئېسەنكىرىمەيدۇ. مۇھەببەت ھەرگىزمۇ رەزىل نەپسى ھەۋەسنى خالىمايدۇ. شۇڭا شەرقتە: «نەپسى ئۇچۇن ئاشىق بولغانلار ئۇچۇن ئاشىقلىق ھارامدۇر» دېگەن ئەقىدە بار.

مۇھەببەت دۇنياۋى تېما. مۇھەببەتلىشىش ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى ئۈچۈن ئورتاق. بىراق، ھەممە مىللەتلەردە يۇسۇپىمۇ بار، زۇلەيخانىمۇ بار، پەرھاتمۇ بار، خىسراۋمۇ بار، سەئىمدىنىمۇ بار، ياقۇپىمۇ بار، رابىيەمۇ بار، يالماۋۇزمۇ بار. مۇھەببەت ھېسلىرىدا ئېقىش، مۇھەببەت ئوتلىرىدا كۆيۈش، جۇدالىق دەشتلىرىدە يۈچىلىنىشنى مۇھەببەت دۆلىتىدە ھەقىقىي شادلىققا ئېرىشىش دەپ قارىغان ئۇيغۇرلار مۇھەببەت بابىدا ئاجايىپ ئېسىل ئەنئەنىلەر ۋە گۈزەل يوسۇنلارنى قالدۇرۇپ كېتىشتى. بۇ باغنى گۈزەل ھېسسىيات، چىن سۆيگۈ، ساداقەت،



كىتاب تورى ئۇيغۇر

ۋاپا سۈيى بىلەن سۇغىرىپ جەلپكار غۇنچىلارنى ئېچىلدۇردى.

ئۇيغۇر خەلقى مۇھەببەتنى مۇقەددەس بىلىدۇ، ئۇنى ئەقىدە جۈملىسىدىن دەپ قەدىرلەيدۇ. خەلقىمىزنىڭ مۇھەببەتلىشىش يوسۇنلىرىنىڭ مەدەنىيلەشكەن تارىخى ناھايىتى قەدىمكى دەۋرگە مەنسۇپ، بۇ جەرياندا نۇرغۇن ئاشىق - مەشۇقلار بارلىققا كېلىپ، ھەقىقىي ئىنسانىي مۇھەببەتنىڭ ئۈلگىسىنى تىكلەپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن مۇھەببەت بابىدا قىممەتلىك يوسۇنلارنى بارلىققا كەلتۈردى.

## مۇھەببەت ۋە ھايا

ئۇيغۇر يىگىت - قىزلىرىنىڭ مۇھەببەتلىشىش ئۇسۇلى شۇكى، ئۇلار ھايانى ئالدىنقى قاتارغا قويىدۇ. مۇھەببەتنى كۆز - كۆز قىلمايدۇ، كوچا - كويلاردا سازايى قىلمايدۇ، بەلكى پىنھان تۇتىدۇ. ئۇيغۇر يىگىت - قىزلىرى مۇھەببەت ھېسلىرىنى قىلىقسىز ھەرىكەتلىرى بىلەن ھاقارەت قىلمايدۇ، بەلكى قەلب ھېسلىرى ئارقىلىق سىنايدىغان نامۇۋاپىق مۇھەببەت سىناقلىرىغا نىسبەتەن ئۆز مۇھەببىتىگە ھاقارەت كەلتۈرگەنلىك دەپ قارايدۇ. قاش ئېتىش، شەلپەردەك قىزىرىپ يەرگە قاراش، چىرايلىق تەبەسسۇملىرى، كۆزلىرىدە چاقنىغان ئۇچقۇن ئارقىلىقلا قەلبىدە ياتقان كۆيۈك ئوتلىرىنى ھېس قىلالايدۇ. ئۇيغۇرلار ھايا يوق يەردە مۇھەببەتمۇ يوق، ۋاپامۇ يوق دەپ قارايدۇ، ھاياسىزلىق مۇھەببەتكە يات، پاھىشەگە مۇناسىپ نەرسە دەپ بىلىدۇ، «ھەر كۆڭۈلنى كىم ۋاپا ماكانى قىلۇر، ھايامۇ قىلۇر ۋە ھەر ماكاندىكىم، ئۇ (ۋاپا) تېپىلار، بۇمۇ (ھايامۇ) تېپىلار، ۋاپاسىزلاردا ھايا يوق، ھاياسىزلاردا ۋاپا يوق» (ئەلىشىر نەۋايى) دەپ چۈشىنىدۇ. ھايا ئۇلارغا ھېسسىياتىنى يۈزمۇيۈز دېيىشكە ئەمەس، بەلكى مۇھەببەت خەتلىرى، قولياغلىققا چېكىلگەن بىر جۈپ گۈل دېگەندەك ۋاسىتىلەر ئارقىلىق ئىزھار قىلىشقا ئىشتىراك قىلغان.

## ۋاپا مۇھەببەتنىڭ قوياشى

ئۇيغۇرلارنىڭ مۇھەببەت پىرىنسىپىدا ۋاپانى ئەڭ ئېسىل، گۈزەل دەپ قارايدۇ. شۇڭا، چىرايغا چاي قۇيۇپ ئىچكىلى بولمايدۇ دەپ قاراپ، ھۆسن ـ جامالغا ئەمەس، پەزىلەتكە قاراپ مۇھەببەت قويىدۇ. ۋاپادارلىق مۇھەببەتلەشكەن ئىككى ياشنىڭ مەڭگۈلۈك قەسىمى بولىدۇ. ئۇلار بىر ـ بىرىگە قىلىنغان خىيانەتتىن ئۆلۈمنى ئەۋزەل بىلىدۇ. چۈنكى، ۋاپاسىزلىق مۇھەببەت گۆھىرىنى كۇمپەيكۇم قىلىۋېتىدۇ. يۇقىرىدا دېيىلگەندەك، ۋاپا بىلەن ھايا بىر تۇغقانلاردۇر ۋە بىر جان ـ بىر تەندۇر. بىرى بولمىسا يەنە بىرىنىڭ بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. بۇ خۇسۇستا، ئەلىشىر نەۋايىنىڭ مۇنۇ بايانلىرىنى دوست تۇتقۇلۇق: «جاھاننىڭ گۈلشىنى ۋاپا گۈلىنىڭ پۇرىقىدىن زىننەتسىزدۇر. ئادەم ئەۋلادى گۈلى ۋاپا بۇيىنىڭ پۇرىقىدىن خۇشبۇي ئەمەستۇر. ۋاپانىڭ چىرىغى ھەممە قاراڭغۇ ئۆينى يورۇتالايدۇ ۋە زاماننىڭ بىۋاپالىرىنىڭ كۆڭلى بىلەن كېلىشەلمەيدۇ. ۋاپا نەرگىسگۈلدۇركى، دەۋرنىڭ گۈلزارلىقىغا كۆز سالمايدۇ. ۋاپانىڭ كۆڭلىدە ھەسرەت ۋە ئۆچمەنلىك يوشۇرۇنالمايدۇ. ۋاپا پاك يارالغان بىر مەھبۇبدۇركى، پاك كۆڭۈلدىن باشقىغا يېقىنلىقى ۋە كۆلپىتى يوق. ئۇ پاك يارالغان بىر تىلەككى، پاكىز يارالغاندىن باشقىسىغا مەيلى ۋە رىغبىتى يوق. ئۇ بىر قىسمەتلىك گۆھەردۇركى، ئىنسانىيەتنىڭ تاجىغا زىننەتتۇر.» ئۇيغۇر خەلقى ۋاپانى مانا شۇنداق مۇقەددەس بىلگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلىدۇ. يۇسۇپ خاس ھاجىپمۇ ھەقىقىي ۋاپا ۋە ھايا ئەھلىنى سۆيسەڭ قالغان ھەممە شەرت ئورۇندىلىدۇ. ئەگەر ۋاپا بىلەن ھايا بولمىسا، قالغان مال ـ دۇنيا، نەسەب ـ مەرتىۋە ۋە ھۆسن ـ جامالى ھەرقانچە يۇقىرى بولسىمۇ بىكار دېگەن.

دىمەك، سۆيگۈدە ۋاپانى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش ئۇيغۇرلارنىڭ مۇھىم ئەنئەنىسىگە ئايلانغان.

## مۇھەببەت بابىدا غوجا ۋە قۇللۇق پەرقى بولمايدۇ

مۇھەببەتنىڭ دۆلەت چېگراسى يوق، خوجا ۋە قۇل پەرقى ھەم يوق. ئۇيغۇرلارنىڭ مۇھەببەت ئەنئەنىسىدە ئۇنىڭ ئەمەل - مەنسىپى ۋە پۇل - بايلىقى ئۇچۇن سۆيسە، ئۇ مۇھەببەت ئەمەس، بەلكى بىر قۇلدۇر، يەنى مال - دۇنيانىڭ قۇلىدۇر دەپ قارايدۇ. مۇھەببەتنىڭ غەرەزسىز بولۇشى، پاك بولۇشىنى، مۇھەببەتتە «سەن» لىك، «مەن» لىككە ئورۇن قالدۇرماسلىقنى، ئارىسىدىن تەڭسىزلىك توسۇقنى پۈتۈنلەي ئېلىۋېتىپ ھەر ئىككىسى سۆيگۈ بايرىقى ئاستىدا مۇراد ھاسىل قىلىشنى تەكىتلەيدۇ. بۇ ئەقىدىدىن چىقىپ مۇھەببەت كويچىسى ئەلىشىر نەۋايى دەيدۇكى: «ئىشق بابىدا شاھ بىلەن گاداي باراۋەر».

تەڭسىزلىك مۇھەببەتنىڭ دۈشمىنى، ھەقىقىي مۇھەببەت تەڭلىك تەختىدە قارار تاپىدۇ. شۇڭا، ئۇيغۇرلاردا تارىختىن بۇيان ئاددىي پۇقرا يىگىت مەلىكىلەرگە مۇھەببەت قويالىغان، مەلىكىلەرمۇ ئاددىي پۇقرا يىگىتنىڭ مۇھەببىتىنى قوبۇل قىلالىغان.

مانا مۇشۇنداق ئېسىل مۇھەببەت چۈشەنچىسى بولغاچقىلا ئۇيغۇرلاردا ئېغىر تويلۇق سېلىپ ئوغۇل تەرەپنى ياكى قىز تەرەپنى قىيىن ئەھۋالدا قويۇشقا چەك قويۇلغان. ھەتتا ھېچقانداق پۇل - مېلى بولمىغان گادايلارغىمۇ بايلار قىزلىرىنى نىكاھلاپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ بەختلىك تۇرمۇش قۇرۇشىغا تىلەكداشلىقىنى بىلدۈرگەن. چۈنكى، ئىككى ياشنى بەختلىك قىلىدىغان ئەڭگۈشتەر مال - دۇنيا بولماستىن، بەلكى ھەقىقىي مۇھەببەت. نى - نى نامراتلارنىڭ ئۆيىدە شۇنچە گۈزەل، ئىناق مۇھەببەتلىك تۇرمۇش ھۆكۈم سۈرسە، بەزى

بايلارنىڭ ئۆيىدە بەختسىزلىك ـ نەپرەت ھۆكۈم سۈرىدۇ. ئۇيغۇر خەلقى تۇرمۇشنىڭ بۇ ھەقىقىتىنى چۈشىنىدۇ.

## مۇھەببەتكە ئۆزىنى پىدا قىلىش روھى

ئۇيغۇر يىگىت ـ قىزلىرى مۇھەببەت ئۈچۈن تارتقان مۇشەققەتلىرىنى راھەت ـ پاراغەت ھېسابلايدۇ. مۇھەببەت يولىدا مۇشەققەتلىك دەشت ـ باياۋانلارنى كېزىشكە، تاغلارنى ئېچىشقا رازى بولىدۇ. پىداكارلىق ئۇيغۇر يىگىت ـ قىزلىرىنىڭ مۇھەببەت سەپىرىدە ئىپادىلەيدىغان ياخشى خىسلىتى ۋە خاراكتېرى ئىدى:

سېنىڭ كويۇڭدا،
تۇرغۇن جاپا ـ مۇشەققەتلەرگە (يولۇقتۇم).
كۆڭلۈم ساڭا يۈگۈرۈك بولغاچقا،
قاتتىق تۈپىلىكلەرمۇ يۇمشايدۇ.

ـــ مەھمۇد كاشغەرىي

بۇ مىڭ يىللار مۇقەددەسكى بىر مۇھەببەت ئىگىسىنىڭ قەلبى، مۇھەببەت ئۈچۈن ھەرقانچە مۇشەققەتلەرنى تارتقان، ھەرقانچە داۋانلارغا يولۇققان بولسىمۇ، ئۇ داۋانلار ئۇنىڭغا يول بەرگەن. مۇھەممەد سىدىق زەلىلى مۇنداق دېگەن: «قورقۇنچاق بولمىسىلا ۋىسال ئىزدىگەن كىشى جانىدىن كېچىدۇ، كۆندە مىڭ بالاغا يۈزلەنسىمۇ جانانىدىن ۋاز كەچمەيدۇ.» شۇڭا، ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىدا مۇھەببەت ئۈچۈن تاجۇ تەختتىن ۋاز كەچكەن مىساللار ناھايىتى كۆپ.

## مۇھەببەت كۆز ـ كۆز قىلىدىغان زىبۇ ـ زىننەت ئەمەس

ئۇيغۇرلارنىڭ مۇھەببەت يوسۇنلىرىدا سۆيگۈ يوشۇرۇن تۇتۇلىدۇ، ئۇنى داپ چېلىپ ئەلگە سازايى قىلمايدۇ. تۆۋەندىكى

دىيالوگدا ئالىي مەكتەپنىڭ ئىككى ئوقۇغۇچىسىنىڭ ئاممىۋى ئاپتوبۇزلاردا قىلىشىۋاتقان گېپى:

— يىگىتىڭ بىلەن نېمىشقا ئايرىلىپ كەتتىڭ؟

— قويغىنا ئاداش، ئۇ ئېزىلەڭگۈنى، يا ئادەمنى خۇش قىلالمايدۇ، يا خاپا قىلالمايدۇ. ئۇچراشقاندا ئادەمنى خۇش قىلىدىغان گېپى يوق. ھە دېگەندە دەرس توغرىسىدا گەپ ساتقان.

— شۇمۇ باھانە بولامدۇ ئەمدى.

— باشقىلار مۇھەببىتىنى دىياغا ئاپىرىۋاتقان، جوزا بولاپ تۇغۇلغان كۈن دەمدۇ، ئارىلاشقانلىقىمىزنىڭ مانچە ئايلىقى دەمدۇ، ئىشقىلىپ بىرەر سەۋەب تېپىپ خۇش قىلىدىكەن. ئۇچۇ؟ بىزنىڭ ئۆزى دېگىنە، كوچىلارغا چىققاندا ھۆرمىتىنى قىلىپ يېقىنچىلىق قىلىپ بويىنىغا گىرە سېلىپ قويسام، «كوچىدا سەت تۇرىدۇ» دەپلا ئۆزىنى تارتىۋالىدۇ. مەن قىز بالا تۇرۇپ ئىزا تارتمىسام، ئۇنىڭ ئىزا تارتىپ كەتكىنىنى قانداق قىلاي، ۋاي يېتىم قوۋۇرغام.

— ئۇنداقتا سېنى بىرەر قېتىم سۆيۈشكىمۇ جۈرئەت قىلالماپتۇ - دە.

— ئەگەر ئۇنچىلىك جۈرئەت بولسا، ئايرىلىپ كېتەتتىممۇ.

يۇقىرىقى پاراڭلار باشقىلارغا ئانچە تەسىر قىلمىدى بولغاي، لېكىن ماڭا بەك تەسىر قىلدى. بىرەيلەننىڭ پەزىلىتىدىكى ھايا يەنە بىرەيلەننىڭ نەزىرىدە بوشاڭلىق، ئېزىلەڭگۈلۈك بولغان. بەزنى يەيدىغان مۈشۈك بولماي، بەز بولۇپ قالغىنى ئەلەم قىلغان. ھازىرقى چوڭ كوچىلاردا ھاياسىزلارچە بىر - بىرىگە ئېسىلىۋېلىشلار، گىرە سېلىۋېلىشلار، بۇ ئۇلارنىڭ مۇھەببەتلىشىۋاتقانلىقىنى كىشىلەرگە كۆز - كۆز قىلىشىۋاتقانلىقى، ئۇلارنىڭ جۈرئەتلىك، ئەركىن، پەردىشەپسىز ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلىغانلىقى ئوخشايدۇ.

ئەمەلىيەتتە ئۇلار ئىككى ئىشتا چوڭ خاتالىق

ئۆزگىرىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلمىغان بولسا كېرەك.

بىرىنچى، ئۇلارنىڭ ئاممىۋى سورۇنلاردا، كوچىلاردا ئىپپىتىنى ساقلىماي، شۇنچە يات ئىشلاردىن ھايا قىلماي يۈرۈشى، ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ جەمئىيەتنى، مىللىي ئەنئەنىنى، مىللەتنىڭ قائىدە - يوسۇنلىرىنى كۆزگە ئىلماي، ئۇنىڭغا ھاقارەت كەلتۈرۈشى ئىدى. گەرچە مۇھەببەتلىشىش ئۇلارنىڭ ئىشى بولسىمۇ، قائىدە - يوسۇن، نومۇس مىللەتنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتى ۋە غۇرۇرى. ھەرقانداق ئادەمنىڭ مىللەتنىڭ غۇرۇرىنى، نومۇسىنى ھاقارەتلەشكە، ئۇنىڭغا داغ تەگكۈزۈشكە ھەققى يوق. شۇڭا، بۇنداق نامۇۋاپىق ئىش - ھەرىكەتلەرنى كۆرگەندە، ھەرقانداق بىر ھەقدارنىڭ ئۇلارنى چەكلەش ھوقۇقى ۋە مەجبۇرىيىتى بار. ئەگەر ئۇلارنىڭ غۇرۇرىمىزنى ھاقارەتلەۋاتقانلىقىنى، ئېسىل پەزىلەت ۋە يوسۇنلىرىمىزنى دەپسەندە قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ ئۇنى نورمال ئىش دەپ قارىغان ئادەمدە غۇرۇر، ۋىجدان، مەسئۇلىيەت دېگەن نەرسە بولمىغان بولىدۇ.

ئىككىنچى، يۇقىرىقىدەك ھاياتى يوقاتقان ياشلار ئۆزىنى ۋە مۇھەببەتنى ھاقارەتلەۋاتقىنىنى ھېس قىلمىغانمىدۇ؟ ئۇلار ھايا يوق يەردە ۋاپا يوق، ھايا يوق يەردە مۇھەببەت، ساداقەت يوق دېگەن ئەقىدىنى بىلمەمدىغاندۇ؟

بىز شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى، قائىدە - يوسۇن دېگەن بىر مىللەتنىڭ ئىجتىمائىي قانۇنى، ئۇ بىر مىللەتنىڭ مەۋجۇتلۇق ئاساسى. قائىدە - يوسۇندىن جۇدا بولغان مىللەت مەۋجۇتلۇق ئاساسىنى يوقىتىدۇ. ئۇيۇشۇش كۈچىدىن مەھرۇم بولىدۇ. ھاياتىي كۈچى زەئىپلىشىدۇ. «ئەل قالار، تۆرۈ (قائىدە - يوسۇن) قالماس.» ئۇ ھېچقانداق ئادەمنىڭ شەخسىي مۈلكى ئەمەس، مىللەتنىڭ مەنىۋى بايلىقى. ئۇنى ھېچقانداق بىر ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ ئويۇنچۇقى قىلىۋېلىشىغا ھەققى يوق. مۇھەببەت يوسۇنلىرىمۇ شۇنداق.

قىز - يىگىتنىڭ توپى بولغاندا داقا - دۇمباق، ئەلنەغمە بىلەن توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ ئەل - جامائەتكە ئاندىن ئاشكارا ئۇقتۇرىدۇ. مانا بۇ جار سېلىش يوللۇق يوسۇنىمىز ئەمەسمۇ؟

## نەپسى ئۈچۈن ئاشىق بولغانلارغا ئاشىقلىق ھارام

مۇھەببەت شۇنداق پاك، بىغۇبار تۇيغۇكى، ئۇ ھەرقانداق نەرسىنىڭ بۇلغىنىشىنى كۆتۈرەلمەيدۇ. مۇھەببەت قېرىمايدۇ. ئۇنىڭ ھۆسن گۈلزارىنى زامان جۇدۇنلىرىمۇ خازان قىلالمايدۇ، بىراق ئادەم قېرىيدۇ، ئۇنىڭ قەددى يادەك ئېگىلىدۇ، چىرايىنى قورايدەك قورۇقلار باسىدۇ. چىراي گۈزەللىكىگە ئاشىق بولغانلار ئۈچۈن مۇھەببەت ئۆتكۈنچى، قەلب گۈزەللىكىگە ئاشىق بولغانلار ئۈچۈن مۇھەببەت مەڭگۈلۈك. ئاشىقى جىلۋىگە مەست بولغانلار مەنىۋى گۈزەللىكتىن بەھرىمەن بولالمايدۇ. ئاشىقى گۈزەللىكنىڭ خۇسۇسىيىتى شۇكى، ئۇنىڭ يۈزىدىكى رەڭدارلىق پەقەت قان بىلەن بالغىمدىنلا ئىبارەت (نەۋايى). مۇھەببەت دېگەن ھاۋايى - ھەۋەس ئەمەس، ئۇ مۇقەددەس سۆيگۈ. ئەلىشىر نەۋايى نەپسىگە ئەسىر بولغانلارغا شۇنداق دەيدۇ: «نەپسىنىڭ پەرمانىنى تۇتۇپ ئۆزۈڭنى زورىغا ئاشىق ياساپ، ئىشق غوۋغاسى قىلىسەن. جاھاندا سەندەك نادان يوقتۇر. بۇ ئىشق ئەمەس، بەلكى پۈتۈنلەي ھاۋايى - ھەۋەستۇر. ئىشق - ھەۋەس بىر چېچەكتىنلا ئىبارەت، ئۇنىڭ ئۆمۈر بېغىدا ۋاپاسى يوقتۇر. ئۆزۈڭگە شۇنداق زاتنى مەشۇق دەپ بىلگىنكى، ئەگەر يۈزلەرچە قەستتە ئاشىقلار ئۇنىڭ ئىشقى بىلەن ھالاك بولغان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭغا زاۋاللىق يەتمەيدىغان بولسۇن.»①

① يازمۇھەممەت تاھىر تۇغلۇق «ئىشق - مۇھەببەت پەلسەپىسى»دىن ئېلىندى.

## نىكاھ مۇھەببەتنىڭ قاتىلى ئەمەس

ئۇيغۇر يىگىت - قىزلىرى نىكاھنى مۇقەددەس بىلىدۇ. نىكاھ دېگەن پاكلىق ھەرەمخانىسى، ۋىسال باغچىسىدۇر. نىكاھ دېگەن كۆشەندە ئەمەس، بەلكى يۈرەكنىڭ ئەركىن تىپىشى. نىكاھ مۇھەببەتنىڭ قاتىلى ئەمەس، بەلكى مۇھەببەتنى ۋايىغا يەتكۈزىدىغان، مۇھەببەتنى كامالىغا يەتكۈزىدىغان باغ. ئۇيغۇرلار نىكاھتىن بۇرۇن جىنسىي بىرلىشىشنى زىناخورلۇق، مۇھەببەتنى ھاقارەتلەش، مۇھەببەتكە خىيانەت قىلىش دەپ بىلىدۇ. شۇڭا، نىكاھتىن بۇرۇن جىنسىي تەلەپ قويۇشنى جىنايەت دەپ بىلىدۇ.

يەنە بىر تەرەپتىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلماسلىق كېرەككى، نىكاھ گۇۋاھنامىسى بىر پارچە ئاق قەغەز ئەمەس. ئۇ نىكاھنى قانۇنىي جەھەتتىن قوغدايدىغان قانۇن، قانۇنسىز بىللە بولغاندا قانۇنىي مەسئۇلىيەت بولمايدۇ. ئەگەر مۇھەببەت دەپلا ئىككى ياش چېگرادىن ئۆتۈپ كەتسە، تۇرمۇش ئىش ئاستىن - ئۈستۈن بولۇپ كېتىدۇ. ئالايلى، ئەگەر ئىككى تەرەپنىڭ بىرى نىكاھلىنىشتىن ئىلگىرى بىرەر قاتناش ھادىسىسىگە ئۇچراپ ياكى كۈتۈلمىگەن كېسەل بىلەن ئۆلۈپ كەتسە، ئوتتۇرىدىكى مۇھەببەت سۇسلىشىپ، ئايرىلىپ كېتىشكە توغرا كەلسە، ئۇنىڭدىن باشقا بىر تەرەپ ۋاپاسىزلىق قىلىپ يەنە بىر تەرەپنى تاشلىۋەتسە قانداق بولىدۇ. ئەر ئۆلۈپ كەتكەن بولسا ئايال تۇل ئايال ھېسابلىنامدۇ؟ ئايال ھامىلدار بولغان بولسا، ھامىلىنىڭ ھامىيسى كىم بولىدۇ؟ ئايالنىڭ مىراسخورلۇق ھوقۇقى ئېتىراپ قىلىنامدۇ؟ بۇ نىكاھ گۇۋاھنامىسىنىڭ بىر پارچە قۇرۇق قەغەز ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىدۇ. قانۇنىي رەسمىيەت ئۆتمەي بىللە بولغانلارنىڭ جاۋابكارلىقىنى زىممىسىگە ئېلىشقىمۇ سالاھىيەت بولمايدۇ. ئەل - جامائەت ئارىسىدىمۇ

رەسۋا بولىدۇ. ۋىجدان جەھەتتىمۇ ئازابقا مۇپتىلا بولىدۇ.

يۇقىرىقى ئەرەپلەرنى ھېسابقا ئالغاندا، مۇھەببەت يوسۇنلىرىغا خىلاپلىق قىلىشقا بولمايدۇ. جەمئىيەت ھەرقانچە ئېچىۋېتىلگەندىمۇ، قىز - ئوغۇللار ھەرقانچە ئەركىنلىشىپ تىزگىنىدىن بوشاپ كەتكەن تەقدىردىمۇ مۇھەببەت ۋە نىكاھ يوسۇنلىرىمىزغا ھاقارەت كەلتۈرۈلسە، ئۇ مەدەنىيلىشىش بولماستىن، بەلكى ھايۋانلىشىش بولىدۇ. پەقەت ھايۋانلارلا نىكاھسىز، قانۇنىي رەسمىيەتسىز كەلسە - كەلمەس يەردە جۈپلىشىدۇ، شۇڭا ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا مەسئۇلىيەت ۋە قانۇنىي مىراسخورلۇق دېگەن ئىشمۇ يوق. نىكاھسىز بىللە بولۇشنى ھېچقانداق جەمئىيەت قوللىمايدۇ، ھېچقانداق قانۇندىمۇ يول قويمايدۇ. بۇ خىل يوسۇنسىزلىق مىللەتنى خاراب قىلىدۇ. قائىدە - يوسۇنلىرىمىزنى دەپسەندە قىلىدۇ. مۇھەببەت دېگەندە ئالداش، ئالدىنىش دېگەنگە ئورۇن يوق، شۇڭا نىكاھتىن بۇرۇن جىنسىي بىرلىشىشنى تەلەپ قىلىش ھەرگىزمۇ مۇھەببەت ئەمەس، ئۇ مۇھەببەتنى ھاقارەتلەش بولىدۇ. بۇ خىل ھاقارەتنى قوبۇل قىلغان قىز - ئوغۇلمۇ مۇھەببەت ئەھلى ئەمەس، بەلكى پاھىشە ھېسابلىنىدۇ.

# كىيىنىش يوسۇنلىرى

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۆزىگە خاس مىللىي كىيىم - كېچەك مەدەنىيىتى بار. بۇ ئۇلارنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق ئۇزاق تەرەققىيات تارىخىدا بارا - بارا ئېستېتىك ئېڭى، مۇھىتى ۋە دىنىي ئېتىقادى قاتارلىقلارغا ياندىشىپ مۇكەممەللەشكەن. كىيىنىش مىللىي ئالاھىدىلىكنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان تاشقى بەلگىنىڭ بىرى. بىراق، قانداق كىيىم كىيىش مىللىي ئالاھىدىلىكنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرسىمۇ، لېكىن ئۇ قائىدە - يوسۇن كاتېگورىيىسىگە كىرمەيدۇ. چۈنكى، ئۇ دەۋرنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئۆزگىرىپ بارىدۇ، يېڭىلىنىدۇ، يوسۇنلىرىمۇ ئۆزگىرىدۇ. بىراق، قائىدە - يوسۇنغا بولغان ھۆرمەتتە مەلۇم بىر تەرەپكە سەل قارالسا، قىممەت قاراش ئۆزگەرسە مىللىي يوسۇن ئۆزگەرگەن بولىدۇ، ئۇنداقتا سۈپەت ئۆزگىرىشى بولۇپ، مىللىي خاسلىقتا نۇقسان يەتكۈزىدۇ.

## ئۆزىنى قەدىرلەش

ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىم - كېچەك مەدەنىيىتى نەچچە مىڭ يىللىق تارىخىي تەرەققىياتنى بېشىدىن كەچۈرۈپ ھازىرقى دەۋرگە كەلدى. بىز ئۆزىمىزنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتە دۇنيادىكى ئىلغار مىللەتلەردىن خېلى كۆپ كەينىدە قالغانلىقىمىزنى ئېتىراپ قىلىمىز، لېكىن بىزنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىمىز رەڭدارلىق، نەپىسلىك، يارشىملىق، گۈزەللىك جەھەتتىكى يۇقىرى سەنئەتلىك ئالاھىدىلىكى بىلەن خېلى يۇقىرى

مەدەنىيەتكە ۋەكىللىك قىلىدىغانلىقىدىن ئېتىبارلىنىشقا ھەقلىقمىز. بىزنىڭ ھازىرقى ياشلىرىمىزنىڭ غەربچە كىيىم ـ كېچەكلەرگە قانچىلىك مەپتۇن بولۇپ كېتىشى ئۇلارنىڭ ئۆزىنىڭ تاللىشى دېگەندىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ مىللىي كىيىم ـ كېچەكلىرىمىزنى مەدەنىيسىزلىكتە ئەيىبلىشى، تۆۋەن كۆرۈشى ئۇلارنىڭ ئېستېتىك تۇيغۇسىلا ئەمەس، مىللەتكە بولغان ئەقىدىسىنىڭ سۇسلاۋاتقانلىقىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

ئۇيغۇر خەلقى يېڭى مەدەنىيەتنى قوبۇل قىلىشنى چەتكە قاقمايدۇ، يېڭى مەدەنىيەتنى قوبۇل قىلىش ئۇيغۇرلارنىڭ مۇھىم ئەنئەنىسى. بىراق، ئۆزىگە خاس قىممەتلىك مەدەنىيىتىنى كۆزگە ئىلماسلىقنى ئۆزىدىن ياتلىشىش دەپ قارايدۇ. مەھمۇد كاشغەرىيمۇ ئۆز دەۋرىدە ئۆزىنىڭ مىللىي كىيىم ـ كېچەكلىرىنى پەخىرلىك ھېسسىياتتا تىلغا ئېلىپ، ئۇنىڭ ئەرەب كىيىم ـ كېچەكلىرىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىنى جاكارلىغانىدى. بۇ مەنىدىن ئالغاندا، بىز مىللەتنىڭ مىللىي جۇلاسىنى نامايان قىلىدىغان كىيىم ـ كېچەكلىرىنى قەدىرلەپ، ئۇنى ئۆزىنى بېزەشنىڭ، ياسىنىشنىڭ مۇھىم ۋاستىسى قىلغان ئادەمنى مىللىي قائىدە ـ يوسۇندىن ياتلاشمىغان ئادەم دەپ قارايمىز.

## كىيىنىشتىكى مىللىي قائىدە ـ يوسۇن

ئۇيغۇرلار كىيىنىش ئارقىلىقمۇ ئۆزئارا ھۆرمەت، قەدىر ـ قىممەت، ھايادىن ئىبارەت پەزىلەتنى ئىپادىلەيدۇ.

بىرىنچى، ئەر بولسۇن، ئايال بولسۇن، مەھرەم بولمىغان ئادەم بىر ـ بىرىنىڭ ئالدىدا كىيىم ـ كېچەكلىرىنى سالمايدۇ. ئەرلەر ئاياللارنىڭ ئالدىدا كۆڭلەكلىرىنى، مايكىلىرىنى سېلىپ يالىڭاچلانمايدۇ. ياقالچاق تەرەپ ئېچىلسا ئەيىبكە بۇيرۇلمايدۇ. ئۇيغۇرلاردا ئاياللارغا نىسبەتەن تېخىمۇ

قاتتىقراق تەلەپ قويۇلىدۇ. ئاياللار نامەھرەم ئەرلەرنىڭ ئالدىدا كۆرسىتىشكە بولمايدىغان جايلىرىنى — پاچاق، يوتا، چوڭ بىلەك، قولتۇق، كۆكرەك تەرەپلىرىنى ئوچۇق قويمايدۇ. بۇنى ھاياسىزلىق دەپ قارايدۇ.

ئىككىنچى، ئاياللار ياغلىق ئارتىدۇ. بىراق، ئەرەبلەردەك ئەمەس، ئۆزىنىڭ مىللىي يوسۇنى بىلەن ياغلىق ئارتىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن ئاياللارنىڭ ياغلىق ئارتىشىنى بىز دىنىي تۈس ئالغان دەپمۇ قارىمايمىز. بىز ئۇنى ئالدى بىلەن گۈزەللىكنىڭ ئېھتىياجى، مىللىي ئالاھىدىلىكنىڭ ئىپادىسى، چېچىنى، يۈزىنى مۇھاپىزەت قىلىشنىڭ تەلىپى دەپ قارايمىز.

ئۈچىنچى، ئۇيغۇرلار ئۆلۈم - يىتىم مۇراسىملىرىغا بارغاندا ئەر - ئاياللار ئوخشاشلا بېشىغا «جالا» كىيىپ بارىدۇ. يالاڭباشتاق بېرىشنى قائىدە - يوسۇنغا خىلاپ دەپ بىلىدۇ.

تۆتىنچى، ئاياللار ئائىلىدە قېيىنئاتا، قېيىنئانىلىرىنىڭ ئالدىدا يالاڭباشتاق يۈرمەيدۇ. بۇنى پەزىلەت جۈملىسىدىن سانايدۇ. ئۇيغۇرلار نەچچە مىڭ يىللار بۇرۇنلا ناھايىتى سىپتا كىيىم - كېچەك مەدەنىيىتىگە ئىگە بولۇش بىلەن بىللە، باش كىيىمگىمۇ ئەھمىيەت بەرگەن.

## كىيىنىشتىكى پەرھىزلەر

ئۇيغۇر خەلقى نەچچە مىڭ يىللار بۇرۇنلا ناھايىتى نەپىس، ئېستېتىك قىممىتى يۇقىرى كىيىم - كېچەك مەدەنىيىتى دەۋرىگە كىرگەن، نەچچە مىڭ يىل داۋامىدا ئۆزىگە خاس كىيىم - كېچەك يوسۇنلىرىنى ۋە ياسىنىش ئالاھىدىلىكىنى بارلىققا كەلتۈردى. بۇ جەرياندا، ئۇلار ئەرلەر ئەرلىك خاراكتېرى بىلەن، ئاياللار ئاياللىق نازاكىتى بىلەن روشەن جىنسىي پەرققە ئىگە كىيىم - كېچەك مەدەنىيىتىنى ياراتتى. شۇنىڭغا ئەگىشىپ كىيىنىش، ياسىنىش قائىدە - يوسۇنلىرى

يارلىقا كەلدى ھەم ياسىنىش جەھەتتە پەرقسىزلىك يوسۇنلارنى شەكىللەندى.

ئۇيغۇرلار ئەرلەرنىڭ ئاياللاردەك ياسىنىشىغا، ئاياللارنىڭ ئەرلەردەك ياسىنىشىغا بەك ئۆچ. ئەرلەر ئەرلەرگە خاس كىيىنىدۇ، ئاياللار ئاياللارغا خاس كىيىنىدۇ. ئەر ـ ئاياللارنىڭ كىيىملىرى ناھايىتى روشەن جىنسىي ئالاھىدىلىك پەرقىگە ئىگە. ئەرلەر قىزىل نەرسىلەرنى كىيمەيدۇ، ئاياللار رەڭسىز نەرسىلەرنى كىيمەيدۇ، ئىشتان كىيمەيدۇ. ئىشتان كىيىشنى ئەرلەرچە ياسىنىش جۈملىسىدىن قارايدۇ. ئاياللارنىڭ كاسىلىرىنى، خاس جايلىرىنى تار ئىشتانلاردا تومپايتىپ چىقىرىشى ئەيىب ھېسابلىنىدۇ.

## ئەرلەرچە كىيىنىش، ياسىنىش ئادەتلىرى

ئۇيغۇرلار گۈزەللىككە ئەھمىيەت بېرىدۇ. كىيىنىش ۋە ياسىنىشنى گۈزەللىككە بولغان ئىنتىلىشنىڭ بىر ئىپادىسى، ھايات مەنىسى ۋە ھاياتنى، تۇرمۇشتىن بەھرىمەن بولۇشنىڭ ئىپادىسى دەپ قارايدۇ. ئۇيغۇرلاردا باش كىيىملىرىگە پەي قاداش، ئاياغ كىيىملىرىنى نەقىشلەش، تەڭگىلەر بىلەن زىننەتلەشنىڭ تارىخى ناھايىتى ئۇزۇن. ئۇيغۇرلار خېلى قەدىمكى دەۋرلەردىلا پاختا، يىپەك كىيىم كىيىش باسقۇچىغا كىرگەن. قەدىمكى بۇددا غارلىرىدىكى ئۇيغۇر ساخاۋەتچىلەرنىڭ كىيىنىش، ياسىنىش ئالاھىدىلىكىدىن قارىغاندا، ئەرلەر ئىچكى ۋە تاشقى كىيىمگە ئەھمىيەت بەرگەن. تاشقى كىيىملىرىنىڭ كۆيىنچىسى ئۇزۇن پەشمەت بولۇپ، تىزىغا چۈشىدۇ، پەشمەتنىڭ بېلىدىن پوتا باغلانغان. بېلىگە خەنجەر ۋە قىلىچ ئاسقان ھالەتتە كۆرىمىز. بۇنىڭدىن قارىغاندا، ئۇيغۇر ئەرلىرىنىڭ بېلىگە پىچاق ئېسىشى ناھايىتى قەدىمكى دەۋرلەردىن باشلانغان ئادەت. ئۇيغۇر ئەرلىرى بېشىغا دوپپا، قالپاق، تۇماق قاتارلىق

باش كىيىملەرنى كىيىدۇ.

ياش يىگىتلەر بۇرۇتىغا تىغ تەگكۈزمەيدۇ. ئۆيلەنگەندىن كېيىن ئاندىن بۇرۇتىنى ياسايدۇ. ئۇيغۇرلاردا ياشنىڭ، ھايات پەسلىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ساقال - بۇرۇتلىرىنىڭ پاسونى ئۆزگىرىپ بارىدۇ. كىيىم - كېچەكلەرمۇ ياشلارنىڭ ياشلارغا خاس، ياشانغانلارنىڭ ياشانغانلارغا خاس بولىدۇ. ساقال - بۇرۇت قويۇشنى ئۇيغۇر ئەرلىرىنىڭ ياسىنىشىدىكى بىر ئالاھىدىلىك دەپ قاراشقا بولىدۇ. شۇڭا: «سۆزنىڭ كۆركى ماقال، ئەرنىڭ كۆركى ساقال» دېگەندەك ماقاللارمۇ بارلىققا كەلگەن.

ئۇيغۇر يىگىتلىرى كەشتە ئىشلەنگەن كانىۋاي كۆڭلەكلەرنى كىيىشنى ياخشى كۆرىدۇ. زەرلىك نەرسىلەرنى كىيمەيدۇ، قۇلىقىغا ھالقا، قولىغا ئالتۇن ئۈزۈك تاقىمايدۇ، بوينىغا زەنجىر ئاسمايدۇ. بۇرۇن قاشتېشىدىن ئۈزۈك سالىدىغان ئادەت بار ئىكەن.

## پوتا باغلاش

پوتا باغلاش ئۇيغۇر ئەرلىرى ئارىسىدا قەدىمدىن بېرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان بىر ئەنئەنىۋى ئادەت بولۇپ، ئۇ بارا - بارا ھەر خىل مەزمۇن ئېلىپ مىللەتنىڭ مۇھىم قائىدە - يوسۇنىغا ئايلانغان. چۈنكى، ئۇ پەقەت كىيىنىش ئادىتى بىلەن باغلىنىپلا قالماي، بەلكى ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى، مەردلىك، باتۇرلۇقنىڭ نىشانى، مۇكاپات ۋە شان - شەرەپ، نىكاھ ئادەتلىرى، ئەمەل دەرىجىلىرى قاتارلىقلار بىلەن ھاياتىي كۈچىنى تېخىمۇ ئاشۇرغان. قەدىمكى زامان ئەمەل دەرىجىلىرىدە بەلباغ، كەمەرنىڭ توقىسى ئالتۇندىن بولۇشى شاھلارغا خاس، كۈمۈشتىن بولۇشى ۋەزىرلەرگە خاس بولغان. چېلىشىش، بەيگە قاتارلىق مۇسابىقىلەردە غالىب چىققان ئەرلەرنىڭ بېلىگە پوتا

باغلايدۇ. نىكاھىدا يىگىتكە پوتا باغلىنىدۇ. يۇقىرىقىلاردىن باشقا بەل باغلاش ئۇيغۇرلار ئارىسىدا كۆپ خىل سىمۋوللۇق مەنىدە يۈرگۈزۈلىدۇ. «بەلنى چىڭ باغلاش» دېگەن بىر ئىشنى قىلغاندا قەتئىي بولۇش، بوشاڭلىق قىلماسلىق، ئىرادىلىك بولۇش مەنىسىنى بېرىدۇ. «بېلى بوش» دېگەن ئىرادىسىز، غەيرەتسىز دېگەن مەنىنى بېرىدۇ.

ھازىرقى بەزى دۇنياۋى مۇسابىقىلەردە ئېسىل بەلباغ باغلاش قائىدىگە ئايلانغان. بوكس پادىشاھلىرىغا، چېلىشىش پادىشاھلىرىغا ئېسىل بەلباغ باغلايدۇ.

پوتا باغلاشنىڭ ئىلمىي ئاساسىمۇ يۇقىرى بولۇپ، ئۇ ئېغىر جىسمانىي ئەمگەك قىلغاندا بەلنىڭ چىم بولۇپ كەتمەسلىكى، سىرىق ئەتنىڭ يىرتىلىپ كەتمەسلىكىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن مۇھىم ئەزا بولغان بۆرەكنى مۇھاپىزەت قىلىشتا ناھايىتى ياخشى رولى بار. ئىشتانكا مۇسابىقىلىرىدە بەلگە كەمەر باغلاپ ئاندىن ئىشتانكا كۆتۈرىدۇ. بۇ ھەم بەلنى مۇھاپىزەت قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن كۈچىنى يىغىش رولىنى ئوينايدۇ. بۇنىڭدىن قارىغاندا، پوتا باغلاش ئۇيغۇرلارنىڭ ناھايىتى قەدىمدىن بېرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىلىرىنىڭ بىرى بولۇپلا قالماي، بەلكى ئۇنىڭدا بەلگىلىك بىلىش ئاساسى ۋە ئىلمىي ئاساس بولغان.

## ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ياسىنىش يوسۇنلىرى

ئۇيغۇر ئاياللىرى گۈزەل، جازىبىلىك، پاك، ساداقەتمەن، ۋاپادار، ھايالىق، نومۇسچان. ئۇلار مانا شۇنداق ئالاھىدىلىكىگە مۇناسىپ ھالدا ئۆزىگە خاس ياسىنىش مەدەنىيىتىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. ئۇيغۇر ئاياللىرى گۈزەللىككە بەكمۇ ئەھمىيەت بېرىدۇ، گۈزەللىكنى سۆيىدۇ. چاچ ئۇيغۇر خوتۇن - قىزلىرىنىڭ مۇھىم بىر گۈزەللىك ئۆلچىمى. ئۇزۇن يوستان

چاچلىق ئاياللار گۈزەل ھېسابلىنىدۇ. بۇ خىل ئادەت بۇنىڭدىن ئەچچە مىڭ يىللار بۇرۇنلا قەدىمكى ئاتا - بوۋىلىرىمىزدا ئومۇملاشقان. شۇڭا، ئۇلار چاچ ئۇلاش، يەنى ئەشمە چاچ سېلىش ئارقىلىق سۈنئىي گۈزەللىككە ئىنتىلگەن. ھېچبولمىغاندا ئاخىرەتكە گۈزەل، ئۇزۇن چاچ بىلەن بېرىشنى خاسىيەتلىك دەپ قارىغان. شۇڭا، دەپنە قىلىنىدىغان ئاياللارنىڭ چېچى كالتە بولسا، ئۇنىڭغا ئەشمە چاچ سېلىپ دەپنە قىلغان. ئۇزۇن چاچنى ياخشى كۆرۈش ئەنئەنىسى ھازىرغىچە داۋاملاشقان. چاچنى 40 تال ئۆرۈپ بوستان چاچ قىلىش، ماڭلاي چاچ قويۇش ياكى سېلىش ئادىتى ھازىرغىچە داۋاملاشقان.

پەرداز قىلىشتا يۈزىگە ئەڭلىك سۈرتۈش ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئەچچە مىڭ يىللاردىن بېرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئۆدۈمى، كىروران ئانا يۈزىگە ئەڭلىك سۈرتكەن. مەھمۇد كاشغەرىي ئەڭلىكنى تونۇشتۇرۇپ، يۈزگە سۈرتىدىغان ئاچ قىزىل بوياق دېگەن. ئاياللار يۈزىنى تەبىئىي قىزىل ئۆستە گىرىم قىلىدۇ، ئۇيا سۈرىدۇ، لېكىن ئېقى ئاق، قىزىلى قىزىل بولۇشىنى ياخشى كۆرىدۇ. يۈزىنى چالمىدەك ئاقارتىۋېلىشنى يامان كۆرىدۇ.

ئۇيغۇر قىز - جۇۋانلىرى يىغىلىشىپ قېشىغا ئوسما قويۇشىدۇ. ئوسما ئۇلارنىڭ قاش گۈزەللىكى ئۆلچىمىگە يېتىشىگە ياردەم بېرىدۇ.

ئۇيغۇر خوتۇن - قىزلىرى تەبىئىي گۈزەللىك بىلەن سۈنئىي بېزەكلەردە پەردازلىنىشنى ياخشى كۆرىدۇ. چاچقا گۈل قىسىش، قۇلىقىغا ھالقا سېلىش، بويىنىغا زەنجىر، بۇلاپكا ئېسىش، قولىغا بىلەزۈك سېلىش ئۇلارنىڭ ياسىنىشىدىكى بىر ئەنئەنىۋى يوسۇنى. ئۇلار زىننەت بۇيۇملىرىنى يالغۇز ياسىنىش ئېھتىياجى دەپ قارىمايدۇ، بەلكى ئۇ ئاياللار ئۈچۈن ياخشى - يامان كۈنلەردە قالقان بولىدۇ. بېشىغا كۈن چۈشكەندە بازارغا ئاپارسا پۇل بولىدۇ. ئۇ ئارقىلىق قىيىن ئۆتكەلدىن

ئۆتۈزۈۋالىدۇ.

ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ كىيىنىش ئادەتلىرى ئومۇمىي جەھەتتىن بىردەك بولسىمۇ، لېكىن ھەرقايسى رايونلاردىكى ئاياللارنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى يەنە قىسمەن پەرقلەرگە ئىگە. ئومۇمەن، ئۇيغۇر ئاياللىرى بېشىغا چىمەن دوپپا ھەم ياغلىق ئارتىدۇ. ياغلىق ئارتىش شەكلى كۆپ خىل بولىدۇ. ئۇزۇن كۆڭلەك كىيىدۇ، كۆڭلەك ئىچىگە ھەم ئۇزۇن تامبال كىيىدۇ. كالتە ئىشتان، كالتە كۆڭلەك، يېڭى قىسقا كىيىملەرنى كىيمەيدۇ. بۇنى ھاياسىزلىق دەپ قارايدۇ. ئۇيغۇر قىزلىرى ئەتلەستىن كۆڭلەك كىيىشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئومۇمەن، گۈللۈك رەختلەردىن كىيىم كىيىش ئۇيغۇر قىز - ئاياللىرى كىيىم - كېچەكلىرىدىكى بىر ئالاھىدىلىك.

ئۇيغۇر خوتۇن - قىزلىرى كۆز، قىش، ئەتىياز مەزگىللىرىدە پەلتو، جىلىتكە كىيىپ سوغۇقتىن ساقلىنىدۇ. قاراخانىيلار دەۋرىدە، جىلىتكىنى «ئارتىغ» دەپ ئاتىغان.

ئۇيغۇر خوتۇن - قىزلىرىنىڭ ئېتەكلىك كۆڭلەكلەرنى كىيىشى ئۇلارنىڭ خاس جايلىرىنى يوشۇرۇش ئېھتىياجىدىن بولغان. ھەتتا ئولتۇرغاندا ئاغ تەرىپىنىڭ ئېچىلىپ قېلىشىدىن ھايا قىلىپ، ئېتەكلىرىنى تارتىپ دالدا قىلىپ ئولتۇرىدۇ، ئىككى تىزىنى بىر - بىرىگە يۆلەپ پۈكۈپ ئولتۇرىدۇ. چازا قۇرۇپ ئولتۇرۇش، زوڭ ئولتۇرۇش پەزىلەتكە يات دەپ قارىلىدۇ.

# ئەقىدىگە باغلانغان قائىدە - يوسۇنلار

ئەسلىدىن ئالغاندا، قائىدە - يوسۇننىڭ تۈپ يىلتىزى ئېتىقادقا تاقىلىدۇ. ئەڭ دەسلەپكى قائىدە - يوسۇن قانداق ئەقىدە ئاساسىدا بارلىققا كېلىشىدىن قەتئىينەزەر مەلۇم ئېتىقادنى مەنبە قىلغانلىقى ئېنىق. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ئىنسانلاردىكى ئەقىدىنىڭ ئۈچقۇتلىرى ئىنسانلاردا ئويغانغان ئادىمىيلىكنىڭ ۋە ئۆزىنى ئىزدەش، ئۆزىنىڭ كېلىش مەنبەسىنى تېپىش تۇيغۇسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلىش مۇمكىن.

قائىدە - يوسۇنلار ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇشىنىڭ بارلىق تەرەپلىرىگە چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەن. تۇغۇلغاندىن تارتىپ ئۆلگۈچە قائىدە - يوسۇن ئىچىدە ياشايدۇ. قائىدە - يوسۇن ئىنسانلارنىڭ مەدەنىيىتى. قائىدە - يوسۇندىن مەھرۇم بولسا، ئىنسانلار ئىنسانلىق ئالاھىدىلىكىدىن مەھرۇم بولىدۇ.

ئۇيغۇر خەلقىمۇ نەچچە مىڭ يىللىق قائىدە - يوسۇن تارىخىغا ئىگە مىللەت. ھازىرقى قائىدە - يوسۇنلارمۇ نەچچە مىڭ يىللىق قائىدە - يوسۇنلارنىڭ قېلىپلىشىپ، قائىدىلىشىپ، مىللەتنىڭ مۇھىم بىر بايلىقىغا، مىللىي ئالاھىدىلىكى ۋە مەۋجۇتلۇقىنىڭ يادرولۇق قىسمىغا ئايلىنىشىدىن ئىبارەت.

## ياخشىلىق قىلىش، يامانلىق قىلماسلىق

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەقىدىسىدە، ئۆز بولسۇن، يات بولسۇن، تونۇيدىغانلار بولسۇن، تونۇمايدىغانلار بولسۇن، باشقىلار مۈشكۈل ئەھۋالدا قالغاندا ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىش ساۋابلىق ئىشلار

قاتارىدا سانىلىدۇ. ياخشىلىق قىلغان ئادەم ماختىلىدۇ، ئالقىشلىنىدۇ، يامانلىق قىلغان ئادەم ئەيىبلىك ھېسابلىنىپ، كىشىلەرنىڭ نەپرىتىگە ئۇچرايدۇ.

ئۆز بولسۇن، يات بولسۇن، تونۇيدىغانلار بولسۇن، تونۇمايدىغانلار بولسۇن، يامانلىق قىلماسلىق قاتتىق تەكىتلىنىدۇ. باشقىلارغا قەستەن قىلىنغان يامانلىق ئۆزىگە يانىدۇ دەپ قارايدۇ. مانا شۇ ئەقىدە تەسىرىدە تۇرغۇن ئىبرەتلىك ھېكايە ـ قىسسەلەر بارلىققا كەلگەن. «كىم ئورا كولىسا، ئۆزى چۈشىدۇ»، «ياخشىلىق قىلساڭمۇ، يامانلىق قىلساڭمۇ ئۆزۈڭگە قىلىسەن» دېگەن ئەقىدە مانا شۇنىڭدىن بارلىققا كەلگەن.

«باشقىلارغا يامانلىق قىلساڭ سورىقى بار، چوقۇم ئۇنىڭغا بەدەل تۆلەيسەن» دېگەن ئەقىدە بولغاچقا، كىشىلەر يامانلىق قىلىشتىن ئۆزىنى تارتىدۇ.

## باشقىلارنىڭ رىزقىغا توپا چاچماسلىق

ئۇيغۇرلاردا ھەرقانداق ئادەمنىڭ رىزقى ئۆزى بىلەن بولىدۇ. بىر ئادەمگە ئاتا قىلىنغان رىزىقنى باشقىلار تارتىۋالالمايدۇ. باشقىلارنىڭ رىزقىغا توپا چاچماقچى بولغان ئادەم ئىنساپسىز، قارا نىيەت بولىدۇ دەپ قارىغاچقا، باشقىلارنىڭ مەنپەئەتىگە چاڭ سېلىشتىن ھېيىقىدۇ. ئۆزىنىڭ كۆمىچىگە چوغ تارتىپ، باشقىلارنىڭ كۆمىچىنى خام قويغان ئادەم نەپسانىيەتچى ئادەم دەپ قارىلىدۇ. نەپسانىيەتچى ئادەم قارا نىيەت بولىدۇ. قارا نىيەت ئادەمنىڭ قولىدىن ھەرقانداق بالا كېلىدۇ دەپ قارايدۇ. ھازىرقى گەپ بىلەن ئېيتقاندا، شەخسىيەتچى ئادەم ئومۇمنىڭ مەنپەئەتىنى زىيانغا ئۇچرىتىدۇ، ئىنسانىيەتكە ئاپەت بولىدۇ. ئىنسانپەرۋەر ئادەم ئۆزىنىڭ مەنپەئەتىنى قۇربان قىلىش ھېسابىغا ئىنسانىيەتنىڭ چانجان مەنپەئەتى ئۈچۈن كۈرەش قىلىدۇ، مانا بۇمۇ ئەقىدىنىڭ كۈچى.

ئەگەر ئادەمدە چوڭقۇر ئېتىقاد بولمىسا، ئۇ ئادەم ئىنسانپەرۋەر، خەلقپەرۋەر بولالمايدۇ.

## كىشىلەرگە قولايلىق يارىتىش

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەقىدىسىدە ھەرقانداق بىر چوڭ - كىچىك ئىش بولسۇن كىشىلەرگە قولايلىق كەلتۈرىدىغان بىرەر ئىش قىلسا ئۇ ساخاۋەتلىك ئىشلار دەپ قارىلىدۇ. ھەتتا كوچىدا كىشىلەرگە زىيان يەتكۈزىدىغان بىرەر تاش، شاپاق بولسۇن ئۇنى ئېلىۋەتسە، كوچىدا كۆرگەن ئورەكلەرنى تىندۇرۇپ تۈزلەپ قويسا، بۇ ساۋابلىق ئىشلار قاتارىدا ماختىلىدۇ. خالىسانە يول، كۆۋرۈك سېلىش، مەكتەپ سېلىش، كىتاب نەشر قىلىش قاتارلىق ئومۇمنىڭ ئىشلىرى ئۈچۈن قىلىنغان ئىشلارمۇ كىشىلەرگە قولايلىق يارىتىش ئۈچۈن بولغاچقا، بۇ ساخاۋەت كىشىلەر تەرىپىدىن ئالقىشلىنىدۇ.

## باشقىلار زىيانغا ئۇچرىغاندا

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەقىدىسىدە باشقىلارنىڭ بېشىغا كۈن چۈشسە ھەرقانچە دۈشمىنى بولغان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭ بەختسىزلىكىگە كۈلگەن ئادەم يامان ئېلىنىدۇ. باشقىلارنىڭ بەختسىزلىكى ئۈچۈن قايغۇرۇش، ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلىش، قولىدىن كەلسە ياردەم قىلىشنى ئالىيجانابلىق ھېسابلايدۇ. چۈنكى، بەختسىزلىك دېگەن ھەممە ئادەمنىڭ بېشىدا ئەگىپ تۇرىدۇ. قاچان چۈشۈشىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ.

## يامان بولىدۇ

خەلقىمىزنىڭ ھاياتىدا چوڭ - چوڭ گۇناھلارنىڭ ھەممىسى گۇناھ، ھارام دەپ قارىلاتتىمۇ، يەنە ناھايىتى كۆپ

ئۇششاق گۇناھلىق ئىشلارنى «يامان بولىدۇ» دېيىش ئارقىلىق كونترول قىلىدۇ. «يامان بولىدۇ» نىڭ ئىچكى مەنىسىنى چوڭقۇر چۈشەنمىسىمۇ بۇنىڭغا كىچىك بالىلاردىن باشلاپ چوڭلارغىچە ھەممە ئادەم ئەمەل قىلىدۇ. «سۇغا، كۆلگە كىچىك تەرەت قىلسا يامان بولىدۇ»، «بوسۇغىدا ئولتۇرسا يامان بولىدۇ»، «ھەرقانداق ئىشنى ئوڭدىن باشلىمىسا يامان بولىدۇ»، «ئاشلىقنى خارلىسا يامان بولىدۇ»، «ناننى ئۆرۈسا يامان بولىدۇ»، «ھايۋاننى قىينىسا يامان بولىدۇ»، «يالغان سۆزلىسە يامان بولىدۇ»، «تارازىدا كەم بەرسە يامان بولىدۇ»، «ئاسمانغا تۈكۈرسە يامان بولىدۇ»، «ئاچقۇچ ئويناسا يامان بولىدۇ»، «كىشىلەرنىڭ ئۆيىنى مارىسا يامان بولىدۇ»، «يۈزىنى مۇتاپ، ئاھ ئۇرۇپ يىغلىسا يامان بولىدۇ» دېگەنگە ئوخشاش نۇرغۇن - نۇرغۇن «يامان بولىدۇ» لارنىڭ تىزگىنلىشى بىلەن كىشىلەر يۇقىرىقىدەك ئىشلارنى قىلىشتىن ئۆزىنى تارتىدۇ، ئۇنداق ئىش قىلىشنى ئەقىدە - ئېتىقادقا خىلاپلىق قىلىش دەپ بىلىدۇ. ئومۇمەن، يامان بولىدىغان ئىشلار دائىرىسىگە تۇرمۇشىمىزدا يامان ئېلىنىدىغان، باشقىلارغا ھەم ئۆزىمىزگە زىيان يەتكۈزىدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسى كىرىدۇ. ئۇنىڭ تېگى - تەكتىنى سۈرۈشتۈرگەندە، ناھايىتى قىممەتلىك ھېكمەتنىڭ يۇغۇرۇلغانلىقىنى ھېس قىلىش مۇمكىن. ئۇيغۇرلارنىڭ «يامان بولىدۇ» دېگەن يوسۇنلىرى بىر ئابستراكت قانۇن، ئۇ ھەممە كىشىنىڭ ۋۇجۇدىغا سىڭىپ كەتكەن.

## تەرەت قىلىش يوسۇنلىرى

ئۇيغۇرلار تەرەت قىلىش ۋە تەرەت تازىلىقىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىدۇ.

بىرىنچى، ئۇيغۇرلار ھەرقانداق قەھرىتان قىش ۋە كېچە بولسۇن، ئۆي ئىچىگە چوڭ - كىچىك تەرەت قىلمايدۇ، چوقۇم ھاجەتخانىغا چىقىدۇ. ھەتتا كىچىك بالىلارنىمۇ كېچىدە

بولسىمۇ ھاجەتخانىغا چىقىشىغا ئىلھام بېرىدۇ، «كېچىدە قورقىمەن» دېسە، «چوچىقنىڭ تاغقا چىقىپ كېتىدۇ» دەيدۇ.

ئىككىنچى، تەرەت قىلغاندا چوقۇم چالما تۇتىدۇ ياكى قەغەز تۇتىدۇ، بولمىسا تەرەت كېيىمنى بۇلغايدۇ دەپ قارايدۇ.

ئۈچىنچى، ئېقىن سۇغا بولسۇن، توختام سۇغا بولسۇن تەرەت قىلىپ قويۇش قەتئىي مەنئى قىلىنىدۇ. ھەتتا بۇنى «يامان بولىدۇ» دەپ قارايدۇ.

تۆتىنچى، كوچا - كويلارغا، يول بويىغا، دەرەخ سايىلىرىغا ئومۇمەن كۆزگە ئوڭاي چېلىقىدىغان، كىشىلەر ماڭىدىغان يەرلەرگە تەرەت قىلىنمايدۇ. بۇنداق قىلمىشلارنى ئەدەپسىزلىك دەپ يامان ئالىدۇ.

## تەبىئەتنى تىللاش مەنئى قىلىنىدۇ

ئۇيغۇرلاردا تەبىئەتنى ئۇلۇغ بىلىش، تەبىئەت قانۇنىيىتىگە ھۆرمەت قىلىش قەدىمدىن بۇيانقى مۇھىم يوسۇن. چۈنكى، ئۇلار ئۆزىنى تەبىئەتنىڭ بىر ئەزاسى، بىر تەركىبىي قىسمى دەپ قارىغان. شۇڭا، ئۇلار ئەزەلدىن تەبىئەتنى تىللىمايدۇ. يامغۇر، قار كۆپرەك ياغسىمۇ، ئۇنى تەڭرىنىڭ ئىلتىپاتى، تەبىئەتنىڭ ساخاۋىتى دەپ مىننەتدارلىق بىلەن قوبۇل قىلىدۇ. بوران، مۆلدۈر ۋە باشقا تەبىئىي ئاپەتلەر بولسىمۇ، بۇنى تەڭرىنىڭ غەزىپى دەپ قاراپ قوبۇل قىلىدۇ، بۇ سەۋەبلىك تەبىئەتنى تىللاپ قارغىمايدۇ. بەلكى بوران، قار، يامغۇر، ئىسسىق - سوغۇقلارنىڭ ياخشىلىق ئېلىپ كېلىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ.

## ھەددىدىن ئارتۇق قۇلچىلىق قىلماسلىق

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ يوسۇنلىرىدا چوڭلار، ئۇلۇغلار ھۆرمەتلىنىدۇ، بىراق ئۇلارغا قۇلچىلىق بىلەن مۇئامىلە

قىلىنمايدۇ، يەنى ئۇلارنىڭ قولىنى سۆيۈش، ئايىغىغا يىقىلىش، ھەددىدىن ئارتۇق ئېگىلىپ تەزىم قىلىش يامان ئېلىنىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، ئەمەلدارلار يۇقىرىلارغا، بايلار كەمبەغەللەرگە، ئومۇمەن ئۇلۇغ ئائىلىدىكىلەر خەلق ئاممىسىغا پەس نەزىرى بىلەن قاراش، ئۇلارنى كۆزگە ئىلماسلىق، ئۇلارنى خورلاش، ھاقارەتلەش ئىنتايىن يامان ئېلىنىدۇ. تەكەببۇرلۇق ھەممە ئادەمنىڭ ئەيىبلىشىگە ئۇچرايدۇ. ئەمەلدارلارنى خوجام، شاھىنشاھ، ئالىيلىرى، سىلى ھەممىدىن ئۇلۇغ، باشپاناھىم دېگەندەك سۆزلەر بىلەن سۆيەتلەپ ئاتاش چەكلەنگەن.

## ھەرقانداق نەرسىلەر بىلەن قەسەم قىلىش مەنئى قىلىنىدۇ

ئۇيغۇرلاردا نان، تۇز ئۇلۇغ سانىلىدۇ، بىراق نان ئۇرسۇن، تۇز ئۇرسۇن، ئاسمان ئۇرسۇن، چاقماق ئۇرسۇن، ئاي گۇۋاھ، كۈن گۇۋاھ دېگەندەك قەسەم قىلىش مەنئى قىلىنىدۇ. چۈنكى، بۇ نەرسىلەرنىڭ ھېچقايسىسى ئادەمدىن ئۇلۇغ ئەمەس. ئادەم بارلىق كائىنات كۈچلىرى ئىچىدە ئەڭ شەرەپلىك، ئەڭ ئۇلۇغ ھېسابلىنىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئادەمنى ئۇلۇغلاپ مۇنداق دەيدۇ:

146. ياراتتى ۋە يۈكسەلتتى تاللاپ ئادەم،
بېرىپ ھوش ـ ئەقىل، پەزىلەت ئىلمىنى ھەم.

154. ئەقىل قايدا بولسا، ئۇلۇغلۇق بولۇر،
بىلىم كىمدە بولسا، بۈيۈكلۈك بولۇر.

كۆرۈۋشكە بولىدۇكى، ئادەمدە ئەقىل بار، ئادەمدە بىلىم بار. شۇڭا، ئۇ ئۇلۇغلۇققا مۇناسىپ، بۈيۈكلۈك ئادەمگە خاس. ئەمدىكى گەپ ئادەمنىڭ ئۆزىنى ھەقىقىي ئۇلۇغلۇق

كىتاب تورى

مەرتىۋىسىگە يەتكۈزەلمىشى ـ يەتكۈزەلمەسلىكىدە پاكى ئۆزىنى ئەڭ پەس مەخلۇق قاتارىغا چۈشۈرۈپ قويۇشىدا.

## ئەيىب سانىلىدىغان ئىشلار

ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ يوسۇنلىرىدا يەنە خېلى كۆپ ئەيىب ھېسابلىنىدىغان يوسۇنلىرى بولىدۇ.

ئاممىۋى سورۇنلاردا، كەلسە ـ كەلمەس جايلارغا تۈكۈرۈش، مىشقىرىش قاتارلىق قىلىقلار ئەيىب ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئەدەپ ـ پەزىلەتكە يات بولۇپ، كىشىلەر ئەيىبلەيدۇ. كىشىلەر ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا، مەقسەتسىز بولسىمۇ يەرگە تۈكۈرۈش پەزىلەت يوسۇنىغا خىلاپ. چۈنكى، ئۇ شۇ كىشىگە نىسبەتەن ھۆرمەتسىزلىك ھېسابلىنىدۇ.

## باشقىلارنى كەمسىتىش يامان ئېلىنىدۇ

ئۇيغۇرلاردا كىشىلەرنىڭ بىر ـ بىرىنى كەمسىتىشى، بىر ـ بىرىگە پەس نەزەر بىلەن قارىشى ئەيىبلىك ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ئوخشاش. بۇنىڭغا بىرىنىڭ باي، بىرىنىڭ كەمبەغەل بولۇشى سەۋەب بولالمايدۇ. چۈنكى، ھېچقانداق ئادەم يۇقىرى بولمەن دەپ يۇقىرى، تۆۋەن بولمەن دەپ تۆۋەن بولالمايدۇ. تەبىئىي يارىتىلىشتا ھېچكىم ئارا تۇرالمايدۇ. يەنە بۈگۈن ئۇلۇغ بولغان ئادەم ئەتە پەس بولۇشى مۇمكىن. ھېچقانداق ئىش ئادەمگە باقمىغەندە ئەمەس دەپ قارايدۇ.

# ناخشا-مۇزىكىغا باغلانغان يوسۇنلار

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھاياتى ناخشا-مۇزىكا بىلەن ئۆتكەن ھايات. ناخشا-ئۇسسۇل خەلقىمىزنىڭ تۇرمۇشىنىڭ، مەدەنىيىتىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمىغا ئايلانغان. ئۇلار غەلىبە تەنتەنىسىنى ناخشا-مۇزىكىلىرى بىلەن كۈتۈۋالغان، مەغلۇبىيەت، قايغۇ-ئەلەملىرىنىمۇ ناخشا-مۇزىكىلىرى بىلەن يۇيۇپ، تۇرمۇشقا بولغان ئۈمىدۋارلىق روھىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. شۇڭا، ئۇيغۇرلارنىڭ تويلىرىمۇ ناخشا-مۇزىكا، مەشرەپلىرىمۇ ناخشا-مۇزىكا، ئۆلۈملىرىمۇ مۇسىبەت ناخشىسى بىلەن كىشىلەرگە تەسىر قىلىدۇ، خەلقىمىز ئۆزىنىڭ ناخشا-مۇزىكىغا ماھىرلىقى، خۇشخۇيى، خۇشناۋالىقى بىلەن نۇرغۇن چالغۇ ئەسۋابلىرىنى ۋە ئېسىل ناخشا، كۈيلىرىنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، دۇنيا سەنئەت خەزىنىسىگە ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان.

## «ئون ئىككى مۇقام» يوسۇنلىرى

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەدەنىيەت ۋە سەنئەت تارىخىدا، جۈملىدىن قائىدە-يوسۇن تارىخىدا «ئون ئىككى مۇقام» ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. «ئون ئىككى مۇقام» ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش يوسۇنلىرىنى، تارىخىي سەرگۈزەشتىلىرى ۋە مىللىي خاراكتېرىنى مۇزىكا تىلى بىلەن دەۋرىمىزگە يەتكۈزۈپ بەرگەن ئۇلۇغ مۇزىكا قامۇسى.

ساتارىم تارىغا جان رىشتىسىدىن تار ئېشىپ سالسام،
ئۇنىڭكى نالىسىدىن بىناۋاناڭ كۆڭلىنى ئالسام.

ئۇيغۇر خەلقى مۇقاملىرىنى روھىنىڭ نىداسى، مۇزىكا تارلىرىنى جان رىشتىسى قىلىپ، ئۇنى جاپاكەش خەلقىمىزنىڭ كۆڭلىنى ئالىدىغان غەمگۇزار قىلغان. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى تۆۋەندىكى پارچىلار قەدىمكى ئۇيغۇر تۇرمۇشىدىكى ئەلنەغمىگە باغلانغان ھايات كارتىنىسىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرىدۇ:

كۆڭلىر قامۇغ تۈزۈلدى،
ئۈرىق ئىدىش تىزىلدى.
سەنسىز ئۆزۈم ئۈزەلدى،
كەلگىل ئامۇل ئوينالىم.

(كۆيلەر تولۇق تۈزۈلدى،
ئۈرىق ئىدىش تىزىلدى.
سەنسىز ئۆزىكىم ئۈزۈلدى،
كەل، خاتىرجەم ئوينايلى.)①

ئۇنىڭدىن باشقا ئۇيغۇر مۇقاملىرى جاھالەتكە ئېتىلغان توپ ئوقى بولۇپ، ئەزگۈچى سىنىپلارنىڭ يۈرىكىنى لەختە - لەختە قىلغانىدى.

پەلەكتىن بىر سادا كەلمىش چىپىپ ھەردەم ھالاۋەتنى،
پىيقىر ئىزدەپمۇ جەننەتتىن ناپالماس ئۇ ساخاۋەتنى.

دېگەن مىسرالار بىلەن بىر تەرەپتىن، مۇقامنىڭ نېمىتى جەننەت نېمىتىدىنمۇ يۇقىرى قويۇلغان بولسا، يەنە بىر

---

① مەھمۇد كاشغەرى: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» 3 - توم، 181 - بەت.

تەرەپتىن، مۇقام كۈيلىرى ئارقىلىق جاھالەتكە ئوت ئاچقانلىقىدەك قەيسەرانە روھنى نامايان قىلىدۇ.

## مۇقام تەلىم - تەربىيە مەكتىپى

مۇقام خەلقىمىزنىڭ ھاياتقا بولغان باھاسى ۋە پوزىتسىيەسى، ئۇ بىر تەرەپتىن، كىشىلەرگە ئىستېتىك زوق ئاتا قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن، كىشىلەرنى تەربىيەلەش رولىنى ئۆتەيدۇ. فارابى مۇنداق دېگەن: «مۇزىكا شۇ مەنىدىن پايدىلىقكى، كىشىنىڭ پېشىل ئېتىبارى مۇۋازىنەتنى يوقاتقان بولسا ئۇنى تەرتىپكە سالىدۇ، كامال تاپقانلارنى كامالەتكە يەتكۈزىدۇ ۋە مۇۋازىنەتنى ساقلايدۇ.» مۇقام ئېكىستەتتىن ئايرىلمايدۇ. مۇقامغا سىڭدۈرۈلگەن ئېكىستلەر كىشىلەرگە ئادەم بولۇشنى ئۆگىتىدۇ، ئەخلاق - پەزىلەتنى ئۆگىتىدۇ، ھەق - ناھەقنى تونۇتىدۇ، ھەتتا تارىخنى ئۆگىتىدۇ. ئۇيغۇر بالىلىرى مۇزىكا ئۈستىگە تۇغۇلىدۇ. ئانىلارنىڭ مۇڭلۇق ئەللەيلىرى بالىغا تۇنجى مۇزىكا دەرسىنى بېرىدۇ، شۇنىڭدىن باشلاپ بالىدا مۇزىكا سېزىمى ئويغىنىدۇ. ئېيتىشىچە: گۆدەكنى بۆشۈكتە رىتىملىق تەۋرىتىش ۋە ئەللەي قوشىقى ئېيتىشتىن ئۇنىڭغا بولغان مۇزىكىلىق تەسىر باشلىنىدۇ، دەپ قارىغان.[1] ناھايىتى روشەنكى، ئۇيغۇر بالىلىرىنىڭ مۇزىكا سېزىمى بۆشۈكتىن تارتىپ يېتىلىدۇ. ھەر خىل مەشرەپ سورۇنلىرى، توي - تۆكۈن پائالىيەتلىرىدە بالىلار شوخلۇق بىلەن ئۇسسۇلغا چۈشىدۇ، ناخشىلارغا جور بولىدۇ.

## ناخشا - مۇزىكا ساغلاملىق شىپاخانىسى

خەلقىمىز ناخشا - مۇزىكىلىرى بىلەن روھىنى ئۇرغۇتـ-

① ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى».

دۇ، غەم - قايغۇ، ئەلەم داغلىرىنى مۇزىكىنىڭ سېھىرلىك تە-
سىرى بىلەن يۇيۇپ، زامان كۈلپەتلىرى ئاسارىتىدىن بىردەم
بولسىمۇ ئۆزىنى ئازاد قىلىپ، خۇشاللىق تاپىدۇ. باشقىلار
ھاراق بىلەن مەست بولۇپ، دۇنيا كۈلپەتلىرى، غەم - قايغۇلى-
رىنى ئۇنتۇماق بولسا، ئۇيغۇر خەلقى ناخشا - مۇزىكىلىرى بىلەن
مەست بولۇپ، دۇنيا قايغۇلىرىدىن ئازاد بولىدۇ.

«ساز ئېلەپ مېنى ھەم شاد ئەيلىدىڭ،
بىر نەپەس قايغۇدىن ئازاد ئەيلىدىڭ».
— ئەلىشىرنەۋايى

فارابى مۇنداق دەيدۇ: «تەنىنى ساقلاپ قالاشتۇرۇش ئۈچۈن
روھنى داۋالاش لازىم. ئاۋازنىڭ تەسىرى بىلەن روھ قۇۋۋەتلە-
نىپ ئۆز نورمىسىغا ئۇيغۇنلىشىدۇ.» ھازىرقى زامان تېبابىتى
مۇزىكا بىلەن كېسەل داۋالاشتا زور ئۇتۇمگە ئېرىشتى. ئۇيغۇر
خەلقى بولسا بۇنىڭ ئىلمىي ئاساسلىرىنى ناھايىتى قەدىمكى
دەۋرلەردە ھېس قىلىشقانىدى.

## ئولتۇرۇشلارنىڭ گۈلتاجى — ناخشا - مۇزىكا

ئۇيغۇر خەلقى قائىدە - يوسۇنلىرىغا ناخشا - مۇزىكا قان
بىلەن گۆشتەك يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن. تويدىمۇ ناخشا - مۇزىكا،
ئۆلۈمدە يىغا ئەمەس، بەلكى ئۈرپ-ئادەت مەشرەپلىرىمۇ ئەلنەغمىسىز
ئۆتمەيدۇ. «ئۆلۈم ھازىسى بىلەن، توي نەغمىسى بىلەن» دېگەن
ماقالمۇ شۇ مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇيغۇرلار ئوتتۇرا ئەسىردىن
ئىبارەت ئەڭ جاھالەتلىك زاماندا، ناخشا - مۇزىكا ئېغىر تەقىب
قىلىنىشقا ئۇچرىغان، «شەيتان نەغمىسى» دەپ ھاقارەتلەنگەن
دەۋرلەردىمۇ ناخشا - مۇزىكىلىرىنى دىنىي مۇراسىم، سەيلە -
تاۋاپ پائالىيەتلىرىگىمۇ جارى قىلدۇرۇپ، ئۇزاقتىن تارىخىي

قىسسەلەرنى مۇقامغا سېلىپ ئوقۇشقان.

ئاتاسى شاھى مەرداندۇر،
ئاناسى نۇرئەلا نۇرخان.
خۇدا يولىدا جان بەرگەن،
شەھىدۇ، ئارسلانخاندۇر.

دېگەن مۇراسىم كۈيلىرى بۇنىڭ تىپىك بىر مىسالىدۇر.

سېۋېن ھېدىن 1899 ـ يىلى لوپنۇرغا بېرىش يولىدا دەريا بويىدا ئوينالغان مەشرەپ پائالىيىتىنى خاتىرىلىگەن. ئۇ گۈلخان شولىسىنىڭ سۇ يۈزىنى قىزارتقانلىقىنى، گۈلخان چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ چاچلىرىغا ئاق رومال ئارتقان ئاياللارنىڭ ئەرلەر بىلەن سالماق مەشرەپ ئۇسسۇلى ئوينىغانلىقىنى يازغان.

## ئۆينىڭ زىننىتى، تۇرمۇشنىڭ بېزىكى

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تۇرمۇش ئادىتىدە ئۆي سەرمىجانلىرى ئانچە كۆپ بولمىسىمۇ، لېكىن خېلى كۆپ ئائىلىلەردە ھەر خىل چالغۇ ئەسۋابلارنىڭ، يەنى ساتار، راۋاب، تەمبۇر، قالۇن، دۇتار، داپ قاتارلىقلارنىڭ ئېسىقلىق تۇرغانلىقىنى كۆرىمىز. بۇ جەھەتتە غەربلىكلەرنىڭ تۇرمۇشى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشى ماھىيەتلىك پەرق قىلىدۇ. غەربلىكلەردە مۇزىكا چېلىش دېگەن يۇقىرى تەبىقىلەرنىڭ مەدەنىيىتى دەپ قارىلىدۇ. بىراق، ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىدا يۇقىرى تەبىقە، تۆۋەن تەبىقە دەپ ئايرىلمايدۇ. ئۇيغۇر مۇزىكىلىرىنى شاھمۇ، پۇقرامۇ چالىدۇ، تاغدىمۇ، باغدىمۇ ھەر كىشى ھەر جايدا چالغىلى بولىدۇ. ھەتتا پادىچىلارمۇ مۆكلۈق نەيلىرى بىلەن كەڭ يايلاقلارنى مۇزىكا ساداسىغا چۆمدۈرەلەيدۇ.

ھېرىسپ ـ ئېچىسپ ئىشتىن قايتقاندا مەھەللىلەردە، ئۆيلەردە بىرەر ـ ئىككى پەدە مۇزىكا ئورۇنداپ ھاردۇقىنى

چىقىرىشىدۇ.

بىر قېرى قالۇن قۇچاقلاپ ساز چالار،
ئولتۇرۇپ تال سايىسىدە دەم ئالار.
چەكسە گۇتتۇر ھەمدە بەش تارنى ئۇ،
لەرزىگە كەلگەن زېمىن ھەيران قالار.

## ناخشا ـ مۇزىكا بايراملارنىڭ ئەۋجى

ئۇيغۇرلارنىڭ ھېيت ـ بايراملىرى ناخشا ـ مۇزىكىسىز بولمايدۇ. ھېيت ـ ئايەملەرنىڭ ئەۋجى ناخشا ـ مۇزىكىسىز ئەلنىڭ قەلب تارىنى تىترىتەلمەيدۇ. مانا، ھېيت ـ ئايەم كېلىشى بىلەن ناغرا ـ سۇنايلار كىشىلەرگە ھېيت ـ ئايەم ئەنتەنىسىدىن خەۋەر بېرىدۇ. توپ ـ توپ كىشىلەر يىغىلىپ كوللېكتىپ ھالدا سامىغا چۈشىدۇ، يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە بىر خىل رىتىمدا بىر ئوڭ پىرقىراپ، بىر سول پىرقىراپ، پۇتلىرىنى گۈپ ـ گۈپ يەرگە ئۇرۇپ ساما ئۇسسۇلى ئويناۋاتقان سەنئەت دولقۇنىنى كۆرگەن خالايىق، بۇ ئۇسسۇلدىن كوللېكتىپنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىنى، بىرلىك، ئىتتىپاقلىقنىڭ خاسىيىتىنى، ھاياتنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى چوڭقۇر ھېس قىلىشىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەربىر پىرقىراشلىرى ئالەم ئۆزگىرىشلىرىگە سىمۋول قىلىنىدۇ. تۇيلەردە ناخشا ـ كۈي، مەھەللىلەردە ناخشا ـ كۈي، شوئنداق قىلىپ، ئۇيغۇر خەلقى ئامموۋى سەنئەت پائالىيەتلىرى ئارقىلىق ھاياتقا بولغان ئۆتكۈر ئىستەكلىرىنى نامايان قىلىدۇ.

## سەنئەت خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ناخشا ـ مۇزىكىلىرى خەلقىمىزنىڭ بايلىقى، سازەندە ـ غەزەلخان ۋە مۇقامچىلىرىمىز خەلقىمىزنىڭ ھۆرمەتلىك كىشىلىرى. ئۇلار خەلقنىڭ مەيدانىدا تۇرۇپ

چاللىدۇ، خەلقنىڭ تەلىپىنى ئىزهار قىلىدۇ. شۇڭا، ئۇيغۇر سەنئەتكارلىرىغا يۇقىرى دەرىجىدە ئەخلاقىي تەلەپ ۋە خەلقپەرۋەرلىك، ئىنسانپەرۋەرلىك، ھەمكارلىق تەلىپىنى قويىدۇ. سەنئەتكارلارنىڭ دۇنيا قارىشى ئېنىق بولۇشى، سىياسىي مەيدانى روشەن بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. سەنئەتكارلارنىڭ زوراۋان پادىشاھلارنى مەدھىيەلەپ خەلقنى بىخۇدلاشتۇرۇپ، ھۆكۈمران تەبىقىلەرنىڭ قولچومىقىغا ئايلىنىپ قالماي، بەلكى دادىللىق بىلەن زۇلۇمغا ۋە زوراۋانلىققا جەڭ ئېلان قىلالايدىغان، خەلق ئاممىسىنىڭ ئىرادىسىنى نامايان قىلالايدىغان خاراكتېرگە ئىگە بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ.

سەنئەتكارلار ھەقىقىي خەلق سەنئەتكارى بولۇش سالاھىيىتىگە ئىگە بولۇش ئۈچۈن، خەلقنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسىدىن ياتلاشتۇرىدىغان، خەلققە زىيان سالىدىغان ئىش - ھەرىكەتلەردە بولماسلىقى، ئولتۇرۇش - قوپۇش، كىيىنىش، يۈرۈش - تۇرۇشلىرىدا خەلقىمىزنىڭ يوسۇنلىرىغا خىلاپلىق قىلماسلىقى كېرەك. ئۇنداق بولمايدىكەن، خەلق ئۇنداق سەنئەتكارنى ئېتىراپ قىلماسلىققا ھوقۇقلۇق. بىزگە تەمەخور سەنئەتكارنىڭ، بىر نانىنىڭ قۇلى بولغان سەنئەتكارنىڭ لازىمى يوق.

# ئائىلىدىكى يوسۇنلار

## ئائىلىدە پەردىشەپ

ئۇيغۇرلار پەردىشەپكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ، پەردىشەپنى ھايا جۈملىسىدىن سانايدۇ، ھايانى ئەخلاق - پەزىلەتنىڭ يادروسى، ھاياسىزلىقنى پەزىلەتتىن مەھرۇم بولۇش دەپ قارايدۇ. ئايال ئەردىن، ئەر ئايالدىن، ئاتا - ئانىلار باللاردىن، باللار ئاتا - ئانىلاردىن ھايا قىلىشى، پەردىشەپنى ساقلىشى تەلەپ قىلىنىدۇ.

بىرىنچى، گەپ - سۆزدە ھايا قىلىش. يامان سۆزلەرنى، ئەسكى تىللارنى تىلغا ئالماسلىق، بولۇپمۇ نازۇك يەرلىرىنى تىلغا ئېلىپ تىللاشماسلىق تەلەپ قىلىنىدۇ.

ئىككىنچى، يۈرۈش - تۇرۇشتا، كىيىنىشتە پەردىشەپكە دىققەت قىلىش تەلەپ قىلىنىدۇ. قۇرامىغا يەتكەن قىز - يىگىتلەر ئۆيدە بولسۇن، سىرتتا بولسۇن ئېچىشقا بولمايدىغان يەرلىرىنى ئېچىپ يۈرمەسلىك. كىندىك، قولتۇق، پۇتا تەرەپلىرىنىڭ ئېچىلىپ قېلىشىدىن ئېھتىيات قىلىش تەلەپ قىلىنىدۇ. ئاتا - ئانا بولغۇچىلارمۇ بالىلىرى ئالدىدا كىيىنىشكە دىققەت قىلىشى، يېرىم يالىڭاچ كىيىملەرنى كىيىپ يۈرمەسلىكى لازىم.

ئۈچىنچى، ئۇيغۇرلاردا ئۆيدە بولسۇن، ئاممىۋى سورۇنلاردا بولسۇن يەل قويۇۋېتىش ئىنتايىن ئەيىپ ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، ئۇ ھەممە ئادەمدە سادىر بولىدىغان فىزىيولوگىيەلىك

هادىسە بولىسىمۇ، لېكىن ھەربىر ئىشنىڭ جايى بولىدۇ. ئۇ كىشىلەرگە بىئاراملىق، كۆڭۈلسىزلىك ئېلىپ كېلىدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭدىن قاتتىق ھەزەر قىلىنىدۇ.

ئۈچىنچى، تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرى ھازىر بەك ئوچۇقلىشىپ كەتتى. جىنسىي تۇرمۇشقا ئائىت ھەر خىل كۆرۈنۈشلەر، سۆيۈشۈشلەر ئائىلىلەرگە بىر خىل يامان تەسىر ئېلىپ كىردى. بالا - چاقىلار بىلەن بىللە كىنو كۆرگىلى بولمايدىغان بولۇپ كەتتى. بەزى ئائىلىلەردە مانا شۇ پەردىشەپنى ساقلاش ئۈچۈن تېلېۋىزورنى ئىككى قىلغان. ئېتىقسىز كۆرۈنۈشلەر ئائىلە ئەزالىرىنى ئوڭايسىز ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويماقتا. بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ قائىدە - يوسۇنىغا پۈتۈنلەي خىلاپ ئىش بولۇۋاتىدۇ.

بەشىنچى، بالاغەتكە يەتكەن قىز - ئوغۇللارنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ ھۇجرىسىغا ئىجازەتسىز كىرىشى چەكلىنىدۇ.

ئالتىنچى، قىز - ئوغۇللار ئاتا - ئانىسىنىڭ ئالدىدا سۆيگۈ، مۇھەببەت ھەققىدىكى گەپ - سۆزلەرنى ئوچۇق تىلغا ئالمايدۇ. بۇ ئەدەپسىزلىك، ھاياسىزلىق ھېسابلىنىدۇ. بۇ ھەققىدىكى تەلەپ - ئارزۇلىرى بولسا بىرەر ئادەمنى كىشى قويۇش ئارقىلىق يەتكۈزىدۇ.

يەتتىنچى، ئۇيغۇر قىزلىرى باغىرداق ۋە كالتە ئىشتانلىرىنى كۆز كۆرىدىغان ئاشكارا جايغا يايمايدۇ.

سەككىزىنچى، ئۇيغۇر قىزلىرى چوڭلار ئالدىدا، يات كىشىلەر ئالدىدا، ئەرلەر ئالدىدا ئاشكارا پەرداز قىلمايدۇ. بەكمۇ قېنىق پەرداز قىلمايدۇ. ھازىر بەزى قىز - چوكانلار ئەپتارتماستىن ئاممىۋى سورۇنلاردا پەرداز قىلىپ ئولتۇرىدىغان بولدى، بۇ تولىمۇ ھاياسىزلىق بولىدۇ.

توققۇزىنچى، غۇسلى - تەرەت ئالغانلىقنىڭ ئىپادىلىرىنى ئائىلىسىدىكىلەرگىمۇ، كىشىلەرگىمۇ ئاشكارىلىمايدۇ. بەلكى چاچلىرى قۇرۇغاندىن كېيىن سىرتقا چىقىدۇ. ھازىر بەزىلەر بۇ ئىشنى كۆز - كۆز قىلىدىغان بولۇپ كەتتى.

## ئاتا - ئانا ھۆرمىتى

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قائىدە - يوسۇنىدا ئاتا - ئانىنى ھۆرمەتلەش مۇقەددەس پەرزلەت جۈملىسىدىن قارىلىدۇ. پەرزەنتلەرنىڭ قەلبىدە ئەڭ مۇھتەرەم ئورۇن ئاتا - ئانىغا قويۇلغان بولىدۇ. بۇ ئورۇننى ھېچقانداق ئادەم ئىگىلىيەلمەيدۇ. ئەڭ قەدىمكى دەۋرلەردە ئۇيغۇرلار ئانىنى ئىلاھ دەپ چوقۇنغان، ئۇماي ئىلاھى مانا شۇ ئانا ئوبرازى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن مەبۇد ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇيغۇرلارنىڭ ئىدىيە تارىخىدا ئاتا - ئانىنى ھۆرمەتلەش ئەخلاق - پەزىلەتنى ئۆلچەيدىغان مۇھىم ئۆلچەم سۈپىتىدە قارىلىپ تىلغا ئېلىنىپ كەلگەن.

بېشىڭنى يەردا ئېيلە ئاتا قاشىغا،
جىسمىڭنى قىل يەدا ئانا باشىغا.

— ئەلىشىر نەۋايى

خەلقىمىز ۋاپادارلىق دېگەندە ئەڭ ئاۋۋال تىلغا ئالىدىغىنى ئاتا - ئانىغا ۋاپادارلىق كۆرسىتىش. ئاتا - ئانىغا ۋاپادار بولالمىغان پەرزەنتلەر ئەلگىمۇ، دوست - يارەنلىرىگىمۇ ۋاپاسىزلىق قىلىدۇ، دەپ قاراپ ئۇنىڭدىن چەك - چېگرا ئاجرىتىدۇ.

ھەرقانداق بالا ئانىنىڭ مۇقەددەسلىكى شەرىپىگە ئۇنىڭ ئەجرىنى ئاقلاشنى ۋىجدان بۇرچى دەپ بىلىدۇ. «ئانىنىڭ ئاق سۈتىنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىش» دېگەن ئەقىدىمۇ مانا شۇ ۋاپادارلىق قەسىمى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن. خەلقىمىز ئەڭ ئۇلۇغ نەرسىلەرنى ئانىغا ئوخشاتقان. مەسىلەن: ۋەتەن ئۇلۇغ، ۋەتەن مۇقەددەس، مانا شۇ مۇقەددەس ۋەتەننى «ئانا ۋەتەن» دەپ، ئانا سۈپىتى بىلەن ئۇلۇغلىغان. تۇپراق ھاياتلىقنىڭ مۇھىم

كاپالىتى، تۇپراق بولمىسا ھاياتلىق بولمايدۇ. بۇ مەنىدىن چىقىپ تۇپراقنى ئانا ئۇلۇغلۇقى بىلەن سۈپەتلەپ «ئانا تۇپراق» دەپ تۇپراققا ئەقىدە قىلىدۇ.

ۋەتەننىڭ ئۈمىدىنى ئاقلاش، مۇقەددەس بۇ تۇپراقنى پاك ياشاش، زېمىننى بۆلگىلى بولماسلىق، ۋەتەنگە ئاسىيلىق قىلماسلىق، ۋەتەنگە ساداقەتمەن بولۇشنى ئاتا - ئانا ھەققىنى ئادا قىلىش، ئۇلارنىڭ ئەجرىنى ئاقلاش دەپ قارايدۇ.

پەزىلەت تەلەپلىرىدە، ئاتا - ئانىنىڭ ئالدىدىن توغرا ئۆتۈ-مەسلىك دېگەن بىر چۈشەنچە بار. بۇ ئاتا - ئانىغا قارشى چىق-ماسلىق، ئۇلارغا كۆز ئالايتماسلىق، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى چىگ-مەسلىك، ئۇلارغا كەمتەرلىك، مېھرىبانلىق بىلەن مۇئامىلە - مۇناسىۋەتتە بولۇش، ئۇلارنىڭ ھاجەتلىرىدىن تەشەببۇسكارلىق بىلەن چىقىش قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ياخشى كۈن كۆرۈپ، كۈندىن - كۈنگە گۈللەپ ياشنىغانلارنى ئاتا - ئانىسىنىڭ دۇئاسىنى ئالغان دەپ تەرىپلىسە، يامان كۈنگە قالغان، خارلىق ئازابىنى تارتقان كىشىلەرنى ئاتا - ئانىسىنىڭ قارغىشىنى ئالغان دەپ قارايدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ پەزىلەت يوسۇنلىرىدا ئاتا - ئانا دۇنيادىن ئۆتكەندىن كېيىنمۇ ئۇلارغا بولغان ۋاپادارلىقنى داۋاملاشتۇرۇش تەكىتلىنىدۇ. بۇنىڭدا، ئاتا - ئانىنىڭ ئۈمىد - ئارزۇلىرىنى ئورۇنداش، ئۇلار قىلىپ بولالمىغان ئىشلارنى ئاخىرغا ئېلىپ چىقىش، ئۇلار يېتەلمىگەن مەنزىلگە يېتىپ بېرىش، ئۇلار دۈشمەن بولغان ئادەملەرگە دۈشمەن بولۇش، ئۇلار دوست بولغان كىشىلەرگە ئاتا - ئانىغا بولغان ساداقەتتىن يۈز ئۆرۈمەسلىك، كۆزدىن ھەرقاچان قولىدىن كېلىشىچە ياخشىلىق قىلىش، قوۋم - قېرىنداشلار بىلەن ئاتا - ئانىلار سەۋەبلىك ئورنىتىلغان قېرىنداشلىق ئالاقىلىرىنى ئۈزمەسلىك قاتارلىقلار ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.

## ئاتا ـ ئانىغا كۆرسىتىلگەن پەزىلەت

ئۇيغۇرلاردا يۇقىرىقىدەك ئاتا ـ ئانا ھەققىدىكى باشقا، يەنە خېلى كۆپ كونكرېت پەزىلەت تەلەپلىرى بار.

1. ئاتا ـ ئانىنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ چاقىرمايدۇ. ئاتا ـ ئانىدىن يۇقىرى چىقىپ ئولتۇرمايدۇ.

2. ئاتا ـ ئانىنىڭ ئالدىدا ئەر ـ خوتۇن (ئوغۇل ۋە كېلىن) ئۆزئارا چاقچاقلاشمايدۇ.

3. ئاتا ـ ئانىغا پۇتىنى سوزۇپ ئولتۇرمايدۇ.

4. ئاتا ـ ئانىغا توۋلاپ ـ ۋارقىرىمايدۇ. كۆز ئالايتمايدۇ.

5. ئاتا ـ ئانىنى ئۇرۇپ، تىللىمايدۇ. بۇ تولىمۇ كۆلپەتلىك ئىش بولۇپ، پۈتۈن ئەلنىڭ لەنىتىگە قالىدۇ. ھەتتا باشقىلارنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنى تىللاشمۇ ئۆزىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنى تىللاش ھېسابلانغان. چۈنكى، باشقىلارمۇ ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنى تىللايدۇ. شۇڭا، ئۆزئارا ئۇرۇشقاندا ئاتا ـ ئانىنى تىلغا ئېلىپ تىللىماسلىق تەكىتلىنىدۇ.

6. بالا ئاتا ـ ئانىسىنىڭ قولىغا سۇ بېرىدۇ، قول يۇيۇش ئۈچۈن بالا ئاتا ـ ئانىغا قول تەڭلىمەيدۇ.

7. چوڭلارنىڭ ئالدىدىن توغرا كېسىپ ئۆتمەيدۇ. كەينى تەرىپىدىن ياكى ئالدىدىن بۇزمۇيۇز ئەدەپ بىلەن ئۆتىدۇ.

8. ئاتا ـ ئانىغا كەينىنى قىلىپ ئولتۇرمايدۇ.

9. ھەرقانداق مۇھىم ئىشلاردا ئاتا ـ ئانىنى ئۈستىدە ئولتۇرغۇزىدۇ. ئاتا ـ ئانىنى ئۈستىدە ئولتۇرغۇزماي ئۆز ئالدىغا قارار قىلمايدۇ. چوڭ ئىشلاردا ئاتا ـ ئانىنىڭ مەسلىھەتىنى ئالىدۇ، ئاتا ـ ئانىنىڭ ئىجازىتىسىز بىر ئىش قىلمايدۇ. بالا ھەرقانچە كاتتا باشلىق بولسىمۇ، بۇ قائىدە ـ يوسۇنلارغا ئەمەل قىلىش تەلەپ قىلىنىدۇ. ئاتا ـ ئانا ھۆرمىتىدە بالىنىڭ باشلىق ياكى ئاددىي پۇقرا بولۇشى ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ.

## ئۇرۇق - تۇغقانلارنى يوقلاش

ئەنئەنىلىرىمىزدە ئەزەلدىن داۋاملىشىپ كەلگەن ياخشى، قۇتلۇق ئىشلىرىمىزنىڭ بىرى، تۇغقانلار ئۆزئارا بىر - بىرىنى يوقلاش، ئۇلارغا مېھرىبانلىق، شەپقەت بىلدۈرۈش ئارقىلىق تۇغقانچىلىق رىشتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت.

ئۇيغۇرلاردا: تۇغقانلار يىراق بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى يوقلاپ تۇرسا، ئارىلىق بارا - بارا يېقىنلىشىدۇ. ئارىلىق يېقىن بولسىمۇ، لېكىن يوقلاپ تۇرمىسا، يېقىنلىرىمۇ يىراقلىشىپ كېتىدۇ، دېگەن ئەقىدە بار. «ئىزدەشسە ئۆز، ئىزدەشمىسە يات». بۇنىڭدىنمۇ ئۆزئارا يوقلىشىپ، بىر - بىرىگە مېھرىبانلىق يەتكۈزۈشنىڭ خاسىيىتى چىقىپ تۇرىدۇ. بۇنىڭدا يەنە بىر مۇھىم شەرتمۇ بار: تۇغقانلارنى يوقلاش ھەرگىزمۇ بىرەر تەمە بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۇلارغا ياخشىلىق يەتكۈزۈش ئۈچۈن بولسا، ئاندىن ھەقىقىي مەنىدىكى ۋاپادارلىق بولىدۇ.

## قەبرىنى زىيارەت قىلىش

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىسىدە، بايرام، ھېيت ۋە بەزى ئازنا ئاخشاملىرى قەبرىستانلىققا بېرىپ ئالەمدىن ئۆتكەن ئاتا - بوۋىلىرى، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى، دوست - بۇرادەرلىرى ۋە باشقا ئەرۋاھلارنى زىيارەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ روھىغا خاتىرجەملىك تىلەيدۇ. ئۆزىمۇ روھىي خاتىرجەملىككە ئېرىشىپ كېلىدۇ. بۇمۇ بىر خىل ۋاپادارلىق بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ.

ھەرقانداق بىر ئادەمنىڭ ئاخىرقى مەنزىلگاھى قەبرىستانلىقتۇر. ئۇ يەرگە نى - نى ئۇلۇغ، تۆھپىكار ئەزىمەتلىرىمىز قويۇلغان. ئۇنى زىيارەت قىلىش ئارقىلىق بىر تەرەپتىن، ئىنتايىن چوڭقۇر ئىبرەتكە ئىگە بولىدۇ، يەنى ئادەم

بىرىبىر ئۆلىدىكەن، دېگەن چۈشەنچە بىلەن بۇ دۇنيادا ھالال، پاك ياشاش، ھاياتىدىن نىشان قالدۇرۇپ قويۇش، يامانلىق قىلماسلىق، ھەددىدىن ئاشماسلىققا ئاگاھلاندۇرۇلىدۇ. بەنە بىر تەرەپتىن، بىز بوۋىلارنى ئەسلەپ تۇرىمىز، ئۇلار بىلەن روھىي جەھەتتىن بولسىمۇ ئالاقىلىشىپ تۇرىمىز. بىز ئۇلارنى يوقلىساق، بىز قەبرىگە كىرگەندىن كېيىنمۇ بىزنى ئەۋلادلار يوقلايدۇ. شۇنداق قىلىپ ھاياتلار بىلەن ئۆلۈكلەر ئارىسىدا بىر مۇناسىۋەت رىشتىسى ئورنىتىلىدۇ. ئۇ مۇناسىۋەت بىلەن قەبرە يوقلاش خەلقىمىزدە ئەنئەنىۋى قائىدە - يوسۇنلارنىڭ بىرىگە ئايلانغان.

## ئۆلگەننىڭ يامان گېپىنى قىلماسلىق

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىسىدە ئۆلگۈچىنىڭ غەيۋىتىنى قىلىش ئىنتايىن يامان ئىش ھېسابلىنىدۇ، ئۆلگۈچىنىڭ يامان تەرەپلىرىدىن ئىبرەت ئېلىش، ياخشى تەرەپلىرىدىن ئۈلگە ئېلىش تەشەببۇس قىلىنىدۇ. ئۆلگۈچىنىڭ غەيۋىتىنى قىلغانلىقنى ئۇنىڭ قۇرۇق ئۇستىخىنىنى غاجىلىغانلىق دەپ قارايدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭ يامان گېپىنى قىلماي، ياخشىلىقىنى كۆپرەك تىلغا ئېلىپ، ئۇنىڭ روھىنىڭ خاتىرجەملىككە ئېرىشىشىنى ئۈمىد قىلىش لازىم.

## بىر - بىرىنى كەمسىتىش يامان ئىش

ئۇيغۇرلارنىڭ ئىلغار قائىدە - يوسۇنلىرىنىڭ بىرى، ئاجىزلار، مېيىپلار، كۆرۈمسىز ئادەملەرگە يامان كۆز بىلەن قاراش، ئۇلارنى ھاقارەتلەش ناھايىتى يامان ئىش ھېسابلىنىدۇ. مېيىپلارنى كۆرگەندە ئۆزىنىڭ بىجىرىملىكىدىن، ئاجىزلارنى كۆرگەندە، ئۆزىنىڭ كۈچلۈكلۈكىدىن مەمنۇنىيەتدار بولۇشقا، كەمبەغەللەرنى كۆرگەندە ئۆزىنىڭ باياشاتلىقىدىن مەمنۇنىيەتدار بولۇپ ئۇلارغا ياردەم بېرىشكە دەۋەت قىلىنىدۇ. ئاجىز، كۆرۈمسىز،

مېيىپ كىشىلەرنى كۆرگەندە ئۇلارغا قاراپ كۈلۈش، ئۇلارنى مەسخىرە قىلىش، تىللاش ئەڭ ئەخلاقسىز، پەزىلەتسىز ئىش سۈپىتىدە قارىلىدۇ.

ھېچكىمنىڭ مېيىپ، ئاجىز، نامرات بولۇۋالغۇسى يوق. تەبىئىي يارالمىش ئىرادىگە ھېچكىم ئارا تۇرالمايدۇ. بۇ خۇسۇستا: «نەقىشنى ئەيىبلىسەڭ، نەققاشتىمۇ» دېگەن ھېكمەت بار. ئۇنىڭغا، بىر ئادەمنىڭ چىرايلىق يارىلىشىمۇ ئۆزىنىڭ ئىشى ئەمەس، سەت تۇغۇلۇپ قېلىشىمۇ ئۆز ئىختىيارى ۋە تاللىشى ئەمەس. بۇ ھەقىقەتنى ئۇنتۇماسلىق لازىم.

## ئۇلۇغلارنى ئۇلۇغلاش

ئۇيغۇرلارنىڭ قائىدە - يوسۇنلىرىدىكى بىر ئىلغار ئەنئەنە شۇكى، ئۇلۇغلارنى ئۇلۇغلايدۇ، ئۇلۇغلارغا ئەقىدە قىلىدۇ. ئۇيغۇرلاردا: «ئۇلۇغنى ئۇلۇغلىسا قۇت تاپار» دېگەن ھېكمەت نەچچە مىڭ يىللاردىن بېرى خەلق ئىچىدە ئومۇمىي ئەقىدىگە ئايلانغان. ئۇلۇغلار خەلقنىڭ سەركىلىرى، تۇغلىرى ھېسابلىنىدۇ. بىر قوۋمنىڭ ئاقىل، دانىشمەن كىشىلىرى بولمىسا ئۇ ئەل باشلامچىسىز يادىغا ئوخشاپ قالىدۇ. ئۇلۇغلىلىۋقا ئېرىشىش، ئۇلۇغلۇققا ئىنتىلىش ئۇلۇغلارنى ھۆرمەتلەش ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كېلىدۇ.

## ئوچاق ۋە ئائىلە

ئۇيغۇرلارنىڭ قائىدە - يوسۇنىدا ئوچاق كۆپ قاتلاملىق مەزمۇننى ئۆزىدە يۇغۇرغانلىقى بىلەن ئۇيغۇرلار بىلەن تەقدىرداش بولۇپ كەلگەن.

ئوچاقنىڭ ئوتىنىڭ ئۆچمەسلىكى تۇرمۇشنىڭ تەرتىپلىكى، خاتىرجەملىكى، باياشاتچىلىقنىڭ بەلگىسى بولسا، ئوچاق ئوتىنىڭ ئۆچۈپ قېلىشى نىرىكچىلىك يولىنىڭ ئۈزۈلۈپ

قىلمىشى، ئەۋلادنىڭ ئۈزۈلۈشى، ئائىلىنىڭ ۋەيران بولۇشى، نامراتلىقنىڭ بەلگىسى سۈپىتىدە قارالغان.

«موردىن تۈتۈن چىقارماق» دېگەن ئىدىيوم ئائىلە شەجەرىسىنى داۋاملاشتۇرۇش، ئەۋلادنى ئەۋلادقا ئۇلاش دېگەن مەنىدە يۈرگۈزۈلىدۇ.

ئوچاق ئۆينىڭ ئوڭ تەرىپىگە ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. مېھمانخانىدا ئوچاقتىن باشلىنىپ تۆر ھېسابلىنىدۇ. «ئۆي تۇتماق» دېگەن ئۇقۇمنى «ئۆي - ئوچاقلىق بولدى» دەپ ئىپادىلەيدۇ. يەنى ئۇ مۇستەقىل ياشىيالايدىغان ئىمكانىيەتكە ئىگە بولغانلىقىنىڭ ھەم بىر ئوچاقتىن تۈتۈن چىقىرالايدىغانلىقىنىڭ ئىپادىسى دەپ قارىلىدۇ.

خەلقىمىزدە ئوچاق مۇقەددەس ھېسابلانغاچقا، كۈلگە تۈكۈرسە يامان بولىدۇ دەپ قارالغان. بۇ ئەمەلىيەتتە ئوچاققا تۈكۈرسە يامان بولىدۇ دېگەن ئەقىدىنىڭ ئۆزى ئىدى. بۇنىڭدىن ئوچاق مۇقەددەسلىكى تولىمۇ قەدىمكى، يەنى ئىپتىدائىي ئوتقا چوقۇنۇش ئادىتىنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتى دەپ قاراشقا بولىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ تىل ئادىتىدە يەنە «مەدەنىيەت ئوچىقى» دەپ مەدەنىيەت مەركىزىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئوچاق تونۇرنىڭ ئىپتىداسى. ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەك - ئىچمەك مەدەنىيىتىدە ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرغان بولۇپ، ئوچاق بولمىسا تونۇر بارلىققا كەلمەيتتى.

ئوچاق ئۇيغۇرلارنىڭ ئولتۇراق تۇرمۇشقا كۆچكەن تارىخىنىڭ گۇۋاھچىسى، كۆچمەن چارۋىچىلاردا ئوچاق بولمايدۇ.

ئوچاق بارلىققا كەلگەندىن كېيىن ئۇ خەلقىمىزنى قەھرىتان قىشلاردىن تۈگۈلتىپ قويماي باھارغا ئۇلاشتۇردى. ئوچاق ئائىلە ئەزالىرىنى بىر مەركەزگە، يەنى ئوچاقنىڭ چۆرىسىگە ئۇيۇشتۇرۇپ، قەلبىنى قەلبكە باغلىدى. ئوچاق ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىدا تۇرغۇن ھېكايە - قىسسەلەرنىڭ

بارلىققا كېلىشىگە شاھىت بولىدۇ.

## ئۆيدە چاراۋا بېقىش

چاراۋا بېقىش ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش يوسۇنلىرىدىكى بىر قەدىمكى ئەنئەنە. يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۆيدە چاراۋا باقىدۇ، چاراۋىنى ئائىلىنىڭ بەرىكىتى دەپ قارايدۇ. چاراۋا ئائىلىگە خۇشاللىق ئاتا قىلىدۇ، چاراۋا بېقىش كىشىلەرگە مېھرىبانلىقنى، كۆيۈنۈشنى ئۆگىتىدۇ، ئۇ ھەم دېھقانچىلىق ئىگىلىكىنىڭ مۇھىم بىر ياردەمچىسى، چاراۋا باققان ئۆيدە ئۇزۇكچىلىك بولمايدۇ، ئۇلارنىڭ كۆڭلى خاتىرجەم بولىدۇ. چۈنكى، قىيىنچىلىققا يولۇققاندا سانسا ئېھتىياجى ھەل بولىدۇ. چاراۋا دېگەننىڭ ھەتتا ئېزىكىگىچە ھەممە نەرسىسى پايدىلىق. گۆشى يېيىلىدۇ، سۈتى ئىچىلىدۇ، يۇڭ ـ تېرىسى ھەم پۇل بولىدۇ، قىغى ئېتىز ـ ئېرىققا ئوغۇت بولىدۇ. نارىختا پەقەت بىر ئۆچكىسى بولغان تول خوتۇنلارمۇ مانا شۇ ئۆچكىنىڭ سۈتى، تۆلى ۋە تىۋىتى بىلەن ئۆيىنى قامداپ جان باققان. ھەتتا بىر جۈپ توخۇسى بولغان كىشىمۇ خاتىرجەملىككە ئېرىشىدۇ.

## نان ئۇۋاقلىرىنى يېيىش

ئۇيغۇرلاردا شۇنداق بىر ئېسىل يوسۇن داۋام قىلىپ كەلگەنكى، داستىخانغا چېچىلغان نان، گۈرۈچ ئۇۋاقلىرىدىن بىر تالدىن يەتتە تالغىچە تېرىپ ئېغىزىغا سالسا ساۋاب بولىدۇ، دېگەن ئەقىدە بار. مانا شۇ ئەقىدىنىڭ تۈرتكىسىدە كىشىلەر ئاش، ناننى بۇزۇپ چاچمايدۇ، قالايمىقان تۆكمەيدۇ، چاچمايدۇ، ئاش ئاشسا ئۇلاغقا بېرىدۇ ياكى ئۆزلىرى ئىسسىتىپ

يەيدۇ. كوچىلاردا چېچىلغان ئاشلىق دانلىرى، تاشلىنىپ كەتكەن نان پارچىلىرى ئۇچرىسا، تېرىپ يانچۇقىغا سالىدۇ ياكى تېرىپ ئېلىپ دەسسەلمەيدىغان بىر يەرگە ئېلىۋېتىدۇ. چۈنكى، ناننى دەسسەش كورلۇقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، دېگەن ئەقىدىگە ئەمەل قىلىدۇ. داستىخانغا چېچىلغان نان ئۇۋاقلىرىنى، گۈرۈچلەرنى تېرىپ ئاغزىغا سالىدۇ. لېكەن، قاچىلاردىكى ئاشلارنى ئاشۇرۇپ قويۇش ياكى چالا يېيىشنى ئەيىب ئالىدۇ، ئاشلارنى پاكىز يەيدۇ، ھەتتا قورسىقى تويۇپ كەتكەن بولسىمۇ، زورلاپ ئاشنى پاكىز يەۋېتىشنى شۇ ئاشنىڭ تۆكۈلۈپ كېتىشىدىن ئەۋزەل بىلىدۇ.

## ئىشىك ئالدىلىرىغا كۆپ قويۇش

خەلقىمىزنىڭ ئىشىكى ئالدىغا، ھويلىسىغا كۆپ قويۇپ، كۆپكە سۇ تولدۇرۇپ قويۇش قائىدىسى داۋاملىشىپ كەلگەن. چۈنكى، ئۇيغۇر خەلقى ياشاپ كەلگەن بۇ ئالتۇن دىيار نەچچە مىڭ يىللاردىن بېرى خەلقئارا كارۋان يولىنىڭ تۈگۈنى بولۇشتەك ئەۋزەللىكى ئارقىلىق مىڭلىغان، مىليونلىغان مېھمانلارنى كۈتۈۋالغان. بۇلارغا مېھماندوستلۇقنى ئىپادىلەش يۈزىسىدىن مېھمانلارغا داستىخانلىرى ھەرقاچان ئېچىقلىق تۇرغان. ئەڭ ئاددىيسى ئىشىك ئالدىلىرىغا سۇ تولدۇرۇلغان كۆپنى قويۇپ قويۇش ئارقىلىق، ئىشىك ئالدىدىن ئۆتكەن كارۋانلار ۋە يولۇچىلار ئۇسساپ كەلسە بىر نوگاي بولسىمۇ سۇيىدىن ئىچىۋېلىشقا قولايلىق يارىتىپ بەرگەن. چاڭقاپ كەتكەن كارۋانلار ۋە يولۇچى، مۇساپىرلار مۇزدەك سۇدىن بىر نوگاي ئىچىپ ئۆي ئىگىسىگە رەھمەت ئېيتىپ مېڭىشقان. بىز بۇ يوسۇنىمىزنى ھازىرقى دەۋردە داۋاملاشتۇرۇش بىلەن بىللە، مەزمۇنى ۋە شەكلىنى تېخىمۇ بېيىتىپ، خەلقىمىزنىڭ گۈزەل ئەنئەنىسىنى نامايان قىلىش مەسئۇلىيىتىمىز بار.

## يولغا ئەھمىيەت بېرىش

كوچىلاردا ئادەم ماڭمىدۇ، هارۋا، ئۇلاغلار قاتنايدۇ. يوللارنىڭ راۋانلىقى بىخەتەرلىكنىڭ مۇھىم بىر كاپالىتى. ئۇيغۇر خەلقى يوللىرىنىڭ راۋان، ئوچۇق بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. «ئاقيول» بولسۇن دېگەن تىلىكى بىخەتەر بولسۇن دېگەن تىلەكدىن ئىبارەت. شۇڭا، قەدىمدىن بېرى يول قاتنىشىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن. قەدىمدىن مەخسۇس يوللارنى بىخەتەر، راۋان قىلىش ئۈچۈن چېرىكلەر ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ يول قاراقچىلىرى تازىلانغان. يول، كۆۋرۈك ياساش ساۋابلىق ئىشلار دەپ قارىلىپ كىشىلەر خالىس يېنىدىن پۇل چىقىرىپ يوللارنى ياسايدىغان، كۆۋرۈك سالىدىغان ئەنئەنە ئومۇملاشقان. مانا مۇشۇنداق ساخاۋەتلىك ئىشلار ئەڭ كىچىكى يولدا ئۇچرىغان، كىشىلەرگە قولايسىزلىق يەتكۈزىدىغان تاشلارنى يولدىن ئېلىۋېتىش، پاتقاق بولۇپ كەتكەن جايلارنى تۈزەشتۈرۈۋېتىش قاتارلىق ئىشلاردىمۇ ئىپادىلەنگەن.

## نىيەتنى ئەلا بىلىش

ئۇيغۇرلار نىيەتنى ئەلا بىلىدۇ، ياخشى نىيەت ياخشىلىق ئېلىپ كېلىدۇ، شۇم نىيەت يامانلىق ئېلىپ كېلىدۇ، دەپ قارايدۇ. شۇڭا، نىيىتى سائادەت دېگەن ئەقىدىگە ئەمەل قىلىدۇ. «نىيىتى يامانىنىڭ قازىنى تۆشۈك» دېگەن ماقالمۇ شۇنداق ئەنئەنە ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن.

ئەمەلىيەتتە نىيەت بىلەن ئىقبال بىر سەپتە تۇرىدۇ، نىيەت ئىقبالنى بەلگىلەيدۇ، نىيەت بۇزۇلسا ئىقبالى بۇزۇلىدۇ. شۇڭا، خەلق ئارىسىدا بىر ئادەمنىڭ تەقدىرىنى ئۇنىڭ نىيەت –

ئىقبالى بەلگىلىنىدۇ، دېيىش مۇشۇنداق بىر - بىرىنى شەرت قىلىش مۇناسىۋىتىدىن چىقىپ ئېيتىلغان.

ئائىلىگە نىسبەتەن توي قىلىشتىن ئارتىپ ئۆي تۇتۇشقىچە بولغان ھەممە ئىشنى ياخشى نىيەت ئۈستىگە قۇرۇشنى تەكىتلەيدۇ. ھەتتا ياخشى نىيەت ئۈستىگە قۇرۇلمىغان نىكاھنى ھالال نىكاھ دەپ قارىمايدۇ. سودا - سېتىق ئىشلىرىدىمۇ نىيەت توغرا، سەمىمىي بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ. توغرا نىيەت ئۈستىگە قۇرۇلمىغان سودىنى ھالال سودا دەپ قارىمايدۇ. كىشىلەر بىلەن بولىدىغان ھەر خىل مۇئامىلە - مۇناسىۋەتلەردىمۇ ياخشى نىيەتنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويىدۇ. ھەرقانداق ئىش ياخشى نىيەت بىلەن قىلىنسا قۇتلۇق بولىدۇ، نىيەت بۇزۇلسا قۇت كېتىدۇ دەيدۇ. بۇ خۇسۇستا خەلق ئارىسىدا مۇنداق بىر ھېكايە تارقالغان: بەھرام گۆر شىكارغا چىقىپ بىر ئۆۋنى قوغلايمەن دەپ مۇلازىملىرىدىن ئايرىلىپ ئېزىپ قالىدۇ. بۇ پادىشاھ شۇ ئارىدا بىر كەمبەغەلنىڭ ئۆيىگە كىرىدۇ ۋە سۇ تەلەپ قىلىدۇ. كەمبەغەلنىڭ قىزى سۇ ئورنىغا ئانار سۈيى ئېلىپ چىقىدۇ. بۇ ۋاقىتتا پادىشاھ دېھقاندىن ئاناردىن قانچىلىك مەھسۇلات ئالىدىغانلىقىنى سورايدۇ. دېھقان ئاناردىن ئالىدىغان مەھسۇلاتنى دەپ بەرگەندىن كېيىن، پادىشاھ بۇنىڭدىن كېيىن دېھقانلارغا ئانار سېلىقى سالسام بولغۇدەك دېگەن يامان نىيەتنى كاللىسىدىن ۋاللىدا ئۆتكۈزىدۇ ۋە يەنە بىر پىيالە ئانار سۈيى بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئانار سۈيى ناھايىتى ئاستا چىقىدۇ. قىزنىڭ دادىسى سورايدۇ: «قىزىم، بۇ نۆۋەت بەك ھايال بولدىڭىزغۇ؟»، «دادا، پادىشاھنىڭ نىيىتى بۇزۇلغاندەك قىلىدۇ. ئالدىدا بىر ئانار سىقسام پىيالەلىق تولغانىدى. بۇ نۆۋەت ئۈچ ئانار سىقسام بىر پىيالە ئاران تولدى.» بۇ چاغدا پادىشاھ بەھرام گۆر ئۆزىنىڭ يامان نىيەتتە بولغانلىقىنىڭ ئەلگە ئايەت بولىدىغانلىقىنى چۈشىنىپتۇ ۋە نىيىتىدىن يېنىپتۇ. شۇڭا، ئۇيغۇرلاردا نىيەتنى ياخشى قىلىش، نىيەتنى ئۇلۇغ بىلىش بىر ئەنئەنىگە ئايلانغان.

## ياخشىلىقنى كىمگە قىلىش كېرەكلىكى ھەققىدە

ياخشىلىق قىلىش ئۇيغۇرلارنىڭ ياخشى ئەنئەنىسى دېيىلسە، ياخشىلىقنى كىمگە قىلىش، كىمگە قىلماسلىق قائىدە-يوسۇنلىرىدىكى مۇھىم بىر تالاش ھېسابلىنىدۇ. ياخشىلىقنى ئۆزىگە قارام بولغان كىشىلەردىن باشلاش قائىدە-يوسۇن ئېقىمىدىكى بىر ئەنئەنە. بىراق، بۇنىڭمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق قائىدىسى بار. ئاۋۋال ئۆزىنىڭ ئاتا-ئانىسى، خوتۇن، بالا-چاقىلىرى، تۇغقانلىرى، قېرىنداشلىرى، چوڭ دادا، چوڭ ئانىلىرى، بىر نەۋرە تۇغقانلىرى قاتارلىقلارغا ياخشىلىق قىلىنىدۇ. بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ياخشىلىققا موھتاج بولغان كىشىلەرگە ئاۋۋال ياخشىلىق قولىنى سۇنىدۇ. ئاندىن قوربىتى يەتسە قولىدىن كېلىشىچە باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىش تەشەببۇس قىلىنىدۇ. ياخشىلىقنىڭ مۇھىم ئۆلچىمى پاكى قېلىپى يوق. ئىقتىسادىي جەھەتتە موھتاج بولسا، ئۇلارنىڭ قىيىنچىلىقىدىن چىقىشىمۇ ياخشىلىق، ئۇلارغا ھەقىقىي مېھىر-مۇھەببەت بىلەن ۋاپادارلىق كۆرسىتىش، كېسەل بولۇپ قالسا قاراش، ياخشى گەپ قىلىش، ئۇلارغا ئازار بەرمەسلىك قاتارلىقلارمۇ ياخشىلىق ھېسابلىنىدۇ. كىلاسسىكلىرىمىز دېگەن، ياخشىلىق قىلىش قولۇڭدىن كەلمىسە، يامانلىق قىلما، يامانلىق قىلمىغانلىقمۇ ياخشىلىق قىلغانلىق بولىدۇ.

ياخشىلىق قىلىش ئىنساننىڭ تەبىئىتى، يامانلىق قىلىش ئىنسان تەبىئىتىگە قىلىنغان ئاسىيلىق. ياخشىلىق قىلىش بىلەن تۇغقانلار ئارىسىدا ۋە ئەتراپىدىكى كىشىلەر ئارىسىدا مېھىر-مۇھەببەت چوڭقۇرلايدۇ. بۇ دۇنيا مېھىر-مۇھەببەت بىلەن شۇنداق گۈزەل. ئەگەر ئىنسانلاردىن مېھىر-مۇھەببەت كۆتۈرۈلۈپ كەتسە، بۇ دۇنيا جاھالەتكە ۋە قاباھەتكە ئايلىنىدۇ.

شۇڭا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى قائىدە ـ يوسۇنلىرىدا ياخشىلىق قىلىش، يامانلىق قىلماسلىق ئىنسان ئۆلچىمىنى، ئەخلاقىي پەزىلىتىنى ئۆلچەيدىغان بىرىنچى نومۇرلۇق تارازا قىلىنغان. ئۇيغۇرلارنىڭ ئادىتىدە ياخشىلىق قىلغانلارنى پەرىشتىگە، خىزىرغا ئوخشاتسا، يامانلىق قىلغۇچىلارنى ئىبلىسقا، يىلانغا، چايانغا، يالماۋۇزغا ئوخشىتىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىسىدە ياخشىلىق قىلىدۇ، مىننەت قىلمايدۇ. مىننەت قىلىشنى سېخىيلىقنىڭ، ياخشىلىقنىڭ ئاپىتى دەپ قارايدۇ. مىننەت قىلىش ياخشىلىقنى پاك ـ پاكىز يۇيۇۋېتىدۇ، ياخشىلىق دېگەننى خالىس نىيەت بىلەن قىلىش لازىم، بىرەر نەرسە ئۈندۈرۈۋېلىش مەقسىتىدە قىلىنغان ياخشىلىق ئالدامچىلىق بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. قەدىمكى ئۇيغۇر ماقال ـ تەمسىللىرىدە: «ياخشىلىقنى سۇنىڭ ئايغىغا تاشلا، بېشىمدىن ئىمزدە» دېيىلگەن. بۇ دېگەنلىك ياخشىلىقنى ياخشىلىققا ئېرىشىمەن دېگەن تەمەدە قىلما دېگەنلىك بولىدۇ. ياخشىلىق قىلغان ئادەم ئەمەلىيەتتە ئۆزىگە ياخشىلىق قىلغان بولىدۇ، دەپ قارىلىدۇ.

# كىشىلىك مۇئامىلە ـ مۇناسىۋەت قائىدىلىرى

خەلقىمىز ئۇزۇن ئەسىرلىك تۇرمۇش ئەمەلىيىتى داۋامىدا قانداق خاراكتېرلىك كىشىلەر بىلەن مۇئامىلە ـ مۇناسىۋەتتە بولۇش، قانداق كىشىلەر بىلەن مۇئامىلە ـ مۇناسىۋەتتە بولۇشتىن پەرھىز قىلىش ھەققىدە نۇرغۇن تەجرىبىلەرگە ئىگە بولغان. شۇنىڭ بىلەن بۇ خىل چۈشەنچە ئومۇملۇققا ئىلىنىش ئارقىلىق مىللىتىمىزنىڭ مۇھىم قائىدە ـ يوسۇن مەزمۇنى بولغان.

بىرىنچى، تېگىزاتى پەس ئادەملەر بىلەن مۇئامىلە ـ مۇناسىۋەت قىلماسلىق، چوڭ ئىشلاردا ئۇلار بىلەن خېرىدارلاشماسلىق. چۈنكى، تېگىزاتى پەس ئادەملەر مۇھىم ئىشلارنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدۇ، ۋاپاسىز بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. شۇڭا، قۇدا ـ باجىلىق مۇناسىۋىتىمۇ ئالدى بىلەن تېگىنى سۈرۈشتۈرۈش ئەكتىلىنىدۇ.

ئىككىنچى، ھارامدىن بولغان ئادەملەر. ھارامدىن بولغان ئادەملەر مەينەتچىلىك، جىنايەت، زىناخورلۇقنىڭ مېۋىسى بولغاچقا، ئۇنىڭدىن ياخشىلىق كەلمەيدۇ، ھەر بالا كەلسە شۇنىڭدىن كېلىدۇ، دەپ قارايدۇ. شۇڭا، ئادەملەرنىڭ ئەسكىسىنى «ھارامدىن بولغان» دەپ تىللايدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ھارامدىن بولغانلار ھەققىدە: ئەگەر ئاتا ھارامغا بارغان بولسا، ئوغۇل تۇغسا، ئۇ ئوغۇل ئەلگە ئاپەت بولىدۇ، دېگەن.

ئۈچىنچى، سايىق، بىكار تەلەپ كىشىلەر بىلەن ئارىلىشىش چەكلىنىدۇ. چۈنكى، ئۇنداق كىشىلەر ئۆزىنى قەدىرلەشنى بىلمەيدۇ، شۇڭا باشقىلارغىمۇ ۋاپا قىلمايدۇ. ئۇنداق كىشىلەرنى جەمئىيەتنىڭ ئەخلەتلىرى دەپ قارايدۇ.

تۆتىنچى، خاراكتېرى زەئىپ، ئۈمىدسىز، تەمەخور، نومۇسسىز كىشىلەر. جەمئىيەتكە نېمە بالا كەلسە مانا شۇنداق كىشىلەردىن كېلىدۇ، دەپ قارايدۇ. «ھاياسىزدا ئىمان يوق» دېگەن گەپ شۇنىڭغا ئاساسەن ئېيتىلغان.

بەشىنچى، يالغانچى، پىتنە ـ پاساتچى، تۆھمەتخور، سۇخەنچى كىشىلەردىن نېرى تۇرۇش، ئۇلار بىلەن ھەمسۆھبەت بولماسلىق تەكىتلىنىدۇ.

ئالتىنچى، ئاچچىقى يامان، ئالدىراڭغۇ، تەنتەك كىشىلەر بىلەن بىر ئىش قىلماسلىق، ئۇلارغا مۇھىم ئىشلارنى تاپشۇرماسلىق تەلەپ قىلىنىدۇ.

يەتتىنچى، ھاراقكەش، بەڭگى، قىمارۋاز، پاھىشىۋاز كىشىلەر بىلەن باردى ـ كەلدى قىلىش چەكلىنىدۇ. «يامانغا يولۇقساڭ يالىسى يۇقىدۇ» دېگەن كىشىلەر مانا شۇ جۈملىدىكى ئادەملەرنى كۆرسىتىدۇ.

## ئاياللارغا ياخشى مۇئامىلىدە بولۇش

ئۇيغۇرلاردا ئاياللارغا ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن مۇئامىلە قىلىنىدۇ. ئاياللارنى بوزەك قىلىش، ئۇلارنى خورلاش، ئاياللارنى ئۇرۇش يارىماسلىق، زەئىپلىك ھېسابلىنىدۇ. ئاياللارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىش، ئۇلارغا يول قويۇش، ئۇلار بىلەن مەنپەئەت تالاشماسلىق ئەرلىك، مەردلىك سانىلىدۇ. ئاياللارغا تىل تەگكۈزگەن، ئاياللارغا قول تەگكۈزگەن كىشىلەر نامەردلەر قاتارىدا سانىلىدۇ.

## ئەرلەر ئەزىزلىنىدۇ

ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئەرلەرنىڭ ئىمتىيازى ئاياللارنىڭ ئىمتىيازىدىن يۇقىرىراق بولىدۇ. كۆپ ئورۇنلاردا ئەر - ئاياللار بار سورۇندا ئەرلەر تۆرگە ئېلىنىدۇ. ئەرلەرنى ئائىلىنىڭ تۈۋرۈكى دەپ قارايدۇ. ئاياللارنىڭ ئەرلەرنى ھۆرمەتلىشى، ئەرلەرگە تىل يارماسلىقى، ئەرلەرگە ھۆرمەت، ئېھتىرام بىلەن مۇئامىلە قىلىش تەلىپى قويۇلىدۇ. بۇ ھەرگىزمۇ ئەرلەر ئەزىز، ئاياللار خار دېگەن فېئوداللىق ئىدىيە ئەمەس، بەلكى بۇ ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ مۇھىم بىر ئالاھىدىلىكى. ئەڭ مۇھىمى ئاياللار ئەرلەرنىڭ ئالدىدا ناھايىتى پەردىشەپلىك، پەزىلەتلىك، نازاكەتلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. ئەرلەردىن بىسوراق بىرەر ئىشقا قارار چىقارمايدۇ. ئەرلەرنىڭ ئىجازىتىنى ئەزىز بىلىدۇ.

ئەرلەرنىڭ ئىمتىيازىنىڭ يۇقىرى بولۇشى، ئۇلار جەمئىيەتنىڭ مۇھىم ئىشلىرىنى ئۈستىگە ئالغان، ئەرلەر ئورۇشلارغا قاتنىشىدۇ. ئەرلەر ئائىلىسىنى بېقىش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالغان. ئومۇمەن، ئەرلەرنىڭ ئۈستىگە ئالغان يۈكى ئاياللارنىڭكىدىن ئېغىرراق بولىدۇ.

## باشقىلارنىڭ ئەيىبىنى يوشۇرۇش

ئۇيغۇرلار باشقىلارنىڭ ئەيىبىنى كۆرسە ئۇنى ئاشكارىلىماي يوشۇرىدۇ. سىر ئېيتسا سىرىنى ساقلايدۇ. سىرنى ئاشكارىلاش ئەخلاقسىزلىق دەپ قارىلىدۇ. ھەتتا ئۇنداق ئادەمنى ئىككى يۈزلىمىچى دەپ قارايدۇ.

مۇبادا بىر كىشىنىڭ كۆرسىتىشكە تېگىشلىك ئەيىبى بولسا، ئۇنى خەلقئالەمگە ئاشكارىلاپ، ئۇنى رەسۋا قىلماي، بەلكى ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىپ تۈزىتىۋېلىشىغا ياردەم بېرىش پەزىلەت ھېسابلىنىدۇ.

بىر ئادەم بىر گۇناھلىق ئىشنى يوشۇرۇن قىلغان بولسا، يەنە بىر ئادەم ئۇنى ئاشكارىلاشنى راۋا كۆرسە، ئۇ ئادەم گۇناھ ئۆتكۈزگەن ئادەمدىن گۇناھتا ئارتۇق ھېسابلىنىدۇ.

## كىشىلەرنى ئەپلەشتۈرۈش

خەلقىمىز ئارىسىدا يارىشىش ياخشى كۆرۈلىدۇ، بۇزۇلۇش يامان ئېلىنىدۇ. قەستەن كىشىلەرنىڭ ئارىسىغا زىددىيەت سېلىپ، ئەر - خوتۇن ئىچىدە سۇخەنچىلىك قىلىپ ئارىنى بۇزۇش ناھايىتى يامان ئېلىنىدۇ. كىشىلەرنى ئەپلەشتۈرۈش، ئەر - خوتۇنلارنىڭ يارىشىپ قېلىشىغا ۋاستە بولۇش ياخشى ئىش قاتارىدا سانىلىدۇ. ھەتتا يالغان سۆزلەش پەزىلەتتىن يىراق بولسىمۇ، ئىككى تەرەپنى ئەپلەشتۈرۈش ئۈچۈن يالغان سۆزلىسە ئەيىب ھېسابلانمايدۇ.

## يېتىملارنىڭ بېشىنى سىلاش

خەلقىمىزنىڭ پەزىلەت ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك تەلىپىدە يېتىملارنى ئاسراش، ئۇلارغا غەمخورلۇق قىلىش، ئۇلارنىڭ بېشىنى سىلاش، ئۇلارغا قولىدىن كېلىشىچە ياردەم بېرىش تەكىتلىنىدۇ. يېتىملارغا ئازار بېرىش، ئۇلارنى بوزەك قىلىش، خورلاش ئىنتايىن يامان ئېلىنىدۇ. يېتىملارنىڭ ئىشىدا ئۇلارنىڭ ئېشىغا تويا سېلىشتەك يامان ئىش، يامان ھەرىكەتلەر سادىر بولسا، كىشىلەر ئورتاق قارشى تۇرۇپ يېتىمنىڭ مەنپەئەتنى قوغدايدۇ.

## تۇل خوتۇنلارغا غەمخورلۇق قىلىش

خەلقىمىزنىڭ ئادىتىدە تۇل خوتۇنلارنىڭ ھەققى قاتتىق تەكىتلىنىدۇ. ئۇلارغا غەمخورلۇق قىلىش، قىيىنچىلىقلىرىنى

ھەل قىلىپ بېرىش، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش قىيىنچىلىقى تۈپەيلىدىن يامان يولغا كىرىپ قالماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش تەشەببۇس قىلىنىدۇ. ئەگەر شۇ تۇل خوتۇن قىيىنلىپ قالغانلىق سەۋەبلىك بۇزۇقچىلىق قىلىپ قالسا، بۇنىڭدا ئەتراپىدىكى كىشىلەر ئەيىبلىك سانىلىدۇ.

## چۈشكۈرۈش ۋە ئەسنەش

ئۇيغۇرلار بىر كىم چۈشكۈرۈپ: «ئەلھەمدۇلىللا» دېسە، باشقىلار «يەرھەمەكۇللا» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. چۈشكۈرگۈچىنى ئەيىبكە بۇيرۇمايدۇ. بىراق چۈشكۈرگۈچىدىن «ئەلھەمدۇلىللا» دېيىشى تەلەپ قىلىنىدۇ. ئەسنەش يامان ئېلىنىدۇ، ئەسنىگەندە شەيتان ھەمراھ بولىدۇ، ئەسنەك كەلگەندە ئىلاج بار ئەسنەشنى بېسىش كېرەك دەپ قارايدۇ. ئادەم ئەسنەش ئۈچۈن ئېغىزىنى ئاچقاندا ئېغىز خۇددى بىر غارغا ئوخشاش ئېچىلىپ كىشىلەرنىڭ غەشلىكىنى قوزغايدۇ. شۇڭا، ئاممىۋى سورۇنلاردا، باشقىلار بىلەن سۆھبەتلىشىۋاتقاندا، يىغىندا ئەسنەشتىن ساقلىنىش تەلەپ قىلىنىدۇ.

## يەتتە كۈندە بىر قېتىم يۇيۇنۇش

ئۇيغۇرلارنىڭ قائىدە ـ يوسۇنىدا بالاغەتكە يەتكەن قىز ـ ئوغۇل، ئەر ـ ئايال يەتتە كۈندە بىر قېتىم چوقۇم يۇيۇنۇپ تۇرۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ. بۇ ئەڭ تۆۋەن تەلەپ بولۇپ، كۈندە يۇيۇنسىمۇ، ئۈچ كۈندە يۇيۇنسىمۇ بولىدۇ. بىراق، يەتتە كۈندىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك. بولۇپمۇ جۈمە ئەتىگىنى غۇسۇل ـ تەرەت بىلەن سىرتقا چىقىش ياخشىلىق ئېلىپ كېلىدۇ، دەپ قارىلىدۇ.

جىنسىي مۇناسىۋەتتە بولغاندا، ئىھتىلام بولغاندا چوقۇم غۇسۇل تەرەت ئېلىپ ئاندىن ئۆيدىن چىقىدۇ. جۇنۇپ ھالەتتە سەپەرگە چىقمايدۇ، جۇنۇپ ھالەتتە ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللانمايدۇ. جۇنۇپ ھالەتتە كىشىلەر بىلەن كۆرۈشمەيدۇ. جۇنۇپ ھالەتتە ھەتتا بالا - چاقىلارنىڭ ئالدىدا يۈرمەيدۇ، تاماق يېمەيدۇ. جۇنۇپ ھالەتتە بىرەر ئىش بىلەن مەشغۇل بولسا ئۇ ئىش خەيرلىك بولمايدۇ، دەپ قارايدۇ.

## ئۈجمە دەرىخى تىكىش

ئۇيغۇرلار ئۈجمە دەرىخىنى ساخاۋەت دەرىخى دەپمۇ ئاتايدۇ. ئۈجمە دەرىخى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ قەدىمكى ئىقتىسادىي دەرىخى ھېسابلانغان. مىلادىيەدىن بۇرۇنلا ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئاتا - بوۋىلىرى ئۈجمە دەرىخىدىن پايدىلىنىپ پىلە بېقىپ يىپەك ئىشلەپچىقارغان. بۇ ئەنئەنە ھازىرغىچە داۋاملاشقان. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۈجمە ئەزەلدىن ئۇيغۇرلاردا ئىشىك ئالدىغا، كۆل بويلىرىغا قويۇلغان. ئۇنىڭ مېۋىسىدىن ئۆتكەن - كەچكەنلەر ئەركىن پايدىلىنالايدۇ، چەكلەنمەيدۇ. ئۈجمە تۇنجى قېتىم پىشىدىغان مېۋە بولغاچقا، ئۇ ياز بولغانلىقىنىڭ ئەلچىسى. ئۇنىڭ مېۋىسى مىجەزنى تەڭشەيدۇ، قان تازىلايدۇ. ئۈجمە يول بويلىرىدا بولغاچقا ئۆتكەن - كەچكەن يولۇچىلار ئۈجمە سايىسىدا ئولتۇرۇپ ئارام ئالىدۇ. ئۈجمە دەرىخىنىڭ ياغىچىمۇ خەلقىمىز ئەتىۋارلايدىغان ياغاچ، ئۇنىڭدىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى چالغۇلىرى ياسىلىپلا قالماي، بەلكى ئۈجمە ياغىچىدىن ياسالغان ئۆي جابدۇقلىرىمۇ ئىنتايىن ئەتىۋارلىق بولىدۇ.

## قەبرىلەرنى زىيارەت قىلىش

خەلقىمىزنىڭ ئادىتىدە قەبرە يوقلاش، قەبرە زىيارەت

قىلىش قەدىمدىن تارتىپ داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىلىرىنىڭ بىرى. بۇنىڭدا يالغۇز ئاتا ـ ئانا، بوۋا، مومىلارنىڭ قەبرىسىنى يوقلاپ قالماي، ئۇلار خەلقىمىزنىڭ ئارىسىدىن چىققان ئۇلۇغ كىشىلەرنىڭ، باھادىر ئەزىمەتلەرنىڭ، تۆھپىكار ئالىملارنىڭ قەبرىسىنى تاۋاپ قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ روھىغا خاتىرجەملىك تىلەيدۇ. بۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ تۆھپىسىنى ياد ئېتىش بىلەن ئۇلارنىڭ روھىنى ئۆزىگە ئۈلگە قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىش ئىزلىرىنى ئەۋلادلارنىڭ قەلبىگە سىڭدۈرىدۇ. بۇ خىل پائالىيەتلەرنىڭ بەزىلىرىنىڭ كۆلىمى ناھايىتى كەڭ بولۇپ، بايرام تۈسىنى ئالغان بولىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئەۋلادلارنىڭ قەلبىدە ئەل ئۈچۈن تۆھپە قوشۇش ئىستىكىنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدۇ.

## قەبرە بېشىدا ئولتۇرماسلىق

قەبرە بېشىغا بېرىپ زىيارەت قىلىش، ئەرۋاھلارنىڭ روھىغا ئاتاپ دۇئا قىلىش ساۋاب، بىراق قەبرە ئۈستىدە ئولتۇرۇش يامان، قەبرە ئۈستىگە قالايمىقان دەسسەشمۇ يامان ئىش سانىلىدۇ. بۇ شۇ قەبرە ئىگىسىگە بولغان ھۆرمەتسىزلىك ھەم ئۆزىنىڭ ئۆلىدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالغانلىق سانىلىدۇ. ئەقىدىلەردە: «قەبرە بېشىدا ئولتۇرغاندىن چوغ ئۈستىدە ئولتۇرغان ياخشى» دېيىلگەن.

# كىشىلىك مۇناسىۋەتتىكى يەنە بىر قىسىم پەزىلەت يوسۇنلىرى

ھەربىر ئادەم جەمئىيەتتە كىشىلەر بىلەن ھەر خىل مۇناسىۋەتلەر سەۋىيىلىك مۇئامىلە قىلىپ تۇرىدۇ، بىزنىڭ ھەربىر ھەرىكىتىمىز باشقىلارغا ئوخشاش بولمىغان خاراكتېردە تەسىر قىلىسا، باشقىلارنىڭ ياخشى ـ يامان ھەرىكەت پائالىيەتلىرى ھەم بىزگە ئوخشىمىغان خاراكتېردە تەسىر قىلىپ تۇرىدۇ. مۇشۇنداق مۇناسىۋەت تورى ئىچىدە ھەر خىل سورۇنلارغا نىسبەتەن ئەمەل قىلىدىغان پەزىلەت يوسۇنلىرى بارلىققا كەلگەن بولۇپ، جەمئىيەت ھەربىر كىشىنىڭ بۇ پەزىلەت يوسۇنلىرىغا ئاڭلىق ھالدا رىئايە قىلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. پەزىلەت يوسۇنلىرىغا رىئايە قىلغان ئادەملەر ياخشى ئادەم دەپ ھۆرمەتلىنىدۇ، پەزىلەت يوسۇنلىرىغا خىلاپلىق قىلغان ئادەم ئەيىبلىنىدۇ.

## باشقىلارنىڭ ئارىسىنى تۈزەپ قويۇش

ئىككى بۇرادەر ئۆزئارا ئارازلىشىپ قالسا ياكى بىر جۈپ ئەر ـ خوتۇن ياماتلىشىپ قالسا، جامائەت ئارىغا كىرىپ ئەپلەشتۈرۈپ قويىدىغان قائىدە بار. چۈنكى، جامائەتچىلىك ئارىسىدا ئۆزئارا ئۆچمەنلىك ساقلاش، بىر ـ بىرىگە يامان نىيەتتە بولۇش يۇرتقا ياخشىلىق ئېلىپ كەلمەيدۇ، يۇرتتا خاتىرجەملىك بولمايدۇ. يۇرتنىڭ بەخت ـ سائادىتى ئۆزئارا ئىتتىپاقلىق، بىر ـ بىرىگە يار ـ يۆلەك بولۇش ئارقىلىق

ئەمەلگە ئاشىدۇ. قايسى يۇرتتا دۈشمەنلىشىش، قىر كۆرسىتىش باش كۆتۈرىدىكەن شۇ يۇرتتا خارابلىق يۈزلىنىدۇ. بىر ـ بىرىنى ئىناقلىققا دەۋەت قىلماي، كارىم نېمە دەپ مەسئۇلىيەتسىز مۇئامىلىدە بولىدىغان قوۋم تېز ھالاك بولىدۇ، دەپ قارىلىدۇ.

شۇڭا، ئۆزئارا ياراشتۇرۇش ئۈچۈن قىلىنىدىغان ھەرىكەت ياخشىلىق ھېسابلىنىدۇ، پەزىلەت ھېسابلىنىدۇ.

## باشقىلارنىڭ ئەيىبىنى ئېچىش يامان

كىشىلەرنىڭ ئىككى خىل ئەيىبى بولىدۇ، بىرى، تەبىئىي تۇغما بولغان بەدىنىدىكى ئەيىب، يەنە بىرى، پەزىلىتىدىكى ئەيىب. باشقىلارنىڭ تەبىئىي يارالمىش ئەيىبىنى ئېچىش، ئۇنى شۇ ئەيىبى بىلەن تىللاش پەزىلەت يوسۇنىغا خىلاپ، چۈنكى ئۇ ھېچقانداق ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ تاللىۋالغان ئىشى ئەمەس. شۇڭا، ئۇيغۇرلاردا «تازنى تاز دېسە ئۆلگىسى كېلىدۇ، ساقتى تاز دېسە كۈلكىسى كېلىدۇ» دېيىلگەن. بىر دانىشمەن، ھەتتا بىر ئىتنى ئەيىبلەپ «نېمانچە سەت يارالغان نېمىسەن» دەپ قويغانلىقى بىلەن كۆپ كۆلپەت تارتقانىكەن. «تاڭ سۆزلىمەڭ تاڭدا كېلەر» دېگەن ئەقىدە ھەربىر ئادەمنىڭ يادىدا بولۇشى كېرەك.

ھازىر پەزىلەت يوسۇنىغا، گۈزەللىك قانۇنىيىتىگە خىلاپ بولغان، تەبىئىي يارالمىش ئىرادىگە ئاسىيلىق قىلىدىغان بىر يامان ئىش باش كۆتۈردى. بەزىلەر ئەسلىي يارالمىش تەبىئىتىگە نارازى بولۇپ، نومۇس قىلىپ، پاناق بۇرنىنى قاڭشارلىق قىلىدىغان، يايما قاپاقنى قات قاپاق قىلدۇرىدىغان، مەڭ چەكتۈرىدىغان، لەۋ چەكتۈرىدىغان بىر ئايىنىش بارلىققا كەلدى. بۇ خىل ئادەت پەزىلەت يوسۇنىغا خىلاپ ئىش. بىراق، ئۇيغۇرلار ئەڭلىك سۈرتۈش، خېنە قويۇش، ئوسما قويۇش، خۇشبۇي ئىشلىتىش ئارقىلىق گۈزەللىكنى ئاشۇرۇشقا تىرىشقان. ئۇ ئىشلار توغرا نىيەتتە بولسا يامان ئېلىنمايدۇ. خەلقىمىزدە،

«يۈزىگە قارىسا، ئەردەم تىلە» دېگەن ماقال قەدىمدىن تارتىپ داۋاملىشىپ كەلگەن گۈزەللىك ئۆلچىمى ئىدى. ئادەمنىڭ يۈزى ئاق بولۇپ، قەلبى قارا بولسا ئۇنى بەتبەشىرە ئادەم دەپ قاراشقا بولىدۇ. شۇڭا، ئادەم تەبىئىي يارىلىشنى قوبۇل قىلىشى، ئۇنىڭغا ھۆرمەت قىلىشى، قەلب گۈزەللىكىنى ئاشۇرۇشقا تىرىشىشى تەلەپ قىلىنىدۇ.

## بىرىنىڭ ئۆيىگە ئىجازەتسىز كىرىش مەنئى قىلىنىدۇ

بىر ئۆيگە ھاجەت بىلەن كەلگەن ئادەم، ئالدى بىلەن ئىشىك چېكىدۇ ياكى بولمىسا «يۆتىلىش» ئارقىلىق ئۆي ئىگىسىگە بىرەيلەننىڭ كەلگەنلىكىنى ئۇقتۇرىدۇ. ئۆي ئىچىدىن «كىم؟» دېگەندە، «مەن پوكۆنى بولىمەن» دەپ ئىسمىنى مەلۇم قىلىش تەلەپ قىلىنىدۇ. «مەن» دەپ قويۇشلا كۇپايە قىلمايدۇ، ئۆي ئىگىسى ئىجازەت بەرسە كىرىدۇ، ئەگەر ئۈچ قېتىم ئىشىك قاقسىمۇ ئۆيدىن ئىنكاس چىقمىسا قايتىپ كېتىش ياخشى.

ئەر كىشى مەلۇم ئۆيگە كەلگەن بولسا، ئىجازەت بەرسۇن، بەرمىسۇن، ئۆيدە ئەركىشى بولمىسا كىرىش چەكلىنىدۇ. ئايال كىشىمۇ نامەھرەم ئەرنى ئېرى يوق ئەھۋالدا ئۆيگە تەكلىپ قىلمايدۇ. گەرچە ھەر ئىككى تەرەپ ئۈچۈن ئۆيگە تەكلىپ قىلىش، ئۆيگە كىرىش توغرا نىيەت بىلەن بولغاندىمۇ، بىراق ھەر ئىككى خىل ئەھۋال كىشىلەردە ۋە ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئايالى ۋە ئېرىدە گۇمان پەيدا قىلىپ قويىدۇ. ئەدەپ يۈزىسىدىن گەرچە ئايال كىشى ئۆيگە كىرىڭ دېسىمۇ، ئەر كىشىنىڭ قوبۇل قىلماسلىقى تەلەپ قىلىنىدۇ. ئايال كىشى «ئەر كىشى ئۆيدە يوق ئىدى، ئۆيگە كىرىڭ دېيەلمەيمەن، كەچۈرۈڭ» دېگەن بولسا ھەرگىز ئەيىبكە بۇيرۇلمايدۇ، بەلكى پەزىلەت جۈملىسىدىن سانىلىدۇ. بۇ قائىدىگە خىلاپلىق قىلماسلىق كېرەك.

## ئىككى ئايال بىر تۆشەكتە بىللە ياتمايدۇ

بۇ خىل قائىدىنىڭ يولغا قويۇلۇشى، بۇنداق ئائىلىنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشىگە ۋە پەردىشەپنىڭ كۆتۈرۈلۈپ كېتىشىگە سەۋەب بولغانلىقى ئۈچۈندۇر. ئەگەر ئىككى ئايال بىر تۆشەكتە بولغاندا، بىر ئايال يەنە بىر ئايالغا ئېرىنىڭ سۈپەتلىرىنى دەپ قالسا، ئۇ ئايال ئۇ ئەرگە باشقىچە نىيەتتە بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. ئەگەر ئايال ئۆزىنىڭ بەدىنىدىكى بەزى تەرەپلەرنى دەپ بەرسە، ئۇ ئايال ئېرىگە ئۇنى شۇ ئەر شۇ ئايالنىڭ بېشىدا تۇرغاندەك تەسۋىرلەپ بەرسە، ئۇ ئەردە ئۇ ئايالغا نىسبەتەن ھېسسىيات پەيدا بولۇپ قالسا ئارىدىكى پەزىلەتكە ئېغىر نۇقسان يېتىدۇ.

ئەرلەرمۇ بىر تۆشەكتە بىللە ياتماسلىقى تەلەپ قىلىنىدۇ. ئەگەر بۇ ئىككى ئەر ئۆز ئاياللىرىنىڭ سۈپەتلىرىنى بىر - بىرىگە سۆزلەپ بەرسە، يەنىلا پەردىشەپكە ئېغىر نۇقسان يېتىدۇ. ياخشى تەرەپلىرىنى دەپ بەرسە قىزىقتۇرۇپ قويىدۇ، يامان تەرەپلىرىنى دېسە غەيۋەت بولىدۇ. ئەرلەر بولسۇن، ئاياللار بولسۇن ھەرقانداق ئەھۋالدا ئۆز ئېرىنىڭ ياكى ئۆز خوتۇنىنىڭ ھەرقانداق تەرەپلىرىنى بىر - بىرىگە دېيىشى پەزىلەت يوسۇنلىرىمىزنى بۇزىدۇ. ھەتتا ئەر - خوتۇنلار ئۇرۇشۇپ قالغان تەقدىردىمۇ ھەرگىز بىر - بىرىنىڭ ئەيىبىنى ئاچماسلىق پەزىلەت. «سەن ئۇنداق، سەن مۇنداق» دەپ يامىنىنى ئەل - جامائەتكە ئاشكارىلاش ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئىناۋىتىنى يەرگە ئۇرىدۇ، كىشىلەرنىڭ ئالدىدا ئىشەنچسىز، ھاياسىز دېگەن بەتنامغا قالىدۇ.

ھېكايەتتە كەلتۈرۈپتۇركى، ئىككى ئايال بىر تۆشەكتە يېتىپ، بىر - بىرىنىڭ بەدەن ئالاھىدىلىكىنى دېيىشىپتۇ. بىرى يەنە بىرىگە: «مېنىڭ خاس يېرىمدە مەڭ بار» دەپتۇ. ئۇ ئايال

ئېرىگە: «قوشنىمىز يوكۆنى خانىنىڭ ھېلىقى يېرىدە مەڭ باركەن» دەپتۇ. كۈنلەر ئۆتۈپ، بىركۈنى بۇ ئىككى قوشنا قاتتىق ئۇرۇشۇپ قاپتۇ. ھېلىقى ئايالنىڭ ئېرى، يەنە بىر ئايالنىڭ ئېرىگە مەن سېنىڭ خوتۇنۇڭ بىلەن بىللە بولغان، دەپ يەنە بىر ئەرنى يەرگە قاراتماق بولۇپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان ئەر، جۆيلىمە، ئايالىم ھەرگىزمۇ ئۇنداق ئايال ئەمەس، دەپتۇ. ھېلىقى نائەھلى، ئۇنداق بولسا ئايالىڭنىڭ خاس يېرىگە قاراپ باق، مەڭ بار، دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ھېلىقى ئەر پاك ئايالنى زىنا قىپسەن، دەپ تالاق قىپتۇ. بۇنداق ساۋاقنى ئۇنتۇپ قالماسلىق كېرەك.

## يۈزگە ئۇرۇش يامان ئىلىنىدۇ

خەلقىمىزنىڭ يەزىلەت تەلەپلىرىدە، ئىككى ئادەم ھەرقانچە قاتتىق ئۇرۇشۇپ قالسىمۇ، يۈز تەرەپكە ئۇرۇش ئۇساللىق ھېسابلىنىدۇ. بولۇپمۇ ئاياللارنىڭ يۈزىگە ئۇرۇش ئىنتايىن يامان ئىلىنىدۇ. ئەرلەر ئاياللارغا قول تەگكۈزمەيدۇ، ئەگەر قول تەگكۈزسە نامەردلىكتە ئەيىبلىنىدۇ. چۈنكى، ئايال كىشى ئاجىزراق بولغاچقا، ئۇلارغا تاياق بىلەن زەربە بېرىش ئەرنىڭ ئابرۇيىنى تۆكىدىغان ئىشلار جۈملىسىدىندۇر.

## ئۇرۇشقاندىمۇ يامان تىل ئىشلەتمەسلىك

بىر ھېكمەتتە دېيىلگەنكى: ئۇرۇشقاندا يامان، ئەسكى سۆزنى چىقىرىپ باشقىلارنى تىللىغان ئادەمدە مۇناپىقلىقتىن بىر نىشان بولغان بولىدۇ. خەلقىمىزدە بىر - بىرىنى ئاقچى، كۆكچى، ئۇنداق قىلاي، مۇنداق قىلاي، دېگەندەك چېكىدىن ئاشقان ئەسكى سۆزلەر بىلەن بىر - بىرىنى تىللاش، باشقىلارنىڭ ئەيىبىنى ئېچىش قاتارلىقلار يەزىلەتتىن يىراقلاشقانلىق، نامەردلىك دەپ قارىلىدۇ. يامان گەپ جانغا ئۆتىدۇ، ئۇ ئوقيالىقچە كۆڭۈلدىن

كۆتۈرۈلۈپ كەتمەيدۇ. يېقىن، تونۇش ئادەملەر ئانچىكى سۈركىلىشىپ قالغانغا ھەددىدىن ئارتۇق چالۋاقاپ كەتمەسلىك كېرەك. ئۇنداق بولمايدىكەن ئەپلىشىپ قالغاندىمۇ ئادەمنىڭ يۈزى سۆرۈن بولۇپ قالىدۇ. كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا ئەسكى دېگەن يامان نام قالىدۇ، ئادەم بىرىنى تىللىۋالغانلىق بىلەنلا غالىب ھېسابلانمايدۇ، بەلكى ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، ئەدىن ھايا قىلغان ئادەم ھەقىقىي غالىب ھېسابلىنىدۇ.

## سوۋغا ـ سالام قىلىش

خەلقىمىزدە قەدىمدىن بېرى ئۆزئارا سوۋغا ـ سالام قىلىش ئەنئەنىسى ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلگەن. مەرىكىلەردە سوۋغا ـ سالام قىلىشىدۇ، سەپەرگە چىققاندا سوۋغا ـ سالام قىلىشىدۇ، سەپەردىن قايتىپ كەلگەندە سوۋغاتلىق ئېلىپ كېلىدۇ. شۇنداق قىلىپ كىشىلەر بىر ـ بىرىگە بولغان كۆڭلىنى، دوستلۇقىنى، قېرىنداشلىقىنى ئىپادىلەيدۇ، سوۋغىنىڭ ئاز بولۇشى، كۆپ بولۇشى ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. ھەر ئادەم قۇربىتىنىڭ يېتىشىچە سوۋغا ـ سالام تەييارلايدۇ، سەپەرگە چىققان ئادەمگە سوۋغا بېرىش ئەمەلىيەتتە ئاقيول تىلەش، ياد ئېتىشنى تەلەپ قىلىش ئۈچۈن بولىدۇ. سوۋغا ئالغۇچى ئۆز لايىقىدا سوۋغاتلىق ئېلىپ كېلىپ خۇرسەن قىلىدۇ. بىراق، ھەر ئىككى تەرەپ ھەرگىزمۇ تەمەدە بولماسلىقى، ئاز سوۋغىغا، كۆپ سوۋغا ئېلىش نىيىتىدە بولماسلىقى كېرەك. سوۋغا (كۆڭۈل) قايتۇرۇلسا، مىننەتدارلىق بىلەن قوبۇل قىلغۇلۇق، ئەگەر قايتۇرۇلماي قالسا ياكى نىيىتىدىكىدەك بولماي قالغان بولسا، مەن ئۇنداق قىلغان، مەن بۇنچىلىك قىلغان، ئۇ تېگى پەس بۇنى بىلمەپتۇ، دېگەندەك گەپلەر بىلەن قىلغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى يۇيۇۋەتمەسلىكى كېرەك.

كىتاب تورى



خەلقىمىزدە يەنە سوۋغا قىلىنغان نەرسە قايتۇرۇۋېلىنمايدۇ، سوۋغىنى قايتۇرۇۋېلىشنى ئىتتىلاق قەي قىلىپ بولۇپ، يەنە شۇنى يېگەنلىككە ئوخشىتىپ يامان ئالىدۇ.

## يول سورىغان كىشىلەرگە يول كۆرسىتىپ قويۇش

پەزىلەت تەلەپلىرىدە يول سورىغانلارغا يول كۆرسىتىپ قويۇش، ئۇي سورىغانلارغا ئۆينى كۆرسىتىپ قويۇش ئىنسانىي پەزىلەت جۈملىسىدىن دەپ ھۆرمەت قىلىنىدۇ. ئەگەر بىلىپ تۇرۇپ قەستەن كۆرسىتىپ قويۇشنى ئىنكار قىلىپ «ئۇقمايمەن» دېيىش پەزىلەتكە يات ئىش. ھەممە ئادەم يول سوراشقا، ئۆي سوراشقا، مەسلىھەت سوراشقا موھتاج بولۇپ تۇرىمىز. ھازىرقى شەھەرلىشىش قەدىمىنىڭ تېزلىشىشىگە ئەگىشىپ يول سورايدىغان، ئۆي سورايدىغانلار كۆپەيدى، شۇڭا بىلسە ئېرىنمەي كۆرسىتىپ قويۇش ياخشى ئىش ۋە پەزىلەت.

## ھەرقانداق ئىشنى ئوڭدىن باشلاش

خەلقىمىزنىڭ تۇرمۇش يوسۇنلىرىدا ھەرقانداق ئىشنى ئوڭدىن باشلايدۇ. چۈنكى، ئوڭدا خەيرلىك بار، ئوڭدا ياخشىلىق بار، ئوڭدا بەرىكەت بار، ئوڭدا خاسىيەت بار، دەپ قارايدۇ. ئۆيدىن چىققاندا ئاۋۋال ئاياغنىڭ ئوڭ پېيىنى كىيىش، كىيىمنىڭمۇ ئوڭ يېڭىنى، ئوڭ پاچىقىنى ئاۋۋال سېپىش، بوسۇغىدىن چىققاندا ئوڭ پۇتنى ئېلىپ چىقىش، يولدا ماڭغاندا ئوڭ تەرەپتە مېڭىش، ئاشنى ئوڭ قول بىلەن يېيىش، دېگەنگە ئوخشاش. ئەگەر بىر سورۇندا بىرقانچە ئادەم ئولتۇرغان بولسا، ئۇلارنىڭ مۆتىۋەررەكى سول تەرەپتە ئولتۇرۇپ قالغان، ياشتا كىچىكرەكى ئوڭ تەرەپتە ئولتۇرۇپ قالغان بولسا، قائىدە بويىچە كۆرۈشۈشنى يەنىلا ئوڭ تەرەپتىن باشلايدۇ. تاماق تارتىش تۇغرا كەلسە، مۆتىۋەر ئادەم،

كىچىك ئادەم ئېتىبارغا ئېلىنماستىن، ئوڭنىڭ ھۆرمىتىدىن، قائىدە - يوسۇن ھۆرمىتىدىن ئوڭدىن باشلىنىدۇ. شۇڭا، تۆرنى ئۆينىڭ سول تەرىپىگە ئورۇنلاشتۇرۇش قائىدىگە خىلاپ. ئەگەر زۆرۈرىيەت تۇغۇلۇپ قالسا سول تەرەپتىكى مۇتىۋەر كىشىگە ئۆزرە ئېيتىپ قويۇپ، يەنىلا ئوڭدىن باشلىسا ئەيىبكە بۇيرۇلمايدۇ. تۇرمۇشتىكى قالغان ئىشلاردىمۇ ئوڭ ئاساس قىلىنىدۇ.

## سۇ ئىچىش يوسۇنى

قەدىمدىن تارتىپ مەدەنىي مىللەتلەردە، ئۆزلىرىگە ھەرقاچان ئادىمىيلىك ئۆلچەم بويىچە تەرتىپ، قائىدە بېكىتىپ كېلىشكەن. ئۆزلىرىنى ھايۋانلاردىن روشەن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن ھەر ئىشنى قىلغاندا ھايۋانلارچە قىلىدىغان ئىشلارغا خاتىمە بېرىپ، ناھايىتى ياخشى ئادىمىيلىك ئۆلچەم - قائىدىلەرنى بارلىققا كەلتۈرگەن. قەدىمكى ئۇيغۇرلاردا سۆڭەكنى ئېغىزىدا بىۋاستە قاجىلاشنى ھايۋان سۈپەت، دەپ يامان ئالغان. چۈنكى، ھايۋان ئېغىزى بىلەن بىۋاستە غىزا يەيدۇ ۋە سۆڭەك قاجىلايدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەر - ئاياللىرى بېلىدە پىچاق ساقلايتتى. گۆشنى پىچاق بىلەن كېسىپ يەيتتى. شۇنىڭدەك سۇ ئىچىشنىڭمۇ ئۆزىگە خاس قائىدە - يوسۇنى بارلىققا كەلگەن.

سۇ ئىچكەندە سۇغا دۈم يېتىپ ئىچىش ھايۋانلارغا خاس خۇسۇسىيەت بولغاچقا، خەلقىمىز ئېرىق - ئۆستەڭدىن بولسۇن، چېلەك ۋە باشقا نەرسىلەردىن بولسۇن، دۈم يېتىپ سۇ ئىچىشنى ئەيىب ھېسابلايدۇ. ئەگەر چۆگۈن، چەينەكتەك نەرسىلەردىن سۇ ئىچىش توغرا كەلسىمۇ ئۇنىڭغا تىنىپ ئىچىش مەنئى قىلىنىدۇ. يەنە بىرى، قاچىدىكى سۇغا ياكى چايغا پۈۋلەش قائىدىگە خىلاپ. ئادەم قاچىغا پۈۋلىگەندە نۇرغۇن مىكروبلار، ھەتتا كېسەللىك مىكروبلىرى قاچىغا تىنىق ئارقىلىق چۈشۈشى

مۇمكىن. سۇ ئىچكەندە تىنىپ ـ تىنىپ، ئۇزۇپ ـ ئۇزۇپ ئىچىش پايدىلىق، ئېغىزنى قاچىدىن تارتماي ئىچىش ئەيىب سانىلىدۇ.

سۇ ئىچىشنىڭ يەنە بىر پايدىسى شۇكى، سۇ ئەگىرىپ بەرگۈچى ئاۋۋال باشقىلارغا بېرىپ، ئاندىن ئۆزى ئىچىدۇ، ئۆزى ئىچىپ بولۇپ، ئاندىن باشقىلارغا سۇنۇش قائىدىگە خىلاپ. سۇ ئىچكەندە نورمال قاچىلاردا سۇ ئىچىلىدۇ، ئالتۇن، كۈمۈش، خىرۇستال دېگەندەك قاچىلاردا سۇ ئىچىش چەكلەنگەن. بۇ ھەددىدىن ئاشقانلىق، تەكەببۇرلۇق، دەپ ئەيىبلىنىدۇ.

# قۇتلۇق ۋە پەرھىزلىك ئىشلار

ھەربىر مىللەتنىڭ خاسىيەتلىك، قۇتلۇق ئىشلىرى، قۇتلۇق سان، قۇتلۇق ۋاقىت، قۇتلۇق رەڭ، نەسلىك ئىش، نەسلىك ۋاقىت، نەسلىك سان، نەسلىك رەڭ، نەسلىك كۈن دېگەندەك ئەقىدە - ئادەتلىرى بولىدۇ. يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك جەھەتتىمۇ پەرھىزلىك ئىشلىرى بولىدۇ. مانا شۇ قائىدە - يوسۇنلىرىغا ئاساسەن، مۇھىم ئەھمىيەتلىك ئىشلار ئۈچۈن قۇتلۇق كۈن، ئايلارنى، قۇتلۇق سانلارنى ۋە قۇتلۇق رەڭلەرنى تاللايدۇ. بۇ خىل ئادەت ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ئادىتىگە چوڭقۇر يىلتىز تارتقان بولۇپ، تۇرمۇشقا رەڭگارەڭ مەنە ۋە مەزمۇنلارنى قوشقان. ئۆزلىرى ئادەتلەنگەن قۇتلۇق ۋاقىت، قۇتلۇق سان، قۇتلۇق رەڭ، قۇتلۇق قەدەملىرى ئارقىلىق خاتىرجەملىككە، ئىشەنچكە ئىگە بولغان. بۇنداق ئادەت كۆچى ئۇلارنى دەۋرلەردىن - دەۋرلەرگە، ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا ئۇلاشتۇرۇپ كەلگەن. سەييارىلەرنىڭ - يۇلتۇزلارنىڭ ھەرىكىتى ئارقىلىق ئۇلار نەسلىك كۈن - ئايلارنى بېكىتكەن، قۇتلۇق ئاي - كۈنلەردە سەپەرگە چىققان، ئۇرۇش قىلغان، نەسلىك ئاي - كۈنلەردە سەپەرگە چىقمىغان، ئۇرۇش قىلمىغان.

ئۇيغۇرلارنىڭ پەرھىزلىك ۋە خاسىيەتلىك دەپ قارالغان ئادەت مەزمۇنلىرىمۇ ناھايىتى كۆپ بولۇپ، مۇنداق بىرقانچە تەرەپلەردە ئىپادىلىنىدۇ:

## قۇتلۇق، پەرھىزلىك ۋاقىت چۈشەنچىسى

خەلقىمىز قەدىمدىن بېرى سەييارىلەر ۋە يۇلتۇزلارنىڭ ھەرىكەت قانۇنىيىتىگە ئاساسەن، ئۇلارنىڭ ھاياتقا

كۆرسىتىدىغان تەبىرىنى كۆزەتكەن ۋە نۇرغۇن بىلىش نەتىجىلىرىگە ئېرىشكەن. مەسىلەن: «كورد غەزەپتە يورۇيدۇ، ئۇ قايان باقسا ياشارغان نەرسىلەرنى قۇرۇتۇۋېتىدۇ» («قۇتادغۇبىلىك» 133 ـ بەت)، «سوۋېت سۆيۈملۈك، ئۇ باقسا خۇشاللىق يۈزىنى كۆرسەن» («قۇتادغۇبىلىك» 135 ـ بەت)، «كىمكى ئارزۇغا يۇقۇشسا تىلەككە يېتىدۇ» («قۇتادغۇبىلىك» 136). يۇقىرىقى چۈشەنچىلەر قەدىمكى ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ تەبىئەت ھادىسىلىرى، جەمئىيەتتىكى ئۆزگىرىش ۋە ھەربىر ئادەمنىڭ قىسمەتلىرىنى يۇلتۇزلارنىڭ ئۆزگىرىشىگە باغلىدۇ، دېگەن چۈشەنچىلىرىنىڭ ئىپادىسى ئىدى، مانا مۇشۇنداق چۈشەنچىلەر ئاساسىدا نۇرغۇن يەرھەزىلىك ۋاقىت چۈشەنچىلىرى بارلىققا كەلگەن.

يەكشەنبە: ئىش باشلايدىغان، چوڭلار بىلەن ئۇچرىشىدىغان بەخت ـ سائادەت، ئىززەت ـ ھۆرمەت كۈنىدۇر. يۇلتۇزى شەمستۇر.

دۈشەنبە: سەپەرگە چىقىش، ئىش باشلاش، داۋالىنىش قاتارلىق ئىشلارنى قىلىدىغان بەخت ـ دۆلەت ۋە ئىززەت ـ ھۆرمەت كۈنىدۇر. يۇلتۇزى قەمەر (ئاي) دۇر.

ئاينىڭ 27 سى مۇبارەكتۇر. ئاينىڭ 26 ـ كۈنى بارلىق ئىشلارغا نەس كۈندۇر.

مەشرەپنىڭ بىر غەزىلىدە، يەتتە كۈننىڭ ئالتە كۈننى مۇبارەك كۈن ھېسابلاپ، سەيشەنبىنى نەس ئاتىغان.

مەن ئۇلەر ھالەتكە يەتتىم ئىبھ نامازىم شەنبە كەل،
شەنبىگە ئۇلگۇرمىسەڭ شەپقەت قىلىپ يەكشەنبە كەل.
ئىككى ئالەمنىڭ چىراغى شول كۈنى ئاپتى ۋۇجۇد،
مۇستاپانىڭ ھۆرمىتىدىن دىلبىرىم دۈشەنبە كەل.
نەس ئاتاپتۇ يەتتە كۈننىڭ ئىچىدە سەيشەنبىنى،
مۇستەجىپ بولغان دۇئانىڭ ھۆرمىتى چارشەنبە كەل.

نەچچە پەيشەنبە ئۆتۈپ كەلمەك مۇيەسسەر بولمىساڭ،
ئۆلگىنىمدە ياد ئېتەرسەن ئازنا كۈنى تۇپراققا كەل.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، قانداق كۈنلەردە سەپەرگە چىقىش، قانداق كۈنلەردە كىر يۇيۇش، قانداق كۈندە ئۆي كۆچۈش قاتارلىق تۇرمۇشتىكى ھەربىر كۈن، سائەتلەرگىچە بەلگىلەپ چىققان. شۇڭا، ياخشى كۈن، ياخشى، قۇتلۇق سائەتلەرنى تەلەپ قىلىپ قازانغا ياغ قۇيغاندا: «ئون ئىككى ۋاخ يىگىرمە تۆت سائەت»نى تىلغا ئېلىپ ياخشىلىق تىلەش ئادىتى شەكىللەنگەن. بىز بۇنى خۇراپاتلىق دېمەيمىز، تەجرىبە ۋە ئادەت دەيمىز. چۈنكى، نۇرغۇن ئىشلارنى، ئۇ ئىشلارنىڭ ۋاقىت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى بىلمەيمىز، شۇڭا بۇ ھەقتە ئالدىراپ ھۆكۈم چىقارماسلىق لازىم، دەپ قارايمىز.①

ئۇيغۇرلارنىڭ تەسلىك ۋاقىت، قۇتلۇق ۋاقىت چۈشەنچىسى خۇلاسىلەنگەن ئەسەر «سائەتنامە» دە كۆرسىتىلىشىچە، يىلدا 24 كۈننى نەس كۈنگە چىقارغان. بۇ كۈنلەردە ھېچقانداق ئىشقا قەدەم قويماسلىق تەكىتلەنگەن. ھەتتا بۇ كۈنلەردە تۇغۇلغان بالىمۇ زالىم، خۇنخور، يامان ئىشلار بىلەن شۇغۇللانغۇچى بولۇپ قالىدۇ. بۇ كۈنلەردە كېسەلگە گىرىپتار بولغان ئادەمنىڭ كېسىلى شىپا تاپمايدۇ، دەپ كۆرسىتىلگەن.

ئاشۇرا ئاينىڭ تۆتى، ئون بىرى، سەپەر ئېيىنىڭ بىرى، يىگىرمىسى، رەبىئۇلئەۋۋەل ئېيىنىڭ سەككىزى، يىگىرمىسى، رەبىئۇلئاخىر ئېيىنىڭ بىرى، ئون بىرى، جۇمادىيە لئەۋۋەلنىڭ ئونى ۋە ئون بىرىنى، جۇمادىيەلئاخىرنىڭ ئىككىسى، تۆت، دۇئا ئېيىنىڭ ئون بىرى، ئون ئۈچ، بارات ئېيىنىڭ تۆتى، ئالتىسى، رامىزان ئېيىنىڭ ئۈچى، سەككىزى، روزا ئېيىنىڭ ئالتىسى، سەككىزى، ئارا ئاينىڭ ئىككىسى، ئۈچى، قۇربان ئېيىنىڭ ئالتىسى،

① بۇ ھەقتىكى تەپسىلىي مەلۇمات «قىيامەتنامە»، «سائەتنامە»دە بېرىلگەن.

يىگىرمىسىنى نەس كۈنگە چىقارغان.

بولۇپمۇ ئاينىڭ 13 - كۈنىنى يامانراق نەس كۈن ھېسابلاپ، ئۇنى بارلىق ئىشلار ئۈچۈن يامانلىق ئېلىپ كېلىدۇ، دەپ قارىغان. ھەپتە كۈنلىرى ئىچىدە سەيشەنبە كۈنىنى نەس ساناپ، بۇ كۈندە، سەپەرگە چىقىش ۋە باشقا مۇھىم ئىشلارنى قىلىشنى چەكلىگەن.

## بالدۇر يېتىش

كەچتە بالدۇرراق ئارام ئېلىش، كەچتە سىرتلاردا يۈرمەسلىك ئۇيغۇر ئۆرپ-ئادەتلىرىنىڭ بىرى. يالغۇز ماڭغان كارۋاننىڭ، كېچىدە يالغۇز ماڭغان ئەرنىڭ جېنىغا ۋاي دېيىلىدۇ. بالدۇر ياتقاندا سەھەر تۇرغىلى بولىدۇ. ئەسلىي يارىتىلىش قانۇنىيىتىمۇ كېچىسى ئارام ئېلىشقا، كۈندۈزى ئىشلەشكە يارىتىلغان. بۇ ئىككىسىنى دەۋم كۆمتۈرۈپ قويۇشقا بولمايدۇ.

## سەھەر تۇرۇش

ئۇيغۇرلارنىڭ ياشاش ئادىتىدە، سەھەر قوپۇش تەكىتلىنىدۇ. چۈنكى، سەھەردىكى ئۇيقۇ رىزىقنى كېمەيتىدۇ، دەپ قارايدۇ. ھەتتا شۇنداق ئەقىدە ھەم باركى، سەھەردىكى مۈشتىتىنىمۇ قايتما دېيىلىدۇ. ھەرقانداق ئىشنىڭ بېشى سەھەردىن باشلىنىدۇ. سەھەر قوپسا شۇ كۈننىڭ بەرىكىتى بولىدۇ، ئىشى روناق تاپىدۇ. تەن ساغلام بولىدۇ، كۆڭۈل يورۇق بولىدۇ، ئۆمۈر ئۇزۇن بولىدۇ. «ئۇيقۇ يېرىم ئۆلۈم» دېگەن گەپ بار. ئۇخلاش پەقەت مېڭىنى ئارام ئالدۇرۇش ئۈچۈن بولىدۇ، ھەرگىزمۇ ئۇخلىۋېلىش ئۈچۈن ئەمەس. ئۇخلىغان ۋاقىتلارنى ئۆمۈردىن چىقىرىۋەتسە بولىدۇ.

# تىلەك تىلەش ئادىتى

دۇنيادىكى بارلىق مىللەتلەردە، بارلىق دىن مۇخلىسلىرىدا تىلەك تىلەش ئادىتى بار. بۇنىڭدىن قارىغاندا تىلەك تىلەش پۈتۈن ئىنسانلارغا ئورتاق بولغان قائىدە بولسا كېرەك.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭمۇ ئۆزىگە خاس تىلەك تىلەش ئادىتى بار بولۇپ، ئۇ قەدىمدىن تارتىپ ئۆزلىرى ئېتىقاد قىلغان دىنلار بىلەن باغلىنىپ كەلگەن. قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ دەپنە قىلىش ئادىتىدە جەسەت بىلەن بىللە دەپنە قىلىنغان ئاخىرەتلىك بۇيۇملارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك تىلەك تىلەش ئادىتىنىڭ بىر كۆرۈنۈشى. بۇددا مىڭئۆيلىرىدىكى ساخاۋەتچىلەرنىڭ تىلەك تىلەش پائالىيەتلىرىمۇ بۇددىزىم دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تىلەك تىلەش ئادىتىنىڭ بىر ئىپادىسى. ئوغۇزخان شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى. ئۇنىڭ مۇراسىملىرىدا قىرىق غۇلاچلىق خادا تىكلەپ، ئۈستىگە ئالتۇن توخۇ، كۈمۈش توخۇ ئېسىشى، ئاستىغا ئاق قوي، قارا قوي باغلىشى، 40 شىرە ھازىرلىشى قاتارلىقلار تىلەك تىلەش قائىدە - يوسۇنلىرىنىڭ شەكىل جەھەتتىكى ئىپادىسى ئىدى. ئوغۇزخان پۈتۈن خەلقىگە مۇراجىئەت قىلىپ تەڭرىدىن: ئەلدە چارۋا ماللارنىڭ ئەركىن ئوتلاپ يۈرۈشىنى، دەريا - ئېرىقلاردا سۇلارنىڭ شوخ تولۇپ ئېقىشىنى، ئاسماننىڭ قورغان بولۇپ، قۇياشنىڭ تۇغ بولۇشىنى تىلەيدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ باش - ئاخىرىدا قۇتلۇق تىلەكلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ:

119. پەلەك چاقى تۆرسۇن دائىم ئايلىنىپ،
تۆۋەن بولسۇن دۈشمەن بېشى ئېگىلىپ.

120. قوڭغۇر يەر بولمىغىچە مىستەك قىزىل،
يا ئوتتا چېچەك ئۈنمىگىچە يېشىل.

121. بۇ ساھىبقىران كۆپ ياشىسۇن ئۆزۈن،
ھەسەتخور كۆزى ئوتتا كۆيسۇن پۈتۈن.

122. تېخى بولسا نېمە ئۈنىڭدا تىلەك،
ئاڭا بولسۇن داۋام ھەق ئارقا يۆلەك.

6494. كۆزەتسۇن بىر ئاللا بۇ ئىمانىمىز،
يوقالسۇن بۇ يىتتە بالا، يامان ئىز.

كۆرۈشكە بولىدۇكى، ياخشى، قۇتلۇق تىلەكلەرنى تىلەش ئۇيغۇرلارنىڭ مۇھىم قائىدە ـ يوسۇنىغا ئايلانغان، تىلەك تىلەش كوللېكتىپ شەكلىدىمۇ ئېلىپ بېرىلىدۇ، شەخسىي ئۆزى تىلەك تىلەپمۇ بۇ قائىدە ـ يوسۇننى ئىجرا قىلىدۇ.

## كوللېكتىپ شەكلىدىكى تىلەك تىلەش

بۇ خىل تىلەك تىلەش توي ـ تۆكۈن، ئۆلۈم ـ يېتىم ۋە ھېيت ـ بايرام كۈنلىرىدە، بەزى جامائەت سورۇنلىرىدا، كوللېكتىپ پائالىيەتلەردە خەلققە تىنچلىق ـ ئامانلىق، ئاسايىشلىق، يۇرتقا خاتىرجەملىك، بەخت ـ ئامەت ۋە نېمەتلەرنىڭ مول بولۇشى، ئاپەت ۋە يامان كېسەللەرنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلاش، كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە ئىنساپ، تەۋپىق تىلەش، ئەۋلادلارنىڭ ۋاپادار، ساداقەتلىك بولۇشىنى تىلەش قاتارلىق ناھايىتى كۆپ مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا خەلقىمىزدە يەنە زاراخەتنە ئۆتكۈزۈپ،

قۇرغاقچىلىق ۋە باشقا تەبىئىي ئاپەتلەردىن ساقلاش، يامغۇر تىلەش، كۈتمىگەن ئاپەتلەردىن يىراق قىلىش قاتارلىق قۇتلۇق تىلەكلەرنى تىلەش ئارقىلىق كىشىلەرگە تۇرمۇشقا بولغان ئىشەنچ، ئاۋامنىڭ كۈچ - قۇدرىتى ۋە مەدىنىيتى ھېس قىلدۇرىدۇ.

بۇنداق تىلەك تىلەش قانداق شەكىل ۋە مەزمۇندا بولسۇن، شۇ كىشىلەرنىڭ بەخت - سائادەتكە بولغان ئىنتىلىشى، كەلگۈسى گۈزەل تۇرمۇش يارىتىشقا بولغان تەقەززاسى، تىنچ، خاتىرجەم، باياشات جەمئىيەت قۇرۇشقا بولغان ئارزۇسىنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ تىلەك تىلەش ئادىتىدە، ھەرگىزمۇ يامان سۆز، يامان ئىبارە، يامان تىلەك تىلىگىلى بولمايدۇ، ھەتتا دۈشمەن كۈچلەرنىمۇ قارغاپ، ئۇلارغا يامانلىق تىلىمەيدۇ. ئەكسىچە، ئۇلارغا ئىنساپ، ھەققانىيلىقنى تىلەيدۇ. بۇ ئارقىلىق يارىشىش، ئىتتىپاقلىق ئىدىيەسى نامايان قىلىنىدۇ.

## ئائىلىدە تىلەك تىلەش

ئائىلە ھەربىر كىشىنىڭ كىچىكلىكتىن ئۆسكەن ۋەتىنى. ئائىلە بىر جەمئىيەتنىڭ شەجەرىسىنى داۋاملاشتۇرغۇچى ۋارىس. شۇڭا، ئۇرغۇن قائىدە - يوسۇن ئائىلىگە مەركەزلەشكەن. ئائىلىدىكى تىلەك تىلەشنىڭ مەزمۇن دائىرىسى ناھايىتى كەڭ. بالا تۇغۇلغاندا ئۇنىڭ بەختلىك، بىلىملىك، قابىلىيەتلىك، يارامىلىق ئادەم بولۇشىنى تىلەش ۋە شۇنىڭغا ياندىشىپ پائالىيەتلەرنىڭ ھەممىسى؛ پەرزەنت تىلەش، بالىغا ئىسىم قويۇش، بۆشۈك تويى ئۆتكۈزۈش، قىرقىنى قىلىش، بالىنىڭ تويىنى قىلىش، ئۆي ئاپىرىش ھەتتا ۋەسىيەتلەرگىچە تىلەك تىلەش مەزمۇنى سىڭدۈرۈلگەن. شۇڭىمۇ ئاتا - ئانىنىڭ تىلىكىنى قۇتلۇق تىلەك دەپ قاراپ، ياخشى كۈن كۆرگەن پەرزەنتلەرنى ئاتا - ئانىسىنىڭ قۇتلۇق تىلىكىگە ئېرىشكەن دەپ قارىسا، يامان كۈن

كۆرگەن كىشىلەرنى، ئاتا - ئانىسىنى قاقشىتىپ، يامان تىلەكنى ئالغان دەپ قارايدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ بالىلىرىغا قىلغان نەسىھەتلىرىمۇ ياخشى تىلەك جۈملىسىدىندۇر. «ئەي ئوغۇل، مەندىن ئۆگۈت - نەسىھەت ئال، ئەل ئارىسىدا ئۇلۇغ ئالىم بولۇپ بىلىمىڭنى تارات» دېگەنگە ئوخشاش.

تىلەك تىلەش يالغۇز قۇرۇق ئارزۇ بولۇش بىلەن چەكلەنمەيدۇ، بەلكى ھەربىر كىشىنىڭ بۇ تىلىكىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۈزلۈكسىز تىرىشىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. چۈنكى، قۇتلۇق تىلەك ناھايىتى بۈيۈك ئارزۇ - ئارمانلار بىلەن يۇغۇرۇلغان، بۇنداق بۈيۈك ئارزۇ - ئارمان شۇ يولدا پىداكار بولۇش ۋە تىرىشىش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئەگەر تىرىشچانلىق بولمىغاندا ئۇ تىلەك خۇراپاتلىق بولۇپ قالىدۇ.

## شەخسىي تىلەك تىلەش

پۈتۈن ئاۋامنىڭ جەمئىيەتنىڭ بەخت - سائادىتى ئۈچۈن قىلغان تىلىكى، ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ئائىلىسىنىڭ بەختلىك بولۇشى ئۈچۈن قىلغان تىلىكىدىن باشقا، ھەربىر شەخسمۇ ئۆزىگە ئۆزى قۇتلۇق تىلەكلەرنى تىلەيدۇ. ئەلنىڭ ئەزىزلىرىدىن چۈشۈپ قالماسلىق، دۈشمەنلىرىنىڭ زىيانكەشلىكىدىن، قۇرۇق سۆز - قۇرۇق تۆھمەتتىن ساقلاشنى، يولىنىڭ ئوچۇق، راۋان بولۇشىنى، قىلغان ئىشلىرىنىڭ ئۇتۇقلۇق بولۇشىنى، ياخشىلارغا يېقىنلاشتۇرۇش، يامانلاردىن يىراق قىلىشنى، شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ يامان يولغا، يامان كويغا كىرىپ كېتىشتىن ساقلاشنى، ۋەتەن، خەلققە تۆھپە قوشقۇدەك كۈچ - قۇدرەتكە، ئەقىل - پاراسەتكە ئىگە بولۇش، ئەلگە ئاسىي بولۇپ قېلىشتىن ساقلاش قاتارلىق قۇتلۇق تىلەكلەر بىلەن ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويىدۇ.

# مېھماندارچىلىق يوسۇنلىرى

خەلقىمىز مېھماندوست خەلق. ئۇلار قەدىمدىن تارتىپ مېھماننى ئۇلۇغلاپ، ھۆرمەتلەپ، تۆرگە ئېلىپ كەلگەن. قەدىمكى بىر ئۇيغۇر ماقالىدا: «مېھمان كەلسە قۇت كېلۇر» دېيىلگەن. بۇ مېھمان بەخت ئېلىپ كېلىدۇ، مېھماننى ئۇلۇغلاش ئەمەلىيەتتە بەختنى ئۇلۇغلىغانلىق بولىدۇ، دېگەنلىك ئىدى. يەنە بىر تەرەپتىن مېھمان دېگەن ئۆيگە ئاۋاتلىق، دوستلۇق، مۇھەببەت ئېلىپ كېلىدۇ، مېھمان دېگەن «ئۆز رىزقى بىلەن كېلىدۇ» دېگەن گەپ بار. شۇڭا، ئۇلار ھەرگىزمۇ باشقىلارنىڭكىگە يەپ، ئىچىۋېلىش ئۈچۈن ئەمەس، ئادەمگەرچىلىك ئىزدەپ، كۆڭۈل ئىزدەپ كېلىدۇ، مېھمان ئارقىلىق كىشىلىك مۇناسىۋەت تورى كەڭ يېيىلىدۇ، يوللار راۋانلىشىدۇ. مەھمۇد كاشغەرىي بىر شېئىرنى مىسال ئېلىپ: مېھماننى ھۆرمەت قىل، چاۋىڭنى (نامىڭنى) ئەلگە يايسۇن» دېگەن. خەلقىمىزدە مېھماندوستلۇق ھۆرمەتلىنىدۇ، مېھماندىن قاچقان ئادەم خەسلىكتە ئەيىبلىنىدۇ. بۇنىڭدىن چىقىپ مەھمۇد كاشغەرىي: مېھمان كەلسە قۇت دەپ بىلەر ئەرلەر كەتتى، قارا كۆرۈپ ئۆيىنى چۈۋار پەسلەر قالدى» دېگەن، كۆردۇقكى، خەلقىمىز مېھماندوست كىشىلەر ئالەمدىن كەتكەن بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ پەزىلىتىنى ئەسلەپ سېغىنىپ ياد ئېتىدىغان، پەس كىشىلەرنى قارىلايدىغان ئادەت قەدىمدىن بېرى ئىزچىللىققا ئىگە بولغان.

مانا شۇنداق ئەقىدە ئىزچىللىقى خەلقىمىزدە مېھماندارچىلىقنىڭ قىممەتلىك يوسۇنلىرىنى بارلىققا كەلتۈرگەن ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇنى خەلقىمىزنىڭ ئېسىل پەزىلەت ئۆلچىمىگە ئايلاندۇرغان.

## مېھماننىڭ تەييارلىقلىرى

مېھمان ئىككى خىل بولىدۇ، بىرى، مەخسۇس چاقىرىلغان مېھمان، يەنە بىرى، چاقىرىلمىغان مېھمان. ھەر ئىككى خىل مېھمان ئۈچۈن خەلقىمىز مۇئەييەن ئۆلچەم، تەلەپلەرنى بېكىتكەن، چاقىرىلغان مېھمان ئۈچۈن: «چاقىرماقنىڭ ئېتى ئۇلۇغ» دېگەن ماقالنى بارلىققا كەلتۈرگەن، بۇ دېگەنلىك، ئەمەلىيەتتە مېھمان چاقىرىشنىڭ داۋرىڭى چوڭ بولىدۇ، داۋرىڭى چوڭ بولغانچە بېسىم ئېغىر بولىدۇ. شۇڭا، ياخشى تەييارلىق قىلىنمىسا، ياخشى ئىش قىلىمەن دەپ كۆڭۈلنى رەنجىتىۋالىدۇ، ھەددىدىن ئارتۇق تەييارلىق قىلسا ئىسراپچىلىق بولىدۇ، بىرنى چاقىرىپ، بىرنى قويۇپ قويسا كۆڭۈل ئاغرىقى تېپىۋالىدۇ، دېگەندەك مەنىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ خەلقىمىزنىڭ مېھماندارچىلىق يوسۇنلىرىنى خېلى چوڭقۇر تەتقىق قىلغان بولۇپ، مەخسۇس مېھماندارچىلىق يوسۇنلىرى ھەققىدە ئىككى باب ئاجراتقان. ئۇ مېھمان چاقىرماقنىڭ تەييارلىقلىرى ھەققىدە مۇنداق قىممەتلىك تەۋسىيەلەرنى قىلىدۇ: «ئەگەر سەن مېھمان چاقىرماق بولىدىكەنسەن، تەييارلىقنى ياخشى قىلىپ ئاندىن قىچقىر. كۆرپە، سېلىپ داستىخان، قاچا ـ قۇچىلارنى تازا قىل. يېمەك ـ ئىچمەكنىمۇ ئوبدان خىللا. ياسىغان غىزايىڭ پاك ھەم تاتلىق، يېيىشلىك بولسۇن، ئەگەر مېھمانغا چاقىرمىساڭ ئۇنىڭ قۇسۇرى بىر بولىدۇ، چاقىرىپ ياخشى قىلالمىساڭ بىر قۇسۇرۇڭنى مىڭ قىلىدۇ. يېمەكنى مېھمانلارغا يەتكۈدەك تەييارلا، ئاداشلىرىڭنى، قاياشلىرىڭنى، يىراق ـ يېقىن تۇغقانلىرىڭنى سەندىكى ھەققىگە قاراپ تۈز ـ ئېشىڭغا قىچقىرغىن. كېلەلىگەنلەر كەلسۇن، ئەگەر كەلمىسە كۆڭلى قالمايدۇ. بىلگىنكى، گال ـ بوغۇز رەنجىكى تولىمۇ يامان ئىش، بۇ رەنجىك تاكى ئۆلگۈچە كۆڭۈلدىن

چىقمايدۇ.» (4644 — 4650 ـ بېيىتلارنىڭ مەزمۇنى). مانا شۇ نۇقتىدىن چىقىپ، «چاقىرماقنىڭ ئېتى ئۇلۇغ» دېيىلگەن.

چاقىرىلمىغان مېھماننىڭ ئۆلچىمى شۇكى، «بارنى كەلتۈرسە يوققا سانالماس» دېگەن ماقال دەل بۇ ئۆلچەمگە جاۋاب بولالايدۇ. تەييارلىقسىز تۇرغاندا كەلگەن مېھماننىڭ تەلىپىمۇ يۇقىرى بولمايدۇ، ئەگەر قورسىقى ئاچ بولسا، بىر قاچا قېتىق بىلەن بىر زاغرا بولسا ئالدىغا قويسا، قوي سويۇپ بەرگەندەك خۇشال بولىدۇ. بولمىسا بىر پىيالە چاي بىلەن چىرايلىق ئوچۇق چىراي ئالدىغا چىقسىمۇ خۇرسەن بولىدۇ. بۇ ھەقتە يەنە خەلقىمىز «بۇغداي نېنىڭ بولمىسا، بۇغداي سۆزۈڭ يوقمىدى» دەپ ئاگاھلاندۇرۇش بەرگەن. بىر قازان ئاشنى خۇيلىنىپ، قاچا ـ قومۇچلارنى تاراقشىتىپ ئېلىپ كەلگەندىن كۆرە، چىرايلىق مۇئامىلە بىلەن بىر پىيالە چاي تۇتسا بۇنىڭ قەدرى بەك يۇقىرى بولىدۇ.

مېھمان چاقىرىشتىن بۇرۇن خەلقىمىز ھويلا ـ ئاراملىرىنى، ئۆيلىرىنى مېھماننىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن پاكىز تازىلاپ چىقىدۇ. چۈنكى، «قۇت»نى مەينەتچىلىككە باشلىغىلى بولمايدۇ ـ دە. قولغا سۇ بېرىدىغان ئاپتۇۋا ـ چىلاپچىلارنى، لۆڭگىلەرنى پاكىز تازىلاپ راسلايدۇ. چاي چەينەكلىرىنى پاكىز سۈرتۈپ پارقىرىتىدۇ. قولغا سۇ بېرىدىغان، مېھمان باشلايدىغان، تاماقلارنىڭ پىتىشكەن ـ يېتىشمىگەنلىكىنى كۆزىتىدىغان، داستىخان سالىدىغان ئادەملەر بەلگىلىنىدۇ. چۈنكى، ھەر ئىش جاي ـ جايىدا بولمىسا، ئىش كۆڭۈلدىكىدەك بولمايدۇ. بۇ ئىشتا دىققەت قىلىدىغان بىر ئىش، قولغا سۇ بېرىدىغان ئادەم بىلەن، داستىخان سالىدىغان ئادەم ئوبدان، مۇۋاپىق تاللىنىشى كېرەك. ئۇ چوقۇم قائىدە ـ يوسۇننى ياخشى بىلىدىغان، مېھمانلارنىڭ كۆڭلىنى ئالالايدىغان ھەم يېتىلگەن ئادەم بولۇشى كېرەك. كىچىك بالىلارغا سۇ بەر دەپ ئاپتۇۋىنى تۇتقۇزۇپ قويۇش مېھمانلارغا بولغان ھۆرمەتسىزلىك بولىدۇ. ئۇيغۇرلار قولغا سۇ بېرىشنى مېھ-

مان كۈتۈشنىڭ بىرىنچى قەدىمىگە قويىدۇ. قولغا سۇ بېرىشتە مەرتىۋە سۈرۈشتۈرۈلمەيدۇ، چۈنكى قولغا سۇ بەرسە ساۋاب بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. نۆۋىتى كەلسە مويسىپىت كىشىلەرمۇ، ئەمەلدارلارمۇ مېھمانلارغا سۇ بەرسە بولۇۋېرىدۇ. ئەمما، بۇنىڭمۇ يەنىلا مۇئەييەن ئۆلچەم قائىدىسى بار. بىز ھەرگىزمۇ مېھمانلارنىڭ سالاھىيىتىنى نەزەردىن ساقىت قىلمايمىز. بۇ يەردە قەتئىي دىققەت قىلىنىدىغان بىر ئىش بار: ئەرلەرگە ئاياللار سۇ بەرمەيدۇ، ئاياللارغا ئەرلەر سۇ بەرمەيدۇ. بۇ يوسۇنغا خىلاپلىق قىلىنمايدۇ.

## مېھمانلارنى كۈتۈۋېلىش

بىر قېتىملىق مېھمان كۈتۈپ، جايىدا ئۇزىتىۋېلىش شەھەر ئالماقتىنمۇ تەس ۋە نازۇك ئىش. كىشىلەر مېھمانلارنى ئۇزىتىپ بولۇپ «ئۇھ» دەيدۇ. شۇڭا، خەلقىمىزدە بەزى مۇراسىم خاراكتېرلىك چوڭ ئىشلاردا ساھىبخانىدىن مېھماننى سالامەت ئۇزىتىۋالدىڭلارمۇ، دەپ ھال سورايدىغان قائىدە بار. ھەقىقەتەن مېھمان كۈتكەن ئادەم خېلىلا چارچايدۇ.

مېھمانلار كېلىشى بىلەن ئىشىك ئالدىغا چىقىپ، ھېچبولمىغاندا ھويلىدا كۈتۈۋېلىش مېھمانلارغا بولغان ھۆرمەت ھېسابلىنىدۇ. مېھمانلار بىلەن كۆرۈشكەندە ئىككى قولنىڭ ئالىقىنىنى تەگكۈزۈپ كۆرۈشىدۇ، ئاياللار يۈز يېقىشىپ كۆرۈشىدۇ ياكى قول ئېلىشىپ كۆرۈشىدۇ. ساھىبخانا قول باغلاپ تۇرۇپ مېھمانلارنى ئۆيگە باشلايدۇ. ئەگەر قىشلىق چاپانلىرى بولسا، سالغاندىن كېيىن قولىدىن ئېلىپ مۇۋاپىق جايغا جايلاشتۇرىدۇ، يەنە بىر مۇھىم ئىش شۇكى، مېھمانلار ئات - ئۇلاغقا مىنىپ كەلگەن ياكى ۋېلسىپىت، ماشىنا قاتارلىق قاتناش قوراللىرى بىلەن كەلگەن بولسا، ئۇلارنى جايىغا ئورۇنلاشتۇرۇش، ئات - ئۇلاغلىرىغا ئوت - سامان بېرىش، موتورلۇق قاتناش ۋاستىلىرىنىڭ كىچىك باللار تەرىپىدىن جىجىلىنىپ كەتمەسلىكى، يولدىن ئۆتكەن قاتناش ۋاستىلىرى تەرىپىدىن زەخمىگە ئۇچرىماسلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا قارايدىغان

ئادەم ئورۇنلاشتۇرۇش لازىم. ئەگەر بۇ ئىشلار ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇلمىسا كۆڭۈلسىزلىكلەر يۈز بېرىپ قالىدۇ.

مېھمانلار داستىخاندا ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ «پەتە»سىنى قوبۇل قىلىمىز، يەنى دۇئا قىلىپ ئامانلىق سورايدۇ. مېھمانلارغا ھارماي، ئاچماي كېلىشىلىمۇ، ئالدىلىرىغا چىققالمىدۇق، ئەپۇ قىلىشالا، دېگەندەك كۆڭۈل سۆزلەرنى ئېيتىپ چىقىدۇ. ئاندىن سۇ بېرىشكە ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئادەم ئاپتۇۋا - چىلاپچىلارنى ئېلىپ كېلىپ، بىلەككە لۆڭگىنى ئارتىپ مېھمانلارنىڭ قولىغا سۇ بېرىدۇ. سۇ بەرگەندە ئاپتۇۋا ئېگىزمۇ بولماسلىقى، پەسمۇ تۇتۇۋالماسلىقى تەلەپ قىلىنىدۇ. قائىدە بويىچە سۇ ئۈچ قېتىم قۇيۇلىدۇ، ئەگەر مېھمان تەلەپ قىلسا، بىر - ئىككى قېتىمنى ئۇشۇق قۇيسىمۇ بولىدۇ. ئارقىدىن داستىخان سېلىشقا ئورۇنلاشتۇرغان ئادەم داستىخان سېلىپ، نان، تاتلىق - تۈرۈم، مېۋە - چېۋىلەرنى تارتىدۇ. چاي قۇيۇلۇپ تارتىلغاندىن كېيىن ياكى ئۇنىڭدىن بۇرۇن نان سۇندۇرۇلىدۇ. قائىدە بويىچە نان تاق سان بويىچە 3، 5، 7، 9 قويۇلىدۇ ھەم تاق سۇندۇرۇلىدۇ. چاي تارتىلىپ بولغاندىن كېيىن مېھمانلارنى «داستىخانغا بېقىشسىلا» دەپ تەكلىپ قىلىدۇ. بۇ دېگەنلىك قويۇلغان نەرسىلەردىن بەھۇزۇر يەپ - ئىچىشسىلە، دېگەنلىك بولىدۇ. چايلار تارتىلىپ مېھمانلار بىر ئاز ئېغىز ئېلىۋالغاندىن كېيىن، تەييارلانغان تاماقلار كەلتۈرۈلىدۇ. ساھىبخانا قائىدە بويىچە تاماقلىرىمىز تازا ئوخشىماي قالغان بولسىمۇ، ئېيىبكە بۇيرۇماي، تارتىنىپ قالماي ئېلىشسىلا، دەپ ئۆزرە ئېيتىدۇ. مېھمانلار رەھمەت بىلدۈرىدۇ. تاماققا تەكلىپ قىلىشقا بولىدۇ، زورلاشقا، «يەپ تۈگىتىۋېتىڭلار، بولمىسا تۆكۈلۈپ كېتىدۇ» دېگەندەك قوپال سۆزلەرنى ئىشلىتىشكە بولمايدۇ. مېھمانلار زوقىغا قاراپ يەيدۇ، ئاۋۇ بولمىسا زورلانغان ئاش زەھەر بولىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ مۇنداق دېگەن: «تاماقنى يېتىشكۈدەك تارت، كېچىكىپ قالغانلارغىمۇ ئوخشاش تارتقىن. ئۇلارنىڭ خاھىشى ئانچە -

مۇنچە ئۇسسۇزلۇق ئىچىش بولسا قويۇپ بېرىپ رازى قىل. مەيزاپ بېرەمسەن، ھەسەل سۈيى بېرەمسەن، گۈل شارابى بېرەمسەن، مېھماننىڭ كۆڭلىنى ئۇتساڭلا بولىدۇ. ئاش يېتىشمەي ئاچ قايتىدىغانلار بولۇپ قالمىسۇن، ئەگەر كۈچۈڭ يەتسە كەلگەنلەرگە چىش ھەققى ئۈچۈن رەخت يىرتىپ خۇرسەن قىل. ئەگەر شۇنداق كۈتۈپ ئاياغلاشتۇرالىغان بولساڭ، ئىشىكىڭنى ئوچۇق قوي، قايتمىدىغانلارنى توسما، ئالدىرىغانلار قايتىۋەرسۇن». داستىخاندا، بىرەر ئادەمنىڭ نامىنى تىلغا ئېلىپ تاماققا تەكلىپ قىلىش، تۆردىكىلەرگە چوڭراق لوقما، پەگاھتىكىلەرگە كىچىكرەك لوقما تارتىش قائىدىگە خىلاپ. چوقۇم مېھمانلارنىڭ ھەممىسىگە بىر خىل كۆز بىلەن قاراش تەلەپ قىلىنىدۇ. مېھمان تاماقلارنى يەپ بولۇپ، كېيىن تارتىلىدىغان نەرسىلەر تارتىلىپ بولغاندىن كېيىن، داستىخان يىغىلىپ قولغا سۇ بېرىلىدۇ. قول يۇغاندا بىر ئەدەپ تەلىپى، قولنى ھەرگىزمۇ سىلكىمەيدۇ، چۈنكى قول سىلكىگەندە يۇندى ئەترايقا چاچرايدۇ. ئۇيغۇرلاردا بىر ماقال بار «كىرىش تۆردىن، چىقىش پەگاھتىن» دېگەن. كىرگەندە مۇنتىۋەرلەر ئالدىدا مېڭىپ كىرىدۇ، قۇرامىغا قاراپ تۆردىن باشلاپ ئولتۇرغۇزۇلىدۇ. قايتقاندا پەگاھتىكىلەر ئاۋۋال قوپۇپ، تۆردىكىلەرنىڭ چىقىشىغا يول ھازىرلايدۇ. شۇڭا، پەگاھ نەرىدىكىلەر بۇرۇن قوپسا ئەيىبكە بۇيرۇلمايدۇ. مېھمانلار قايتىدىغان چاغدا چوقۇم ئىشىك ئالدىغىچە ئۇزىتىپ چىقىلىدۇ. بىر قاتار ئۇزىتىش سۆزلىرى بار: رازى بولۇپ قايتاسىلەر، كۆرۈشكىچە ئامان بولۇڭلار، كىرىدىشىپ تۇرايلى...

## مېھمانلارنىڭ پەزىلەت تەلەپلىرى

ساھىبخانا مېھمانلار ئۈچۈن شۇنچە ھۆرمەت، ئېھتىرام بىلدۈرگەن ئىكەن، مېھمانلارمۇ تېگىشلىك پەزىلەت تەلەپلىرىنى ئادا قىلماقلىقى زۆرۈر.

ئالدى بىلەن مېھمانلار ۋاقتىدا رىئايە قىلىشى كېرەك. «دۇنيادا ئادەم كۈتمەك، ئادەم ساقلىماق تەس» دېگەن گەپ بار. ساھىبخانىنى كۆپ تەقەززا قىلماسلىق كېرەك، ئادەم ئېيتىپ چاقىرغاندىن كېيىن ۋاقتىدا بېرىپ خۇرسەن قىلىش، يېقىن قېرىنداشلىرى، دوست ـ بۇرادەرلىرى يۇرۇنراق بېرىپ قولىغا قول، پۇتىغا پۇت بولۇپ ئىش ـ كۈشلىرىگە قارىشىپ مەدەتكار بولماقلىقى لازىم.

مېھماندارچىلىقنىڭ يەزىلەت تەلەپلىرىدە، مېھمان ياخشى ئارىنىپ، پاكىز كىيىملەرنى كىيىپ كېلىشى كېرەك. چۈنكى، مېھماندارچىلىق دېگەن ئاممىۋى سورۇن، ئۇنداق سورۇنغا قاسماق، تەر پۇراپ تۇرغان ئىش كىيىملىرى بىلەن بارغاندا، مېھمانلارغا ۋە ساھىبخانىغا بولغان ھۆرمەتسىزلىك بولۇپلا قالماي، يەلكى ئۆزىنىڭ ئابرۇيىنى ئۆزى تۆكىۋالىدۇ. شۇڭا، پايپاقلىرىنى يەڭگۈشلەپ، پاكىز پايپاقنى كىيىپ كېلىشى كېرەك. تەرلەپ پۇراپ كەتكەن پايپاق بىلەن كېلىپ، ئاياغنى سالغاندا، پۈتۈن مېھمانلارنىڭ كەيپىنى ئۇچۇرۇۋېتىدۇ. شۇڭا، پاكىزلىقنى مېھماندارچىلىقنىڭ مۇھىم يەزىلەت تەلىپى دەپ قاراپ خەلقىمىزنىڭ يوسۇنلىرىغا رىئايە قىلىش كېرەك.

چاقىرىلغان يەرگە بېرىش، چاقىرىلمىغان جايغا بارماسلىق كېرەك. بۇ ھەقتە خەلقىمىز: «چاقىرغان يەردىن قالما، چاقىرمىغان يەرگە بارما» دېگەن. مېھماندارچىلىقنىڭ تۈرلىرى كۆپ. بىراق، قايسىسىغا بېرىش، قايسىسىغا بارماسلىقنى ئوبدان دەڭسىمەك كېرەك. ئۇيغۇرلاردا، ئۆلۈمنى قولىقى ئاڭلىسىلا بارىدۇ، تويغا چاقىرمىسا بارمايدۇ. يەنە بىرى، زىياپەتكە چاقىرىلغان كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا پاسىق، ئوغرۇشىقاق، ھاراقكەش، نەشىكەش ئادەملەر بولسا بارمايدۇ. چۈنكى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ دېگەندەك، ئۇنداق جايغا بېرىپ يېگەن بىر كاپام ئاش بۇرنىدىن بۇلاق بولىدۇ. بىر بۇتۇم ئىچكۈ، بىر تويۇم ئاشنى دەپ ئۆزىنى خار قىلغۇلۇق ئەمەس. ئادەم ئۆزىنى ئەركىن ـ

ئازادە، بەھۇزۇر ھېس قىلالمايدىغان جايغا بارماسلىقى كېرەك. ئۈچىنچى بىرى، ئەمەلدارلار سورۇنىغا بارماسلىق تەكىتلىنىدۇ. چۈنكى، بۇنداق سورۇندا باراۋەرلىك بولمايدۇ. ساھىبخانا ئەمەلدارلارغا ھەددىدىن ئارتۇق قۇللۇق قىلسا، باشقىلارغا ئېتىبار بەرمىسە، ئۇلارغا گۆشنىڭ ياخشى يېرىدىن تارتىپ، تۆۋەندىكىلەرگە ناچارراق جايلىرىدىن تارتسا، بۇنداق زىياپەت زەھەرگە ئايلىنىدۇ.

مېھماندارچىلىقتا بېرىشنىڭ يەنە بىر قائىدىسى شۇكى، چاقىرىلغان يەرگە چاقىرىلمىغان يەنە بىر ئادەمنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىپ كەلگۈلۈك ئەمەس. بۇ ھال ساھىبخانىنىمۇ ئوڭايسىزلاندۇرۇپ قويىدۇ، مېھمانىنىمۇ ئوڭايسىزلاندۇرۇپ قويىدۇ. ئەگەر زۆرۈر تېپىلسا، ساھىبخانىدىن ئىجازەت سوراش كېرەك. «ئۆيۈمدە مېھمان بار ئىدى، تاشلاپ كېتەلمەيمەن، ئەگەر قوبۇل كۆرسەڭ، بىللە ئېلىپ بارسام» دېسە، ساھىبخانا قوشۇلغاندىن كېيىن ئېلىپ كەلسە بولىدۇ.

مېھمانغا كەلگەندىن كېيىن، ساھىبخانىنى ھۆرمەتلەش ۋە مېھمانلارنى ھۆرمەت قىلىش تەلەپلىرى بار. ساھىبخانىلار ۋە داستىخانداشلار بىلەن ئوچۇق - يورۇق كۆرۈشۈش كېرەك. ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن ئالدى بىلەن دىققەت قىلىدىغان ئىش قۇرامىغا قاراپ ئولتۇرۇش كېرەك. ئادەم تۆردە ئولتۇرۇۋالغانلىقى بىلەن كاتتا بولۇپ كەتمەيدۇ، پەگاھ تەرەپتە ئولتۇرۇپ قالغانلىق بىلەن كىچىك بولۇپ قالمايدۇ. بىراق، خەلقىمىزدە تۆر بىلەن پەگاھ ئىشى ئالاھىدە دىققەت قىلىدىغان يوسۇن سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىنىدۇ. تۆر شۇ سورۇندىكى ياشتا چوڭ بولغان مۆتىۋەرلەرنىڭ ئولتۇرۇشىغا قالدۇرۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن قۇرامىغا قاراپ ئۆز ئورنىنى تېپىپ ئولتۇرغۇلۇق. قۇرامىغا قاراپ ئولتۇرۇش قەدىمدىن باشلاپ داۋاملىشىۋاتقان ئەنئەنە. يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇ نۇقتىنى تەكىتلەپ مۇنداق تەۋسىيەلەرنى قىلغان: «ئۆز ئورنۇڭنى تېپىپ ئولتۇرغىن، باشتا ئولتۇرۇۋېلىپ

نېرى ئولتۇر، بېرى تۆر دېيىلسە، ئۆزۈڭگە سەت بولىدۇ.» يەنە بىرى، ياش قۇرامىدىن باشقا، جەمئىيەتتىكى ئورنى، ھۆرمىتىمۇ ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. ئابرۇيلۇق، ھۆرمەتلىك كىشىلەرنى يەنىلا پەگاھقا چۈشۈرۈپ قويماسلىق كېرەك. يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «تۆر دېگەن پەزىلەتلىك، قائىدە - يوسۇنلۇق، بىلىملىك ئادەملەرگە قالدۇرۇلىدۇ، ئەگەر تۆرگە نادان بىر كىشى چىقىپ قالغان بولسا، پەگاھقا بىلىملىك، پەزىلەتلىك ئادەم ئولتۇرۇپ قالغان بولسا، پەگاھ تۆرگە، تۆر پەگاھقا ئايلىنىدۇ. چۈنكى، بۇ يەردىكى ھۆرمەت پەزىلەتكە ۋە بىلىم بىلەن تۈزىمىگە بولىدۇ» دېگەن.

4604. تولا ياخشى ئېيتقان يوسۇنلۇق كىشى،
يوسۇن بىلسە ئىنسان بولۇر تۆر بېشى.

خەلقىمىزنىڭ يەنە بىر يوسۇنى، ئەر - ئاياللارنى بىر داستىخانغا يىغماي، ئەرلەرنى ئايرىم، ئاياللارنى ئايرىم ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەك. ئارىلاشتۇرۇۋېتىش قائىدە - يوسۇنىمىزغا خىلاپ. قەدىمكىلەرمۇ ئەر - ئايالنى ھەمداستىخان قىلماسلىقنى قاتتىق تەكىتلىگەن. بۇ تەلەپنىڭ ئىچىدە نۇرغۇن مەنە بار.

داستىخاندا ئولتۇرغاندىن كېيىن دىققەت قىلىدىغان يوسۇنلار تۆۋەندىكىچە:

تۆردىكىلەر تائامغا قول سۇنۇشتىن بۇرۇن قول ئۇزاتماسلىق؛ تۆردىكىلەر غىزاغا قول ئۇزاتقاندىن كېيىن، بىسمىللا دەپ، ئوڭ قول بىلەن تائام يېيىش، نەپسى بالاسى ھەرقانچە غالىب كەلسىمۇ، باشقىلارنىڭ ئالدىدىكى نېمەتكە قول ئۇزاتماسلىق، ئالدىغا قويۇلغاننى يېيىش، باشقىلارنىڭ بىرنەرسە يېيىشىگە تىكىلىپ قاراپ ئولتۇرماسلىق كېرەك. ئالدىغا قاراپ غىزا يېيىش تەلەپ قىلىنىدۇ. باشقىلارنىڭ بىرنەرسە يېگىنىگە

قاراپ تۇرۇش ئەدەپكە يات. ھېكايە قىلىپتۇرلەركى، بىر سورۇندا، بىر كىشى تاماق يەۋاتسا، ئۇ تەرەپتە ئولتۇرغان يەنە بىر كىشى، ئەپەندىم، قولىڭىزدىكى لوقمىدا بىر تال قىل تۇرىدۇ، دەپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان مېھمان دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ قايتىپ كەتمەكچى بولۇپتۇ ۋە مېنىڭ يەۋاتقان غىزايىمدىكى قىلنىمۇ كۆرۈپ تۇرالايدىغان ئادەمنىڭ يېنىدا غىزالىنىش مەكرۇھ، دەپتۇ.

تائام يېگەندە ئالدىراپمۇ كەتمەسلىك، نازلىنىپمۇ ئولتۇرۇۋالماسلىق تەلەپ قىلىنىدۇ. تائامنى ئەدەپ بىلەن ئاۋاز چىقارماي يېيىش پەزىلەت، شاپىلدىتىپ ئاۋاز چىقىرىپ يېيىش ئەيىب سانىلىدۇ. تائامنى سوۋۇتۇپراق يېيىش، قىزىق ئاشنى پۈۋلەپ يېمەسلىك تەلەپ قىلىنىدۇ. يېمەكنى ئۇششاق چايناپ، نورمال يېيىشكە ئادەتلىنىش، نەپسىگە بېرىلىپ كۆپ يەۋالماسلىق، تارتىنىپ ئولتۇرۇپ ئۆزىنى ئۆزى ئاچ قويۇپ قايتماسلىق تەلەپ قىلىنىدۇ.نورمال تاماقنى ئادەم كۆتۈرىدۇ، ھەددىدىن ئارتۇق بولۇپ كەتسە، ئادەم تاماقنى ۋە ئۇنىڭ زەرىرىنى كۆتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

سورۇندا ئولتۇرغاندا ۋالاقتەڭكۈرلۈك قىلماسلىق، گەپ قىلماي باشتىن - ئاياغ سۈكۈتتىمۇ تۇرۇۋالماسلىق تەلەپ قىلىنىدۇ. گەپ سورالسا ئورۇنلۇق جاۋاب بېرىش، زۆرۈرىيەتسىز گەپلەرنى قىلماسلىق، ئۆزىنى ماختاپ پو ئاتماسلىق، باشقىلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلماسلىق تەلەپ قىلىنىدۇ. چوڭلارنىڭ گەپلىرىگە قۇلاق سېلىش، بىراق قوشۇق سالماسلىق تەكىتلىنىدۇ. بىر سورۇندا باشقىلارنىڭ سۆزىگىمۇ ئىپادە بىلدۈرمەسلىك، ئۆزىمۇ بىر ئېغىزمۇ گەپ - سۆز قىلماي تۇرۇش ۋەھىمە تۇغدۇرىدۇ. سورۇندا ئەسنەش، كېكىرىش يامان ئىلىنىدۇ. ئىلاج قىلىپ ئۇنى بېسىشقا تىرىشىش كېرەك.

ئولتۇرغاندا ئەدەپ بىلەن ئولتۇرۇش تەلەپ قىلىنىدۇ. پۇتلارنى سۇنۇپ ئولتۇرۇش، جەينەكلەپ، يانپاشلاپ ئولتۇرۇش،

تەكەببۇرلارچە غادىيىپ ئولتۇرۇش ئەيىب سانىلىدۇ. داستىخاندا راۋرۇس، تۈز، ئەدەپ بىلەن ئولتۇرۇش، ھەددىدىن ئارتۇق مۈكچىيىۋالماسلىق كېرەك.

داستىخان ئۈستىدە ئۆز ئارا قولاق يېقىشىپ، پىچىرلىشىپ گەپ قىلىش خاتا. بۇ ھال باشقىلاردا گۇمان، خۇدۇكسىرەشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ھەرقانداق مۇھىم گەپ ـ سۆز بولسا، سورۇندىن قايتقاندىن كېيىن دېيىشىۋالسا بولىدۇ.

داستىخان ئۈستىدە باشقىلارغا قوپال، قاتتىق، زىتىغا تېگىدىغان چاقچاقلارنى قىلىش، قاتتىق ئۈن بىلەن كۈلۈش ئەيىب ھېسابلىنىدۇ. نورمال ئادەمىي چاقچاقلارنى قولىدىن كەلسە قىلىپ كىشىلەرنى خۇرسەن قىلسا بولىدۇ. سورۇندا يەل قويۇپ بېرىشتىن قاتتىق ھەزەر قىلىش كېرەك. بىر ئادەم يەل قويۇپ بەرسە، سورۇندىكى ھەممە ئادەم گۇماندار بولۇپ قالىدۇ. سورۇندا، ھەرگىزمۇ ئۇ يۇرت، بۇ يۇرت دەپ يۇرت ئايرىپ گەپ قىلماسلىق، ئورتاق گەپنى قىلىش كېرەك. بولسا يۇرت ئايرىپ، ئۇ يەرلىك، بۇ يەرلىك دەپ گەپ باشلىغان ئادەمگە زەربە بېرىش كېرەك. بۇنداق ئىشلار كۆپىنچە يۇرتداشلار ئوتتۇرىسىدىكى ئولتۇرۇشلاردا كۆپرەك بولىدۇ. ئەگەر پەزىلىتى ۋە تەبىئىتى بار ئەركەك شۇ سورۇنغا ھازىر بولغان بولسا، چوقۇم بۇنداق نامۇۋاپىق پاراڭنى توسىدۇ. ئەگەر بۇنداق يۇرت ئايرىمىچىلىقى گەپلەر چىقىپ خەلقىمىزنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىغا زىيان سېلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا ئىنكاس قايتۇرالمىغان بولسا، ئۇنداق سورۇنغا مىللەتنىڭ يارامىلىق ئوغلانلىرى ئەمەس، بەلكى زىيانداش چۈپرەندىلەر يىغىلغان سورۇن بولىدۇ.

سورۇندا باشقىلارغا ھەددىدىن ئارتۇق قولچىلىق قىلىش ئەيىب، كىشىلەرنى ھۆرمەتلەش، قەدىر ـ قىممىتىنى قىلىش پەزىلەت. ئەگەر قولچىلىق ئۆز قەدىر ـ قىممىتىنى تۆۋەنلىتىش دەرىجىسىگە يەتسە پەزىلەتتىن يىراقلاشقان بولىدۇ. مېھماندارچىلىقتىن قايتقاندىن كېيىن، ساھىبخانىغا «ئاۋارە

قىلدۇق، كۆپ كايىپ كېتىپسىلەر، رەھمەت» دېگەندەك كۆڭۈل ياسايدىغان گەپلەرنى ئۇنتۇپ قالماسلىق كېرەك. قايتقاندىن كېيىن، ئۇ نېمىسى بۇنداق ئىكەن، بۇ نېمىسى بۇنداق ئىكەن، دەپ تۈزكورلۇق قىلماسلىق لازىم.

## «داستىخان»دىكى يوسۇنلار

بىز بۇ ماۋزۇيىمىزنىڭ ئاخىرىدا مېھماندارچىلىق يوسۇنىدا «داستىخان» مەدەنىيىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا قىسقىچە چۈشەنچە بېرىپ ئۆتىمىز. بىزنىڭ قارىشىمىزچە، داستىخان مەدەنىيىتى ئۇيغۇرلارنىڭ ناھايىتى قەدىمكى ئەنئەنىۋى قائىدە ـ يوسۇنىنىڭ تەرەققىي قىلىپ دەۋرىمىزگە كەلگەن مىللىي خاسلىققا ئىگە بولغان ئۆزگىچە مىللىي يوسۇنى. قەدىمكى دەۋردە داستىخان ئۇقۇمىنى «tergi تەرگى» دەپ ئاتىغان ۋە يەنە بىر مەنىسى «نېمەت» دېگەن مەنىنى بېرەتتى. شۇڭا، «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا مۇنداق بىر ماقال بېرىلگەن. «تىل بىلەن نېمەتكە ئېرىشەر» ( Ⅰ، 558). يەنە داستىخاندىكى خاس نازۇ نېمەتلەرنى بىلدۈرىدىغان. «tergi تەرگى» دېگەن ئۇقۇمۇ بولغان. بىز يەنە شۇنىڭغا دىققەت قىلدۇقكى، «تەر» سۆزى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «مېھنەت، ئەجىر» دېگەن مەنىدە ئىدى. شۇڭا، يۇقىرىقى ئۇقۇملارغا بىر تەرەپتىن، داستىخاننىڭ بەرىكەت، نېمەت بېرىدىغان نەرسە دېگەن چۈشەنچە يەنە بىر تەرەپتىن، داستىخاندىكى نېمەتلەرنىڭ مېھنەت، تەر، ئەجىر ئارقىلىق ھاسىل بولىدىغانلىقىدىن ئىبارەت چۈشەنچە سىڭگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ چۆچەكلىرىدە «ئېچىل داستىخىنىم، ئېچىل» دېگەن بىر چۆچەك بار. ئۇنىڭدىكى خىيال، ئارزۇ ئەمەلىيەتتە كىشىلەرنىڭ داستىخانغا باغلانغان، داستىخاندىن ئېرىشىدىغان نېمەتكە بولغان ئارزۇسىنىڭ ئىپادىلىنىشى ئىدى. شۇڭا خەلقىمىز داستىخاننى قەدىرلەيدۇ، تۇرمۇشىدا داستىخاندىن ئايرىلمايدۇ، داستىخان كىشىلەرنى بىر خىل ئورتاقلىققا، تەڭ

بەھرىمەن بولۇشقا، ئىتتىپاقلىققا، ئۇيۇشۇشقا ئۈندەيدىغان بىر ۋاستە. خەلقىمىز داستىخاندا بەرىكەت بار، دەپ قارايدۇ. ئۇيغۇر ئائىلىرىنىڭ ھەرقانداق بىر مەرىكىگە بارسا قولىدا داستىخىنى بولىدۇ. ئائىلىدە بولسا ئائىلە ئەزالىرىنى داستىخان ئەتراپىغا ئۇيۇشتۇرىدۇ. بىر داستىخاندىن تائام يېيىش كىشىلەر ئارىسىدىكى مېھىر - مۇھەببەتنى چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ. خەلقىمىز ناماق يەپ بولۇپ داستىخانغا دۇئا قىلىدۇ، داستىخانغا دۇئا قىلىش داستىخانغا بەرىكەت، ئائىلىگە بەخت تىلەشتىن ئىبارەت بولىدۇ.

ئۇيغۇرلاردا «بۆرىنىڭ ئورتاق، قوزغۇننىڭ ياغاچ (دەرەخ) بېشىدا» دېگەن بىر قەدىمكى تەمسىل بار. يېمەك - ئىچمەكتىكى ئورتاقلىق، تەڭ تالىشىپ يېيىش خەلقىمىزنىڭ قىممەتلىك ئەنئەنىسى. دەل ئۇلارنى بىر يەرگە جەم قىلغان نەرسە داستىخان. داستىخان سېلىنغاندىن كېيىن، ھەربىر كىشى ئۆزىنىڭ تاپقىنىنى داستىخانغا قويىدۇ، بىرلىكتە ئوزۇقلىنىدۇ. ئايرىمچىلىق قىلىش، يېمەكنى تىقىپ يېيىش ئەيىب ھېسابلىنىدۇ.

داستىخاننى خاسىيەتلىك بىلگەن خەلقىمىز داستىخاننىڭ پاكىزلىقىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ. بىر قېتىملىق مېھمان كۈتۈشتىن كېيىن، داستىخاننى يۇيۇپ تازىلايدۇ. ھەرگىز مەينەت داستىخاننىڭ ئۈستىگە نېمەت تىزمايدۇ. داستىخاننى دەسسەش ئەيىب ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، داستىخانغا قويۇلغان نېمەتلەرنىڭ داستىخانغا چۈشكەنلىرىنى تېرىپ يەۋېتىش ساۋاب دەپ قارايدىغان ياخشى ئادەت بار. بۇ ئەلۋەتتە خەلقىمىزنىڭ تېجەشلىك بولۇشقا، ئىسراپچىلىققا قارشى تۇرۇشقا بولغان بىر ئەمەلىي ئىنكاسى ئىدى. بىر يۇردا ناننى خارلىسا شۇنىڭ خارلىقى كېلىدۇ، دەپ قارايدىغان خەلقىمىز، ئىسراپچىلىقنى مەدەنىيەتسىزلىك، پەزىلەتسىزلىك، نەكەبۇرلۇق دەپ قارايدۇ. بۇ ئەنئەنىنى ھەرقاچان داۋاملاشتۇرۇپ، داستىخانلىرىمىزنىڭ نېمەتلەرگە توشۇشىغا تىلەكداشمىز.

# تازىلىق روھنىڭ پاكلىقى

خەلقىمىزنىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرىنىڭ ئىچىدە تازىلىق ھاياتنىڭ تۈنجى بېزىكى ھېسابلىنىدۇ. ھەرقانداق ئىشنىڭ بىسمىللاسىنى تازىلىقتىن باشلايدۇ. ئائىلىۋى ئىشلاردا بولسۇن، مۇھىت تازىلىقىدا بولسۇن، شەخسىي تازىلىقتا بولسۇن تازىلىقسىز ئىشقا كىرىشمەيدۇ. چۈنكى، تازىلىق خەلقىمىزنىڭ ئەقىدىسىگە ۋە قائىدە - يوسۇنلىرىمىزنىڭ ئەڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىغا ئايلىنىپ كەتكەن. بىز شۇنى تەسەۋۋۇر قىلساق بولىدۇكى، بالا تۇغۇلغاندىمۇ يۇيۇلىدۇ، ئۆلگەندىمۇ يۇيۇلۇپ يەرلىكىگە قويۇلىدۇ. چۈنكى، خەلقىمىز تازىلىق بەرىكەت، تازىلىق روھنىمۇ پاكلايدۇ دەپ قارايدۇ. مەينەتچىلىك ئەقىلنى بۇلغايدۇ، مەينەتچىلىكتىن بەرىكەت، ئامەت قاچىدۇ، دەپ قارايدۇ. بۇ مەنىدىن چىقىپ بىر ئادەمنىڭ ئىنسانىي پەزىلىتىنى ئۆلچەشتە ئەڭ ئاۋۋال ئېتىبار بېرىدىغىنى تازىلىق. بىر ئادەم ھەرقانچە باي، ئېسىلزادە بولۇپ كەتسىمۇ ئەگەر ئۇنىڭدا پاكىزلىق پەزىلىتى بولمىسا ئۇ ئەيىبكە قالىدۇ. ھەرقانچە نامرات بولسىمۇ ئەگەر پاكىزلىقنى سۆيىدىكەن، كىشىلەر تەرىپىدىن قەدىرلىنىدۇ، ئۆيىدە بىر پالاس ۋە كىگىزدىن باشقا بىساتى يوق نامراتلارمۇ ئۆيۋاقىسىنى پاكىز سۈپۈرۈپ سۇ چېچىپ ئولتۇرىدۇ.

بىز ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئادەتلىرىگە قارايدىغان بولساقمۇ تازىلىققا تولىمۇ ئەھمىيەت بېرىدىغان، گۈزەللىكنى قەدىرلەيدىغان خەلق ئىكەنلىكى ئايان بولىدۇ. مەھمۇد كاشغەرىينىڭ بايانلىرىدا، سۇتنى سېغىپ كېلىپ باشقا قاچىلارغا تۆككەندە يىپەك سۈزگۈچ ئىشلەتكەنكەن، گۈزەللىك

ئېھتىياجى ئۈچۈن سۈپۈرگىدىن ئىبارەت بۇ تازىلىق قورالى ئۇيغۇرلارغا مىڭ يىللاردىن بېرى ھەمراھ بولغان. شۇڭا، بىز قائىدە ـ يوسۇن ھەققىدە پىكىر قىلغاندا، خەلقىمىزنىڭ تازىلىق ئەنئەنىسى ھەققىدە گەپ قىلماي ئۆتۈشكە بولمايدۇ.

## ئۆي ئىچى، ھويلا ـ ئارام تازىلىقى

خەلقىمىز ئەزەلدىن ئائىلە تازىلىقىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن. ئۇيغۇر خوتۇن ـ قىزلىرى سەھەر تۇرۇپ ئالدى بىلەن قىلىدىغان بىرىنچى ئىشى، ھويلا ـ ئاراملارنى سۈپۈرۈپ، سۇ چېچىپ تازىلايدۇ، بۇ خىل ئادەتنى «ئالدىنى ئېچىش» دەپمۇ ئاتايدۇ. ئارقىدىن ئۆرۈن ـ كۆرپىلەرنى سىيرىپ ـ سۈپۈرۈپ، رەتلىك يىغىپ، كىگىز ـ كېچەكلەرنى سۈپۈرۈپ ئەخلەتلىرىنى ئېلىپ، ئاندىن ناشتىغا ئولتۇرىدۇ. تازىلىق قىلماي تۇرۇپ ناشتىغا ئولتۇرۇشنى قائىدە ـ يوسۇنغا خىلاپ دەپ قارايدۇ. كەچتە ياتقاندا يەنە ئالدى بىلەن تۆشەك سېلىنىدىغان جاينى پاكىز تازىلاپ بولۇپ، ئاندىن ئۆرۈن سالىدۇ. تازىلىماي تۇرۇپ ئۆرۈن سالمايدۇ. تاماق يەپ بولغاندىن كېيىن قاچا ـ قومۇچلارنى پاكىز يۇيۇپ، ئۆلارنى جاي ـ جايىغا رەتلىك قويۇپ ئاندىن باشقا ئىشلارغا كىرىشىدۇ. شۇڭا، ئۇيغۇرلاردا «خېنىمنىڭ قېشىغا قارساي، ئاۋۇقىنىڭ ئېشىغا قارا» دېگەن ماقاللار پەيدا بولغان. شۇڭا، ئۇيغۇرلاردا ئۆي تازىلىقى ئاساسەن ئاياللارنىڭ ئۈستىگە يۈكلەنگەن. ئەگەر بىر ئۆي «مەينەت» دەپ ئاتىلىپ قالسا، ئۇنىڭ ھاقارىتى ئاياللارغا بولىدۇ. شۇڭا، بۇ خوتۇن ـ قىزلارنىڭ پەزىلىتىنى سىنايدىغان مۇھىم بىر شەرت بولغان. «ئوڭلۇق ئايال» دېگەنلىك ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ ئۆي ئىچى تازىلىقىغا ئەھمىيەت بەرگەنلىك بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، تاماققا بولغان ئۈستىلىقى ۋە پاكىزلىقىغا قارىتىلغان ئۆي ئىچى تازىلىقىدا! كۈندىلىك تازىلىق ئادىتىدىن باشقا قىرەللىك قىلىدىغان چوڭ

تازىلىق ئادىتىمۇ بار. ھەربىر پەسىل ئالمىشىش باسقۇچلىرىدا، ھېيت - بايراملاردا، «ئۆيىنى كۆتۈرۈش» دېگەن بىر ئادەت بار. ئۇ پۈتۈن يوتقان - كۆرپىلەرنى سۆكۈپ كىرلىكلىرىنى يۇيۇش، پاختىلىرىنى ئاتتۇرۇپ، قايتا تىكىپ چىقىش، ئۆي تورۇسلىرىنى، ئىشىك - دېرىزىلەرنى تازىلاش، كىگىز - كېچەكلەرنى سىرتقا ئېلىپ چىقىپ تازىلاش، تام - تورۇسلارنىڭ بۇزۇلغان جايلىرىنى ئوڭشاش قاتارلىق پائالىيەتلەر بىلەن بولىدۇ. ئۆي ئىچىدىكى، ھويلا - ئاراملاردىكى دەل - دەرەخلەرنى، گۈل - گىياھلارنى يۇيۇپ تازىلايدۇ. شۇنداق قىلىپ پۈتۈن ئۆي بىساتلىرى، سەرەمجانلار قايتىدىن ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ.

## مۇھىت تازىلىقى ئادەتلىرى

ئۇيغۇر خەلقى قەدىمدىن بېرى ئۆزى ياشاپ كېلىۋاتقان تەبىئىي مۇھىتنىڭ پاكىز بولۇشىغا ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن. قىز - جۇۋانلار ئۆي - ئارام تازىلىقىنى قىلىشتىن بۇرۇن ئىشىك ئالدىنى، ئۆزىنىڭ ئۆيىنىڭ ئۇدۇلىدىكى چوڭ كوچىلارنى، ئېرىقلارنى پاكىز تازىلاپ، سۇ چېچىپ، قايتىپ كىرىپ ئاندىن ئۆي ئىچى تازىلىقىغا چۈشىدۇ. بۇ مەشغۇلات جامائەت نامازدىن يېنىشتىن بۇرۇن چوقۇم ئورۇندىلىپ بولۇشى كېرەك، دەپ قارىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ بىر سەھەردىلا يېزا - قىشلاقلاردىكى بارلىق كوچىلار تازىلىنىپ بولىدۇ. بۇ ئادەت باشقا مىللەتلەردە ئاساسەن كۆرۈنمەيدىغان مىللىي خاسلىققا ياتىدىغان مۇھىم ئەنئەنە بولۇپ كەلگەن. يېزا - مەھەللىلەردە قولۇم - قوشنىلار ئورتاق ئىشلىتىدىغان «يالاق» ۋە «سۇ يۆندىلىك» دەپ ئاتىلىدىغان خاس يۆندى، ئەخلەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىش ئورۇنلىرى بولىدۇ. سۆڭەك - ئالتاقلار ۋە بەزى بۇزۇلغان يېمەكلىكلەر «يالاق»قا، ئەخلەتلەر «سۇ يۆندىلىك»كە تۆكۈلىدۇ. كۆللەرنىمۇ خالىغان جايغا تۆكمەيدۇ،

بەلكى ئۇنى ئېغىلغا ۋە ياكى «كۆللۈك» دەپ ئاتىلىدىغان خاس جايغا تۆكىدۇ. ھېچقانداق ئەخلەتلەرنى ئېرىق بويلىرىغا، كۆل بويلىرىغا، كىشىلەر ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان، پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان جايلارغا تۆكمەيدۇ. يەنە بىرى، ئۇيغۇر خەلقى كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى ھاجەتخانىنى ھويلىدىن، ئاشخانىدىن يىراق جايغا ئورۇنلاشتۇرىدۇ. قەرەللىك ھالدا توپا تاشلاپ، سېسىق پۇراقنىڭ چىقىشىنى تىزگىنلەيدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا مۇھىتنى گۈزەللەشتۈرۈش، ھاۋاسىنى ياخشىلاشقا ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن خەلقىمىز، ھويلا - ئاراملىرىنى دەل - دەرەخلەر بىلەن، گۈل - گىياھ بىلەن كۆكەرتىشنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىدۇ. دەل - دەرەخ بولمىغان ئۆينى قەبرىستانلىققا ئوخشىتىدۇ. شۇڭا، ئەڭ نامرات كىشىلەرنىڭ گەرچە ھېچنېمىسى بولمىسىمۇ بىر تۈپ ئۈجمىسى بولىدۇ. ھويلا - ئارامنى تال - باراڭلىق قىلىش ئۇيغۇرلارنىڭ نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيانقى ئەنئەنىسى. يەنە شۇنىمۇ تىلغا ئېلىشقا بولىدۇكى، خەلقىمىز ھەرگىزمۇ كەلسە - كەلمەس جايلارغا تەرەت قىلمايدۇ، كەلسە - كەلمەس جايلارغا مىشقىرمايدۇ، تۈكۈرمەيدۇ. بۇمۇ قەدىرلەشكە تېگىشلىك مۇھىم قائىدە.

## شەخسىي تازىلىق ئادەتلىرى

خەلقىمىز شەخسىي تازىلىققا تولىمۇ ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئەڭ ئاز دېگەندە ھەپتىدە (جۈمە كۈنىدە) بىر قېتىم بولسىمۇ پۈتۈن بەدىنىنى يۇيۇپ تازىلايدۇ. شۇڭا، ھەربىر ئۆيدە «ئەۋرەز» دېگەن بىر ئەسلىھە بولىدىغان، ئۇ يۇيۇنغاندا، تەرەت ئالغاندا يۇندىنى يەرگە سىڭدۈرۈۋېتىش ياكى ئېقىتىپ چىقىرىۋېتىش رولىنى ئاتقۇزاتتى. ئۇنىڭدىن باشقا رەستىلەردە، خانىقا، مەسچىتلەردە قەدىمدىن بېرى ھاممام بولغان. ئۆي شارائىتى ياخشى بولمىغان

كىشىلەر ھاممامغا بىرىپ يۇيۇناتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئېقىن سۇلاردا، شارقىراتمىلاردا سۇغا چۈشۈشمۇ ياشلار ئارىسىدا ئومۇملاشقان ئادەت ئىدى. ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا كىرگەندىن كېيىن، ئۇچتە پاك بولۇشنى ئەقىدە قاتارىدا داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن. بەدەن پاك بولۇش، ئىگىن - ئۇچىسى پاك بولۇش، ئورۇن پاك بولۇش پەرھىز ھېسابلىنىدۇ. بۇ مەلۇم مەنىدە روھنى پاكلايدۇ، دەپ قارىغانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ.

شەخسىي تازىلىقتا سۈننەت ھېسابلانغان يەنە بىرقانچە ئىشقا دىققەت قىلىدۇ. بىرى، تىرناقنى ئۆستۈرۈۋەتمەسلىك، چاچنى ئۆستۈرۈۋەتمەسلىك، بەدەندىكى موي‌لارنى پات - پات تازىلاپ تۇرۇش، مىسۋاك ئىشلىتىپ ئېغىز تازىلىقىنى ياخشىلاش قاتارلىقلار. خەلقىمىزدە يېنىدا قولياغلىق تۇتۇش قەدىمدىن بىرىكى ئادەت. قولياغلىق تازىلىققا كاپالەتلىك قىلىشنىڭ مۇھىم ۋاستىلىرىدىن بىرى بولغان، ھازىرغا كەلگەندە، ئون ئادەمنىڭ بىرىدىن قولياغلىق چىقمايدۇ. قەدىمكى چاغدا ھەتتا ئۇيغۇرلار بۇرۇن ئېيتىدىغان قولياغلىق بىلەن يۈز - كۆزنى، قولىنى سۈرتىدىغان قولياغلىقنى ئايرىم تۇتقان، ئارىلاشتۇرمىغان.

## يېمەك - ئىچمەك تازىلىقى ئادەتلىرى

يېمەك - ئىچمەك تازىلىقى ئۇيغۇرلارنىڭ تازىلىق، پاكىزلىق ئەنئەنىسىدىكى ياخشى ئەنئەنىلەرنىڭ بىرى. قەدىمكى ئۇيغۇرلاردا «كېسەل گالدىن كىرىدۇ، مەينەت نەرسە گالغا قېرىق بولىدۇ» (يۈسۈپ خاس ھاجىپ) دېگەن چۈشەنچە بار ئىدى. شۇڭا، يېمەك - ئىچمەكنىڭ بارلىق باسقۇچلىرىدا تازىلىققا قەتئىي رىئايە قىلىپ كەلگەن. تاماققا تۇتۇش قىلىشتىن بۇرۇن ئالدى بىلەن چوقۇم قول يۇيۇلىدۇ، قول يۇماي تۇرۇپ تاماققا تۇتۇش قىلمايدۇ، تاماقنىڭ بارلىق خۇرۇچلىرى ئالدى بىلەن پاكىز ئادالىنىپ

تازىلىق تەلىپىگە يەتكۈزۈلگەندىن كېيىن، ئاندىن ئۇ يەنە سۇدا پاكىز يۇيۇلىدۇ. كۆكتات بولسۇن، گۈرۈچ بولسۇن، باشقا دانلىق زىرائەتلەر بولسۇن، بۇلار ئېتىز بېشىدىن تارتىپ تاكى قازانغا كىرگۈچە، قاچىغا ئۇسۇلۇپ گالغا كىرگۈچە نەچچە قېتىملىق تازىلىق باسقۇچلىرىنى باشتىن كەچۈرىدۇ. خامىندا بۇغداي ۋە قوناقلار ئۆتكەمە، غەلۋىرلەردىن ئۆتكۈزۈلۈپ، بارلىق تاش، چالما ۋە باشقا ئەخلەت - چاۋارلاردىن تازىلىنىدۇ. ئۆيگە كىرىپ تۈگمەنگە بارغۇچە يەنە ئۈگۈت ئېتىلىپ، يۇيۇلۇپ ئاندىن ئۇن قىلىنىدۇ. ئۇنمۇ مەخسۇس كاتلاردا، سوغىلاردا ساقلىنىدۇ. تاماق تەييار بولغاندىن كېيىن، يەنە چىنە - قاچىلار بىر قېتىم يۇيۇلۇپ (چايقىلىپ) ئاندىن ئاش ئۇسۇلىدۇ. تاماقتىن كېيىن، قاچىلار يەنە يۇيۇلىدۇ. ئاياللارنىڭ ئاشخانىلاردا روماللىرىنى چىڭ چىگىپ تاماق ئېتىشى، چاچلارنىڭ تاماققا چۈشۈپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن قىلىنغان ئەھمىيەتلىك مۇداپىئە ئىدى. تىرناقلارنىڭ ئۇستۇرۇلمەسلىكىمۇ تىرناق قېتىدىكى كىر ۋە مىكروبلارنىڭ تاماقنى بۇلغىماسلىقى ئۈچۈن ئىدى. چۈنكى، ئۇيغۇرلاردا بەزى تاماقلار قول بىلەن يېيىلىدۇ.

ئومۇمەن، خەلقىمىز قەدىمدىن تارتىپ تازىلىقنى، گۈزەللىكنى، مۇھەببەتنى، ئائىلىنى سۆيۈپ كەلدى. ئۇلار بۇنداق ئېسىل روھى بىلەن ئېسىل تازىلىق ئادەتلىرىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. تازىلىق ئەمەلىيەتتە بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيلىك دەرىجىسىنى ئىپادىلەيدىغان كۆزگۈلەرنىڭ بىرى. بىز شۇنداق قارايمىزكى، تازىلىققا رىئايە قىلمىغان ئادەم ھەرقانچە ئالتۇن - بېزەكلەر بىلەن بېزىنىۋالسىمۇ، يەنىلا ئۇ مەدەنىيەتسىز، ئەخلاقسىز تائىپىلەر قاتارىدىن سانىلىدۇ.

# قانداشلىق (جەمەت) يوسۇنلىرى

ئۇيغۇر خەلقى ئائىلىنى مۇقەددەس بىلىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئائىلە ۋە ئائىلە تۈزۈمى شەكىللەنگىلى نەچچە مىڭ يىللار بولدى. بۇ جەرياندا ئۇلار ئائىلىدىن ئىبارەت بۇ كىچىك ۋەتەننى مۇكەممەل ئائىلە قۇرۇلمىسىغا ئىگە قىلىش، جەمئىيەتنىڭ ساغلام ھۈجەيرىسىگە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن زور تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتتى، بۇ جەرياندا ئائىلە تۈزۈمى، ئائىلە ئەخلاقى، ئائىلە قانۇنى، ئائىلە نەسەب ـ شەجەرە تۈزۈمى، ئائىلە باشقۇرۇش، ئائىلىنى گۈللەندۈرۈش، پەرزەنت تەربىيىلەش، ھۈنەر ـ سەنئەت ئىشلىرى قاتارلىقلاردا مۇكەممەل، سىستېمىلىق، ناھايىتى ئەھمىيەتلىك، قىممەتلىك ئۆلگىلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، ئۆزىگە خاس ئائىلە مەدەنىيىتىنى بارلىققا كەلتۈردى. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئائىلە مەدەنىيىتى پۈتكۈل ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ مەدەنىيەت تەلىپى بىلەن بىردەك بولدى.

## قانداشلىق مۇناسىۋەت

ئائىلە دېگەن ئالدى بىلەن قانداشلىق مۇناسىۋەتنى تەشكىل قىلىش ئۈچۈن قۇرۇلغان، ئىككى قانداش بولمىغان ئەر ـ ئايالنىڭ بىرلىشىشى ئارقىلىق قانداشلىق مۇناسىۋەتنى بارلىققا كەلتۈرىدىغان ئومۇمىي قانۇنىيەتلىك جەريان. جەمئىيەت بولغان ئىكەن، ئائىلە بولىدۇ. ئائىلە بولمىسا جەمئىيەتمۇ ئۆزىنىڭ مۇھىم فۇنكسىيەلىك رولىنى يوقىتىپ قويىدۇ. قانداشلىق، قېرىنداشلىق مۇناسىۋەت ئورنىنىڭ ئۈنجى ئۆرۈمىنى ئائىلە

چىگىدۇ. شۇنداق قىلىپ بارا - بارا جەمئىيەت، قانداشلىق مۇناسىۋەت بارلىققا كېلىدۇ. مانا شۇ قانداشلىق مۇناسىۋەت جەريانىدا جەمەت يوسۇنلىرى بارلىققا كېلىدۇ. ئۇيغۇرلار قانداشلىق مۇناسىۋەتكە ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىدۇ، تۇغقانلار ئارا مېھىر - مۇھەببەتنى ئەلا بىلىدۇ. قانداشلار ئارىسىدا ئۆزئارا نىكاھ قىلىشقا يول قويۇلمايدۇ. بولۇپمۇ نەۋرىنى نەۋرىگە چېتىش بەك چەكلىنىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ قائىدە - يوسۇنىدا توققۇز ئەۋلاد بىر پۈتۈن قانداشلىق مۇناسىۋەتنى تەشكىل قىلىدۇ. يەنى بۇلار ئۇرۇق - تۇغقان ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭدا «مەن» نى مەركەز قىلىپ «مەن» دىن ھېسابلىغاندا، دادىسى، ئانىسى بىرىنچى ئەجداد، چوڭ دادىسى، چوڭ ئانىسى ئىككىنچى ئەجداد، بوۋىسى بىلەن مومىسى ئۈچىنچى ئەجداد، چوڭ بوۋىسى بىلەن چوڭ مومىسى تۆتىنچى ئەجداد سانىلىدۇ. «مەن» دىن تۆۋەنكە سانىغاندا بالا بىرىنچى ئەۋلاد، نەۋرە ئىككىنچى ئەۋلاد، ئەۋرە ئۈچىنچى ئەۋلاد، چەۋرە تۆتىنچى ئەۋلاد بولىدۇ. مۇشۇ زەنجىرگە چېتىلغان تۇغقانلار بىر جەمەتنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ.

## تۇغقانلارنىڭ نام - ئاتىقى

ئۇيغۇرلاردا ئۇرۇق - تۇغقانلار ئارىسىدىكى تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋەتنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدىغان نام - ئاتاق ئانچە روشەن ئەمەس، قەدىمكى قەبىلىداشلىق دەۋرلەردە بۇ خىل مۇناسىۋەت ناھايىتى ئېنىق ئايرىلغان. بىراق، كېيىن بارا - بارا بۇ خىل پەرق يوقىلىپ بارغان. قەدىمكى دەۋردە، ئەرنىڭ ئۆز سىڭلىسى «سىڭىل» دەپ ئاتالغان. ئەرگە نىسبەتەن خوتۇننىڭ ئۆزىدىن كىچىك قىز قېرىندىشى «يالدىز» دەپ ئاتالغان. ئەرگە نىسبەتەن قېيىنئاچىسى «ئەگە» دەپ ئاتالغان، خوتۇنغا نىسبەتەن ئېرىنىڭ ئىنىسى «ئىنى» دەپ ئاتالغان، خوتۇنغا نىسبەتەن ئېرى-

نىڭ ئۆزىدىن چوڭ ئەر قېرىندىشىنى «ئىچى» دەپ ئاتاپ پەرقلەندۈرگەن. باشقا تۇغقانلارنىڭ قانداق پەرقلەندۈرۈلىدىغانلىقى توغرىسىدا كۆپ مەلۇمات يوق.

ھازىر «مەن» گە نىسبەتەن بىرىنچى قانداشلىق مۇناسىۋەتنى تەشكىل قىلغۇچى يەنى «مەن» نى دۇنياغا كەلتۈرگۈچى ھامىيلاردىن ئەر «دادا»، «ئاتا» دەپ، ئايال «ئانا»، «ئاپا» دەپ ئاتىلىدۇ. ئانىسىنىڭ دادىسى، ئانىسى چوڭ ئانا، چوڭ دادا دەپ ئاتىلىدۇ. چوڭ دادىسىنىڭ دادىسى، ئانىسى بوۋا، موما دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭدىن يۇقىرىسىغا ئۆتسە ئۇلۇغ بوۋا، ئۇلۇغ موما، تېخىمۇ يۇقىرىسىغا ئۆتسە كۆپلۈك ئاتالغۇ بويىچە ئاتا - بوۋىلىرىمىز، ئەجدادىمىز دەپ ئاتىلىدۇ.

ئەمدى تۆۋەنگە ماڭغاندا، «مەن» گە نىسبەتەن ئوغۇل پەرزەنتى «ئوغلۇم» دېيىلىدۇ، قىز پەرزەنتى «قىزىم» دېيىلىدۇ. ئوغلىنىڭ بالىسى ھەم قىزىنىڭ بالىسى «نەۋرە» دەپ ئاتىلىدۇ. نەۋرىنىڭ پەرزەنتلىرى «ئەۋرە» دەپ ئاتىلىدۇ. ئەۋرىنىڭ بالىلىرى چەۋرە بولىدۇ. پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن قىز تەرەپ ئەۋرە، قىز تەرەپ چەۋرە، ئوغۇل تەرەپ ئەۋرە، ئوغۇل تەرەپ چەۋرە دەپ پەرقلەندۈرۈلىدۇ، مەخسۇس ئاتالغۇ يوق.

«مەن» گە نىسبەتەن دادىسىنىڭ بىر تۇغقانلىرى، ئانىسىنىڭ بىر تۇغقانلىرى ھاما، تاغا دەپ ئاتىلىدۇ. دادىسى، ئانىسىنىڭ چوڭ بىر تۇغقىنى بىلەن كىچىك بىر تۇغقىنىنى پەرقلەندۈرۈپ چوڭ ھاما، چوڭ تاغا، كىچىك ھاما، كىچىك تاغا دەپ پەرقلەندۈرىدۇ. ھاما تاغىلارنىڭ بالىلىرى نەۋرە ئاكا، ئاچا، نەۋرە ئىنى، نەۋرە سىڭىل دەپ ئاتىلىدۇ. ئىككى تۇغقاننىڭ بالىلىرى ئەۋرە تۇغقان بولىدۇ. پەرقلەندۈرۈلۈپ ئەۋرە سىڭلىم، ئەۋرە ئىنىم، ئەۋرە ئاكام، ئەۋرە ئاچام دېيىلىدۇ. چەۋرىلەرمۇ تۇغقان ھېسابلىنىپ، چەۋرە ئىنىم، چەۋرە سىڭلىم، چەۋرە ئاكام، چەۋرە ئاچام دېيىلىدۇ.

ئائىلە كېلىن بالىغا نىسبەتەن، ئۆزى نىكاھلانغان ئەر

«ئېرىم» دېيىلىدۇ. بالا - چاقىلىق بولغاندىن كېيىن «دادىسى» دەيمۇ ئاتايدۇ. ئادەتتە چاقىرغان چاغدا «ئېرىم» دەپ چاقىرمايدۇ، «بىزنىڭ ئادەم»، «دادىسى» ياكى ئىسمىنى ئاتاپ چاقىرىدۇ. قەدىمكى زاماندا «بېگىم» دەپ ئاتايدىكەن. ئېرىنىڭ دادىسى، ئانىسىنى «دادا» «ئانا» دەپ ئاتايدۇ. سىرتقا نىسبەتەن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن قېيىنئاتام، قېيىنئانام دەيدۇ. ئېرىنىڭ بىر تۇغقانلىرىنى «سىڭلىم، ئىنىم، ئۇكام، ئاكام، ئاچام» دەپ ئاتايدۇ. پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن «قېيىنسىڭلىم، قېيىنئىنىم، قېيىنئاچام، قېيىنئاكام» دەيدۇ. ئېرىنىڭ ئەر بىر تۇغقىنىنىڭ ئايالى «يەڭگە» بولىدۇ. ھازىر ئەرنىڭ بىر تۇغقانلىرى كېلىننى «يەڭگە» دەۋالىدىغان بولدى. بۇ ئىككىسىنى پەرقلەندۈرۈش كېرەك.

ئەرگە نىسبەتەن ئۆزى نىكاھلانغان ئايال «ئايالىم»، «خوتۇنۇم» دەپ ئاتىلىدۇ. چاقىرغاندا «خوتۇن»، «ئايال»، بالىلىق بولغاندىن كېيىن «ئانىسى»، «ئاپىسى» دەپ چاقىرىدۇ. ئايالىنىڭ ئاتا - ئانىسى ئەرگە نىسبەتەن قېيىنئاتا، قېيىنئانا بولىدۇ. چاقىرغاندا «دادا»، «ئاپا» دەپ چاقىرىدۇ. بەزىلەر «ئاكا»، «ئاچا» دەپ ئاتايدۇ. ئايالىنىڭ بىر تۇغقانلىرى ئوخشاشلا قېيىنسىڭىل، قېيىنئىنى، قېيىنئاچا، قېيىنئاكا بولىدۇ.

ئۇرۇق - تۇغقانلارنى پەرقلەندۈرۈپ ئاتاش قەدىمكى زامانلاردا ئىنتايىن مۇھىم قائىدە ھېسابلىناتتى. چۈنكى، قانداشلىق مۇناسىۋەتنى پەرقلەندۈرۈشتە ئاتاق ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايتتى. ئۇرۇق - تۇغقانلارنى پەرقلەندۈرۈپ ئاتاش پەقەت ئاتاقتىكى پەرق بولۇپ قالماستىن، بىر جەمەتنىڭ نەسەب شەجەرىسىنى تۇرغۇزۇشتا، قانداشلىق مۇناسىۋەتنى بېكىتىشتە ئىنتايىن مۇھىم ئىش. شۇڭا، ئۇنىڭغا ئادەت دەپ قارىماي، قائىدە - يوسۇن سۈپىتىدە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. پەرزەنتلەر ئۇرۇق - تۇغقانلارنى توغرا پەرقلەندۈرۈپ، ئۇلار بىلەن بولغان قانداشلىق، تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋەتنى

ياخشى ئىگىلىشى لازىم.

## قانداشلار ئارا نىكاھ چەكلىنىدۇ

ئۇيغۇرلاردا قانداش تۇغقانلار، ئېمىلداش تۇغقانلارنىڭ ئۆزئارا توي قىلىشى مەنئى قىلىنىدۇ. بۇ ئاساسلىقى بىر تەرەپتىن، پەرزەنتلەرنىڭ ساغلاملىقى، ئائىلىنىڭ بەختى ئۈچۈن، يەنە بىرى، تۇغقانلارنىڭ ئۆزئارا توي قىلىشى پەزىلەتتىن يىراق ئىش، ھايۋانلىققا يېقىن ئىش، پەقەت ھايۋانلار ئارىسىدا جىنسىي جۈپلىشىشتە قانداشلىقنى سۈرۈشتۈرمەيدۇ.

## پەرزەنت تەربىيەلەش يوسۇنلىرى

ئائىلە پەرزەنتلىك بولۇش، پەرزەنت تەربىيەلەش، يارامىلىق پەرزەنتلەرنى قاتارغا قوشۇشتىن ئىبارەت بۈيۈك مەسئۇلىيەت ئۈستىگە قۇرۇلغان بولىدۇ. بالىسىز ئائىلە بولمايدۇ. بالىسىز ئائىلىمۇ مۇكەممەل ئائىلە بولالمايدۇ. شۇڭا، ئۇيغۇر خەلقى «بالىلىق ئۆي بازار، بالىسىز ئۆي مازار» دەپ سۈپەتلىگەنىدى. توي قىلىپ بىر ئۆشەكتە ياتقاندىن كېيىن، تەبىئىي قانۇنىيەت بويىچە ئانا - ئاتا بالىلىق بولىدۇ، مانا بۇ بالا ئۇلارنىڭ پۇشتى، ھۆجەيرىسى، يۈرەك باغرى، ئەۋلادنى ئەۋلادقا ئۇلاشتۇرىدىغان شەجەرىسى، ئۆزىنىڭ ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا يورۇتۇپ تۇرىدىغان چىرىغى. بالا يەنە نام - نەسەبنى ئۈزۈپ قويمايدىغان يىلتىز. بۇ يىلتىز ياخشى پەرۋىش قىلىنسا جەمەتىگە شان - شەرەپ ئېلىپ كېلىدۇ، ئەل - ۋەتەنگە نەپ ئېلىپ كېلىدۇ. ئەگەر ياخشى پەرۋىش قىلىنمىسا جەمەتنى ئار - نومۇسقا قويىدۇ، ئەلگە ئاپەت ئېلىپ كېلىدۇ. شۇڭا، پەرزەنت تەربىيەلەش ئائىلە ئۈستىگە ئېلىشقا تېگىشلىك ناھايىتى مۇھىم مەسئۇلىيەت.

ئانا - ئاتا بولغۇچى پەرزەنتنىڭ بەختلىك ياشىشىنى، نام -

ئاتاق قازىنىپ ئەل ئارىسىدا مەشھۇر ئاتىلىشنى ئارزۇ قىلىدۇ. بىراق، بۇنداق ئارزۇغا ناھايىتى ئەستايىدىل كۆڭۈل قويۇپ تەربىيەلەش ئارقىلىق يەتكىلى بولىدۇ.

246. كىشى ياخشى ئات بىرلە ئالقىش ئالۇر،
يامان ئاتلىق ئولسا، ئۇ قارغىش ئالۇر.

1690. يارامىلىق ئىمىننىڭ بولۇر بەلگىسى،
كىچىكتىن چولڭ ئولغۇنچە بىلىنگۈسى.

1651. چېچەكتىن بىلىنۇر دەرەخ مېۋىسى،
بۇ ھەم ئۇچۇن بىر مىسال بولغۇسى.

1218. ئاتا ئەمگەكى سىڭسە ئوغۇلغا كۆپ،
بولۇر بۇ ئوغۇلنىڭ خۇيى - پەيلى خوپ.

1220. ئەگەر چاڭ تۇتۇلماس ئىكەن ئۇ ئوغۇل،
بولۇر زايە، ئاندىن سەن ئۈزگىن كۆڭۈل.

مانا بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ پەرزەنت تەربىيەسىنىڭ مۇھىملىقى ۋە قانۇنىيىتىدىن چىقارغان يەكۈنى. مانا شۇنداق مەسئۇلىيەت بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇيغۇر خەلقى پەرزەنت تەربىيەلەشنىڭ ئۆزىگە خاس قائىدە - يوسۇنلىرىنى بارلىققا كەلتۈرگەن.

## نەسل - نەسەبكە ئەھمىيەت بېرىش

ئۇيغۇر خەلقى پەرزەنتلىرىنىڭ يارامىلىق ۋە يارامسىز بولۇشىدا مۇھىم رول ئوينايدىغان ئاساسىي ئۇل ئاتا - ئانىسىنىڭ يارامىلىق ۋە يارامسىز بولۇشىغا باغلىق دەپ قارايدۇ. شۇڭا، ئاتا - ئانىنىڭ ياخشى تەربىيە كۆرگەن - كۆرمىگەنلىكى،

نەسەبىنىڭ پاك، ئېسىل بولۇشى پەرزەنتىنىڭ يارامىلىق بولۇشىغا پەۋقۇلئاددە تەسىر كۆرسىتىدۇ، دەپ قارايدۇ. نىكاھلىق بولۇشتا نەسىل ـ نەسەبنى ياخشى تاللاش، تەربىيە كۆرگەن ـ كۆرمىگەنلىكىگە قاراش نىكاھلىنىشتىكى مۇھىم شەرتلەرنىڭ بىرى سۈپىتىدە قارىلىدۇ.

108. ئەي خۇيى گۈزەل، پاك نەسەب، پاك ئۇرۇق،
جاھان قالمىسۇن سەندىن ھەرگىز قۇرۇق.

4476. تېگى ياخشى بولسۇن ئۇخۇم ھەم ئۇرۇق،
ئۇياتچان ۋە تەقۋا ئۆزى بەك ئېرىغ.

يۇقىرىقى دەۋەنلەردە ئۇيغۇرلار نىكاھلىنىشقا قويغان بىرقانچە پىرىنسىپلىق قائىدە يورۇيدۇ. بۇ جاھاتنىڭ تۈۋرۈكى پاكلىق، پاك نەسەب دەپ بىلگەن ئۇيغۇرلار، ئۇرۇق ھەم ئۇخۇمنىڭ ياخشى بولۇشىنى، ئۇياتچان، تەقۋا يەنى تەربىيە كۆرگەن بولۇشىنى ئالدىنقى قاتارغا قويغان، چۈنكى پەس تەبىئەتلىك ئادەم پادىشاھ بولۇپ كەتكەن تەقدىردىمۇ يەنىلا پەس، ئېسىل تەبىئەتلىك ئادەم قۇل بولۇپ كەتكەن تەقدىردىمۇ يەنىلا ئېسىل.

## سەۋەب ـ نەتىجە پىرىنسىپى

ئۇيغۇرلار ئەمەل قىلىپ كېلىۋاتقان تەلىم ـ تەربىيە تەلەپلىرىنىڭ بىرى شۇكى، ئۇلار، خۇدا ھەرقانداق ئىشقا بىر سەۋەبنى بىللە ياراتقان. بالىنىڭ ياخشى ـ يامان بولۇشىنىڭ سەۋەبى ئاتا ـ ئانىغا باغلىق، دېگەن قانۇنىيەتكە ئەمەل قىلىپ كەلگەن.

1485. ھەر ئىشقا قىلۇر سەۋەبنى خۇدا،
يامان ياخشىلىقتۇر ئۇنىڭ قولىدا.

1486. ئوغۇل ـ قىز سەۋەبى ئاتا ھەم ئانا،
بۇزۇلسا قىلىقى، تۈزۈلسە يەنە.

ئوغۇل ـ قىز خۇي ـ پەيلى بولسا يامان،
يامان قىلغان ئاتا بولارنى ھامان.

تەربىيە، تەسىر قانداق بولسا، پەرزەنت شۇنداق بولىدۇ. بالىنى قانداق ئادەم تەربىيەلىسە شۇنداق ئادەم بولىدۇ. ئاتا ـ ئانىنىڭ خۇي ـ مىجەزى قانداق بولسا بالىنىڭ مىجەز ـ خۇلقىمۇ ئاتا ـ ئانىسى تارتىدۇ. خەلقىمىز بۇ قانۇنىيەتكە ھۆرمەت قىلىدۇ.

## بالىنى ئۆز قولى بىلەن تەربىيەلەش پرىنسىپى

ئۇيغۇر خەلقى يەكۈنلەپ چىققان ھەم ئەمەل قىلىپ كەلگەن تەلىم ـ تەربىيە قائىدە ـ پرىنسىپلىرىنىڭ بىرى پەرزەنتلىرىنى ئاتا ـ ئانىلار ئۆز قولى بىلەن تەربىيەلەشتىن ئىبارەت.

4504. تۇغۇلسا ساڭا ئاي كەبى قىز ـ ئوغۇل،
ئاڭا تەربىيەچى سەن ئۆزۈڭلا بول.

مانا بۇ ناھايىتى ئۇزاق تەجرىبە ـ ساۋاقلاردىن كېيىن چىقىرىلغان ساۋاق. قانۇنىيەت شۇكى، ئاتا ـ ئانا بىلەن بالىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتەك يېقىن مېھىر ـ مۇھەببەت مۇناسىۋىتى باشقا ھەرقانداق بىرنەرسىدە بولمايدۇ. ئاتا ـ ئانا بالىغا كۆيۈنگەندەك ھېچكىم ئۇ بالىغا كۆيۈنۈپ بولالمايدۇ. ئاتا ـ ئانا ھەرقاچان بالىنىڭ غېمىنى يەيدۇ، ئەگەر بالىنىڭ غېمىنى يېمەيدىكەن، نۇرغۇن غەملەر تېخى ئۈستىدىن باسىدۇ، غېمىنى يېمىگەن بالا، بالا ئەمەس، بالا (بالا ـ قازا) بولۇپ، ئائىلىسىنىڭ

خانۇمانىنى كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىشقا بارايدۇ.

## بالىنى ئانا سۈتى بىلەن بېقىش پىرىنسىپى

بالىنى ئانا ئۆزىنىڭ سۈتى بىلەن بېقىشى پەرزەنتلەرنىڭ يارامىلىق، ئىقتىدارلىق ئادەم بولۇشىنىڭ مۇھىم شەرتلىرىنىڭ بىرى. ئۇيغۇر خەلقى قەدىمدىن تارتىپ بۇ پىرىنسىپقا ئەمەل قىلىپ كەلگەن. قانۇنىيەت شۇكى، نەسىل ـ نەسەب دېگەن قانداشلىق مۇناسىۋەت ئارقىلىق بولىدۇ. ئانا سۈتى قانداشلىق مۇناسىۋەتنى تەشكىل قىلغان ئامىلنىڭ بىرى. شۇڭا، مۇقەددەس ئەقىدىلەردە ئانا بالىنى چوقۇم ئىككى يىل ئېمىتىش كېرەك دەپ ئەمر قىلىنغان. بۇنىڭ ئارقىسىدا ناھايىتى نۇرغۇن ھېكمەتلىك سىرلار يوشۇرۇنغان. بىر تارىخىي ھېكايەتتە ئېنەكنى ئېمىپ چوڭ بولغان بىر ئاتىنىڭ بەزى خۇيلىرى ئېنەكنى دوراپ قالغانلىقى خاتىرىلەنگەن. بۇنىڭدىن قارىغاندا، ھايۋان سۈتى بىلەن بېقىلغان بالىلارنىڭ ساغلام ـ سۈپەتلىك، ئەقىل ـ پاراسەتلىك چوڭ بولۇشى چوقۇم دەخلى ـ تەرۇزگە ئۇچرايدۇ.

## «ئادەم قۇلاقتىن سەمرىيدۇ، ھايۋان تۇياقتىن»

بۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ پەرزەنتلەرنى بېقىش بىلەن تەربىيەلەشنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىش ھەققىدىكى چۈشەنچىسىنىڭ بېشىمى. «ئەي ئوغۇل، مەندىن ئۆگۈت ـ نەسىھەت ئال، پەزىلەتلىك بول، ئەل ئارىسىدا ئۇلۇغ ئالىم بولۇپ بىلىمىڭنى تارقات» (مەھمۇد كاشغەرىي). ئۇيغۇر خەلقى بالىغا ئوزۇق بېرىپ، كىيىم كىيگۈزۈپ چوڭ قىلىش بىلەن ئۇلارنى ئەدەپلىك، پەزىلەتلىك، ئېسىل خاراكتېرلىك، بىلىملىك، قابىلىيەتلىك، يارامىلىق ئادەم قىلىپ تەربىيەلەشنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. ئادەم ھايۋان ئەمەس، بوغۇز بېرىپ قويسىلا سەمرىيدىغان، ئادەم دېگەن تەربىيە

ئارقىلىق ئادەم بولىدۇ، كامالەت تاپىدۇ دەپ قارىغان، «قۇلاقتىن سەمرىيدۇ» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى مانا شۇ. ئاتا - ئانا بالىغا پەزىلەتتىن، ياخشى تەلىم - تەربىيەدىن ئارتۇق، قىممەتلىك مىراس قالدۇرالمايدۇ. ھەرقانداق قىممەتلىك مىراس تۈگەيدۇ، بىراق پەزىلەت بىلەن ياخشى تەلىم - تەربىيە مىراسى مەڭگۈلۈك بولىدۇ. ئۇ مىراس بالىغا بۇ دۇنيا، ئۇ دۇنيا بەخت ئېلىپ كېلىدۇ.

ئۇيغۇرلاردا دۇنيادا ئاز ئۇچرايدىغان بىر قىممەتلىك مىللىي ئەنئەنە باركى، ئۇ بولسىمۇ بالىنى ئەركىلىتىش، بۇنى قەدىمكى زاماندا يەنى مەھمۇد كاشغەرىي زامانىسىدىن بۇرۇن «ئوخشىماق» دەپ ئاتىغان. بىزنىڭ ئېغىزى شېكەردەك، گېپى ھەسەلدەك، مېھىر - مۇھەببىتى ئېقىندەك ئاتا - ئانىلىرىمىز بوۋاق تېخى تىل ئۇقمايدىغان چاغدىن باشلاپلا، ئۇلارنى ئەركىلىتىدىغان، يەنى كىچىك بالىنىڭ ئاۋازى ۋە گېپىنى دوراپ بالا بىلەن سۆزلىشىدىغان، مۇڭدىشىدىغان ئادەت بار. ئاتا ئەركىلەتسە بالا ۋىلىقلاپ كۈلىدۇ. چۈنكى، ئۇلار گەپ ئۇقمىغان بىلەن چىراي ئىپادىسىنى، ئاۋازنى بىلىدۇ، خاپا بولغاننى، قاپاق تۈرۈلگەننى ھېس قىلالايدۇ. ئانىلارنىڭ ئەركىلىتىشلىرىدىكى ئاجايىپ ئۇلۇغ تىلەكلەر بالىنىڭ يۇمران قەلب ئېتىزىغا ئاستا - ئاستا تەسىر قىلىدۇ. بۇ ئارقىلىق قۇلاقنىڭ رولىدىن پايدىلىنىپ، بوۋاق ۋاقتىدىنلا بالىنى تەربىيەلەش ئىشى ئۈنۈملۈك باشلىنىدۇ. بۇ ئارقىلىق بىرىنچىدىن، بالىغا خۇشاللىق ئاتا قىلسا، ئىككىنچىدىن، بالىنىڭ كۈلكىسى ئارقىلىق بالىنىڭ ساغلاملىقى، ئىممۇنىتېت كۈچى ئاشىدۇ. ئۈچىنچىدىن، بالىنىڭ تەپەككۇرى ئېچىلىدۇ. تۆتىنچىدىن، تىلىنىڭ بالدۇر چىقىشىغا پايدىسى بولىدۇ. بەشىنچىدىن، ئاتا - ئانا بىلەن بالا ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەت چوڭقۇرلايدۇ. شۇ مەنىدىن قارىغاندا، بالىنى ئەركىلىتىش يالغۇز بىر تەلىم - تەربىيەدىكى ئەنئەنە بولۇپلا قالماي، بەلكى بۇ قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش لازىم بولغان

مىللىي قائىدە - يوسۇنلىرىمىزنىڭ قىممەتلىك ئۆلگىلىرىدىن بىرى.

ھازىرقى ياشلاردا مۇنداق ئەركىلىتىش ماھارىتى يوق. بۇ، ئەلۋەتتە بىزدىكى يەنە بىر خىل چېكىنىش، بۇنىڭغا ئانا بولغۇچى ھەربىر مېھرىبانىنىڭ ئەستايىدىلراق مۇئامىلە قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

# ئوزۇقلىنىش يوسۇنلىرىمىز

ئوزۇقلىنىش ئىنسانلارنىڭ، جۈملىدىن بارلىق جانلىق مەۋجۇداتلارنىڭ ئەڭ ماھىيەتلىك ئېھتىياجى. ئوزۇقلىنىش بولمىسا ھاياتلىق بولمايدۇ. ئىنسانلار نەچچە مىڭ يىللىق مەدەنىيەت تەرەققىيات تارىخىدا ئۆزىگە خاس ئوزۇقلىنىش مەدەنىيىتىنى بارلىققا كەلتۈردى. ئەڭ قەدىمكى يېمەكلىكنى پىشۇرۇپ يېيىش باسقۇچىغا كىرىشى ئىنسانلارنىڭ ئوزۇقلىنىش جەھەتتە مەدەنىيەت باسقۇچىنى باشلىغانلىقى ھەم ئۇلارنىڭ ئىنسانلاشقانلىقىدىن دېرەك بەرگەن. مانا شۇنىڭدىن تارتىپ نەچچە ئون مىڭ يىللار ئۆتتى ۋە يېمەك - ئىچمەك جەھەتتە غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنى بارلىققا كەلتۈردى.

ئۇيغۇر خەلقى ئوزۇقلىنىشتا ئەڭ بۇرۇن ئىنسانلىشىش قەدىمىنى باسقان مەدەنىيەتلىك مىللەتلەرنىڭ بىرى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئاشلىق تېرىش، كاۋاپ يېيىش، ئاشقا تۇز سېلىپ يېيىش تارىخى نەچچە مىڭ يىللىق ئۇزاق تارىخقا ئىگە. بۇ زېمىندىن يېمەك - ئىچمەككە دائىر نۇرغۇن مۆجىزىلىك بايقاشلار قولغا كەلدى. ئۇيغۇرلار ئوزۇقلىنىش مەدەنىيىتى باسقۇچلىرىدا ئۆزىگە خاس يېمەك - ئىچمەك مەدەنىيىتىنى بارلىققا كەلتۈرۈپلا قالماي، بەلكى خېلى مۇكەممەل ئوزۇقلىنىش يوسۇنلىرىنى بارلىققا كەلتۈرگەن.

## ئۈچ ۋاخ ئوزۇقلىنىش

قەرەللىك تاماق يېيىش ئىنسانلارنىڭ مۇھىم بىر ئوزۇقلىنىش قائىدىسى. ھايۋان قەرەللىك ئوزۇقلانمايدۇ، قاچان

ئوزۇقلۇققا ئېرىشسە شۇ چاغدا ئوزۇقلىنىۋېرىدۇ. ئىنسانلارنىڭ ھازىرقى ئوزۇقلىنىش ئادىتىدە ئاساسەن ئۈچ ۋاخ تاماق يېيىش ئومۇملاشقان. بىراق، ھەربىر ۋاخلىق تاماقتا قانداق ئوزۇقلىنىش جەھەتتە قىسمەن پەرقلەر مەۋجۇت، خەلقىمىز ئۈچ ۋاخ تاماققا ئادەتلەنگەن.

ئۇيغۇرلار ئەتىگەنلىك ناشتىنى ناھايىتى مۇھىم بىلىدۇ. ئەتىگەندە ناشتىسىز چىقىپ كېتىشنى يامان ئالىدۇ. شۇڭا، «ئەتىگەنكى مۇشتتىنمۇ قايتما» دېگەن ئىدىيولىرى بار. ھېكايەتلەردە كەلتۈرۈلىدۇكى: «لوقمان ھېكىم ھەر كۈنى باش تەرىپىگە بىر پارچە نان قويۇپ ياتىدىكەن. ئەتىگەندە ئورنىدىن تۇرۇشتىن بۇرۇن ھېلىقى ناننى ئېغىزىغا سېلىۋېتىپ ئاندىن قوپىدىكەن. بىر كۈنى بۇ ئادىتىنى ئۇنتۇپ يېتىپ قاپتۇ. ئەتىگەندە قولىنى بېشى تەرەپكە ئۇزاتسا نان ئەمەس، بىر سىقىم توپا چىقىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ناشتا ئورنىدا توپىنى كاپ ئېتىپتۇ.» بۇ ھېكايەت ئارقىلىق خەلقىمىز ئەتىگەنلىك ناشتىنىڭ ناھايىتى مۇھىم ئىكەنلىكىنى، بۇ ناشتا تەن سالامەتلىك بىلەن ھەم مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىگەن.

ئۇيغۇرلار ئاساسەن ئەتىگەندە نان بىلەن چاي ئىچىشكە ئادەتلەنگەن. چۈنكى، ئەتىگەندە تاماق ئېتىپ يەپ ئولتۇرغىلى بولمايدۇ، يەنە بىرى ساغلاملىقنى نەزەردە تۇتقان بولۇپ، ئەتىگەندە مايلىق، قورۇلغان تاماقلارنى ئىستېمال قىلسا سەپراغا تېگىدۇ دەپ قارايدۇ. چۈشتە ئىشلەپچىقىرىش ئالدىراش بولسا يەنىلا چاي ئىچىدۇ. ياز بولسا مېۋە – چېۋىلەر بىلەن، قېتىق بىلەن نان يەيدۇ. كەچتە ئاش ئېتىپ يەيدۇ. چۈشتە تاماق ئەتسە قويۇق تاماقلار ئاساس قىلىنىدۇ، كەچتە سۇيۇقراق، يەڭگىل تاماقلار كۆپرەك ئېتىلىدۇ.

## ئوزۇقلىنىش مىقدارى

ئۇيغۇرلار ئوزۇقلىنىش مىقدارىغا بەك ئەھمىيەت بېرىدۇ. كۆپ يەۋېلىشنى ھايۋانلىق، پەزىلەتتىن يىراقلاشقانلىق، جېنىغا

ئېكەك سالغانلىق، دەپ قارايدۇ. ئاز يېيىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ كېسەللىك گالدىن كىرىدۇ، كۆپ يېۋالسا ئۇ تاماق سىڭمەيدۇ، بەدەندە كېسەللىك پەيدا قىلىدۇ. جانغا زۇلۇم ئېلىپ كېلىدۇ. ئەگەر تەن سالامەتلىكىنى، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشنى ئارزۇ قىلساڭ، «ئاز يە» دېگەن دورىنى يېگىن، دەپ دەۋەت قىلغان. پىرىنسىپى شۇكى، قورساقنىڭ ئومۇمەن بىر قىسمىغا تاماق يېيىش، يەنە ئۈچتىن بىر قىسمىغا چاي، سۇ ئىچىش، يەنە ئۈچىنچى بىر قىسمىغا يەل، يەنى بوشلۇق قالدۇرۇش كېرەك، دەپ قارايدۇ.

## ئۇزۇقلىنىش ۋە مىزاج

مىزاج ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىدە قوللىنىلىدىغان ئۇقۇم. ئۇ پۈتۈن جانلىقلاردا بولىدىغان تەبىئىي مەۋجۇت ھالەت. تەبىئەت ۋە بەدەندىكى تۆت چوڭ ماددا — ئوت، ھاۋا، سۇ، تۇپراقلارنىڭ بىرىدىكى ئۇششاق بىرلىكلەرنىڭ يەنە بىر ماددىنىڭ ئۇششاق بىرلىكلىرى بىلەن بىرىكىشى ياكى تەسىر قىلىشىدىن شەكىللەنگەن كەيپىيات ياكى تەبىئەت مىزاج دەپ ئاتىلىدۇ.

تەبىئەت دۇنياسى ۋە ئۇنىڭدىكى بارلىق جانلىق مەۋجۇداتلارنىڭ ئۆزىگە خاس مىزاجى بولىدۇ. ئادەمنىڭ قانداق مىزاجلىق بولۇشى تۆت چوڭ ماددىنىڭ قايسىسىنىڭ بەدەندە غالىبراق ئورۇندا تۇرغانلىقىغا باغلىق بولىدۇ. ئادەمنىڭ مىزاجى نىسپىي تەڭپۇڭ ھالەتتە بولىدۇ، تەڭپۇڭلۇق بەدەننىڭ ساغلام ھالىتىنىڭ ئىپادىسى، تەڭپۇڭلۇق بۇزۇلسا، يەنى تۆت تادۇنىڭ بىرى غالىب كېلىپ يەنە بىرىنى باسقاندا، مىزاجدا بۇزۇلۇش بولۇپ تەڭپۇڭلۇق نورمالسىزلىنىدۇ، نەتىجىدە ھەر خىل كېسەللىكلەرگە گىرىپتار بولىدۇ. مىزاج چوڭ جەھەتتىن تۆتكە بۆلۈنىدۇ، يەنى ئىسسىق، سوغۇق، ھۆل، قۇرۇقتىن ئىبارەت. بۇنى يەككە مىزاج دەپ ئاتايدۇ. قۇرۇق ئىسسىق، ھۆل ئىسسىق،

ھۆل سوغۇق، قۇرۇق سوغۇق قاتارلىق مۇرەككەپ مىزاجلارغىمۇ تەقسىملىنىدۇ. بارلىق يېمەكلىكلەردىمۇ مانا شۇنداق مىزاج بار، بەزىلىرى ئىسسىق، بەزىلىرى سوغۇق، بەزىلىرى قۇرۇق ئىسسىق، بەزىلىرى ھۆل ئىسسىق، بەزىلىرى قۇرۇق سوغۇق، بەزىلىرى ھۆل سوغۇق دېگەندەك. شۇڭا بىز ھەرقاچان يېمەكلىكلەر بىلەن مىزاجىمىزنى تەڭشەپ تۇرىمىز. بىز ئوزۇقلىنىۋاتقان تۈرلۈك ئاشلىق زىرائەتلەر، كۆكتاتلار، مېۋىلەر، مايلارنىڭ ھەممىسى ئوخشىمىغان مىزاجغا ئىگە. ئۇلار بەدەنگە كىرگەندىن كېيىن مىزاجىنىڭ ئوخشاش بولمىغانلىقىغا ئاساسەن ئوخشاش بولمىغان تەسىرنى پەيدا قىلىدۇ.

ئۇيغۇر خەلقى ھەربىر ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ مىزاج ئالاھىدىلىكىنى بىلىشىنى ئەڭ ئەقەللىي تەلەپ دەپ قارىغان. يۈسۈپ خاس ھاجىپ 40 ياشقىچە ئۆزىنىڭ مىزاجىنى بىلمىگەن ئادەمنى ھايۋان ئاتسا بولىدۇ، دېگەن. ئادەمنىڭ ئۆزىگە قانداق تەبىئەتلىك ئوزۇقلارنىڭ ماس كېلىدىغانلىقىنى بىلىۋېلىشى، ئوزۇقلانغان يېمەكلىكلەرنىڭ تەركىبى ۋە ئۇنىڭ تەبىئىتىنى بىلىشى ئوزۇقلىنىش مەدەنىيىتىگە قويۇلغان مۇھىم بىر ساۋات ھېسابلانغان.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئوزۇقلىنىش ئادىتى ۋە يېمەك ـ ئىچمەكلىرى ئاساسلىقى ئۇيغۇرلارنىڭ مىزاج ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن بارلىققا كەلگەن ۋە بارا ـ بارا ئۆلچەملەشكەن، شۇڭا ئاددىي كىشىلەرمۇ ئىسسىقى ئېشىپ سەۋدا كۆچىيىپ كەتكەن كىشىگە شۆگۈرۈچ ئېتىپ بېرىش ئارقىلىق مىزاجىنى تەڭشەشنى، سوغۇقى ئېشىپ بەلغەم كۆچىيىپ كەتسە شورپا، گۆشنان قاتارلىق غىزالار بىلەن تەڭشەشنى بىلىدۇ. بۇ جەھەتتىن ئالغاندا، ئائىلىدە، مەكتەپلەردە بولسۇن بالىلارنى ئىنساننىڭ تەبىئىتى، مىزاج ۋە ئىلمىي ئوزۇقلىنىش ھەققىدە بەلگىلىك چۈشەنچىگە ئىگە قىلىش ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

## ئوزۇقلىنىش ۋە پاكىزلىق

ئۇيغۇرلارنىڭ ئوزۇقلىنىشقا قويغان ئەڭ پرىنسىپال تەلەپلىرىدىن بىرى پاكىزلىق. ئادەم بەدىنى پاكىز يارالغان، ئۇ ھەرگىزمۇ مەينەتچىلىكنى خالىمايدۇ. مەينەتچىلىك دېگەن ئادەمنىڭ بەدەن مۈلكىنى خاراب قىلىدىغان مىكروبلارنىڭ مەنبەسى بولۇپ، يېمەكلىكلەر، قاچا ـ قومۇچلار، قوللار ياخشى يۇيۇلۇپ مىكروبسىزلاندۇرۇلمىسا، ئادەم ئوڭاي كېسەلگە گىرىپتار بولىدۇ. شۇڭا، ئۇيغۇرلار پاكىزلىقنى ئەڭ ئالىي پەزىلەت دەپ قارايدۇ. «ئوڭلۇق ئايال» دېگەن ئىبارىنى يەنە پاكىز ئاياللارغا قارىتىپمۇ ئېيتىدۇ. پاكىزلىقنى ئىمان دەپ قارايدۇ، مەينەتچىلىك ئەقىلنى ۋە ئىماننى بۇلغايدۇ دەپ قارايدۇ. مەينەتچىلىك شۇملۇقنى چىللايدۇ، مەينەت ئادەم شەيتاننىڭ دوستى، پاكىز ئادەم پەرىشتىنىڭ دوستى دەپ قارايدۇ. مانا شۇنداق ئەقىدە بولغانلىقى ئۈچۈن يۇقىرى تەبىقە بولسۇن، تۆۋەن تەبىقە بولسۇن پاكىزلىققا بەك ئەھمىيەت بېرىدۇ. مەينەت ئۆيگە پەرىشتە كىرمەيدۇ، دەپ قاراپ، ئۆيۋاقنى ناھايىتى پاكىز تۇتىدۇ. مەينەت ئادەمنىڭ قولىدىن بىر نەرسە يېمەيدۇ، ئەل ئارىسىدا مەينەت دەپ ئاتىلىش ئەڭ چوڭ ھاقارەت ھېسابلىنىدۇ. ئوڭلۇق، پاكىز ئاتىلىش ئەلنىڭ ئالقىشى، مۇكاپاتى ھېسابلىنىدۇ.

## ئائىلىدە ئوزۇقلىنىش

ئۇيغۇر خەلقى ئۆيدە ئوزۇقلىنىشنى بەرىكەت، نېمەت، بەختنىڭ نىشانى دەپ بىلىدۇ. ئۇ ئائىلە ئەزالىرىغا ئائىلىنىڭ ئىللىقلىقىنى ھېس قىلدۇرىدۇ، ئائىلە ئەزالىرىنى بىر داستىخانغا جەم قىلىدۇ. سىرتنىڭ تاماقلىرى ئەقىلنى بۇلغايدۇ، كېسەللىك پەيدا قىلىدۇ دەپ قارايدۇ. چۈنكى، رەستىلەرنىڭ ئاممىۋى ئاشخانىلىرىنىڭ تازىلىقىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولمايدۇ، ئۇنداق ئاشپۇزۇللاردىن ھەر خىل كېسەلگە گىرىپتار

بولغان كىشىلەر تاماق يەپ كېتىدۇ، ئۇلارنىڭ كېسەللىك مىكروبلىرى قاچىلاردا قالىدۇ، ئاشپۇزۇللاردا قاچىلارنى پاكىز دېزىنفېكسىيە قىلمىسا، كېسەلنىڭ تارقىلىشى تېز بولىدۇ. بىر قاچىدا تاماق يەيمەن دەپ، يامان بىر كېسەلنىڭ مۇشەققىتىنى يۇدۇۋېلىش تولىمۇ ئەخمەقانىلىك بولۇپ قالىدۇ.

ئائىلە ئەنئەنىۋى قائىدە - يوسۇنلار مەكتىپى بولغاچقا، پەرزەنتلەر ئائىلىدە تاماق ئېتىش، تاماقنىڭ تۈرلىرى، ئۇنىڭ تەبىئىتى، پاكىزلىق قاتارلىقلارنى ئۆگىنىدۇ. ئۇيغۇر خەلقى ئائىلىنىڭ ئوتى ئۆچۈپ قالمىسۇن، مورىسىدىن تۈتۈن چىقىپ تۇرسۇن دېگەن ئىبارىلەر بىلەن ئائىلىدە تاماق ئېتىلگەن، ئائىلىسىدە مېھمان كۈتكەن، ئائىلىسى ئىللىقلىقتا چۆمگەن مەنزىرىنى نامايان قىلىدۇ. ئۆيدە ئوت يېقىلمىدى، مورىدىن تۈتۈن چىقمىدى، ئۆينىڭ چىرىغى يېقىلمىدى، دېگەنلىك، ئۇ ئائىلە ئەمەس قەبرىستانلىققا ئايلاندى، دېگەن مەنىنى بېرىدۇ.

## ئوزۇقلىنىشتا پەرھىزلەر

ئادەمنىڭ ئادەمگە خاس ئوزۇقلىنىش ئادىتى بولىدۇ، هايۋاننىڭ هايۋانغا خاس ئوزۇقلىنىش ئادىتى بولىدۇ. هايۋانلار ئارىسىدىمۇ گۆشخور هايۋانلار، چۆپخور هايۋانلار بولىدۇ. ئادەم هەم گۆشخور، هەم ئوتخور مەخلۇق. بىراق، ئادەم نەچچە مىڭ يىللىق هايات مۇساپىسى جەريانىدا ئىنسانغا خاس يېمەك - ئىچمەك مەدەنىيىتىنى بارلىققا كەلتۈردى. بۇنىڭ ئىچىدە پەرھىز قىلىدىغان يېمەك - ئىچمەك ئادىتىنىمۇ بارلىققا كەلتۈردى. دۇنيادىكى هەرقايسى مىللەتلەرنىڭ پەرھىزلىك يېمەكلىكلىرىدە بەلگىلىك پەرق بار. بەزىلىرى دىنىي ئېتىقاد سەۋەبلىك. بەزى يېمەكلىكلەردىن پەرھىز قىلغان بولسا، بەزىلەر مىللىي ئادەت كۆچىدىن بەزى يېمەكلىكلەردىن پەرھىز قىلغان. مەسىلەن، بۇددا دىنى مۇخلىسلىرى جانلىقلارنىڭ گۆشىنى يېمەيدۇ، بۇ

بۇددا دىنى ئېتىقادى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئىسلام دىنىدا يەنە نۇرغۇن پەرھىزلىك ئىشلار بار.

ئۇيغۇرلاردا مۇنداق پەرھىزلىك ئادەتلەر بار:

ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ تۇرمۇشىدا پەرھىزلىك ئىشلار بولىدۇ، ئىنسانلارنىڭ ھايۋانلار تۈركۈمىدىن ئايرىلىپ، ئىنسانلىق دەۋرگە كىرىشىنىڭ مۇھىم بەلگىسى ئالدى بىلەن، ئۇلار يېمەكلىكنى پىشۇرۇپ يېيىش باسقۇچىغا كىرگەن. بۇ ئىنسانلارنىڭ ئىنسانلىشىش قەدىمىنى تېزلەتكەن مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى بولغان. مانا شۇ نەچچە ئون مىڭ يىللار مۇقەددەملا ئىنسانلار يېمەكلىكلەرنى پىشۇرۇپ يېيىش ئارقىلىق، خام يېمەكلىكنى يېيىشتىن تەرك ئەتكەن. بىز روشەن خاراكتېرلىك بىر پەرقىنى بىلىمىزكى، ھايۋان بىلەن ئادەمنىڭ يېمەك - ئىچمەكتىكى پەرقىدە، ھايۋاننىڭ يېمەك - ئىچمىكىنىڭ ھالال - ھارىمى بولمايدۇ، ئالدىغا نېمە توغرا كەلسە، يېگىلى بولسىلا يەيدۇ. ئادەم ئادەمگە خاس ھالدا ئۆزىگە مۇناسىپ ئوزۇقلۇقلارنى تاللاپ يەيدۇ. ھايۋاننىڭ ئوتخورلىرى، گۆشخورلىرى بولىدۇ، ئادەم ھەم گۆشخور، ھەم ئوتخور مەخلۇق.

ئۇزاق ئەسىرلىك ھايات مۇساپىسىدە ھەربىر مىللەتنىڭ تۇرمۇش ئادىتى، قائىدە - يوسۇنى، دىنىي ئېتىقادى قاتارلىقلار ئاساسىدا بىر قىسىم پەرھىزلىك ئوزۇقلۇقلار بارلىققا كەلگەن. ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى بۇددىست ئۇيغۇرلار گۆشلۈك غىزا يېيىشتىن چەكلەنگەن بولسا، ئىسلامىيەتتىن كېيىن، ئىسلام شەرىئىتى بىلەن ئەنئەنىۋى ئوزۇقلىنىش ئادىتى بىر گەۋدە بولۇپ، يېمەك - ئىچمەك جەھەتتىكى بىر قىسىم پەرھىزلىك يېمەكلىكلەر بارلىققا كەلدى.

بىرىنچى، پاكىز نەرسىلەرنى يېيىش، مەينەت نەرسىلەرنى يېمەسلىك. ئادەمنىڭ ۋۇجۇدى پاك يارالغان، ئۇ ھەرگىزمۇ مەينەتچىلىكنى خالىمايدۇ. ئەگەر قانغا زىغىردەك بىر مەينەت نەرسە كىرىپ كەتسە ئادەم ئۆلىدۇ. شۇڭا، ئادەم ھەرقانداق يېمەكلىكنىڭ پاكىز، زەھەرسىز بولۇشىنى يېمەك -

ئىچمەكتىكى ئالدىنقى ئۆلچەم قىلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن پاكىز بىلەن مەينەتنى ئايرىيدىغان روشەن ئۆلچەم ـ پىرىنسىپ بولۇشى كېرەك. بەزى نەرسىلەرنى يۇسا پاكىزلىنىدۇ، بىراق يەنە بىر قىسىم نەرسىلەرنى يۇسىمۇ پاكلانمايدۇ.

ئىككىنچى، پاك (هالال) هېسابلانمايدىغان نەرسىلەر قاتارىدا ئۆزى ئۆلۈپ قالغان، ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلگەن هايۋاننى يېيىش چەكلەنگەن. بۇنىڭ ئىچىگە ئۇچار قاناتلارمۇ كىرىدۇ. ئۆزى ئۆلۈپ قالغان هايۋانلارنى مۇسۇلمانلار ئەمەس، باشقا ئەقىدىدىكى كىشىلەرنىڭ كۆپى يېمەيدۇ. ئۆلۈپ قېلىشىنىڭ چوقۇم سەۋەبى بولىدۇ، ئۇ بىرەر كېسەللىك سەۋەبىدىن ئۆلۈپ قالغان بولۇشى مۇمكىن، زەهەرلىك بىرەر نەرسە يەپ قېلىپ ئۆلۈپ قالغان بولۇشى مۇمكىن. بوغۇلۇپ قېلىپ ئۆلگەن بولۇشى مۇمكىن، بۇنداق هايۋاننىڭ گۆشىنى يېيىش ئادەمنى هالاك قىلىشى مۇمكىن.

ئۈچىنچى، قاننى ئىستېمال قىلىش ناپاكلىقتۇر. ئۆلۈپ قالغان هايۋان بوغۇزلانمىغانلىقى ئۈچۈن، قان ئۇنىڭ گۆشلىرىگە سىڭىپ كېتىدۇ، بوغۇزلىغاندا قان سىرغىپ چىقىپ كېتىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، قاننى ئىستېمال قىلىش چەكلەنگەن، بۇ ئىنسانىيلىق ئوبرازىغا ئېغىر نۇقسان يەتكۈزىدۇ.

تۆتىنچى، بەزى هايۋانلارنىڭ گۆشىنى يېيىشتىن چەكلەنگەن، توڭگۇز گۆشى، ئېشەك گۆشى، يىرتقۇچ هايۋانلارنىڭ گۆشى قاتارلىقلار. توڭگۇز گۆشىنىڭ هارام قىلىنىشىدىكى مۇهىم سەۋەب، بىرى، توڭگۇز نىجىس نەرسىلەرنى يەيدۇ، نىجىس يېمەكلىكلەرنى يېگەن هەرقانداق هايۋاننىڭ گۆشىنى يېيىش دۇرۇس بولمايدۇ، يەنە بىرى، هازىرقى ئىلىم ـ پەننىڭ ئېنىقلىشىغا قارىغاندا، توڭگۇزنىڭ بەدىنىدە ئادەمگە زىيانلىق بولغان قۇرت ۋە مىكروبلار بولىدىكەن.

بەشىنچى، مۇسۇلمانلارنىڭ قائىدىسى بويىچە هايۋانلار ئاللانىڭ نامى ئاتىلىپ بوغۇزلىنىشى كېرەك. ئەگەر ئاللانىڭ نامى ئاتىلىپ بوغۇزلانمىغان بولسا، پاك بولمايدۇ، دەپ قارايدۇ.

ئالتىنچى، دېڭىز ھايۋانلىرىنىڭ ھەممىسى پاك يېمەكلىك قاتارىدا ساقلىنىدۇ. سۇ ھايۋانلىرى قانداق نامدا ئاتالغان بولمىسۇن ھەممىسى پاك ھېسابلىنىدۇ، بوغۇزلاش شەرتى قويۇلمايدۇ. ئۆلۈپ قالغىنى ۋە تىرىكلىكى ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. پەقەت دېڭىزنىڭ سىرتىغا چىقىپ قېلىپ، بۇزۇلۇپ قالمىغان بولسىلا يېيىشكە بولىدۇ.

يەتتىنچى، ئوۋلانغان ھايۋانلارنىڭ گۆشىدە مۇنداق بىرقانچە شەرت بار. كۆڭۈل خۇشى ئۈچۈنلا ھايۋانلارنى كەلسە ـ كەلمەس ئوۋلاپ ئۆلتۈرۈش گۇناھ ھېسابلىنىدۇ. ئوۋ قۇشلىرى ۋە ئوۋ ئىتلىرى بىلەن تۇتۇلغان، قاپقان بىلەن تۇتۇلغان، ئوق بىلەن ئېتىلغان ھايۋانلارنى قائىدە بويىچە گېلىدىن بوغۇزلاش شەرت، ئەگەر ئۇنىڭغا ئۈلگۈرمەي جان تالىشىپ ئۆلۈپ قالسا، ئۇلارنىڭ گۆشىمۇ ناپاك ھېسابلانمايدۇ. يەنە بىر شەرت شۇكى، مەلۇم قورال بىلەن ئوۋلانغان ھايۋاننىڭ بەدىنىگە قورال تېگىپ بۆسۈپ كىرمىگەن بولسا، پاك ھېسابلانمايدۇ. شۇنىڭدىن چىقىپ، تاش ۋە باشقا كالتەكتەك نەرسىلەر بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلگەن ھايۋانلار ناپاك ھېسابلىنىدۇ. يەنە بىر شەرت، ئوۋ ئىتلىرى بولسۇن، ئوۋ قۇشلىرى بولسۇن، ئوۋلانغان ئوۋنى يەپ قويغان بولسا، ئۇنى يېيىش دۇرۇس ئەمەس. ئۆگىتىلگەن ئوۋ ئىتلىرى، ئوۋ قۇشلىرى چىشلىرىدا يارىلاندۇرغان ياكى ئۆلتۈرگەن بولسا، گۆشىنى يېمىگەن بولسا، ئۇ يەنىلا ھالال بولىدۇ. ئوۋ ئۆلۈك ھالەتتە تېپىلسا، مۇنداق بىرقانچە ئەھۋالنى نەزەرگە ئېلىش كېرەك: بىرى، سۇغا چۈشۈپ ئۆلۈپ قالمىغان بولۇشى، ئىككىنچى، ئۆلۈپ قالغان ۋاقتى ئۇزىراپ كېتىپ، گۆشىنىڭ سۈپىتى ئۆزگىرىپ كەتمىگەن بولۇشى شەرت. ئەگەر قىشنىڭ كۈنى بولۇپ، توڭلاپ قالغان بولسا، يەنىلا يېيىشكە بولىدۇ.

سەككىزىنچى، ھەرقانداق ھارام دەپ قارالغان نەرسىلەرنى جاننى قۇتۇلدۇرۇپ، ھالاكەتتىن ساقلىنىش ئۈچۈن شەرتلىك ھالدا يېسە بولىدۇ، دەپ قارايدۇ.

# نانغا باغلانغان يوسۇنلار

نان — ئۇيغۇر يېمەك - ئىچمەك مەدەنىيىتىدە ئەڭ دىققەتكە سازاۋەر، مەدەنىيەتلىك دەرىجىسى يۇقىرى، تارىخى ئۇزۇن، ئومۇملىشىشى ئىنتايىن كەڭ بولغان، يېمەك - ئىچمەكتە مۇقەددەسلىك ئورنىغا كۆتۈرۈلگەن يېمەكلىك. ئارخېئولوگىيىلىك قېدىرىش ئارقىلىق ئېرىشكەن نەتىجىلەرگە قارىغاندا، مەركىزىي ئاسىيادا ناننىڭ تارىخى تەخمىنەن 4000 يىل بۇرۇنقى دەۋرلەرگە توغرا كېلىدۇ. 6500 يىل بۇرۇنلا مەركىزىي ئاسىيالىقلار ناننىڭ خۇرۇچى بولغان بۇغداي، تېرىق، قوناق قاتارلىق زىرائەتلەرنى تېرىپ مەھسۇلات ئالغانىكەن.

ھازىر بىزگە ئومۇملاشقان «نان» پارسچە سۆز بولۇپ، خېمىردىن ئېتىپ تونۇردا، ئوچاقتا، قاسقاندا پىشۇرۇلىدىغان يېمەكلىك. قەدىمكى دەۋردە نان ئۇيغۇر تىلىدا «ئەتمەك» دەپ ئاتالغان. ھازىرقى ئۇيغۇر تىلىدا «ئەتمەك» سۆزى ناننى ئەمەس، شۇ ناننى يېقىش جەريانىدىكى مەشغۇلاتنى ئىپادىلەيدىغان بولۇپ، «نان ئەتمەك» شەكلىدە قوللىنىلىدىغان بولدى.

ناننىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەك - ئىچمەك مەدەنىيىتى جەھەتتىكى مۇھىم ئورنى كىشىلىك مۇناسىۋەت، سودا مۇناسىۋىتى، سەپەر، ئېباھەتچىلىك، توي - تۆكۈن، ئۆلۈم - يىتىم ھەتتا ئەقىدە - ئېتىقادقىچە تۇتىشىدۇ. بۇ جەھەتتە نان ناھايىتى مۇھىم بىر مەدەنىيەت ھادىسىسى سۈپىتىدە ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبى قاتارىدا ئەتىۋارلىنىدۇ.

بىرىنچى، نان ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى يېمەك - ئىچمەك

مەدەنىيىتىدە تارىخىنىڭ ئۇزۇنلۇقى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى تەرەققىياتى، ئولتۇراق تۇرمۇشقا كۆچۈش ئەھۋالى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم پاكىت ئاساسى بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش نەتىجىسىگە قارىغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى 4000 يىل بۇرۇنلا نان مەدەنىيىتىگە قەدەم قويغانلىقىنى دەلىللەيدىغان ماددىي ئىسپاتلار ئۇيغۇرلار قەدىمدىن بېرى مەركەزلىك ئولتۇراقلاشقان بۇ رايونلارنىڭ كۆپ جايلىرىدىن بايقالدى. بۇنىڭدىن قارىغاندىمۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئاتا - بوۋىلىرى ئاز دېگەندە بۇنىڭدىن 4000 يىللار بۇرۇنلا ئولتۇراق تۇرمۇشنى باشلىغان، شۇنىڭ بىلەن بىللە نانمۇ بارلىققا كەلگەن. كۆچمەن چارۋىچى قوۋملاردا نان بولمىغان، چۈنكى، تونۇرنى ئېلىپ يۈرۈشكە بولمايتتى. ناننى ئۇيغۇرلار كەشىپ قىلغان ۋە ئۇيغۇرلار ئىزچىل ۋارىسلىق قىلىپ كەلمەكتە.

ئىككىنچى، نان ئۇيغۇرلارنىڭ سەپەر ئېھتىياجى ئۈچۈن ناھايىتى قولايلىق ئوزۇقلۇق بولغان، ئۇزۇن دەۋردە مەركىزىي ئاسىيادىن ئىبارەت بۇ كەڭ تېررىتورىيەدە ئەجدادلىرىمىز ھەر خىل مۇناسىۋەت تۈپەيلى نۇرغۇن سەپەرلەردە بولغان، چەكسىز قۇملۇق، چۆل - داۋانلارنى باسقان. بۇنداق مۇشەققەتلىك سەپەردىن نان ئۇلارنى ئامان ساقلاپ مەنزىلگە يەتكۈزگەن. روشەنكى، نان ئۇزاق ساقلىنىدۇ. جەزىرىلەردە ناننى قىزىق قۇمغا بىرنەچچە مىنۇت كۆمۈپ قويسا ياكى ئوتقا قاقلىسا چۈرۈك، تەملىك، يېيىشلىك ھالىتىگە قايتىدۇ. ئەگەر سۇ بار يەرلەر بولسا سۇغا چىلاپلا يېيىشمۇ قورساقنى تويغۇزۇشقا يارايدۇ. شۇڭا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىسىدە قەدىمدىن تارتىپ بىرەر تۇغقىنى، قوشنا - قولۇملىرى، دوست - يارەنلىرى سەپەرگە چىقسا ئۇلارغا يوللۇق دەپ نان تۇتىدىغان ئەھۋال ھازىرغىچە ئىزچىل داۋاملاشقان. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا «تۇزغۇ» دېگەن بىر يېمەكلىك تونۇشتۇرۇلۇپ: «يولغا چىققان تۇغقان، تونۇشلارغا

يوللۇق ئۈچۈن بېرىلىدىغان يېمەكلىك» (1 - توم، 553 - بەت) دېگەن، سۆزنىڭ تومۇرى «تۇز» ئىكەنلىكىگە قارىغاندا، قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭمۇ تۇزنى ئۇلۇغ بىلىدىغانلىقى مەلۇم بولىدۇ. بۇ خۇسۇستا ئۇيغۇرلاردا «يازدا يېيىشچا، قىشتا ئۇزۇق» دېگەن ماقالىنىڭ نەزەردە تۇتقىنىمۇ يولغا چوقۇم نان ئېلىۋېلىشنىڭ لازىملىقى توغرىسىدىكى دەۋەت ئىدى. نان يەنە بۇ يەردە تىنچ - ئامانلىقتا، ساق - سالامەت يۈز كۆرۈشۈشكە ئاتاپ تۇتۇلغان سوۋغا ھېسابلىنىدۇ. ئۇيغۇر دېھقانلىرى، چارۋىچىلىرى بەلبېغىغا بىر - ئىككى ناننى ئوراپ بېلىگە تېڭىۋالسىلا، بىر كۈن بىمالال تىرىكچىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىپ ئۆيىگە قايتالايدۇ.

ئۈچىنچى، نان سىمۋوللۇق مەنىدە مەئىشەتنىڭ تولۇق بولۇشىغا قارىتىلىپ «نېنى پۈتۈن» بولسۇن دېگەن ئىبارىنى قوللانسا، پاكلىق، دۇرۇسلۇق، ئەمگەككە تايىنىپ ياشاشقا «نېنىنى ھالال يېيىش» ئۇقۇمىنى قوللىنىدۇ، تىرىشىپ ئۆزىنىڭ تىرىكچىلىكىنى قامداشقا «نېنىنى تېپىپ يېيىش» ئۇقۇمىنى قوللىنىدۇ، ئاچ - يالىڭاچ، موھتاجلىقتا قېلىشنى «بىر نانغا زار بولدى» دەپ ئىپادىلەيدۇ. ئۆزىگە مەنسۇپ مۇھىم بەھرىمەنلىك ھوقۇقىدىن مەھرۇم بولۇپ قالغىنىنى «نېنىدىن ئايرىلىپ قالدى» دەپ، بەزى تۈزكورلۇق قىلىپ پاجىئەلەرگە يولۇققانلارنى «نان ئۇرۇۋېتىپتۇ» دەپ ئىپادىلەيدۇ، ئۆي تۇتتۇرمىدى دېگەن مەنىنى «نان بەرمىدى»، ئۆي تۇتۇپ قالدى دېگەننى «نان يەپ قالدى» دەپ ئىپادىلەيدۇ. بۇنداق مىساللارنى تېخىمۇ كۆپ كەلتۈرۈش مۇمكىن. قەدىمكى دەۋرلەردىمۇ نان، تۇز سىمۋوللۇق مەنىدە قوللىنىلغان. «قۇتادغۇبىلىك» تە يۇقىرىقىدەك مەنە ناھايىتى روشەن بايان قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن تەرجىمە جەريانىدا ئەسلىي مەنە بىر ئاز خۇنۈكلىشىپ كەتكەن: «ئاش ئىچكۈ بەتۈركىل، يېمەك - ئىچمەك يېگۈز» نى «ئاش - تېنىڭنى يېگۈز» دەپ، «تۇز، ئەتمەك يەتۇر» نى، «نان -

تۇزۇڭنى يېگۈز» دەپ ئالغان. شۇنىڭ بىلەن نان ـ تۇزنىڭ مۇھىملىقى ئىپادە قىلىنغان بۇ مەزمۇن خۇنۇكلىشىپ قالغان. كىلاسسىك ئەسەرلەردىكى بىر سۆزنىڭ مەنىسى ئۆزگىرىپ كەتسە ئەسلىي مەنىدە كۆپ قالايمىقانچىلىقلار كېلىپ چىقىدۇ. ئەسلىگە سادىق بولۇش كىلاسسىك ئەسەرلەر تەتقىقاتىدا قەتئىي سەل قاراشقا بولمايدىغان مۇھىم ئىش.

تۆتىنچى، ناننى يەنە ھاياتلىقنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى دەپ قاراپ، نانغا مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن ماقال ـ تەمسىللەرمۇ بارلىققا كەلگەن. «نانسىز ئۆي ئۆي ئەمەس»، «نېنى يوقنىڭ جېنى يوق»، «نان ئىمان، نانىنىڭ يوقى يامان»، بۇنىڭدا بىر تەرەپتىن، خاس نانىنىڭ ھاياتلىقتا تۇتقان ئورنى گەۋدىلەنسە، يەنە بىر تەرەپتىن، نان سىمۋوللۇق مەنىدە ئائىلىنىڭ بەرىكىتى، ئائىلىنىڭ بەختى، مەئىشەتنىڭ مولچىلىقىغا قارىتىلىپ ئىپتىلىۋاتىدۇ.

بەشىنچى، نان ئۇيغۇر داستىخىنىنىڭ گۈلى سۈپىتىدە، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مېھماندوست، ساخاۋەتلىك خەلق ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىپ كەلگەن. «يۇمشاق نېنىڭ بولمىسا، يۇمشاق سۆزۈڭ يوقمىدى» دېگەندە مېھمانلارغا ناندەك يۇمشاق، توقاچنىڭ يۈزىدەك ئوچۇق چىراي بولۇش ئارزۇسى ئىپادىلىنىدۇ. ھەرقانداق مېھماندارچىلىق نانسىز بولمايدۇ، ھەرقانداق توي ـ تۆكۈن نانسىز ئۆتمەيدۇ. داستىخان تاشلاشتىن تارتىپ داستىخان ئاپىرىشقىچە ھەممە ئىشتا نان مۇقەددەس سانىلىدۇ. نان مۇقەددەس سان توققۇز بىلەن بىرىكىپ يەنە مۇقەددەس ئەقىدىگە باغلىنىپ كەتكەن. قىزنىڭ ئالدىغا بارغاندا، توققۇز ـ توققۇز ئېلىپ كېلىش ئەنئەنىسى ھازىرمۇ بار. شۇنىڭ بىلەن بىللە داستىخاندىكى نانىنىڭ ئۇۋاقلىرىنى تېرىپ ئاغزىغا سېلىش، يەرگە چۈشۈپ كەتكەن نانلارنى ئېلىپ يانچۇقىغا سېلىپ، ئاپىرىپ ئۆلاغلارغا بېرىش، قەسەم ئىچكەندە نان دەسسەپ قەسەم قىلىش ئارقىلىق «نان ئۇرسۇن» دېيىش نانىنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى،

مۇقەددەسلىكىنى يەنىمۇ بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈرۈۋەتكەن.

ئالتىنچى، نان ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىدا تېبابەت ۋە ساقلىقنى ساقلاش جەھەتتىمۇ ئىنتايىن مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇرۇپ كەلگەن. نان پىشۇرۇش ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، ئوتتا پىشۇرۇلغان نان، ھوردا پىشۇرۇلغان نان دېگەن ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ. ئوتتا پىشۇرۇلىدىغان ناننىمۇ ئوتقا كۆمۈپ پىشۇرۇلىدىغان نان، تونۇر ـ ئوچاققا يېقىپ پىشۇرۇلغان نان دېگەن ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ. ئوتقا كۆمۈپ پىشۇرغان ناننى كۆمەچ نان دەپ ئاتايدۇ، مەھمۇد كاشغەرىي «كۆمەچ» دەپ ئالغان.

يەتتىنچى، نان ئۆزىنىڭ ئومۇمىيلىقى، ئاددىي ـ ساددىلىقى، ئەپلىكلىكى بىلەن يۇقىرى ـ تۆۋەن، باي ـ كەمبەغەل ئوتتۇرىسىدىكى پەرققە چەك قويۇپ، تەبىقە پەرقىگە چەك ئېلان قىلىپ كەلدى. چۈنكى، كىمخاب تونىنى، گۆش ـ پولۇنى ۋە باشقىلارنى خاس بايلار ئىستېمال قىلغان بىلەن، ناننى پادىشاھمۇ، گادايمۇ، بايمۇ، كەمبەغەلمۇ ئورتاق ئىستېمال قىلىدۇ. باينىڭ داستىخىنىدىمۇ نان بار، نامراتنىڭ داستىخىنىدىمۇ نان بار. بۇ خىل ئالاھىدىلىك بىلەن نان كىشىلەر بىلەن كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا بىر خىل ئورتاقلىق ۋە يېقىنلىققا يول ئېچىش رولىنى ئۆتەپ كەلدى. ئۆرپ ـ ئادەت، قائىدە ـ يوسۇنلاردىمۇ باي ـ غوجىلارمۇ نان مەدەنىيىتىگە ئەمەل قىلىپ كەلدى.

ئومۇمەن، نان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تارىخىي تەرەققىيات مۇساپىسىدە ئۇيغۇرلار بىلەن تەقدىرداش بولۇپ كەلدى. ئۇيغۇرلار گۈللەنگەندە نانمۇ گۈللىنىش باسقۇچىغا كىردى، ناننىڭ يۈزى گۈللەنگەندە ئۇيغۇرنىڭمۇ يۈزى كۈلدى، ناننىڭ يۈزى تاتارغان، سۇپىتى، تەبىئىتى ئۆزگەرگەن چاغدا ئۇيغۇرلارنىڭ يۈزىدىن كۈلكە كۆتۈرۈلدى، يۈزلىرى تاتاردى. داستىخانلىرى نان بىلەن بېزەلگەندە تۇرمۇشى ياخشىلانغانلىقىنى ئىپادە قىلدى، تۇرمۇشى ناچارلاشقاندا داستىخانلىرىدىن نان ئۆكسۈپ قالدى. غېرىبتىن،

شەرقتىن بۇ مۇقەددەس دىيارغا ھەر خىل مۇددىئا ـ مەقسەتتە كەلگەن مېھمانلار ئۇيغۇر نانلىرىدىن دەرمان تېپىپ، ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ مەملىكەتلىرىگە ئېلىپ بېرىپ تۇتىيا قىلىشتى. نان ئۆز دەۋرىدە جاھاننى ئىللىتىدىغان، جاھاننى يورۇتىدىغان، جاپالىقلارغا ۋە جانسىزلارغا ھاياتلىق ئاتا قىلىدىغان قۇياش ۋە ئايغا تەقلىد قىلىپ ياسالغان. ئوتقا چوقۇنىدىغان چاغلاردا ئوتتا پىشۇرۇلىدىغان بۇ نان تېخىمۇ مۇقەددەس ئورۇننى ئىگىلىگەن. شۇڭا، نان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى، بەخت ـ سائادەتكە، تىنچلىق، خاتىرجەملىككە، ئەركىن، ھۆر تۇرمۇشقا بولغان ئىنتىلىشلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، تۇرمۇشنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمىغا ئايلانغان.

21 ـ ئەسىر بوسۇغىسىغا قەدەم قويغان ئۇيغۇرلار ھازىر نان مەدەنىيىتىنى دۇنياغا يۈزلەندۈرۈش ئۈچۈن زور تىرىشچانلىقلارنى قىلماقتا. ئۇيغۇر نانلىرى ئۆزىنىڭ سېھرىي كۈچى بىلەن دۇنيا ئەللىرىنىڭ دىققىتىنى تارتماقتا. ئۇنى تاۋارغا ئايلاندۇرۇپ، ئىقتىسادىي ئىگىلىكتە تۇتقان ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، بازار رىقابىتىدە ئۆزىنىڭ ھاياتىي ئىقتىدارىنى نامايان قىلىپ، دۇنيا بازارلىرىدىن مۇناسىپ ئورۇن ئالدۇرۇش زامانىمىزدىكى نانىنىڭ ۋارىسلىرىنىڭ مۇھىم ۋەزىپىلىرىنىڭ بىرى بولماقتا.

سەككىزىنچى، كىچىك بالىلار تۇنجى قېتىم «ئانا، دادا» دىن كېيىن ۋە بۇرۇن «نان» دەپ تىلى چىقىدۇ. قەدىمكى دەۋرلەردىمۇ كىچىك بالىلارنىڭ تىلى «نان» دەپ چىقىدىغانلىقى ھەققىدە مەھمۇد كاشغەرىي «ئەپەك» سۆزىنى ئىزاھلاپ: بالىلار تىلىدا «نان» دېمەكتۇر دېگەن. قەدىمكى ئۇيغۇرلار ناننى «ئەتمەك» دەپ ئاتىغان. بالىلار ئەمدىلا تىلى چىققاندا «ئەتمەك» نى «ئەپەك» دەپ تەلەپپۇز قىلىپ تىلى چىققان. ھازىرمۇ بالىلارنىڭ تىلى «نان» دەپ چىقىدۇ. بۇمۇ نانىنىڭ قانچىلىك مۇقەددەس ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى نامايان قىلىپ بېرىدۇ.

توققۇزىنچى، نان ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىدا مۇقەددەس ئورۇنغا چىققان، ھەتتا خەلقنىڭ تۇرمۇشىدا بىلىپ ـ بىلمەي ئەقىدە ـ ئېتىقادقا ئايلىنىپ كەتكەن، يەنى نانغا دەسسەپ قەسەم قىلىش، «نان ئۇرسۇن» دېيىش ئەڭ يامان قەسەملەردىن ھېسابلىنىدۇ. ناننى خارلاش، ناننى بۇزۇپ چېچىش ئەڭ چوڭ گۇناھلاردىن سانىلىدۇ. ناننى قەدىرلەش، ناننى ئىسراپ قىلماسلىق ساۋابلىق ئىشلار قاتارىدا سانىلىدۇ. روشەنكى، نان ئەزىزلەنگەن جايدا باياشاتچىلىق بار، نان خارلانغان جايدا زاۋاللىق بار. دەل مانا شۇ ناننى خارلاۋاتقانلارنىڭ ئۆزىلا زاۋاللىقنىڭ ئىپادىسى. چۈنكى، ئۇ ھاياتنىڭ، ئەمگەكنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى، ئۇلۇغلۇقىنى ھېس قىلىشتىن مەھرۇم بولغان. ناننى خارلىغانلىقىنىڭ مېھنەتنى، ھاياتلىقنى خارلاش ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇغان. مانا شۇنىڭ ئۆزى خارلىق ئارغامچىسىغا ئېسىلغانلىقىنىڭ بەلگىسى ئەمەسمۇ؟ قانداق ئۇسۇل بىلەن بولمىسۇن ناندىن يۈز ئۆرۈش ئاخىر خارلىق ئېلىپ كېلىدۇ. بىز ناننى خارلىغاندا نان بەرداشلىق بەرگەن بىلەن، نان بىزنى خارلاپ قالغاندا ھەرگىزمۇ بەرداشلىق بېرەلمەيمىز.

# چايغا باغلانغان يوسۇنلار

چاي مەدەنىيىتى ئۇيغۇرلارنىڭ خېلى قەدىمكى دەۋردىن تارتىپ شەكىللىنىپ، ھەرقايسى دەۋرلەرنىڭ ئادەتلىرىنى ئۆزىدە يۇغۇرۇپ تېخىمۇ مۇكەممەللىشىپ، خېلى مۇكەممەل قائىدە ـ يوسۇن مەدەنىيىتىنى بارلىققا كەلتۈرگەن ئەنئەنىلىرىنىڭ بىرى. چاي ئادەتلىرى خەلقىمىزنىڭ تۇرمۇشىدا ھەممە ساھەلەرگىچە چېتىلغان بولۇپ، ئۇ ھەم ئەدەپ ـ ئەخلاق يوسۇنى، ھەم مېھماندوستلۇق يوسۇنى بولۇپمۇ رول ئوينىغان. بىز ئۇنى مېھماندوستلۇق يوسۇنىدىن ئايرىپ ئايرىم تونۇشتۇردۇق.

## ساماۋارخانا ئادەتلىرى

ئۇيغۇرلاردا ساماۋارخانىلارنىڭ تارىخى ناھايىتى ئۇزۇن، بىز قەدىمكى تام سىزمىلىرىدىن ساماۋار مەدەنىيىتىنىڭ سىماسىنى ئوچۇق كۆرەلەيمىز. يىپەك يولىدىن ئىبارەت خەلقئارا كارۋان يولىنىڭ تۈگۈنىگە جايلاشقان مەركىزىي ئاسىيادىكى ئۆتەڭلەر چاي مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم بازىلىرى ئىدى. چايخانىلار ئۇيغۇرلارنىڭ ئۈچۈر كۆزنىكى بولۇپ، ئۇ جايغا ھەرقايسى ئەللەردىن كەلگەن كارۋانلار ئۆز يۇرتلىرىدا بولغان ۋەقەلەر، يېڭىلىقلاردىن خەۋەر ئېلىپ كېلەتتى، چاي ئىچكەچ تونۇشاتتى، دوستلىشاتتى، نەغمە ـ ناۋا قىلىشىپ ھاردۇق چىقىراتتى.

غوجايىن مېھمانلارنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن چاينى دەملەپ كەلتۈرگەندىن كېيىن، «چايغا باقسىلا» دەپ چايغا تەكلىپ

قىلىدۇ. مېھمان «رەھمەت» دەپ قوبۇل قىلىپ، چاينى ھۆرمەت يۈزىسىدىن ئەتراپتىكىلەرگە تۇتىدۇ، ئەتراپتىكىلەر بۇ ھۆرمەتكە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ، «ئۆزىڭىزدىن كەلسۇن مېھمان، بىز چاي ئىچىپ ئولتۇردۇق» دەپ تەكەللۇپ قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن قىسسەچىلەر قىسسە سۆزلەيدۇ، سازەندىلەر ساز چېلىپ چايخانىنى ھاردۇق چىقىرىش سورۇنىغا ئايلاندۇرىدۇ، ھېرىپ - ئېچىپ كەلگەن كارۋانلارنىڭ ھاردۇقى چىقىدۇ.

## چاي قۇيۇش، چاي سۇنۇش ئەدەپلىرى

چاي قۇيۇش ۋە چاي سۇنۇشنىڭمۇ ئۆزىگە خاس ئەدەپ - يوسۇنلىرى بار. خىلاپلىق قىلىنسا ھۆرمەتسىزلىك، ئەدەپسىزلىك بولىدۇ.

1. چاينى پىيالىگە قۇيغاندا، چەينەكنىڭ جوغىسىنى پىيالىنىڭ گىرۋىكىگە توغرىلاپ، سىرغىتىپ قۇيۇش قائىدە، چاينى پىيالىگە كوركىرىتىپ، كۆپۈك چىقىرىپ قۇيۇش قائىدىگە ۋە ئەدەپكە يات. يەنە بىرى، چاينى قۇيغاندا پىيالىنى سەمدىتىۋەتمەي، بەكمۇ ئازمۇ قۇيماي يېرىم پىيالە قۇيسا كۇپايە. كۆپ قۇيۇۋېتىش ئەدەپكە زىت.

2. چاينى سۇنغاندا ئىككى قوللاپ سۇنىدۇ ياكى پەتنۇسنىڭ ئۈستىگە پىيالىنى قويۇپ ئاندىن ئىككى قوللاپ سۇنىدۇ. بىر قولدا سۇنۇش قائىدىگە خىلاپ، ئەگەر ئىككى قوللاپ سۇنۇش ئېپسىز كېلىپ قالغان ئەھۋالدا، كەچۈرۈڭ، بىر قولۇم بولۇپ قالدى، دەپ ئۆزرە ئېيتسا، ئۆزرە قوبۇل قىلىنىدۇ ۋە رەھمەت دېيىلىدۇ.

3. چاي ئىچكەندە ئەدەپ بىلەن ئاستا - ئاستا، ئاۋاز چىقارماي ئىچىش تەلەپ قىلىنىدۇ. چاي ئىچكەندە چاينى يۈۋلەپ ئىچىش يامان ئېلىنىدۇ، ھورتۇلدىتىپ ئاۋاز چىقىرىپ ئىچىش يامان ئېلىنىدۇ.

## چايغا باغلانغان يوسۇنلار

ئۇيغۇرلارنىڭ قائىدە - يوسۇنلىرىدا نۇرغۇن ئۆرپ - ئادەتلەر «چاي» نامىنى بىرلىك قىلىپ قوللىنىلىدۇ.

1. چاي ئىچۈرۈش. خەلقىمىزدە بويىغا يەتكەن قىزى بار كىشىنىڭ ئۆيىگە داستىخان ئېلىپ بېرىپ، قىزنى «باغلاپ» قويىدۇ. بۇ ئادەتنى چاي ئىچۈرۈپ قويدى دەپ ئاتايدۇ. چاينى قوبۇل قىلغان ئاتا - ئانا قىزنى ھەرقانچە ياخشى يەردىن سوراپ كەلسىمۇ، بۇ ئەھدىنى بۇزمايدۇ.

2. توي بولۇشتىن بۇرۇن ئوغۇل تەرەپ قىز تەرەپكە كىچىك چاي ئېلىپ بارىدۇ، ئارقىدىن رەسمىي تويلىشىش ئۈچۈن چوڭ چاي ئېلىپ بارىدۇ. چوڭ چاي دېمەك، تويلۇق ئېلىپ بېرىشنى كۆرسىتىدۇ.

3. خەلقىمىز مېھمان قىلىش دېگەن سۆزنى «چاي قۇيۇش» سۆزى بىلەن ئىپادىلەيدۇ. «بىر پىيالە چاي قۇيمايمۇ» دېگىنى مېھمان قىلمايمۇ دېگەنلىك بولىدۇ.

4. چاي قۇيۇش ناماقۇللۇقنى ئىپادىلەيدىغان بىر يوسۇننىمۇ ئىپادە قىلىدۇ. ئۆزئارا ئارازلىشىپ قالغانلار ئاداۋەتنى تۈگىتىپ، دوستلىشىپ قېلىش ئۈچۈن ئۆزئارا بىر - بىرىگە چاي تۇتىشىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ بىر - بىرىنى كەچۈرگەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. يەنە چاي قۇيۇش ناماقۇل بولۇپ، قارشى تەرەپنى مېھمانغا چاقىرىشنى ئىپادىلەيدۇ.

5. گۈل چاي. بىر ئادەم مەلۇم ئىشتا مۇۋەپپەقىيەت قازانسا، مەرتىۋىسى ئۆسسە، دوست - بۇرادەرلىرى ئۇنى تەبرىكلەپ ئالدىغا داستىخان سالىدۇ، بۇنى «چاي قۇيماق» دەپ ئىپادىلەيدۇ. ئۇنىڭغا يارىشا ئەملى ئۆسكەن ئادەم دوست - بۇرادەرلىرىگىمۇ چاي بېرىدۇ. بۇنداق ئادەت قەدىمكى دەۋرلەردىمۇ ئۇيغۇرلاردا ئومۇملاشقانىكەن.

كىتاب تورى



6. چاينى مۇھەببەتنى ئىپادىلەش، رەنجىگەن كۆڭۈللەرنى ئېلىش ئۈچۈن ۋاستە قىلغانلىقى خەلق قوشاقلىرىدىمۇ ئىپادىلەنگەن:

يارىم بارمىغان تويغا،
مەن سورىماي بارالمايمەن.
يارنىڭ كۆڭلى بەك نازۇك،
چاي قۇيۇپ ئالالمايمەن.

# سالاملىشىش يوسۇنلىرى

قائىدە ـ يوسۇن چەمبىرىكى ئىچىدە سالاملىشىش يوسۇنلىرى ئىنتايىن مۇھىم ھالقىنى ئىگىلەيدىغان مىللىي ئادەتلەرنىڭ بىرى. چۈنكى، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ سالاملىشىش يوسۇنلىرى ئارىسىدا روشەن پەرق بولىدۇ. سالاملىشىش دېگەن ھەم تارىخىيلىققا، ھەم مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە بولىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ سالاملىشىش يوسۇنلىرىدا ئىسلامىيەتتىن كېيىن بىر يۈرۈش قائىدىلەر بارلىققا كەلتۈرۈلدى. «سالام» سۆزىمۇ ئەرەبچە ئاتالغۇ بولۇپ، تىنچلىق، ئامانلىق، خاتىرجەملىك دېگەندەك مەنىلەرگە ئىگە. يۈسۈپ خاس ھاجىپ بەرگەن مەلۇماتتىن قارىغاندا، سالامنى ئۇيغۇرلار ئامانلىق يولى دەپ قارىغان، سالام قىلغۇچى ئامانلىق تىلىدى، ئىلىك ئالغۇچى سالامەت بولىدۇ. سالامنىڭمۇ قائىدە ـ يوسۇن، پرىنسىپلىرى بار. سالامنىڭ قائىدە ـ يوسۇنلىرىنى بىلىش ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىش ھەربىر كىشىنىڭ پەزىلەت تەلەپلىرىنىڭ بىرى.

## سالامنىڭ لەۋزى

ئۇيغۇر خەلقى مىڭ يىللاردىن بۇيان ئىسلامىي ئادەت بويىچە «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دېگەن سۆزنى سالامنىڭ لەۋزى قىلىپ كەلدى. بۇ سالام كىشىلەر ئارزۇ قىلىدىغان خاتىرجەملىك، تىنچلىق، بەخت، نىجاتلىق مەنىلىرىنى ئۆزىدە يۇغۇرغان بولغاچقا، بۇ سالام بىلەن مۇسۇلمانلار دۇنيانىڭ ھەرقانداق جايىدىن ئۆزىنىڭ دىنداش قېرىنداشلىرىنى تاپالايدۇ.

1. «سالام» ئىبارىسى ئالدى بىلەن ئاللاھنىڭ ئىسمى ـ سۈپىتىدۇر. «سالام» دېمەك خاتىرجەملىك، تىنچلىق بېغىشلىغۇچى زات دېمەكتۇر.

2. «سالام» يەنە مۇتلەق كامالەتلىك، كەم ـ كوتىسىز، ئېيىبسىز دېگەن مەنىنى بېرىدۇ.

3. «سالام» يەنە بىر مەنىدە «جەننەت» مەنىسىدە كېلىدۇ. «دار ئىس سالام» دېمەك تىنچلىق دەرگاھى — جەننەت دېمەكتۇر.

دېمەك، «سالام» شۇنداق مۇبارەك تىلەكلەرنى ئۆزىدە يۇغۇرغان بولۇپ، قۇتلۇق، مۇبارەك تىلەك ھېسابلىنىدۇ.

«ئەلەيكۇم» دىكى «ئەلەي» سۆزى ئۇيغۇر تىلىدىكى «گە، كە» دېگەن قوشۇمچىغا ئوخشاش رولدا كەلگەن. «كۇم» ئىبارىسى بولسا ئىككىنچى شەخس «سىز، سىلەر» دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. خاسلاشتۇرۇلغاندا «ئەلەيكە» دېيىلىدۇ. ئەسلىي قائىدىدە سالام خاسلاشتۇرۇلمايدۇ. ئومۇمەن، «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» — سىزگە، سىلەرگە سالامەتلىك بولسۇن، تىنچلىق، خاتىرجەملىك، ئامانلىق بولسۇن، دېگەن مەنىدە قوبۇل قىلىنىدۇ. جاۋاب بەرگۈچى «ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام» دەپ جاۋاب قايتۇرىدۇ. بۇ سىزگىمۇ، سىزلەرگىمۇ سالامەتلىك، تىنچلىق، خاتىرجەملىك، ئامانلىق بولسۇن، دېگەن بولىدۇ. ئىككى سالامنىڭ دەرىجىسى ئوخشاش بولمايدۇ. سالام قىلىش سۈننەت، جاۋاب قايتۇرۇش پەرز ھېسابلىنىدۇ. بۇ سالام كىشىلەر ئارىسىدىكى مېھىر ـ مۇھەببەتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، دوستلۇقنى، ئىناقلىقنى كۈچەيتىدۇ. تىنچلىق، خاتىرجەملىك ئېلىپ كېلىدۇ.

## سالامنىڭ شەرتلىرى

ئىككى كىشى ئۆزئارا ئۇچراشقاندا تونۇسۇن، تونۇمىسۇن سالام قىلىشىدۇ. ئۆزئارا تونۇشمىغان ئادەملەر قول ئېلىشىپ كۆرۈشمەي، سالامنىڭ لەۋزى بىلەن سالاملاشسا كۇپايە بولىدۇ. بازاردا ياتلارغا سالام قىلىنمايدۇ، تونۇشلارغا سالام قىلسا كۇپايە

قىلىدۇ. ئۇخلاۋاتقان ئادەمگە سالام قىلىنمايدۇ. ھاجەتخانىدا سالام قىلىش ھاجەت ئەمەس. يەنە بىرى، پاسىق، زىناخور، ئەلگە ئاسىيلىق قىلغان، ھاراقكەش ئادەملەرگە سالام قىلىنمايدۇ. تەكەببۇر ئادەمگە، زەرلىك نەرسىلەرنى تاقىغان ئەرگە سالام قىلىنمايدۇ.

## قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈش

ئىككى ئەر ئۇزئارا كۆرۈشكەندە ئىككى قوللاپ كۆرۈشىدۇ. قائىدە بويىچە ئىككى قولنىڭ ئالىقىنىنى ئالىقىنىغا تېگىشى كېرەك، قولنىڭ ئۇچىدا كۆرۈشۈپ قويۇش قائىدىگە خىلاپ. ئاۋۋال قول بەرگەن ئادەم يەزىلەتتە ئۇتۇۋالغان بولىدۇ. قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەندە، قول تازا (پاكىز) بولسا، قول بەرگۈلۈك، بولمىسا ئۇزرە قويۇپ، قول بەرمىسگۈلۈك. قولى تازا بولماي تۇرۇپ قول بېرىش ئەدەپتىن ئەمەس.

## قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈش

يېقىن تۇغقانلار، دوستلار، ئۇزاق زامان كۆرۈشمىگەن يېقىن كىشىلەر ئۇچراشقاندا قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈش مۇھەببەت، ۋاپادارلىق، سېغىنىشنى ئىپادىلەيدۇ. ئاياللار بىلەن ئاياللار قۇچاقلىشىپ كۆرۈشسىمۇ بولىدۇ، بىراق ئاياللار نامەھرەم ئەرلەر بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈش قائىدىگە خىلاپ.

## قولىغا ۋە يۈزىگە سۆيۈپ كۆرۈشۈش دۇرۇس ئەمەس

بىر كىم يەنە بىر كىشىنىڭ قولىغا ياكى يۈزىگە سۆيۈپ كۆرۈشۈش دۇرۇس ئەمەس. ئەگەر يېقىنلىق ئىپادىلىمەكچى بولسا، مەڭزىگە مەڭزىنى تەگكۈزىدۇ، پېشانىسىگە سۆيۈپ قويىدۇ.

كىتاب تورىمىز



## سالامنى باشلاش يوسۇنى

سالامنىڭ يوسۇنىدا، ئۇلاغلىق پىيادە ماڭغۇچىلارغا سالام قىلىدۇ؛ پىيادە ماڭغۇچى ئولتۇرغانلارغا سالام بېرىدۇ؛ پىيادە ماڭغان ئىككى كىشىنىڭ قايسىسى بۇرۇن سالام قىلسا شۇ پەزىلەتتە ئەۋزەل بولىدۇ؛ ئەمەلدار يۇقىرىلارغا، پادىشاھ ھەم يۇقىرىلارغا سالام قىلىدۇ؛ سىرتتىن ئۆيگە كىرگۈچى ئاۋۋال سالام قىلىدۇ. قائىدە بويىچە ئولتۇرغانلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ سالامنى ئىلىك ئالىدۇ؛ كىچىك ئادەم يەنى ياشتا كىچىك ئادەم ياشتا چوڭ ئادەمگە سالام قىلىدۇ؛ بالا ئاتا ـ ئانىسىغا ئاۋۋال سالام قىلىدۇ؛ ئازچىلىق كۆپچىلىككە سالام قىلىدۇ.

سالامنىڭ بۇ يوسۇنى ھەققىدە يۈسۈپ خاس ھاجىپ مۇنداق مەلۇمات بەرگەن: «قۇتادغۇبىلىك» تىكى ياش قەھرىمان كۈنتۇغدى ئىلىك تەركىدۇنيا زاھىت بىلەن كۆرۈشكەندە قول ئېلىشىپ كۆرۈشىدۇ، ئاۋۋال كۈنتۇغدى ئىلىك ئودغۇرمىشقا سالام قىلىدۇ ۋە سورايدۇ: سالامنىڭ پەزىلىتى شۇنچىلىك يۈكسەك تۇرسا، سەن مەن بىلەن ئۇچراشقاندا نېمە ئۈچۈن ئاۋۋال سالام قىلمايسەن؟ مەن بۇ سالامنى بىلىپ تۇرۇپ قىلمىدىم، ـــ دېدى ئودغۇرمىش، ـــ سالام دېگەن ئېسەنلىك يولى، سالام بىلەن ئېسەنلىك ئۇلى سېلىنىدۇ. كىچىككە ئۇلۇغدىن ئاۋۋال سالام بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىش تامام بولغان بولىدۇ. شۇڭا، ئاۋام ئاۋۋال بەگكە سالام قىلمايدۇ.

ئودغۇرمىش يەنە سالامنىڭ يەنە بىر قائىدىسىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ: كىم بىر ئادەمنى لازىم تېپىپ، ھاجەت بولۇپ يېنىغا چاقىرغان بولسا، چاقىرغۇچى ئاۋۋال سالام قىلىدۇ.

## سورۇنغا كىرگەندە، قايتقاندا سالام قىلىش

بىر ئادەم جامائەت ئولتۇرغان بىرەر سورۇنغا كىرسە، ئاۋۋال سورۇندىكىلەرگە سالام بېرىدۇ. سورۇندىن قايتماقچى بولغاندىمۇ،

ياكى ئىككى كىشى ئايرىلماقچى بولغاندىمۇ يەنىلا سالام قىلىدۇ. يەنى «ئامان بولۇڭلار، تىنچ-ئامان بولۇڭلار، خەير-خوش» دېگەندەك. سورۇندىن گەپ-سۆزسىزلا قايتىشمۇ ئەدەپكە يات ئىشتۇر. بىراق، بۇ سالام سورۇنغا كىرگەن ۋاقىتتىكىدەك ئانچە مۇھىم ئەمەس. ئەگەر ئۆزىنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىنى ساقلاش ۋە باشقىلارغا بولغان ھۆرمەت يۈزىسىدىن ئەدەپتىن ئۆتسە، ئۇنى مىننەتدارلىق بىلەن قوبۇل قىلغۇلۇق، مۇبادا بەزىبىر زۆرۈرىيەتلەر تۈپەيلىدىن گەپ-سۆز قىلماي قايتىشقا مەجبۇر بولغان بولسا، باشقىلارمۇ ئۇنى ئەيىبكە بۇيرۇمايدۇ.

بىرقانچە ئادەم بىللە تۇرغان ياكى ئولتۇرغان بولسا، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرى تونۇشى ياكى يېقىن كىشى بولغان بولسا، شۇنىڭلا ئىسمىنى ئاتاپ سالام قىلىش تولىمۇ ئەدەپسىزلىك سانىلىدۇ. چوقۇم ھەممىگە ئورتاق سالام بېرىشىپ، ئاندىن يېقىنىغا بولغان ھاجىتىنى ئېيتسا بولىدۇ. ئەگەر ئىككى ئادەم يار بولۇپ، ئۇنىڭ بىرى ياسىق بولسا، ئۇنى تاشلاپ، يەنە بىرىگە سالام قىلسا دۇرۇس بولىدۇ.

## سالامدا چەكلەنگەن ئىشلار

سالام يوللۇق بولسا ھۆرمەت، مۇھەببەتنى بىلدۈرىدۇ، چەكتىن ئاشۇرۇۋەتسە ئەدەپسىزلىك ھەم ھۆرمەتسىزلىك بولىدۇ.

قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەندە قولنى نورمال تۇتۇش، ھەددىدىن ئارتۇق سىقىپ قاتتىق سىلكىمەسلىك، دولىغا ئۇرۇپ، مەيدىسىگە ئۇرۇپ كۆرۈشمەسلىك، بىمەنە چاقچاقلارنى قىلىپ كۆرۈشمەسلىك، توۋلاپ-ۋارقىراپ كۆرۈشمەسلىك تەلەپ قىلىنىدۇ. سالام قىلغاندا ھەددىدىن ئارتۇق قولچىلىق بىلدۈرۈش ۋە ھەددىدىن ئارتۇق تەكەببۇرلۇق قىلىش ئەيىب ھېسابلىنىدۇ.

سالامدا كالىلىسىنى شىلتىپ قويۇش، سالام ئىلىق

بولماسلىق ھۆرمەتكە زىت. قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈش مۇمكىن بولمايدىغان ئەھۋالدا بولسا، قولنى پۇلاڭلىتىش ئارقىلىق سالامنى ئىپادىلەشكە بولىدۇ. سالام سۆزى قارشى تەرەپ ئاڭلىغۇدەك دەرىجىدە بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ، ئېغىزىنى ئۆمچەيتىپ قويۇش ئەدەپكە زىت، كۆرۈشكەندە ئۇچۇق - يورۇق كۆرۈشۈش تەلەپ قىلىنىدۇ، قاپاق تۈرۈپ، خۇيلىنىپ، تونگلۇق بىلەن كۆرۈشۈش سالامنىڭ پەزىلىتىنى بۇزىدۇ.

## سالامنىڭ لەۋزى مىللىي ئادەتكە ئۇيغۇن بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ

ئىسلامىي سالام «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دېگەن ئەرەبچە ئىبارە بىلەن ئېيتىلغان بولسا، ئەگەر ئۇنى تولۇق ئىپادىلەپ بېرەلمىگەندە، «تىنچلىقمۇ، تىنچ - ئامان تۇردۇڭلارمۇ، تىنچلىق - ئامانلىق تىلەيمەن» دېگەندەك سۆزلەر بىلەن سالام قىلىشمۇ بولىدۇ. بىراق، خۇشياقمىغاندەك ياكى بىلىپ - بىلمەي «سام ئەلەيكۇم» دەپ سالام قىلىشتىن ھەزەر قىلىش كېرەك. «سام» دېمەك ئەرەبچە مەنىسىدە «ئۆلۈم» مەنىسىنى بېرىدىغان ئىبارە بولۇپ، «سام لەيكۇم» دېمەك ئۆلۈم ساڭا ھەمراھ بولسۇن، ساڭا ئۆلۈم تىلەيمەن، دېگەنلىك بولىدۇ. شۇڭا، «ئەسسالام» ئىبارىسىنى تولۇق ئېلىش تەلەپ قىلىنىدۇ.

ئۇيغۇرلاردا «ياخشىمۇسىز» دېگەن سالاملىشىش سۆزى يوق، بۇ سۆز سالام مەقسىتىنى، سالامەتلىكنى ئىپادىلەپ بەرمەيدۇ. چۈنكى، ئۇ ئىبارە بىۋاستە خەنزۇلارنىڭ سالاملىشىش ئادىتى «好你» دىن تەرجىمە قىلىنغان بولۇپ، خەنزۇ تىلىدا كونكرېت مەنە ئۇقتۇرىدۇ، يەنى تىنچلىق، ئامانلىق مەنىسىنى بېرىدۇ. بىراق، ئۇيغۇر تىلىدا كونكرېت مەنە ئۇقتۇرمايدۇ. «ياخشىمۇسىز» دېگەن سۆزدىن بىز ھەرگىزمۇ: «تىنچلىق،

خاتىرجەملىك، ئاسايىشلىق، ئىجاتلىق، تەن ساقلىق» تەك كونكرېت مەنىنى ئۇقالمايمىز. شۇڭا، ئۇ «سالام ئۇچۇق بولسۇن، ئېنىق بولسۇن» دېگەن قائىدىگە خىلاپ. «ياخشىمۇسىز» دېگەن ئابستراكت بىر ئىبارىنى قوللانغاندىن «تىنچلىقمۇ» دېگەن كونكرېت ئىبارىنى قوللانسا مەنە، مەقسەت تېخىمۇ ئوچۇق ئىپادىلىنىدۇ. چۈنكى، تىنچلىق، خاتىرجەملىك دېگەن ھەممە كىشىنىڭ ئارزۇسى ۋە مەقسىتى.

# سەپەر يوسۇنلىرى

ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى ئومۇمىي ماھىيەتتىن سەپەرداش ھېسابلىنىمىز. پۈتۈن ئىنسانىيەت تارىخىغا نىسبەتەن بۇ كارۋانلار خۇددى كۆچ ئۇلاۋاتقاندەك بىر دەۋردىن ـ بىر دەۋرگە، بىر مەنزىلدىن ـ بىر مەنزىلگە ئۇلاپ كېلىشتى. بىر شەخسكە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئادەم تۇغۇلۇپلا ھاياتتىن ئىبارەت سەپەر ئېتىنى مىنىدۇ، ئۇ بىر مېڭىپ، ئىككى مېڭىپ دېگەندەك بىر مەزگىللىك ھايات سەپىرىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ ئاخىرەت سەپىرىگە ئاتلىنىدۇ. مانا شۇ قىسقا ھايات سەپىرىدە ئۆزى بىلەن بىللە ياشاۋاتقان تۈرلۈك ـ تۈمەن كىشىلەر بىلەن بىللە بولىدۇ. بەزىلەر بۇ سەپەردە دوست، بەزىلەر دۈشمەن بولىدۇ، بەزىلەر تەسەللىداش، بەزىلىرى تەقدىرداش، بەزىلىرى سەپەرداش، بەزىلىرى ساۋاقداش ھەم خىزمەتداش دېگەندەك مۇناسىۋەتلەردە بۇ سەپەرنى داۋاملاشتۇرىدۇ. ھېچقانداق ئادەم يەككە ـ يېگانە ياشىيالمايدۇ. بەلكى ئۇنىڭ سەپىرى سەپەرداشلار ئارقىلىق ئاندىن ھەقىقىي مەنىسىگە ئىگە بولىدۇ. مەقسەت مەنزىلىگىمۇ سەپەرداشلار بىلەن بىللە يېتەلەيدۇ.

مەن بۇ يەردە نەزەردە تۇتقان سەپەر ئومۇمىي مەنىدىكى سەپەر ئەمەس، بەلكى كونكرېت مەنىدىكى تۈرلۈك سودا ـ سېتىق، كىشىلىك مۇناسىۋەت ۋە سەيلە ـ ساياھەت قاتارلىق زۆرۈرىيەتلەر بىلەن قىلىنغان سەپەر ۋە بۇ سەپەر جەريانىدىكى ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك ئەخلاقىي يوسۇنلارنى كۆرسىتىدۇ.

## سەپەردىكى تەقدىرداشلىق

قەدىمكى ئۇيغۇرلار مەركىزىي ئاسىيادىن ئىبارەت بۇ چوڭ قۇرۇقلۇقتىكى خەلقئارا سودا كارۋان يولىدا تۈمەنلىگەن سەپەرلەرنى، تۈمەنلىگەن سەپەر مۇشەققەتلىرىنى تارتقان. سەپەر دېمەك — زەپەر دېمەك دېگەندەك، ئۇلار بۇ سەپەر ئوچىقىدا پىشقان، تاۋلانغان، ئېسىل ئەخلاقىي خاراكتېرگە ئىگە بولغان. چۈنكى، سەپەر دېگەن تاۋلاش ئۈچۈندۇر. سەپەرگە چىقمىغان، جاھان كۆرمىگەن، سەپەر مۇشەققەتلىرىنى تارتمىغان ئادەم ھەقىقىي مەنىدىكى قەيسەر خاراكتېر يېتىلدۈرەلمەيدۇ. سەپەر دېگەن ھەمراھ بىلەن بولىدۇ. ئۇيغۇرلار يالغۇز سەپەرگە چىقمايدۇ. سەپەرداش ئادەم تەقدىرداش ھېسابلىنىدۇ، نېمە كۆرسە تەڭ كۆرىدۇ. ياخشى - يامان كۈنلەرگە يولۇققىسا بىر - بىرىگە يار - يۆلەك بولىدۇ. كېسەل مۇشەققىتىنى تارتىپ قالسا ھالىدىن خەۋەر ئالىدۇ، ھەرگىز تاشلاپ كەتمەيدۇ. بۇنداق تەقدىرداشلىق جەريانىدا بەزى مۇھىم پەزىلەت يوسۇنلىرىنى بارلىققا كەلتۈرگەن.

## نىيەت دۇرۇس بولۇش

ئۇيغۇرلار سەپەر دېگەن بەك نازۇك، خېيىم - خەتىرى كۆپ، شۇڭا پاكىز روھ، دۇرۇس نىيەت، تىرەت بىلەن يولغا چىقىش كېرەك؛ مەينەت، چۈنۈپ، يامان نىيەت بىلەن سەپەرگە چىقماسلىق، سەپەر جەريانىدا ئۆزىنى بەك ياخشى كۆرسىتىش، ھەرقانداق خىيانەتكە قەدەم باسماسلىق كېرەك، دەپ قارايدۇ. نىيەت دۇرۇس بولمىسا، سەپەردە پاك بولمىسا سەپەر خەيرلىك بولمايدۇ. يەنە سەپەردە ناپاك مال، ھارام ئىش - ھەرىكەت قاتارلىقلار بىلەن ئۆزىنى بۇلغىماسلىق لازىم دەپ قارايدۇ.

## سەپەرگە ئاقىۋال تىلەش

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قائىدە ـ يوسۇنلىرىدا سەپەرگە چىققان كىشىگە ئاقىۋال تىلەپ دۇئا قىلىدۇ، يېتىم ـ يېسىرلارغا نەزىر بېرىدۇ، جامائەتتىن دۇئا ئالىدۇ. بۇنداق قىلىش سەپەردىن بىخەتەر، ساق ـ سالامەت ئۆيگە قايتىپ كېلىشكە بولغان تىلەك بولۇپ، بۇ ھەم سەپەر قىلغۇچىغا خاتىرجەملىك بېغىشلايدۇ، ھەم ئۆيدىكىلەرگە خاتىرجەملىك تۇيغۇسىنى بېرىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا يوللۇق تۇتۇش ئارقىلىقمۇ ئاقىۋال تىلەيدۇ. بۇنىڭدا كۆپىنچە پۇل ھەم نان يوللۇق تۇتىدۇ. يوللۇقى خاسىيەتلىك دەپ قارىلىدۇ. بەزىدە بەزى مۇھىم خاتىرە بۇيۇملىرىنى بېرىپ، ئەستىلىك دەپ قارىلىدۇ. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا بۇنداق سوۋغا ـ سالام ۋە يوللۇق ئەستىلىكنى «خۇمارۇ» دەپ ئاتىغان، يەنى خۇمار بولىدىغان، سېغىنىدىغان، ئەسلىتىدىغان نەرسە دېگەنلىك بولۇپ، بۇنى كۆرگەندە ئۆينى، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنى ئەسلەپ، بالدۇرراق ئۆيگە قايتىشقا تۈرتكە بولىدۇ، دەپ قارىغانلىقى ئىدى.

## ۋەسىيەت قالدۇرۇش

ئۇزۇن سەپەرگە چىققان، چېگرا ھالقىغان سەپەر دېگەن ئۇرغۇن خېيىم ـ خەتەرلەرگە ھەمنەپەس بولىدۇ. ھېچكىم سەپەردىن ساق ـ سالامەت ئۆيگە قايتىپ كېلىشكە ھۆددە قىلالمايدۇ. مۇبادا بەزى كېلىشمەسلىكلەر يۈز بېرىپ قالسا، ئۆزىگە مۇناسىۋەتلىك، ئۆزىنىڭ ئائىلە ـ مۇناسىۋەتلىرى بار مۇھىم ئىقتىسادىي ئىشلىرى ئىگىز ـ پەس بولۇپ كېتىشى مۇمكىن. شۇڭا، سەپەرگە چىقىشتىن بۇرۇن ئاۋۋال ياخشى تىلەك، ياخشى ئۈمىدلەردە بولۇش، ئاندىن مۇبادا كۈتۈلمىگەن ئىشلار يۈز بېرىپ قالسا، دې-

گەننى ئالدىغا قويۇپ تۇرۇپ، ئائىلىسىدىكىلەرگە ئەڭ مۇھىم ئالغۇ - بەرگۇ ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشلىرى بولسا ۋەسىيەت قىلىپ قويۇپ، ئاندىن سەپەرگە چىقىش ياخشى. بۇنداق قىلمىغاندا ئائى- لىسىدىكىلەرنى مۇشەققەتتە قويۇپ قويىدۇ. بۇ قائىدە ئۇيغۇرلاردا قەدىمدىن بېرى ئومۇملاشقان.

## «يازدا يېپىنچا، قىشتا ئوزۇق»

ئۇيغۇر خەلقى سەپەرگە چىققاندا ئوزۇق - تۈلۈك ئېلىۋېلىش ھەمدە يېتەرلىك ئېلىۋېلىشنى تەشەببۇس قىلىپ كەلگەن. چۈنكى، سەپەرنىڭ ئىسسىق - سوغۇقى، جۇدۇن - چاپقۇنى بولىدۇ، چۆل - جەزىرىلىرى، تاغ - داۋانلىرى بار. ئوزۇقلۇق يېتەرلىك بولسا، ھەرقانچە مۇشەققەتلىك سەپەرمۇ ھالاكەت ئېلىپ كەلمەيدۇ. ئەگەر ئوزۇقلۇق بولمىسا ھاياتقا خەۋپ يېتىشى مۇمكىن. ياز مەۋسۇمى بولسا يوللاردىن ھېچبولمىغاندا ياۋا مېۋە يەپ كۈن ئۆتكۈزۈش مۇمكىن، بىراق ياز بولغاندىن كېيىن يېپىنچا كەتمەيدۇ، دەپ قارىماسلىق كېرەك. تەبىئەت دېگەن ھەر خىل ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. جۇدۇن - چاپقۇنغا يولۇقۇپ قالسا يېپىنچا بولمىسا بولمايدۇ. قىشتا ئوزۇققا سەل قارىماسلىق كېرەك. ئوزۇق يېتەرلىك بولمىسا زىمىستان قىشتىن ئامان - ئېسەن چىققىلى بولمايدۇ. ئوزۇقلۇق بولسا گۈلخان يېقىپ ئۆزىنى ساقلاپ قالغىلى بولىدۇ. ئومۇمەن، سەپەرگە چىققان ئادەم پۇختا تەييارلىق بىلەن چىقىش كېرەك. بۇ نۇقتىدىن چىقىپ خەلقىمىز «يازدا يېپىنچا، قىشتا ئوزۇق» دېگەن ماقالنى بارلىققا كەلتۈرگەن. بۇنى سەپەرنىڭ مۇھىم بىر قائىدە - يوسۇنىغا ئايلاندۇرغان.

بۇ قائىدىنىڭ ھەقىقىتى ئۈچۈن مۇنۇ ھېكايەتنى نەمۇنە قىلسا بولىدۇ: بىر مۇساپىر كەڭ باياۋاندا ئېزىپ قالدى. ئۇنىڭ كۈچ - مادارى ۋە ئوزۇقى تۈگىدى. پەقەت بەلبېغىغا تۈگۈلگەن

بىرقانچە تەڭگە پۇلى بار ئىدى. ئۇ كۆپ ئايلاندى، يول تاپالمىدى. ئاخىرى ئاچلىقتىن ئۆلدى. بىر توپ يولۇچىلار بۇ يەردىن ئۆتۈپ قالدى. ئۆلگۈچىنىڭ يېنىدىكى تەڭگىلەرنى كۆردى. توپىغا مۇنۇلارنى يېزىپ قويغانىدى:

يېنىدا ئالتۇن بولسىمۇ ئادەم،
ئوزۇلۇكسىز ياسالماس ھەتتا بىر قەدەم.
چۆلدە تەشنالىقتا كۆيگەن ئادەمگە،
ياخشىدۇر ئارتۇقتۇر پىشۇرغان سەلغەم (چامغۇر)①.

## ئوزۇقنى سەپەرداشلىرى بىلەن ئورتاق يېيىش

ئۇيغۇرلارنىڭ سەپەر ئەخلاقى يۇسۇنلىرىدا سەپەرداشلار ئوزۇقلىرىنى تەڭ تارقىتىپ يەيدۇ، ھەرگىزمۇ يوشۇرمايدۇ. ئۆزىنىڭ ئوزۇقىنى يوشۇرۇپ، باشقىلارنىڭكىگە ئورتاقلىشىپ، باشقىلارنىڭ ئوزۇقى تۈگىگەندە ئۆزىنىڭ ئوزۇقىنى تىقىپ يېيىش پەسكەشلىك ھېسابلىنىدۇ. ئەقىدىلەردە: ئىچمىدىغان سۇيى بار ئوزۇقلۇق باشقىلاردىن يوشۇرغان ئادەم مۇناپىق بولىدۇ، دېيىلگەن. ئۆزى ئاچ قالسىمۇ سەپەرداشلىرىدىن بىر نەرسىنى يوشۇرماسلىق، ئۇسسۇز قالسىمۇ سۇيىنى سەپەرداشلىرى بىلەن بىللە ئىچىش، ھەتتا بىر ئوتلامدىن يەتسىمۇ ئۇنى ئايىماسلىق سەپەرداشلارغا قويۇلىدىغان مۇھىم پەزىلەت تەلىپى ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ئوزۇقى تۈرۈپ سەپەرداشلىرى بىلەن ئورتاقلاشمىسا، ئۇنداق ناتونۇش ئادەم بىلەن كىشىلەر ئىككىنچى بىللە سەپەر قىلمايدۇ.

## يولدا قوشۇلغان ھەمراھ ئەمەس

سەپەرنى ئوڭۇشلۇق، خاتىرجەم داۋاملاشتۇرۇش

① شەيخ سەئدى: «گۈلىستان»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 161 ـ بەت.

سەپەرداشلارنىڭ ياخشى - يامانلىقىغا باغلىق. شۇڭا، سەپەرگە چىققاندا سەپەرداشلارنى ياخشى تاللاش سەپەرنىڭ بىخەتەرلىكىگە مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ئىش، ھەر دائىم سەپەر قىلغان، سىناقتىن ئۆتكەن سەپەرداشلاردىن خەۋپ يەتمەيدۇ ھەم يامان نىيەتتە بولۇشقىمۇ پېتىنالمايدۇ. بىراق، يولدا قېتىلغان ھەمراھ گەرچە ھەرقانچە دۇرۇس بولسىمۇ ئۇنىڭدىن خاتىرجەم بولغىلى بولمايدۇ. بەزىلىرى قارا نىيەتلىك بىلەن ھەمراھىنى داغدا قويۇشى مۇمكىن. شۇڭا، ئۇيغۇرلار يولدا قوشۇلغان ھەمراھىنى ھەرگىزمۇ ھەمراھ ھېسابلىماسلىق، ئۇنىڭغا ئىشەنمەسلىك كېرەك، دەپ قارىغان ھەم بۇنى سەپەرنىڭ بىر قائىدە - يوسۇنى سۈپىتىدە ئەمەل قىلىشنى تەكىتلەپ كېلىشكەن. چۈنكى، بۇ ھەقتە نۇرغۇن تەجرىبە - ساۋاقلار باشتىن ئۆتكەن، نى - نى ئىبرەتلىك ۋەقەلەر يۈز بەرگەن.

## سوۋغا ئېلىپ كېلىش

سەپەرگە چىققان ئادەم سەپەردىن قايتقاندا تۇغقانلىرى ۋە قوشنا - قولۇملارغا ئاز بولسۇن، كۆپ بولسۇن سوۋغا - سالام ئالغاچ بارىدىغان قائىدە بار. كۆڭۈل رەنجىمىكى يامان. شۇڭا، كۆڭۈل ساناپ سوۋغا ئالغاچ كېلىش كۆڭۈللەرنى سۆيۈندۈرىدۇ.

## كارۋان - مۇساپىرلارنى ھۆرمەتلەش

ئۇيغۇر خەلقى قەدىمدىن تارتىپ مېھماندوستلۇقى بىلەن دۇنياغا مەشھۇر. مەركىزىي ئاسىيا خەلقئارا كارۋان يولىغا جايلاشقانلىقىدەك ئالاھىدىلىكى بىلەن بۇ دىيارغا ھەر خىل ئىرق، مىللەت، ھەر خىل دىنىي ئېتىقادتىكى كىشىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلىپ - كېتىپ تۇرغان. بۇلار بۇ دىياردا خەلقىمىزنىڭ ياخشى كۈتۈۋېلىشىغا ئېرىشكەن. شۇڭا، نۇرغۇن سەيياھلار خاتىرىلىرىگە بۇ خەلقنىڭ مېھماندوستلۇقىغا ئاپىرىن

ئېيتىپ يازمىلارنى يۇتۇپ قويغان.

قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ھاكىمىيەت قانۇن - تۈزۈملىرىدە كارۋان - مۇساپىرلارنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇش، ئۇلارنىڭ خاتىرجەملىكىگە كاپالەتلىك قىلىش، يول قاراقچىلىرىنى تازىلاش ھەققىدە مەخسۇس قانۇنلار تۈزۈلگەن. كارۋان - مۇساپىرلارغا ياخشى مۇئامىلىدە بولۇش ھەققىدە يۈسۈپ خاس ھاجىپ مۇنداق دېگەن: ئۇلارغا دائىم ئىشىكىڭنى ئوچۇق قىل، مۇئامىلىدە ياخشى بولۇشقا تىرىش، ئۇلار ياخشى - يامان نامىڭنى دۇنياغا يايغۇچىلاردۇر. يۇقىرىقىدەك چۈشەنچە خەلققە ئومۇملاشقان بولغاچقا، كارۋان - مۇساپىرلارنى ھۆرمەت قىلىش، ئۇلار ئوزۇقىدىن ئۈزۈلۈپ قالغان بولسا ئوزۇق بېرىش، ئۇسسۇز قالغان بولسا سۇ بېرىش، كەچ قالغان بولسا قوندۇرۇش ھەربىر ئۇيغۇرنىڭ ئائىلىق ھەرىكىتىگە ئايلانغان.

# جامائەتچىلىك يوسۇنلىرى

ئۇيغۇر خەلقى قەدىمكى ئۇرۇقداشلىق جامائەت تۈزۈمى دەۋرىدىن باشلاپلا جامائەتچىلىك تۈزۈمىنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، ئۇنى مۇستەھكەملەپ ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئۇرۇقتىن قەبىلىگە، قەبىلىدىن مىللەتكە ئايلىنىپ، بىر پۈتۈن جەمئىيەت تۈزۈلمىسىنى بارلىققا كەلتۈرگەن.

ئۇيغۇرلار جامائەتچىلىك ئەنئەنىسىنى ھازىرغىچە ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن. ئۇلارنىڭ كۆپ تۇرمۇشى، پائالىيەتلىرى، مۇراسىملىرى، توي ــ تۆكۈن، ئۆلۈم ــ يېتىملىرىنىڭ ھەممىسى جامائەت بىلەن بولىدۇ. شۇڭا، جامائەتنى ئۇلۇغ بىلىش، جامائەتنى ھۆرمەتلەش، ئۇلارنىڭ يوسۇنلىرىغا ئەمەل قىلىش ھەربىر جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ئاڭلىق ئىنتائىتىگە ئايلانغان. جامائەتنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشىشنى شان ــ شەرەپ بىلگەن، جامائەتنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ كېتىشنى ئۆزى ئۈچۈن نومۇس دەپ سانىغان. ئۇيغۇر پەرزەنتلىرى جامائەتنىڭ پەزىلەت ــ يوسۇنلىرى بويىچە ئۆزىگە تەربىيە بېرىشكە تىرىشىدۇ، ھەتتا بەزى پەزىلەتسىز، يارىماس كىشىلەرمۇ جامائەت سورۇنلىرىدا ئەسكىلىك قىلىشتىن ئۆزىنى تۇتۇۋالىدۇ. چۈنكى، ئۇيغۇرلارنىڭ بارلىق قائىدە ــ يوسۇنلىرى مانا شۇ جامائەت ئارقىلىق يۇرگۈزۈلىدۇ، شۇ جامائەت ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ھاياتىي ئىقتىدارىنى نامايان قىلالايدۇ. جامائەتنىڭ يوسۇنلىرىغا ئەمەل قىلغان ئادەم پەزىلەتلىك ھېسابلىنىپ ئەلنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشىدۇ، قائىدە ــ يوسۇندىن چەتلەشكەن ئادەم جامائەتنىڭ ئەيىبلىشىگە ئۇچرايدۇ، ئۇ ئادەمنىڭ ئىشلىرى راۋاج تاپمايدۇ.

## جامائەتنىڭ رولى

بىز ئادەتتە تىلغا ئالىدىغان جامائەت ئۇقۇمى دائىرىسىگە يۇرت، مەھەللە كوللېكتىپى كىرىدۇ. بۇنى يۇرت جامائىتى دەپ ئاتايدۇ. بۇ ئاساسەن بىر ئەترەت كوللېكتىپىنى بىرلىك قىلىپ، شورۇق جامائىتى، ياقمۇغ جامائىتى، ئۇنتۇساغ جامائىتى، ئىشتاچى جامائىتى، مەشھەت جامائىتى دەپ ئومۇملاشتۇرۇپ ھەم كونكرېتلاشتۇرۇپ ئاتايدۇ. بۇنىڭدا ئۇقۇم كېڭەيتىلىپ ئاتۇش جامائىتى، قەشقەر جامائىتى، خوتەن جامائىتى دېيىلمەيدۇ، بەلكى چوڭ يۇرت ئەزالىرى خەلق كاتېگورىيەسى بىلەن يۇرگۈزۈلۈپ، ئاتۇش خەلقى، قەشقەر خەلقى، خوتەن خەلقى دەپ يۇرگۈزۈلىدۇ ياكى ئاتۇش ئەھلى، قەشقەر ئەھلى، خوتەن ئەھلى دەپ يۇرگۈزۈلىدۇ. دېمەك، جامائەت دېگەن ئائىلە، جەمەتتىن چوڭ بولغان، بىر مەھەللىدە، بىر ئەترەتتە بىللە ياشاۋاتقان كوللېكتىپنىڭ ئاتىلىشى، بۇنىڭدىنمۇ ئۇقۇم سەل تارايتىلسا، بىر مەھەللە ياكى مەھەللە مەسچىتىدە بىللە ناماز ئوقۇيدىغان كىشىلەر توپىنى جامائەت دەپمۇ ئادەتلەنگەن. ئەسلىدە بۇ «جەمەت» نىڭ تۈرلىنىشى بولۇپ، جامائەتكە كېڭەيگەن.

مانا شۇ جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ئائىلىسىدە بولىدىغان تۈرغۇن مۇراسىملىرىنى شۇ جامائەت بىر قوللۇق ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ. جامائەت رازى بولسا ئۆي ئىگىسى خۇش بولىدۇ، جامائەتنى رازى قىلىش ئۈچۈن تىرىشىدۇ، مۇھىم ئىشلاردا جامائەتكە مەسلىھەت سالىدۇ، جامائەتنىڭ بەرگەن مەسلىھەتى بويىچە ئىش ئېلىپ بارىدۇ.

جامائەت بولمىسا توي قىزىمايدۇ، جامائەت كىرمىسە ھېيتمۇ ھېيتتەك بولمايدۇ، جامائەت قاتناشمىسا ئۆلۈمنىمۇ ئۆزىتالمايدۇ. مانا شۇنداق تۈرلۈك مۇراسىملار جامائەتنىڭ قاتنىشىشى، جامائەتنىڭ قائىدە ـ يوسۇنلىرى بىلەن

ئەممىيەتلىك ئۆتكۈزۈلۈپ، شۇ ئائىلە ئەزالىرىنى خۇرسەن قىلىدۇ، مانا شۇنداق ئورتاقلىق بىلەن جامائەت خۇددى بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇپ كەتكەن، ئۇلار ھەربىر ئادەمنىڭ ئائىلىسىنىڭ ئەھۋالىنى، ياخشى ـ يامانلىقىنى تارتىپ تۇرىدىغان تارازىغا ئوخشايدۇ. بالىلاردىن ئېلىپ كەمبەغەللەرگە بېرىدۇ، بايلارنى كەمبەغەللەرگە ياردەم بېرىشكە ھەيدەكچىلىك قىلىدۇ. بىرەرسىنىڭ بېشىغا كۈن چۈشسە جامائەت ئۇلارنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىشى ئۈچۈن تىرىشچانلىقلارنى قىلىدۇ، ھەرگىزمۇ ئۇلارنى تاشلىۋەتمەيدۇ.

بىر ئائىلىدە بىرەر يامان ئادەم چىقىپ ئەلگە زىيان سالسا، يۇرتنىڭ ئىناۋىتىنى تۆكسە، جامائەت يىغىلىپ ئۇ ئۇيگە كىرىپ بۇ يامان ئادەتنى تۈزىتىش ھەققىدە نەسىھەت قىلىدۇ. يۇرتتا جامائەت پىكرىنىڭ رولى ئىنتايىن چوڭ. ئۇ بەزىدە قانۇندىن كۈچلۈك رول ئوينايدۇ. ھەربىر كىشى جامائەتتىن ئايرىلىپ قالماسلىق ئۈچۈن تىرىشىدۇ. جامائەت كىشىلەرنى تىزگىنلەيدۇ، كىشىلەرنى يېتەكلەيدۇ، كىشىلەرنى تەربىيەلەيدۇ. جامائەتكە ئارىلاشمىغان ئادەم يېتىم قالىدۇ، جامائەتكە ئارىلاشمىغان ئادەم تۇرمۇشقا پىشمايدۇ.

## جامائەتنىڭ يېتەكلىشى

ئۇيغۇرلار «باللارنى قاتارغا قوشۇش» دېگەن ئىبارىنى جامائەتكە قوشۇش، جەمئىيەتكە قوشۇش دەپ چۈشىنىدۇ. باللار ئوقۇۋاتقان چاغدا تېخى جامائەتچىلىك يوسۇنلىرىنى بىلمەيدۇ، جەمئىيەتكە چىققاندىن كېيىن ئاندىن جامائەتچىلىك يوسۇنلىرىنى ئۆگىنىپ جامائەتكە ئارىلىشىدۇ. بۇ خىل قوشۇلۇش بىرقانچە خىل ئۇسۇل بىلەن بولىدۇ. بىرىنچىسى، بالا ئۆزىدە مەلۇم بىر قابىلىيەت يېتىلدۈرىدۇ ياكى مەلۇم ھۈنەردە كامالەت تاپسا ئاندىن ئۇ تەبىئىي ھالدا جامائەتنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا

ئېرىشىدۇ، ھۆرمىتى ئاشىدۇ. جامائەت سورۇنلىرىدا ئورنى بولىدۇ. ئىككىنچىسى، مەشرەپلەرگە قاتنىشىش ئارقىلىق 30 ئوغۇلنىڭ بىرىگە ئايلىنىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇ ئادەم مەلۇم ئاساسلارنى ھازىرلاپ، مەشرەپ ئىزالىرىنىڭ قايىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈشى كېرەك. ئۈچىنچىسى، مەسچىت جامائىتىگە قوشۇلۇش بىلەنمۇ جامائەتكە قوشۇلالايدۇ. ئاتا - ئانىلار بالىلىرىنىڭ جامائەتكە قېتىلىشى ئۈچۈن ئۇلارغا بالا ۋاقتىدىن تارتىپ ئاداش تۇتقۇزۇش ئارقىلىق، جەمئىيەتكە قاتنىشىشنىڭ، باشقىلار بىلەن مۇئامىلە قىلىشنىڭ، باشقىلارنى چۈشىنىشنىڭ، باشقىلارغا سادىق بولۇش، باشقىلارغا ياردەم بېرىش، باشقىلار ئۈچۈن ياشاشنىڭ ئاساسىنى سالىدۇ.

## جامائەتنىڭ كونكرېت پائالىيەتلىرى

جەمئىيىتىمىزدە جامائەتسىز ھېچقانداق مۇراسىم ۋە ئائىلىۋى چوڭ ئىشلار قىلىنمايدۇ. جامائەت قاتناشمىغان ھەرقانداق ھەرىكەت كۆڭۈلسىز، سوغۇق بولىدۇ.

بىرىنچى، بالىغا ئىسىم قويۇش جامائەتسىز بولمايدۇ. ئىسىم قويۇشقا مەھەللە جامائىتى، ئۇرۇق - تۇغقانلار قاتناشتۇرۇلىدۇ. جامائەت بوۋاققا قۇتلۇق تىلەكلەرنى تىلەيدۇ.

ئىككىنچى، ھېيت - ئايەم كۈنلىرى جامائەت مەسچىتتىن يېنىپ ئالدى بىلەن ئۆلۈم - يېتىم بولغان ئۆيلەرگە، چوڭ مۆتىۋەرلەرنىڭ ئۆيلىرىگە، كېسەللەر بار ئۆيلەرگە كىرىپ، پەتە قىلىپ، ياخشى تىلەكلەرنى تىلەپ چىقىدۇ.

ئۈچىنچى، ئۆلۈم بولغان ئۆيلەردە، قازان ئېسىپ ئاش بېرىدىغان بولسا، تويغا قويغان بولسا جامائەت بىر كۈن بۇرۇن كىرىپ «قازانغا قويۇپسىلەر، ياردەملىشىدىغان ئىش - كۈشلەر بارمۇ؟» دەپ سوراپ چىقىدۇ. جامائەتنىڭ بىر قىسمى سەۋزە قەلدىم قىلىش قاتارلىق ئىشلاردا ياردەملىشىدۇ. نەچچە تاغار

سەۋزە جامائەتنىڭ كۈچى بىلەن بىر دەمدە قىرىلىپ، توغرىلىپ راسلىنىدۇ. شۇڭا، بۇ ئىشلاردىن ئۆي ئىگىسى ئەنسىرىمەيدۇ.

ئۈچىنچى، توي تۈگىگەندىن كېيىن ۋە قازان ئېسىلغانىنىڭ ئەتىسى يەنە جامائەت مېھمانلارنى ياخشى ئۇزىتىۋالدىڭلارمۇ، ھاردۇقۇڭلار چىقىپ قالدىمۇ، دەپ يوقلاپ كىرىدۇ. ئۆي ئىگىسىمۇ خۇرسەنلىك بىلەن سالامەت ئۇزىتىۋالدۇق، رەھمەت جامائەتنىڭ قەدىمىگە، دەپ قول باغلاپ رەھمەت ئېيتىدۇ.

بەشىنچى، ئۇزۇن سەپەرگە چىقماقچى بولغان ئادەمگە ئاقىۋول تىلەپ جامائەت كىرىپ دۇئا قىلىدۇ. قايتىپ كەلگەندە يەنە ساق ـ سالامەت قايتىپ كەلگەنلىكىنى مۇبارەكلەپ كۆرۈشۈشكە كىرىدۇ.

ئالتىنچى، يېڭى بىر چوڭ ئىشنى باشلىغان، يەنى كارخانا قۇرغان، ئاشخانا ئاچقان كىشى ئاۋۋال جامائەتكە ئاش بېرىپ، ئۇلاردىن دۇئا ئالىدۇ. بۇ بىر تەرەپتىن، ئۆزىنىڭ ئىگىلىكىنى كىشىلەرگە بىلدۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ.

يەتتىنچى، ئوقۇش (مەدرىسەنى) تاماملىغان، ھۈنەر ئۆگىنىپ يېڭى ئىش باشلىغان يېڭى ئۇستا، ياش تالىپلار جامائەتكە چاي بېرىدۇ. جامائەت ئۇلارنىڭ ئىشلىرىغا قۇت تىلەيدۇ.

سەككىزىنچى، ھەرقانداق بىر مۇراسىم ئۈچۈن قان قىلىش (يەنى مال ئۆلتۈرۈش) ئىشى بولىدىغان بولسا، جامائەتنى مالغا دۇئا قىلىشقا تەكلىپ قىلىدۇ.

توققۇزىنچى، يېڭى ئۆي سالغان كىشى ئالدى بىلەن جامائەتكە ئۆي چىيى بېرىدۇ. جامائەت بۇ ئۆيگە بەرىكەت، خاتىرجەملىك تىلەيدۇ.

ئونىنچى، جامائەت يۇرت ئىچىدە، جەمەتچىلىك ئىچىدە يۈز بەرگەن ئىزا ـ ئاداۋەتلەرنى مادارا بىلەن يارىشتۇرۇشتا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ. ھەتتا نەچچە يىللاپ كۆرۈشمىگەن، تەتۈر قاراپ يۈرگەن ئاداۋەتلىك كىشىلەر جامائەتنىڭ يارىشتۇرۇشى بىلەن ئەپلىشىپ قالىدۇ.

## جامائەتكە بولغان ھۆرمەت يوسۇنلىرى

جامائەتنى چوڭ بىلگەن ئۇيغۇرلار جامائەتكە ئىتائەت قىلىش، جامائەتنى ھۆرمەتلەش، ئۇلارنىڭ ئىتىراپ قىلىشىغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئەزەلدىن داۋاملىشىپ كەلگەن جامائەتكە بولغان ھۆرمەت يوسۇنلىرىغا قەتئىي ئەمەل قىلىدۇ. جامائەتكە بولغان ھۆرمەتتە پەزىلەتلىك كىشىلەرلا ئەمەس، ئاددىيى كىشىلەر ئەخلاقسىز، پەزىلەتسىز، بەڭگى، ھاراقكەش دەپ قارايدىغان ئادەملەرمۇ ئۆزىنى تۈزەشتۈرۈپ يوسۇنغا ئەمەل قىلىشقا تىرىشىدۇ.

جامائەتكە بولغان ھۆرمەت يوسۇنلىرىنىڭ كونكرېت تۈرلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئالاھىدە گەۋدىلىك بولغانلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

بىرىنچى، جامائەت ئالدىدا ھۆرمەت – ئېھتىرام بىلەن قول باغلاپ تۇرۇش تەلەپ قىلىنىدۇ. قولنى يانچۇقىغا سېلىپ، پۇت سۇنۇپ تۇرۇش ئەيىب ھېسابلىنىدۇ.

ئىككىنچى، جامائەت بىلەن كۆرۈشكەندە ئىككى قوللاپ بىر – بىرلەپ كۆرۈشىدۇ. بۇنداق كۆرۈشۈش سورۇنى توي – تۆكۈن، ئۆلۈم – يىتىم ۋە باشقا جامائەت قاتناشقان مەرىكىلەردە بولىدۇ.

ئۈچىنچى، جامائەت بىلەن بىللە ماڭغاندا، مۆتىۋەرلەر، جامائەتنىڭ ھۆرمەتلىكلىرى ئالدىدا يول باشلاپ ماڭىدۇ. قالغانلار ئۆزىنىڭ ياش قۇرامىغا قاراپ شۇ تەرتىپتە جامائەتكە ئەگىشىپ ماڭىدۇ.

تۆتىنچى، جامائەت بىلەن مەرىكىلەرگە كىرگەندە، ئاۋۋال چوڭلارغا يول بېرىلىدۇ، ئاندىن تەرتىپ بويىچە كىرىدۇ. ئۆيگە كىرىش توغرا كەلسە، يۇرت چوڭلىرى ئاۋۋال تۆرگە ئۆتىدۇ، ئاندىن ئۆزىگە مۇناسىپ دەپ قارالغان ئورۇندا يۈكۈنۈپ ئولتۇرىدۇ. يۇسۇپ خاس ھاجىپ، ئۆزۈڭنىڭ ئورنۇڭنى تېپىپ

ئۇلتۇر، نېرى قوپ، بېرى كەل دېيىلسە ئۆزۈڭگە سەت بولىدۇ، دەپ ئاگاھلاندۇرغانىدى. ھەر ئادەم ئۆزىنىڭ ئىززىتىنى ساقلاش ئۈچۈن ئۆز تالاشماسلىقى كېرەك. ئادەمنىڭ قىممىتى ئورۇنغا چىققانلىقى بىلەن ئېشىپ كەتمەيدۇ، پەگاھتا قالغانلىق بىلەن تۆۋەنلەپ قالمايدۇ.

بەشىنچى، جامائەت توپلاشقان يەردىن ئۆتكەندە، پىيادە بولسا توختاپ، ئۇلاغلىق بولسا ئۇلاغدىن چۈشۈپ، جامائەتكە توغرىلىنىپ سالام بېرىپ ئۆتىدۇ. بۇ سالامدا ئۇ جامائەتنى تونۇش-تونۇمسۇن بۇ ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ.

ئالتىنچى، جامائەتكە تىل تەگكۈزۈش، جامائەت ئارىسىدا يامان گەپ ـ سۆزلەرنى قىلىش قاتتىق مەنئى قىلىنىدۇ. جامائەت ئارىسىغا جۇنۇپ ھالەتتە، مەست ھالەتتە كىرىش چەكلىنىدۇ. بۇنى جامائەت بەك ئەيىبلىك ھېسابلايدۇ.

# توي - تۆكۈن يوسۇنلىرىمىز

توي ھەربىر مىللەتنىڭ مىللىي قائىدە - يوسۇنلىرىنى ئەڭ روشەن نامايان قىلىپ بېرىدىغان، نۇرغۇن قائىدە - يوسۇنلار مۇجەسسەملەنگەن چوڭ مەرىكە ھېسابلىنىدۇ. ھەربىر مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس توي ئۆتكۈزۈش ئەنئەنىسى بار، ھەربىر مىللەتنىڭ تويىنى ئەۋجىگە چىقىرىدىغان تەنتەنىسى بار.

قەدىمكى زامانلاردا ئۇيغۇرلارنىڭ توي ئادەتلىرى كۆپ خىل شەكىل ۋە مەزمۇنلار بىلەن بېيىپ، ئۆزىنى ناھايىتى ياسداق ئادەتلەر بىلەن بېزىگەنىدى. يۇقىرى تەبىقىلەر ئارىسىدا 40 كېچە - كۈندۈز توي بولىدىغان، پۈتۈن يۇرتقا ئاش تارتىدىغان، پۈتۈن يۇرتقا چاچقۇ چاچىدىغان ئادەتلەر بار ئىدى.

## تويلارنىڭ تۈرلىرى

ھازىر كىشىلەر توي دەپ ئاتايدىغان، چوڭ مەرىكە شەكلىنى ئالغان تويلاردىن خەتنە توي، نىكاھ توي يەنى قىز توي، ئوغۇل توي، جۇۋان توي قاتارلىقلار بار. ئۇنىڭدىن باشقا، ئالتۇن توي، بۆشۈك توي قاتارلىقلارنىمۇ تىلغا ئېلىش مۇمكىن.

## خەتنە توي

خەتنە قىلىش دىنىي ئادەت بويىچە ئىبراھىم خەلىلۇللانىڭ سۈننىتى ھېسابلىنىدۇ. خەتنە توي يەنە سۈننەت توي دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ ئوغۇل بەتتە ياشقا كىرگەندە، خەتنىلىكىنى

كېيىن، بۇ ئوغۇلنىڭ رەسمىي ئۆسمۈر سۈپىتىدە جەمئىيەتنىڭ بىر ئەزاسى بولغانلىقى، ئەڭ مۇھىمى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەنئەنىسى بىلەن سۈننەت قىلىنغاندىن كېيىن مۇسۇلمانلارنىڭ بىر ئەزاسى بولغانلىقىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن قىلىنىدىغان توي.

ئاتا - ئانا ئۈچۈن بۇ توي ئۆزلىرىنىڭ بىر بالىنى تۇغۇپ، تەربىيەلەپ مەكتەپ يېشىغا يەتكۈزۈپ بەختىيار بولغانلىقى ئۈچۈن قىلىنغان بىر تەنتەنە.

بالىغا نىسبەتەن بالىلىق دەۋرىدىن ئۆسمۈرلۈك دەۋرىگە قەدەم قويۇپ، ئائىلىدىن مەكتەپتىكى ئىلىم ئوچىقىغا ئىلىم ئېلىشقا قەدەم قويغان ئەھمىيەتلىك بىر باسقۇچ سۈپىتىدە تەنتەنە قىلىنىدۇ.

تويدىن بۇرۇن بالىنىڭ خەتنىسىنى قىلىپ ياتقۇزۇلىدۇ. يېڭى يوتقان - كۆرپە، ياستۇقلار تىكىلىدۇ. يېڭى كىيىملەر ئېلىنىدۇ، توينى ئۆيدە ئۆتكۈزسىمۇ بولىدۇ، مەقسەت ئورۇق - تۇغقان، يېقىن - يورۇق، يۇرت - جامائەتكە داستىخان سېلىپ ئاش تارتىش، ئۆيدە ئۆتكۈزۈلسە قەدىمدىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان قائىدە - يوسۇن بويىچە قوي سويۇلىدۇ، مېھمانلار كۆپ بولسا كالا سويۇلىدۇ، گۆش بېسىلىپ پولۇ ئېتىلىدۇ، داستىخانغا نان، قەنت - گېزەك، قۇرۇق - ھۆل يېمىشلەر تىزىلىدۇ.

تويغا سازەندىلەر تەكلىپ قىلىنىپ نەغمە - ناۋا قىلىنىدۇ. چۈنكى، توي نەغمە - ناۋاسى بىلەن، ئۆلۈم ھازىسى بىلەن دېگەندەك، نەغمە - ناۋاسىز توي بولمايدۇ.

توينى چوڭ ئۆتكۈزۈش، كىچىكرەك ئۆتكۈزۈش شۇ ئائىلىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىغا قاراپ بولىدۇ. دائىرىسىنى كەڭ، داغدۇغىلىق، ھەيۋەتلىك قىلسىمۇ، يېمەك - ئىچمەكنى مول قىلسىمۇ بولىدۇ، دائىرىسىنى تارراق، ئىقتىسادچانلىق بىلەن قىلسىمۇ ئەيىبكە بۇيرۇلمايدۇ. توي دېگەننى قەرز ئېلىپ، قەرزگە بوغۇلۇپ قىلسا ياخشى بولمايدۇ. ئىمكان بار

ئىسراپچىلىق قىلىشتىن ساقلىنىش تەلەپ قىلىنىدۇ. تويغا كەلگەن مېھمانلار توينى تەبرىكلەپ سوۋغا ئېلىپ كېلىدۇ. يېقىن تۇغقانلار كۆپرەك، يىراقلار ئازراق قىلىدۇ. خەتنىسىنى قىلغان بالىنى تەبرىكلەپ يېقىن - قاياشلار قولىغا پۇل تۇتقۇزىدۇ. تويغا ئاياللار داستىخان كۆتۈرۈپ كېلىدۇ.

ھازىر شەھەرلەردە توي رېستوراندا ئۆتكۈزۈلىدىغان بولدى. رېستوراندىكى توي مۇراسىمى بىلەن ئۆيدە ئۆتكۈزۈلگەن توي مۇراسىمى خېلى كۆپ جەھەتتە پەرقلىنىدۇ.

بىرىنچى، رېستوراندا مېھمانلارنىڭ قولىغا سۇ بېرىلمەيدۇ.

ئىككىنچى، رېستوراننىڭ قائىدىسىگە بويسۇنىدۇ. شۇلارنىڭ كېلىشكەن بويىچە چىقارغان تاماقلىرى يېيىلىدۇ.

ئۈچىنچى، رېستوراننىڭ سەنئەتكارلىرى ئەلنەغمە ئورۇنلايدۇ.

تۆتىنچى، داستىخان كۆتۈرۈپ كەلمەيدۇ، پۇل قويىدۇ.

بەشىنچى، ۋاقىتقا رىئايە قىلىنمايدۇ، ۋاقىت ئىسراپچىلىقى ناھايىتى ئېغىر بولىدۇ.

ئالتىنچى، يېمەك - ئىچمەك ئىسراپچىلىقى چەكتىن ئېشىپ كەتكەن. رېستوراندا ئۆتكۈزۈلگەن بىر قېتىملىق توي خىراجىتىگە ئۆيدە ئۆتكۈزسە ئون توي ئۆتكۈزگىلى بولىدۇ.

يەتتىنچى، رېستوران تويىدا قائىدە - يوسۇنىمىزغا مۇخالىپ ئىشلار كۆپ قىلىنىدۇ. ھېچبولمىغاندا ھاراق - شاراب ئىچىش ئىنتايىن ئېغىر.

ئومۇمەن، رېستوران تويى قائىدە - يوسۇنلىرىمىزدىن چەتنىگەن توي بولۇپ، بىزنىڭ قائىدە - يوسۇنلىرىمىزنى دەپنە قىلىۋاتىدۇ، دەپ قاراشقا بولىدۇ.

گەرچە دەۋرنىڭ تەرەققىياتى، ئۆيلەرنىڭ بىنالىشىشى چوڭ مەرىكىلەرنى ئۆيدە ئۆتكۈزۈش ئىمكانىيىتىنى قويمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۆزىمىزنىڭ رېستورانىنى خۇددى مىللىي پاسوندا زىننەتلىگىنىمىزگە ئوخشاش، مەرىكىلىرىمىزنىمۇ ساپ

مىللىي ئادەت بويىچە ئۆتكۈزۈشكە تامامەن بولاتتى. بۇنىڭغا تېمىنىڭ توسقۇن بولۇۋاتقانلىقى ئۆز - ئۆزىدىن مەلۇملۇق.

## نىكاھ توي

نىكاھ تويى بىر مىللەتنىڭ قائىدە - يوسۇنلىرىنى ئەڭ مەركەزلىك ۋە ئەڭ گەۋدىلىك يورۇتۇپ بېرىدىغان مەدەنىيەت مەرىكىسى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ يالغۇزلار ئىككى ياشنىڭ قوشۇلۇشى ئەمەس، بەلكى قانۇنىي جەھەتتىكى مۇكەممەل بىرلىشىش، قانداشلىقنى بارلىققا كەلتۈرۈش، ئەۋلاد ۋە ئەجدادنى باغلايدىغان پەرزەنت ھالقىسىنى بارلىققا كەلتۈرۈش، ئائىلە ھۆجەيرىسىنى بارلىققا كەلتۈرۈش ئۈچۈن سېلىنغان ئۇل ھېسابلىنىدۇ.

نىكاھ توي ئەر ۋە ئايالنىڭ تەبىئىي فىزىيولوگىيەلىك جىنسىي تەلىپىنى قانۇنلۇق، ھالال جۈپتلەش بىلەن قامداپ، ساغلام نەسەبنى بارلىققا كەلتۈرۈشنىڭ قانۇنىي ۋاسىتىسى بولىدۇ. شۇڭا، ئەڭ قەدىمكى دەۋردىن باشلاپ توي قىلىش بىر ئائىلىگە نىسبەتەن مۇھىم بولۇپ قالماي، بەلكى بىر جەمەتكە، ئۇرۇق - قەبىلىگە، مىللەتكە ۋە دۆلەتكە نىسبەتەنمۇ ناھايىتى مۇھىم بىر مۇراسىم ھېسابلىنىپ كەلگەن.

نىكاھ توي يەنە بىر مىللەتنىڭ كىيىم - كېچەك، يېمەك - ئىچمەك، قائىدە - يوسۇن كۆرگىكى ھېسابلىنىدۇ. ھەرقانداق بىر چەت ئەللىك بىر مىللەتنىڭ توي ئادەتلىرىنى كۆرۈش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتە تۇتقان ئورنىغا مەلۇم جەھەتتە باھا بېرەلەيدۇ.

## «نىكاھ» نىڭ مەنىسى

«نىكاھ» دېگەن سۆز ئۇيغۇرلارغا ئىسلامىيەتتىن كېيىن كىرىپ كەلگەن ئەرەبچە ئىبارە. ئۇنىڭ مەنىسى: قوشماق، قوشۇلماق، جەملىمەك، جەم بولماق، يات جىنسلار بىر تۈشەكتە

بولماق، دېگەنگە ئوخشاش مەنىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىستېمالدا ئەر-خوتۇنلۇق مۇناسىۋەتنىڭ شەرىئەت قائىدىسى بىلەن باغلىنىشى، ئەر-ئاياللىڭ پاك، ھالال بىلەن، توغرا نىيەت، توغرا مەقسەت بىلەن، مەڭگۈلۈك بىللە ئۆتۈشكە بولغان تولۇق تەييارلىق بىلەن ئىمام ۋە ۋەلىي يەنى گۇۋاھچىلار ھەم جامائەت ئالدىدا بېرىلگەن قەسىمى ۋە ۋەدىسىنى بىلدۈرىدۇ.

## نىكاھنىڭ شەرتلىرى

نىكاھلانغۇچى ئەر-ئايال ھەر ئىككىلىسى نىكاھلىنىش شەرتىنى تولۇق ھازىرلىغاندىن كېيىن ئاندىن نىكاھ يوللۇق، دۇرۇس بولىدۇ. بۇنىڭ مۇنداق بىرقانچە مۇھىم قائىدىسى بار:

بىرىنچى، نىكاھلانغۇچىلارنىڭ ياش قۇرامى نىكاھلىنىش يېشىغا توشقان بولۇشى كېرەك. بويىغا يەتمىگەن قىزلارنى، ئۆيلىنىش يېشىغا توشمىغان يىگىتلەرنى نىكاھ قىلىش چەكلىنىدۇ.

ئىككىنچى، نىكاھلانغۇچى ئەر-ئايال جىنسىي ئىقتىدارغا ئىگە بولۇشى، يامان، يۇقۇملۇق كېسەل بولماسلىقى، ئەگەر كېسەل بولسا كېسەلنى يوشۇرماسلىقى تەلەپ قىلىنىدۇ. جىنسىي ئىقتىدارى بولمىغانلارغا نىكاھ چۈشمەيدۇ.

ئۈچىنچى، ئەر-ئايال بىر-بىرىگە زورلانماسلىقى، ئىختىيارىي بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ. مەجبۇرلانغان تويىنىڭ ئاخىرى ياخشى چۈشمەيدۇ.

تۆتىنچى، ۋاقىتلىق نىكاھ، غەيرىي مەقسەت ئۈستىگە قۇرۇلغان نىكاھ، پۇل-بايلىقنى كۆزلىگەن نىكاھ، ئۈچ ئېلىش نىيىتىدە قىلىنغان غەرەزلىك نىكاھ دۇرۇس بولمايدۇ.

بەشىنچى، قانداشلىق مۇناسىۋىتى بارلار، يەنى نەۋرە، چەۋرىلەرنىڭ چېتىلىشى، ئېمىلداشلارنىڭ چېتىلىشى چەكلىنىدۇ. بۇنىڭغا قاتتىق دىققەت قىلىش تەلەپ قىلىنىدۇ،

بولمىسا ئەۋلادلارغا قىلغان زىيانكەشلىك بولىدۇ.

ئالتىنچى، گۇۋاھچىلار بولمىغان، ئۆزىنى ئۆزى نىكاھ قىلىۋالغان نىكاھ نىكاھ ھېسابلانمايدۇ. نىكاھ دېگەن جامائەت گۇۋاھلىقى بىلەن ئەلگە جاكارلاش ئارقىلىق بولىدۇ، خۇپىيانە بولمايدۇ.

يەتتىنچى، نىكاھلانغۇچىلار مۇقەررەر بېكىتىلگەن بولۇشى، ئەمەتنى كۆرسىتىپ، سەمەتكە، زەينەپنى كۆرسىتىپ، پاتەمگە نىكاھ ئوقۇش دۇرۇس نىكاھ بولمايدۇ.

سەككىزىنچى، ئاز بولسۇن، كۆپ بولسۇن مېھىر ھەققى مۇئەييەن مىقداردا بېكىتىلىشى تەلەپ قىلىنىدۇ.

توققۇزىنچى، نىكاھلانغۇچى ئەر - ئايال بىر - بىرىگە تېگىش، ئېلىش چەكلەنگەن بولماسلىقى، ھالال بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ.

يۇقىرىقى شەرتلەر ئادا بولمىسا نىكاھ چۈشمەيدۇ دەپ قارىلىدۇ. نىكاھ توينىڭ قەدەم باسقۇچلىرى مۇنداق بولىدۇ:

## ئەلچى ئەۋەتىش

يىگىت بىلەن قىز ئۆزئارا تونۇشقان بولسۇن ياكى باشقىلارنىڭ ۋاستىسى بىلەن تونۇشقان بولسۇن كۆرۈشكەندىن كېيىن، بىر - بىرىنى ياقتۇرۇش، ئىختىيار قىلىش ئىپادىسى كۆرۈلگەندىن كېيىن، يىگىت مەلۇم ئادەمنى ۋاستە قىلىپ نىيىتىنى ئاتا - ئانىسىغا بىلدۈرىدۇ. قىزمۇ بۇنىڭغا مەلۇم ۋاستە بىلەن ئاتا - ئانىسىغا بېشارەت بېرىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، غەيرىي رەسمىي ئەلچى ئارقىلىق قىز تەرەپنىڭ رايى سىنىلىدۇ. قىز تەرەپنىڭ رايىنى بىلگەندىن كېيىن رەسمىي رەۋىشتە قىزنىڭ ئۆيىگە ئەلچى كىرگۈزۈلىدۇ. ئەلچىلەر بىرقانچە ئاياللاردىن تەركىب تاپىسمۇ بولىدۇ، بىرقانچە ئەردىن تەركىب تاپىسمۇ بولىدۇ. ئۇلار ناھايىتى تەكەللۇپ ۋە ھۆرمەت

بىلەن ئوغۇل چوڭ بولسا ئۆيلىنىدۇ، قىز چوڭ بولسا ياتلىق قىلىنىدۇ. سىلەر جاپا بىلەن ئايدەك قىزنى چوڭ قىلىپ رەسىدە قىلىپسىلەر، بۇ خۇدانىڭ سىلەرگە بەرگەن نېمىتى. بىزنىڭ پوكۇنى ئاخۇننىڭ ئوغلى خېلى ياخشى، دۇرۇس، پەزىلەتلىك، ھۈنەرلىك، جامائەتنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن ئادەم بولدى، قارىغاندا ئۇ يىگىتنىڭ سىلەرنىڭ ئەتىۋارلىق قىزىڭلارغا كۆڭلى چۈشۈپ قاپتۇ. بۇمۇ خۇدانىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى. پوكۇنى ئاخۇنمۇ مۇنداق – مۇنداق ئادەم، شۇ سەۋەبلىك بىز قىزىڭلارنى سوراپ، ئالدىڭلاردىن ئۆتۈش ئۈچۈن كىرىپ قالدۇق. ئەگەر ئىككى ياشنىڭ نىكاھى قوشۇلۇپ قالسا، بەخت گۈللىرى ئېچىلسا سىلەرگىمۇ ياخشى، بىزگىمۇ ياخشى، دېگەندەك ئۆزرىخاھلىقلارنى ئېيتىپ قىزنى سورايدۇ. قىز تەرەپ ئەگەر ماقۇل بولسا: رەھمەت، ھەشقاللا، پوكۇنى ئاخۇن قىزىمنى بالا قىلىۋالاي دېسە، بۇ بىز ئۈچۈنمۇ، قىزىم ئۈچۈنمۇ بەخت، بىز پوكۇنى ئاخۇندىن قىز ئايىمتۇق. ئەگەر بەختلىك بولۇپلا قالسا بىز يۈز مەرتىۋە رازى، دەپ رازىلىقىنى ئىپادىلەيدۇ ۋە ئەلچىلەرگە داستىخان ھازىرلاپ مېھمان قىلىپ يولغا سالىدۇ.

## چاي ئىچۈرۈش (يىپ باغلاش)

ئۇيغۇرلاردا قىز تەرەپنىڭ رايىنى ئېلىپ بولۇپ، توي ۋاقتى رەسمىي بېكىتىلىشتىن بۇرۇن، قىزغا يەنە باشقىلارنىڭ پەتە ئوقۇپ قويۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، چاي ئىچۈرۈپ قويىدىغان ئادەت بار. يەنى ئەگەر توي قىلىش ۋاقتى كۆزگە بېكىتىلگەن بولسا ياكى قىز تەرەپ قىزىمىز تېخى كىچىك، بىر يىلدىن كېيىن ئاندىن چىقىرالايمىز دەپ قالسا، ياكى ئۆلۈم – يېتىم ئىشلىرى بولۇپ، يىل توشمىغىچە توي قىلالمايمىز دېگەن سەۋەبلىرى بولسا، ئوغۇل تەرەپ گۆش، ناۋات، تۈرلۈك قورۇق يېمىشلەر، بىر – ئىككى كىيىملىك رەخت، بىرەر جۈپ ئۈزۈك

دېگەندەك نەرسىلەرنى ئېلىپ بېرىپ قىزغا چاي ئىچۈرۈپ قويىدۇ. بۇنى يەنە بىر ئىبارە بىلەن يىپ باغلاپ قويۇش دەپ ئاتايدۇ. بۇ قىزغا ئىگىدارچىلىق قىلىنىپ قىلىنغان ۋەدە - تۇختام ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر توي بولغۇچە قىز تەرەپ يېنىۋالسا ئەل - جامائەتنىڭ ئەيىبلىشىگە ئۇچرايدۇ ھەم چايغا ئاپارغان نەرسىلەرنى قايتۇرىدۇ. ئەگەر ئوغۇل تەرەپ يېنىۋالسا، ئۇلارمۇ ئەيىبكە ئۇچرايدۇ. ئۇلار ئاپارغان نەرسىلەرنى تەلەپ قىلىشقا ھوقۇقى بولمايدۇ. ئەمما، قىز تەرەپ كۆپ ھاللاردا چاي ئىچكۈزۈشكە ئېلىپ بارغان ئوغۇل تەرەپنىڭ نەرسىلىرىنى ئېلىپ بېرىپ تاپشۇرۇپ بېرىدۇ.

## چوڭ، كىچىك چاي ئاپىرىش

ئۇيغۇرلاردا نىكاھ ئوقۇلۇشتىن بۇرۇن «كىچىك چاي»، «چوڭ چاي» ئاپىرىش قائىدىسى بار. كىچىك چاي يىگىت تەرەپ ئالاھىدە داستىخان ھازىرلاپ، يىگىتنىڭ ئانىسى بىرقانچە ئايال بىلەن بىللە قىزنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، قىزنى بېرىشكە ماقۇل بولغانلىقىغا تەشەككۈر ئېيتىش ۋە توينىڭ ۋاقتىنى بېكىتىش ئارقىلىق چوڭ چاي ئاپىرىدىغان كۈننى بەلگىلەپ كېلىدىغان چايدۇر. بۇنى «ماقۇللۇق چېيى»، «تەزىم چېيى» دەپمۇ ئاتايدۇ. بۇ ئەمەلىيەتتە رەسمىي قىز سوراش چېيى ھېسابلىنىدۇ. كىچىك چاي رەسمىيەتلىرى تاماملانغاندىن كېيىن، چوڭ چاي ئۆتكۈزۈلىدۇ. چوڭ چايغا يىگىت تەرەپ، قىز تەرەپتىن ئەر - ئايال بولۇپ 30 دىن 50 كىچە ئادەم قاتنىشىدۇ. چوڭ چايدا ئوغۇل تەرەپ قىزغا ئالغان تويلۇق كىيىم - كېچەكلەر، ئالتۇن جابدۇقلار، ئەگەر پۇل تەلەپ قىلىنغان بولسا پۇل، قىزنىڭ ئاتا - ئانىسىغا، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىغا ئاتالغان تويلۇقلار ئېلىپ بېرىلىپ كۆپچىلىكنىڭ نەزىرىدىن ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئاندىن قىز تەرەپنىڭ رازىلىقىنى ئالغاندىن

كېيىن، مەخسۇس ساندۇققا سېلىپ، توي كۈنىدە بۇ ساندۇق ئېچىلىدۇ. «چولق چاي» دېگەننىڭ تۈپ مەنىسى تويلۇق ئېپىرىش دېگەنلىكتۇر.

## ساندۇق ئېچىش مۇراسىمى

ساندۇق ئېچىش مۇراسىمى ئادەتتە توي كۈنى قىزنى يۆتكەپ كېتىش ئالدىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ. ھازىر تويدىن بۇرۇن «چولق چاي» ۋاقتىدا ئاچىدىغان بولدى. ئەمەلىيەتتە، بۇ قائىدىگە خىلاپ. ساندۇق چوقۇم چاچقۇلىرى بىلەن قوشۇپ تويدا تويغا قاتناشقان جامائەت ئالدىدا ئېچىلىدۇ. بۇنى ساندۇق ئاچتى دەپمۇ ئاتايدۇ. ساندۇق ئاچقان ئايالغا بىر كىيىم مال قويۇلىدۇ. ساندۇق ئاچقان ئايال سورۇندىكىلەرگە چاچقۇ چاچىدۇ. سورۇندىكىلەر چاچقۇدىن تەۋەررۈك دەپ بۇلاپ ـ تالاپ ئالىدۇ. بۇ سورۇندا قىز تەرەپمۇ يىگىتكە ئاتاپ ئالغان كىيىم ـ كېچەكلەرنى، قۇدىلارغا ئاتالغان رەختلەرنى ئېچىپ كۆرسىتىدۇ.

## قىز ئۆيىدە توي چېيى

ئۇيغۇرلارنىڭ توي ئۆتكۈزۈش يوسۇنىدا توي چېيى قىزنىڭ ئۆيىدە ھەم ئوغۇلنىڭ ئۆيىدە ئايرىم ـ ئايرىم ئۆتكۈزۈلىدۇ.

بەزى ئورۇنلاردا ئوغۇل تەرەپ قىز تەرەپكە توي چېيىغا يېتەرلىك گۆش، ياغ، ئۇن، ئوتۇن، گۈرۈچ، تۇز قاتارلىقلارغىچە ئېلىپ بارىدۇ. بۇنى ئاش ـ تۇز ئاپىرىش دەپ ئاتايدۇ. بەزى ئورۇنلاردا ئاش ـ تۇز ئاپىرىش قائىدىسى يوق. قىز تەرەپمۇ ئۆز مېھمانلىرىغا ئۆزى توي چېيى بېرىدۇ، ئوغۇل تەرەپمۇ قىزنى يۆتكەپ كېلىپ بىر ـ ئىككى كۈندىن كېيىن جامائەتكە توي چېيى بېرىدۇ.

ئوغۇل تەرەپ قۇدىلار قىز تەرەپ توي چېيى بەرگەن كۈنىنىڭ ئالدىنقى كۈنىدە بېرىپ تويغا قويۇۋاتامسىلەر دەپ ھال ـ

ئەھۋال سوراپ قايتىدۇ. ئەتىسى ئەتىگەندە بىر توپ جامائەتنى ئېلىپ قىز تەرەپنىڭ تويغا كەلگەن جامائەتلىرىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن قىز تەرەپتە ئۆتكۈزۈلۈۋاتقان تويغا بارىدۇ. ئارقىدىن ئايال قۇدا تويى يۆتكەيدىغان ئاياللارنى ئېلىپ قىزنىڭ ئۆيىگە بارىدۇ. قىزنى يۆتكەشتىن بۇرۇن ياكى بىر كۈن بۇرۇن يىگىت بىرقانچە قۇرداشلىرى بىلەن بىللە قىزنىڭ ئۆيىگە بېرىپ نىكاھ خۇتبىسى ئوقۇش مۇراسىمىغا قاتنىشىدۇ. مۇراسىمغا قىزنىڭ تاغىسى، ئوغۇلنىڭ دادىسى، موللام ۋە بىرقانچە كىشى گۇۋاھچى بولۇپ قاتنىشىدۇ.

## نىكاھ خۇتبىسى ئوقۇش

نىكاھ ئوقۇغۇچى ئىسلام قائىدىسى بويىچە ئوقۇلىدىغان ئايەتلەرنى ئوقۇپ بولۇپ، نىكاھنىڭ ئىنسانلارغا ئاتا قىلىنغان نېمەت ۋە قانۇنىيەت ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدىغان مۇنداق ئىبارىلەرنى تىلغا ئالىدۇ: پۈتۈن كائىناتنى يوقتىن بار قىلغان، بارلىق جانلىقلارنى ئىككى جىنس قىلىپ ياراتقان، ئىنسان بالىلىرىغا ھالال جۈپتلىكنى ئىرادە قىلغان، ھەزرىتى ھەۋۋا ئانىنى ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالامغا، ھەزرىتى بۈۋى سارەنى ھەزرىتى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا، ھەزرىتى خەدىچە كوبرانى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا جۈپ ئەيلىگەن پەرۋەردىگارىمىزنىڭ ئەمر - پەرمانى بىلەن؛ پەيغەمبىرىمىزنىڭ مۇبارەك سۈننەتلىرى بىلەن، ئۈممەت پېشۋالىرى چاھارىيار، ساھابە كىراملارنىڭ بىرلىكى بىلەن؛ بۇ خاسىيەتلىك ۋە ئەھمىيەتلىك ئىسلامىي مۇراسىمغا قاتناشقان مۇسۇلمان قېرىنداشلارنىڭ شاھادەت گۇۋاھلىقى بىلەن، ھەقىقىي ئىسلام مۇخلىسلىرى سۈپىتىدە، ئىسلام يوسۇنى بىلەن توي قىلماقچى بولغان قىز - يىگىتنىڭ رازىلىقى بىلەن قىزنىڭ مېھرى xx پۇلغا تايىن تاپتى.

... نىڭ قىزى xxx:

سىز مەزكۇر ھەقلەرگە رازى ۋە راغىپ بولۇپ، ئىككىلا

ئالىمدە ھالال بىر جۈپتىن بولۇش ھەمدە ئەخلاقلىق، ھەقىقىي ئىسلام پەرزەنتى كۆرۈش نىيىتى بىلەن، ئەر ـ ئاياللار ئارىسىدا چەكسىز مېھىر ـ مۇھەببەت ئورناتقان ناھايىتى مېھرىبان ۋە كەرەملىك پەرۋەردىگارىمىزنىڭ شەرىئەتلىرىنى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام سۈننەتلىرىنى ئىجرا قىلىش ئاساسىدا، ئۆمۈر بويى ئەرگە سادىق بولۇپ، ياخشى ـ يامان كۈنلەردە، ساق ۋە ئاغرىق ـ سىلاق چاغلاردا، باي بولغان ياكى كەمبەغەل بولۇپ قالغان چاغلاردا شۈكۈر قىلىپ ياخشى ئۆتۈشكە ئەھدە قىلغان ئاساستا ئۆزىڭىزنى xx ئوغلى xx غا خوتۇنلۇققا قوبۇل قىلدىڭىزمۇ؟ دەپ سورايدۇ. قىزنىڭ ۋاكالەتچىسى (ۋەلىيسى) گۇۋاھ بولۇپ «قوبۇل قىلدىم» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئارقىدىن يىگىتكە:

xx نىڭ ئوغلى xx سىز يۇقىرىقى ھەقلەرگە چىن كۆڭلىڭىزدىن رازى ۋە راغىپ بولۇپ، كىشىلەرنى نادانلىق گۇمانلىرىدىن، جاھالەت زۇلمەتلىرىدىن ئىمانىي ۋە ئېرپان يورۇقلۇققا چىقارغۇچى دىنىمىز ئىسلامنىڭ پاك شەرىئىتىدە كۆرسىتىلگەن بارلىق ھالال ئىشلارنى پۈتۈن ۋۇجۇدىڭىز بىلەن ئادا قىلىش بىلەن بىللە، بارلىق گۇناھلىق ھارام ئىشلاردىن ئۆزىڭىزنى پاك تۇتۇپ، مۇقەددەس نىكاھقا سادىق بولۇپ، ھەرقانداق ياخشى ـ يامان كۈنلەردە دىيانەتنى يوقاتماي، ھالاللىق بىلەن ياخشى، يارامىلىق پەرزەنت كۆرۈش نىيىتى بىلەن xx نىڭ قىزى xx نى ئۆز ئەمرىڭىزگە ئالدىڭىزمۇ؟ دەپ سورايدۇ.

ئوغۇل: ئالدىم، دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

يۇقىرىقى كەلىمىلەردىن كېيىن زۆرۈرىي ھەمدۇ سانالار ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، دۇئا قىلىنىپ نىكاھ مۇراسىمى ئاخىرلىشىدۇ.

## يىگىتلەرنى كۈتۈۋېلىش

نىكاھ ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، يىگىت ئۆيىگە قايتىپ يىگىت قولداشلارنى ئېلىپ قىزنى يۆتكەپ كېتىش ئۈچۈن داقا ـ

دۇمباق ـ ئەلنەغمىلەرنى قىلىشىپ، توي ناخشىلىرىنى ئېيتىپ قىز تەرەپكە كېلىدۇ. قىز تەرەپ مەخسۇس يىگىتلەر ئۈچۈن داستىخان سېلىپ زىياپەت بېرىدۇ. بۇ زىياپەتتە يىگىتلەرنىڭ ئالدىدا قىز تەرەپ يىگىتكە ئالغان تويلۇق كىيىم ـ كېچەكلەرنى كۆرسىتىدۇ. بىللە كەلگەن يىگىت قولداشلارغا توقۇلغان قولياغلىق، لۆڭگە، تەييار كۆڭلەك قاتارلىقلاردىن قايسىسىنى ماقۇل تاپسا شۇنى ئالدىغا قويىدۇ. ئاندىن يىگىتلەر ھويلىغا چىقىپ جامائەتكە بىر قېتىم ئەلنەغمە قىلىپ، ئۇسسۇل ئويناپ قىزىتىپ بېرىپ، ياساندۇرۇلغان كېلىن قىزنى ئېلىپ يىگىتنىڭ ئۆيىگە ماڭىدۇ. بالدۇر ئات، مەپە بىلەن يۆتكىلەتتى، ھازىر ماشىنا بىلەن يۆتكىلىدىغان بولدى.

## قىزنى ياساندۇرۇش

قىزنى ياساندۇرۇش بىر مىللەتنىڭ مىللىي خاسلىقىنى نامايان قىلىدىغان ناھايىتى مۇھىم بىر كۆزگۈ ھېسابلىنىدۇ. ھەربىر مىللەت ئۆزىگە خاس مىللىي خاسلىقنى نامايان قىلىش ئاساسىدا قىزنى جابدۇندۇرىدۇ. غەربلىكلەرنىڭ كېلىن قىزنى ياساندۇرۇشىمۇ ئۆزگىچە، ھىندىلارنىڭ كېلىن قىزنى جابدۇرۇشىمۇ ئۆزگىچە، چاۋشيەنلىكلەر، ياپونىيەلىكلەرمۇ مىللىي ئالاھىدىلىكنى گەۋدىلەندۈرۈپ قىزلارنى جابدۇندۇرىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ قىزلارنى ياساندۇرۇش ئەنئەنىسىمۇ مىللىي ئالاھىدىلىكنى روشەن نامايان قىلىدىغان، رەڭدار، گۈزەل بولۇپ، ئۇيغۇر قىزلىرى پورەكلەپ ئېچىلغان گۈلگە ئوخشاش ياساندۇرۇلىدۇ. يۆتكىلىدىغان قىز شۇ كۈنى شەخسىي تازىلىقىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، ئوسما قويۇپ، ئەڭلىك سۈرۈپ، خېنە قويۇپ، خۇش پۇراق چېچىپ تەييار بولغاندىن كېيىن، تويلۇق كىيىملەر كىيدۈرۈلىدۇ. كىيىم ئىككى ھەتتا ئۈچ قەۋەت كىيدۈرۈلىدۇ. ئىچكى كىيىم يۇمشاق يىپەك رەختتىن بولىدۇ.

ئۈستىگە ئەتلەس ياكى رەختتىن تىكىلگەن كۆڭلەك كىيدۈرۈلىدۇ. ئەگەر كۈز بولسا، كۆڭلەك ئۈستىگە پەلتو كىيگۈزۈلىدۇ. كۆڭلەك ئىچىگە ئىشتان كىيگۈزۈلىدۇ ياكى پايپاق تارتىلىدۇ. پۇتىغا توپلەي، قىش بولسا ئۆتۈك كىيىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئالتۇن جابدۇقلار تاقىلىدۇ. بۇرۇن چاچقا ئالتۇن قىسقۇچ، ئالتۇن تاج دېگەندەك زىننەت بۇيۇملىرى تاقىلىدىكەن. كېيىن تۇرمۇش سەۋىيەسى تۆۋەنلەپ كەتكەچكە، ئۇ ئادەت قالغان. قىزلارغا ھالقا، بويىنىغا بۇلاپكا، قولىغا ئۈزۈك، بىلەزۈك قاتارلىق زىبۇ - زىننەتلەرنى تاقاش قەدىمدىن ئارتىپ داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنە. مۇنداق كىيىم - كېچەك، زىبۇ - زىننەتلەر بىلەن جابدۇندۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، بېشىغا گىجىم رومال دېگەن بىر رومالنى ئارتىپ يۈزىنى ياپىدۇ. بۇ قىزنىڭ يۈزى ئېچىلمىغان، پاك قىز ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. قىز ياتلىق بولمىغان يەنە بىر قىزنى ئۆزىگە قولداش قىلىدۇ. قەدىمكى دەۋردە قىزغا قوشۇپ بىر دېدەك قوشۇپ ئەۋەتىدىغان قائىدە بار ئىكەن. ھازىر ئۇ ئادەت يوق. ئائىلىدىن تەييارلىغان، تۇرمۇشقا پىشقان، تەجرىبىلىك بىر ئايالنى يەڭگە قىلىپ ئەۋەتىدۇ.

قىز بىلەن بىللە قىز تەرەپ تەييارلىغان يوتقان - كۆرپە، كىيىم - كېچەك سېلىنغان چامادان، يىگى ساندۇقلارنى ئېلىپ قىزغا ھەمراھ بولۇپ قىزنىڭ دوستلىرى (قىزنىڭ تۇغقانلىرى، دوستلىرىدىن تەركىب تاپقان) بىللە كېلىدۇ. قىزنى ئېلىپ كېلىپ قويۇپ، بىر - ئىككى يەڭگە قالىدۇ. قالغانلىرى قايتىپ كېتىدۇ.

قىزنى يۆتكىگەندە، چوڭ كوچىلاردا ياشلار قىزىمىزنى ئېلىپ كەتتىڭلار دەپ قىزنى توسىدۇ. قىز - ئوغۇل تەرەپ ئۇلارغا ياغلىق، لۆڭگە، رەخت، پۇل قاتارلىقلاردىن بېرىپ رازى قىلغاندىن كېيىن توسۇق ئېلىۋېتىلىدۇ.

قىز يۆتكىلىپ ئوغۇلنىڭ ئۆيىگە كەلگەندىن كېيىن، بەزى ئورۇنلاردا ئىشىك تاقاق دېگەن بىر ئادەت بار، يەنى ئۆينىڭ قىزى ئىشىكنى تاقاپ، قىز تەرەپتىن سۆيۈنچە تەلەپ قىلىدۇ. قىز تەرەپ بىر كىيىملىك رەختنى ئىشىك تاقاقچىغا بېرىدۇ. بۇ كېلىن بىلەن قىزنىڭ ياخشى ئۆتۈشىنى مەقسەت قىلىدۇ. ئىشىك ئېچىلىپ ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن ئوغۇل تەرەپ قىزغا پايانداز سالىدۇ، پايانداز ياخشى بىر كىيىملىك رەخت بولىدۇ. بۇ پاياندازنى قىز تەرەپتىن قىزنىڭ يېقىن بىر ئادىمى ئالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن قىز ساق - سالامەت يۆتكەپ كېلىنىدۇ. شۇنداق قىلىپ قىز تەرەپ قىزنى چىقارغان بولىدۇ.

## قىزنى يۆتكەش

قىزنى جابدۇندۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، قىزنى ئولتۇرغۇزۇلغان ئۆيدىن ئۆزىنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ چىقىدۇ. ئانا بولغۇچى قىزغا ناھايىتى قىممەتلىك ئانىلىق نەسىھەتلىرىنى قىلىدۇ، يەنى قېيىنئانىلىرىنى ھۆرمەتلەش، قەدىرلەش، ئۇلارنىڭ ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئېلىش، ئەرگە سادىق بولۇش، نىيەت دۇرۇس بولۇش، قانائەتچان بولۇش، پاك، پاكىز بولۇش خۇسۇسىدا نەسىھەتلەرنى قىلىدۇ. ئەترابتىكىلەر قىز قوشاقلىرىنى ئوقۇيدۇ. جامائەت دۇئا قىلىپ، قىزنىڭ ئانىسى قىزنى ئېلىپ چىقىپ ئوغۇلنىڭ ئانىسى يەنى قىزنىڭ قېيىنئانا بولغۇچىغا تاپشۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن قىز ئۆيدىن يۆتكەپ ئېلىپ مېڭىلىدۇ.

## نىكاھ كېچىسى

قىزنى يۆتكەپ كەلگەندىن كېيىن يىگىتنىڭ ئۆيىدە نەچچە سائەت ناھايىتى قايناق توي مەشرىپى بولىدۇ. سازەندىلەر

سازلارنى چېلىپ چاۋاك كەلتۈرسە، قىز ـ يىگىتلەر ئۇسسۇلنى ئەۋجىگە چىقىرىدۇ. ئوغۇل تەرەپ ئاتىغان مالنى ئوغۇللارغا ۋە قىزلارغا بېرىدۇ. ئوغۇللار مالنى سويۇپ، ئەگەر يىگىتلەر كۆپرەك بولسا يەنە بىر مالنى سېتىۋېلىپ مەشرەپ قىلىدۇ. قىزلارغا بىر قوي سويۇلۇپ، قىز بىلەن بىللە كەلگەن قولداشلارنى، يەڭگىلەرنى مېھمان قىلىدۇ. چايدىن كېيىن، بىر ـ ئىككى يەڭگە قېلىپ قىز بىلەن بىللە كەلگەنلەر قايتىپ كېتىدۇ. ئەلنەغمە تۈگىگەندىن كېيىن، قىز بىلەن ئوغۇل ھۇجرىغا كىرىدۇ. ئوغۇللار مەھەللىدە بېكىتىلگەن ئۆيگە چىقىپ مەشرەپ قىلىدۇ.

ئوغۇل ـ قىز ياستۇققا باش قويغاندىن كېيىن، ئەگەر قىز پاك، ساغلام بولسا، ئوغۇل دۇرۇس بولسا، يەڭگە بولغۇچى بۇ مۇۋەپپەقىيەتنى قىزنىڭ ئائىلىسىگە يەتكۈزىدۇ. شۇنىڭ بىلەن قىز تەرەپ خاتىرجەم بولىدۇ، ئوغۇل تەرەپمۇ بالىلارنىڭ ئەپلىشىپ ياخشى قوۋۇشقانلىقىدىن خۇرسەن بولىدۇ. مۇبادا قىزدىن مەسىلە چىقىپ قالسا، ئوغۇل بۇ ئىشنى ئاشكارىلايدۇ، ئوغۇل تەرەپ، بىر توقاچ ناننىڭ ئوتتۇرىسىدىن تېشىپ قىزنىڭ ئۆيىگە ئەلچى ئارقىلىق ئەۋەتىدۇ. بۇ شۇم خەۋەردىن ۋاقىپ بولغان ئاتا ـ ئانىنىڭ يۈرىكى لەختە ـ لەختە قان بولىدۇ. ئۇلار ئادەم ئەۋەتىپ تويلۇقماللارنى قايتۇرۇپ، قىزىنى ئېلىپ كېتىدۇ. يېيىلمىگەن قازان يېيىلىمىقى يېتى قالىدۇ، ئوغۇلنىڭ ئۆيىدە توي چېيى بېرىلمەيدۇ. بۇ قىز ئۈچۈنمۇ، ئوغۇل ئۈچۈنمۇ، ئىككى ئائىلە ئۈچۈنمۇ كۆتۈرگۈسىز بەختسىزلىك. قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ بىر ماقالىدا مۇنداق دېيىلگەن: «قىزنىڭ سۆيۈنچى نىكاھ كېچىسى، ئوغۇلنىڭ سۆيۈنچى جەڭدە ئۆتكەن كۈنلىرى». قىزنىڭ پاكلىقى ئوغۇلغا ھەم قىزغا بەخت، پاكلىق، ساداقەت ئېلىپ كېلىدۇ. بۇنداق نىكاھتىنىڭ بېغىمۇ چىڭ بولىدۇ. شۇڭا

قىزنىڭ بۇ پۇلسىراتتىن ساق - سالامەت ئۆتۈشى قىزنىڭ پۈتۈن ھاياتىغا پەۋقۇلئاددە تەسىر كۆرسىتىدۇ.

## چاي ئېلىپ كېلىش

ئەتىسى سەھەردە قىز تەرەپتىن يىگىت - قىزغا چاي ئېلىپ كېلىدۇ. قىز - يىگىت ناشتىنى شۇ چايدىن قىلىدۇ. ئارقىدىن قىزنىڭ دوست - يارەنلىرى، تۇغقانلىرىنىڭ قىزلىرى بولۇپ ئون - يىگىرمە قىز چاي ئېلىپ كېلىدۇ. ئوغۇل چاي ئېلىپ كەلگەنلەرگە پايپاق، تارغاق قاتارلىقلارغا ئوخشاش خاتىرە بۇيۇملىرىنى تەييارلايدۇ، قىز ئېرىگە ۋاكالىتەن بۇ نەرسىلەرنى دوستلىرىغا تارقىتىپ بېرىدۇ.

## يۈزىنى ئېچىش

قىز توي قىلىشتىن بۇرۇن يۈزى ئېچىلمىغان بولىدۇ. نىكاھ كېچىسىدىن باشلاپ يۈزى ئېچىلغان بولىدۇ. بۇ قىزنىڭ قىزلىق دەۋرى ئاخىرلىشىپ جۈۋانلىق ھاياتى، يەنى كېلىنلىك ھاياتى باشلانغانلىقىنىڭ ئىپادىسى. ناھايىتى روشەنكى، بۇ قىزنىڭ ھاياتىدىكى ناھايىتى زور بۇرۇلۇش. نىكاھ كېچىسى ئەتىگەندە ئوغۇلنىڭ ئانىسى كېلىن قىز بىلەن ئوغۇلنىڭ ياخشى ئەپلىشىپ قوۋۇشقانلىقىنى تەبرىكلەپ ھەم يۈزىنىڭ ئېچىلغانلىقىنى مۇبارەكلەپ، بىر جۈپ ئۈزۈك ياكى بىر كىيىم مال بىلەن كېلىن قىزنىڭ يۈزىنى ئاچىدۇ. كۆچۈرۈپ كەلگەن كىجىم رومالنى ئېلىۋېتىپ، پېشانىسىدىن سۆيۈپ، بېشىغا باشقا ياغلىق سېلىپ قويىدۇ.

ئارقىدىن قىزنى يىگىت ئېلىپ چىقىپ ئاتا - ئانىسىغا سالامغا چىقىدۇ. ئاتا - ئانا بۇلارنى تەبرىكلەيدۇ. قىز مانا شۇ مەيداندا قېيىنئاتا - قېيىنئانىسىغا سالام بېرىپ دادا، ئانا، مېنىڭ كەم - كوتا تەرەپلىرىم بولسا تولۇقلاپ، ئۆز قىزىڭلاردەك

كۆڭۈل بۆلۈشۈڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن. مەن ئۆزۈمنىڭ كېلىنلىك مەسئۇلىيىتىمنى ئادا قىلىمەن دەيدۇ. ئاتا - ئانا كېلىنىگە: قىزىم، ئەمدى سىز بىزنىڭ ئائىلىمىزنىڭ بىر ئەزاسى بولدىڭىز، كۆڭلىڭىزنى ئازادە تۇتۇڭ، بىزنى ئۆزىڭىزنىڭ ئاتا - ئانىسىنى كۆرگەندەك كۆرۈڭ، ئوغلۇم بىلەن ياخشى، ئىناق ئۆتسەڭلار بىزمۇ سىلەردىن خاتىرجەم بولىمىز، قالغان ئىشلار بولسا بارا - بارا تەڭشىلىپ كېتىدۇ، دەيدۇ. قىز رەھمەت ئېيتىپ رەسمىيەتنى ئادا قىلىدۇ.

## ئوغۇلنىڭ ئۆيىدە توي چېيى

قىزنى يۆتكەپ كېلىپ ئەتىسى ياكى ئۈچ كۈندىن كېيىن ئوغۇل تەرەپ جامائەتكە توي چېيى بېرىدۇ. تويغا يۇرت جامائىتىنى چاقىرىدۇ. تويدا ئەلنەغمىچىلەر، مېھمانلار ئۇزۇنغىچە توي ناخشىلىرىنى ئېيتىپ «توي نەغمىسى بىلەن» دېگەن قائىدىسىنى ئادا قىلىدۇ.

ئوغۇل تەرەپ بەرگەن توي چېيىغا بەزى جايلاردا قۇدا بولغۇچى ئۆزلىرى كەلمەي ۋەكىل ئەۋەتىدۇ (بەزى جايلاردا، ئوغۇلنىڭ ئۆيىدە توي چېيى بېرىلگەن كۈنى ئايال قۇدا كېلىپ كۈيئوغۇل بىلەن يۈز كۆرۈشىدۇ. بۇ يۈز كۆرۈشۈشمۇ ئالاھىدە مۇراسىم شەكلىنى ئالىدۇ). تويدا ئۇرۇق - تۇغقانلار، دوست - بۇرادەرلەر يۇرت - جامائەت ئاتىغان سوۋغىلىرىنى ئېلىپ تويغا كېلىدۇ. تويىنىڭ ئاخىرىدا يېقىن تۇغقانلار مال قويۇشىدۇ، يەنى توي قىلغۇچى يىگىت، كېلىن قىز، ئاتا - ئانىلار ۋە باشقىلارغا ئاتاپ مال قويۇلىدۇ. مەخسۇس بىر ئايال جاكارچى سۈپىتىدە، بۇ كۈننى خېنىمنىڭ پوكۈنىغا بىر كىيىم سارجىسى بار ئىكەن، بىر كىيىم پەلتولۇقى بار ئىكەن، دەپ جاكارلايدۇ. مال قويۇلۇپ بولغاندىن كېيىن دۇئا قىلىپ شۇ بىر كۈنلۈك توي پائالىيەتلىرىنى ئاخىرلاشتۇرىدۇ.

## يۈز ئاچقۇ

كېلىن بالىنىڭ يۈز ئاچقۇسى ئوغۇلنىڭ ئۆيىدە ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئوغۇل يەنى كۈيئوغۇلنىڭ يۈز ئاچقۇسى بىر ھەپتىدىن كېيىن دۇشەنبىلىك بىلەن قوشۇلۇپ، قىزنىڭ ئائىلىسىدە بولىدۇ. بۇ ئەمەلىيەتتە قىز بىلەن كۈيئوغۇلنىڭ قېيىنئاتا، قېيىنئانىسىنىڭ ئالدىدا يۈز كۆرۈشۈۋېلىش ھېسابلىنىدۇ.

يىگىت بۇ يۈز كۆرۈشۈشكە خېلى ياخشى تەييارلىق قىلىپ بارىدۇ. ئاۋۋال قىزنى سوۋغا ـ سالاملار بىلەن، دۇشەنبىلىك داستىخانلار بىلەن ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆيىگە يولغا سالىدۇ. كەچ بولغاندا يىگىت بىرقانچە قولداشلىرىنى ئېلىپ قىزنىڭ ئۆيىگە بارىدۇ، قىز تەرەپ يىگىتلەرنى ياخشى مېھمان قىلىدۇ، مېھماندارچىلىقتىن كېيىن يۈز كۆرۈشۈش سوۋغىسى سۈپىتىدە يەنە ئوغۇلغا بىر كىيىم رەخت قويىدۇ، بىللە بارغان يىگىتلەرگىمۇ تاپقىنىنى قويىدۇ.

## قۇدا كۆرۈشۈش (تۆر كۆرسىتىش دەپمۇ ئاتىلىدۇ)

قىزنى يۆتكەپ كەلگەندىن كېيىن قۇدىلار تېخى رەسمىي رەۋىشتە يۈز كۆرۈشمىگەن بولىدۇ. قىز تەرەپ ئوغۇلنىڭ تۆرى، پەگاھى قەيەردە بىلمەيدۇ. شۇڭا، ئوغۇل تەرەپ قۇدىلارنى تۆر كۆرسىتىش چېيىغا چاقىرىدۇ. قۇدىلار مەھەللە ـ جامائەتنى ئېلىپ قۇدىسىنىڭ ئۆيىگە تۆر كۆرۈشكە كېلىدۇ. بۇلارنى مەخسۇس قوي سويۇپ، قويۇق ـ سۇيۇق تاماقلار بىلەن مېھمان قىلىپ ھەم باشلاپ كەلگەن جامائەتنىڭ ئالدىغا يېقىن تۇغقان ۋە قوشنىلىرىنى پەرقلەندۈرۈپ رەخت بېرىدۇ.

يۇقىرىقى بىر قاتار باسقۇچلار ئادا قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن بىر قېتىملىق نىكاھ توينىڭ قائىدە ـ يوسۇنلىرى ئاخىرلاشقان بولىدۇ. بىر ئائىلە ۋۇجۇدقا كېلىدۇ.

# پەزىلەت يوسۇنلىرىمىز

دۇنيادىكى بارلىق مىللەتلەرنىڭ ئەخلاقىي پەزىلەت ئۆلچىمى، ئەخلاقىي پەزىلەت يوسۇنلىرى ۋە تەلەپلىرى بولىدۇ. ئومۇمىي مەنىدىن ئالغاندا، ياخشىلىق قىلىش ياخشى پەزىلەت، يامانلىق قىلىش پەزىلەتسىزلىك، بۇ ھەممە ئىنسانلار ئۈچۈن ئورتاق. باشقىلارنى ھۆرمەتلەش ياخشى ئەخلاق، ھۆرمەتسىزلىك قىلىش يامان ئادەت. يەنە ھەربىر مىللەتنىڭ خاراكتېرىدىكى ئوخشىماسلىق، ئەقىدە ـ ئېتىقاد جەھەتتىكى ئوخشىماسلىق، ئادەت كۆچىدىكى پەرق، مەدەنىيلىك دەرىجىسىدىكى پەرق، نومۇس ۋە غۇرۇر ئېڭىدىكى ئوخشىمايدىغان پەرقلەرگە ياندىشىپ ھالدا پەزىلەت يوسۇنلىرىدىمۇ ئوخشاش بولمىغان پەرقلەر كېلىپ چىققان.

ئۇيغۇر خەلقى ھەقىقىي مەنىسى بىلەن پەزىلەتلىك مىللەت دەپ ئاتىلىشقا مۇناسىپ خەلق. ئۇلار نەچچە مىڭ يىللىق ئېتىكا ئىدىيە تارىخىدا ئۆزىگە خاس بولغان گۈزەل پەزىلەت يوسۇنلىرىنى بارلىققا كەلتۈرگەن بولۇپ، بۇ پەزىلەت يوسۇنلىرى بىلەن بۇ ئەل خېلى ـ خېلى مۇشەققەتلىك ئۆتكەللەردىن ئۇتۇقلۇق ئۆتۈپ، مىللەتنىڭ پارلاق شەجەرىسىنى ھازىرغىچە كۆكەرتىپ كېلەلىگەن. چۈنكى، بەزى ھاللاردا پەزىلەت قورالى ئادەمنى دۇنيادىكى ھەرقانچە ئىلغار قوراللاردىنمۇ قۇدرەتلىك ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلالايدۇ.

## گەپمۇ ئېغىزدىن چىقىدۇ، جانمۇ ئېغىزدىن چىقىدۇ

بۇ ئىبارە ئۇيغۇرلارنىڭ لەۋزىگە ۋاپا قىلىش، ۋەدىگە ۋاپا قىلىش ھەققىدە بارلىققا كەلتۈرگەن پەزىلەت يوسۇنلىرىنىڭ

بىرى بولۇپ، بىز ئۇنى ئومۇملاشتۇرۇپ ۋەدىگە ۋاپا قىلىش، لەۋزىدە تۇرۇش پەزىلىتى دەپ ئاتايمىز.

قەدىمكى دەۋردە مەركىزىي ئاسىيادىن تارتىپ شەرقىي شىمالغىچە بولغان بۇ دىيار «چىن»، «چىنلىقلار» دېگەن نام بىلەن ئاتالغان. چىن سۆزىنى مەھمۇد كاشغەرىي ئىزاھلاپ «ھەق، ھەقىقىي، راست» دېگەن مەنىدە يەشكەن: چىن سۆز، دېگەن جۈملىگە راستچىل كىشى دەپ جۈملە تۈزگەن («تۈركىي تىللار دىۋانى» 3 - توم 189 - بەت). بۇنىڭدىن مەلۇم بولىدۇكى، قەدىمكى ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ ئاتا - بوۋىلىرى راستچىللىق، ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىش بىلەن مەشھۇر بولغان كىشىلەر ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ: شاھلارنىڭ ۋەدىسىدە تۇرۇشى، ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىشى دۆلەتنىڭ مۇستەھكەملىكىگە، شاھنىڭ ئەلنىڭ قەلبىدىكى ئوبرازىغا مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ئىش دەپ قارىغان. «ئەر سۆزىدىن، يولۋاس ئىزىدىن قايتماس» دېگەن ماقالمۇ راستچىللىق، ۋەدىگە ۋاپا قىلىش ئۇيغۇرلارنىڭ ئادىمىيلىككە قويغان مۇھىم تارازىسى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

## ھۈنەرنى ئەلا بىلىش

ئۇيغۇرلارنىڭ قائىدە - يوسۇنىدا ھۈنەر قەدىرلىنىدۇ، ھۈنەر ئىگىلەش، ھۈنەردە كامالەتكە يېتىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق قىلىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ھۈنەر - سەنئىتىنىڭ تارىخى ناھايىتى ئۇزۇن. ئۇلارنىڭ يۈكسەك تۇرمۇش زىننىتى، تۇرمۇش ۋاسىتىسى بولغان بارلىق روزغار مەدەنىيىتىنىڭ ھەممىسى مانا شۇ ھۈنەرۋەن - ئۇستىلارنىڭ قولىدىن چىققان. مىڭلىغان قولى گۈل ئۇستىلارنى شۇ ھۈنەرۋەن - ئۇستىلار تەربىيىلەپ چىققان. بۇ مەنىدىن قارىغاندا، ھۈنەرۋەن - ئۇستىلارنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتىغا قوشقان تۆھپىسى ناھايىتى چوڭ. مانا شۇ قول

سانائىتىنىڭ تەرەققىياتى ھازىرقى زامانىۋى ساناھەتنىڭ ئانىسى ئىدى.

ئۇيغۇرلاردا: ھۈنەرسىز پادىشاھتىن ھۈنەرلىك قۇل ياخشى دېگەن ئەقىدە بار. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ھۈنەرۋەن ئۇستىلارنىڭ جەمئىيەتتە ئوينايدىغان رولىنى تەرىپلەپ مۇنداق دېگەن:

4458. تۆمۈرچى، ئوتۇنچى، يەنە تېرىچى،
يا سىرچى، بوياقچى، يا ئوقچى، ياچى.

4459. بۇ دۇنيا زىننەتى بۇلاردىن بولۇر،
جاھاندا ئالڭ ئىشلار بۇلاردىن كېلۇر.

ھۈنەر سەۋەبلىك بۇ دۇنيا شۇنچە گۈزەل. قەدىمكى دەۋردە ھۈنەرنى «ئۇز» دەپ، ھۈنەرۋەنلەر «ئۇزلار» دەپ ئاتالغان.

ئۇيغۇرلارنىڭ چۈشەنچىسىدە يەنە ھۈنەرۋەن خار بولمايدۇ دېگەن ئەقىدە بار. چۈنكى، ھۈنەر دېگەن قەيەرگە بارسا ئەسقاتىدۇ، ھۈنەرلىك ئادەم قەيەرگە بارسا ئەتىۋارلىنىدۇ.

خەلقىمىز ھۈنەرۋەنلەرگە ئۈزدىن ئورۇن بېرىدۇ. ئۇلارنى «ئۇستام»، «ئۇستازىم» دەپ ئاتايدۇ. ئۇيغۇرلار قەدىمكى دەۋرلەردىن تارتىپ، بىلىملىك دېگەن سۆزلەرنى ھۈنەرۋەنلەر ئۈچۈن ئىشلىتىپ كەلدى. بىلىمسىز، نادان دېگەننى ھېچقانداق ھۈنەر - پەزىلەت ئۆگەنمىگەن ھارام تاماق، قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدىغان كىشىلەرگە ئىشلىتىپ كەلدى. ھەربىر ھۈنەرنىڭ پىر - ئۇستازى بار، دەپ قارايدىغان خەلقىمىز، ھۈنەرگە ساختىلىق قىلسا، ناپاك بولسا پىر - ئۇستاز ياردەم قىلمايدۇ دەپ قارايدۇ.

ھۈنەر دېگەن بۇ ھاياتنىڭ مەنىسى، ھۈنەر دېگەن ھەم سەنئەت، ھۈنەر دېگەن تۆھپە، ھۈنەر دېگەن ماھارەت، ھۈنەر دېگەن قەدىر - قىممەت. ھۈنەر ئىنسانلارنىڭ تەپەككۇرىنى تەرەققىي

قىلدۇرغان، ھۈنەر ئىنسانلارنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگەن. ئەگەر ھۈنەر بولمىغان بولسا، ئىنسانلار ھازىرقى زامانىۋى دۇنياغا قەدەم ئالالمىغان، ئىپتىدائىي تۇرمۇشتىن قۇتۇلالمىغان بولاتتى. بىز ھۈنەرنى ئۇلۇغلايمىز. ھۈنەرنى سۆيىمىز. ھۈنەر ئىگىلىرىگە ئىھتىرام بىلدۈرىمىز.

## توغرىلىققا دەۋەت قىلىش

ئۇيغۇرلارنىڭ قائىدە - يوسۇنلىرىدا، كىشىلەرنى ياخشىلىققا دەۋەت قىلىش، يامانلىقتىن توسۇش، توغرىلىققا يېتەكلەش، ئازغانلارغا يول كۆرسىتىپ قويۇش مۇھىم ئەنئەنىگە ئايلانغان.

ھاياتتا ئادەم كۆپ ھاللاردا باشقىلارنىڭ يول كۆرسىتىشىگە موھتاج بولىدۇ. ئەل ئارىسىدا بىر - بىرىگە ئىقتىسادىي ياردەم بېرىشلا ياخشى ئەمەلگە ياتمايدۇ، بەلكى ياخشى سۆز، ياخشى ھەرىكەتلەرمۇ، باشقىلارنى ياخشىلىققا دەۋەت قىلىش، يامانلىقتىن توسۇشمۇ باشقىلارغا قىلغان ياخشىلىق ھېسابلىنىدۇ.

توغرىلىققا، ياخشىلىققا دەۋەت قىلىدىغان، يامانلىقتىن، خاتا يولدىن توسىدىغان، ھەربىر ئادەم ياخشىلىق قىلىشقا ئالدىرايدىغان، يامانلىق قىلىشتىن قورقىدىغان جەمئىيەت نىجاتلىققا ئېرىشىدۇ. بىر - بىرىنىڭ ياخشى - يامان ئىشى بىلەن كارى بولمايدىغان، يامانلىق قىلسا، يامان كۈنگە قالسا خۇش بولىدىغان، ياخشىلىق كۆرسە، ياخشى يولدا ماڭسا دۈشمەنلىك قىلىدىغان جەمئىيەت مەسئۇلىيەتسىز جەمئىيەت بولۇپ، ئۆزىنىڭ گۆرىنى ئۆزى كولايدىغان ھاماقەتلەر قاتارىدا ئەيىبلىنىدۇ.

## توغرا يولدا بولۇش

توغرا يول نىجاتلىققا ئېرىشتۈرىدۇ، خاتا يول جاھالەتكە سۆرەيدۇ. توغرا يول مۇۋەپپەقىيەت يولى، خاتا يول مەغلۇبىيەت

بولىدۇ. توغرا يول مەقسەتكە يەتكۈزىدۇ، خاتا يول ئىشاندىن ئازدۇرىدۇ؛ توغرا يول ياخشىلىققا ئېرىشتۈرىدۇ، دۇرۇس بولمىغان يول ماماتلىققا مۇپتىلا قىلىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ھايات ئىنزامىدىكى مۇھىم قائىدە ـ يوسۇنلىرىنىڭ بىر مەزمۇنى.

ھاياتنىڭ ئۆزىمۇ توغرىلىق ئۈستىگە قۇرۇلغان، توغرىلىقنى تەلەپ قىلىدۇ. توغرىلىق مەۋجۇتلۇقنىڭ، تەكىۋۇكلۇقنىڭ كاپالىتى، ھايات بىر يىپىز بولسا توغرىلىق رىلىسقا ئوخشايدۇ، يىپىز رىلىستا بولسا مەنزىلىگە ئوڭۇشلۇق يېتەلەيدۇ، رىلىستىن چىقىپ كەتسە ھالاك بولىدۇ.

توغرا بولۇشنىڭ پەلسەپۋى ئاساسى نورمال بولۇشتۇر. بەدەن ساغلام بولۇشى توغرىلىق، نورماللىق بىلەن بولسا، نورماللىق بۇزۇلسا، ئەندە كېسەللىك كۆرۈلىدۇ. ئالەممۇ نورماللىق بىلەن بىر پۈتۈن، جەمئىيەتمۇ نورماللىق بىلەن تىنچ ـ خاتىرجەم، نورماللىق بۇزۇلسا، ھەممە نەرسە ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇق ئاساسىنى يوقىتىپ قويىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ قائىدە ـ يوسۇنىدا، راستچىللىقنى دوست تۇتۇش تەكىتلىنىدۇ، راستچىللار بىلەن دوست بولۇشقا دەۋەت قىلىنىدۇ، يالغانچىلار بىلەن باردى ـ كەلدى قىلماسلىق، يالغانچىلارنى دوست تۇتماسلىق، ئۇلار بىلەن مۇئامىلە ـ مۇناسىۋەت قىلماسلىققا بۇيرۇيدۇ.

راستچىللىق ئادەمگە خاتىرجەملىك بېرىدۇ، يالغانچىلىق ئادەمگە خاتىرجەمسىزلىك، كۆلپەت ئېلىپ كېلىدۇ، خاتىرجەملىككە ئېرىشىش ئۈچۈن راستچىللىق بىلەن ياشاش كېرەك دېيىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ راستچىللار يۈزىكىنى ئالىقىنىغا ئېلىپ ئەل ئارىسىدا ئۇيالماي يۈرەلەيدۇ، دېگەنىدى. راستچىللار بېشىنى تىك تۇتۇپ ماڭالايدۇ، يالغانچىلارنىڭ بېشى مۇرىسىدىن ئېگىز كۆتۈرۈلمەيدۇ.

سودا ئىشلىرىدىمۇ تارازىنى راست تۇتۇش، راست گەپ قىلىش سودىغا بەرىكەت بېرىدۇ، تارازىنى ساختا قىلىش، يالغان

گەپ قىلىش سودىدا تاپقان پۇلنى تۇزۇتۇۋېتىدۇ، دەپ قارىلىدۇ.

شۇڭا، ئائىلىدە بالىلارغا راستچىللىقنى ئۆگىتىش، بالىغا راست گەپ قىلىش، يالغان گەپ قىلماسلىق، ئەر ـ خوتۇن ئوتتۇرىسىدا راستچىل بولۇش، يالغانچىلىق قىلماسلىق ئېسىل ئەنئەنە ھېسابلىنىدۇ.

راستچىللىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئەقىدىسىگە ئايلىنىپ كەتكەن. راستچىللار قەدىرلىنىدۇ، ھۆرمەتلىنىدۇ، يالغانچىلار ئەيىبلىنىدۇ. شۇڭا: «يالغانچىنىڭ قۇيرۇقى بىر تۇتام» دېگەن ماقال بارلىققا كەلگەن. راستچىل ئادەم ھەققانىيەتچى بولىدۇ، يالغانچى ئادەم قارا نىيەتچى بولىدۇ. راستچىل ئادەم دەيدۇ قىلىدۇ، يالغانچى ئادەم ئىككى يۈزلىمىچى بولىدۇ، دەيدۇ قىلمايدۇ.

ياخشىلىق راستچىللاردا بولىدۇ، يامانلىق يالغانچى كىشىلەردىن كېلىدۇ، راستچىللاردىن ياخشىلىق كېلىدۇ، يالغانچىلاردىن يامانلىق كېلىدۇ. يالغانچىلارنىڭ ئىشى راۋاج تاپمايدۇ، ئۇ دۇنيا، بۇ دۇنيا يالغانچىلىق قالپىقىدىن قۇتۇلالمايدۇ، بۇ قالپاق ئۇنىڭغا بەختسىزلىك بالاسىنى ئارتىدۇ.

كىتاب تورى

# ئىشلەپچىقىرىشتىكى قائىدە ـ يوسۇنلار

ئۇيغۇر خەلقى ئەمگەكچان خەلق. ئۇلار نەچچە مىڭ يىللىق ئىشلەپچىقىرىش كۈرىشى داۋامىدا ھالال ئەمگىكىگە تايىنىپ ئۆزلىرىنى يۆكسەلدۈردى، ئەمگەككە تايىنىپ مەدەنىيەت ياراتتى، ئەمگەك ئارقىلىق تۇرمۇش ۋە مەئىشەتكە ئىگە بولدى، ئۇمۇمەن، خەلقىمىز ئەمگەك ئارقىلىق ئۆزىنى ياراتتى ۋە مەدەنىيەتلىك مىللەتكە ئايلانغانىدى. ئەمگەك ئۇيغۇرلارنىڭ ئەقىدىگە ئايلانغان قىممەتلىك ئەنئەنىلىرىنىڭ بىرى. ئۇلار ئۆز تارىخىدا ئەمگەكتى ئۇلۇغلاش، مول ھوسۇل تىنتەنىسى، كەلگۈسىگە بولغان ئۈمىدۋارلىقىغا تولغان نۇرغۇن قائىدە ـ يوسۇنلارنى بارلىققا كەلتۈرگەن. قەدىمكى زامانلاردا: «ئىشچاننىڭ ئېرنى ياغلىق، ھورۇننىڭ بېشى قانلىق»، «مېھنەتنىڭ تېگى ئالتۇن»، «مېھنەتسىز بەخت بولماس» دېگەن ماقالىلار خەلقىمىزنىڭ ئەمگەكنىڭ ئۇلۇغلۇقى، خاسىيىتى ھەققىدىكى بىلىشى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن.

## پاكلىق بىلەن ئىشقا كىرىشىش

ئۇيغۇر خەلقى قەدىمدىن تارتىپ ئاسمان ۋە زېمىننى مۇقەددەس بىلىپ كەلگەن. ئادەم تۇپراقتىن يارالغان، تۇپراق پاك، ئادەم پاك، تۇپراققا پاكلىق بىلەن، پاك نىيەت بىلەن قەدەم قويۇش كېرەك؛ بۇ پاك تۇپراقنى بۇلغىسا، پاك تۇپراققا خىيانەت قىلسا، پاك تۇپراق باسقۇنچىلارنىڭ، تاجاۋۇزچىلارنىڭ رەزىل تاپىنى ئاستىدا خارلانسا، ئۇ ئەلدىن بەخت كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ،

بەختنى قوغداش ئۈچۈن تۆپراقنى قوغداش كېرەك دەپ قارايتتى. ھەتتا زېمىننى پاكلىماي تۇرۇپ قىلىنغان ئىبادەتمۇ قوبۇل قىلىنمايدۇ، دەپ قارايتتى. ئېتىزغا تەرەتسىز قەدەم باسمايتتى، تەرەتسىز ئۇرۇق چاچمايتتى. زېمىنغا ناپاك ئاياغ بىلەن دەسسىسە قۇتلۇق بولمايدۇ دەپ قاراپ، ياخشى، خالىس نىيەت بىلەن ئىشقا كىرىشەتتى ۋە قۇتلۇق تىلەكلەرنى تىلەيتتى. ئەگەر زېمىن ياخشى ھوسۇل بەرمىسە، ھۆل - يېغىن ئاز بولسا، سۇلار ئازىيىپ قۇرغاقچىلىق ۋە باشقا تەبىئىي ئاپەتلەر بولسا، ئۇ ئەلدە پاكلىقنىڭ يوقالغانلىقى، خىيانەتنىڭ ئۈستۈنلۈك قازانغانلىقى دەپ قاراپ، تۇۋا - ئىستىغپار ئېيتىپ، قۇربانلىق قىلىپ تىلەك تىلەيتتى. بۇ يوسۇن ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلدى.

## باغۋەنچىلىك ئادىتى

ئۇيغۇرلار باغۋەنچىلىككە ۋە كۆكەرتىشكە ئەھمىيەت بېرىدىغان خەلق، ئۇلار يېشىللىقنى ھاياتلىق دەپ بىلىدۇ، باغلارنى جەننەتكە ئوخشىتىدۇ، شۇڭا «بېغى يوقنىڭ جېنى يوق» دەپ قارايدۇ. دەرەخلەرگە بالىسىغا كۆيۈنگەندەك كۆيۈنىدۇ. شۇڭا، ئۇيغۇرلار ئۆيىنىڭ ئارقا - ئالدىغا باغ ئەتىيا قىلىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆيىدىن قىش - ياز مېۋە ئۈزۈلمەيدۇ. مېۋىنىڭ ئوزۇقلۇق قىممىتى يۇقىرى بولۇپ، تەن سالامەتلىكىنى كاپالەتلەندۈرۈشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۆرۈك يېسە ئۆچكىسىنى چېقىپ مېغىزىنى يېيىشنى، ئۈزۈم يېسە ئۇرۇقى بىلەن قوشۇپ يېيىشنى ئادەت قىلغان ئۇيغۇرلار بىرىنىڭ يەنە بىرىنى مۇداپىئەلىگۈچى، تەڭشىگۈچى ئىكەنلىكىنى بىلگەن.

ھويلىسىنى ئۈزۈم باراڭلىق قىلىش ئۇيغۇرلارنىڭ باغۋەنچىلىك ۋە ئۆي روزغار تۇرمۇشىدىكى مۇھىم بىر ئالاھىدىلىكى. پېشايۋانلىق، تال باراڭلىق ھويلىلارغا سۇپا - كارىۋات قويۇپ مەرۋايىتتەك ئۈزۈملەردىن ھۇزۇر ئېلىپ،

ھاۋالىق ھويلىدا ئولتۇرۇش خەلقىمىزنىڭ تۇرمۇشىدىكى قىممەتلىك مەئىشەتلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

## دېھقانچىلىق ۋە ئۆشرە-زاكات

ئۇيغۇرلار نەچچە مىڭ يىللىق دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش تارىخىغا ۋە تەجرىبىسىگە ئىگە مىللەت. ئۇلار ئەمگەكتىن كۆكلىگەن، ئەمگەكتىن تېنى يايرىغان، ئەمگەكسىز ئۆتكەن كۈنلىرىنى مەنىسىز ھېسابلاشقان، ھوسۇل ئالغاندا كەمبەغەل، تۇل خوتۇن، يېتىم ئوغۇللارنى ئۇنتۇپ قالمىغان، مەدرىسە، مەكتەپ، مەسچىت، خانىقا، ئىمام-خاتىپلارغا ئاتاپ مەھسۇلاتىنىڭ ئوندىن بىرىنى ئۆشرىگە ئايرىش ئۇلارنىڭ مۇھىم قائىدىسى بولغان.

## خەير-ساخاۋەت

ئۇيغۇر خەلقى خەير-ساخاۋەتلىك خەلق. ئۇلار بىر-بىرىنى يۆلەيدۇ، بىر-بىرىنىڭ ھالىغا يېتىدۇ، تاپقىنىنى تەڭ تارتىشىپ يەيدۇ. ساخاۋەتلىك كىشىلەرنى ھۆرمەتلەيدۇ. شۇڭا، ئۇلاردا: «بۆرىنىڭ ئورتاق، قوزغۇننىڭ ياغاچ بېشىدا» دېگەن تەمسىللەر بار. بۇ خەير-ساخاۋەتلىك، تاپقىنىنى باشقىلاردىن قىزغانماي ئورتاق يېگەن كىشىلەرگە سىمۋول قىلىنغان.

خەير-ساخاۋەتنىڭ تۈرلىرى ناھايىتى كۆپ. ئۇيغۇرلار ھەتتا ياقا يۇرتلارغا مۇساپىر بولۇپ بېرىپ قالغان كىشىلەرنىڭ بېشىنى سىلاپ، ئۇلارنى ئۆيلۈك-ئوچاقلىق قىلىپ قويىدۇ، بەزىلەر ھەتتا ئۆزىنىڭ قىزىنى بېرىدۇ. قول ئىلكىدە بارلار ھەر يىلنىڭ روزا ئېيىدا ئومۇمىي ئىقتىسادىي كىرىمىنىڭ 40 تىن بىرىنى، چارۋىسىنىڭ 40 تىن بىرىنى زاكات قا ئايرىپ، گۇرۇق-تۇققان، كەمبەغەل، يېتىم ئوغۇللارغا ۋە مۇھىم جامائەتچىلىك

ئىشلىرىغا بېرىدۇ. ئىقتىسادىي ئەھۋالى خەير-ساخاۋەت قىلىشقا يار بەرمىگەن كىشىلەر ياخشى سۆز، ياخشى ھەرىكەتلىرى بىلەن باشقىلارغا ياردەم بەرسە، ياخشى مەسلىھەت بەرسە، ئائىلىسىدىكىلەرنى توغرا يولغا باشلىسا، ئائىلىسىدىكىلىرىنى خارلىمىسا، باشقىلارغا يامانلىق قىلمىسا ھەم خەير-ساخاۋەت ھېسابلىنىدۇ، باشقىلار تەرىپىدىن ماختىلىدۇ. خەير-ساخاۋەتسىز بايلىق ھالال بايلىق ئەمەس دەپ قارالغاچقا، بۇ، مىللەتنىڭ قانۇنلاشقان يوسۇنىغا ئايلانغان.

## نومۇسنى ئۇلۇغ بىلىش

نومۇس ئىنسان تەبىئىتىنىڭ ماھىيەتلىك تەرەپلىرىنىڭ بىرى. چۈنكى، نومۇس ئادەم بىلەن ھايۋان ئوتتۇرىسىدىكى ئەڭ مۇھىم پاسىل. ئادەمدە نومۇس ئېڭى بارلىققا كەلگەندىن باشلاپ ئىنسانلىشىشقا باشلىغان. بارا-بارا نومۇس ئىنسانلارنىڭ پەزىلەت يوسۇنلىرىنىڭ بىرىگە ئايلانغان. نومۇس ئادەمگە يامان ئىشلاردىن تىزگىن بەرگەن، نومۇس ئادەمگە غۇرۇر ۋە ۋىجدان بەرگەن، نومۇس يەنە ئادەمگە مەسئۇلىيەت ئاتا قىلغان، نومۇس ئادەمنىڭ روھىغا چەكسىز كۈچ-قۇدرەت ئاتا قىلغان. نەدە نومۇس بولسا شۇ يەردە غالىبلىق بولغان، نەدە نومۇس كۆتۈرۈلسە شۇ يەردە زاۋاللىق يۈز تۇتقان.

نومۇس ئادەم بىلەن خۇدا ئوتتۇرىسىدىكى پەردىشەپ، ھۆرمەت پەردىسى دەپ قارىغان ئۇيغۇرلار نومۇسنى ھايا دەپ ئېلىپ، ھايا يوق يەردە ئىمان يوق، يەنى پەزىلەتكە، ئىنسانلىققا ئورۇن يوق دەپ قارىغان. نومۇس ئىنسانغا نۇرغۇن ياخشىلىقلارنى ئاتا قىلىدۇ. نومۇسسىزلىق ئادەمگە كۆتۈرگۈسىز بالا-قازالارنى ئېلىپ كېلىدۇ، دەپ قارىغان. يۈسۈپ خاس ھاجىپ: نومۇسلۇق ئەر ئۆلسە جەڭدە ئۆلىدۇ، نومۇسسىز ئادەم جەڭدىن قاچىدۇ، دېگەن. ئۇيغۇرلار ئادەملەرگە باھا بېرىشتە نومۇسنى مۇھىم

ئۆلچەم قىلىدۇ. نومۇسچان، ھايالىق ئادەم دېگەن ئۆزىدە نۇرغۇن پەزىلەتلەرنى ھازىرلىغان بولىدۇ. نومۇسسىز دېگەن ۋاپاسىز، ئىككى يۈزلىمىچى، ياماندىن قورقمايدىغان، خائىن، ساتقۇن، شەخسىيەتچى، كاززاپ قاتارلىق نۇرغۇن پەزىلەتكە يات قىلمىشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇڭا، ئۇيغۇرلار نومۇسسىز ئاتىلىپ قېلىشتىن تولىمۇ ئېھتىيات قىلىدۇ. چۈنكى، نومۇس كۆتۈرۈلسە ئۆتنىڭ ئورنىغا بالا كېلىدۇ دەپ قارايدۇ. پەرزەنت تەربىيىسىدىمۇ بالىلارغا كىچىكىدىن تارتىپ نومۇس ئېڭىنى نۇرغۇزۇش ئۈچۈن، كۆپ تىرىشچانلىقلارنى قىلىدۇ. «ئىزا - ئىزا - نومۇس» دەپ كىچىك بالىلارنىڭ قەلبىدە يامان ئىشلارنى قىلىشنىڭ نومۇسلۇق، باشقىلارنىڭ يامان كۆرۈشىگە سەۋەب بولىدىغان ئىش ئىكەن دېگەن ئاڭنى نۇرغۇزىدۇ. يامان ئىش قىلىپ يۈزى قىزارمىغان ئادەمنى داپ يۈز، قېلىن دەپ ئەيىبلەيدۇ. يۈزنىڭ ۋىللىدە قىزىرىشىنى نومۇسنىڭ بەلگىسى دەپ قارايدۇ. ئادەم نومۇستىن قىزارغاندا ياخشى تەبىئەتلىك بىر ئادەمنىڭ جىلۋىسى نامايان بولىدۇ. نومۇس قەلبنى پاكلايدۇ، نومۇسسىزلىقتىن قەلب قارىداپ كېتىدۇ. نومۇسلۇق مىللەتنىڭ ئىستىقبال مەنزىلى ئۈچۈق بولىدۇ، نومۇس كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن مىللەتنىڭ ئىستىقبال مەنزىلى قاراڭغۇ بولىدۇ.

# ئۆزئارا ھۆرمەت يوسۇنلىرى

ھۆرمەتتىن ھۆرمەت تۇغۇلىدۇ، ھۆرمەتسىزلىكتىن نەپرەت ئاپىرىدە بولىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىدا ئۆزئارا ھۆرمەت پەزىلەتتە ئۈستۈن تۇرۇشنىڭ بىر يولى ھېسابلىنىدۇ. شۇڭىمۇ ھۆرمەتكە باغلانغان پەزىلەت يوسۇنلىرىدىن خېلى كۆپ شەكىللەر بارلىققا كەلگەن.

بىرىنچى، ئۆزئارا ئۇچراشقاندا سالام قىلىش ھۆرمەتتىن، سالامنى ئىلىك ئېلىش ھەم ھۆرمەتتىن، ئاددىي بىر پۇقرا تەخت ئىگىسى پادىشاھقا سالام قىلسا شاھ سالامنى ئىلىك ئالىدۇ ھەم سالام قايتۇرىدۇ، كىچىك بالا سالام قىلسا، چوڭلار ئىلىك ئالىدۇ، يولىدا سالام قايتۇرىدۇ، بۇ ئارقىلىق كىشىلەر ئارىسىدىكى مېھىر - مۇھەببەت چوڭقۇرلايدۇ.

ئىككىنچى، قول باغلاش ئۇيغۇرلارنىڭ يەنە بىر ھۆرمەت يوسۇنى ھېسابلىنىدۇ. بۇ قۇلچىلىقنى ئەمەس، ئەكسىچە كەمتەرلىك، كىچىك پېئىللىقنى، قارشى تەرەپكە بولغان ئېھتىرامنى ئىپادىلەيدۇ.

ئۈچىنچى، ئىككى قوللاپ كۆرۈشۈش، بىر قولدا كۆرۈشۈشنى ئەيىب ساناش، ئۇيغۇرلارنىڭ ھۆرمەت يوسۇنىدىكى يەنە بىر ئەنئەنە. ئىككى قول بىلەن كۆرۈشۈش ھۆرمەت، مۇھەببەتتىن بولۇپ قالماي، بەلكى تەڭلىك، باراۋەرلىك، ئۆزئارا ھۆرمەتنى ئىپادىلەيدۇ. بىر قول بىلەن كۆرۈشۈش، بىرى ئىككى قول بىلەن، يەنە بىرى بىر قول بىلەن كۆرۈشۈش پەزىلەت يوسۇنىغا يات دەپ قارىلىدۇ. ئۇنىڭدا تەڭلىك، باراۋەرلىك يوسۇنى

بۇزۇلىدۇ، تەكەببۇرلۇق باش كۆتۈرىدۇ.

تۆتىنچى، ئاۋۋال چوڭلارغا يول بېرىش يوسۇنى. ئۇيغۇرلاردا ھەرقانداق بىرى سورۇنغا قەدەم تەشرىپ قالغاندا، ئاۋۋال چوڭلار كىچىكلەرگە «خوش ئىسسە» دەپ يول كۆرسىتىدۇ، كىچىكلەر چوڭلارغا «ئۆزلەدىن كەلسۇن» دەپ يول بېرىپ ئىككى ياندا قول باغلاپ تۇرىدۇ.

بەشىنچى، ياشتا كىچىكلەر ياشتا چوڭلارنىڭ ئالدىغا ئۆتۈۋالمايدۇ، چوڭلار ئالدىدا ماڭىدۇ، ياشتا كىچىكلەر كەينىدە ماڭىدۇ. ئالدىغا ئۆتۈۋالسا پەزىلەتكە يات قىلىق بولۇپ قالىدۇ.

ئالتىنچى، چوڭلار، ئىلىم نوپۇزلىرى، ھۆرمەتلىك كىشىلەر تۆرگە ئېلىنىدۇ. بۇمۇ ھۆرمەت يوسۇنىدىكى مۇھىم بىر يوسۇن ھېسابلىنىدۇ.

يەتتىنچى، چوڭلار گەپ قىلىۋاتقاندا ۋە باشقىلار گەپ قىلىۋاتقاندا گەپكە لوقما سالمايدۇ، سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن ئۆزىنىڭ پىكرىنى قويسا بولىدۇ. باشقىلارنىڭ سۆزىنى ھۆرمەت بىلەن ئاڭلاش تەلەپ قىلىنىدۇ.

سەككىزىنچى، ئىككى ئادەم سۆزلىشىپ تۇرغان ياكى بىللە كېتىپ بارغان بولسا، ئىككى ئادەمنىڭ ئارىسىدىن كېسىپ ئۆتۈش ھۆرمەتسىزلىك ھېسابلىنىدۇ.

توققۇزىنچى، چوڭلار، مۆتىۋەرلەر كىچىكلەرگە يول باشلاش، ئۇلارغا ئىلھام بېرىش، ئۇلارنى قوللاش، ياردەم قىلىش ھەم ھۆرمەتتىكى پەزىلەت يوسۇنلىرىنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى ھېسابلىنىدۇ.

# تىلدىكى پەزىلەت يوسۇنلىرى

يۇقىرىقىدەك ھەرىكەت ئارقىلىق ئىپادىلىنىدىغان تۈرلۈك - تۈمەن پەزىلەت يوسۇنلىرى بولۇپ قالماي، بەلكى گەپ - سۆز ئارقىلىق ئىپادىلىنىدىغان پەزىلەت يوسۇنلىرىمۇ خەلقىمىزنىڭ ھۆرمەت يوسۇنىدا مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. مەھمۇد كاشغەرىي قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تىلىدىكى پەزىلەت يوسۇنىدىكى مەدەنىيلىك ئەكس ئەتكەن مۇنداق بىر نادىر ئۆلگىدىن ئۇچۇر بەرگەن، يەنى «قىلدى» دېگەن سۆز يەنە ئەر بىلەن ئايال ئوتتۇرىسىدىكى جىنسىي مۇناسىۋەتنى ئىپادىلەپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇيغۇرلاردا ئاياللار بار سورۇندا مۇشۇ سۆزنى تىلغا ئېلىشتىن ۋاز كەچكەن، دېدۇ. بۇ بىر مىسال قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تىلىدىكى پەزىلەتكە، تىلدا ئىپادىلىنىدىغان ھۆرمەت - ئېھتىرامغا قانچىلىك ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ.

تىلدا ئىپادىلىنىدىغان ھۆرمەت ئىبارىسىنىڭ تۈرلىرى ۋە مەزمۇنى ناھايىتى كۆپ، بىز بۇنىڭدىن بىرقانچە ئۆلگىلەرنىلا كۆرسىتىپ ئۆتىمىز.

بىرىنچى، «تاياق يارىسى ساقىيىپ كېتىدۇ، تىل يارىسى ساقايمايدۇ» دېگەن بىر ماقال بار. ئۇيغۇرلار ئېغىزنى يامان سۆزلەر بىلەن بۇزۇپ بىر - بىرىگە ئازار بېرىشنى پەزىلەتتىن يىراق ئىش دەپ قاراپ ئەيىبلەيدۇ. ھەتتا ئۇرۇشۇپ قالغان ھالەتتىمۇ بىر - بىرىنىڭ دىلىغا يارا سالىدىغان ئەسكى تىللارنى قوللانغان ئادەمنى «مۇناپىق» دەپ قارايدۇ.

ئىككىنچى، ئۇيغۇر خەلقى ئۆزئارا مۇئامىلە - مۇناسىۋەت

قىلغاندا بىر - بىرىگە بولغان ھۆرمەت - مېھرىبانلىق يۈزىسىدىن «سىز»، «سىلى»، «ئۆزلىرى» دېگەن سۆزلەرنى قوللىنىپ، ھۆرمىتىنى نامايان قىلىدۇ. چوڭلارنى، كىچىك بولسىمۇ تونۇمىغانلارنى «سەن» دەپ ئاتاش ھۆرمەتسىزلىك بولىدۇ.

ئۈچىنچى، ئاممىۋى سورۇنلاردا ھەددىدىن ئارتۇق ۋارقىراپ يۇقىرى ئاۋاز بىلەن گەپ قىلىش پەزىلەتكە يات ھېسابلىنىدۇ.

تۆتىنچى، باشقىلارنى لەقىمى بىلەن چاقىرىش پەزىلەتكە يات قىلىق ھېسابلىنىدۇ.

بەشىنچى، تېرىكمەسلىك، ئاچچىقلانماسلىق، غەزەپتە ئۆزىنى بېسىۋېلىش، يامان سۆزنى ئېغىزدىن چىقارماسلىق پەزىلەت، ھۆرمەت ھېسابلىنىدۇ. بىر دانىشمەندىن، ھەممە نەسىھەتنى يىغىپ بىر سۆزگە جەملەپ بەرسىڭىز دەپ سورىغاندا: «غەزەپلەنمە» دېگەنىكەن.

ئالتىنچى، ئۇيغۇرلار چوڭلارغا «چوڭ دادا»، «چوڭ ئانا»، «ئاغا»، «ئاكا»، «ئاچا»، «ھاما» دېگەن سۆزلەر بىلەن ھۆرمىتىنى ئىپادىلەيدۇ. چوڭلار كىچىكلەرگە «ئوكام»، «سىڭلىم»، «بالام» دېگەندەك ھۆرمەت سۆزلىرى بىلەن ئۆزىنىڭ مېھرىبانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

يەتتىنچى، باشقىلارنىڭ ياخشى گېپىنى قىلىش، يامان گېپىنى قىلماسلىق، پىتنە - پاسات تارقاتماسلىق، باشقىلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلماسلىق پەزىلەت جۈملىسىدىندۇر.

سەككىزىنچى، بىلىپ - بىلمەي باشقىلارغا دەخلى - تەرۇز يەتكۈزۈپ قويغان بولسا «كەچۈرۈڭ» دەپ ھۆرمەت - تەكەللۇپ قىلىدۇ. مەسىلە سەل ئېغىرراق بولسا «ئەپۇ قىلىڭ»، «تۆۋەنلىك بىلەن ئەپۇ سورايمەن» دېيىش ئارقىلىق باشقىلارغا بولغان ھۆرمىتىنى ئىپادىلەيدۇ.

توققۇزىنچى، «خەير - خوش»، «ئامان بولۇڭ»، «ئاللا پاناھىدا ساقلىسۇن»، «تىنچ - ئامان كۆرۈشۈشكە نېسىپ قىلسۇن» دېگەندەك ئامانلىق تىلەش، ھۆرمەت سۆزلىرى بىلەن

باشقىلارغا بولغان ھۆرمەت يوسۇنى ئىپادىلىنىدۇ.

## مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش

مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشمۇ تىلەكتىكى پەزىلەت يوسۇنلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ كىشىلەر ئارىسىدىكى مېھىر - مۇھەببەتنى ئاشۇرىدۇ، مۇناسىۋەتنى چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ. مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش دۇنيادىكى ھەممە مىللەتلەردە ئومۇملاشقان بىر پەزىلەت يوسۇنى. ھەرقايسى مىللەتلەردە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشنىڭ مەزمۇنى ۋە ئۇسۇلىدا بەلگىلىك پەرقلەر بار.

ئۇيغۇر خەلقى مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشكە تولىمۇ ئەھمىيەت بېرىدۇ. باشقىلارنىڭ قىلغان ھەرقانداق بىر ياخشىلىقى، ئىلتىپاتى، ياردىمى، كۆيۈنۈشى، ھېسداشلىق قىلىشى، كۆڭۈل بۆلۈشى، ۋاپادارلىق قىلىشى قاتارلىقلار ئۈچۈن مىننەتدارلىقنى ئىپادىلەيدۇ. مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش ئۇسۇلى ھەر خىل بولىدۇ. «رەھمەت سىزگە»، «ھەشقاللا»، «ئاللا رەھمەت قىلسۇن» دېيىش لەۋزى رەھمەت ھېسابلىنىدۇ. باشقىلارنىڭ ياخشىلىقىنى ئۇنتۇپ قالماسلىق مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش بولىدۇ. شۇ ئادەمنىڭ ياخشىلىقىغا ياخشىلىق قىلىشمۇ، باشقا كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلىشمۇ مىننەتدارلىق بولىدۇ. ھەتتا شۇ كىشىنىڭ ياخشىلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۇنىڭغا يامانلىق قىلىش نىيىتىدىن يېنىشمۇ مىننەتدارلىق بولىدۇ.

ئۇيغۇرلاردا شۇنداق بىر پەزىلەت ئەھدىسى باركى، ياخشىلىقنى بىلمەيدىغان ئادەمدىن ياخشىلىقنى بىلىدىغان ئىت ياخشى. بىز مىننەتدارلىق يوسۇنلىرىمىزنى تاشلىۋەتمەيلى. ھەتتا سىزنىڭ سۆزىڭىزنى ۋاقىت چىقىرىپ، زېھىن قويۇپ ئاڭلاپ بەرگەن ئادەملەر ئالدىدىمۇ مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش قەرزىڭىز بولىدۇ.

# تەنھەرىكەتكە باغلانغان يوسۇنلار

ئۇيغۇر خەلقى «ھەرىكەت — بەرىكەت»، «ھاياتلىق — ھەرىكەتتە» دېگەن ئەقىدىگە ھۆرمەت قىلىدۇ. نەچچە مىڭ يىللىق ھايات تارىخىدا تۇرمۇشنى مەنىلەر بىلەن بېزەش، تەن سالامەتلىكىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئېھتىياجىدىن ھەر خىل مۇسابىقە پائالىيەتلىرى ئۆتكۈزۈلۈپ، بىر تەرەپتىن، كىشىلەرنىڭ چىداملىقلىقىنى ئاشۇرغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، خاراكتېرىنى چېنىقتۇرغان، ئەڭ مۇھىمى تەڭلىك، ھەققانىيلىق، باراۋەرلىك ئېڭىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە تەنھەرىكەت مۇسابىقىلىرىنىڭ رولى ئىنتايىن گەۋدىلىك بولغان. ئۇيغۇرلاردا چېلىشىش، بەيگە، قارىغا ئېتىش، دار ئويۇنى، چەۋگەن ئويۇنى، تېپىشماق ئويۇنى، قوشاق ئېيتىش (ئېيتىشىش) ئويۇنى،... قاتارلىق يۈزلىگەن ئويۇنلار بولغان. بۇ ئويۇنلار ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىدا بەزى مۇھىم يوسۇنلارنى بارلىققا كەلتۈرگەن.

## ھەرقانداق مەرىكىدە تەنھەرىكەت بار

تەنھەرىكەت ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشى بىلەن يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن. ھەرقاچان تۇرمۇشتىكى خۇشاللىقلىرىغا، قەلبىي تەنتەنىلىرىگە، ئۈمىد - ئىشەنچلىرىگە ھەمراھ بولۇپ كەلگەن. نورۇز پائالىيەتلىرىنىڭ مۇھىم بىر تۈرى تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى، مول ھوسۇل تەنتەنىسىنىڭ ئەۋجىمۇ تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئارقىلىق بولىدۇ، ھېيت - بايرام پائالىيەتلىرىمۇ

تەنھەرىكەت ئارقىلىق قاناتلىنىدۇ.

تەنھەرىكەت پائالىيەتلىرى ھەم تەننى چېنىقتۇرىدۇ، ھەم روھنى تاۋلايدۇ. تەنھەرىكەت ئادەمنى قەيسەرلەشتۈرىدۇ، كىشىلەرنى ئۇيۇشتۇرىدۇ، ئىشلەپچىقىرىشقا تۈرتكە بولىدۇ.

## چېلىشىش

خەلقىمىز نەچچە مىڭ يىللاردىن بېرى چېلىشىش پائالىيىتىنى قەرەللىك ھالدا ئۆتكۈزۈپ تۇرغان. چېلىشىش مۇسابىقىسىدە پالۋانلار مەيدانغا چىقىپ، بېلىگە پوتا ـ بەلباغ باغلاپ ئولتۇرىدۇ، يەنە بىر پالۋان ئۇنىڭغا جەڭ ئېلان قىلىدۇ. چېلىشىش ناھايىتى ئادىل، مەردلىكنى ئۆلچەم قىلغان ئاساستا بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. ساختىلىق ئىشلىتىشكە بولمايدۇ. چېلىشىشتا يەڭگەن ئادەمنىڭ بېلىگە مۇكاپات ئۈچۈن بەلباغ باغلىنىدۇ ۋە پالۋان دەپ ئاتاپ كىشىلەر تەرىپىدىن ھۆرمەتلىنىدۇ.

## ئوغلاق تارتىشىش

ئوغلاق تارتىشىش يۈتكۈل تۈركىي تىللىق قوۋملار ئارىسىدا ئومۇملاشقان ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت پائالىيىتى. ئۇنىڭدا قىرقىلمىغان ئوغلاق سويۇلۇپ، ئىچ ـ باغرى ئېلىۋېتىلگەندىن كېيىن، ئوغلاقچىلارغا تاپشۇرۇلىدۇ. ئىككى گۇرۇپپا ئوغلاقچىلاردىن قايسى تەرەپ ئاخىرقى مەنزىلگە ئوغلاقنى ئېلىپ بېرىپ تاشلىيالىسا شۇلار ئۇتقان بولىدۇ، بۇ ئۇتۇقنىڭ شەرىپىگە ئۇتتۇرغان تەرەپ ئۇتقان تەرەپكە مەشرەپ ئورۇنلاشتۇرۇپ بېرىدۇ.

## باشقا مۇسابىقىلەر

ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىدا يەنە بەيگە مۇسابىقىسى، چەۋگەن مۇسابىقىسى، توپ مۇسابىقىسى قاتارلىق نۇرغۇن تەنھەرىكەت مۇسابىقىلىرى بولغان. بۇ پائالىيەتلەر ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىغا خۇشاللىق، جۇشقۇنلۇق ئاتا قىلغان. ئۇنىڭدىن باشقا ئىت تالاشتۇرۇش، قوچقار سوقۇشتۇرۇش، توخۇ سوقۇشتۇرۇش قاتارلىق پائالىيەتلەرمۇ ئومۇملاشقان. بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق قائىدە ـ يوسۇنلىرى بار.

# دەپنە يوسۇنلىرى

ئۆلۈم ھاياتلىقنىڭ ئاخىرقى مەنزىلى، ھاياتلىق بار يەردە ئۆلۈم بار. «بارلىق جانلىقلار ئۆلۈمنىڭ تەمىنى تېتىغۇچىدۇر»، ئۆلۈمدىن ھېچكىم قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. ئۆلۈم بايغىمۇ بار، كەمبەغەلگىمۇ بار، ئەمەلدارغىمۇ بار، پۇقراغىمۇ بار. ھەرقانداق ئادەم ئەجىلى توشقاندا بىر مىنۇتمۇ كېچىكتۈرۈلمەيدۇ، ئۇنى ھەرقانچە مال ـ دۇنيامۇ توسۇپ قالالمايدۇ. ئۆلۈم مەڭگۈلۈك قانۇنىيەتلەرنىڭ بىرى. بۇنىڭ ھەقىقىتى شۇكى، ھەرقانداق بىر باشلىنىشى بارلىكى شەيئىنىڭ ئاخىرلىشىشى بولىدۇ. باشلىنىشى، پەيدا بولۇشى بار، ئاخىرلىشىشى، يوقىلىشى يوق شەيئى مەۋجۇت ئەمەس.

تارىختا نى ـ نى ئىمپېراتورلار ئۆتكەن، بەزىلەر تۆمۈر شەھەر ياساتقان، بەزىلەر مەڭگۈ ئۆلمەسلىك ئۈچۈن دورا ياساتماق بولۇپ زورۇققان، بىراق ئۆلۈمگە ھېچقانداق بىر كۈچ قالقان بولالمىدى.

يەنە بىر تەرەپتىن ئالغاندا، ئۆلۈمنىڭ ئۆزى ھەم خاسىيەتلىك بىر جەريان، ئۇ يېڭىلىنىش، ئۆزلۈكسىزلىك، تەرەققىياتنىڭ ئاساسى. ئۆلۈم بولغانلىقى ئۈچۈن ھاياتلىق مەۋجۇت، ھاياتلىق بولغاچقا ئۆلۈم مۇقەررەر. گەرچە ئۆلۈم ھاياتلىقنىڭ ئاخىرلاشتۇرغۇچىسى بولسىمۇ، ئۇ ھەرقانچە قورقۇنچلۇق، كۆلپەتلىك، ۋەھىمىلىك، جۇدالىقتا توشقان بولسىمۇ، بىراق ئۇ يەنە يېڭى ھاياتلىقنى كۈتۈۋالىدۇ، يېڭى بىر

ھاياتلىق ئۈچۈن زېمىن ھازىرلايدۇ، ئۆلۈم بولمايدىكەن، ھاياتلىقمۇ بولمايدۇ.

ئۇيغۇر خەلقى ئەڭ قەدىمكى دەۋرلەردىن تارتىپ ھاياتلىقنى قەدىرلىگەندەك ئۆلۈمنىمۇ ھۆرمەت، ئېھتىرام بىلەن داغدۇغىلىق ئۆزىتىپ قويۇش، ئۆلگۈچىگە خاتىرجەملىك، ئاراملىق بېغىشلاش، ئۆلگۈچىنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىغا تەسەللى بېرىش، تىرىكلەرگە ئىبرەت - ساۋاق قىلىش ئۈچۈن مۇھىم، ئەھمىيەتلىك قائىدە - يوسۇنلارنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، ئۇنى ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا داۋاملاشتۇرۇپ كېلىشتى.

دۇنيادا ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆزىگە خاس دەپنە قىلىش قائىدە - يوسۇنلىرى بار. مەسىلەن، قەدىمكى يۇنانلىقلار، ھىندىلار جەسەتنى كۆيدۈرۈپ دەپنە قىلغان. بۇنداق كۆيدۈرۈش ئادىتى ھىندىستاندا ھازىرغىچە داۋاملاشماقتا. بىراق، ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئاتا - بوۋىلىرىدا ھېچقاچان جەسەتنى كۆيدۈرۈپ دەپنە قىلىش ئادىتى بولمىغان. چۈنكى، ئۇيغۇرلار قەدىمدە ئېتىقاد قىلغان دىنلاردا ئادەم ئۆلگەن بىلەن روھى ئۆلمەيدۇ. بۇ دۇنيادا ھەرىكەت پائالىيىتى ئاخىرلاشقان بىلەن ئۇ دۇنيادا يەنە داۋاملىق ياشايدۇ، دەپ قارىغاچقا، دەپنە قىلىشتا ئۆزىگە خاس قائىدە - يوسۇنلىرى بولغان.

ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا كىرگەندىن كېيىن ئىسلامنىڭ قائىدە - يوسۇنى بويىچە دەپنە قىلىش قائىدىسى ئومۇملاشقاندى. خەلقىمىز ئىسلام قائىدىسى بىلەن ئۆزىنىڭ مىللىي دەپنە مۇراسىملىرىنىڭ بەزى تەرەپلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ، ئۆزىگە خاس دەپنە قىلىش قائىدە - يوسۇنلىرىنى بارلىققا كەلتۈرگەن.

## ئاخىرەتنىڭ تەييارلىقلىرى

ئۇيغۇرلاردا ئاسادىيى ئۆلۈم - يېتىم ئىشلىرىدىن باشقا

نورمال ئەجەل بىلەن ئۆلگەن ياشانغانلار ئۆزىنىڭ ئاخىرەتلىكى ئۈچۈن ئالدىن تەييارلىق قىلىپ قويىدۇ ھەم ئۆزىنى دەپنە قىلغاندا موللىلارنى قانداق ئۇزىتىش، يۇغۇچىلارنى قانداق رازى قىلىش، قەبرىگە دەپنە قىلىش قاتارلىق ئىشلاردا ئۆزىنىڭ ئارزۇسىنى ۋەسىيەت سۈپىتىدە قالدۇرىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۆلۈم كۆزنى كېتىدىغان كېپەنلىك ئۈچۈن، ھازىدارلار ئۈچۈن كېتىدىغان خەسە، داكا قاتارلىقلارنى ئالدىن ئېلىپ تەييارلىۋالىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا مېيىتنى يۇيىدىغان سوپۇن، زەمزەملەرنىمۇ ساقلايدۇ. ھەتتا بەزىلەر گۆرلۈكنىمۇ ئالدىن تەييارلىۋالىدۇ. بۇنى ئەيىبكە بۇيرۇمايدۇ. بۇ، خەلقىمىزنىڭ ئۆلۈمگە قەيسەرانە يۈزلىنىشىنى كۆرسىتىدىغان قىممەتلىك يوسۇنلىرىنىڭ بىرى.

## ۋىدالىشىش

جان ئېلىش ئاخىرقى ھەلقۇمىغا كەلگەندە سەكراتتىكى كىشىگە ئۇرۇق - تۇغقانلار رازىلىق بېرىدۇ. ھەرقانداق قەرز مۇناسىۋەتلىرى بولسا ئۈزىدىغانلىقى، ھەربىر ئىشنى تولۇق، شەرىئەت يوسۇنى بىلەن ئادا قىلىدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدە بېرىدۇ. ياش بولسا، ئۆزىدىن كېيىن نارەسىدە باللىرى قالغان بولسا، ئۇلارنىڭ ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئالىدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدە بېرىپ، ئۇ كىشىنىڭ خاتىرجەم كۆزىنى يۇمۇشىغا تۈرتكە بولىدۇ.

يەنە بىر تەرەپتىن، قارىي - قۇرئانلارنى ھازىر قىلىپ بېشىدا «سۈرە ياسىن» نى ئوقۇپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ شاھادەت بىلەن كېتىشىنى تىلەيدۇ. ئۇيغۇرلاردا «ئۆلگەندىن كېيىن ئوقۇلغان سۈرە ياسىننىڭ نېمە ئەھمىيىتى» دېگەن ھېكمەت مانا شۇ ئاساستا قوللىنىلغان. «سۈرە ياسىن» ئوقۇپ سەكراتتىكى

كىشىگە دېمىدە ئىچكۈزۈپ تۇرىدۇ. جان ھەلقۇمىغا كەلگەندە سەكراتتىكى كىشى قاتتىق قاقشايدۇ. شۇڭا، دېمىدە ئارقىلىق ئۇسسۇزلۇقىغا دەرمان بولىدۇ. بۇ ۋاقىتتا سەكراتتىكى كىشىنىڭ چولڭ-كىچىك تەرەتلىرى قىستايدۇ. بەزىلىرىدىن قارا مومدەك تەرەت كېلىدۇ. شۇڭا، ئاستىغا بىر نەرسە سېلىپ تۇرۇش، ئاستىنى قۇرۇقداپ ئادالاپ تۇرۇش كېرەك. جان چىقىش ئالدىدا كۆزنىڭ قارىچۇقى كەينىگە كېتىدۇ. پۇت-قوللىرى مۈزلايدۇ. ئەگەر پۇت-قولىدا ئىششىق بولسا، ئىششىق ئۇستىگە مىڭىپ يوتىدىن ئۆتكەندە جان ئەڭ ھالقىلىق پەيتكە كەلگەنلىكىنى ئۇقتۇرىدۇ. بۇنداق ۋاقىتتا بېشىدىن ئىش ئۆتكەن، تەجرىبىلىك كىشىلەرنى باشتا تۇرغۇزۇش، ئۇلارنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئىش تۇتۇش لازىم. بەزى كېسەللەر جان ئۈزۈشتىن بىر-ئىككى كۈن بۇرۇن ئوڭشىلىپ قالغاندەك تۇيغۇ بېرىدۇ. بۇنىڭغا گوللىنىپ، كېسەلنى يالغۇز تاشلاپ قويماسلىق، يېنىدىن ھەمراھ ئايرىلماسلىقى كېرەك. ئەگەر جان ئۈزۈش ۋاقتىدا يېنىدا ئادەم بولمىسا، ئۆلگۈچى بەك ئۈمىدسىزلىنىپ قالىدۇ، گەپ-سۆزلىرىنى دېيەلمەي ئارمان بىلەن كېتىدۇ، ھايات قالغانلارنىمۇ ھەسرەت، پۇشايمانغا قالدۇرىدۇ.

## جان ئۈزۈش

ئادەم قانداق جان ئۈزىدۇ؟ ھېلىلا ھەرىكەتتىكى، زۇۋاندىكى، نەپەس ئېلىۋاتقان بىر جان، كۆزنى يۇمۇپ-ئاچقۇچە جان ئۈزۈپ، بارلىق ھەرىكەت، پائالىيەتلىرى توختاپ، بەدەنلىرىدە قان ئۇيۇپ، بەدەنلىرى سوۋۇپ، قېتىپ كېتىدۇ. روشەنكى، بەدەن مۈلكى جان قۇشىنى تۇتۇپ تۇرۇش ئىقتىدارىدىن مەھرۇم بولغاندا ئۆلۈم يۈز بېرىدۇ. جان قۇشى بەدەن مۈلكىدىن چىقىپ كېتىدۇ. جان نەگە كەتتى؟ مانا بۇ قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە

ئۆزۈلمەي داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئالاتى - ئارتىنشلارنىڭ تۈگۈنى، بۇ مەسىلىگە ھېچكىم مۇكەممەل، ئېنىق جاۋاب بېرەلىگەن ئەمەس. ئۇلۇغ ئالىم، 11 - ئەسىر ئۇيغۇر ئەدىبىيولوگىيەسىنىڭ مۇنەۋۋەر ۋەكىلى يۈسۈپ خاس ھاجىپ جاننىڭ بەدەن مۈلكىدىن چىقىۋاتقان ھالىتىنى ناھايىتى جانلىق ھالدا سۈرەتلەپ بەرگەنىدى:

ئايتولدى ئوغلى ئۆگدۈلمىشكە قىلغان ئاتىلىق نەسىھەت ۋە ۋەسىيەتلىرىنى تولۇق ئادا قىلدى، كۈنتۇغدى ئىلىگكە قىلىدىغان نەسىھەتلىرى ۋە ۋەسىيەتلىرىنى تاماملىدى. شۇنداق قىلىپ ئاي تولدى تەييارلىقنى تۈگەتتى. يىغىسىنى توختىتىپ ئەقلىنى يىغدى، مال - دۇنيالىرىنى ۋەسىيەت بىلەن ئۇرۇق - تۇغقانلىرىغا ئۈلەشتۈردى، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىدىن رازىلىق ئالدى. ئۇنىڭ جېنى كۆككە يول ئېلىشقا ھازىرلاندى. ئۇ قولىنى كۆتۈرۈپ، كۆككە تىكىلىپ ئىمان ئېيتتى ۋە شاھادەت بىلەن نەپسى ئۈزۈلدى. خۇدا نامىنى ئاتاپ جان ئۈزدى. يورۇق جاھان قاراڭغۇلاشتى، بىغۇبار روھ كۆكتىن ئورۇن ئىزدىدى، جېنى ئۇچۇپ چىقىپ كەتتى، قۇرۇق گەۋدىسىلا قالدى. ئۇنىڭ بۇ دۇنيادا ياشىغانلىقىنىڭ نىشانى سۈپىتىدە پەقەت ياخشى نامىلا قالدى.»

ھەي ئىنسان، بېزەكلىك ئۆيۈڭ ۋۇجۇدۇڭنىڭ ئۆيى، سۈرەتكە ئوخشاش تېنىڭ سۆزۈڭ ۋە جېنىڭنىڭ ئۆيىدۇر. جان ئۇچۇپ چىقىپ كەتسە قۇرۇق تەنلا قالىدۇ. جاننىڭ نەگە بېرىپ قارار تاپىدىغانلىقىنى ئاللا ئۆزى بىلىدۇ. ئىشقىلىپ پاك جاننىڭ ئورنى ئېگىز كۆكتە بولىدۇ. ئەگەر ئۇ ئۆۋەندە قالسا مەڭگۈلۈك ئاپەتنىڭ باشلىنىشىدۇر. جان ئىككى ئورۇننىڭ بىرىنى تاپىدۇ. روھ ئۆلمەيدۇ، ئۇ مەڭگۈ ياشايدۇ. مانا بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئادەمنىڭ جېنى بەدىنىدىن چىقىپ نەگە بارىدۇ؟ دېگەن سوئالغا 11 - ئەسىرلەردە بەرگەن جاۋابى.

## ئېگەك تېگىش

جان چىقىشتىن بۇرۇن بەزى سەزگۈر كىشىلەر پۇت - قوللىرىنى سوزۇپ تۈز يېتىپ تەييارلىق بىلەن ئۆلۈمىنى كۈتىدۇ. ئۆزىنىڭ جېنىنىڭ چىقىدىغانلىقىنى سەگەكلىك بىلەن ھېس قىلىدۇ. خۇددى چۈشىدىكىدەك ئۇنىڭ ئەتراپىدا پەرىشتىلەر پەيدا بولىدۇ. بەزىلەر ئانچە سېزەلمەيدۇ، تېخى ياشايمەنغۇ، ساقىيىپ كېتىمەنغۇ دېگەندەك ئۈمىد بىلەن بولۇپ جان ئۈزىدۇ.

جان ئۈزگەندىن كېيىن، ئالدى بىلەن ئېگەكنى باش بىلەن قوشۇپ داكا ياكى خەسە بىلەن چاتىدۇ. بۇ ئېگەك چۈشۈپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن بولىدۇ. كۆزى ئوچۇق كەتكەن بولسا، رازى بولۇڭلار، رازى بولۇڭ دەپ ئاستا كۆزىنى يۇمدۇرۇپ قويىدۇ. ئارقىدىن قول - پۇتلىرىنى تۈزلەپ، پۇتىنىڭ ئىككى چوڭ بارمىقى بىر - بىرىگە چېتىپ قويۇلىدۇ. بېشىدىكى ياستۇق، تەكىيەلەرنى ئېلىۋېتىپ تۈز ياتقۇزۇلىدۇ. ئۈستىدىكى يوتقان، ئەدىياللارنى ئېلىۋېتىپ ئايرىم رەخت بىلەن مېيىت يۆگەپ قويۇلىدۇ.

## ھازا ئېچىش

ھازا دېمەك قارىلىق، يىغا دېگەن مەنىدە قوللىنىلىدۇ. ئائىلىدە بىر كىشى جان ئۈزگەندىن كېيىن، شۇ ئائىلە ئەزالىرى ئالدى بىلەن ئۆزىنى بېسىۋېلىپ، ئۇرۇق - تۇغقانلارغا خەۋەر قىلىدۇ. يۇرت چوڭلىرى، موللا - قارىيلارغا خەۋەر قىلىدۇ. ئۇرۇق - تۇغقانلار يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، ۋاقىتقا قاراپ ئاندىن يىغا بىلەن ھازا ئاچىدۇ. بۇ ئارىلىقتا ئۆلۈم مۇراسىمىدا كىيىلىدىغان كىيىم - كېچەكلىرىنى ھازىرلايدۇ. ئەگەر ئۆلۈم يېرىم كېچىدە

يۈز بەرسە، سەھەرگىچە بارلىق تەييارلىقلىرى تۈگىتىلىپ، سەھەردە ھازا ئېچىلىدۇ، ئاخشامدىلا ھازا ئاچمايدۇ.

## جامائەت ھازىر بولۇش

ھازىنىڭ ئاۋازى بىلەن يېقىن ئەتراپتىكى قوشنا - قولۇملار، خەۋەرگە ئاساسەن يۇرت - جامائەت، ئەر - ئايال بىردەك ئۆلۈم بولغان ئۆيگە بارىدۇ. يېقىن تۇغقان، دوست - بۇرادەرلەر ھېسداشلىقىنى ئىپادىلەپ يىغا - زار قىلىدۇ. قالغانلار ھازىدارلار بىلەن ئىككى قوللاپ كۆرۈشۈپ، مۇسىبەتلىك بولغانلىقىغا نىسبەتەن ھال سورايدىغانلىقىنى، سەۋر قىلىشنى بىلدۈرىدۇ. ئۆلۈمگە كىرگەن تۇغقانلارغا ئاق داكىدىن ياكى خەسىدىن ئاياللارغا رومال لىق، ئەرلەرگە سەللە بېرىدۇ. بۇ ئارقىلىق ھازىدارلار پەرقلەندۈرۈلىدۇ. ئۇيغۇرلاردا ئۆلۈمگە مەخسۇس ئېيتمايدۇ، بەلكى مەسچىتكە خەۋەر قىلىنىدۇ. يۇرت، مەھەللە جامائىتى ئۆلۈمنى ئاڭلىسا تونۇسۇن، ياكى تونۇمىسۇن ئۆلۈمگە ھازىر بولىدۇ، چۈنكى مېيىتنىڭ نامىزىغا داخىل بولۇش ساۋاب دەپ قارىلىدۇ.

## مېيىتنى يۇيۇپ - تاراش، كېپەنلەش

مېيىت نامىزى چۈشۈرۈلۈشتىن بۇرۇن، مەخسۇس بەلگىلەنگەن كەسپىي مېيىت يۇغۇچىلار مېيىتنى تەرەت ئالدۇرۇپ، ئاندىن سوپۇن بىلەن پاكىز يۇيىدۇ. يۇيۇشقا تۆت ئادەم قاتنىشىدۇ، بۇلار باش يۇغۇچى، ئاياغ يۇغۇچى، قالغان ئىككىسى سۇ قۇيۇپ بەرگۈچىلەردىن ئىبارەت. باش يۇغۇچى بېلىنىڭ يۇقىرىقى قىسمىنى، ئاياغ يۇغۇچى بەلنىڭ ئاستىنقى قىسمىنى يۇيىدۇ. ئەرنى ئەرلەر، ئايالنى ئاياللار يۇيىدۇ. يۇيۇپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن كېپەنلەيدۇ. ئەر كىشىنىڭ كېپەنلىكى ئۈچ قەۋەت

بولىدۇ. بىرىنچى قەۋىتى يەڭسىز، ياقىسىز ئۇزۇن كۆڭلەك شەكلىدىكى كېيەن بولۇپ گەدىنىدىن پۇتىغىچە بولىدۇ. ئىككىنچى قەۋىتى مېيىتنىڭ چوققىسىدىن پۇتىنىڭ ئۇچىغىچە كېلىدىغان مېيىتنى پۈتۈن ئورايدىغان ئاق رەخت. ئۈچىنچى قەۋىتى يەنىلا چوققىسىدىن پۇتىنىڭ ئۇچىغىچە پۈتۈن ئەزالىرىنى ئورايدىغان كېپەنلىك تون. ئەگەر پەۋقۇلئاددە ئەھۋاللار بولسا، شارائىت يار بەرمىسە بىر قەۋەت لىفافە يەنى پۈتۈن ئورىغۇچى رەخت بىلەن بىر قەۋەت كېپەنلىسىمۇ بولىدۇ.

ئايال كىشىلەرنىڭ قائىدە بويىچە كېپەنلىكى بەش قەۋەت بولىدۇ، ئۈچ قەۋىتى ئەرلەرنىڭ كېپەنلىكى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ. يەنە ئىككىسى ئاياللارغا خاس بولىدۇ. ئۇنىڭ بىرى ئايالنىڭ بېشىدىن كۆكسىگىچە چۈشۈرۈلۈپ، كۆڭلەكنىڭ ئۈستىدىن بىرىنچى قەۋەت كۆڭلەك كېيەن ئۈستىدىن چىگىپ قويۇلىدىغان ياغلىق. بۇنى ئەرەبچە ئاتالغۇ بىلەن «خىمار» دەپ ئاتايدۇ. يەنە بىرى ئايال مېيىتنىڭ كۆكسىنى باستۇرۇپ چىگىپ قويۇلىدىغان رەخت پارچىسى. ئايال مېيىتنىڭ چېچى ئىككى ئال قىلىپ ئۆرۈلۈپ، كۆڭلەكنىڭ ئۈستىدىن مەيدىسىگە چۈشۈرۈپ قويۇلىدۇ. ياغلىقى كۆڭلەكنىڭ ئۈستىدە چاچلىرىنى يېپىپ تۇرىدۇ. كېپەنلىك مېيىتنىڭ يۈزى يېپىلىشتىن بۇرۇن يېقىن تۇغقانلىرىنى چاقىرىپ مېيىت بىلەن خوشلىشىۋېلىشقا تەكلىپ قىلىنىدۇ. يېقىن تۇغقانلىرى كېلىپ مېيىت بىلەن خوشلىشىدۇ. ئادەت بويىچە ئەر ئايالنىڭ، ئايال ئەرنىڭ يۈزىنى كۆرۈش چەكلىنىدۇ. چۈنكى، ئەر ياكى ئايال ئۆلگەندىن كېيىن، ئەرىدىن جۇدا بولىدۇ، دەپ قارىلىدۇ.

مېيىت يۇيۇلۇپ، كېپەنلىنىپ بولغاندىن كېيىن، جىنازىغا ئېلىپ جامائەتنىڭ ئالدىغا ئېلىپ چىقىلىدۇ. جامائەت مېيىتنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈپ، يەرلىكىدە قويۇشقا ئېلىپ مېڭىلىدۇ.

## نامىزىنى چۈشۈرۈش

ئادەتتە مېيىتنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈش بامدات ۋە پېشىندە بولىدۇ، ئۆلگۈچى ئۆلگۈرتەلمىگۈدەك بولسا ۋە باشقا بىرەر سەۋەب بولسا ئەسىرگە ئېلىپ چىقىپ نامىزى چۈشۈرۈلىدۇ. ناماز چۈشۈرۈشكە ئەرلەر قاتنىشىدۇ. چوقۇم تەرەت بىلەن نامازدا تۇرۇش كېرەك. مېيىت نامىزى مەسچىت يېقىن بولسا مەسچىتتە چۈشۈرۈلىدۇ. ئەگەر مەسچىت قولايسىز بولسا، بوش ئاق يەر بولسا، جامائەت سىغقۇدەك بولسا بولۇۋېرىدۇ. ناماز چۈشۈرۈلۈش ئالدىدا ئىمام جامائەتكە مېيىتنىڭ هايات ۋاقتىدا ئىقتىسادىي ئالغۇ - بەرگۈلىرى بولسا باللىرى ياكى ئۇرۇق - تۇغقانلىرىدىن يوكۈنى ئۈستىگە ئالىدۇ، ئەگەر باشقا سەن - پەن دېيىشىپ قالغان ئىشلار بولسا، كۆڭۈلدىن چىقىرىۋېتىشىڭلارنى سورايدۇ، دەپ بولۇپ مېيىتنىڭ هاياتى هەققىدە قىسقىچە خۇلاسە چىقىرىدۇ. ئاندىن نامىزى چۈشۈرۈلۈپ، مېيىت قەبرىستانلىققا ئېلىپ مېڭىلىدۇ.

## قەبرە بېشىدىكى سوئال

مېيىت نارەسىدە بولمىسىلا، ئۇنىڭ جەمئىيەتتە مۇئەييەن ئورنى، تەسىرى بولىدۇ. بولۇپمۇ ئاتا - ئانىلار قازا قىلغاندا، ئوغۇل پەرزەنتى مېيىت نامىزىنى چۈشۈرۈشتىن بۇرۇن، ناماز چۈشۈرگۈچى ئىمامدىن ياكى دادىسىنىڭ، ياكى ئانىسىنىڭ يېقىن كىشىلىرىدىن بىرىدىن «ئانام قانداق ئايال ئىدى»، «دادام قانداق ئادەم ئىدى» دەپ سورايدۇ. بەزىدە قەبرىستانلىقتا ئىخلاس تۈپىسىنى تاشلاپ، دۇئا قىلىشتىن بۇرۇن يۇقىرىقى سوئالنى سورايدۇ. بۇ ۋاقىتتا جامائەتكە ۋاكالىتەن بىر ئادەم بۇ كىشىنىڭ جەمئىيەتتىكى تەسىرى، هايات ۋاقتىدا قىلغان ياخشى ئىشلىرى،

خەير - ساخاۋەتلىك ئىشلىرى، جامائەتچىلىكى، ئاتا - ئانىلارغا كۆرسەتكەن ۋاپادارلىقى، ياخشى پەرزەنتلەرنى تەربىيەلەپ قاتارغا قوشقانلىقى قاتارلىق تەرەپلەردە نەمۇنىلىك ئىشلىرى بولسا گۇۋاھلىق بېرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئەل - ۋەتەننىڭ ئۇلۇغۋار ئىشلىرى ئۈچۈن تۆھپە قوشقان بولسا، ئىلمىي ساھەدە كەشپىياتلارنى ياراتقان بولسا، پايدىلىق كىتابلارنى يازغان بولسا، بۇ ئىشلارنىڭ خەلققە بەخت كەلتۈرگەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىلىپ، ئۇ ئادەمنىڭ ھاياتىغا باھا بېرىلىدۇ. ئەگەر يامان تەرەپلىرى، ئەلگە سالغان ئېغىر زىيانكەشلىكى بولسا، مۇشۇنداق ئىشلىرى بارلىقى دەپ تىلغا ئېلىنىدۇ. ئۇششاق - چۈششەك سەۋەنلىكلىرى بولسا، كەچۈرگىلى بولىدىغانلا گۇناھلىرى بولسا كەچۈرۈۋېتىشكە دەۋەت قىلىنىدۇ. جامائەت كەچۈرۈۋېتىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. پەقەت ئەلگە ئاسىيلىق قىلغان، پاسىق ئادەملەرلا جامائەتنىڭ كەچۈرۈشىگە ئېرىشەلمەيدۇ. بۇنى ناھايىتى كۆلپەتلىك ئىش، ئەل كەچۈرمىگەننى خۇدامۇ كەچۈرمەيدۇ، دەپ قارايدۇ. ئەل ياخشى دەپ گۇۋاھلىق بەرگەن كىشىلەرنى ئاللامۇ ياخشى دەپ قوبۇل قىلىدۇ، دەپ قارايدۇ.

## جىنازىنى كۆتۈرۈش

مېيىت سېلىنغان جىنازىنى كۆتۈرۈش ساۋابلىق ئىشلاردىن سانىلىدۇ. جىنازىنىڭ تۆت پۇتى، تۆت دەستىسى بولىدۇ. جىنازىغا ئەگىشىپ ماڭغان كىشىلەر نۆۋەتلىشىپ قولمۇقول بىر - بىرىدىن ئېلىپ دەستىسىنى ئوڭ دولىغا سېلىپ كۆتۈرۈپ ماڭىدۇ. جىنازىنىڭ ئالدىدا ئەر ھازىدارلار يىغلاپ ماڭىدۇ. كەينىدە جامائەت ئەگىشىپ ماڭىدۇ. ئاياللارنىڭ جىنازىغا ئەگىشىشىگە يول قويۇلمايدۇ. مېيىت ئەر بولسا، جىنازىغا سىدام رەختلەر يېپىلىدۇ، ئايال بولسا گۈللۈك رەختلەر يېپىلىدۇ. بۇ رەختلەر مېيىتنى يۇغۇچىلارغا، ئىماملارغا بېرىلىدۇ.

## گۆرلۈك ۋە گۆركار

ھەربىر يۇرتتا قەبرىستانلىقلار بولىدۇ، گۆركارلار بولىدۇ. قەدىمكى چاغلاردا خان - پادشاھلارنىڭ مەخسۇس قەبرىستانلىقى بولاتتى. خان جەمەتىدىكىلەر شۇ يەرگە قويۇلاتتى. ھازىر ئۇنداق پەرقلەندۈرۈلمەيدۇ. گۆركار تاپشۇرۇق بويىچە بەلگىلەنگەن جايدا گۆرلۈك تەييارلايدۇ. گۆر تاشقى گۆر، ئىچكى گۆر دەپ بۆلۈنىدۇ. تاشقى گۆر تىك كولىنىدۇ. بىر يېرىم - ئىككى مېتىر تىك قازغاندىن كېيىن، ئىچكى گۆر قېزىلىدۇ، ئىچكى گۆر بىر ئادەم سوزۇلۇپ ياتالىغۇدەك ئۇزۇنلۇقتا، ئىككى ئادەم ئەركىن ھەرىكەت قىلىپ مېيىتنى قويالىغۇدەك ئازادىلىكتە كولىنىدۇ. گۆرلۈك مېيىتنى قەبرىستانلىققا ئېلىپ كەلگۈچە تەييار بولىدۇ. گۆركارغا رەخت، بۇغداي، پۇل قاتارلىقلارنى بېرىپ رازى قىلىدۇ.

## مېيىتنى يەرلىككە قويۇش

مېيىت جىنازىدىن ئېلىپ يەرلىككە قويۇلىدۇ. يەرلىككە قويغاندا ئىچكى گۆردە بىر ئادەم، تاشقى گۆردە بىر - ئىككى ئادەم تۇرۇپ، مېيىتنى ئىچكى گۆرگە ئېلىپ كىرىپ ياتقۇزۇپ، كېپەنلىكىنىڭ بوغۇچلىرىنى بوشىتىپ، يۈزىنى قىبلىگە يۆلەندۈرۈپ، ئوڭ تەرىپىنى باستۇرۇپراق قويۇلىدۇ. قول - پۇتلىرىنى ئازادە ئۇزارتىدۇ. ئاندىن ئىخلاس توپىسىنى (يەنى مېيىتنى ئۇزاتقىلى بارغان جامائەت بىر سىقىمدىن ئىخلاس توپىسى تۇتىدۇ) يىغىپ مېيىتنىڭ ئەتراپىغا، قول - پۇت ئارىلىقلىرىغا چاچىدۇ. مېيىت قائىدە بويىچە قويۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، خام كېسەك بىلەن تاشقى گۆرلۈك بىلەن ئىچكى گۆرلۈك ئېتىۋېتىلىدۇ. ئاندىن جامائەت خەتمىقۇرئان قىلىپ بولۇپ،

ئۆلگۈچىنىڭ ئوغلى بولسا ئالدى بىلەن بەتتە كەتمەن توپىنى ئۆز قولى بىلەن گۆرلۈككە تاشلايدۇ، ئارقىدىن جامائەت بىلەن بىرلىكتە توپا بىلەن گۆر تىندۇرۇلۇپ، قەبرە ھالىتىگە كەلتۈرۈلىدۇ. ئۈستىگە ھۆل دەرەخ شېخىنى سانجىپ قويىدۇ (بۇ، سۈننەت ھېسابلىنىدۇ). بۇ ئارىلىقتا، قەبرىگە بارغان كىشىلەرگە خالىغانلارغا «ئىسقات» تارقىتىلىدۇ. ئىسقات نان ۋە پۇلدىن ئىبارەت بولىدۇ. بۇ قۇربىتىگە يارىشا تارقىتىلىدۇ. ئاندىن جامائەت قەبرىستانلىقتىن قايتىدۇ. بىرقانچە قارىيقۇرئان كىشىلەر قېلىپ خەتمىقۇرئان ئوقۇپ، بەزىدە قۇرئاننى تاماملاپ ئاندىن قايتىدۇ. جامائەت قايتىپ ئۆلۈم چىقىرىلغان ئۆيگە كىرىپ، خەتمىقۇرئان ئوقۇپ، دۇئا ياندۇرىدۇ.

مېيىت چىقىرىلىشتىن بۇرۇن خەتمىقۇرئان قىلىنمايدۇ.

## نەزىر - چىراغ

مېيىت چىققان ئۆيدە ئۈچ كۈندىن كېيىن جامائەتكە نەزىر بېرىلىدۇ. نەزىر بەرگۈچە ئارىلىقتا مېيىت چىققان ئۆيدە ئاش ئېتىلمەيدۇ. قولۇم - قوشنىلار ئاش ئېتىپ كىرىپ ھازىدارلارغا يېگۈزىدۇ. نەزىر - چىراغقا مال سويۇلسا جامائەت مېيىتنىڭ روھىغا ئاتاپ مالغا دۇئا قىلىدۇ. يۇرت - مەھەللە يىغىلىپ سەۋزە قەلەم قىلىپ، قولمۇقول نەزىرنىڭ تەييارلىقىنى قىلىدۇ، ھەرگىزمۇ ئۆي ئىگىسىگە ئېغىرلىق كەلتۈرمەيدۇ. يۇرت چوڭلىرى تەرەپ - تەرەپكە، مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرگە باغاق يېزىپ ئەۋەتىدۇ، ئۆلۈمدىن خەۋەرسىز قالغانلار نەزىر كۈنى كېلىپ ھازىدارلار بىلەن كۆرۈشۈپ ھال - ئەھۋال سورايدۇ. نەزىردىن كېيىن، يۇرت - جامائەت مېيىتنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى يۆتكەپ ئۆيلىرىگە ئاپىرىپ قويىدۇ. بۇ چاغقىچە ھازىدارلار ئۆيىگە قايتماي، مېيىت چىققان ئۆيدە بولىدۇ.

بۇ نەزىر ئېشىنىڭ مۇھىم ئىككى ئالاھىدىلىكى بار: بىرى، ئۆلۈم دېگەن تاسادىپىي بولىدۇ، نۇرغۇن يېقىن كىشىلەر ئاڭلىماي قالىدۇ. بۇ نەزىر ئارقىلىق مۇسىبەتنى يېقىن كىشىلەرگە ئۇقتۇرىدۇ. ئۇلار بىرلا ۋاقىتتا كېلىپ، ماتەمنى بىلدۈرۈپ، ئۆزلىرىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىدۇ. يەنە بىرى، نەزىردىن كېيىن، ھازىدارلار يۆتكىلىدۇ. بۇمۇ مۇھىم مۇراسىم بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆلۈمگە، ئۆلگۈچىگە بولغان ھۆرمەت ـ ئېھتىرامىنى ئىپادىلەيدۇ.

نەزىر ـ چىراغنىڭ تۈرلىرى ھازىرغا قەدەر تۈرلۈك بولۇپ كەلدى. ئۈچى، يەتتىسى دەپ نەزىر بەرگەندىن كېيىن ھەر پەيشەنبە كۈنى، ئازنا ئاخشىمى دەپ نەزىر بېرىدىغان، 40 كۈن بولغاندا قىرقى دەپ نەزىر بېرىدىغان، يىل توشقاندا يىلى دەپ نەزىر بېرىدىغان ئادەتلەر ساقلىنىپ كەلگەن. بۇ ئەھۋاللار ھازىر بارا ـ بارا ئىسلاھ قىلىنىپ، كۆپ جايلاردا بىرلا نەزىر بېرىش بىلەن ئىشنى تۈگىتىدىغان، باشقا نەزىرلەرگە ئاتىغان پۇلنى تۇل خوتۇن، يېتىم ئوغۇللارنى يۆلەشتىن ئىبارەت ئەھمىيەتلىك ئىشلارغا ئىشلىتىدىغان ياخشى ئەھۋالغا يۈزلىنىشكە باشلىدى.

بىرىنچى نەزىر ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئاياللار ئاندىن قەبرىستانلىققا بېرىپ قەبرىنى يوقلايدۇ، گۈل تېرىيدۇ، سۇ سېپىدۇ، دۇئا ـ تەكبىر قىلىپ قايتىشىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن، ھېيت ـ بايرام كۈنلىرى قەبرىنى يوقلاپ تۇرىدۇ. ئازنا ئاخشاملىرى ياغ پۇرىتىپ، ئەرۋاھلارنىڭ ھەققىگە ئاتاپ دۇئا قىلىدۇ. دۇئا قىلىشنى ئۆلگۈچىگە قىلىنغان ياخشىلىق، ئۆلگۈچىنىڭ روھىغا پايدىلىق دەپ قارايدۇ. بۇمۇ ۋاپادارلىق بولىدۇ.

## خۇلاسە

مانا شۇنداق قىلىپ، بىر ئادەمنىڭ ھاياتى ئاخىرلىشىدۇ. جامائەت، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى قائىدە ـ يوسۇن بىلەن ئۇنى

يەرلىكىگە قويىدۇ. ئارقىدىن ئۇلارمۇ يەنە شۇ قەبرىگە بارىدۇ. بالا ـ چاقىلار، ئۇرۇق ـ تۇغقان، يۇرت ـ جامائەت بىرلىكتە قائىدە ـ يوسۇن بىلەن ئۇزىتىپ قويىدۇ. مانا بۇ ئىشلار قەدىمدىن تارتىپ شۇنداق داۋاملىشىپ كەلدى. ئۇيغۇرلار ھاياتىغا كۆڭۈل بۆلۈپلا قالماي، بەلكى ئۆلۈمىگىمۇ كۆڭۈل بولىدۇ. ئۆلۈمگە كۆپ جامائەت قاتنىشىپ ياخشى ئۆتكۈزۈلۈشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا ياخشى نامى قېلىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. ئۆلۈم ياخشى ئۇزىتىلسا ھايات ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىغىمۇ ياخشى تەسەللى بولىدۇ. ئۆلۈم ھەر ئادەمنىڭ بېشىغا كېلىدىغان بولغاچقا، ئۆلۈم ـ يېتىم ئىشلىرىدا يۇرت، مەھەللە ناھايىتى ئىخلاس بىلەن ئىشلارنى جاي ـ جايىدا قىلىپ، ئۆي ئىگىلىرىنى خۇرسەن قىلىدۇ.

شۇنداق، بىز ھاياتنى قەدىرلەيمىز، ھاياتىمىزنىڭ ئەھمىيەتلىك، مەنىلىك، پايدىلىق بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز، شۇنىڭ ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىمىز. ھاياتىمىز ياخشى ئۆتكەن بولسا، ئۆلۈمىمىزمۇ ياخشى داغدۇغىلىق ئۆتىدۇ، نۇرغۇن ئادەملەر ياد ئېتىدۇ، نامىمىز ئەۋلادتىن ئەۋلادقا ئەل ئارىسىدا يادلىنىدۇ. ئەگەر ئادەم مەڭگۈلۈك ھاياتلىقنى ئىزدىمەكچى بولسا، مانا شۇ مەڭگۈلۈككە ئىگە بولغان ئەلنىڭ قەلبىدىن ئورۇن ئېلىشى كېرەك، ئەلنىڭ قەلبىدە تىكلەنگەن خاتىرە مۇنارى مەڭگۈ يىقىلمايدۇ.

ئاخىرىدا ھەربىرىمىزگە ئەھمىيەتلىك، قىممەتلىك ھايات يار بولۇشىنى، قۇتلۇق، مۇبارەك ئۆلۈم نېسىپ بولۇشىنى تىلەيمىز.

# زامانىۋى دەۋر تۇغقان قائىدە ـ يوسۇنلار

تارىختىن بۇيان ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردە ئۈزلۈكسىز پەيدا بولۇپ، خەلقىمىز ھاياتىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمىغا ئايلىنىپ كەتكەن قائىدە ـ يوسۇنلىرىمىز ئەجدادلىرىمىزنىڭ تۇرمۇشىنى قائىدىلەشتۈردى، ئۆلچەملەشتۈردى ۋە گۈزەل ئىنسانىي پەزىلەتنىڭ جۇلاسىغا ئايلاندى.

بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، دەۋرنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ كىشىلەرنىڭ بالدۇرقى بىر قىسىم تۇرمۇش ئەندىزىسى زاماننىڭ تەقەززاسىغا مۇناسىپ ھالدا ئالدىمىزغا بەزى يېڭى مەسىلىلەرنى قويدى. بازارلار ئاۋاتلاشتى، ماشىنىلاشتى، ئالاقە تورلاشتى ۋە تېلېفونلاشتى، ئاشپۇزۇللار رېستورانلاشتى، بىنالار لىفىتلاشتى، شۇنداق قىلىپ تۇرمۇش ئۇسۇلى ۋە تۇرمۇش رىتىمىنىڭ تېزلىشىشى نەتىجىسىدە كىشىلەرگە ئاممىۋى سورۇنلاردا قەتئىي دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك قائىدە ـ يوسۇن تەلەپلىرىنى قويدى. كىشىلەر ھەقىقىي مەنىدىكى زامانىۋى، مەدەنىي شەھەر پۇقراسى بولۇش ئۈچۈن بەزى زۆرۈرىي قائىدە ـ يوسۇنلارغا قەتئىي ئەمەل قىلىشى لازىم.

چۈنكى، شەھەر دېمەك مەلۇم مەنىدە «مەدەنىيەت» دېمەكتۇر. شەھەر تۇرمۇشىغا ماسلىشىش ئۈچۈن ئادەم ئۆزىدە شەھەرگە مۇناسىپ ساپا ھازىرلىشى لازىم بولىدۇ. ھەرقانداق بىر زامانىۋى قاتناش ۋاسىتىلىرىگە چىققاندا ئاممىۋى تەرتىپكە، پەزىلەتكە، مۇھىتقا، قائىدىگە خىلاپ ئىشلار سادىر بولسا، ئۇ شۇ ئادەمنىڭ ئۇنتۇۋېرسال ساپاسىدىكى ئاجىزلىقنى ئىپادىلەيدۇ. ھازىرقى دۇنيادا بىر ئادەمنىڭ پەزىلەتلىكمۇ، ئىللەتلىكمۇ ئۆزگىلا تەۋە ئەمەس،

بەلكى ئۇ ئۆزى تەۋە بولغان شۇ دۆلەتنىڭ ۋە مىللەتنىڭ ساپاسى-
نى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. بىر ئادەمدىن ئىنتايىن ئالىيجاناب
بىر ئىش ئىپادىلەنسە، بۇ مىللەت ھەقىقەتەن ئېسىل مىللەت دې-
يىلسە، ناچار ئىش سادىر بولسا، ھەقىقەتەن پەزىلەتسىز مىللەت
ئىكەن دەپ قارىلىدۇ.

## ئائىلە ئولتۇراق رايونىنىڭ قائىدە - يوسۇنلىرىغا ئەمەل قىلىش

ھازىرقى زامانىۋى شەھەرلەردە ئولتۇراق ئۆيلەر بىنالاشتى،
كۆپ قەۋەتلىك بىنالار كۆككە تاقاشتى، بالدۇرقى ئۆگزىلىك ئۆي-
لەرنىڭ ئۈستى بىزنىڭ قوشنىمىزغا ئايلاندى. ئائىلىلىكلەر يانغا
كېڭەيمەي، ئاسمانغا ئۆرلىمەكتە. بۇ ھال ئائىلە ئەزالىرىغا بىنا-
نىڭ، قورۇنىڭ تەرتىپىنى ساقلاشتا قانداق قىلىش كېرەك دېگەن
مەسىلىنى تۇغدۇردى. چۈنكى، سەللا دىققەت قىلمىغاندا، قوش-
نىلار ئارا زىددىيەتلىشىپ قالىدىغان، ئىناقلىققا تەسىر يېتىدى-
غان كۆڭۈلسىزلىكلەر تۇغۇلىدۇ. بۇنىڭغا ماسلىشىش ھەربىر ئا-
دەم ئۈچۈن بىر جەريان.

بىرىنچى، قورۇنىڭ تازىلىقى ۋە مۇھىتىغا كۆڭۈل بۆلۈش
كېرەك، ھەربىر ئائىلە ۋە ھەربىر شەخس ئۆزى ئولتۇرۇۋاتقان
بىنانىڭ مۇھىتىغا مەسئۇل بولۇش ئاڭلىقلىقىنى تاشلىماسلى-
قى، كارىدور ۋە قورۇسىنىڭ تازىلىقىغا كۆڭۈل بۆلۈشى لازىم.
ئالدى بىلەن ھاجەتخانىنىڭ توسۇلۇپ قېلىشىغا سەۋەب بولىدىغان
نەرسە - كېرەكلەرنىڭ چۇشۇپ كېتىشىدىن ساقلىنىش كېرەك.
قەغەزلەرنى قالايمىقان تاشلىماسلىق، لاتا - پىتىدەك نەرسىلەر-
نىڭ چۈشۈپ كېتىشىدىن ئېھتىيات قىلىش كېرەك. بۇ ئىشتا
بىخەستەلىك قىلىنسا بىنانىڭ قائىدە - يوسۇنىغا خىلاپلىق قى-
لىنغان بولىدۇ. بۇ جەھەتتە كۆيۈمچانلىقنىڭ مەنپەئەتىنى ئويلاش
كېرەك. بولمىسا بىنانىڭ ئەسلىھەلىرى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراي-
دۇ، قوشنىلارنىڭ مەنپەئەتى زىيانغا ئۇچرايدۇ، ئۆزىمىزنى ۋە

باشقىلارنى ھەم ئىقتىسادىي جەھەتتە زىيانغا ئۇچرىتىدىغان ئىش بولىدۇ.

ئىككىنچى، بىنانىڭ ۋە قورۇنىڭ تازىلىقىغا رىئايە قىلىش كېرەك. بىنا دېگەن بىزنىڭ يالغۇز قورۇيىمىز ئەمەس، ئۇ كۆپچىلىكنىڭ قورۇسى، ھەممىمىزنىڭ ئائىلىسى. شۇڭا، ئەخلەتلەرنى قالايمىقان جايلارغا قويۇشقا بولمايدۇ. چوقۇم بەلگىلەنگەن جايغا قويۇشقا ئادەتلىنىش، بالىلارنىمۇ شۇنىڭغا ئادەتلەندۈرۈش كېرەك. ئەخلەتنى جايىدا قويماسلىق، كارىدور تازىلىقىغا ئەھمىيەت بەرمەسلىك بىنادىكىلەرنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ، يامان ئاتاققا قېلىشقا سەۋەب بولىدۇ.

ئۈچىنچى، ئائىلىمىزدىكى سۇ، توك، گازلارنىڭ بىخەتەرلىكىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈش كېرەك. سۇ جۈمىكىنى، گازنى ئېتىشنى ئۇنتۇپ قالسا، توك ئەسلىھەلىرىنى ئىشلىتىشكە دىققەت قىلمىغاندا ئېغىر ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇڭا، دەزمال سالغاندا توك كېتىپ قالسا، دەرھال دەزمالنى توك مەنبەسىدىن ئۈزۈۋېتىش كېرەك. باشقا توك سايمانلىرىنىمۇ شۇنداق تۇتۇش كېرەك. ئەگەر ئازراق مەسئۇلىيەتسىزلىك كۆرۈلسە، پۈتۈن بىنادىكى كىشىلەرنىڭ بىخەتەرلىكى خەۋپتە قالىدۇ.

تۆتىنچى، بىنادا ھەرقايسى تەرەپلەردىن كەلگەن، جەمئىيەتنىڭ ئوخشاش بولمىغان تەبىقىسىدىكى، مەدەنىيەت سەۋىيەسى، ساپاسى ئوخشاش بولمىغان كىشىلەر بىللە ئولتۇرۇشى مۇمكىن. شۇڭا، ئۇلار بىلەن نورمال قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋىتىنى ساقلاشقا دىققەت قىلىش كېرەك. قارنى-كۆكسىمىزنى كەڭرەك تۇتۇپ، يوغانچىلىق قىلماي، باشقىلارنى پەس كۆرمەي، ئىناق ئۆتۈشكىلا ئۇرۇنىشىمىز ھاتىرجەم، كۆڭۈللۈك ئۆتەلەيمىز. تونۇمايدىغاندەك سالاملىشىش، ئىشىكنى چاق-چۇق قىلىپ ئېتىپ ئۆيگە بېكىنىۋېلىش بىزنىڭ قائىدە-يوسۇنىمىزغا خىلاپ.

بەشىنچى، قوشنىلارنىڭ ئۆيىدە ھەر خىل توي-تۆكۈن، ئۆلۈم-يېتىم ئىشلىرى بولسا يېقىن تۇرۇپ ياردەملىشىش، ئا-

تىغانتى ئېلىپ مەرىكىلەرگە بېرىپ ئادەمگەرچىلىكنى ئىپادىلەش كېرەك.

ئالتىنچى، ئۆيدە ئۇرۇش-جېدەل، ۋاراڭ-چۇرۇڭ قىلىپ قوشنىلارنىڭ ئارامىنى بۇزماسلىق، قوشنىلارنىڭ ئارامىنى بۇزىدىغان ھەرقانداق ئىشلارنى قىلىشتىن ئېھتىيات قىلىش لازىم.

## لىفىتتا چىقىشنىڭ قائىدىسى

قورۇنىڭ لىفىتى بولسۇن، ماگىزىنلارنىڭ ۋە ئىدارە-ئورگانلارنىڭ لىفىتى بولسۇن چىقىش-چۈشۈشتە مەدەنىيلىكنى ئىپادىلەش كېرەك. لىفىتتا چىققاندا باشقىلارغا بولۇپمۇ چوڭلارغا يول بېرىپ، «قېنى مەرھەمەت، ئاۋۋال سىز چىقىڭ» دېگەندەك يۇسۇنلۇق سۆزلەر بىلەن ئەدەپ-قائىدىنى ئىپادىلەش، لىفىتتىن چۈشكەندە ھەم چوڭلارغا يول بېرىپ ئەدەپ بىلەن تۇرۇش، لىفىتتا كۆپچىلىك بىللە چىقىۋاتقاندا، بىراۋ بىلەن يۈزتۇرانە بولسۇن، تېلېفوندا بولسۇن ئاۋازلىق سۆزلىشىش قائىدىگە خىلاپ. بۇنىڭ باشقىلارغا قانداق تەسىر قىلىدىغانلىقىنى بىلمەكچى بولسىڭىز، سىزنىڭ ئالدىڭىزدا باشقىلار شۇنداق قىلسا، قانداق كەيپىياتتا بولىدىغانلىقىڭىزنى كۆز ئالدىڭىزغا كەلتۈرۈڭ. ئەگەر لىفىت سىزنىڭ ئۆينىڭ بولسا، چۈشۈشتىن بۇرۇن، باشقىلارغا ئامانلىق تىلەڭ ياكى بولمىسا، «ئۆيگە كىرىڭ» دەپ تەكلىپ قىلىڭ. باشقىلار تەكلىپ قىلسا، مىننەتدارلىق بىلەن رەھمەت، خەير-خوش دەپ ئەدەپنى ئىپادىلەڭ. لىفىت ئىشخانىنىڭ بولسا، خوش، كېيىن كۆرۈشەيلى، ئىشلىرىڭىز مۇۋەپپەقىيەتلىك، كۆڭۈللۈك بولسۇن دېگەن تىلەكلەرنى تىلەڭ، باشقىلار ياخشى تىلەكلەرنى تىلىسە رەھمەت ئېيتىڭ.

## ئىشخانىدىكى ئەدەپ-قائىدە

قىزغىنلىق بىلەن ئىشقا چىقىپ، خۇشاللىق بىلەن ئىشتىن

قايتىش ئوڭاي ئەمەس. بىر ئادەم ئۆمرىدە 30 يىل خىزمەت قىلىدۇ. ئون بەش يىل ئوقۇيدۇ. بۇ جەرياندا مەكتەپ، خىزمەتتە كىشىلەر ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك يەنە نۇرغۇن قائىدە - يوسۇنلار بار. مەكتەپتە مۇئەللىملەرنى ھۆرمەتلەش، ئۇلارغا تىل تەگكۈزمەسلىك كېرەك. مۇئەللىمنى ھۆرمەتلىمەسلىك ناھايىتى چوڭ ئەيىب ۋە ئەخلاقسىز قىلمىش. ئۇ مەلۇم مەنىدە ئىلىم - پەنگە قىلىنغان ھۆرمەتسىزلىك ھېسابلىنىدۇ. ئوقۇش تاماملىغاندىن كېيىن قەرەللىك ھالدا ئۇستازلارنى يوقلاپ تۇرۇش، ئۇلاردىن ھال - ئەھۋال سوراپ تۇرۇش كېرەك. مەكتەپنى پۈتكۈزۈۋېلىپلا مۇئەللىملەرنى تونۇماسلىق بىزنىڭ ئەنئەنىۋى يوسۇنىمىزغىمۇ مۇخالىپ ئىش.

ساۋاقداشلار ئارا بولغان ئىناقلىقنى ساقلاش، قىز - ئوغۇللار ئوتتۇرىسىدىكى مۇئامىلە، مۇناسىۋەتتە ئۆزئارا كۆيۈنۈش، ئەدەپسىز، قوپال مۇئامىلىدە بولماسلىق، ئۆزئارا ياردەم بېرىش كېرەك. ئوغۇللار ھەرگىزمۇ قىز ساۋاقداشلارغا نىسبەتەن يامان نىيەتتە بولماسلىق كېرەك. ساۋاقداشلار دېگەن تارغاقنىڭ چىشىغا ئوخشاش بولىدۇ. باي - كەمبەغەل، مۆتىۋەر، پۇقرا دەپ ئايرىلمايدۇ. بىرىنى چوڭ كۆرۈش، يەنە بىرىنى پەس كۆرۈش ئادەمگەرچىلىك ئەمەس. باشلىقنىڭ باللىرىغا، باينىڭ باللىرىغا قولچىلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىش، نامراتنىڭ باللىرىغا پەس نەزەر بىلەن مۇئامىلە قىلىش قولچىلىق بولىدۇ. بۇ، ساۋاقداشلار ئارا بولىدىغان قائىدە - يوسۇنغا قىلىنغان ھاقارەت بولىدۇ.

ياتاقلاردا ياتاقنىڭ تازىلىقى، كەيپىياتىغا مەسئۇل بولۇش، ساۋاقداشلارنىڭ كەيپىياتىنى بۇزىدىغان ئىشلارنى قىلماسلىق. بۇرۇن تاشلاش، كېكىرىش، يەل قويۇپ بېرىش دېگەندەك ئەدەپسىز ئىشلارنى قىلماسلىق. تازىلىققا، شەخسىي تازىلىققا ئەھمىيەت بېرىش، كۈندە پۇتنى، پايپاقنى يۇيۇپ تۇرۇش كېرەك. ياتاقتا باشقىلارنىڭ ئارام ئېلىشىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئىش - ھەرىكەتلەرنى قىلماسلىق، ئۆزىنى ئۆزى سوراش كېرەك. باش-

قىلارنى ھۆرمەتلىسە ئاندىن باشقىلارنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغىلى بولىدۇ.

ئىشخانىدا ئىشخانىنىڭ قائىدە - تۈزۈملىرىگە رىئايە قىلىش، شەخسىي ئىش بىلەن مەشغۇل بولماسلىق، ئىشخانىدا باشقىلار بىلەن ئاۋازلىق تېلېفون سۆزلەشمەسلىك، باشقىلار بىلەن ئاۋازلىق سۆزلەشمەسلىك، خىزمەتكە تەسىر كۆرسىتىدىغان ھەرقانداق ئىش - ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللانماسلىق تەلەپ قىلىنىدۇ. ئىشقا كەلگەندە خىزمەتداشلار بىلەن ئۇچۇق - يورۇق سالاملىشىش، خىزمەتتىن قايتقاندا ئۇچۇق - يورۇق خەيرلىشىش كېرەك. خىزمەتداشلىق دېگەن يېڭى دەۋردىكى ئالاھىدە بىر خىل كىشىلىك مۇناسىۋەت شەكلى. ئۇنىڭغا ئەدەپلىك، مەدەنىي ھالدا مۇئامىلە قىلىش ئارقىلىق ياخشى بىر خىزمەت مۇناسىۋىتىنى ئورناتقىلى بولىدۇ. ئۆز ئارا كۆيۈنۈش، ياردەم بېرىش، قوللاش كېرەك. دۈشمەنلەشمەسلىك، بىر - بىرىگە زىيانكەشلىك قىلىش قەستىدە بولماسلىق، ھەسەتخورلۇق قىلماسلىق كېرەك. مەزھەپپەرەسلىك، يۇرتپەرەسلىك قىلىپ خىزمەتداشلار ئارىسىغا ئوت يېقىش يامان قىلمىش ھېسابلىنىدۇ.

## پىيادىلەر يولىدا، ماڭغىنىدا قائىدىگە ئەمەل قىلىش

شەھەرلەردە يوللار ئېنىق ئايرىلغان، ماشىنا يولى، پىيادىلەر يولى دېگەندەك بەلگىلەنگەن يولدا مېڭىڭ، بىخەتەرلىكىڭىز ئۈچۈن بولسىمۇ ماشىنا يولىغا كىرىۋالماڭ، پىيادە يول ماڭغاندا ئۆتۈشمە كۆۋرۈكتىن، يەر ئاستى ئۆتۈشمە يولىدىن قارشى تەرەپكە ئۆتۈڭ، ھەرگىزمۇ بۇنى ئېغىر ئېلىپ رىشاتكىدىن ئاتلاپ ئۆتىدىغان ئەدەپسىز قىلىقنى قىلماڭ. يول ماڭغاندا كۆزىڭىزگە قاراپ مېڭىڭ. ئۇيانغا - بۇيانغا قاراپ لاغايلاپ ماڭماڭ، يولدا كېتىۋېتىپ بولسا تېلېفون سۆزلەشمەڭ، زۆرۈر تېپىلسا توختاپ تۇرۇپ، بىر چەتكە چىقىپ سۆزلەشسىڭىزمۇ بولىدۇ. تېلېفون

سۆزلىشىۋاتقان چاغدا ئۇنىڭغا - بۇنىڭغا سوقۇلۇپ كېتىسىز. يولنىڭ ئوڭ چېتىدە ماڭسىڭىز ئۆزىڭىزنىڭ يۆنىلىشىدە ماڭغان بولىسىز، باشقىلارغا ئۇرۇلۇپ كېتىش ئاز بولىدۇ. تەتۈر يۆنى-لىشتە ماڭسىڭىز ئۆزىڭىزگىمۇ، باشقىلارغىمۇ مالاللىق يەتكۈزى-سىز.

كوچىدا بىرقانچە ھەمراھلىرىڭىز بىلەن بىللە ماڭغاندا، يانمۇيان تىزىلىپ ماڭماي، ئالدى - ئارقا بولۇپ ماڭغان ياخشى. ئىككى - ئۈچ ئادەم يانمۇيان قول تۇتۇشۇپ ماڭسا، تەبىئىيكى باشقىلارنىڭ يولىنى توسۇۋالغان بولىدۇ. بىر قېتىم يولدا يامغۇردىن ئۇ يەر - بۇ يەرگە سۇ يىغىلىپ قالغان بولغاچقا، كىشى-لەر بىر ئۆتۈشمىگە كېسەك پارچىلىرىنى تاشلاپ شۇنىڭدىن بىر-دىن - بىردىن ئۆتۈۋاتقانىدى. بىر جۈپ قىز - يىگىت شۇ يەرگە كەلگەندىمۇ قول تۇتۇشۇپ يانمۇيان ماڭدى، نەتىجىدە بىرىنىڭ پۇتى تېيىلىپ يىقىلىپ قالغان مەينەت سۇغا چۈشۈپ كەتتى، مەينەت سۇ چاچرىندىلىرى خېلى كۆپ ئادەمنىڭ كىيىملىرىنى بۇلغىدى. مەن بۇ چاغدا ئۇلارغا، قولۇڭلارنى قويۇپ بېرىپ ماڭ-ساڭلار بولمامدۇ، قېچىپ كەتمىگەندىن كېيىن، دەپ ئىنكاس قايتۇردۇم. بۇ چاغدا، ئۇ يىگىت ياكى قىز كۆيۈپچىلىكتىن كەچۈ-رۈم سوراش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە تۇتالىغانلار تۇتىدۇ، دەپ ناھايىتى قوپاللىق ۋە ئەدەپسىزلىك بىلەن جاۋاب بەردى. مەن بۇ-نىڭغا تاقەت قىلالمىدىم. «ھاپىتىغا شاپىتى، مەرەزدانغا توڭگۇ-لۇق» دېگەندەك، ئۇنداقلارغا قائىدە - ئەدەپ توغرىسىدا سۆزلىسە زايە كېتەتتى، پاشىيالىغۇدەك ساپا، مەدەنىيەت ھاسىل قىلىپ كېلىپ ئاندىن شەھەرگە كىر دېسەم گۈلەيدى، شۇنىڭ بىلەن ئىككىنى تەڭكۈزۈشكە توغرا كېلىپ، ئازراق ئەدەپلەپ قويدۇم. بۇ ۋاقىتتا گەرچە مەن بىر ئاز ئىتتىكلىك قىلىپ قول تەڭكۈزۈپ قويغان بولساممۇ، كىشىلەر مېنىڭ تۇتقان يولۇمنى قوللىشىپ ئوبدان بولدى، ھەددىنى بىلمىگەن ئادەملەرنى ئانچە - مۇنچە ئە-

دەپلىمىسىمۇ بولمايدۇ دېيىشتى. شۇڭا، بازار كوچىلىرىدا يۈرگەندە، قىستا - قىستاڭلىقنى نەزەردە تۇتۇپ، ئەدەپ بىلەن يۈرۈشنى ئۆگىنىۋېلىش كېرەك.

يول ئېغىزلىرىدا پىيادە يولدا توختاپ ئىككى ئادەم ئۆزئارا پاراڭغا چۈشۈپ كەتمەسلىك كېرەك. بۇ قىلمىش تەبىئىي ھالدا باشقىلارنىڭ يولىنى توسۇۋالىدۇ. سۆزلىشىش توغرا كەلسە، بىر چەتكە چىقىپ ئاندىن سۆزلىشىش كېرەك. ئەگەر ئەپسىز بولسا، «كېيىن پاراڭلىشايلى» دەپ مېڭىپ كەتكەن ياخشى. ئەگەر قولىڭىزدا ئېغىر سومكا ياكى چاقلىق چامادان ئېلىپ ماڭغان بولسىڭىز، ئېھتىيات قىلىپ مېڭىڭ. بىزدە بۇنداق شارائىتتا «پوش - پوش» دەپ يول سورايدىغان بىر قائىدە بار. باشقىلارغا سوقۇلۇپ كەتسىڭىز دەرھال كەچۈرۈم سوراڭ. ھەرگىزمۇ ئۆكتەملىك قىلماڭ.

ماگىزىنلاردا نەرسە - كېرەك سېتىۋالغاندا ئەدەپكە رىئايە قىلىڭ. ئۆچىرەت تۇرغان بولسا سىزمۇ بوللۇق ھالدا ئۆچىرەتكە بېرىپ تۇرۇپ، نۆۋىتىڭىزنى ساقلاڭ. مۇلازىم ھەرقانچە سىزنىڭ يېقىن تونۇشىڭىز بولسىمۇ، يولسىزلىق بىلەن قائىدىگە خىلاپلىق قىلماڭ. مۇلازىملارغا ئەدەپ بىلەن مۇئامىلە قىلىڭ. مالاللىق كەلتۈرگەن بولسىڭىز، «كەچۈرسىز، مالاللىق يەتكۈزۈپ قويۇدۇم» دەپ ئەدەپتىن ئۆتۈڭ. باشقىلارغا تىكىلىپ قاراپ تۇرۇۋالماڭ. بۇنداق قاراش ۋەھىم تۇغدۇرىدۇ. ماگىزىنلاردا تېلېفوندا قارشى تەرەپ بىلەن ۋارقىراپ - جارقىراپ سۆزلەشمەڭ، تېلېفوندا ئۇرۇشماڭ. بۇ قىلمىش كىشىلەرنى تولىمۇ بىزار قىلىدۇ. تېلېفون كەلگەن بولسا ئاستا سۆزلىشىڭ ۋە ئەتراپتىكىلەرگە «كەچۈرۈڭلار» دەپ ئەدەپ بىلدۈرۈش ياخشى پەزىلەت.

ئومۇمەن، تىقما - تىقما كوچىلاردا، ماگىزىنلاردا ئادەم پەقەت ئۆزىنىلا ئويلىسا بولمايدۇ. باشقىلارنىمۇ ئويلاش، باشقىلارغىمۇ كۆڭۈل بۆلۈش لازىم.

## ئاممىۋى قاتناش ئەسلىھەلىرىگە چىققاندا

ئاممىۋى قاتناش ئەسلىھەلىرىگە چىقىش، ئولتۇرۇش، چۈشۈش ھەربىر ئادەمنىڭ پەزىلىتىنى سىنايدىغان بىر سەھنە، مەدەنىيلىكنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان بىر بەلگە. ئاپتوبۇسقا چىققاندا بولسۇن، پويىزغا چىققاندا بولسۇن، مېتروغا چىققاندا بولسۇن، ئايروپىلانغا چىققاندا بولسۇن نۆۋىتىڭىز بىلەن چىقىڭ، ئالدىراپ كەتمەڭ. چۈنكى، يولۇچىلارنىڭ ھەممىسى ئالدىرايدۇ. چوڭلار بولسا ئۇلارنىڭ ئاۋۋال چىقىۋېلىشىغا يول قويۇڭ. قولىدا ئېغىرراق نەرسىلىرى بولسا ياردەملىشىڭ. قاتناش ۋاستىلىرىگە چىققاندىن كېيىن نەرسە - كېرەكلىرىڭىزنى ياخشى، جايىدا جەمقتۇرۇڭ. ئۆتۈشمىلەرگە سومكا، چامادانلىرىڭىزنى قويىۋېلىپ باشقىلارنى بىزار قىلىشتىن ساقلىنىڭ. ئالدىن ئورۇن بەلگىلەنگەن ئەسلىھەلەرگە چىققاندا جايىڭىزنى تېپىپ ئولتۇرۇڭ. باشقىلارنىڭ جايىدا ئولتۇرۇۋېلىپ جېدەللەشمەڭ. ئەگەر ئورنىڭىزنى تاپالمىغان بولسىڭىز، ئەدەپ بىلەن مۇلازىملاردىن سورىسىڭىز بولىدۇ.

ئاممىۋى قاتناش ۋاستىلىرىدا ئولتۇرغاندا تازىلىققا رىئايە قىلىڭ. مېۋە شۆپۈكى، قەغەز ۋە باشقا كېرەكسىز نەرسىلەرنى قالايمىقان تاشلىماڭ. بۇ ئاشكارا ھالدا ئۆزىڭىزنىڭ ئىناۋىتىنى يەرگە ئۇرغانلىق بولىدۇ. سىز ھەرگىزمۇ: «مېنى كىم تونۇيتتى» دەپ خاتا ئويلاپ، بىلگىنىڭىزنى قىلماڭ. سىزنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ، ھېچبولمىغاندا سىزنىڭ قايسى مىللەت ئىكەنلىكىڭىزنى، قايسى دۆلەتنىڭ پۇقراسى ئىكەنلىكىڭىزنى بىلىدۇ. بۇنداق ئىكەن، سىزنىڭ ھەرقانداق مەدەنىيەتسىز ئىش - ھەرىكىتىڭىز دۆلىتىڭىزگە، مىللىتىڭىزگە قىلغان ھۆرمەتسىزلىكىڭىز بولۇپ قالىدۇ. باشقىلار ما مىللەت ئۇنداق ئىكەن، بۇ دۆلەتلىك بۇنداق ئىكەن دەپ سىزنى مەلۇم مىللەت ۋە دۆلەتنىڭ ئەزاسى دەپ شۇ-

نىڭغا ۋەكىل قىلىدۇ. دۇنيانىڭ ھەرقانداق جايىغا بارغاندا دۆلەت ۋە مىللىتىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇرۇپ، ياخشى تەسىر قالدۇرۇش، نۇرغۇن ئىشلىرىمىزنىڭ ئوڭۇشلۇق يۈرۈشۈشى ئۈچۈن پايدىلىق ئامىل بولۇپ قالىدۇ.

كوچا ئاپتوبۇسلىرىغا ئولتۇرغاندا كۆزىڭىزنى يۇمۇۋالماڭ. بۇ دېگەنلىك، ئەگەر سىز بېجىرىم ئادەم بولىدىغان بولسىڭىز ئورنىڭىزنى ياشانغانلارغا، ئاياللارغا، بالا كۆتۈرۈۋالغانلارغا، ئېغىر بويلارغا، مېيىپلەرگە بوشىتىپ بېرىڭ. چۈنكى، سىزمۇ ئۆزىڭىزنىڭ قېرىيدىغانلىقىڭىزنى ئويلاڭ. بۇنداق يوسۇن ئەنئەنىگە ئايلانسا، سىز قېرىغان چاغدىمۇ سىزگە ئورۇن بوشىتىپ بېرىدىغانلار كۆپىيىدۇ.

ئاپتوبۇستا تاكى ماشىنا توختىغانغا قەدەر ئورنىڭىزدا ئولتۇرۇۋېرىپ، ئاپتوبۇس بېكەتكە كىرگەندىن كېيىن، ئالدىراپ ئۆزىڭىزنى ئىشىك تەرەپكە ئاتماڭ. باشقىلارنى قىستاپ بىزار قىلماڭ. مەنزىلگە بىر بېكەت قالغاندا ئورنىڭىزدىن تۇرۇپ چۈشىدىغان ئىشىك تەرەپكە يېقىنلاپ كېلىڭ. چۈشىدىغان چاغدا ھەرگىزمۇ چىقىدىغان ئىشىكتىن چۈشمەڭ. ئەگەر چېۋەر بولمىسىڭىز، ئۇخلاپ قالسىڭىز، نىشاندىن ئۆتۈپ كېتىسىز ياكى ئېزىپ قالىدىغان ئىش يۈز بېرىدۇ.

ئاممىۋى ئاپتوبۇسلاردا ھەرگىزمۇ تاماكا چەكمەڭ. ھەرقانداق بىر نەرسىنى يېمەڭ. تېلېفوندا ئاۋازلىق سۆزلەشمەڭ. باشقىلار بىلەن ئۈنلۈك پاراڭلاشماڭ. ھەرگىزمۇ ئۆزىڭىزنىڭ نەدە ئىكەنلىكىڭىزنى ۋە باشقىلارنى ئۇنتۇپ قالماڭ. ئاممىۋى ئاپتوبۇسلارغا كېلەڭسىز، مەينەت نەرسىلەرنى كۆتۈرۈۋېلىپ چىقىپ باشقىلارنىڭ ئارامىنى بۇزماڭ. ئاپتوبۇستا بولسۇن ياكى ھەرقانداق ئاممىۋى سورۇندا سېغىز چاينايدىغان ئەدەپسىزلىكتىن ساقلىنىش لازىم. سىز ئۇنى بىر خىل مەدەنىيەت دەپ بىلگەن بىلەن، ئەمەلىيەتتە مەدەنىيەتسىز قىلمىشتۇر. كىشىلەرگە ئەزىيەت يەتكۈزىدىغان، مالاللىق تۇغدۇرىدىغان ھەرقانداق ئىش مەدەنىيلىك جۈملىسىگە كىرمەيدۇ.

## مېھمانخانىلاردا

ھازىر بۇرۇنقى قونالغۇ - سارايلارنىڭ ئورنىنى زامانىۋى مېھمانخانىلار ئىگىلىدى، مېھمانخانىلار خۇددى ئوردىدەك شۇنداق ياسىداق ۋە پاكىز، ئەسلىھەلىرى تولۇق. شۇڭا، شۇ مەدەنىي مېھمانخانىغا لايىق، مۇناسىپ قائىدە - يوسۇنغا ئەمەل قىلىش كېرەك. ئاۋۋال ياتاقنىڭ تازىلىقىغا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. سەپەردىن كەلگەندىن كېيىن، ئاۋۋال پاكىز يۇيۇنۇپ، كىيىم - كېچەكلەرنى يەڭگۈشلەپ، ئازادىلىكنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك. يوتقان - كۆرپىلەرنى بۇلغاپ ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز ھاقارەت كەلتۈرىدىغان ئىشلارنى قىلماسلىق، تازىلىق ئۆينىڭ تازىلىقىغىمۇ ئەھمىيەت بېرىش، مىشقىرىپ، تۈكۈرۈپ قويماسلىق، تەرەت قىلىپ سۈيىنى چۈشۈرمەي قويۇپ قويماسلىق كېرەك. ياتاقنىڭ لۆڭگە، كىرلىكلىرىگە ئاياغ سۈرتۈپ قويىدىغان ئادىمەتسىزلىكنى ھەرگىزمۇ قىلماسلىق كېرەك. ئېلېكتىر سايمانلىرىنى ئېھتىيات بىلەن ئىشلىتىش، قەستەن بۇزغۇنچىلىق قىلماسلىق لازىم. ياتاقتا ھاراق ئىچىپ مەست بولۇپ، قۇسۇپ، ياتاق ئەسلىھەلىرىنى بۇلغاپ قويماسلىق. تاماكا چېكىپ ئېھتىياتسىزلىقتىن يوتقان - كۆرپىلەرنى كۆيدۈرۈپ، چوڭ ئوت ئاپىتىگە سەۋەب بولىدىغان كەيپلەرنى قىلىشتىن قەتئىي ساقلىنىش كېرەك. «كوزا كۈندە سۇنمايدۇ، كۈندە، سۇنىدۇ» دېگەندەك، ھەرقانداق ئىشتا ئېھتىيات قىلىش ياخشى.

## ماشىنىلىق يۈرگەندە

زاماننىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، خېلى كۆپ كىشىلەرنىڭ ئۆز ئالدىغا شەخسىي ماشىنىسى بولدى. بۇ ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتە مەلۇم ئاساسقا ئىگە بولغانلىقىنى ئۇقتۇر-

دۇ. بىراق، بۇنىڭلىق بىلەن تەكەببۇرلىشىپ، مانتا كۆرمىگەن
قەلەندەر قاسقانغا دۇم چۈشكەندەك يامان كېرىلىپ كەتكۈلۈك ئە-
مەس. ھازىر بۇنىڭدىن بىر ئەسىر ياكى ئىلگىرىكى دەۋر ئە-
مەس، ماشىنىنى كۆرۈپ ھەيرانۇ ھەس قالىدىغان. ماشىنا ھەي-
دەۋاتقان چاغدا! قاتناش قائىدىسىگە قاتتىق رىئايە قىلىش كې-
رەك. سۈرئەتنى ئاشۇرۇشقا، ماشىنا ھەيدەۋېتىپ تېلېفون سۆزلە-
شىشكە، ئاماكا چېكىشكە، بىر نەرسىلەرنى ماكىلدىتىپ يەپ تۇ-
رۇشقا، ياندىكىلەر بىلەن ئۆزىنى ئۇنتۇپ پاراڭلىشىشقا بولمايدۇ.
چۈنكى، ماشىنىنىڭ بىخەتەرلىكى سىز بىلەنلا مۇناسىۋەتلىك ئە-
مەس، ئالدى بىلەن باشقىلارنىڭ ھايات - ماماتى بىلەن مۇناسى-
ۋەتلىك ئىش.

ماشىنىنى قالايمىقان جايغا توختىتىۋالىدىغانلىق، قورۇقا قويغاندا!
باشقىلارنىڭ نورمال پائالىيىتىگە دەخلى يەتكۈزىدىغان، باشقا ما-
شىنىلار ئۆتىدىغان جايلارغا ماشىنىنى توختىتىۋالىدىغانلىق كېرەك. نا-
پاك ھالەتتە ماشىنىغا يېقىن بولماسلىق، ماشىنىغا قالايمىقان
كىشىلەرنى، ناپاك ئادەملەرنى ئالماسلىق كېرەك. بۇنداق قىلىش
خەلقىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى يوسۇنىغا قىلىنغان خىلاپلىق قىلمىش
بولىدۇ.

ئومۇمەن ئالغاندا، شەھەرلىشىش دېمەك مەلۇم مەنىدە مەدە-
نىيلىشىش، زامانىۋىلىشىش دېگەنلىك بولىدۇ. شۇڭا، ئادەم شە-
ھەر مەدەنىيىتىگە لايىق ساپا ھازىرلاپ، ئۆزىگە يۇقىرى پەزىلەت
تەلىپىنى قويۇپ، باشقىلارنى ھۆرمەتلەش بىلەن بىللە ئۆزىنىڭ
قەدىر - قىممىتىنى ساقلاشقا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىش ئۈچۈن
تىرىشىشى لازىم. پەزىلەتلىك بىر شەھەر پۇقراسى بولۇش ئوڭاي
ئەمەس. ئۇيغۇرلار بۇنىڭدىن مىڭ بىر يۈز يىللار بۇرۇنلا «پەزىلەت-
لىك شەھەر ئەھلى» بولۇشنىڭ قائىدە - يوسۇنلىرىنى دۇنياغا
جاكارلىغان مىللەت ئىدى. ھازىرقى زامانىۋى دەۋردە شەھەر مە-
دەنىيىتىگە يانداشىپ مېڭىش مىللىي مەدەنىيەتنىڭ يەنە بىر تە-
لىپى بولۇپ قالدى.

## تور ۋە تور مەدەنىيىتى

كومپيۇتېرنىڭ تۇرمۇشىمىزغا كىرىپ كېلىشى دۇنيانى، ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت دۇنياسىنى ئۆيىمىزگە ئېلىپ كىردى، ھەتتا پۈتۈن ئالەم ۋە ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنى كۆز ئالدىمىزغا ئەكىرىپ بەردى دېسەك بولىدۇ. بۇ يېڭى شەيئىنىڭ بارلىققا كېلىشى ئىشلەپچىقىرىش شەكلى ۋە ئۇسۇلىدا، ئىشلەپچىقىرىش سۈرئىتىدە تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز ئۆزگىرىشلەرنى بارلىققا كەلتۈردى. ھازىرقى ئۈچۈر دەۋرى كومپيۇتېر دەۋرىنى باش مەنبە قىلىدۇ، دەپ قارىساق بولىدۇ. دەۋرىنىڭ ئۈچقاندەك تەرەققىي قىلىشىمۇ كومپيۇتېرنىڭ ياردىمىدىن ئايرىلمايدۇ.

كومپيۇتېرنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە ئۇنىڭ تۇرمۇشىمىزغا چوڭقۇرلاپ سىڭىپ كىرىشى بىلەن بىللە كومپيۇتېر كىشىلەردە مۇئەييەن ئىلمىي ساپا، ئەخلاقىي ساپا ۋە مەدەنىيەت ساپاسىنىڭ بولۇشىنى تەقەززا قىلدى. چۈنكى، كومپيۇتېردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش ئۈچۈن شۇنىڭغا تۇشلۇق دەسمى بولمىسا بولمايتتى، يەنە بىر تەرەپتىن كومپيۇتېردا ئىنتايىن ئىلغار نەرسىلەرمۇ، چاكىنا نەرسىلەرمۇ بار، ساغلام نەرسىلەرمۇ، ساغلام بولمىغان نەرسىلەرمۇ، مەدەنىي نەرسىلەرمۇ، مەدەنىي بولمىغان نەرسىلەرمۇ بار. شۇڭا، ئادەم ئۆزى قانداق مەزمۇنلارغا قىزىقسا شۇنى چېكىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا ئەگەر ئۈچۈر تارقاتماقچى بولساق ئۆزىمىزدە نېمە بولسا شۇنى كىرگۈزەلەيمىز. بۇنىڭ ھەممىسى ئاخىرقى ھېسابتا تورداشلارنىڭ ئەخلاقىي ۋە مەدەنىي ساپاسىغا مۇناسىۋەتلىك مۇھىم تاللاش بولۇپ قالىدۇ.

بىزگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ھازىر بىز كومپيۇتېر ۋە تورنىڭ ئىقتىدارىدىن ئاساسەن مەنپەئەت ئالالمايۋاتقان مىللەتلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىمىز. تور بېكەت ئاچقانلار يېقىندىن بۇيان زور تىرىشچانلىق قىلىپ تورداشلارنى يېڭى قىممەتلىك ئۈچۈرلار بە-

لەن تەمىنلەش ئۈچۈن ئاز بولمىغان تىرىشچانلىقلارنى قىلدى. بەزى تور بېكەتلىرى تورنىڭ ئۇنىۋېرسال ئىقتىدارىدىن پايدىلىنىپ جەمئىيەت ئۈچۈن خېلى ئەھمىيەتلىك ئەمگەك نەتىجىلىرىنى تەقدىم ئەتتى، بىز ئۇلارغا رەھمەت ئېيتىمىز. شۇنداق بولسىمۇ ئىقتىسادىي چەكلىمە، ئادەم كۈچى قاتارلىق چەكلىمىلەر تۈپەيلى قىلىنىشقا تېگىشلىك نۇرغۇن ئىشلار بوش قالماقتا.

ئۇيغۇرلارنىڭ خەنزۇ تىلىدىكى، ئىنگلىز تىلى ۋە ئەرەب تىلىدىكى بىزگە زۆرۈر بولغان قىممەتلىك مەنبەلەردىن پايدىلىنىش ئىقتىدارى يەنىلا تۆۋەن سەۋىيەدە. بىزنىڭ تورداشلىرىمىزنىڭ كۆپىنچىسى تېخى چايخانىدىن چىقالمىغان، يەنە بەزىلەر كومپيۇتېردىكى ئويۇنلاردىن باش ئارتالمىغان، بەزىلەر شەھۋانىي نەرسىلەرگە دۇم چۈشكەن. بىلمەك ئىدى، بىز ئۈچۈن ھازىر ئۇنداق مەنىسىز، ئەھمىيەتسىز ئەخلەت نەرسىلەر بىلەن مەشغۇل بولۇش تولىمۇ ئەخمەقلىق، دۆتلۈك بولاتتى. ئەمەلىيەتتە تور بىز ئۈچۈن پۇرسەت، بىز ئۈچۈن ئىمكانىيەت، بىز ئۈچۈن بۇلاق، بىز ئۈچۈن مەكتەپ ۋە مۇئەللىم بولالايتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزىمىزنىڭ ئىقتىدارىنى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە جارى قىلدۇرۇشقا ئىمكانىيەت بوشلۇقى بېرىدۇ.

بىز تور مەدەنىيىتىگە، تور ئەخلاقىغا رىئايە قىلىپ، تور بىلەن ياخشى، توغرا «دوستلۇق» ئورنىتىشىمىز لازىم. توردا يالغان، ياۋىداق ئۇچۇرلارنى تارقاتماسلىق، پىتنە ـ پاسات تارقاتماسلىق، تور ئارقىلىق باشقىلارغا زەربە بەرمەسلىك، توردا رەسۋا گەپ ـ سۆزلەرنى قىلماسلىق، پاكىتسىز، ئىسپاتسىز نەرسىلەر بىلەن تورداشلارنى گاڭگىراتماسلىق لازىم. بولۇپمۇ قۇرامىغا يەتمىگەن بالىلارنىڭ توردىكى ئۆزىگە مۇناسىپ بولمىغان نەرسىلەرنى كۆرۈپ مەنىۋى جەھەتتە زەھەرلىنىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشىمىز لازىم. توردىكى ساختا ئويۇنلارنىڭ دامىغا چۈشۈپ قالماسلىقىمىز، ھەرقاچان ساغلام روھىي ھالەت بىلەن تورغا كىرىشىمىز لازىم.

## تېلېفون ئالاقىسىدىكى قائىدە - يوسۇنلار

جەمئىيىتىمىزگە تېلېفوننىڭ ئومۇملىشىشى ھەرقانداق بىر يېڭى شەيئىنىڭ ئومۇملىشىشىدىنمۇ تېز بولدى دەپ قاراشقا بولىدۇ. بىز ئۇنىڭ جەمئىيەتنىڭ ئەڭ تۆۋەن تەبىقىسى دېۋانىلەرنىڭ قولىدىمۇ بارلىقىنى كۆردۇق. ئۇنىڭ ئۈستىگە تېلېفوننىڭ ئىقتىدارى ئاددىي كومپيۇتېرلارنىڭ ئىقتىدارىدىن ئېشىپ كەتتى. سىغىمچانلىقىمۇ زورايدى. دېمەك، ئۇ بىزنىڭ ئالاقە ئىشلىرىمىزنى تولىمۇ قولايلىق ئىمكانىيەت بىلەن تەمىن ئەتتى. بىز ھازىر دۇنيانىڭ ھەرقانداق جايىدىكى مۇناسىۋەتلىك كىشىلەر بىلەن بىمالال سۆزلىشەلەيمىز. تېلېفون دېگەن مەدەنىيەتلىك دۇنيانىڭ كەشپىياتى. ئۇ ئىنسانلارنىڭ ئالاقە ئىشلىرىنى زامانىۋىلاشتۇردى. تېلېفون ئالاقىسى كىشىلىك مۇناسىۋەتنىڭ ئالاھىدە بىر خىل ئۇسۇلىغا ئايلاندى. شۇنىڭغا ئەگىشىپ تېلېفون ئالاقىسى ئۆزىگە خاس ئېسىل قائىدە - يوسۇن تەلەپلىرىنىمۇ ئالدىمىزغا قويدى.

بىرىنچى، تېلېفون بېرىش ۋە تېلېفون قوبۇل قىلىش يوسۇنى. ھەربىر مىللەتنىڭ تېلېفون قوبۇل قىلىش، تېلېفون بېرىش يوسۇنى ئانچە ئوخشاپ كەتمەيدۇ. «ئالاۋ»، «ۋەي»، «ئەسسالامۇئەلەيكۇم» دېگەندەك. بىزنىڭ قائىدە - يوسۇنىمىز بويىچە تېلېفوندا كۆرۈشكەندە، خۇددى ئادەتتە كۆرۈشكەنگە ئوخشاش «ئەسسالامۇئەلەيكۇم» دەپ سالام بەرگەندىن كېيىن، مەن پالانچى بولىمەن دەپ مەقسەتنى ئېيتىش تەلەپ قىلىنىدۇ. قوبۇل قىلغۇچىمۇ «ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، سىز كىم بولىسىز» دەپ قارشى تەرەپكە ئەدەپلىك مۇئامىلە قىلىش ھەزىلەت تەلىپىدۇر. بۇنىڭغا يات بولغان، تېلېفون بېرىپلا: «ۋەي، پالانچىمۇسىز، پالانچى بارمۇ؟» دەپ گەپ باشلاش ئەدەپسىزلىك بولىدۇ، يەنە باشقا تىللاردىكى «ئالاۋ» دېگەندەك سۆزلەرنى ئىشلىتىشمۇ ئەدەپكە يات. ئۇنى پەقەت چەت ئەللىكلەر بىلەن سۆزلەشكەندە قوللىنىشقا بولىدۇ.

ئىككىنچى، تېلېفون بەرگۈچى قارشى تەرەپ بىلەن سالاملىشىپ بولغاندىن كېيىن ئاۋۋال ئۆزىنىڭ ئىسمىنى، كىم ئىكەنلىكىنى مەلۇم قىلىپ بولۇپ، ئاندىن مەقسەتنى ئېيتىش

لازىم. بەزى كىشىلەر بىرى بىلەن ئايدا، يىلدا بىرەر قېتىم ئالاقىلىشىدىغان بولسىمۇ، تېلېفوندا ئۆزىنى مەلۇم قىلماي گەپ باشلاپ قارشى تەرەپنى ئوڭايسىز ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ، ھەتتا «سىز كىم بولىسىز» دېسە، «مېنى تونۇمىدىڭمۇ؟» دەپ خاپا بولۇپ قالىدۇ. بۇ توغرا پوزىتسىيە ئەمەس، تېلېفون دېگەندە نۇرغۇن ئادەملەر بىلەن ئالاقە قىلىپ تۇرىدىغان ئىش. ھەممە ئادەمنىڭ ئاۋازىنى پەرقلەندۈرۈۋالغىلى بولمايدۇ. پەقەت دائىم ئالاقە قىلىپ تۇرىدىغان ئەڭ يېقىن ئادەملەرنىڭ ئاۋازىلا تونۇشلۇق بولۇشى مۇمكىن. بەزى كىشىلەر گەرچە قارشى تەرەپ بىلەن ئانچە ياخشى تونۇشمىسىمۇ، تېلېفوندا بىرەر قېتىممۇ سۆزلىشىپ باقماي تۇرۇپ، «مېنى تونۇمىدىڭمۇ؟» دەپ سورايدۇ. تېلېفوندا دىدارىنى كۆرمىسە قانداق تونۇيدۇ. تېلېفوندىكى ئاۋاز بىلەن ئادەتتىكى ئاۋاز ئوتتۇرىسىدا خېلى پەرق بولىدۇ. ئىسمىنى مەلۇم قىلغاندىن كېيىن يەنە بىلەلمەي قالغاندا، تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئۆزىنىڭ تېلېفون قوبۇل قىلغۇچى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئوقتۇرسا بولىدۇ.

ئۈچىنچى، زۆرۈرىيەت تۈپەيلىدىن باشقىلارنىڭ تېلېفونىنى ئىشلىتىۋېلىش توغرا كەلگەندە، مەقسەت - تەلەپنى تېزلا يەتكۈزۈپ، دەرھال تېلېفوننى قويۇش كېرەك. ئۆزۈڭدىن - ئۆزۈڭغا تۇتۇۋېلىپ باشقىلارنى ئارامسىزلاندۇرماسلىق لازىم. بۇ، ئەدەپسىزلىك بولىدۇ. بىزدە ئىنساپ دېگەن بىر گەپ بارغۇ. يەنە بەزى، باشقىلار ھاجەتمەن بولۇپ تېلېفونىڭىزدا مەقسىتىنى ئېيتىۋېلىشنى تەلەپ قىلسا، بېرىپ تۇرۇڭ، بەلكىم ئۇنىڭ ئۈچۈن تولىمۇ زۆرۈر بىر ئىش بولۇشى مۇمكىن، بولمىسا تېلېفوننى بېرىپ تۇرسىڭىز دەپ تىل ئاچمىغان بولاتتى.

تۆتىنچى، ئادەتتە تېلېفوننى يىغىن مەيدانىدا، كېسەلخانىلاردا، مەسچىتتە، دەرس ۋاقتىدا، ئايروپىلاندا تاقاپ قويۇش ئەدەپ يوسۇنلىرىنىڭ بىرى. ئۇنىڭدىن باشقا نازۇك ۋاقىتلاردا مەسىلەن، ئوپېراتسىيەخانىلاردا، قەبرىستانلىقلاردا تېلېفون ئېلىش ياخشى ئەمەس. ئەگەر قولىدا رول بار ئادەم باشقىلاردىن تېلېفون قوبۇل قىلىش توغرا كەلسە، مەن ھازىر رولدا، بىردەمدىن كېيىن ئۆزۈم ئالاي، دەپ مەنزىلگە بارغاندىن كېيىن ئالسا بولىدۇ. بۇ

ھەم ئۆزىنىڭ بىخەتەرلىكى، ھەم باشقىلارنىڭ بىخەتەرلىكى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئەگەر ئۇ قائىدىگە خىلاپلىق قىلىپ، تېلېفوندا ئۇزۇن سۆزلەشكەندە يولۇچىلارنىڭ ياكى يېنىدىكى ئادەمنىڭ ئەنسىرىشىنى قوزغاپ قويىدۇ. ھەتتا كۆتۈلمىگەن ئەھۋاللار يۈز بېرىپ قالسا، مەسئۇلىيەتنىڭ ھەممىسىنى ئۈستىگە ئالىدۇ ۋە ۋىجدان ئازابى تارتىپ قالىدۇ.

بەشىنچى، تېلېفون سۆزلەشكەندە سورۇن تاللاش، ۋاقتىنى كونترول قىلىش كېرەك. ئاممىۋى سورۇنلاردا ئىلاج بار تېلېفون سۆزلەشمەسلىك، زۆرۈر تېپىلسا بوشراق ۋە قىسقىراق سۆزلىشىپ گەپنى ئۈزۈش كېرەك. چاڭگالدا سۆزلەشكەندەك ۋارقىراپ - جارقىراپ، ئەتراپىدا كىم بارلىقىغا پەسەنت قىلماي، ئۆزۈڭدىن - ئۆزۈڭغا ئەھمىيەتسىز، مەنىسىز ئىشلار ھەققىدە سۆزلىشىش ئەدەپكە يات بولىدۇ. تېلېفون دېگەننىڭ ھەر مىنۇتى پۇلغا ماڭىدۇ، ئۇنىڭدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشنى بىلىش كېرەك. بىكارتەلەپ ئادەملەر كوچا - كويلاردا سۆزلىشىپ ئولتۇرغاندەك، سائەتلەپ تېلېفوندا ئەخلەت پاراڭلارنى قىلىپ كىشىلەرنىڭ كەيپىنى ئۇچۇرۇش ئۆزىمىزنىڭ ئابرۇيىنى تۆكىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە تېلېفوندىن چىقىۋاتقان ئاۋاز ئادەتتىكى ئاۋازغا ئوخشىمايدۇ. ئۇنىڭدىكى رادىيەتسىيە ئادەمنىڭ سالامەتلىكىگە ھەرقاچان يامان تەسىر قىلىپ تۇرىدۇ. ئۆزىمىزنىڭ تەن - سالامەتلىكى ئۈچۈنمۇ تېلېفوندا گەپنىڭ پوسكاللىسىنى دەپلا قويۇش ياخشى. بەلكىم سىزنىڭ ئۇ لاۋزا سۆزلىرىڭىز قارشى تەرەپنى بىزار قىلىپ قويۇشىمۇ مۇمكىن.

ئالتىنچى، تېلېفوندىكى سۆزلەر ئەدەپلىك، قائىدە - يوسۇنلۇق بولسۇن. تېلېفوندا ئەدەپلىك، پەزىلەتلىك سۆزلىشىش، قوپال، تۇتۇرۇقسىز، ئەسكى گەپلەرنى تىلغا ئالماسلىق كېرەك. بولۇپمۇ كەيپىياتنى كونترول قىلىش، كەيپىياتى ياخشى بولمىغان ۋاقىتلاردا باشقىلارنىڭ تېلېفونىنى قوبۇل قىلغاندا، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، ھازىر كەيپىياتىم ياخشى ئەمەس، كەچۈرۈڭ، كېيىن ئايرىم سۆزلىشەرمىز دېگەندەك سۆزلەر بىلەن تېلېفوننى بېسىۋېتىش لازىم. قارشى تەرەپنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلىپ - بىلمەي تۇرۇپلا، تېلېفوننى بېسىۋېتىش ئەدەپكە يات قىلىق. بولمە-

ـسا قارشى تەرەپ سىزنىڭ روھىي ھالىتىڭىزدىكى نورمالسىزلىقنى ئۇقماي باشقىچە ئويلاپ كۆڭلى رەنجىپ قېلىشى مۇمكىن.

يەتتىنچى، ئۇقۇشماسلىق بولغاندا، ئەدەپلىك مۇئامىلە قىلىش كېرەك. تېلېفون دېگەن نومۇر بىلەن ماڭىدۇ. بەزىدە بىلىپ - بىلمەي مۇناسىۋەتسىز كىشىلەرنىڭ نومۇرى بېسىلىپ قېلىپ، ئۇلىنىپ قالسا، چىرايلىق كەچۈرۈم سوراش كېرەك. بەزىلەر تېلېفوننى خاتا ئۇرۇپ قالغانلىقىنى بىلمىپلا، گەپ - سۆزسىز تېلېفوننى قويۇۋېتىدۇ. قارشى تەرەپ گەرچە سىزنى تونۇسۇن - تونۇمىسۇن، چىرايلىق ئۆزرە ئېيتىڭ. تونۇيدىغان ئادەمنىڭ نومۇرى بېسىلىپ كەتكەن بولسا «مەن ئەسلى باشقا بىرىگە تېلېفون ئۇرغان، ئۇقۇشماي سىزگە بېسىلىپ قاپتۇ، سىزگە ئايرىم تېلېفون قىلارمەن» دەپ ئاندىن تېلېفوننى ئۈزۈش كېرەك. بولمىسا، ئۇ كىشىنىڭ تېلېفونىغا نومۇر چۈشكەندىن كېيىن، يەنە سىزگە تېلېفون قايتۇرسىمەن دەپ ئاۋارە بولىدۇ. بۇمۇ خۇددى باشقىلارنىڭ ئۆيىگە خاتا كىرىپ قېلىپ ئەپۇ سورىغاندەك ئىش. قارشى تەرەپ ئۇقۇشماستىن سىزنىڭ نومۇرىڭىزغا تېلېفون ئۇرۇپ قېلىپ، ئەپۇ سورىغان بولسا، قوپاللىق قىلماي، ئەپۇنى قوبۇل قىلىڭ.

سەككىزىنچى، ئەگەر ئىنتايىن مۇھىم ئىش بولمىسا يېرىم كېچىلەردە باشقىلارغا تېلېفون قىلىشتىن ھەزەر قىلىڭ، بۇنداق نورمالسىز ۋاقىتتا كەلگەن تېلېفوننىڭ ياخشى تەرىپىدىن يامان تەرىپى كۆپ. شۇڭا، كىشىلەردە تەشۋىش، ئەنسىرەش پەيدا قىلىپ قويىدۇ. بەزى كىشىلەر مەست بولۇپ قېلىپ كەلسە - كەلمەس ۋاقىتتا تېلېفون قىلىدۇ. ھەتتا تونۇمىغان ئادەملەرگە تېلېفون قىلىپ بىزار قىلىدۇ. مەست ھالەتتە ئىلاج بار باشقىلارغا تېلېفون قىلماسلىق كېرەك.

ئومۇمەن زامانىمىزدا، دەۋر تەرەققىياتىغا ماسلىشىپ ياشاش ئۈچۈن ئەمەس، ئۇ كىشىلەرگە خېلى ئەتراپلىق تەربىيەلىنىش ۋە ئۆزىدە مۇناسىپ ئۇنىۋېرسال ساپا ھازىرلاش تەلىپىنى قويىدۇ، بىز يۈكسەك پەزىلىتىمىز ۋە ئەنئەنىۋى ئەخلاقىمىز بىلەن دۇنياغا تەسىر كۆرسىتەلەيمىز.

# ئىككىنچى قىسىم

## مىراس يوسۇنلار

# «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»تە قەدىمكى قائىدە - يوسۇنلار تەسۋىرى

خاقانىيە ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا، جۈملىدىن ئىدىيە تارىخىدا غايەت زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن دەۋر. دۆلەتنىڭ گۈللىنىشى، ئىقتىسادنىڭ جانلىنىشى، كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشقا بولغان تەلىپىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ، تۇرمۇشنىڭ مەزمۇنىمۇ بارغانچە بېيىدى. مۇراسىملار كۆپ خىللاشتى، قائىدە - يوسۇن تەلىپىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، چۈنكى، ئۇيغۇرلار قەدىمدىن تارتىپ قائىدە - يوسۇنغا ئەھمىيەت بېرىدىغان، قائىدە - يوسۇننى ھىمايە قىلىدىغان، قائىدە - يوسۇننى ئىنسانىيلىقنىڭ مۇھىم بىر بەلگىسى دەپ قەدىرلەيدىغان خەلق بولغاچقا، قائىدە - يوسۇننى ئاۋام قانۇنى دەرىجىسىدە ئۇلۇغلىغان. قائىدە - يوسۇنلۇق ئادەمنى پەزىلەتلىك، تەربىيەلىك، پايدىلىق ئادەم ھېسابلاپ، قائىدە - يوسۇندىن چەتنىگەن، قائىدە - يوسۇننى كۆزگە ئىلمىغان ئادەمنى جەمئىيەتكە زىيانلىق ئادەم، ئادەمىيلىك سۈپىتىنى يوقاتقان ئادەم دەپ يامان ئالغان. مانا شۇنداق ئورتاق ئاڭنىڭ ساداسىنى يۈسۈپ خاس ھاجىپ مۇنداق ئەكس ئەتتۈرگەن:

پۈتۈن نەرسىنىڭ تەرتىپ - يوسۇنى بار،
يوسۇنلۇق بولسا ئەر، يۈزى نۇرلىنار.

يەنە شۇنداق تەكىتلەيدۇكى، قائىدە - يوسۇن بىلەن باشا، يوسۇنسىز كىشىنىڭ زىيىنى تېگىدۇ، يوسۇن بىلگەن ئادەم تۇر-

بېشى بولالايدۇ. قائىدە - يوسۇن ئۇقمايدىغان كىشىلەر قىلىقسىز، ئەدەپسىز بولىدۇ.

قەدىمكى زاماندا قائىدە - يوسۇن ئۇقۇمىنى «تۆرە» دەپ ئاتىغان، كېيىن بۇ ئاتالغۇ دۆلەتنىڭ مۇنتىزىم قانۇنىنىمۇ بىلدۈرىدىغان بولغان، چۈنكى دۆلەت قانۇنى بەرىبىر ئاۋام قانۇنى ئاساسىدا بارلىققا كېلىدۇ ۋە تېخىمۇ مۇنتىزىملىشىدۇ. ئەگەر خەلقنىڭ ئۆزىنى ئۆزى كونترول قىلىدىغان، ئۆزىنى ئۆزى تەرتىپكە سالىدىغان ئىجتىمائىي «تۆرە» — قائىدە - يوسۇن ئۆزىنىڭ رولىنى يوقىتىپ قويىغۇدەك بولسا، دۆلەت قانۇنلىرىنىڭمۇ رولى بولمايدۇ. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، خەلقنىڭ ئىلغار ئەنئەنىۋى قائىدە - يوسۇنلىرىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇش، ئۇنىڭ تەرەققىي قىلىپ بېرىشىغا يول قويۇش ئەمەلىيەتتە جەمئىيەتنىڭ نورمال ئىجتىمائىي تەرتىپىنى قوغداشقا پايدىلىق. شۇڭا، 11 - ئەسىرلەردە يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئاۋام ئىسىل قائىدە - يوسۇنلارنى تەرك ئېتىپ مەنپەئەت كەينىگە كىرىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، دۆلەتنىڭ يۇقىرى قاتلىمىدىن تارتىپ ئاددىي پۇقرالىرىغىچە نۇرغۇن كىشىلەر نەپسىگە بېرىلىپ، پەزىلەتنى يوقاتقانلىقىنى، نەتىجىدە، دۆلەتنىڭ قانۇن - تۈزۈمى ئۆزىنىڭ كونترول دەستىسىدىن مەھرۇم بولۇپ قالغانلىقى، جەمئىيەت خاراب بولۇشقا، روھ بۇلغىنىشقا يۈزلەنگەنلىكىدىن قاتتىق ئاغرىنغان.

مەھمۇد كاشغەرىي يۇقىرى تەبىقە قاتلىمىدا قائىدە - يوسۇن بىلەن تەربىيەلەنگەنلىكى، قائىدە - يوسۇننىڭ يۇقىرى ئېقىمىدا ئۆسۈپ يېتىلگەنلىكى ئۈچۈن، خاقانىيەنىڭ قائىدە - يوسۇنلىرىنى پۇختا ئىگىلىگەن. ئوردا يوسۇنلىرىدىن تارتىپ ئاۋامنىڭ يوسۇنلىرىغىچە قويۇق ئارىلىشىپ، قائىدە - يوسۇنلارنىڭ شەكلى ۋە مەزمۇنىغىچە قەلبىگە سىڭدۈرگەن. ئۇ خەلقنىڭ مۇنداق بىر ماقالىنى بىلەتتى: «زورلۇق - زومبۇلۇق ئىشىكتىن كىرسە، قائىدە - يوسۇن تۈڭلۈكتىن چىقار.» چۈنكى، ئۇيغۇرلارنىڭ قائىدە - يوسۇنى زورلۇق - زومبۇلۇق ئۈستىگە ئەمەس، بەلكى ئىناقلىق،

ئىتتىپاقلىق، ئۆز ئارا ھۆرمەت، قەدىر-قىممەت، ئىنسانىي پەزىلەت ئۈستىگە قۇرۇلغان. خەلق نەدە زورلۇق-زومبۇلۇق باش كۆتۈرسە، شۇ يەردىن قائىدە-يوسۇن كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ. قائىدە-يوسۇن كۆتۈرۈلسە ئىتتىپاقلىق، ئۆز ئارا كۆيۈنۈش، ئىنسانىي مېھىر-مۇھەببەت ۋە پەزىلەتكە ئورۇن قالمايدۇ، دەپ چۈشەنگەن. شۇڭا، قائىدە-يوسۇننى قەدىرلەش ئەمەلىيەتتە تۇرمۇشنى سۆيۈش، ئۆزىنى قەدىرلەش، ئىنسانىي پەزىلەتنى، جەمئىيەتنىڭ نورمال تەرتىپىنى قوغداش بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى.

مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋان»غا ئۆز دەۋرىدىكى ئاۋامنىڭ قائىدە-يوسۇنىغا دائىر خېلى كۆپ ئۆرنەكلەرنى خاتىرىلەپ قالدۇرغان. ئۇنىڭ بەزىلىرى پەقەتلا بىر ئىبرىمىن سۈپىتىدىلا تىلغا ئېلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ بىر ئەينەك سۈپىتىدە بىزنى يەنە خېلى كۆپ ھايات مەنزىرىسىنى كۆرۈش پۇرسىتىگە ئىگە قىلدى.

مەھمۇد كاشغەرىي شۇ قانۇنىيەتنى بىلەتتىكى، «ئەل قالار، تۆرۈ قالماس» ئىدى. قائىدە-يوسۇن بىر كۈندە، بىر يىلدا بارلىققا كېلىپ، يەنە بىر يىلدا تۈگەيدىغان، بىر مۇراسىمدا پەيدا بولۇپ، يەنە بىر مۇراسىمدا ئالمىشىدىغان نەرسە ئەمەس، بەلكى ئۇ شۇ خەلقنىڭ پۈتكۈل ھايات تارىخى بىلەن قوشكېزەك ئىدى. ئۇ شۇ مىللەت پەيدا بولغاندا پەيدا بولۇپ، شۇ مىللەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ تەرەققىي قىلىدۇ، مىللەت گۈللەنگەندە گۈللىنىدۇ، مىللەت زاۋاللىققا يۈز تۇتقاندا خارابلىشىدۇ، ئۆزىنىڭ ھاياتىي ئىقتىدارىنى زەئىپلەشتۈرىدۇ، مىللەت يوقالغاندا يوقىلىدۇ. قائىدە-يوسۇننى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە ئۇنى قوغداش مىللەتنىڭ بىر گەۋدىلىشىش، ئۇيۇشۇش كۈچىنى ئاشۇرىدۇ، بۇ مەنىدىن بىز قائىدە-يوسۇننى خەلقنىڭ ئىممۇنىتېت كۈچى دەپ قارايمىز. ئەگەر قائىدە-يوسۇندىن يىراقلاشسا، مىللەتنىڭ ھۆججەيرىسىنى مەنىۋى كېسەللىك قاپلاپ، بارا-بارا ئاجىزلاشتۇرۇۋېتىدۇ.

قەدىمكى قائىدە ـ يۇسۇنلار ھازىرقى قائىدە ـ يۇسۇنلىرىمىزنىڭ ئانىسى، ھازىرقى قائىدە ـ يۇسۇنلار قەدىمكى قائىدە ـ يۇسۇنلارنىڭ داۋامى ۋە راۋاجى. بىز «دىۋان»دىكى قائىدە ـ يۇسۇن باغچىسىغا كىرسەك، ئۇلۇغۋار بىر كىملىك ئەندىزىسىنى تاماشا قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشىمىز. بۇ باي قائىدە ـ يۇسۇنلارنىڭ بەزىلىرى ھازىرغىچە ئۈزۈلمەي داۋاملاشقان، بەزىلىرى ياتلاشقان، يەنە بەزىلىرى دەۋرنىڭ بوران ـ چاپقۇنلىرىدا كۆمۈلۈپ تاشلانغان. زامانىمىز بىلەن خاقانىيە ئوتتۇرىسىدا قائىدە ـ يۇسۇن ئەلچىلىكىنى قىلىش مەقسىتىدە بىرەر كۆۋرۈك سېلىش ئۈچۈن بۇ كىتابقا «دىۋان»دىكى قائىدە ـ يۇسۇن ئۆرنەكلىرىگە قىسقىچە يەشمە بېرىپ، ئۇنى كىتابىمىزنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى قىلىپ بەھرىمەن بولۇشۇڭلارغا سۇندۇم. بۇ قىسىمدا، ئالدىنقى قىسىمدا تىلغا ئېلىنمىغان خېلى كۆپ قائىدە ـ يۇسۇنلار سېلىشتۇرما ئاساسىدا بايان قىلىندى. بۇ ئۆرنەكلەر ئارقىلىق مەنىۋى جەھەتتە بولسىمۇ خاقانىيەنىڭ تۇرمۇش قاينىمىغا ساياھەت قىلغاندەك تۇيغۇغا كېلەلىسەڭلار مەقسىتىمىزگە يەتكەن بولىمىز.

# بىر قىسىم مەدەنىي ئادەتلەر

«دىۋانۇلۇغەتىت تۈرك» تە ئورۇن ئالغان قائىدە - يوسۇنلارنىڭ ئېغىرراق سالمىقىنى «مەدەنىي ئادەتلەر» ئىگىلەيدۇ. گەرچە قائىدە - يوسۇنلارنىڭ ھەممىسى مەدەنىي ئادەت كاتېگورىيىسىگە كىرسىمۇ، ئۇلارغا كونكرېتراق مەتىدىن مۇئامىلە قىلىنغاندا، بەزىلىرى شۇ قائىدە - يوسۇنلار ساھىبلىرىنىڭ تۇرمۇشىدىكى خاس مەدەنىيەتتە تۇتقان ئورنىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ: شۇنداقلا شۇ خەلقىنىڭ مەدەنىيلىك دەرىجىسىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان كۆزگۈ رولىنى ئوينايدۇ، بىز تونۇشتۇرغان 31 تۈرلۈك مەدەنىي ئادەتلەر ھازىرغىچە ئۆزىنىڭ قىممىتىنى يوقاتمىغان، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشتا ئوينايدىغان رولى ھەرگىزمۇ خىرەلىشىپ قالمىغان، بەلكى ئۇلارغا ھەرقاچان ۋارىسلىق قىلىنسا، مىللىتىمىزنىڭ ئوبرازى تېخىمۇ نۇرلىنىدۇ.

## تۆرۈ

«تۆرۈ» سۆزىنى بىز ئىككى نۇقتىدا شەرھلەيمىز. بىرى، بىز ئۇنى دۆلەتنىڭ مۇنتىزىم قانۇن - تۈزۈمى نۇقتىسىدىن شەرھلەيمىز، يەنە بىرى، خەلقنىڭ قائىدە - يوسۇنى نۇقتىسىدىن شەرھلەيمىز. چۈنكى، «تۆرۈ»نىڭ مەنە ۋە مەزمۇنىمۇ قەدىمكى ئۇيغۇرلاردا ئىككى خىل مەنىدە قوللىنىلغان. قائىدە - يوسۇنى ئۇقتۇرىدىغان تۆرۈ «قانۇن - تۈزۈم»نى ئۇقتۇرىدىغان «تۆرۈ»نىڭ ئانىسى بولغان.

«تۆرۈ»نىڭ لۇغەت مەنىسى «قائىدە ــ يوسۇن»، «تۈزۈم»، «قانۇن»، «قائىدە» دېگەندەك مەنىلەرنى ئۆزئىچىگە ئالىدۇ. بۇ سۆزنىڭ ئېتىمولوگىيەسىنى سۈرۈشتۈرگەندە ئۇ ئۇيغۇر تىلىدىكى يۇقىرى، ئالىي، ھۆرمەتلىك مەنىسىدىكى «تۆر»دىن كەلگەن. چۈنكى، بۇ خۇسۇستا يۈسۈپ خاس ھاجىپ:

262. بىلىمسىزگە تۆردە ئورۇن بولسا كۆر،
بۇ تۆر بولدى پەگاھ، پەگاھ بولدى تۆر.

263. قالى بىلگەگە تەگسە ئىلدە بۇرۇن،
ئۇل ئەل بولدى تۆردە تاقى كەد بۇرۇن.

(قاراپ باققىن، بىلىمسىزگە تۆردىن ئورۇن تېگىپ قالغان بولسا، بۇ تۆر پەگاھ بولۇپ، پەگاھ تۆر بولىدۇ. ئەگەر قايسى ئالىم پەگاھقا چۈشۈپ قالغان بولسا، بۇ پەگاھ ئالىمبۇرۇن تۆر بولىدۇ.)

روشەنكى، بۇ يەردىكى تۆر، پەگاھ ئورۇنغا ئەمەس، بەلكى ئادەمگە بېرىلگەن. ئادەم بىلىملىك، پەزىلەتلىك، ھۆرمەتلىك بولسا ئورنى تۆردە، يەنى ھۆرمەت تەختىدە بولغان. ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىدا ھازىرغىچە بۇ يوسۇن ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلگەن. پەزىلەتلىك، قائىدە ــ يوسۇن بىلىدىغان بىلىملىك ئەلنىڭ چوڭلىرىنى، پېشقەدەملىرىنى تۆرگە ئېلىش قەدىمدىن بېرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنە. ئەگەر بۇ ئەنئەنە بۇزۇلۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا پۇلدار، باي غوجاملار، ئەمەلدار، تەكەببۇر كىشىلەر تۆر بېشى قىلىپ قويۇلسا «تۆرۈ» بۇزۇلىدۇ، «تۆر» ئۆزىنىڭ تۆرلۈك ئورنىنى يوقىتىپ قويىدۇ.

مەھمۇد كاشغەرىي تۈركلەرنىڭ ئىسمىنى تەڭرى ئۆزى ئىزىزلەپ قويغانلىقى ھەم يەر يۈزىنىڭ ئەڭ ئېسىل، ھاۋالىق جايلىرىغا ئورۇنلاشتۇرغانلىقىنى بېرىپ، بۇنداق بولۇشى

تۈركلەرنىڭ پەزىلەتلىك، قائىدە ـ يوسۇنلۇق خەلق ئىكەنلىكىدىن بولغان. شۇڭا، ئۇلار ئۇلۇغلۇق تاجىنى كىيگەن دەپ قاراپ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇنىڭ ئۈستىگە تۈركلەر كۆركەم، يېقىملىق، ئوچۇق چىراي، ئەدەپلىك، قېرىلارنى ھۆرمەتلەيدىغان، ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىدىغان، ئاددىي ـ ساددا، كەمتەر، دادىل، مەرد ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش سان ـ ساناقسىز پەزىلەتلەرگە ئىگە.» ئارقىدىن «ئەگەر كىم ئۇنى تۈرك دەپ تونۇسا، كىشىلەر ئۇنىڭغا شۇنى ئېيتىدۇ، ئۇلۇغلۇق شۇنىڭغا تېگىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقىسىغا ئاشمايدۇ» ( I . 457) دەپ يازىدۇ. يۇقىرىقى شەرھىگە پەزىلەتكە، ئېسىل قائىدە ـ يوسۇنغا قويۇلىدىغان تەلەپ ۋە ئۆلچەملەرنىڭ ئەڭ ماھىيەتلىك قىسىملىرى مۇجەسسەم قىلىنغان.

1. كۆركەملىك: بۇ ھەم تاشقى فىزىيولوگىيەلىك جەھەتتىكى گۈزەللىك، ھەم مەنىۋى جەھەتتىكى كۆركەملىكنى مۇجەسسەم قىلغان گۈزەللىك، چىرايلىقلىق، ماسلىق ئىدى. دېمىسىمۇ ئۇيغۇرلار قەددى ـ قامەت، بوي ـ تۇرق، چىراي، ھۆسن جەھەتتە ئۆلچەملىك، چىرايلىق يارىتىلغان قوۋم ئىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ تەبىئىي گۈزەللىكى ھازىرقى دۇنيانىڭ ئورتاق گۈزەللىك ئۆلچىمىدىن يىراق ئەمەس ئىدى.

2. يېقىملىق، ئوچۇق چىرايلىق: بۇ باشقىلارغا بېرىدىغان يېۋاستە تەسىرات بولۇپ، «يېقىملىق» دېگەن كىشىلەرگە ياخشى، سۆيۈملۈك، يېقىنلىق، ئىللىق تەسىر بېرىدىغان ياخشى سىجىز دېگەنلىك. بۇنىڭغا «ئوچۇق چىراي»لىق پەزىلىتى قوشۇلۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ بەتخۇي، بەت چىراي ئەمەس، بەلكى قارىسى ـ كۆكسى كەڭ، باشقىلارغا ياخشى خۇلقى بىلەن خۇرسەنلىك بېغىشلىيالايدىغان ئالاھىدىلىكى نەزەردە تۇتۇلغان. روشەنكى، ئادەمنىڭ چىرايى ئۇنىڭ قەلبىنىڭ دېرىزىسى، چىرايىنىڭ ئوچۇقلۇقى، يېقىملىقلىقى ئۇنىڭ قەلبىنىڭ پاك، بىغۇبارلىقىنىڭ ئىپادىسى ئىدى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇ قانۇنىيەتتىن چىقىپ، ھەممىنى سۆيىمەن دەپ دەۋا قىلىشىدۇ،

ھەقىقىي سۆيۈملۈكنىڭ نىشانى زادى نېمە؟ دېگەن سوئالغا: ھەقىقىي سۆيۈملۈك كىشىنىڭ چىرايىدا بىر نىشان بولىدۇ، كۆزىگە كۆزۈڭ چۈشكەندىلا ئۇ نىشان ئايان بولىدۇ، ساغلا تۇغرا - ئۇدۇل (غۇبارسىز) باقالىسا ئۇنىڭ كۆزى ساغلا ئەسلىي ئەھۋالىدىن بەلگە بېرىدۇ. كۆز دېگەن نەگە باقسا بىر توساق بولىدۇ، بىلگىنىكى، كۆڭۈلگە ھەرگىز توساق يوقتۇر. ئۇياتسىز كىشىدىن يىراق تۇرغىن، ئۇياتسىز كىشىنىڭ كۆزىدە خۇنۇك (يېقىمسىز) بىر قاراق بولىدۇ.» بىلىش كېرەككى، يېقىملىقلىق ئۈچۈن چىرايلىقنىڭ ئۆزى بىر بەخت، ئۇ ئۆزىگە ھەم باشقىلارغا خۇشاللىق، بەخت ئېلىپ كېلىدۇ، ئامەت ۋە ياخشىلىق ئاتا قىلىدۇ.

3. ئەدەپلىك: ئەدەپ ھەربىر ئادەمگە قويۇلىدىغان يەزىلەت تەلىپى. ئۇ ئىنسانلارغا خاس بولغان پەزىلەت تەلەپلىرىنىڭ مۇھىم بىر تىرىپى. ئومۇمىي مەنىدە ئەدەپلىك بولۇش ئادەمگە خاس گۈزەل، ياخشى خۇي، ئەخلاقتا ئىگە بولۇش، ئەلنىڭ قائىدە - يوسۇنلىرىغا ئەمەل قىلىش، ئۆزىنىڭ قەدىر - قىممىتىنى ساقلاش، باشقىلارنىڭمۇ ئىززەت - ھۆرمىتىنى قەدىرلەش قاتارلىق كۆپ مەزمۇنلارنى ئۆزىدە يۇغۇرغان. ئەدەپلىك بولۇش كونكرېت مەنىدە، گەپ - سۆزدە سىلىق، ياخشى، گۈزەل سۆزلۈك بولۇش، يامان، قوپال، ئەسكى سۆزلۈك بولماسلىق قاتارلىقلارغا قارىتىلىدۇ، ھەرىكەتتىكى ئەدەپلەردە، يۈرۈش - تۇرۇشتا، ئولتۇرۇش - قوپۇشتا سىلىق بولۇش، باشقىلارغا ئازار بەرمەسلىك، باشقىلارنىڭ نەرسىلىرىگە چېقىلماسلىق، كەلسە - كەلمەس يەرلەرگە تۈكۈرمەسلىك، نەرسە - كېرەكلەرنى تاشلىماسلىق قاتارلىق مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ. مۇناسىۋەتتىكى ئەدەپتە، تەكەببۇرلۇق قىلماسلىق، ئېغىر - بېسىق، كەمتەر بولۇش، باشقىلارغا ھۆرمەت بىلەن، ئىززەت بىلەن مۇئامىلە قىلىش، يامان غەرەزدە بولماسلىق تەلەپلىرى تۇرىدۇ. ئومۇمەن، ئادەمنىڭ بارلىق ھەرىكەت، گەپ - سۆزلىرىدە ئەدەپ تەلەپلىرى

بولىدۇ. ئەدەپلىك بولسا كىشىلەرگە يېقىملىق كۆرۈنىدۇ، ئەدەپسىز ئادەم ھەم كىشىنىڭ كۆزىگە پەس كۆرۈنىدۇ. ئەدەپسىز ئادەمدىن ھەممە ئادەم قاچىدۇ، ئامەتمۇ، بەختمۇ يۈز ئۆرۈيدۇ.

4. قېرىلارنى ھۆرمەتلەش: قېرىلارنى ھۆرمەتلەش، قەدىرلەش، ئۇلارنىڭ ئالدىدىن توغرا ئۆتمەسلىك، ئۇلارغا ئازار بەرمەسلىك، ئۇلارنىڭ نەسىھەتلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلاش ھەم ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىش ئۇيغۇرلارنىڭ قائىدە ـ يوسۇنلىرىدىكى قەدىرلەشكە ئەرزىيدىغان مۇھىم پەزىلەتلىرىنىڭ بىرى. چۈنكى، بۇ يەردە قەدىرلىنىۋاتقان، ھۆرمەتلىنىۋاتقان ئوبيېكت ياش جەھەتتە چوڭ بولغانلىقى ئەمەس، بەلكى تەجرىبىلىرى مول، پەزىلەتتە چوڭ بولغانلىقى ئۈچۈندۇر. بۇنىڭدىن ھەرگىزمۇ ئۆزىدە قېرىلارغا خاس، ھۆرمەتكە لايىق دەسمى ھازىرلىمىغان بولسىمۇ، ئۆچكىنىڭكىدەك ساقىلى بولسىلا ھۆرمەتلە دېگەن مەنە چىقمايدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئادەم 40 ياشقىچە ئۆزىدە يېتەرلىك بىلىم، قابىلىيەت، تەجرىبە ھاسىل قىلالمىغان بولسا، ئۇ ئادەمنى ھايۋان ئاتاش كېرەك، دەپ قارىغان. بۇ مەنىدىن ئالغاندا، قېرىلار ھۆرمەتلىنىشى كېرەك، بىراق ئۇلارمۇ ھۆرمەتكە لايىق ئۆزىدە پەزىلەت ۋە قابىلىيەت يېتىلدۈرۈشى لازىم. «دىۋان»دا «ئۇلۇغنى ئۇلۇغلىسا قۇت كېلۇر» دېگەن ماقال بار. بۇنىڭدىكى ئۇلۇغلۇق قېرى، پېشقەدەم، پاراسەتلىك، بىلىملىك، ئەلگە يول باشلىيالايدىغان كىشىلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان. مانا شۇنداق ئۇلۇغلۇق مەرتىۋىسىگە يەتكەن قېرىلارنى قەدىمكى زاماندا «ئۆگە» دەپ ئاتىغان. «ئۆگە» دېمەك، بېشىدىن نۇرغۇن ئىسسىق ـ سوغۇق ئۆتكەن، بىلىملىك، قابىلىيەتلىك، تەجرىبىلىك دېگەن مەنىنى ئۇقتۇراتتى. مانا شۇنداق پېشقەدەملەرنى قەدىرلەيدىغان خەلق روناق تاپىدۇ، بەختىنى تاپىدۇ.

5. ۋەدىگە ۋاپا قىلىش: ۋەدىگە ۋاپا قىلىش قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ پەزىلەت تەلىپىدە كىشىنى ئۇلۇغلۇققا ئىگە

قىلىدىغان، قەدىر - قىممەتلىك قىلىدىغان پەزىلەتلەرنىڭ بىرى ئىدى. ئۇيغۇرلار ۋەدە دېگەن قەسەم دەپ بىلىدۇ، ۋەدىگە ئەمەل قىلىشنى مەردلىكنىڭ مۇھىم بەلگىلىرىدىن سانايدۇ، ۋەدىگە خىلاپلىق قىلىشنى نامەردلىكتە ئەيىبلەيدۇ. نامەرد ئادەم ھەقىقىي مەنىدىكى ئەر ھېسابلانمايدۇ. مەرد ئادەم دېيىدۇ، قىلىدۇ، نامەرد ئادەم دېيىدۇ، قىلمايدۇ. سۆزى بىلەن ھەرىكىتىنىڭ بىردەكلىكى مەردلىكنىڭ مۇھىم بىر بەلگىسى، سۆزى باشقا، ھەرىكىتى باشقا بولۇش نامەردلىكلا ئەمەس، بەلكى مۇناپىقلىق دەپ قارىلىدۇ. «ئەر سۆزىدىن قايتماس، بولۋاس ئىزىدىن» دېگەن ماقال ئۇيغۇرلارنىڭ مەردلىك خىسلىتى ۋە ۋەدىسى ئىدى. «ۋەدىمۇ ئېغىزدىن چىقىدۇ، جانمۇ ئېغىزدىن چىقىدۇ.» ۋەدە ساداقەت، ۋاپادارلىق ئارقىلىقمۇ ئىپادىلىنىدۇ، ۋاپا يوق ئادەمدە ساداقەت بولمايدۇ، ساداقەت ۋە ۋاپا بولمىسا ۋەدىگىمۇ ۋاپا بولمايدۇ.

6. مەردلىك: مەردلىك دېگەن ئىنساننىڭ خاراكتېرىنى نۇرلاندۇرىدىغان چىراغ، نامەردلىك كىشىگە ھاقارەت تامغىسىنى باسىدىغان ئېزىتقۇ. ھەققانىيلىقمۇ مەردلىكتىن بولىدۇ، باتۇرلۇقمۇ مەردلىكتىن تۇغۇلىدۇ، ساخاۋەتمۇ مەردلىك شېخىدا پىشىدۇ، مەردلىك يۈلىقىدىن سۇغىرىلىدۇ. مەردلىك شان - شەرەپ ئېلىپ كېلىدۇ، مەردلىك بەخت ئېلىپ كېلىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ مەردلىكنىڭ چوققىسى توغرىسىدا: پۇل - مال تارقاتماق مەردلىك، سېخىيلىق ئەمەس، ئەل - ۋەتەن ئۈچۈن جېنىنى تەسەددۇق قىلىش ھەقىقىي مەنىدىكى سېخىيلىق، مەردلىكتۇر دېگەنىدى. دۇنيا مەردلەر بىلەن گۈزەل، مەردلەر بىلەن قۇدرەتلىك، ئەدە نامەردلىك باش كۆتۈرسە، زەئىپلىك، رەزىللىك جاھاننى قاپلايدۇ. «توشقاندەك يۈز يىل ياشىغاندىن يولۋاستەك بىر يىل ياشا» دېگەن خىتابمۇ مەردلىك خىتابى ئىدى. تەقدىر زەربىلىرىنى پەقەت مەردلىكلا كۆمپەيكۈم قىلالايدۇ. ھەرقانداق بالا كەلسە نامەردلەردىن كېلىدۇ. بىر مىللەتنىڭ خارلىق، زاۋاللىققا يۈزلىنىشى بىلىمسىزلىك،

ئادالەتلىكتىنمۇ كۆرە، نامەردلىك بىلەن بولىدۇ، دەپ قارايمىز. دۇنيانى مەردلەر ياراتقان، نامەردلەر دۇنياغا ئوت ياققان. مەردلىك ئەتىۋارلىنىپ، نامەردلىك سۆكۈلىدىغان ئەل روناق تاپىدۇ، نامەردلىككە يول بەرگەن ئەل ئۆزىنىڭ گۆرىنى ئۆزى كولىغان بولىدۇ. شەرمەندە بولۇشتىن ھايا قىلىشمۇ مەردلىك، شەرمەندە بول تۇتۇپ، ئۇنى جان بېقىشنىڭ ۋاستىسى قىلىۋېلىش نامەردلىكتۇر. ئۇيغۇرلاردىكى مەردلەرنى قەدىرلەش، مەردلىكنى ئۇلۇغ بىلىش ھەقىقەتەن قىممەتلىك پەزىلەت، بۇنى ھەرگىز قولدىن بەرمەسلىك كېرەك.

7. دادىللىق: ئادەمنىڭ مەردلىك خاراكتېرىنى سىنايدىغان، پەزىلەتكە شاھىت بولىدىغان گەپ تېخى دادىللىقتۇر. دادىللىق دېگەن ھەرقانداق مۇھىتتا سۆرەلمىلىك قىلماسلىق، «كۆمسەم پىشارمۇ، باپسامۇ» دەپ قاراپ تۇرماي، ئىشنى كېسىپ - كېسىپ قىلىشنى، ھەق - ناھەق مەسىلىسىگە توغرا كەلگەندە تېگىرقىماسلىقنى، يۈرەكلىك بولۇشنى كۆرسىتىدۇ، دادىل ئادەم پۇرسەتنى تۇتالايدۇ، سۆرەلمە ئادەم پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ ۋايسايدۇ، دادىل ئادەم گۇزلۇكسىز ئالدىغا ماڭىدۇ، تېگىرقاپ تۇرمايدۇ، دادىل بولمىغاندا ھېچقانداق ئىشنى باشقا ئېلىپ چىققىلى بولمايدۇ. قاراخانىيلاردا «تۆرۈ»نىڭ يەنە بىر مەنىسى قانۇن - قائىدىنى ئىپادىلىگەندە، دادىل، كەسكىنلىك قانۇننىڭ بىر ئالاھىدىلىكى ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى. قانۇن يۈرگۈزگۈچى دەۋا سورىغاندا، دەۋاگەرنى ساقلىتىپ قويماي، دادىل، كەسكىن بولۇش، تېگىرقىماسلىق، تۇغقانلىرى، بالا - چاقىلىرى بولسىمۇ، ئارىسالدى بولماسلىق، خۇددى پىچاقتەك كېسىپ - كېسىپ قىلىش تەلىپى قويۇلغان. يۈسۈپ خاس ھاجىپ يەنە بىر بېيىتتا دۇرۇسلۇق، مەردلىك، دادىللىق، سەممىيلىك سۆيىتىدە مۇنداق مىسرالارنى تىزىدۇ:

862. ئەلىگ ئايدى كۆرگىل كۈنى ئەر ئۆزى
تىلى كۆڭلى بىرلە بىرىكەر سۆزى

863. تاشى تەگ ئىچى ئول ئىچى تەگ تاشى
بۇ ياڭلىغ بولۇر ئول كۈنى چىن كىشى

864. كۆڭۈلىن چىقارسا ئايادا ئۆرۈپ
يورىسا ئۆيادماسا يالڭۇق كۆرۈپ

(ئېلىگ ئېيتتىكى، ھەقىقىي دۇرۇس ئەر دېگەننىڭ تىلى بىلەن دىلى بىردەك بولىدۇ، ئىچىمۇ تېشىدەك، تېشىمۇ ئىچىدەك بولسا، يۈرىكىنى ئالىقىنىدا تۇتۇپ ئەل ئارىسىدا ئۇيالماي يۈرەلىگەن ئادەم ھەقىقىي چىن، توغرا كىشى ھېسابلىنىدۇ.)

يۇقىرىقىلاردىن كۆرۈۋشكە بولىدۇكى، ئۇيغۇرلاردىكى «تۆرۈ»نىڭ پەزىلەت تەلىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقماق خېلى مۇشكۇل ئىش ئىدى. قاچان قائىدە ـ يوسۇن يۇزغۇنچىلىقىغا يۈزلەنگەن بولسا، شۇ دەۋردە مىللەت جاھالەتكە پاتقان، زاۋاللىققا يۈز تۇتقانىدى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ «تۆرۈ»نىڭ بۇزۇلغانلىقىدىن كېلىپ چىققان مەنىۋى تىراگېدىيەلەر ھەققىدە مۇنداق ئۈچۈر بەرگەن: «زامانىڭغا ئوبدان نەزەر سالغىن، ھەممە قائىدە ـ يوسۇنلار باشقىچە بولۇپ كەتتى. بىلىملىكلەر خارلاندى، ئۇلار ئۆزىنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىنى ئايايدىغان بولۇپ قالدى. ئەقىللىقلار كېكەچ بولۇپ ئېغىز ئاچالماس بولدى، ئەل ئىچىدە يارىماس پەس كىشىلەر كۆپىيىپ كەتتى. ياۋاشلار دەپسەندە بولۇپ بېشىنى كۆتۈرەلمەس بولدى. مەي بىلەن يۈزىنى يۇيىدىغان بىنامازلار مەرد ـ باتۇر ئاتىلىپ ئەلگە كۈچ كۆرسىتىۋاتىدۇ، پىتنە ـ پاساتچىلار ئەر ئاتىلىپ، مەي ئىچمەيدىغان پاك كىشىلەر خەسىس دەپ تونۇلۇۋاتىدۇ... كىشىلەرنىڭ كۆڭلى تىلىدىن

باشقىچە بولۇپ كەتتى. خەلقتىن ۋاپا كۆتۈرۈلۈپ، جاپا غالىب كەلدى. ئىشەنچلىك بىرەر ئادەمنى ئىزدەپ تاپقىلى بولمايدۇ. قېرىنداشلار يېقىنلىقنى تاشلاشتى. دوستلار ساداقەتنى تەرك ئەتتى. كىچىكتە ئەدەپ قالمىدى، چوڭدا بىلىم كەملىدى. قوپال نادانلار كۆپىيىپ، پەزىلەت ئىگىلىرى ئازايدى. ھەقىقەت ئۈچۈن دۇرۇس ئىش قىلىدىغانلار قېنى، ئامانەتنىڭ ئورنىنى خىيانەت ئىگىلىدى. «نەسىھەت» دېگەن سۆزلا قالدى، ئۇنى ئادا قىلغۇچى قېنى؟ قېنى يامانلىقتىن توسقۇچى، ياخشىلىققا دەۋەت قىلغۇچى؟ ئاياللاردىن ھايا كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. توغرىلىقنىڭ ئورنىنى ئەگرىلىك ئىگىلىدى. نەزەر سال، ئوغۇل ئاتىسىغا ئاسىيلىق قىلىۋاتىدۇ. ئوغۇل بەگ بولۇپ، ئاتا بولغۇچى قۇل بولۇۋاتىدۇ. ئوغۇل، قىز ئاتا ھۆرمىتىنى تەرك ئېتىشتى، «قېرى» دېگەن ھۆرمەتلىك نام ئەمدى ھاقارەت بولۇپ قالدى» دەپ بايان قىلغاندىن كېيىن، بۇنىڭ ھەممىسى ئەل ئىچىدە «تۆرۈ»نىڭ سۇسلاپ كەتكەنلىكىنىڭ ئىپادىسى دەپ خۇلاسە چىقارغان.

يۇقىرىقىلاردىن قائىدە ـ يوسۇننىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ھاياتىدا قانچىلىك مۇھىم ئىكەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

## بۇيرۇپ كىتاب يازدۇرۇش ئادىتى ــ «بىتىك بىتىتماق»

قەدىمكى ئۇيغۇر ـ تۈركىي تىللىق خەلقلەردە خاقانلارنىڭ، بەگلەرنىڭ تەلىپى ۋە زاكاز قىلىشى، ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياردەم بېرىشى ھېسابىغا يازغۇچى، شائىر، ئالىملارغا مەلۇم تېمىدا كىتاب يازدۇرۇش ئادىتى بولغان. مەھمۇد كاشغەرىي بۇ ئادەتتىن غۇۋا ئۇچۇر بېرىپ: «ئول بىتىك بىتىتتى ــ ئۇ كىتاب يازدۇردى» (Ⅱ. 436) دېگەن بىر جۈملىنى بېرىش ئارقىلىق بۇ ئادەتتىن بىزنى ۋاقىپلاندۇرغان. ئۇيغۇرلار دۇنياغا ئىنتايىن مول، قىممەتلىك كىتابلارنى سوۋغا قىلىپ كەتتى. بۇنىڭ ئۇيغۇرچىسىمۇ بار، ئەرەبچىلىرىمۇ بار، پارسچىلىرىمۇ بار،

ھازىرقى بايقالغان، كۆپەيتىلىپ كەتكەن، دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەن، تېخى بايقالمىغان كىتابلارنى ئىستاتىستىكا قىلغاندا، ئۇيغۇر خەلقى ھەقىقىي مەنىسى بىلەن كىتاب مىللىتى بولۇشقا مۇناسىپ قىممەتلىك كىتاب مەدەنىيىتىنى يارىتىپ كەلتۈرگەن. بۇ كىتابلارنىڭ بەزىلىرىنى بەگلەر بۇيرۇپ يازدۇرغان ۋە ئۆز نامىدا ئېلان قىلدۇرغان بولسا، بەزى ئەسەرلەرنى ئاپتورلار ئۆز ئىختىيارى بىلەن يېزىپ خاقانلارغا تەقدىم قىلغان. «قۇتادغۇبىلىك»، «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى ئىككى ئالىم ئۆز خاھىشى، مۇددىئاسىغا ئاساسەن يېزىپ، بىرى (يۈسۈپ خاس ھاجىپ) ئۆز دەۋرىدىكى قاراخانىيلارنىڭ خاقانى ھەسەن بۇغراخانغا تەقدىم قىلغان بولسا، يەنە بىرى (مەھمۇد كاشغەرىي) ئۆز دەۋرىدىكى ئابباسىيلار خەلىپىلىكىنىڭ خەلىپىسى ئوبۇلقاسىم ئابدۇللا مۇقتەدى بىئەمرۇللاغا سوۋغا قىلغان. بۇ خىل ئادەت پارسلاردىمۇ بولغان. جاھانغا مەشھۇر بولغان «شاھنامە» دېگەن ئەسەرنى مەھمۇد غەزنەۋى بىر مىسراسىغا بىر تىللا (دەرھەم) بېرىدىغانغا ئوبۇلقاسىم فىردەۋسىگە يېزىشنى بۇيرۇپ ئۇرۇنلاشتۇرغانىكەن. ئەسەر پۈتكەندىن كېيىن، قۇترانقۇ ۋەزىرلەرنىڭ ئېزىقتۇرۇشى بىلەن كېيىندىن يېنىۋالغان مەھمۇد غەزنەۋى تىللا پۇلنىڭ ئورنىغا كۈمۈش پۇل بەرگەن. بۇنىڭغا قاتتىق رەنجىگەن شائىر بۇ پۇللارنىڭ ھەممىسىنى ھاممامچىغا بېرىۋېتىپ قايتىپ كەتكەن. ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدا بەگلەرنىڭ تەۋسىيەسىگە ئاساسەن ئەسەر يازغان ئالىم، يازغۇچىلار خېلى بار. «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن» نىڭ ئاپتورى موللا ئىسمەتۇللا بىننى موللا نېمەتۇللا مۆجىزى ئۆز دەۋرىدىكى «خوتەن شاھى» ئەلىشىر ھېكىم بېگىم ھەزرەتلىرى قۇياشتىن مەنتىدەك بىر ئەرزىمەس غېرىب بىچارە، جۇدالىق دەشتىدە ئاۋارە، غەم ئىلىدە ئەسىر، بارچە ئادەمدىن تۆۋەن كىشىگە (ئۆزىنى دېمەكچى— ئا) بىر يورۇق نۇر چۈشۈپ، مەنتىدەك بىر زەررىنى پەلەك قۇياشىدىن ئۈستۈن مۇنداق يارلىق بولدى: مۇزىكا، كۈي

خۇشاللىق ۋە تۇرمۇش ھۇزۇرىنىڭ سەۋەبچىسىدۇر، شۇڭا پادىشاھتىن گادايغىچە، ئەۋلىيادىن خىرىستىيانغىچە ھەممە ئىنسان بۇ پەردىن شادلىنىدۇ. ئەمما، بۇ پەننىڭ ئالىملىرى ۋە كەشپىياتچىلىرى كىملەر، ئىخلاسمەن يېتەكچىلىرى كىملەر، ئۇستىلىرى كىملەر بۇنى كۆپ سازەندىلەر ھازىرغىچە بىلمەيدۇ. سەن بولساڭ مۇزىكىنى كەشىپ قىلغانسەن ھەم بېيىت مەملىكىتىنىڭ بۇلبۇلدەك سۇلتانى، ئەدەبىيات دۆلىتىنىڭ شېرىن سۆزلۈك ئۇستىسىدۇرسەن. شۇنىڭدەك خۇش پۈتكۈچى ۋە دىلكەش ئېيتقۇچىسەن، مۇشۇ غېرىب پەننىڭ كەشپىياتچىلىرى تارىخىدىن بىر رىسالە پۈتۈن باشقا سازەندىلەرگە يادىكار قىلساڭ قانداق، دېگەن ئىلتىماسنى قىلغانلىقى، شۇنىڭ بىلەن بۇ ئەسەرنىڭ يېزىلغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. شەرق دۇنياسىدا مەشھۇر كىتابلارنىڭ بىرى بولغان «كەلىلە ۋە دىمنە» مۇ سۇلتان ھۈسەيىننىڭ ئوردىسىدىكى يەمەنلىك زات شەيخ ئەھمەد (مەشھۇر ئىسمى سۇھەيلى) دېگەن كىشىنىڭ تاپشۇرۇقى ۋە ئىلتىماسى بىلەن ۋائىز كاشىفى ھەزرەتلىرى ئەرەبچىدىن پارسچىغا «ئەنۋارۇل سۇھەيلى» نامىدا پاساھەتلىك تەرجىمە قىلىپ چىققان (ئەسلى بۇ كىتاب پەھلىۋى تىلىدا بولۇپ، مۇھەممەد ئىبنى ئەلى ئىبنى ئابدۇللا ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئوغلى جەئفەر مەنسۇر ئىمام ئوبۇلھەسەن ئابدۇللا ئىبنى مۇقەففاغا بۇيرۇپ، پەھلىۋى تىلىدىن ئەرەب تىلىغا كۆچۈرگۈزگەن). ھىجرىيە 1130 ـ يىلى مۇھەممەد ئىمامبەگ دېگەن كىشى موللا مۇھەممەد نۇمۇرگە «ئەنۋارى سۇھەيلى»نى پارسچىدىن تۈركىي تىلىغا تەرجىمە قىلىشقا بۇيرۇغان. شۇنىڭ بىلەن «كەلىلە ۋە دىمنە» دېگەن كىتاب تەرجىمە قىلىنىپ تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ بەھرىمەن بولۇشىغا ئىمكان تۇغۇلغان. دېمەك، كىتابنى بۇيرۇپ يازدۇرۇش ۋە تەرجىمە قىلدۇرۇش، بۇنىڭ ئىقتىسادىي چىقىمىنى تارتىشنى نامىنىڭ ساقلىنىپ قېلىشى ئۈچۈن ھەم ساۋابلىق ئىش دەپ بىلگەچكە، مەرىپەتپەرۋەر

بەگلەرنىڭ ئىقتىسادىي ياردىمى ۋە مەنىۋى جەھەتتىكى يار-يۆلەك بولۇشى ئارقىسىدا نۇرغۇن نادىر كىتابلار ۋۇجۇدقا چىقتى. خەلقىمىز ئۇ مەرىپەتپەرۋەر، يىراقنى كۆرەر بەگلەرنى مەڭگۈ شۇ كىتابلار بىلەن بىللە ياد ئېتىدۇ ھەم بۇ ئەنئەنىنى داۋاملاشتۇرۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ.

## كىتاب تەقدىم قىلىش ئادىتى — «ئارمىغان»

قەدىمكى ئۇيغۇر - تۈركىي تىللىق خەلقلەردە ھەر خىل سوۋغىلار بولغان، بۇلارنىڭ ئىچىدە كىتاب سوۋغا قىلىش ئادىتى ئەڭ قەدىرلەشكە ئەرزىيدىغان ئەنئەنىلەرنىڭ بىرى ئىدى. گەرچە «دىۋان»دا كىتاب سوۋغا قىلىشقا دائىر بىرەر ئۇچۇرغا ئىگە بولمىغان بولساقمۇ، ئەسەرنىڭ بېشىغا يېزىلغان مۇقەددىمىسىدە مەھمۇد كاشغەرىي «تۈركىي تىللار دىۋانى» نى يېزىپ بولۇپ ئۆز دەۋرىدىكى ئىسلام دۇنياسىنىڭ خەلىپىسى ئوبۇلقاسىم ئابدۇللا مۇقتەدى بىئەمرۇللاغا ئارمىغان قىلغانلىقىنى تەنتەنە بىلەن جاكارلايدۇ: «بۇ كىتابنى پەيغەمبىرىمىزنىڭ مۇقەددەس ئورنىدا ئولتۇرغان ھاشىم ئۇرۇقىدىن ۋە ئابباسىيلار سۇلالىسىدىن بولباشچى بولغان قوچىمىز، ئىگىمىز، مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى ۋە تەڭرى تەيىنلىگەن خەلىپە مۇھەممەد ئوغلى ئوبۇلقاسىم ئابدۇللا مۇقتەدى بىئەمرۇللا ھەزرەتلىرىگە ئارمىغان قىلدىم». قەدىمكى دەۋردە شەرق دۇنياسىدا كىتاب يېزىپ شاھلارغا، بەگلەرگە تەقدىم قىلىش، كىتابنى بەگلەرنىڭ نامىدا ئاتاش خېلى ئومۇمىي ئادەتكە ئايلانغان. ئۆز دەۋرىدىكى مەرىپەتلىك پادىشاھلار مال-دۇنياغا نىسبەتەن يەتمىلا مەنىۋى سوۋغا — كىتابنى ئەزىز بىلەتتى. چۈنكى، كىتاب مەڭگۈلۈك يادىكار بولۇپ قالاتتى، مال-دۇنيانىڭ ئىزى قالمايتتى. ئۇيغۇرلارنىڭ كىتاب تەقدىم قىلىش ئادىتىنى ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق ئەڭ يۈكسەك پەللىگە يەتكۈزگەن يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆمۈرلۈك تۈپلىغان ئىلغار

بىلىم جۇغلانمىلىرىنى 18 ئايلىق مېھنەتلىك ئەمگەك ئارقىلىق قەغەز يۈزىگە چۈشۈرۈپ، ئۇنى «قۇتادغۇبىلىك» دەپ ئاتاپ، ئۆز دەۋرىدىكى قاراخانىيلارنىڭ ھۆكۈمرانى ھەسەن بۇغراخانغا نورۇزلۇق «تارتۇق» قىلغانىدى. ئۇ نورۇزنامىسىدە مۇنداق قۇرلارنى تىزىدۇ:

99. قايۇسى تۇغاردىن تۇتار مىڭ تانۇق،
قايۇسى باتاردىن تاپۇغچى ئانۇق.

(بەزىلەر شەرقتىن مىڭلاپ سوۋغا «تانۇق» تۇتسا، بەزىلەر غەربتىن خىزمىتىڭگە جان تىكمەكتە.)

112. تالۇ نەڭ تانۇق تۇتتى مىڭ مىڭ ئەلىگ،
مۇنۇ قىل تانۇقى قۇتادغۇبىلىگ.

113. ئۇلارنىڭ تانۇقى كەلىر ھەم بارىر،
مەنىڭ بۇ تانۇق بولدى مەڭگۇ قالىر.

114. نەچە تەرسە دۇنيا تۇكەل ئالقىنۇر،
بىتىسە قالىر سۆز ئازۇن تەزگىنۇر.

115. كىتابقا بىتىندى بۇ خاقان ئاتى،
بۇ ئات مەڭگۇ قالدى ئاي ئەركەن قۇتى.

(مىڭ ـ مىڭچە قۇللار نى ـ نى قىممەتلىك سوۋغىلارنى تۇتتى، مېنىڭ سوۋغام «قۇتادغۇبىلىك»نى قوبۇل قىل، ئۇلارنىڭ سوۋغىسى كېلىدۇ ھەم كېتىدۇ، مېنىڭ بۇ سوۋغام مەڭگۈ قالىدۇ. مال ـ دۇنيا دېگەننى ھەرقانچە توپلىسىمۇ تۈگەيدۇ، يوقىلىدۇ، كىتاب يېزىلسا جاھانغا نام تارىلىدۇ. كىتابىمغا خاقاننىڭ نامى پۈتۈلدى، ئەي تەڭرى تەيىنلىگەن خاقان، بۇ ئات مەڭگۈ قالىدۇ.)

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىدا، جۈملىدىن نورۇز تارىخىدا تەڭداشسىز ئۇلۇغ سوۋغىسى بىلەن مەڭگۈلۈك ئۆلگە ياراتقانىدى. بۇ ئىككى ئالىمنىڭ سوۋغىسى ئەمەلىيەتتە خەلىپىگە، خاقانغا قىلىنغان سوۋغا بولماستىن، ئاۋۋال ئىنسانىيەتكە قىلىنغان قىممەتلىك سوۋغا ئىدى، ئۇنىڭدىن كېيىن خەلقىگە، ۋەتىنىگە، مىللىي مەدەنىيىتىگە، ئەۋلادلىرىنىڭ كەلگۈسى تەقدىرىگە سۇنۇلغان سوۋغا ئىدى. بۇ ئىككى بۈيۈك ئالىمنىڭ خاسىيەتلىك سوۋغىسى بىلەن تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق مەدەنىيەت جۇغلانمىسى، تىل بايلىقى، تەپەككۇر بايلىقى، مىللىي كىملىكى، ئىدېئولوگىيەسى، ئومۇمەن مول بىلىش نەتىجىلىرى ئەۋلادلارغا سوۋغا قىلىنغانىدى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئېيتقاندەك نى - نى ئوردا - سارايلار يوقالدى، شۇنچە سەلتەنەت سۈرگەن شاھ - خاقانلار كەتتى. مانا بۇ ئەقىل - پاراسەتنىڭ مېۋىسى بولغان ئۇلۇغ ئەسەرلەر تارىختىكى دەھشەتلىك ئوڭۇشسىزلىقلار ئۈستىدىن غالىب كېلىپ، جاھاننىڭ ئىلىم بېغىنى نۇرغا چۆمدۈردى.

بۇ ئىككى ئالىم باشلاپ بەرگەن كىتاب سوۋغا قىلىش ئەنئەنىسى كېيىنكى ئەۋلادلىرىغا مىراس قېلىپ، نەچچە مىڭ ئېسىل كىتابلارنىڭ بارلىققا كېلىشىگە مەنىۋى تۈرتكە ۋە ئۈلگە بولدى. «تارىخى رەشىدى»نىڭ ئاپتورى مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كۆرەگان كىتابىنى سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئۆز دەۋرىدىكى خانى سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ نامىدا يېزىپ، ئابدۇرەشىدخانغا تەقدىم قىلغانىدى. ئاپتور سەئىدخاننىڭ چوڭقۇر مېھرىبانلىقى ۋە كۆڭۈل قويۇپ تەربىيەلەپ يېتۈك ئىستىبدات ئىگىسى قىلىپ چىققانلىقىغا چوڭقۇر مىننەتدارلىق بىلدۈرگەندىن كېيىن، «ئۇ مۇئامىلىلەرنى خاننىڭ ماڭا قىلغان ئېھسانلىرى ۋە مۇرۇۋۋەتلىرىگە مۇقابىلە قىلىمەن. مەيلى قوبۇل قىلسۇن، رەت قىلسۇن بۇ كىتابىمنى خاننىڭ پەرزەنتىنىڭ ئىسمىغا ئاتاپ يازىمەن، تاكى بۇ كىتاب مەندىن ئۇنىڭغا ۋە ئالەم ئەھلىگە

يادىكار قالغاي» دېگەن. ئەلىشىر نەۋايى ئۆزىنىڭ خېلى كۆپ ئەسىرىنى ھۈسەيىن مىرزا ساھىبقىراننىڭ نامىغا يازغان ۋە ئۇنىڭغا تەقدىم ئەتكەنىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ «مەجالىسۇن نەفائىس» دېگەن ئەسىرىدە كىتابىنى ئەمىرلەرنىڭ نامىدا يېزىش ۋە ئۇلارغا تەقدىم قىلىشنىڭ بىرقانچە مىساللىرىنى بەرگەنىدى. يەنى «ئابدۇراخمان جامى ئۆزىنىڭ «باھارىستان» ناملىق ئەسىرىنى سۇلتان ساھىبقىران (ھۈسەيىن بايقارا)نىڭ نامى بېزەكلىرى بىلەن زىننەتلەپتۇ ۋە ياخشى خىسلەتلىرىنىڭ گۆھەرلىرى بىلەن تاجىدار قىلىپتۇ»، يەنە «ئەمىر دەۋلەتشاھمۇ سۇلتان ساھىبقىران نامىغا «شائىرلار تەزكىرىسى» ناملىق كىتابىنى يېزىپتۇ» دېگەن. بۇنداق مىساللار ناھايىتى كۆپ.

كىتابنى ھەتتا ئۆزىنىڭ بالىسىدىن ئەزىز بىلگەن خەلقىمىز، كىتاب يېزىشنى مەڭگۈلۈك قىسمەت دەپ قارىغان. ئۇنى ھەم ئىنسانلارغا قىلغان ئەڭ ئېسىل، مەڭگۈلۈك سەدىقە دەپ چۈشەنگەن. بىرىگە بىر كىتابنى سوۋغا قىلىش ئارقىلىق ئۈزۈلمەس ساۋابقا ئىگە بولۇش ئىستىكىدە بولغان خەلقىمىز، كىتاب سوۋغا قىلىشنى ئەنئەنىگە ئايلاندۇرغان. بۈگۈنكى بىلىم ئىگىلىكى دەۋرىدە بۇ ئەنئەنىنى داۋاملاشتۇرۇش خەلقىمىزنىڭ ئۇنىۋېرسال ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، مەدەنىيلىك دەرىجىسىنى ئاشۇرۇشتا زور رول ئوينايدۇ.

## كېچىلىك ئولتۇرۇش — «سۇرچۇك»

قەدىمكى ئۇيغۇرلاردا مەشرەپنىڭ تۈرى، شەكلى ۋە مەزمۇنى كۆپ بولغان. «سۇرچۇك» مۇ قەدىمكى مەشرەپ تۈرلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، بۇ قاتار بەزمە ـ مەشرەپتىن پەرقلىنەتتى. قاتار مەشرەپ قىش كۈنلىرى ئېلىپ بېرىلسا، سۇرچۇك ھەرقانداق پەسىلدە كەچتە ئۆتكۈزۈلەتتى. شۇڭا، «سۇرچۇك»نى مەشرەپ، كېچىلىك

تولتۇرۇش (I. 624) دەپ ئىزاھلىغان. ھازىر كىشىلەر ئۈزۈن كېچىلەرنى ئېلىپ ئولتۇرۇش، رېستوراندا ئولتۇرۇش ئارقىلىق ئۆتكۈزسە، قەدىمكى زاماندا كەچتە يىغىلىشىپ مەشرەپ ئۆتكۈزۈپ، بىر كۈنلۈك ھاردۇقنى چىقىراتتى. بىز بۇ مەلۇماتنى كۆرگەندە، كۆز ئالدىمىزدا نەۋقىران يىگىتلەر، ئوتتۇرا ياشلىق قىرانلار، پېشقەدەملەرنىڭ قۇرداشلىرى بىلەن يىغىلىشىپ، قويلارنى سويۇپ، ئۆرىكە قىلىشىپ، يەيا، ئىكەمە، داپ قاتارلىق قەدىمكى چالغۇلىرىنى تەڭكەش قىلىپ ھاياتقا بولغان گۈزەل ئىستەكلىرىنى، ئەدەپ-ئەخلاققا بولغان تەلەپ-تەۋسىيەسىنى، مۇھەببەت ھېسسىياتلىرىنى ئىپادىلەۋاتقان مەنزىرە نامايان بولىدۇ.

## ئۇلۇغلارنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ «بۇت» (فىرۇزە) تاقىشى

مەھمۇد كاشغەرىينىڭ مەلۇماتىدا، قاراخانىيلاردا خانزادە، بەگزادىلەر، مەلىكىلەر ئۆز دەۋرىدە باشقىلاردىن پەرقلىنىش ئۈچۈنمۇ، پاكى مەرتىۋىسىنى ئىپادىلەش ئۈچۈنمۇ ئەيتاۋۇر، ماڭلىيىغا فىرۇزە (يېشىل ياقۇت) تاقايدىغان ئەنئەنە بار ئىكەن. «بۇت — بىر خىل قىممەتلىك، چوڭ يېشىل چەش (فىرۇزە) بولۇپ، ئۇلۇغلارنىڭ ئوغۇل ۋە قىزلىرى ماڭلىيىغا تاقايدۇ. «قىز فىرۇزە تاقىلدى» (III. 166).

ھازىرغىچە بولغان تەتقىقاتلاردا ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇلۇغلىرىنىڭ ئارىسىدا بۇنداق ئادەتنىڭ بارلىقى تىلغا ئېلىنمىغانىدى. بەزى سەنئەت نومۇرلىرىدا خانىشلارغا، مەلىكىلەرگە پېشانىسىگە يېشىل ياقۇت تاقايدىغان ئادەت ئىپادىلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن شاھزادە ۋە بەگزادىلەرنىڭمۇ پېشانىسىگە يېشىل ياقۇت تاقايدىغان ئادەت گەۋدىلەندۈرۈلمىدى. تارىخىي ۋەقەلەرنى سەنئەت شەكلىدە ئورۇنداپ چىققاندا بۇ ئىشقا ئەھمىيەت بېرىشكە ئەرزىيدۇ.

## خاتىرە كۈنى — «بەزرەم»

قەدىمكى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئىسلامىيەتتىن بۇرۇن نۇرغۇن بايرام كۈنلىرى بولغانلىقى مەلۇم، ئىسلامىيەتتىن كېيىن، كۆپ بايراملىرىمىز قېپقېلىپ، پەقەت نورۇز بايرىمىلا مىللىي بايرام سۈپىتىدە ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلگەن. «بەيرەم» دېگەن سۆز ھازىر «بايرام» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. بۇ تەبرىك، خۇشال ـ خۇراملىق، ئويۇن ـ تاماشا دېگەن مەنىنى بىرەتتى. چۈنكى، بايرام دېگەن شۇ خەلقنىڭ ھاياتىدا تۇرمۇشقا خۇشاللىق، بەخت ئېلىپ كەلگەن قۇتلۇق كۈن بولغاچقا، ھەممە ئادەم خاپىلىق، كۆڭۈلسىزلىكلىرىنى ئۇنتۇپ، بايرام تەنتەنىسىگە چۆمۈلەتتى. مەھمۇد كاشغەرىي «بەزرەم» نى كىشىلەر ئارىسىدىكى شاد ـ خۇراملىق، ئويۇن ـ تاماشا دەپ يەشكەندىن كېيىن يەنە: «نۇر ۋە گۈل ـ چېچەكلەر بىلەن بېزەلگەن يەرمۇ بەزرەم — كۆڭۈل ئاچىدىغان يەر» دېيىلىدۇ، دېگەن (I . 630) ۋە بۇ سۆزنىڭ ئەسلىسىنى ئۆزىنىڭمۇ بىلمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئوغۇزلار «بەيرەم» دەيدۇ، پارسلار «بەزرەم» دەيدۇ. بۇ شاد ـ خۇراملىق، ئويۇن ـ تاماشا كۈنى دېگەن بولىدۇ دېگەن. بۇ يەردە بىزگە تەسىر قىلىدىغان مۇھىم بىر تەرەپ شۇكى، نۇرغا پۈركەنگەن، گۈل ـ چېچەك بىلەن بېزەلگەن زېمىنمۇ «بايرام» نامىدا ئاتىلىپ، شاد ـ خۇراملىققا، نۇرغا، گۈل ـ چېچەككە پۈركەنگەن زېمىن، دېگەن مەنىنى بىرىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ئېستېتىك تۇيغۇ، بۇ بىزگە بايرامنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى چۈشىنىشىمىزگە ئاساس بولىدۇ. ئەلدە بايرام بولمىسا، ئەلبەتتە بايرام خۇشاللىقى بولمايدۇ. زېمىن كۈلمىسە، ئەلنىڭ چېھرىدە بايرام شادلىقىنى كۆرگىلى بولمايدۇ. دېمەك، بايرام دېگەن زېمىننىڭ كۈلكىسى بىلەن ئەلنىڭ كۈلكىسى بىرلەشكەندە ئاندىن ھەقىقىي مەنىگە ئىگە بولىدۇ. بۇ تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ نۇرنى، گۈل ـ چېچەكنى ياخشى

كۆرىدىغانلىقى، بايراملاردا زېمىننى گۈل - چېچەكلەر ئورايدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولىدۇ. نورۇز بايرىمى ئەمەلىيەتتە تەبىئەت بايرىمى، كۆكلەم بايرىمى، گۈل - چېچەك بايرىمى، زېمىننىڭ گۈل - چېچەككە پۈركىنىدىغانلىقىنى تەبرىكلەش بايرىمى ئىدى. شۇڭا، قەدىمدىن تارتىپ خەلقىمىزدە گۈل مۇقەددەس بەختكە سىمۋول بولۇپ كەلدى. قىز - يىگىتلەر بىر - بىرىگە گۈل تۇتۇش ئارقىلىق بەختكە بولغان ئىنتىلىشى ۋە ئارزۇسىنى ئىپادىلەشتى. بىز «دىۋان»دا يەنە بايرامنىڭ مول ھوسۇل تەنتەنىسىنى، غەلىبىسىنى ئىپادىلەيدىغانلىقى ھەققىدىكى شېئىرلارنىمۇ ئۇچرىتىمىز.

ئۆرۈق باشى قازلايۇ
ساغراق تولۇ كۈزگەيۇ
ساقنىنچ قوزى كىزلەيۇ
تۈن - كۈن سەۋنەلىم

(ئۆرۈق بېشى غاز (بويىنى)غا ئوخشاپ (تۇرماقتا)
ساغەر تولۇپ كۈزگە ئوخشاپ (تۇرماقتا)
قايغۇنى چوڭقۇر كۆمۈۋېتىپ،
كېچە - كۈندۈز سۆيۈنەيلى.)

يەنە شېئىردا: يىگىتلەرنى ئىشلىتىپ، مېۋىلىك دەرەخلەرنى ئىرغىتىپ، قولان، كېيىك ئوۋلىتىپ، بايرام قىلىپ سۆيۈنەيلى دېيىلگەن. دېمەك، بايرام تەنتەنە، خۇشاللىق، تەبرىك، قۇتلۇق تىلەك بىلەن ئەۋجىگە چىققان.

### «تۇغدى»، «يەڭگىدى»نى ئاياللاردىن باشقىغا ئىشلەتمەيدۇ

مەھمۇد كاشغەرىي «يەڭىدى» (يەڭگىدى، تۇغدى) دېگەن سۆز پەقەت خوتۇنلارنىڭ تۇغۇتىغىلا ئىشلىتىلىدۇ. يەنى «يەڭگىدى،

خوتۇن يەڭگىدى، تۇغدى» دەپ ئېلىنىدۇ. ھايۋانلارغا نىسبەتەن «يەڭگىدى» «تۇغدى» دېگەن سۆز پەقەت ئىشلىتىلمەيدۇ دەپ مۇنداق مىساللارنى كەلتۈرىدۇ: ئىنەك بوزۇغۇلادى، ئەگەر قوش بالىسىغا «بالا» دېيىلىدۇ. «قوش تۇغدى» دېمەكچى بولسا، يۇقىرىقى قائىدىگە مۇۋاپىق قوش بالالىدى — قوش بالىلىدى» دېيىلىدۇ. قالغان ھايۋانلارغا نىسبەتەن بايتال تۇغدى دېمەي، كىسراق كۇلۇنلادى - بايتال قۇلۇنلىدى، ئارسلان تۇغدى دېيىلمەي، ئارسلان ئەنۈكلىدى — ئارسلان كۈچۈكلىدى دېيىلىدۇ (III. 124) دەپ چۈشەندۈرگەن. ھازىرقى زاماندا چارۋىچى خەلقلەردە بۇ خىل تىل ئادىتى داۋاملىق ساقلىنىپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇيغۇرلاردا ۋە شەھەرلەشكەن تۈركىي تىللىق خەلقلەردە بۇ قائىدە ئۇنتۇلۇشقا باشلاپ، «قوي قوزىلىدى» دېگەننىڭ ئورنىغا قوي تۇغدى، «ئىنەك موزايلىدى» دېگەننىڭ ئورنىغا ئىنەك تۇغدى، «تۆگە قۇلۇنلىدى» دېگەننىڭ ئورنىغا تۆگە تۇغدى، دەپ ئىشلىتىدىغان بولدى. ھەتتا ھازىرقى كىشىلەردىن تۆگىنىڭ بالىسىنى نېمە دەيدۇ، ئاتنىڭ بالىسىنى نېمە دەيدۇ دەپ سورىسا، ئېشەكنىڭ بالىسىنى نېمە دەيدۇ، دېسە دەپ بېرەلمەيدىغانلار خېلى بار. خەلقىمىز ئادەم بىلەن ھايۋاننىڭ «تۇغۇش»نى ئاڭسىز ھالدا شۇنداق پەرقلەندۈرگەن ئەمەس، ياكى بۇ پەقەت تىل ئادىتىدىكى ئىش ئەمەس، بەلكى ئادەم دېگەن ئادەم، ھايۋان دېگەن ھايۋان، بۇ ئىككىسىنى خاراكتېر جەھەتتىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن يۇقىرىقىدەك پەرقلەرگە ئەمەل قىلغان. بۇ ئادەتنى تەرك ئېتىش تىل ئادىتىگە مۇخالىپ بولۇپلا قالماي، مەدەنىيلىك جەھەتتىمۇ چېكىنگەنلىك ھېسابلىنىدۇ.

## تەگرى ئەلچىسى بىلەن خان ئەلچىسىنى پەرقلەندۈرۈش

تەگرى ئەلچىسى — پەيغەمبەر بىلەن بەگ ئەلچىسى — يالىۋاچ، ساۋ، ئۇيغۇرلاردىن باشقا قەبىلىلەردە

پەرقلەندۈرۈلمىگەن، بىراق، ئۇيغۇرلار بۇ ئىككى ئۇقۇمنى بىر ـ بىرىدىن پەرقلەندۈرۈپ ئاتىغان. «قىرغاغ، كايىش، يەگ ياكى خاننىڭ ئۆز قول ئاستىدىكىلەرگە غەزەپلىنىشى. ئۇيغۇرچىدا تەڭرىنىڭ ئەلچىسى «يالۋاچ»، خاننىڭ ئەلچىسى «يالىۋار» دەپ پەرقلەندۈرۈلگەندەك، تەڭرىنىڭ بەندىنى قارغىشى بىلەن بەندىنىڭ قول ئاستىدىكىلەرنى قارغىشى، ئۇلارغا غەزەپلىنىشىنى پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن «ق» ھەرپى ئالدىنقى مەندە قەتئىيلىك، كېيىنكى مەندە (خاننىڭ قارغىشى، غەزىپىنى بىلدۈرگەندە) كەسرلىك قىلىنىدۇ (Ⅱ . 421). قائىدە بويىچە تەڭرىنىڭ مەرتىۋىسىنى بەندىنىڭ مەرتىۋىسى بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋېتىش، تەڭرىنىڭ ئەلچىسى بىلەن بەندىنىڭ ئەلچىسىنى پەرقلەندۈرمەسلىك، خاراكتېر جەھەتتە گۇناھ قاتارىغا كىرىدۇ. بۇ نۇقتىدىن چىقىپ ئۇيغۇرلار ئىككى ئۇقۇمنى پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن ھەرپ ـ تاۋۇش ئالماشتۇرۇش بىلەن بۇ مەسىلىنى ھەل قىلغان. بۇ يەردە يەنە بىر مۇھىم تارىخىي مەسىلە ئايان بولىدۇ. مەھمۇد كاشغەرىي بۇ ئەسەرنى يېزىۋاتقاندا، مۇسۇلمان بولمىغان ئۇيغۇرلارنى «كاپىر ئۇيغۇرلار» دەپ ئاتىغان، خاقانىيە ئۇيغۇرلىرىنى ئۇيغۇر دەپ ئاتىماي، تۈرك دېگەن نام بىلەنلا ئاتىغان. بىراق، يۇقىرىقى بايان خاقانىيە تۈركلىرىنىڭ ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇرلار يەنى مۇسۇلمانلاشقان ئۇيغۇر ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشتە ئازراق بولسىمۇ بىر ئۇچۇر بېرىدۇ. چۈنكى، قوچو ئۇيغۇرلىرىدا پەيغەمبەر ئۇقۇمى يوق، يەنى بۇددا دىنىدا پەيغەمبەر ئۇقۇمى يوق، پەيغەمبەر ئۇقۇمى خىرىستىيان دىنى بىلەن ئىسلام دىنىدا بار. مەھمۇد كاشغەرىي ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ ئىككى ئۇقۇمنى پەرقلەندۈرۈشى، تەڭرىنىڭ مەرتىۋە، ئورنىنى يۇقىرى قويىدىغانلىقىنى تىلغا ئالغاندا دەل خاقانىيە ئۇيغۇرلىرىنى كۆزدە تۇتقان.

## قاتار بەزمە، مەشرەپ

«سوغدىچ، قاتار بەزمە، قىش كۈنلىرى دوستلار ئارا نۆۋەت بىلەن بولىدىغان مەشرەپ» (I . 593)، «كەنچەك تىلىدا قاتار مەشرەپ «شەبنۇي» دەپ ئاتالغان» (III . 329).

ئۇيغۇر خەلقى قەدىمدىن بېرى ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ئارام ئېلىش، ئويناشنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئەقىلگە مۇناسىپ ماسلاشتۇرۇپ كەلگەن. ئادەم بۇ دۇنياغا پەقەت ئىشلەش، يېيىش ئۈچۈنلا كەلگەن ئەمەس، بەلكى تۇرمۇشتىن ھۇزۇرلىنىش، ھاياتنى ئۈزلۈكسىز بېيىتىپ مەنىلەر بىلەن بېزەشنىمۇ ھاياتنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى دەپ بىلگەن. ئەمگەك بولمىسا ھاياتنىڭ مەنىسى بولمايلا قالماي بەلكى ھاياتمۇ بولمايدۇ. ئەمگەك قىلىشنىلا بىلىپ كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ رەڭگارەڭ، مەيتۇنكار قاينىمىدا ئۈزۈشنى بىلمىسە قىلغان مېھنەتنىڭ ئەھمىيىتى بولمايدۇ. ئادەمنىڭ ماھىيىتى ئۈزلۈكسىز ۋە مەڭگۈ يېڭى تۇرمۇشنى بەرپا قىلىش ۋە يېڭى تۇرمۇشقا ئىنتىلىشتىن ئىبارەت. ئادەم قانائەتسىزلىك ئىچىدە ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشنى بېيىتىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىدۇ. مانا شۇنداق چەكسىز ئىنتىلىش كۈچى بولغانلىقى ئۈچۈنلا قەدىمكى ئىپتىدائىي تۇرمۇشتىن ھازىرقى زامانىۋى تۇرمۇشقا تەرەققىي قىلالىدى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇنداق قانۇنىيەتنى خۇلاسىلەپ مۇنداق يازغان:

687. پۈتۈن كونا نەرسە يېقىمسىز بولۇر،
يېقىمسىز يۈكى، كۆر، كۆڭۈلسىز كېلۇر.

688. يېڭى نەرسە بولسا، كونا نە كېرەك،
سەرە نەرسە بولسا، يامان نە كېرەك.

689. يۇتۇن تىم ۋە لەززەت يېگىدا بولۇر،
بۇ لەززەتنى ئىستەپ كىشى قىينىلۇر.

مانا بۇ كىشىلىك جەمئىيەتنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىشى، يېڭىلىنىشنىڭ قانۇنىيىتى ۋە ئىنسان تەبىئىتىنىڭ ئىپادىسى. ئادەم دېگەن بىر نەرسىگە ئېرىشكەندىن كېيىن يەنە بىر نەرسىگە ئېرىشىشنى ئىستەيدۇ، ئۇ نەرسىگە ئېرىشكەندىن كېيىن يەنە بىر ئىستەك تۇغۇلىدۇ. مانا شۇنداق چەكسىز ئىنتىلىش، قانائەتسىزلىك ئىچىدە تەرەققىيات، يېڭىلىنىش بارلىققا كېلىدۇ. مانا بۇنداق تەرەققىيات، يېڭىلىنىش ۋە ئۆنىگەدىن بەھرىمەن بولۇش ئارقىلىق بەخت قارار تاپىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش كىشىلەر ھەرقاچان بىر خىللا تەكرارلىنىپ تۇرىدىغان تۇرمۇشتىن زېرىكىدۇ، كۈنلەر ئوخشاش ئۆتسىمۇ، تۇرمۇش ئوخشاش ئۆتسە مەنىسىز بولىدۇ. ھەتتا ئادەم بىرلا خىل يېڭىلانمايدىغان تۇرمۇشنىڭ ھۇزۇرىدىن زېرىكىدۇ. ھەرقاچان بىرلا خىل مەشغۇللۇق بىلەن ئۆتۈش تۇرمۇشتا زېرىكىش، بىزارلىق، مەنىسىزلىككە ئېلىپ كېلىدۇ. بىرلا خىل تەكرارلىنىدىغان، يېڭىلانمايدىغان تۇرمۇشنىڭ ھۇزۇرىمۇ، بەختىمۇ بولمايدۇ. بەزىدە ئادەم تۇرمۇشىدا ئوڭۇشسىزلىقلارغا، يامان كۈنلەرگە قېلىشىمۇ ھاياتقا يېڭى مەزمۇن قوشىدۇ. شۇندىلا باياشات تۇرمۇشنىڭ، بەختنىڭ قىممىتىنى ھېس قىلالايدۇ. مانا شۇ قانۇنىيەتنى ھېس قىلغان ئۇيغۇرلار قەدىمدىن بېرى ھەر خىل رەڭگارەڭ، ئۆزگىرىشچان ماددىي ۋە مەنىۋى، مەدەنىي پائالىيەتلەر ئارقىلىق تۇرمۇشىنى بېيىتىپ ماڭغان. ئۇيغۇرلار ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئالدىراش بولمىغان زىمىستان قىش كۈنلىرىنى مەنىلىك، ئەھمىيەتلىك ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ھەر خىل، ھەر ياڭزا مەنىۋى پائالىيەت - ئويۇنلارنى بارلىققا كەلتۈردى. قاتار بەزمە - مەشرەپ مانا شۇنداق مەنىۋى پائالىيەت - ئويۇنلارنىڭ

بىرى ھېسابلىنىدۇ. دېھقانلار كۈزلۈك يىغىمنى يىغىپ بولۇپ، چارۋىچىلار تاغدىن قويلىرىنى ئېغىللارغا يىغىپ بولۇپ زىمىستان قىشقا ئۇلىشىش بىلەن بىر «ئۇھ» دەيدۇ. ئەمدى ئۇلار مەھەللە - مەھەللىلەردىن، يۇرت - يۇرتلاردىن يىغىلىشىپ، قىشلىق ئوغلاق تارتىشىش، ئات بەيگىسى، چەۋگەن ئويۇنى، قارىغا ئېتىش ئويۇنى («دىۋان»دا «قىبىرىن ئېتىش ئويۇنى» دەپ ئېلىنغان)، ئىت تالاشتۇرۇش، قوچقار سوقۇشتۇرۇش، بۇقا سوقۇشتۇرۇش قاتارلىق ئويۇنلار، مۇسابىقىلەر ئەۋجىگە چىقىدۇ. بۇ ئويۇنلاردا ئۇتتۇرۇپ قويغانلار غالىب تەرەپكە مەشرەپ ئورۇنلاشتۇرىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئويۇندىن ئويۇن چىقىرىپ زىمىستان قىشنى ئويۇن - تاماشا ئىچىدە ئۆتكۈزۈشكە تىرىشىدۇ. بۇ خىل پائالىيەتلەرنىڭ سىرتىدا قالغانلار ئۆزلىرى تەشكىللىنىپ چەك تارتىشىش ئارقىلىق قاتار بەزمە - مەشرەپ باشلايدۇ. ئۇيغۇر مەشرەپلىرىنىڭ مەزمۇنى ئىنتايىن مول، مۇكاپاتىمۇ، جازاسىمۇ بار. ئاچچىقىمۇ، تاتلىقىمۇ بار، كۈلكىسىمۇ، نەغمىسىمۇ بار، چاقچاقلىرىمۇ، شېئىر - قوشاقلىرىمۇ بار. ئومۇمەن، ئۇيغۇر مەشرەپلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئاۋام مائارىپىنىڭ خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە مۇھىم بىر قىسمى. ئۇ تۇرمۇشنى، ھاياتنى ئۆزگىچە بىر ئۇسلۇب، ئاجايىپ بىر جانلىق ئىتوت بىلەن تونۇش، چۈشىنىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلىدۇ. مەشرەپ كۆرمىگەن ئادەمنى پىشمىغان، خاراكتېرى يېتىلمىگەن ھېسابلايدۇ. شۇڭا، يىگىتلىك مەۋسۇمىغا كىرگەن باللارنىڭ مەشرەپكە قاتنىشىش شەرىپىگە ئېرىشىشى، ئۇلارنىڭ جەمئىيەتكە قاتنىشىش سالاھىيىتىگە ئېرىشكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. مەشرەپ كىشىلەرنى ئەقلىي جەھەتتىن چېنىقتۇرىدۇ، دۇنيادا بولۇۋاتقان يېڭىلىقلاردىن خەۋەردار بولۇش پۇرسىتىگە ئىگە قىلىدۇ. نۇرغۇن شېئىر ۋە قىسسىلەرنى ئاڭلايدۇ، شوخ چاقچاقلار ئىچىدە ئورگانىزمى خۇشلۇق تاپىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا

كىچىكلىتىلگەن جەمئىيەت نامايان بولىدۇ. تۇرمۇشتى ئۆگىنىدۇ، ئەدەپ - ئەخلاق ئۆگىنىدۇ. ئۆزىگە دوست ۋە قولداش تاپىدۇ. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىڭلىغان، ئون مىڭلىغان شېئىر - قوشاقلىرى، ئالىملىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىقىشقا ئىلھام ۋە مەدەت بولغان مەشرەپلەردىكى مۇشائىرىلەر، ئىلمىي مۇنازىرىلەر تەپەككۇرنى چېنىقتۇراتتى. مانا بۇ ئۇيغۇر مەشرەپلىرىنىڭ بىر بېتى. باشقا بەتلىرىنى ئاچقاندا تېخىمۇ چوڭقۇر، ئەھمىيەتلىك سەھىپىلەرنى كۆرۈش مۇمكىن.

ئۇيغۇر مەشرىپى ئۇنىۋېرساللىققا ئىگە «جەمئىيەت مەكتىپى». ئۇنىڭ بالىلارغا خاس داستىخىنى، ئاياللارغىمۇ ئاچىدىغان ساخاۋىتى بار. ئۇيغۇر مەشرەپلىرى تەبىقە ئايرىمايدۇ. يۇقىرى تەبىقىلەر تۇرمۇشتا باياشات بولغان بىلەن ئۇلار مەشرەپسىز ئۆتەلمەيدۇ. ئاياللارنىڭ تۇرمۇشى گەرچە غۇربەتچىلىكتە ئۆتسىمۇ، يۇلار مەشرەپلەردىن ھاياتنىڭ گۈزەل، مەنىلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ. ئۇيغۇر خەلقى مانا شۇنداق مەشرەپ سورۇنلىرىنى خۇددى قاتار بەزمىلىرىدەك بىرىدىن بىرىگە ئۇلاپ، بىر دەۋردىن يەنە بىر دەۋرگە، ئەسىرلەردىن ئەسىرلەرگە ئۆتكۈزۈپ ئانا مەشرىپىمىزنىڭ كۈچ ئۇلاش كالتىكىنى بىزگە ئۇتۇقلۇق يەتكۈزۈپ بەردى. ئەمدى 21 - ئەسىرنىڭ ھەقدار ئەۋلادلىرى بولغان بىزلەر مەشرەپلىرىمىزنى دەۋرنىڭ ئېھتىياجى ۋە تەلىپىگە، خەلقىمىزنىڭ ئۈزلۈكسىز يېڭىلىنىپ، ئۆزگىرىپ تۇرۇۋاتقان تۇرمۇشىغا ماس ھالدا تەرەققىي قىلدۇرۇش، مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتىن ھاياتىي ئىقتىدارىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈشىمىزگە توغرا كېلىدۇ.

ھازىر ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىدا زور ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى. دۇنيا مەدەنىيىتى يۈكسەك پەللىگە يەتكەن بىلەن ئۇيغۇر مەدەنىيىتىدە چېكىنىش خاراكتېرلىك ياتلىشىش يۈز بەرمەكتە. ئۇيغۇر مەشرەپلىرىمۇ مانا شۇنداق بىر تەرەپتىن، ئۆزىنىڭ رەڭدار مەزمۇنلىرىنى، نۇرانە جىلۋىسىنى خۇنۇكلەشتۈرۈپ، يەنە

بىر تەرەپتىن، بارغانسېرى خاراكتېرىنى ئۆزگەرتىپ يانلىشىشقا يۈزلەنمەكتە. ھازىر بارلىققا كەلگەن «قاتار چاي» مانا شۇ يانلىشىشنىڭ بىر ئىپادىسى بولۇپ، ئۇ ھازىر ئەنئەنىۋى قاتار بەزمە ـ مەشرەپلىرىمىزنىڭ ئورنىنى باسقىلى تۇردى. بىراق، بۇ قاتار چايلار كىشىلەرگە ياخشىلىقتىن كۆپرەك يامانلىق، خۇشاللىقتىن كۆرە خاپىلىق، ئەخلاق ـ پەزىلەت مەكتىپى بولۇشتىن كۆرە ئەنئەنىۋى ئەخلاق ـ پەزىلىتىمىزگە جەڭ ئېلان قىلىدىغان، ئائىلىلەرنى بۇزۇپ، بالىلارنى يېتىم قىلىدىغان يامان خاراكتېرلىك يۈزلىنىشكە يول ئېچىپ بېرىۋاتىدۇ. ئەگەر بۇنداق كېتىۋەرسە مەشرەپلىرىمىزگە يۈز كېلەلمەيمىز، ئەجدادلىرىمىزغا يۈز كېلەلمەيمىز. بىز پاك، ساغلام مەشرەپلىرىمىزنىڭ ئويغاق بىر ئەۋلاد قولىدا يېڭى قىياپەت بىلەن تەرەققىي قىلىشىنى، جانلىنىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

## توپۇق ئويناش ئادىتى

«دىۋان»دا «ئىلىشدى» سۆزىگە مىسال جۈملە تۈزۈپ: «مېنىڭ بىلەن توپۇق ئويناشتى» (Ⅰ. 256) دېگەن. بۇ ھازىرغىچە ئۇيغۇرلار ئىچىدە داۋاملاشقان توپۇق ئويۇنىنىڭ قەدىمكى دەۋرلەردىن تارتىپ داۋاملىشىپ كەلگەن ئەنئەنە ئىكەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن بىزگە مەلۇم بولغان يازما مەلۇمات.

قەدىمكى دەۋردە توپۇق ئويۇنىنىڭ قانداق ئۇسۇلدا ئوينىلىدىغانلىقى بىزگە قاراڭغۇ. ھازىرقى زاماندا ئۇيغۇرلار ئىچىدە ئوينىلىدىغان «توپۇق ئويۇنى» مۇنداق بولىدۇ: قوينىڭ يانپېشىدىن چىقىدىغان توپۇق سۆڭىكى چىققان ئادەم بىللە قىزلانغان سورۇنداشلىرىدىن بىرىنى (ئۇ ئايال بولسىمۇ بولىدۇ، ئەر بولسىمۇ بولىدۇ، قېرىنداشلىرى بولسىمۇ بولىدۇ، دوستلىرى بولسىمۇ بولىدۇ، ئۆزى ئىشەنچ قىلغان، توپۇق ئويۇنىغا ئەمەل قىلالايدىغان ساداقەتمەن، مەرد ئادەم بولسىلا كىم بولسا

چەكلەنمەيدۇ) تاللاپ توپۇق ئويۇنى ئويناشقا تەكلىپ قىلىدۇ. تاللانغان يۇرادىرى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، توپۇقنى كىم ساقلايدىغانلىقى بېكىتىلىدۇ ياكى چەك تاشلاپ توپۇقنى ساقلىغۇچى بېكىتىلىدۇ. ئارقىدىن ۋاقىت توختىتىلىدۇ. چەك بەلگىلىنىدۇ. بىر ئاي بولسىمۇ بولىدۇ، بىر يىل بولسىمۇ بولىدۇ، ھەتتا ئون يىل بولسىمۇ بولىدۇ. مانا شۇ مۇددەت ئىچىدە توپۇق ئوينىغۇچى توپۇق ساقلىغۇچى كىشىدىن بەلگىلەنگەن مۇددەت ئىچىدە خالىغان ۋاقىتتا «توپۇقۇمنى بەر» دەپ سورايدۇ. توپۇقنى ساقلىغۇچى توپۇقنى چىقىرىپ بېرەلىسە، توپۇق ساقلىغۇچى ئۇتقان بولىدۇ. توپۇقنى دەرھال يېنىدىن چىقىرالماي قالسا ئۇتتۇرغان بولىدۇ (ئۆيدە ئىدى دېيىشكىمۇ بولمايدۇ). توپۇق سورىغۇچى توپۇقنى توپۇق ساقلىغۇچى ھەرقانداق ھالەتتىكى ۋاقىتتا بولمىسۇن چەكلىمىگە ئۇچرىماي سوراۋېرىدۇ. سۇغا چۈشۈۋاتقان بولسۇن، ئىشلەۋاتقان ۋاقىتتا بولسۇن، توپۇقنى سورىغۇچى توپۇق ساقلىغۇچىنىڭ توپۇقنى چىقىرىپ بېرەلمەيدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەندە ئاندىن سورايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇتتۇرغۇچىنىڭ شەرتى خېلى ئېغىر بولىدۇ. بىر قېتىم مەشرەپ ئورۇنلاشتۇرۇپ بېرىشى، قوي سويۇپ، دوستلارنى مېھمان قىلىشى، ئۇتقۇچىغا تون كىيدۈرۈشى قاتارلىق شەرتلەر قويۇلىدۇ. سەزگۈر كىشىلەر ھەتتا سۇغا چۈشۈۋېتىپمۇ توپۇقنى ئېغىزىغا سېلىۋېلىپ سۇغا چۈشىدۇ. كۆپىنچە ئادەم ئاساسەن توپۇقنى يىپ ئۆتكۈزۈپ زىننەت بۇيۇمى سۈپىتىدە بوينىغا ئېسىۋېلىپ يۈرىدۇ.

بۇ ئويۇن كىشىلەردە ۋاپا، ساداقەت تۇيغۇسىنى يېتىلدۈرىدۇ، دوستلار ئارىسىدىكى ئۇيۇشۇش كۈچىنى ئاشۇرىدۇ، مۇھەببەتنى چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ، ئىشەنچنى ئاشۇرىدۇ. ئادەمگە چىدام، غەيرەت ئاتا قىلىدۇ، قانداق شارائىتلاردا بولسۇن مانا شۇ توپۇق كىشىلەرنى بىر ـ بىرىگە باغلاپ تۇرىدىغان ۋاپا رىشتىسى بولۇپ رول ئوينايدۇ. بۇنداق بولۇشىدا توپۇق سۆڭەكنىڭ

ئالاھىدىلىكىمۇ ئالاھىدە رول ئوينىغان بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى، توپۇق سۆڭىكى بىلەن ئەت (گۆش) بىر گەۋدە بولۇپ كەتكەن بولۇپ، ئەت خۇددى توپۇق سۆڭىكىدىن ئۆسۈپ چىققان تالالاردەك، ئۇنىڭدىن ئاجراتماق ئىنتايىن تەس، مانا بۇ توپۇق ئويۇنى ئارقىلىق مەڭگۈ ئايرىلماسلىقنى بولغان قەسەمگە سىمۋول بولۇپ رول ئوينىغان.

بۇ ئويۇننىڭ ئۇيغۇرلاردا 20 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىغىچە خېلى كۈچ ئوينىلىدىغانلىقى ھەققىدە پېشقەدەملىرىمىز شاھىت بولماقتا. بۈگۈنكى كۈندە بىز ھازىرقى ئۇيغۇر ئەۋلادلىرىنىڭ بۇ ئويۇننى ئاساسەن تېرك ئەتكەنلىكىگە ئەپسۇسلۇق ئىچىدە شاھىت بولماقتىمىز. بۇنىڭغا ھەربىر كىشىنىڭ مەسئۇل بولۇش ھەققى بار. بولۇپمۇ ئوقۇ ـ ئوقۇتۇشتا ئوقۇتقۇچىلىرىمىز ئوقۇغۇچىلارغا تارىختىكى مۇنەۋۋەر ئادەتلىرىمىز، ئويۇنلىرىمىز، ئۇنىڭ ئەھمىيىتى ھەققىدە چۈشەنچە بېرىشى ھەمدە ئۇلارنىڭ بۇنداق ياخشى ئادەتلەرنى داۋاملاشتۇرۇشىغا ئىلھام بېرىشى لازىم.

## بەدەندىكى مويلارنى چۈشۈرۈپ سۈننەت قىلىش

بۇنىڭدىن مىڭ يىللار بۇرۇنقى تارىخ سەھىپىسىدە بەدەننىڭ نازۇك جايلىرىدىكى مويلارنى تازىلاپ، پاكىزلاش بەلكىم نۇرغۇن مىللەتلەر ئۈچۈن يات ئىش بولۇشى كېرەك. بىراق، بۇ خىل پاكىزلىق ئادىتى قاراخانىيلار دەۋرى ۋە ئۇنىڭدىن بۇرۇن ئۇيغۇر ـ تۈركىي تىللىق خەلقلەردە بار ئىدى. مەھمۇد كاشغەرىي «ئوردۇتال» دېگەن سۆزنى ئىزاھلاپ: «تۈك چۈشۈرۈشكە ئىشلىتىلىدىغان ھاك ئارىلاشمىسى» (I، 168) دېگەن. بۇ يەردە ئېيتىلىۋاتقان «تۈك چۈشۈرۈش» باشنىڭ چېچىنى، ئېگەكتىكى ساقالنى ياكى باشقا ھايۋانلارنىڭ تۈكىنى چۈشۈرىدىغان ئىشنى كۆرسەتمەيۋاتىدۇ. چاچنى، ساقالنى چۈشۈرۈشكە ئۇستىرا

ئىشلىتىلگەن، قويلارنى قىرقىشقا شۇشاق ئىشلىتىلگەن (Ⅲ. 527). يۇقىرىقى «ئوردۇتال» خاس جايلاردىكى تۈكلەرنى چۈشۈرۈشكە ئىشلىتىش ئۈچۈن ياسالغان خىمىيىلىك بىر ئارىلاشما ئىدى. بىز گەرچە هاكقا يەنە قانداق خىمىيەۋى ئەرسىنى قوشۇپ تەييارلايدىغانلىقىنى بىلمىسەكمۇ، يەنە بىر جەھەتتىن «هاك ئارىلاشمىسى» دېگەن ئىبارىدىن بۇ هازىرقى دەۋر ئۈچۈن ئېيتقاندا قالاق ئۇسۇل تۇيۇلسىمۇ، بىزگە لازىملىقى ئۇ تېخنىكا ئەمەس، بەلكى ئېسىل ئادەت.

## نەرسىلەرنى بوغچىدا ساقلاش ئادىتى

قەدىمكى زامان ئادەتلىرىدە ئۆيدىكى كىيىم - كېچەكلەرنى، بەزىدە پۇل - پۈچەكلەرنى، رەختلەرنى ئاساسەن بوغچىغا سېلىپ ساقلايتتى. ئۇ چاغلاردا مەخسۇس كىيىم ئاسقۇچلار ھەم كىيىم ئىشكاپلىرى يوق ئىدى. ئۇ نەرسىلەرنى بوغچىغا تۈگۈپ ساندۇقلاردا ساقلايتتى. بۇ خىل مىللىي ئادەت هازىرقى زامان ئۇيغۇر تۇرمۇشىدا يەنىلا مۇھىم ئادەت شەكلىدە ساقلىنىپ داۋاملىشىپ كەلگەن. «بوخچا» ئۇقۇمىنى «چوغ» دەپ ئاتىغان ۋە «نەرسە سالىدىغان بوغچا» دەپ ئېنىقلاشتۇرغان (Ⅲ. 76). «بەزىلدى» سۆزى ئىزاھلىنىپ يەنىمۇ بەزىلدى - بوغچا ئىچىگە مال سېلىپ چىگىتىلدى، (Ⅲ. 104) دېيىلگەن. يەنە «يىتتۇردى» دېگەن سۆزنى: بىر نەرسىنى يىغىشتۇرۇپ ياكى بوغچىغا سېلىپ بىراۋغا ساقلاتسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ، دەپ چۈشەندۈرگەن. بىز بۈگۈنكى بوغچا مەدەنىيىتىنىڭ ئۇيغۇرلاردا خېلى قەدىمكى دەۋرلەردىن تارتىپ ئومۇملاشقان ئادەت ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. هازىرقى تۇرمۇشتا يەنە بوغچا ئاچماق (توي - تۆكۈندە)، بوغچاڭنى كۆتۈر (ئەر - ئايال خاپا بولۇشۇپ قالغاندا) دېگەندەك بوغچىغا باغلانغان خېلى كۆپ ئادەتلەر بار. بۇ ئادەت خەلقىمىزنىڭ رەتلىك، پاكىزلىقىغا شاھىت بولىدۇ.

## ئالقىشلاشنى چاۋاك بىلەن ئىپادىلەش

ھازىرقى دۇنيادا ئومۇملاشقان مەدەنىي ئادەتنىڭ بىرى شۇكى، ئاممىۋى سورۇنلاردا، يىغىنلاردا، ئويۇنلاردا ۋە دوكلاتلاردا ۋە باشقا ئاممىۋى پائالىيەتلەردە كۆڭۈلگە ياققان، نىيىتىدىكىدەك بولغان، ئالقىشلاشقا تېگىشلىك، قوللاشقا مۇناسىپ ئىشلار ئۈچۈن چاۋاك چالىدۇ. چاۋاك دېمەك رازىمەنلىكنى، خۇرسەنلىكنى، قوللاشنى بىلدۈرىدۇ. بۇ خىل مەدەنىي ئادەتنىڭ قايسى زامانلاردا، قايسى مىللەتلەر ئارىسىدا بالدۇر بارلىققا كەلگەنلىكىنى دەلىللەشكە ئاجىزلىق قىلىمىز. بىراق، بىز بۇنىڭدىن مىڭ يىللار بۇرۇنقى قاراخانىيلار جەمئىيىتىدە چاۋاك چېلىشتىن ئىبارەت مەدەنىي ئادەتنىڭ ئاللىقاچان ئومۇملاشقان بىر ئادەت ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش ئۈچۈن «دىۋان» دىن ئۆرنەك تاپالايمىز: «ئاياللادى — چاۋاك چالدى. قىز ئاياللادى — قىز چاۋاك چالدى، يەنى قوللىرىنىڭ ئالقىنىنى بىر - بىرىگە ئۇردى. بۇ پاساھەتلىك سۆزدۇر» (III. 447).

مەھمۇد كاشغەرىي بۇ ئادەتنى ئىزاھلاشتا، ئىككى قولنىڭ ئالقىنىنى بىر - بىرىگە ئۇرۇشنى چاۋاك چالدى، دېيىمىز دەپ كونكرېت، ئېنىق قىلىپ سۈرەتلەپ بەرگەنلىكىگە قارىغاندا، ئۇز دەۋرىدە شەرق دۇنياسىدا چاۋاك چېلىش مەدەنىيىتىنىڭ ئومۇملاشقانلىقىنى كۆرەلەيمىز.

## ئات سوۋغا قىلىش ئادىتى

«دىۋان»دا بىز «ئول ماڭا ئات ياخشىلادى — ئۇ ماڭا ئات بېغىشلىدى» (III. 414) دېگەن بىر جۈملىنى ئۇچرىتىمىز. «بېغىشلاش» سۆزى سوۋغا قىلىش، ئاتاش، تەقدىم قىلىش مەنىسىدە بولۇپ، «باغىشلادى» دېمەك تەقدىم قىلدى، سوۋغا

قىلدى، دېگەن مەنىنى بېرىدۇ. بۇنداق سوۋغا قىلىش ئادىتى تۈركىي تىللىق خەلقلەردە ئومۇمىي بىر ئادەت ئىدى. بەگلەر باھادىرلارغا مۇكاپات ئۈچۈن ئات سوۋغا قىلاتتى، ئاتا بالىغا ئات سوۋغا قىلاتتى، دوستلار بىر - بىرىگە ئات سوۋغا قىلاتتى، ئات سوۋغا قىلىشنى چوڭ بىلەتتى. يەنى ئات سوۋغا قىلىشتا، ياللاپ ئات سوۋغا قىلىنمايدۇ، بەلكى ئېگەر، جابدۇق بىلەن رەسمىي جابدۇندۇرۇلغان ئات سوۋغا قىلىنىدۇ. بۇمۇ بىر قائىدە.

## كېڭەش — ئەقىل، تەجرىبە توپلاش

«دىۋان» دا «كېڭەشلىك ئىش ئۈزۈلمەس، كېڭەشسىز ئىش بۇزۇلار» دېگەن بىر ماقال خاتىرىلەنگەن. يەنە «كەڭەش» دېگەن سۆزنىڭ: «كېڭەش، ئىشلاردا كېڭىشىش، مەسلىھەتلىشىش» (Ⅲ. 498) مەنىسىدە ئىشلىتىلگەنلىكىنى ئېيتقان. كېڭەش، مەسلىھەت ناھايىتى قەدىمدىن تارتىپ داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان بىر ئىجتىمائىي ئادەت بولۇپ، يۇقىرىدىن تارتىپ تۆۋەنگىچە ھەممە قاتلامدا كېڭەش، مەسلىھەت بولۇپ تۇرىدۇ. ئوردىلاردىمۇ كېڭەش مۇئەسسەسەسى بولغان، ئەل ئارىسىدىمۇ مەخسۇس كېڭىشىش ئۇيۇشمىسى بولغان. شەخسلەر ئارىسىدىمۇ كىچىكلەر چوڭلارغا مۇھىم ئىشلارنى كېڭەش سالىدۇ، ئۇلار قوشۇلسا قىلىدۇ، قوشۇلمىسا ئويلىشىپ باقىدۇ. ئەمەلىيەتتە كېڭىشىش ياخشى ئىجتىمائىي ئادەت. ئۇ ئارقىلىق ئەقىلگە، تەجرىبىگە ئىگە بولىدۇ. كېڭەش ئارقىلىق يول راۋانلىشىدۇ، كۆڭۈل روشەنلىشىدۇ، مەقسەت ئايدىڭلىشىدۇ. كېڭەش يەنە دېموكراتىيەنىڭ بىر مەنىسى. ھازىرقى دۇنيادىكى پارلامېنت، سىياسىي كېڭەش دېگەنلەر مانا شۇنداق كېڭەش مۇئەسسەسەسى ھېسابلىنىدۇ. كېڭەشكەندە بىر شەرتنى قەتئىي ئۇنتۇپ قالماسلىق كېرەككى، كېڭەش ئاقىللار بىلەن، مۇتەۋەرلەر بىلەن، چوڭلار بىلەن، تەجرىبىلىك، ئوقۇمۇشلۇق، ياخشى

نىيەتلىك كىشىلەر بىلەن بولىدۇ، نادانلار بىلەن، شەخسىيەتچىلەر بىلەن بولمايدۇ.

## چارۋا ماللارغا ئەن سېلىش ئادىتى

تۈركىي تىللىق خەلقلەر چارۋىچىلىق بىلەن دېھقانچىلىقنى بىرلەشتۈرۈپ تۇرمۇشنى قامداشتا زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن. ئۈز دەۋرىدە چەكسىز يايلاقلاردا چارۋىلار بولۇپتەك ئوتلاپ يۈرەتتى. چارۋىلارنىڭ ئەركىن - ئازادە ئوتلىشى، يايلاقلارنىڭ ئاۋاتلىششى چارۋىچىلارنىڭ بەختى ئىدى. شۇڭا، ئوغۇزخاقان بەخت - سائادەتنىڭ بىر نىشانى سۈپىتىدە: «مال - ۋارانلارنىڭ ئەركىن ئوتلاپ يۈرۈشى»نى باياشاتچىلىق، ئەرك - ئازادلىقنىڭ، قۇدرەتنىڭ ئالامىتى سۈپىتىدە تىلغا ئالغانىدى. ئۈز دەۋرىدىكى شىمالدىكى تېلى يايلاقلىرىدا ئوتلاپ يۈرگەن توپ - توپ چارۋا ماللارنىڭ ئوبرازى «تېلى قوشىقى»دا تېخىمۇ ياخشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

تاۋلىنىدۇ ئاسمان زۇمرەتتەك،
پايانسىزدۇر بۇ يايلاق دالا،
ئەگسە شامال ئوت - چۆپنى لەرزان،
كۆرۈنىدۇ سانسىز قوي - كالا.

يايلاقتىكى چارۋىلار ھەرقايسى قەبىلىلەرگە تەۋە بولۇپ، كۆپىنچە ماللاردا ئايرىلىشىپ كېتىپ قېلىپ، ئايرىۋالماق تەسكە چۈشكەن. شۇ سەۋەبلىك قەبىلىلەر ئارىسىدا بەزى ماجىرالارمۇ تۇغۇلۇپ تۇرغان. بۇ زىددىيەتنى ماللارغا ئەن سېلىش ئارقىلىق ھەل قىلغان. مەھمۇد كاشغەرىي «ئوغۇز» سۆزىنى ئىزاھلىغاندا، «ئوغۇزلار تۈرك قەبىلىلىرىدىن بىرى. ئۇلار تۈركمەنلەردۇر. ئۇلار يىگىرمە ئىككى ئۇرۇق بولۇپ، ھەربىرىنىڭ ئايرىم بەلگىسى ۋە ماللىرىغا باسىدىغان تامغىسى بار. ئۇلار بىر - بىرىنىڭ

ماللىرىنى شۇ تامغىلارغا قاراپ تونۇيدۇ» ( I . 77) دەپ بەلگىلەرنى ئايرىم-ئايرىم كۆرسىتىپ ئۆتكەنىدى. بۇ خىل تامغىلاش تۆمۈرگە بەلگە ئويۇپ، ئۇنى قىزىتىپ قويلارنىڭ قۇلىقى، ئاتلارنىڭ ئەت يېنىغا داغماللاش يولى بىلەن قىلىناتتى. بۇ خىل ئادەت هازىرقى چارۋىچى خەلقلەردىمۇ ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلگەن.

## قويندا بۆرىنى ئېرتىدىغان ياغلىق ساقلاش

بىزدە هازىر قول-باشنى سۈرتىدىغان، تەر سۈرتىدىغان، بۆرۈن ئېرتىدىغان ئېهتىياجنىڭ هەممىسىگە يېنىمىزغا بىرلا ياغلىق سېلىپ ئىشلىتىمىز. بىزدە هازىر بۆرۈن ئېرتىدىغان ئايرىم ياغلىق ساقلاش ئادىتى يوق. بىراق، بۇنىڭدىن مىڭ يىل ۋە ئۇنىڭدىن بۇرۇن خەلقىمىزنىڭ ئادىتىدە مەخسۇس بۆرىنى ئېرتىدىغان قويۇندا ساقلىنىدىغان ياغلىق تۇتىدىغانلىقى هەققىدە «دىۋان»دا ئۇچۇر بېرىلگەن.

مەهمۇد كاشغەرىي «ئۇلاتۇ» دېگەن سۆزنى ئىزاهلاپ: «بۆرۈن ئېرتىدىغان يىپەك قولياغلىق، قويۇندا ساقلىنىدۇ» دېگەن. بۇ يۈكسەك بىر مەدەنىيلىكنىڭ ئىپادىسىنى كۆرسەتكەن. بىز ئالدى بىلەن، قەدىمكى تۈركىي-ئۇيغۇرلاردا يېنىدا يىپەك قولياغلىق ساقلاش ئادىتىنىڭ بارلىقىنى هېس قىلساق، يەنە بىرى، «ئۇلاتۇ»، مەخسۇس لازىم بولغاندا بۆرۈن ئېرتىش ئۈچۈنلا ئىشلىتىلگەن. ئۇلار بۆرىنى تاشلاپ بولۇپ، قولى بىلەن سۈرتمەيدىكەن، قولىدىكى يۇقۇندىنى كىيىمىنىڭ پەشلىرى، پەشتامانلارغا، ئۆتۈكنىڭ پاشنىلىرىغا سۈرتۈپ قويمايدىكەن. يىپەك قولياغلىقى بىلەن سۈرتۈپ، ياغلىقنى يانچۇقىنىڭ يان قويىنىغا سالىدىكەن، پات-پات يۇيىدىكەن. بىز هازىرقى تۇرمۇشىمىزدا، گەرچە كىشىلەردە ياغلىق تۇتۇش ئادىتى بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى قول سۈرتۈشكە هەم ئېغىزنى ۋە بۆرۈننى سۈرتۈشكە تەڭ قوللىنىلىدىغان.

لىقىنى بىلىمىز. ھەتتا يەنە بەزىلەرنىڭ قولياغلىقىنى ئاستىغا سېلىپ ئولتۇرۇپ ئۇنى يەنە يۈز - كۆزلىرىنى سۈرتۈشكە ئىشلىتىۋاتقانلىقىنى ئۇچرىتىمىز. شۇنىڭغا سېلىشتۇرما قىلىنغاندا، خاقانىيە دەۋرىدىكى يۇقىرىقى ئادەت بىزنىڭ نەمۇنە قىلىشىمىزغا ئەرزىيدۇ.

## زىلۋا بويلۇق قىزلارنى «تال» دەپ ئاتاش

« «تال، زىلۋا بويلۇق كىشىمۇ زىلۋالىقتا تالغا ئوخشىلىتىپ «تال بويلۇق» دېيىلىدۇ. بۇ سۆز كۆپىنچە زىلۋا، نازۇك بويلۇق قىزلارغا ئىشلىتىلىدۇ.»

بۇ تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئېستېتىك قارىشىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان ئادەت بولۇپ، قەدىمدىن تارتىپ ئۇلارنىڭ گۈزەللىك قارىشىدا، قىزلارنىڭ گۈزەللىك تەلىپىدە «تال چىۋىقتەك بويلىرى» بولسا، يەنى زىلۋا، نازۇك بولسا گۈزەللىكنىڭ جۈملىسىدىن قاراشقان. بۇنىڭدا يەنە بىر مەنىمۇ بار. قەدىمكى، ھازىرقى گۈزەللىك ئۆلچىمىگە ئاساسلانغاندا، يۇقىرىقى «تال» سۆزى يەنە قىزلارنىڭ مەجنۇنتالدەك 40 تال ئۆرۈلگەن چاچلىرىنىمۇ ئىپادە قىلغان، زىلۋالىقتا 40 تال ئۆرۈم چاچ قوشۇلغاندا ھەقىقىي مەنىسى بىلەن «تالدەك گۈزەل» بولۇش ئۆلچىمىگە يەتكەن بولاتتى. بۇ ھەقتە كىلاسسىك شېئىرلاردىمۇ نەمۇنىلىك ئۈلگىلەرنى ئۇچرىتىمىز:

بىرىنىڭ زۇلفۇ خالى دانەۋۇ دام،
بىرىنىڭ قامەتى سەرۋۇ سەنۇبەر.

— ئاتايى

(بىرىنىڭ چېچى تۇزاق - دام، يۈزىدىكى مېڭى بولسا تۇزاققا قويۇلغان دان، بىرىنىڭ بوي - تۇرقى سەرۋى بىلەن ئارچىدەك تۈپتۈز.)

زۇلفۇڭ غەمى كۆڭلۈمنى بىلىڭ پىكرىگە سالدى،
كۆركىنىم، نە تەخەييۇلغە سالىپتۇر ئانى سەۋدا.

— نەۋايى

(چاچلىرىڭىزنىڭ خىيالى كۆڭلۈمنى بەللىرىڭ توغرۇلۇق خىيالغا سالدى، كۆرمەمسەن، سەۋدالىق دېگەن نەرسە كۆڭۈلنى ئاجايىپ خىياللارغا سالىدىكەن.)

كىلاسسىك شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىنىڭ ھەممىسىدە بوي بىلەن چاچ تەسۋىرى ھەرقاچان بىللە تىلغا ئېلىنىپ كېلىدۇ. چاچنى گۈزەللىكنىڭ ئۆلچىمى قىلىش تۈركىي تىللىق خەلقلەردە ناھايىتى قەدىمكى ئەنئەنە بولغانلىقى ئايان بولماقتا. بىز «ئوغۇزنامە»دە ئوغۇزخاننىڭ كۆڭلىنى رام قىلغان گۈزەل قىزنىڭ چاچلىرىنىڭ ئېقىنغا ئوخشىتىلغانلىقىنى كۆرگەن. «ئانىڭ ساچى مۆرەن ئۆسۈغى دەگ» (ئۇنىڭ چېچى ئېقىنغا ئوخشايتتى). ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىدىمۇ «تال چىۋىقتەك بويلىرىدىن ئۆرگىلەي» دېگەندەك سۆزلەر ھەرقاچان ئۇچراپ تۇرىدۇ. بۇنىڭدىن قارىغاندا، نازۇك بەدەنلىك، زىلۋا بويلۇق، مەجنۇنتالدەك چاچلىق قىزلارنى «تال» دەپ ئاتاش قەدىمدىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان بىر ئۆرپ.

## قاشتاشنى خاسىيەتلىك بىلىش

خوتەن قاشتاش ماكانى. بۇ دىياردىكى قەدىمكى خەلقلەرا كارۋان يولى ئىنسانلار قاشتاشنىڭ خاسىيىتىنى ھېس قىلىشقا باشلىغاندىن تارتىپ قاشتاش يولىغا ئايلانغان. دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى سۆيىتى ئەڭ ئېسىل قاشتاشلار مانا مۇشۇ قەدىمكى دىياردىن بارغان.

قاش — قاشتاش. بۇ بىر خىل سۈزۈك تاش بولۇپ، ئاق ۋە

قارا رەڭلەردە كۆرۈنىدۇ. بۇنىڭ ئېقىنى گۈلدۈرمامىدىن، ئۇسسۇزلۇقتىن ۋە چاقماق چۈشۈشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۈزۈككە كۆز قىلىندۇ.

قاش ـ قاش ئۆگۈز ـ قاش ئۆگۈز. خوتەن شەھىرىنىڭ ئىككى يېنىدىن ئاقىدىغان ئىككى دەريا. بىرى «ئۈرۈڭقاش ئۆگۈز ــ يورۇڭقاش دەرياسى» دېيىلىدۇ. بۇ يەردىن ئاق تاش چىققاچقا، دەريامۇ شۇ نام بىلەن ئاتالغان. يەنە بىرى «قاراقاش ئۆگۈز ــ قاراقاش دەرياسى» دېيىلىدۇ. بۇ يەردىن سۈزۈك قارا تاش چىقىدۇ. بۇ تاشلار دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىن چىقمايدۇ. پەقەت مۇشۇ يەردىنلا چىقىدۇ (Ⅲ . 208).

ئۇيغۇر خەلقى قاشتاشنى پەقەت ئېسىل زىننەت بۇيۇمى قىلىش بىلەن چەكلەنمەستىن، بەلكى ئۇنىڭ خېلى كۆپ خاسىيىتىنى چۈشىنىپ ئۇنىڭ قىممىتىنى ھېس قىلىشقان. مەھمۇد كاشغەرىي قاشتاشنىڭ خاسىيىتىنى ئومۇملاشتۇرۇپ مۇنداق دېگەن: «ياشىن ــ چاقماق، تۈركلەردىن بىرىنىڭ يېنىدا قاشتاش بولسا، ئۇنىڭغا چاقماق تەگمەيدۇ، دېگەن بىر ھېكمەتلىك سۆز بار. قاشتاش ئاق سۈزۈك بولۇپ، كىشىلەر ئۇنى ئۈزۈك قىلىپ سالىدۇ. بۇ ئۈزۈكنى سېلىۋالغان كىشىگە چاقماق تەگمەيدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ تەبىئىتى شۇنداق. بۇ تاشنى بۆرگە ئوراپ ئوتقا تاشلىغاندا، بۆزمۇ، تاشمۇ كۆيمەيدۇ، بۇ سىنالغان. ئۇسسىغان ئادەم بۇنى ئاغزىغا سالسا، ئۇسسۇزلۇقنى باسىدۇ» (Ⅲ . 26).

بۇ بايانلارغا قارىغاندا، قاراخانىيلار دەۋرى ۋە ئۇنىڭدىن بۇرۇن ئۇيغۇرلار قاشتاشتىن ئۇنىۋېرسال پايدىلانغان، ھەم زىننەت بۇيۇمى قىلغان، ھەم چاقماقتىن مۇداپىئەلىنىش قورالى قىلغان. ئۈچىنچى تەرەپتىن، ئۇزۇن سەپەرلەردە، چۆل ـ جەزىرىلەردە سەپەر قىلغاندا ئۇزۇق ـ تۈلۈكى ئۈزۈلۈپ، سۇيى قالماي ئۇسسۇزلۇق ئازابىنى تارتقاندا، قاشتاشنى شوراش ئارقىلىق

ئۇسسۇزلۇقنى باسقان. «قاشتاش بولسا چاقماق تەگمەيدۇ» دېگەندەك ھېكمەتنىڭ ئەل ئارىسىدا ئومۇملاشقانلىقى بىر تەرەپتىن، قاشتاشنىڭ بۇ خىل خاسىيىتى ھەققىدىكى چۈشەنچىنى ئاۋامنىڭ ھەممىسى بىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن، قاشتاش ھەققىدىكى چۈشەنچىنىڭ خېلى قەدىمكى دەۋرگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

ھازىر ئۇيغۇرلاردا قاشتاش سودىسى زور دەرىجىدە جانلىنىش باسقۇچىغا كىردى. قاشتاشنىڭ ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە ئۇتقان قىممىتىنى خەلقىمىز قايتىدىن ھېس قىلىشقا، چۈشىنىشكە باشلىدى. قاشتاش سودىسى خوتەننىڭ ئىقتىسادىغا خېلى تەسىر كۆرسەتتى. گەرچە قاشتاشنىڭ قىممىتى كىشىلەرگە ئايان بولغان بولسىمۇ، لېكىن قاشتاشنى پىششىقلاپ ئىشلەپ ئۇنىڭ قىممىتىنى ھەسسىلەپ ئاشۇرۇش جەھەتتە ۋارىسلىق قىلىش بولمىغان. شۇ سەۋەبلىك ھازىر ئۇيغۇرلار ئىچىدە قاشتاش ئويمىچىلىقى، قاشتاشنى پىششىقلاپ ئىشلەپ ئۇنىڭدىن مىللىي ئالاھىدىلىككە مۇناسىپ زىننەت بۇيۇملىرىنى ياساش، بېزەك بۇيۇملىرىنى ياساش جەھەتتە بىرمۇ ھۈنەرۋەن يوق. بۇ ھال نەچچە مىڭ يىل قاشتاش ماكانىدا ياشىغان خەلقلەرگە نىسبەتەن ئەپسۇسلىنارلىق بىر ئىش. ئەگەر بىز قاشتاشنى پىششىقلاپ ئىشلەش تېخنىكىسىنى ئىگىلەپ، ئۇنى ئېسىل بېزەك ماتېرىياللىرى قىلىپ ئىشلەپ چىقارساق، قاشتاشنىڭ ئەسلىي قىممىتىدىن نەچچە ھەسسە قىممەت يارىتىدىغانلىقىمىزدا گەپ يوق ئىدى.

## قۇرشاغ — قۇر ـ بەلباغ باغلاش ئادىتى

قەدىمدە ھازىرقىدەك قۇر ـ بەلباغ باغلاشنى «قۇرشاغ» (606, I) دەپ ئاتىغان. يەنە يۆگىدىن بەلباغقا ئوخشاش توقۇپ، كىگىز ئۈيىنىڭ چۆرىسىنى قورشاپ باغلاتقا ئىشلىتىلىدىغان

باغلىنىمۇ «ئەۋ قۇرشاقى» (I. 607) دەپ ئاتىغان. قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە ئەرلەرنىڭ قۇر باغلاش ئادىتى ئۈزۈلمەي داۋاملىشىپ كەلگەن. بۇ ئادەت ئەركەكلىكنىڭ بىر خىل بەلگىسى سۈپىتىدە قارالغان، يەنە بىرى، ئۇ زۆرۈر تېپىلغاندا تۇرمۇشتا ناھايىتى كۆپ تەرەپلەردىن ئىشلىتىلىپ، ئىشلارنى قولايلاشتۇرغان.

قۇر باغلاش يەنە مەرتىۋە بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك بولغان، «قۇرام» دېگەن سۆز مەرتىۋە مەنىسىدە قوللىنىلغان.

## تۈركچە - ئۇيغۇرچە بىلمەيدىغانلارنى «سۇملىم» ئاتاش

ئۇيغۇرلار - تۈركلەر پارسچە بىلمەيدىغان، پارسچە سۆزلىشەلمەيدىغان كىشىلەرنى «تات» دەپ ئاتىغانغا ئوخشاش، تۈركچە بىلمەيدىغانلارنى «سۇملىم» دەپ ئاتىغان. مەھمۇد كاشغەرىينىڭ تېخىمۇ كونكرېت چۈشەندۈرۈشىچە: «تۈركلەر تۈركچە بىلمەيدىغانلارنى ‹سۇملىم› دەيدۇ، خۇددى ئەرەبلەرنىڭ ئەرەبچە بىلمەيدىغانلارنى ‹ئەجەم› دېگىنىدەك، سۆزنىڭ كېلىپ چىقىشى مۇشۇ، ئەرەبلەر ئىچىدە باشقىلار ئەرەبچىنى ئوبدان ئۆگەنسىمۇ، ئۇلاردىن بۇ نام كەتمەيدۇ. ئەمما تۈركلەر ئىچىدە تۈركچە بىلسە، بۇ نامدىن قۇتۇلىدۇ» (II. 508). تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئىچىدە پارسلاشسا «تاتلاشتى» دېيىش، قارلۇق قىياپىتىگە كىرسە «قارلۇقلاشتى» دېيىش، تابغاچ قىياپىتىگە كىرسە «تابغاچلاندى» دېيىش بىر ئەنئەنىگە ئايلانغانغا ئوخشاش، يات مىللەتلەر تۈركچىنى بىلىش - بىلمەسلىكى، تۈركلەرنىڭ يات تىللارنى بىلىش - بىلمەسلىكىگە قاراپ «سۇملىم» دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتاش ئادىتى بولغان. «سۇملىم» دېگەن سۆز «كالدىرلىماق» دېگەندەك مەنىنى بەرگەن. ئۇلار تۈركچىنى ئۆگەنگەندىن كېيىن بۇ نامدىن ئازاد بولغان. بۇ ئادەتلەر ئۇيغۇرلاردا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش، ئۆزئارا تىل ئۆگىنىش، تىل ئۆگىتىش جەھەتتە ئومۇملاشقان ئەنئەنە ئىدى. بۇ ئىشتا

ئۇيغۇرلار ئاكتىپ رول ئوينىغان، يەنى باشقا تىللاردا سۆزلىشىشنى بىلىش، كۆپ تىللىق بولۇش ئۇيغۇرلارنىڭ ئالاھىدىلىكى ئىدى. شۇڭىمۇ ئەرەبچە، پارسچە، خەنزۇچە، سانسكرىتچە مىڭلىغان جىلدلىق كىتابلار ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ قولىدا تەرجىمە قىلىپ تارقىتىلغان. بىز ئېنى ۋاقىتتىكى تۈركىي تىللىق تۈرفۈن قىر قەبىلىلىرىنىڭ بىرەر زىيالىيسىنىڭ قولىدىن چىققان بىرەر تەرجىمە ئەسەرنى ئۇچراتمىدۇق. ۋەھالەنكى، ئۇلار تۈركىي تىلدىن باشقىسىنى بىلمەيتتى. ئۇيغۇر زىيالىيلىرى بولسا كۆپ تىللار ئۈستىسى بولۇپ، ئەرەبچە، پارسچە ئەسەرلەرنى بىمالال يازالايتتى. تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئىچىدىكى چەت تىلنى بىلمەيدىغانلار يات تىلدا سۆزلىگەنلەرنى ئۇلارنىڭ تىلىنى بىلمىگەچكە «كالدىرلىدى، كالدىرلايدىغان» دەپ ئاتىغان. بۇمۇ مەلۇم جەھەتتە ئىجابىي رول ئويناپ، چەت ئەللىكلەرنىڭ تۈرك تىلىنى ئۆگىنىشىگە بېسىم پەيدا قىلغان. بۇلار تۈرك تىلىنى ئۆگەنگەندىن كېيىن «سۇملىم» دېگەن نامدىن قۇتۇلۇپ، ئۇلارنى تۈركلەر ئارىسىغا ئالغان. تۈركچىنى بىلمىسە، تۈركلەر ئارىسىغا قېتىلالمىغان.

## تاراش، تارىماق — قىزلارنىڭ چاچ تاراش ئادىتى

چاچ تارىشىش، ئۇسما قويۇشۇشتەك ئەنئەنە نەچچە مىڭ يىللاردىن بېرى ئۈزۈلمەي داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئۈزۈلمەس ئېقىن ئىدى. قىزلار بىر يەرگە يىغىلىشىپ بىر - بىرىنىڭ چېچىنى تارىشىپ، 40 تال قىلىپ ئۆرۈشۈپ قويۇشاتتى. بىر - بىرىگە ئۇسما قويۇشۇپ قويۇشاتتى. مەھمۇد كاشغەرىي «تارادى» سۆزىنى ئىزاھلاپ: قىز چېچىنى تارىدى، دەپ جۈملە تۈزگەن (Ⅲ، 357). قىزلارنىڭ چاچ تارىشى گۈزەللىك ئۈچۈن، پاكىزلىق ئۈچۈن، مۇھەببەت ئۈچۈن بولاتتى، «چاچ تاراش» دېگەن سۆز سىمۋوللۇق مەنىدە «مۇھەببەت ئۈچۈن ئۆزىنى نامايان قىلىش»

دېگەننى ئۇقتۇرىدۇ. ئەپسۇسكى، بىز ھازىر مەجنۇنتالدەك 40 تال ئۆرۈلگەن گۈزەل چاچلارنى تولىمۇ ئاز ئۇچرىتىدىغان بولۇپ قالدۇق.

## ئۇلۇغلارنىڭ تاماق يېيىشنى «ئاشادى» دەپ ئاتاش

ھەممە ئىدىيە ـ يوسۇنلارنىڭ توغرا، يوللۇق بولۇشى ناتايىن، بەزى ئادەتلەر توغرا، قانۇنىيەتكە ئۇيغۇن، ھايات تەلىپىنى ئەكس ئەتتۈرگەن بولسا، بەزىلىرى مەلۇم بىر دەۋردىكى شۇ دەۋر ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن پەيدا بولغان قائىدىلەر بولىدۇ. شۇ دەۋر ئۆتۈپ كەتسە ئۇ قائىدىنىڭ رولىمۇ قالمايدۇ. قەدىمكى زاماندا نۇرغۇن ـ نۇرغۇن قائىدىلەر بارلىققا كەلگەن، بەزىلىرىگە خەلقىمىز ۋارىسلىق قىلغان، بەزىلىرىگە ۋارىسلىق قىلالمىغان. بەزىدە بەزى ئىلغار قائىدە ـ يوسۇنلار تاشلىنىپ قالغان بولسا، بەزىدە خۇراپىي قائىدە ـ يوسۇنلارمۇ تاشلىنىپ كەتمەي داۋاملىشىپ كەلگەن. «دىۋان»دا ئۇچۇر بېرىلگەن قەدىمكى ئادەتلەرنىڭ كۆپ قىسمى ھازىرغىچە ئۇيغۇر ـ تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدا ھەرقاچان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، بىر قىسىم ئادەتلەر زاماننىڭ ئۆتۈشى بىلەن تاشلىنىپ ئىستېمالدىن قالغان. «ئاشادى» سۆزىنى خاقانىيەلىكلەرنىڭ ئۇلۇغلارنىڭ تاماق يېيىشىگىلا قوللىنىشى ھازىرقى دەۋردە ئىستېمالدىن قالغان. «ئاشادى ـ يېدى، ئەر ئاش ئاشادى ـ ئادەم ئاش يېدى. خاقانىيەلىكلەر بۇ سۆزنى ئۇلۇغلارنىڭ تاماق يېيىشىگىلا ئىشلىتىدۇ. باشقا تۈركلەر پەرقلەندۈرمەستىن، ھەرقانداق ئادەمگە ئىشلىتىۋېرىدۇ. ئۇلارنىڭ قائىدىگە ئۇيغۇن» (Ⅲ. 347). مەھمۇد كاشغەرىي خاقانىيەلىكلەرنىڭ «ئاشادى» دېگەن سۆزى ئاددىي خەلقتىن پەرقلەندۈرۈپ، پەقەت ئۇلۇغلارغىلا ئىشلىتىشى مۇۋاپىق بولمىغان قائىدە دەپ ھەممىگە ئوخشاش قوللىنىشنى قۇۋۋەتلىگەن. بۇنىڭدا بىر تەرەپتىن، مۇئەللىپنىڭ ھەممە

ئادەمنى ئوخشاش كۆرۈش خاھىشى ئىپادىلەنگەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۆز دەۋرىدە خاقانىيەدە تەبىقىلەرنى پەرقلەندۈرۈپ ئەدەپ سۆزلىرىنى ئىشلىتىش قائىدىسىنىڭ خېلى ئېغىر ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ. ھازىر بەزى تەكەللۇپ سۆزلىرى چوڭلار بىلەن كىچىكلەرنى پەرقلەندۈرۈپ ئىشلىتىشتە ئۈزلۈكسىز داۋاملىشىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن، «ئاشادى - بېدى» سۆزىنى پەرقلەندۈرۈپ ئاتاش ئادىتى ئىستېمالدىن قالغان.

## نۆۋەت ساقلاش ئادىتى «ساپ»

ھەربىر ئىشنىڭ تەرتىپى، نۆۋىتى، ئۆچرىتى بولىدۇ. بۇ بىر ئومۇمىي قائىدە. نۆۋەتنى بۇزۇش بولسىزلىق، ئۆكتەملىك بولىدۇ، باشقىلارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتىگە قىلىنغان ھۇجۇم ھېسابلىنىدۇ. بۇ نۆۋەت ساقلىغان ھەرقانداق ئىش، ھەرقانداق ئادەم ئۈچۈن ئورتاق. «دىۋان»دا «ساپ» يەنى «سەپ، قاتار» مەنىسىدىكى سۆزنى ئىزاھلاپ: «بىرەر سۆزگە جاۋاب بېرىشتىكى نۆۋەت، ئۇن تارتىش، بەر سوغىرىش نۆۋىتىگىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ. ئۇ سۆز نۆۋەتنى قولدىن بەرمەس، ئۇن تارتىش ۋە باشقىلاردىمۇ «سېنىڭ نۆۋىتىڭ كەلدى دېيىلىدۇ» (III. 198) دېگەن. بۇ ئۇيغۇر - تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ قائىدىلىك، يوسۇنلۇقلۇقىنى، تەرتىپلىك، قانۇنلۇق ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان بىر ئۆلگە. سۇ نۆۋىتى دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك ئىگىلىكىدە ھەربىر مەھەللىگە نۆۋەت بىلەن ئېچىلىدۇ. سۇنىڭ نۆۋىتى ۋە تەقسىماتىغا كۆكبېشى مەسئۇل بولىدۇ. نۆۋەت ئارىلىۋېلىشقا ھېچقانداق ئادەمنىڭ ھوقۇقى بولمايدۇ. چۈنكى، تېرىقچىلىق باسقۇچىدىمۇ يەرلەرنى ئوسا قىلىش نۆۋەت بىلەن بولغاندەك، كېيىنكى زىرائەتلەرنى سۇغىرىشمۇ تەرتىپى بىلەن بولمىسا، بىر - ئىككى كۈن نۆۋەت ئارىلاپ كېتىلسە دېھقانچىلىقتا خېلى كۆپ زىيانلارنى ئېلىپ كېلىدۇ. شۇڭا، بۇ

قائىدىگە ھەممە كىشى ئەمەل قىلىدۇ. تۇگمەندە ئۇن تارتىشمۇ شۇنداق. ئالدى ـ ئارقىسى بولۇپ كەلگەن ئادەملەر ئۆزىنى ئۆزى بىلىپ نۆۋەت ساقلاپ ياتىدۇ. بىرىنىڭ ئۆگۈتى تارتىلىپ بولغاندىن كېيىن تۇگمەنچى ياكى ئۇنى تارتىپ بولغۇچى نۆۋەتتى كەلگەن كىشىنى ئويغىتىپ (كېچە بولسا) ئۆگۈتىنى تەييار قىلىشنى ئاگاھلاندۇرىدۇ. ئۇ ئۆگۈتىنى تارتىپ بولۇپ، ئارقىسىدىكى نۆۋەت كۈتكۈچىنى چاقىرىدۇ. مانا شۇنداق ئاڭلىق يوسۇندا نۆۋەتتى بىلەن ئۇنىنى تارتىپ قايتىدۇ. ئەگەر بىرەر چارەك ئۆگۈتى بار ئادەم ئارىلىۋېلىشنى ئىلتىماس قىلىپ قالسا يول قويۇپ ئارىلاپ بېرىدۇ. بۇ قائىدە ئويغۇرلاردا تۇگمەن پەيدا بولغان نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلدى. ھازىر يەنە تۇرمۇشتا نۇرغۇن ئىشلار نۆۋەت بىلەن قىلىنىشنى تەلەپ قىلىسىمۇ، بىر قىسىم ئۆكتەم ئادەملەر نۆۋەتنى پۇلغا سېتىۋېلىپ باشقىلارنىڭ مەنپەئەتىنى زىيانغا ئۇچرىتىدىغان، ۋاقىتقا خىيانەت قىلىدىغان ئەھۋاللار بار. بۇنىڭغا قانۇنىي ۋاستە بىلەن تاقابىل تۇرۇش، نورمال تەرتىپنى، ھوقۇقنى، نۆۋەتنى قوغداشنى بىلىش كېرەك.

## تەرەت سۇندۇرغاندا چالما تۇتۇش

مەھمۇد كاشغەرىي «كەس» سۆزىنى ئىزاھلاپ: كېسەك، چالما. تەرەت سۇندۇرغاندا ئىشلىتىلىدۇ ( I . 430) دېگەن بىر مەلۇماتنى بەرگەن. بۇ خىل ئادەت تا ھازىرغىچە ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلگەن بولۇپ، خەلقىمىزنىڭ پاكىزلىق ئەنئەنىسىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان كىچىككىنە بىر ئۈلگە. چالما چوڭ تەرەتكە ھەم كىچىك تەرەتكە تۇتۇلىدۇ، چالما تۇتمىغاندا كىيىم ـ كېچەك بۇلغىنىدۇ. شۇڭا، چالما تۇتۇش ئادىتى گەرچە ئاددىي بىر ئىشتەك بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ھەم مىللىتىمىزنىڭ

قائىدە ـ يوسۇنغا، ھەم مەدەنىي ئادەتكە ۋەكىللىك قىلىدۇ. بىز ھازىرقى زامانىۋى مەدەنىيەت دەۋرىدىن ھازىرقى زاماندىكى مەدەنىيەت ئۆلچىمىدە يۇقىرىقى چالما تۇتۇش ئادىتىنى باھالىساق، تىلغا ئالغۇچىلىكى يوق، قالاق بىر ئادەت بولۇپ تۇيۇلۇشى مۇمكىن. بىراق، قەدىمكى زامان نۇقتىئىنەزىرى بىلەن كۆزەتكەندە، بۇنىڭ خېلى ئىلغار ئادەت ۋە مەدەنىيلىكنىڭ ئىپادىسى بولغانلىقىدىن ئىپتىخارلىنىشقا ئەرزىيدۇ. ھازىرمۇ چوڭ تەرەتكە دۇنيادىكى بارلىق ئەللەر قەغەز ئىشلىتىدۇ ياكى يۇيىدۇ. بىراق، كىچىك تەرەتكە چالما تۇتۇش ياكى قەغەز تۇتۇش پەقەت مۇسۇلمان ئەللىرى بىلەن بىر قاتاردا ئۇيغۇرلاردا ئىزچىل داۋاملاشماقتا. بەزى كىشىلەر ئۇيغۇرلارنىڭ تەرەتكە چالما ئىشلىتىشىنى ھەتتا ھەرەمگە چالما ئېلىپ بېرىپ ھاجەتخانىلارنى چالمىغا توشقۇزۇۋەتكەنلىكىنى ئەيىبلەپ ماقالىلەرنى يازغانىدى. بىز بۇ ئىشقا ھە دېگەندە مەدەنىيەتسىزلىكتە ئەيىبلەش، سۆكۈش نۇقتىسىدا تۇرۇپ ئەمەس، بىرى، مىللەتنىڭ ئادىتى نۇقتىسىدىن، يەنە بىرى، پاكىزلىق، كېسەل مىكروبلىرىدىن ساقلىنىش نۇقتىسىدىن ھەم باھا بېرىپ بېقىشىمىز كېرەك. چالما تۇتۇش دېگەن ئۇ ئەقىدە بىلەن باغلىنىپ كەتكەن ئادەت. چالمىنىڭ ئورنىغا قەغەز ئىشلىتىسىمۇ بولىدىغانلىقىنى خەلقىمىز تېخى تولۇق چۈشىنىپ يەتمىگەن. ئەرزان قەغەزلەرنىڭ سۈپىتى، تازىلىقى ئىنتايىن ناچار، ئۇنىڭدا ھەر خىل زىيانلىق مىكروبلار بار. قىممەت، سۈپىتى ياخشى قەغەزلەرنى سېتىۋېلىشقا خەلقىمىز چىقىش قىلالمايدۇ. بۇ جەھەتتىن ئالغاندا چالما زەھەرسىز، مىكروبسىز، پاك، ئۇ كېسەللىك پەيدا قىلمايدۇ. بىزنىڭ ئۇلارنى مەدەنىيەتسىزلىكتە ئەيىبلەشكە ھەققىمىز يوق. بىز ئۇلارنىڭ ئەڭ قەدىمكى دەۋرلەردە تەرەتكە چالما ئىشلىتىپ مەدەنىيلىك، پاكىزلىقنى نامايان قىلغانلىقى ۋە بۇ ئادەتنى ھازىرغىچە داۋاملاشتۇرغانلىقىغا چوڭقۇر مىننەتدار بولساق بولىدۇ.

## مۇچەلدىن كېلىپ چىققان ئەقىدە ـ ئادەت

ئۇيغۇر ـ تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئەڭ قەدىمكى مۇچەللىك كالېندارنى ئىجاد قىلىپ، ئاي، يىللارنىڭ ھېسابىنى مۇچەل بىلەن ھېسابلاشتەك مەدەنىيەت دەۋرىگە كىرگەن خەلقلەرنىڭ بىرى.

ئون ئىككى يىلنى ئون ئىككى ھايۋاننىڭ ئىسمى بىلەن ئاتىغان. نەچچە مىڭ يىللار داۋامىدا يىللارنىڭ ھېسابى شۇنى دەۋر قىلىش بىلەن ھېسابلانغان. مەھمۇد كاشغەرىي ئېيتىدۇكى: «تۈركلەر بۇ يىللارنىڭ ھەربىرىدە بىر خاسىيەت بار دەپ تەخمىن قىلىدۇ. مەسىلەن: ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئۇي يىلى كىرگەندە، ئۇرۇش كۆپىيىدۇ، چۈنكى ئۇي بىر ـ بىرى بىلەن كۆپ ئۈسۈشىدىغان ھايۋان. توخۇ يىلى كىرسە، ئوزۇق ـ تۈلۈك كۆپىيىدۇ، لېكىن كىشىلەر ئارىسىدا تەشۋىش ئاشىدۇ، چۈنكى توخۇنىڭ يېمى دان، توخۇ داننى يېيىش ئۈچۈن ئەخلەت ـ چاۋارلارنى تاتىلاپ چېچىۋېتىدۇ. لەھەڭ يىلى كىرىش بىلەن ھۆل ـ يېغىن كۆپىيىپ، ئاشلىق ئوخشايدۇ، چۈنكى لەھەڭ سۇدا ياشايدۇ. توڭگۇز يىلى كىرىش بىلەن قار كۆپ ياغىدۇ، سوغۇق قاتتىق بولىدۇ، پىتنە ـ پاسات كۆپىيىدۇ. تۈركلەر ئەنە شۇ يوسۇندا ھەر يىلى بىرەر ھادىسە يۈز بېرىدۇ، دەپ ئىشىنىدۇ» ([ . 451). تۈركىي تىللىق خەلقلەردىكى مۇنداق چۈشەنچە قارىسىغىلا ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان تەخمىن ئەمەس، بەلكى ئۇزۇن ئەسىرلەر داۋامىدا يىللار ئۇلارغا قىلغان ھەر خىل سوۋغىلار ئىچىدە شۇنداق ماس كېلىپ قېلىشلار كۆپ بولغان. نەتىجىدە، بۇلاردا ھەربىر ھايۋان نامىغا قويۇلغان يىللاردا شۇ ھايۋاننىڭ ئالاھىدىلىكى، خۇي ـ مىجەزىگە مۇناسىپ بىرەر ئۆزگىرىش يۈز بېرىدۇ، دەپ ئىشەنگەن.

ھازىرقى زامانىۋى دەۋرىمىزدە ھەرقايسى مىللەتلەر ئارىسىدا

مۇچەللىك يىللارنىڭ ھايات بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، ئېلىپ كېرىلگەن ساخاۋىتى ۋە كاساپىتى ھەققىدە كۆپ خىل قاراشلار بار. ھەتتا ئادەملەرنىڭ قايسى مۇچەلدە تۇغۇلغانلىقىغا ئاساسەن ئۇنىڭغا پال سېلىپ، ئۇنىڭ تەقدىرى ھەققىدە ھۆكۈم ۋە پەرەزلەرنى قويىدىغان ئازغۇن قاراشلارمۇ ئوتتۇرىغا چىققان. ئەمەلىيەتتە مۇچەل ئىنسانلار ئۆزى تاللاپ، ئىزدىنىپ بارلىققا كەلتۈرگەن كالېندار، پەقەت ھەربىر يىلنى پەرق ئېتىش ئۈچۈن قويۇلغان نام. بۇ نام ھەرگىزمۇ تەبىئەتنىڭ ئۆزگىرىشى، ئادەمنىڭ تەقدىر - قىسمىتىگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ. خۇددى بىر ئادەمگە قويۇلغان ئىسىم ھەر خىل ئارزۇ - ئارمانلار بىلەن بېرىلىپ ئالىم، قەھرىمان، غەنى دەپ قويۇلغان بولسىمۇ، ئۇ ئۇنىڭ ئالىم بولۇپ چىقىشى، قەھرىمان بولۇپ چىقىشى ياكى باي بولۇپ چىقىشى بىلەن مۇناسىۋىتى يوق. پەقەت ياخشى تىرىشسىلا ئاندىن مەقسەتكە يەتكىلى بولىدۇ. شۇ مەنىدىن قارىغاندا، مۇچەللىك كالېندارنىڭ قىممىتى ئۇنىڭ ھاياتقا بىرەر خاسىيەت ياكى پالاكەت ئېلىپ كېلىشىدە ئەمەس، بەلكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ يىللارنى تەرتىپلىك، قائىدىلىك ھېسابلاپ، تارىخنى ۋەقەلەرنى، ياشلىرىنى توغرا ھېسابلاشنىڭ مۇشۇنداق بىر ئاددىي ئۇسۇلىنى كەشىپ قىلىپ، ئىنسانىيەتنىڭ كالېندارچىلىق تارىخىدا مۇھىم رول ئوينىغانلىقىدا.

## يىلنى پەسىللەر بويىچە ھېسابلاش ئادىتى

قەدىمكى زامانلاردا ئىنسانلار كۈنلەر، ئايلار، يىللارنىڭ ھېسابىنى قىلىشنى، كۈنلەرگە، ئايلارغا ئىسىم قويۇشنى بىلمەي، ھەربىر ئىل ئۆز چۈشەنچىسى ۋە ئۇسۇلى بويىچە ئايلار، كۈنلەرنى تەرتىپلەشتۈرگەن. مەھمۇد كاشغەرىينىڭ مەلۇماتىچە، ئىسلامىيەتتىن بۇرۇن ئۇيغۇر - تۈركىي تىللىق خەلقلەردە ئايلارنىڭ ئىسمى ھەم ھەپتە ئۇقۇملىرى تېخى بولمىغانىكەن. ئۇنىڭدىن بۇرۇن ئۇلار يىللارنى تۆت پەسىلگە بۆلۈپ، ھەربىر

پەسلىنى — ئۈچ ئاينى بىر نام بىلەن ئاتىغان. «ئايلارنىڭ ئىسمىغا كەلسەك، شەھەرلەردە ئەرەبچە ئاي ئىسىملىرى قوللىنىلىدۇ. كۆچمەن تۇرمۇش كەچۈرىدىغان، مۇسۇلمان بولمىغان تۈركلەر بىر يىلنى تۆت پەسىلگە بۆلۈپ، ھەر ئۈچ ئاينى بىر نام بىلەن ئاتايدۇ. يىلنىڭ ئۆتۈشىنى شۇ يول بىلەن بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: نورۇزدىن كېيىنكى تۇنجى باھار ئېيىنى «ئوغلاق ئاي» دەيدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئاينى «ئۇلۇغ ئوغلاق ئاي» دەيدۇ. چۈنكى، بۇ ئايدا ئوغلاق چوڭ بولىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئاينى «ئۇلۇغ ئاي» دەيدۇ. چۈنكى، بۇ ئاي يازنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولۇپ، بۇ چاغدا يەر يۈزى تۈرلۈك نېمەتلەرگە تولۇپ، مال - ۋارانلار سەمرىيدۇ، سۈت كۆپىيىدۇ ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش» (I، 452). تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ قەدىمدە ئاي، يىللارنى پەسىللەرنى بىرلىك قىلىپ پەرقلەندۈرۈپ ئاتاش ئادىتى، ئۇلارنىڭ ئاسترونومىيەلىك بىلىشى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن. بۇ تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ بۇرجىلار بويىچە ئېكلىپتىكا (يەر شارى ئوربىتىسى تەكشىلىكى) بويىچە ئۆتىدىغان يىلنىڭ ھەرقايسى پەسىللىرىدە ئاسمان بوشلۇقىدا كۆرۈنىش ئەسۋابىسىز ئاددىي كۆز بىلەن كۆرۈشكە بولىدىغان يۇلتۇز تۈركۈملىرىنى 12 بۇرجقا، يەنى زوھىياك يۇلتۇز تۈركۈمىگە بۆلۈپ كۆرسىتىشى ئىدى. بۇ يۇلتۇزلار تۈركۈمىنى ئۇلارنىڭ پەسىللەر بويىچە ئورۇن قانۇنىيىتىگە ئاساسەن گۇرۇپپىلاپ، ئۈچنى بىر گۇرۇپپا قىلىپ، تۆت پەسىلگە بۆلگەن ھەم بۇ تۆت پەسىلگە ئىسىم قويغان. كېيىن ھەربىر ئايغا ئات قويۇپ چىققان. «قۇتادغۇبىلىك»تە بۇ ئايلارنىڭ ئىسمى ۋە گۇرۇپپىلىنىشى مۇنداق چۈشەندۈرۈلىدۇ.

138. ئون ئىككى بۇرج باردۇر يۇلاردىن بۆلەك،
جۇپ تۈلۈك بەزىسى ۋە بەزىسى يەك.

139. قوزى يازغى يۇلتۇز، كېيىن ئۇي كېلۇر،
جەۋزا بىلەن سەرتان تۇرتۇشۇپ يورۇر.

140. ئېرۇر قوشنا بۇغداي بېشى، ئارسلان،
كېلەر ئارقىدىن قەۋس، ئەقرەب، مىزان.

141. كېلەر ئاندىن ئوغلاق، سوغا ھەم بېلىق،
تۇغۇلسا بۇلار كۆرك بولغۇسى يورۇق.

يۇقىرىقى بايانلار ئۇز دەۋرىدىكى يۇلتۇزلارنىڭ پەيدا بولۇش، كۆرۈلۈش ۋاقتى ۋە تەرتىپلەرگە بۆلۈنۈش ئىخچىمى، ئۇلار يىل ئىچىدە پەسىللەر كۆرۈنۈشلىرىنىڭ ئۆزلۈكسىز ئۆزگىرىپ، تەكرارلىنىپ تۇرىدىغانلىقى ھەمدە ھەربىر بۇرجنىڭ پەسىللەرگە ۋەكىللىك قىلىدىغانلىقى توغرىسىدىكى چۈشەنچىسىنىڭ ئىپادىسى ئىدى. مانا شۇ چۈشەنچە ئاساسىدا، ھەربىر ئايغا تۈركچە ئىسىم قويۇپ چىققان. بۇنىڭ كونكرېت ئاتىلىشى مۇنداق: (1) قوزا، (2) ئۇي، (3) قوشكېزەك، (4) بولۋاس، (5) تىماھ، (6) بۇغداي بېشى، (7) تارازا، (8) چايان، (9) ياچاق، (10) ئوغلاق، (11) سوغا، (12) بېلىق.

خەلقىمىز كۈنلەر، ئايلار، يىللار ۋە قەرنە چۈشەنچىلىرىگە ئاساسەن مۇكەممەل ۋاقىت ئۇقۇمىنى شەكىللەندۈرۈپ، ۋاقىت بىلەن ھاياتنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئىلمىي بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن زور تىرىشچانلىقلارنى قىلغان.

## تۆركۈن — ئۇرۇق ـ ئايماق ئەزالىرى توپلىنىدىغان ئۆي

«دىۋان»دا «تۆركۈن»نى چۈشەندۈرۈپ «ئۇرۇق ـ ئايماق ئەزالىرىنىڭ ياكى ئۇرۇق ـ تۇغقانلارنىڭ توپلىنىدىغان يېرى» (I . 575) دېگەن. قەدىمكى ئادەت بويىچە، كىشىلەر جەددىي

ئەھۋال، مۇھىم ئۆزگىرىشلەر، ئۇقتۇرۇشلار بولسا، خەۋەر قىلغان ھامان بەلگىلەنگەن مەلۇم بىر يەرگە ياكى ئۆيگە توپلىنىشى كېرەك ئىدى. بۇ يەردە ئورۇق - ئايماقنىڭ مۇھىم ئىشلىرى مۇزاكىرە قىلىناتتى، ئىشلار ئورۇنلاشتۇرۇلاتتى. ئورۇق - تۇغقانلار يىغىلىپ ھەم تۇغقانلار ئىچىدىكى مۇھىم ئىشلارنى ئورتاق كېڭىشەتتى. مانا شۇنداق زۆرۈرىيەتتىن مەخسۇس بېكىتىلگەن ئۆي ياكى ئورۇننى «تۆركۈن» دەپ ئاتىغان. يۇقىرىقى سۆز ئۇقتۇرۇۋاتقان ئىشنىڭ مەنىسىدىن پەرەز قىلغاندا، «تۆركۈن» ئىككى سۆزدىن، يەنى «تۆر» بىلەن «كۈن»دىن تۈزۈلگەن. «تۆر» دېگەن قائىدە - يوسۇن مەنىسىدىكى تۆر، «كۈن» دېگەن بەلگىلەنگەن كۈننى كۆرسەتسە كېرەك. بۇنىڭغا ئاساسەن پىكىر قىلغاندا، ئورۇق - ئايماقلارنىڭ يىغىلىشى ۋە مۇھىم ئىشلارنى كېڭىشىش ئۈچۈن مەلۇم كۈن، ۋاقىت بەلگىلەنگەن بولىدۇ. بۇ ھەر دائىملىق يوسۇنغا ئايلىنىپ كەتكەن بولىدۇ. «تۆركۈن» سۆزى ئىشلىتىلگەن بىر شېئىردا مۇنداق مىسرالار بار:

كەلسە ئاپاڭ تىركەنىم
ئەتىل كەمەت تۆركۈنۈم

(ئەگەر خاقانىمنىڭ ياردىمى كەلسە، تۆركۈنۈم (ئىشىم ئوڭشىلاتتى) يەنى خاقانىمنىڭ دانا مەسلىھەتى بىلەن كۈتكەن ئۇلۇغۋار ئىشلار خەيرلىك بولاتتى، دېگەنلىك بولاتتى. «دىۋان»دا يەنە «دەرنەك» دېگەن بىر ئاتالغۇنىمۇ «خەلق مەسلىھەت ئۈچۈن يىغىلىدىغان ئورۇن» (I . 622) دېگەن. بۇ يۇقىرىقى «تۆركۈن»دىن بىر دەرىجە يۇقىرى خەلق مەسلىھەت كېڭىشى ئۈچۈن توپلىنىدىغان يەر بولۇپ، يۇرت، ئايماق ئەزالىرىنىڭ يىغىلىپ مۇھىم ئىشلارنى ئورتاق كېڭىشىپ بىر ياقلىق قىلىش ئادىتى ئىدى. يۇقىرىقى ئاساسىي قالام مەسلىھەت كېڭىشىدىن

باشقا دۆلەتنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك مەسلىھەت كېڭەش مۇئەسسەسى بولغان. بۇنىڭغا يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلار ئىچىدىكى ئۆگە، كۆك ئايىراق، ئەر ئۆگى، خاس ھاجىپ قاتارلىق ئونئۈچ مەرتىۋىدىكى كىشىلەر دۆلەتنىڭ مۇھىم مەسلىھەتچىلىرى ۋە مەسلىھەت - كېڭەش مۇئەسسەسەلىرىنىڭ مۇھىم تايانچلىرى ئىدى. بۇ ئونئۈچلار ئىچىدە بىرقەدەر تۆۋەنرەك ئورۇننى تەشكىل قىلغان «ئۆگە» ھەققىدە يۇسۇپ خاس ھاجىپ «تەئەدگۇ تورۇ بۇ كىرشىگە ئۆگى، ئۆگى بولسا ئۆترۈ ئاتاغۇ ئۆگە» (ئادەم ئۈچۈن ئەقىل تېپىشتىكەن ياخشى نەرسە، ئەقىللىق ئادەملەرگە مەسلىھەتچىلىك نەزىرى بىلەن قاراش كېرەك) دېگەن. يەنە «كېڭەشچى ئۆگە» (4240) دېگەندەك ئىبارىلەرنى ئىشلىتىشى، ئۆگەنىڭ كېڭەشچى، مەسلىھەتچى مەنىسىدە ئىكەنلىكىنى ناھايىتى روشەن دەلىللەيدۇ. «كۆك ئايىق» ھەققىدە پىكىر قىلغاندا، «ئايىق» سۆزى «ئېيتماق، سۆزلىمەك، پىكىر قىلماق» سۆزى ئاساسىدا ياسالغانلىقىغا ئاساسەن ئۇنىمۇ دۆلەتنىڭ مەسلىھەتچىلىرى قاتارىدا ساناشقا بولىدۇ.

بۇنىڭدىن قارىغاندا، قاراخانىيلاردا ۋە ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى ئۇيغۇر خانلىقلىرىدا مەسلىھەتچىلىك ئىشىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلگەنلىكى روشەن بولماقتا. قەدىمكى كۆكتۈركلەرنىڭ ئەقىلدار ۋەزىرى بىلگە تونيۇقۇق ئۆزىنىڭ ئىلتەرىش خاقاننىڭ مەسلىھەتچىسى، ئەقىلدارى ئىكەنلىكىنى تىلغا ئالغانلىقى، بۇ نۇقتىدا بىزنى ئاز بولسىمۇ تارىخىي ئاساسلار بىلەن تەمىن ئېتىدۇ.

## بۆلەك - تالاڭ قىلىش ئۈچۈن راسلانغان داستىخان — «كەنچىليۇ»

قەدىمكى ئۇيغۇر - تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ يوسۇنىدا، خەلققە بايراملىق قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇپ بېرىدىغان، خەلققە

خۇشاللىق ھەم مادىي نېمەت ئاتا قىلىدىغان بىر ئادەت بار بولۇپ، زىياپەتتە ئوتتۇز گەز ئېگىزلىكتە مۇنار شەكلىدە بىر داستىخان راسلىنىدىكەن، بۇ داستىخانغا نۇرغۇن نازۇنېمەتلەر قويۇلىدىكەن، تەييار بولغاندا، بايرامدا توپلانغان خەلققە قويۇپ بېرىدىكەن، شۇنىڭ بىلەن خەلق داستىخاندىكى نېمەتلەرنى بۇلاپ - تالاپ يېيىشىدىكەن، يانلىرىغا ئېلىشىدىكەن. مانا شۇنداق ئادەتنى «دىۋان»دا «كەنچىلىۋۇ» دەپ ئاتايدىغانلىقىنى يازغان (III، 594). بۇ ئادەت بايرام كەيپىياتىنى بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈرەتتى. بۇ يەردىكى گەپ كىشىلەرگە ئاش بېرىش ئەمەس، بەلكى كىشىلەرگە خۇشاللىق ئاتا قىلىشتا ئىدى، بۇ خان ئېشىغا، بايراملىق ئاشقا ئېغىز تەگكەنلەر ئۆزىنى بەختلىك ھېسابلايتتى. بۇ خۇددى شادلىق بايرىمىدا ئىركىن، ئىختىيارىي ھالدا خۇشاللىق تاپقانغا ئوخشاشلا تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ بىر شادلىق بايرىمىنىڭ يۇقىرى ئەۋجى ئىدى.

## تاماقتا چوكا ۋە قوشۇق ئىشلىتىش

ھەربىر مىللەتنىڭ تاماق شەكلىنىڭ ئوخشىماسلىقى شۇ مىللەتنىڭ تاماقتا ئىشلىتىدىغان، تاماق يەيدىغان ۋاسىتىلىرىدا ئوخشىمىغان ئالاھىدىلىكنى بارلىققا كەلتۈرگەن. ئالايلۇق، غەربلىكلەر ۋىلكا، پىچاق ئىشلەتكەنگە، خەنزۇلار چوكا ئىشلەتكەنگە، ئۇيغۇرلار قوشۇق ئىشلەتكەنگە ئوخشاش.

بىز ھازىرغىچە قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تاماق يېيىشتە قوشۇق ۋە قولنى ۋاسىتە قىلغانلىقىنى بىلسەكمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ چوكا ئىشلەتكەنلىكى توغرىسىدا مەلۇمات يوق ئىدى. «دىۋان»دا «شىش» دېگەن سۆز ئىزاھلىنىپ، «چوكا: ئۇتماچ يەنى چۆپ يېيىلىدىغان ئەسۋاب» دېگەن بىر مەلۇماتتىن خەۋەر تاپتۇق. بۇ سۆزنىڭ ئۆرانىدىن قارىغاندا، ئۇ خەنزۇ تىلىدىن ۋە ياكى باشقا تىللاردىن قوبۇل قىلىنغان سۆز ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ. دېمەك، بۇ ئادەت باشقا مىللەتلەردىن ئۇيغۇرلارنىڭ

تۇرمۇشىغا كىرىپ كەلگەن، بىز «دىۋان»دىن يەنە «ئۇتماچ» ھەققىدە بىر رىۋايەتنى كۆرگەن، ئۇنىڭدا بۇ زۇلقەرنەيىن شەرققە يۈرۈش قىلغاندا بارلىققا كەلگەن تاماق ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ چۆپىنى يەپ، سۈيىنى ئىچىدىغانلىقى، ئۇنىڭ بەدەنگە كۈچ بېرىپ، يۈزنى قىزارتىدىغانلىقى بايان قىلىنغانىدى. بۇ يەردە بۇ تاماقنى يېيىشتە چوكا ئىشلىتىلىدىغانلىقى بايان قىلىنغان. بۇ تاماق قوشۇقتا يېيىشكە ئەپسىز، قول بىلەن ياكى چوكا ۋاسىتىسى بىلەن يېيىشكە ئەپلىك بولغانلىغا قارىغاندا، بۇ تاماق بىز دەۋاتقان ھازىرقى نېرىن چۆپ بولۇشىمۇ گۇمانلىق بولىدۇ، دېمەك، بۇ تاماق ھازىرقى ئىستېمالىمىزدىكى لەغمەن ياكى باشقا شۇنىڭغا ئوخشاش بىر تۈردىكى تاماق بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن تۇرىدۇ.

قوشۇق بىلەن تاماق يېيىش تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ خاس ئادەتلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇ تۈركىي تاتاملارنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇلۇپ ياسالغان. ئۇنى ھازىرقىغا ئوخشاش «قاشۇق» دەپ ئاتىغان ( III . 462).

## كەشتە ئىشلەش ئادىتى

كەشتىچىلىك ئۇيغۇر قول ھۈنەرۋەنچىلىكىدىكى گۈزەل سەنئەت مەشغۇلاتىنىڭ بىرى بولۇپ، خەلقىمىزنىڭ مەدەنىيەت دەرىجىسىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئېسىل ئۆرنەكلەرنىڭ بىرى. «دىۋان» دا مەھمۇت كاشغەرىي كەشتىچىلىك سەنئىتى ۋە مىللىي ئادەت ھەققىدە، خېلى قىممەتلىك ئۇچۇرلارنى بەرگەن. ياستۇق قېپىغا گۈل ئىشلەش، تام چارشايلىرىغا گۈل ئىشلەش، خۇرجۇنغا كەشتە ئىشلەش قاتارلىقلار «دىۋان»دا كۆزگە تاشلىنىدىغان مۇھىم ئۆلگە ھېسابلىنىدۇ.

«يەدشتى» سۆزىنى ئىزاھلاپ: «ئۇل ماڭا يەتكەك يەدشتى —

ئۇ ماڭا خۇرجۇننىڭ چۆرىسىگە كەشتە تىكىپ بەردى. بوغچا ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنىڭ چۆرىسىگە كەشتە تىكىشكىمۇ مۇشۇ سۆز ئىشلىتىلىدۇ» دېگەن. (III . 94)

خۇرجۇن قەدىمكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ مۇھىم سەپەر «سومكىسى» بولۇپ، تاكى بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر نەچچە مىڭ يىل ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدا قولايلىق ۋاستە بولۇپ خىزمەت قىلىپ كەلدى. خۇرجۇن يۇڭدىن ياكى يىپتىن توقۇلىدۇ. ئۇنىڭ ئىككى كۆزى — ئېغىزى بولۇپ، ئىككى كۆز ئۇتاشتۇرۇلىدۇ. بىر كۆزى — ئېغىزى بىلەن يەنە بىر كۆزى ئېغىزى يېرىم مېتىر ئەتراپىدا يالاڭ قەۋەت توقۇلىدۇ. خۇرجۇننى مۈرىسىگە ئارتىۋالسىمۇ قولايلىق، ئات - ئۇلاغلارغا ئارتىشقىمۇ قولايلىق. بۇ ئۆز دەۋرىدە ھەربىر ئائىلىدە بولۇشقا تېگىشلىك تۇرمۇش بۇيۇمى بولغاچقا، خۇرجۇنچىلىق خېلى تەرەققىي قىلغان، ھەتتا ئۇ گىلەم شەكلىدە ناھايىتى رەڭدار توقۇلۇپ خۇرجۇن قىلىپمۇ تىكىلەتتى.

بۇنىڭغا يېتىشەلمىگەنلەر، يۇڭدىن رەڭلىك خۇرجۇنلارنى ئىشلەتكەن، پاختا يىپتا ئىشلەنگەن خۇرجۇنلارنىڭ چۆرىسىگە ناھايىتى سىپتا كەشتىلەرنى تىكىپ خۇرجۇننى گۈزەل سەنئەت ئەسىرىگە ئايلاندۇرۇشقان، بىز ھازىرقى تۇرمۇشىمىزدىمۇ خېلى نەپىس كەشتىلەنگەن خۇرجۇنلارنى ئۇچرىتىمىز. ئۆز دەۋرىدە بىزنىڭ قىز - چوكانلىرىمىز گۈزەل كەشتىلەرنى ئىشلەش بىلەن ئالدىراش ئىدى. قولياغلىقلارغا، خۇرجۇنلارغا كەشتە ئىشلەپ يىگىتلىرىگە يادىكار قىلاتتى. ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ گۈزەل ئارزۇ - ئارمانلىرىنى سىڭدۈرەتتى.

ئۇنىڭدىن باشقا نەرسە - كېرەكلەرنى ساقلايدىغان مەخسۇس بوخچىلار بولۇپ بوغچىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش ئادىتىدىكى بوغچىلارغىمۇ گۈل نۇسخىسى چۈشۈرۈلگەن كەشتىلەرنى ئىشلىگەن. داستىخان ۋە ياپقۇچلارغىمۇ گۈزەل كەشتىلەر تىكىلىپ، تەبىئەتنىڭ گۈزەللىكىنى قەلبىدىكى گۈزەل ھېسلار بىلەن بېزەپ، تۇرمۇشنى ئاشۇنداق رەڭدار قىلغان ئىدى. ئۇنداق قىزلارنى خەلقىمىز قولى گۈل، قەلبى گۈل قىزلار دەپ تەرىپلەيتتى.

## ئىپار ئىستېمال قىلىش ئادىتى

قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئىپار ئىستېمال قىلىشنى ياخشى كۆرەتتى. مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋان» دا ئىپار ئىستېمالىغا مۇناسىۋەتلىك بىرقانچە مىسالدىن ئۇچۇر بەرگەن. كىندىك ئىپار ھەققىدە توختىلىپ، ئىپارنىڭ ئەڭ ئاساسى شۇ ئىكەنلىكى، ئۇنى تىببەتتىن كەلتۈرىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن يەنە «ئىپارلىق خالتىدىن ئىپار كەتسە ئۇنىڭ ھىدى قالىدۇ» دېگەن ماقالنى كەلتۈرۈش بىلەن ئىپار ئىستېمال قىلىشنىڭ ئومۇملاشقانلىقىدىن خەۋەر بېرىدۇ.

«يۇقتۇردى» دېگەن سۆزگە مىسال ئېلىپ: ئۇ ئۇنىڭ تونىغا (كىيىمىگە) ئىپار يۇقتۇردى. بۇ ئىپار ئىستېمال قىلىشنىڭ يەنە بىر خىل ئۇسۇلى بولۇپ، كىيىم - كېچەككە ئىپار تەگكۈزۈپ قويۇش ئارقىلىق خۇش پۇراقتا ئىگە بولغىلى، ئۈزىدىكى يامان ھىدلارنى ياپقىلى بولاتتى.

«بوز - بود بوزمونچاق — بۇ ئىپار بىلەن سوكتىن ياسىلىدۇ،خوتۇنلار تاقايدۇ».

بۇ زىننەت، ھەم شىپالىق مونچاق بولۇپ، ھامىلە شىرنىسى، ئەرەب يېلىمى ۋە ئىپار قاتارلىقلار قوشۇلۇپ ياسىلىدىغان بىر خىل دورا بولۇپ، ئۇنىڭدىن ياسالغان مۇنچاق بەزى كېسەللەرگە شىپا بولاتتى.

دېمەك، بوز مونچاق گۈزەللىككە، خۇش پۇراققا ھەم تېببىي ئۇنۇمگە ئېرىشتۈرۈشتەك ئارتۇقچىلىققا ئىگە قىلاتتى.

## ئۈزۈك سالىدىغان بارماقنى «چىچامۇق» ئاتاش

قەدىمكى ئۇيغۇرلاردا ھەربىر بارماقنىڭ نامى بولغان. بىز ھازىر بەش بارماقنىڭ تۆتىنى نامى بىلەن ئاتايمىز. يەنى باش بارماق،

ئوتتۇرا بارماق، كۆرسەتكۈچ بارماق (يەنى بىگىز بارماق)، چىمەلچىلاق، بىر بارماقنى نامسىز بارماق دەيمىز. شۇنىڭدەك قەدىمكى ئۇيغۇرلار بۇ نامسىز بارماقنى «چىچامۇق» دەپ ئاتىغان. بىراق بۇنى بىلىدىغانلار ئاز ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. ئۆز دەۋرىدە ھەم بۇ بارماق «نامسىز بارماق» دەپمۇ ئاتالغانلىقى مەلۇم. مەھمۇد كاشغەرىي مۇنداق دەيدۇ: چىچامۇق — بارماق، ئۈزۈك سالىدىغان بارماق. بۇنى بىلىدىغان ئادەملەر ئاز. (1. 634)

بىز يۇقىرىقى مەلۇماتتىن بىر قائىدىنى بايقايمىز، يەنى ئۈزۈك سېلىشنىڭمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق قائىدىسى بار ئىكەن. يەنى ئۈزۈك كۆپىنچە نامسىز بارماققا يەنى چىچامۇققا سېلىنىدىكەن. باشقا بارماقلارغا سېلىنسا قائىدىگە خىلاپ ئىكەن. بەزى رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، ئۈزۈك يەنە ئاساسەن سول قولنىڭ نامسىز بارمىقىغا سېلىنىدىكەن. بىر دانىشمەندىن: ئۈزۈكنى شاھلار نېمە ئۈچۈن ئوڭ قولغا سالماي، سول قولغا سالىدۇ دەپ سورىغاندا، ئوڭ قولنىڭ ئوڭ بولغانلىقىنىڭ ئۆزى يېتەرلىك زىننەتتۇر. ئۇنىڭغا ئۈزۈك سېلىش ھاجەت ئەمەس دەپ جاۋاب بەرگەن. ھازىرقى بايقاشلارغا قارىغاندا نامسىز بارماقنىڭ تومۇرى يۈرەككە تۇتىشىدىكەن، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ توي ئۈزۈكلىرىمۇ نامسىز بارماققا سېلىنىدۇ. بۇ خىل قائىدىنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرلاردا قانداق چۈشەنچە ئاساسىدا ئومۇملاشقانلىقى ئەھمىيەتلىك تېما. روشەنكى ھەممە ئىشنىڭ قائىدە ـ يوسۇنى بار. كەلسە ـ كەلمەس بارماقلارنىڭ ھەممىسىگە قوشلاپ ئۈزۈك سېلىۋېلىش قائىدىگە خىلاپ بولۇپ قالماي، بەلكى تەكەببۇرلۇق ھېسابلىنىدۇ.

## «سىقساماق» — چىش كولىغۇچ ئىشلىتىش

بىز ھازىرقى تۇرمۇشىمىزدا پەيدا بولغان چىش كولىغۇچنى، بەلكىم سىرتتىن كىرگەن مەدەنىيەت دەپ قوبۇل قىلغان بولۇشىمىز مۇمكىن. «دىۋان» دا بۇ خۇسۇستا مۇنداق بىر ئۈچۈر

بار: «سىغزادى» دېگەن سۆزنىڭ «كولىدى، كوچىلىدى» دېگەن مەنىسى بولۇپ، ئۇنىڭغا «ئول تىش سىغسادى — ئۇ چىش كولىغۇچ بىلەن چىشلىرىنى كوچىلىدى» (III ـ 385) دېگەن مىسالنى بەرگەن. بىز بۇنىڭدىن قاراخانىيلار دەۋرىدىلا مەخسۇس چىش كولىغۇچلارنىڭ بارلىقىغا كەلگەنلىكىنى بىلەلەيمىز، يەنە شۇنى دېيەلەيمىزكى، چىش كولىغۇچتىن ئىبارەت بۇ مەدەنىيەت ئەڭ بۇرۇن چارۋىچى قەبىلىلەر ئارىسىدا پەيدا بولغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن. چۈنكى، چىش كولىغۇچ ئاساسەن چىش ئارىسىغا كىرىۋالغان گۆش تالالىرىنى چىقىرىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ تۇرمۇشىدا گۆش يېيىش ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. مېھمانلارغا گۆش تارتىسا مېھمان قىلغان ھېسابلانمايدۇ. شۇڭا بۇلارغا كۆپىرەك چىش كولىغۇچ لازىم بولاتتى. «سىغزادى» سۆزىنىڭ ھەم كوچىلاش، كولاش مەنىسىدە ئىشلىتىلىشى، يەنە چىش كولىغۇچ بىلەن كولىغانلىقىنى بىلدۈرگەنلىكى بۇ مەدەنىيەتنىڭ خېلى قەدىمكى دەۋرگە تەئەللۇق ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرىدۇ.

بىز بۇنى ئەدەپ يوسۇنى سۈپىتىدە تىلغا ئېلىشىمىزدىكى سەۋەب شۇكى، چىشنى قول بىلەن كولاش ئەدەپسىزلىك، مەدەنىيەتسىزلىك ھېسابلىنىدۇ. خاس كولىغۇچ بىلەن چىش كولاش ئەدەپ ۋە مەدەنىيلىكنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ بىر تەرىپى، يەنە بىر تەرەپتىن، چىش كولىغاندا، بىر قول بىلەن ئېغىزنى توسۇپ تۇرۇپ كولاش ئەدەپ، پەزىلەت ھېسابلىنىدۇ، ئېغىزنى يوغان ئېچىپ، قولى بىلەن توسماي چىش كولاش ئەدەپسىزلىك ھېسابلىنىدۇ.

## پاكىزلىق روھنىمۇ ساغلام قىلىدۇ

قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا ئېرىغ، پاكىز، ساپ دېگەن سۆزنى «ئارىغ» دەپ، ئېرىغلىق، پاكىزلىق دېگەن سۆزنى «ئارىغلىق» دەپ ئىپادىلىگەن. پاكىزلىق، ئېرىغلىقنى پەزىلەت جۈملىسىدىن

سانىغان، مېھنەتلىك، پاسكىنىچىلىقنى پەزىلەتسىزلىكتە ئەيىبلەشكەن، پاكىزلىق، ئېرىغلىق روھىنىمۇ ساغلام قىلىدۇ، مېھنەتچىلىك روھىنىمۇ بۇلغايدۇ، دەپ قارىغان خەلقىمىز قەدىمدىن تارتىپ پاكىزلىققا ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن. شەخسىي تازىلىق بولسۇن، ھويلا ـ ئارام تازىلىقى بولسۇن، يېمەك ـ ئىچمەك تازىلىقى ۋە مۇھىت تازىلىقى بولسۇن، ھەربىر تەرەپتە پەزىلىتىنى ئىپادىلەپ كېلىشكەن. «دىۋان»دا تىلغا ئېلىنغان «ئۇلا بۇرۇن ئېرىتىدىغان قولياغلىق، ئىچىملىكلەرنى سۈزۈش ئۈچۈن قاچىلارنىڭ ئاغزىغا باغلانغان سۈزگۈچ» دېگەنلەر ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن خېلى يۇقىرى دەرىجىدىكى مەدەنىيلىكنى ئىپادىلەيدىغان پاكىزلىق ئادەتلىرى ئىدى.

ئىسلامىيەتتىن كېيىن پاكىزلىق پەزىلىتىگە قويۇلغان تەلەپ تېخىمۇ مول مەزمۇنلار بىلەن بېيىپ، ئەقىدىنىڭ بىر قىسمىغا، ھەتتا ئەقىدىگە ئايلاندى. چۈنكى، پاك بولمىغان يەردە ئىمان بولمايتتى. پاك بولمىغان قەلبتە ئىمان يارلىمايتتى. شۇنداق بولغاچقا روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتلەردىن پاك، پاكىز بولۇش ئۈچۈن نۇرغۇن قائىدىلەر ۋە تۈزۈملەر بارلىققا كەلگەن. ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى «پاكىزلىقتا ساپ ئەقىل بولىدۇ» دېگەن بەكۇن نۇرغۇن ئىلمىي قانۇنىيەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

# تۇرمۇش ئادەتلىرى

كىشىلىك تۇرمۇش دېگەن رەڭگارەڭ ۋە گۈزەل؛ ئادەم تۇرمۇشتىن مەنە ۋە مەزمۇن تاپىدۇ. تۇرمۇش كىشىلەرگە ياشاشنى ئۆگىتىدۇ؛ تۇرمۇش ئارقىلىق تۈرلۈك - تۈمەن مۇناسىۋەت تورىنى شەكىللەندۈرىدۇ، تۇرمۇش ئارقىلىق ئۆزىنى ۋە ئۆزگىنى بىلەلەيدۇ. ئومۇمەن، تۇرمۇشتىن كۆڭۈللەر سۇ ئىچىدۇ. ئۇزۇن ئەسىرلىك تۇرمۇش ئەمەلىيىتى جەريانىدا خەلقىمىز ئۆزىگە خاس ياشاش ئادەتلىرىنى شەكىللەندۈرگەن. مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»تە خاقانىيەگىچە كىشىلەر ئارىسىدا ئومۇملاشقان بىر قىسىم ئادەتلەرنى تونۇشتۇرغان بولۇپ، ئۇنىڭ بىر قىسمى تۇرمۇشىمىزدا ئۆز ئەينى ياكى قىسمەن ئۆزگەرگەن شەكىلدە داۋاملىشىۋاتقان بولسىمۇ، يەنە خېلى بىر قىسمى ئاللىبۇرۇن قوللىنىشتىن قالغان.

## ئوۋچىلارنىڭ ئوۋ ئىتى «باراق»

ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ ئەڭ قەدىمكى ئىپتىدائىي باسقۇچى ئوۋچىلىقتىن باشلانغان. كونا تاش قورال دەۋرىدىن يېڭى تاش قورال دەۋرىگىچە، ئۇنىڭدىن كېيىن دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىگىلىكىنى بىرلەشتۈرۈپ ئېلىپ بېرىپ بىرونزا دەۋرىگە تەرەققىي قىلغۇچە بولغان نەچچە ئون مىڭ يىللاردا ئوۋچىلىق ئۇلارنىڭ تىرىكچىلىكىنىڭ مۇھىم ئاساسى بولۇپ كەلگەنىدى. مەركىزىي ئاسىيادا ياشاپ كەلگەن ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەڭ قەدىمكى ئېتنىك ئەجدادلىرىنىڭ ئوۋچىلىق

تۇرمۇشىغا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تەبىئىي چەكسىز يايلاقلىرى، ئورمانلىقلىرى ئەڭ ياخشى ئىمكانىيەتلەرنى يارىتىپ بەرگەن. بۇ زېمىندا ئوۋ ھايۋانلىرىنىڭ تۈرلىرىمۇ ناھايىتى كۆپ بولغان. ئوۋ پائالىيىتى ھەتتا شاھلارنىڭمۇ مۇھىم پائالىيەتلىرىنىڭ بىرى ئىدى. مانا شۇنداق ئوۋ جەريانىدا ئۇلار بۈركۈت، قارچىغا ۋە ئوۋ ئىتلىرىنى كۆندۈرۈپ ئوۋغا سالغان. بۇ خۇسۇستا بىز «دىۋان»دىن ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئوۋ تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈرگەن خېلى كۆپ ئوۋ قوشاقلىرى بىلەن ئۇچرىشالايمىز.

قاچرى بارىپ قوشلاتۇ
تايغان ئىزىپ تىشلاتۇ
تىلكۇ توڭۇز تاشلاتۇ
ئەردەم بىلە ئۆگلەلىم

قارچىغا بېرىپ قوشلىتىپ،
تايغان سېلىپ چىشلىتىپ،
تۈلكە، توڭگۇزلارنى تاش بىلەن ئۇرۇپ،
پەزىلەت بىلەن پەخىرلىنەيلى. (Ⅲ. 502)

مانا بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئوۋچىلىق پائالىيىتىدىن بىر كۆرۈنۈش. بۇ ئوۋغا قارچىغا، تايغان قاتناشتۇرۇلغان. قارچىغا، تايغانلار يارىلاندۇرغان توڭگۇز، تۈلكىلەرنى ئوۋچىلار تاشلار بىلەن ئۇرۇپ، بۇ غەلىبىسىدىن خۇشاللىق تاپقان. بۇنداق ئوۋدا نېچىمۇ زور غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئوۋ ئىتى يارامىلىق بولمىسا بولمايتتى، قارچىغا كۈچلۈك، چەبدەس بولمىسا ئوۋغا بارمايتتى. شۇڭا ئۇلار ئوۋ ئىتلىرىنى تاللاشقا تولىمۇ ئەھمىيەت بېرەتتى. نەتىجىدە، ئاخىرى «باراق» ئاتلىق ئوۋ ئىتىغا ئېرىشكەن. بۇ ئىت بۈركۈتتىن يارالغاچقا، ئوۋدا تولىمۇ باتۇر، چەبدەس ئىدىكى، ئۇنىڭ قولىدىن ئوۋ قېچىپ قۇتۇلالمايتتى،

«باراق» باشقا ئۇۋ ئىتلىرىدىن ئالاھىدە بولغانلىقى، نەسلىنىڭمۇ باشقىچە بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇيغۇرلار بۇ ئىتنىڭ يارالمىشى ھەققىدە «باراق» ئەپسانىسىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. بۇ رىۋايەتنىڭ مەزمۇنى مۇنداق:

«باراق، يۇڭى پاخپايغان ئۇۋ ئىتى. تۈركلەرنىڭ ئېتىقادىچە، بۈركۈت قېرىغاندا ئىككى تۇخۇم تۇغۇپ، ئۇلارنى باسارمىش، تۇخۇملارنىڭ بىرىدىن باراق ئاتلىق كۈچۈك چىقارمىش. ئىتلارنىڭ ئەڭ تېز يۈگۈرىدىغىنى ۋە ھەممىدىن ئۇۋ قىلالايدىغىنى شۇ باراق ئىتى بولارمىش. ئىككىنچى تۇخۇمدىن بۈركۈتنىڭ چۈجىسى چىقارمىش، بۇ ئۇنىڭ ئاخىرقى چۈجىسى بولارمىش» ( I . 489). بۈركۈت تۇخۇمىدىن ئۇۋ ئىتى چىقىش ئەقىلگە سىغمىسىمۇ، لېكىن بۇ قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئوۋچىلىق تۇرمۇشى جەريانىدا تۇغۇلغان بىر چۈشەنچىسى ئىدى.

## ئاياللارنىڭ پىچاق ساقلاش ئادىتى «كەزلىك»

تۈركىي تىللىق قەبىلىلەرنىڭ تۇرمۇش ئالاھىدىلىكى شۇنى بەلگىلىدىكى، ئەرلىرى بولسۇن، ئاياللىرى بولسۇن بېلىدە پىچاق ئېلىپ يۈرۈش ئومۇملۇققا ئايلانغان ئادەت ئىدى. چۈنكى، پىچاق ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدا بولسۇن، ئىشلەپچىقىرىش پائالىيەتلىرىدە بولسۇن مۇھىم قورال ئىدى. پىچاق بولمىسا نۇرغۇن ئىشلىرىغا قولايسىزلىق كەلتۈرەتتى، ھەتتا چولاقتەك بولۇپ قالاتتى. شۇڭا ئەرلەرلا ئەمەس، ئاياللارمۇ بېلىدە پىچاق ساقلايتتى. بۇ خىل ئادەتنى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «كەزلىك» دەپ ئاتىغان. بۇنى مەھمۇد كاشغەري «خوتۇنلار كىيىملىرىگە تاقايدىغان ياكى بېلىدە ئېلىپ يۈرىدىغان كىچىك پىچاق» ( I . 625) دەپ ئىزاھلىغان. پىچاق كىيىمگە تاقىۋالىدىغان زىننەت بۇيۇمى ئەمەس، بەلكى ئۇ كىيىمنىڭ مەلۇم يېرىگە بېكىتىۋالىدىغان ياكى ئېسىۋالىدىغان نەرسە. شۇڭا، تەرجىمىدە «تاقىۋېلىش» دېگەن سۆز خاتا ئىشلىتىلگەن. ئەرلەر ئومۇمەن چوڭ غىلاپلىق پىچاقلارنى،

خەنجەرلەرنى ئېسىپ يۈرەتتى، بىز بۇ خىل ئادەتنىڭ ناھايىتى قەدىمكى دەۋرلەردىن تارتىپ داۋاملىشىپ كەلگەن ئادەت ئىكەنلىكىنى، بۇددا مىڭئۆيلىرىدىكى ئۇيغۇر ساخاۋەتچىلىرىنىڭ ئەرلىرىدە ئومۇمەن غىلاپلىق پىچاق ئېسىلغانلىقىنى ئوچۇق كۆرەلەيمىز. ئەرلەر ئۈچۈن پىچاق كۆپىنچە ئىشلەپچىقىرىش زۆرۈرىيىتىدىنلا ئەمەس، ئۇرۇشلاردا، ئۆزىنى قوغداشتا ھەم مۇھىم قوراللارنىڭ بىرى ئىدى. ئاياللارغا نىسبەتەن كىچىك پىچاق ئۆزىنى قوغداشتىن كۆرە كۆپىنچە كۈندىلىك تۇرمۇشىدا ھەرقاچان ئەسقاتاتتى. ئادەتتە قەدىمكى ئۇيغۇرلاردا گۆش مۇھىم ئاساسلىق غىزا بولغاچقا، گۆشنى پىچاق بىلەن يېيىش مەدەنىيەت، چىش بىلەن بىۋاسىتە چىشلەپ يېيىش ۋە چىش بىلەن سۆڭەك غاجىلاش ئەدەپكە يات ئىش دەپ ھېسابلىناتتى. بۇ خۇسۇستا يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «سۆڭەكنى چىش بىلەن غاجىلىما، ئەيىب بولىدۇ» دېگەن. چۈنكى، ئادەم بىلەن يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ گۆش يېيىش ئۇسۇلى ئوخشاپ قالسا بولمايتتى، ئادەم دېگەن ئادەمگە خاس مەدەنىيەت بىلەن گۆشنى پىچاق بىلەن يېيىشى كېرەك ئىدى. مانا شۇ زۆرۈرىيەتمۇ ئاياللارنى پىچاققا ھاجەتمەن قىلاتتى. ھازىر بىز بۇ جەھەتتە بىرئاز چېكىنگەندەك قىلىمىز. سۆڭەك غاجىلاشنى ھازىرقى ئۇيغۇرلار ئەيىب ھېسابلىمايدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن دەۋرنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىدىكى ئۆزگىرىشلەر ياندىشىپ ئۇيغۇر ئەرلىرىدىمۇ پىچاق ئېسىش ئادىتى بارا - بارا ئەنئەنىدىن چۈشۈپ قالغىلى تۇردى.

## ئەرلەرنىڭ ئۇزۇن چاچ قويۇش ئادىتى «سولۇندى»

ئەرلەرنىڭ ئۇزۇن ئۆرۈم چاچ قويۇش ئادىتى ھەققىدە گەپ چىقسا، دەرھال كۆز ئالدىمىزغا كىنو فىلىملىرىدىكى قەدىمكى زاماندىكى مانجۇلارنىڭ ۋە خەنزۇلارنىڭ ئۇزۇن ئۆرۈم چاچ قويۇش ئادىتى كېلىدۇ. بىراق، بىز «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى

ۋاراقلايدىغان بولساق، 1 ـ توم 587 ـ بەتتە: «سولۇندى» دېگەن سۆزگە: «ئەر كىشىلەرنىڭ ئارقىسىغا ساڭگىلىتىۋالىدىغان چېچى» دەپ ئىزاھات بېرىلگەنلىكىنى كۆرىمىز. مەھمۇد كاشغەري بۇ سۆزنىڭ ئېتىمولوگىيەسى ھەققىدە چۈشەنچە بېرىپ: «بۇ سۆزنىڭ ئەسلى «سالىندى نەڭ» (ساڭگىلىغان نەرسە) بولۇپ، بۇ چىرايلىق ئىبارە ئەمەس» دېگەن. بۇنىڭدىن «سولۇندى»نىڭ «سالىندى، ساڭگىلىدى» دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققانلىقى مەلۇم بولىدۇ.

ئۇزۇن چاچ قويۇش، ئۇزۇن چاچنى قەدىرلەش، ئۇزۇن چاچنى گۈزەللىك، مۇكەممەللىك دەپ قاراش ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى تۇرمۇشىدىمۇ ئومۇملاشقان بىر ئەنئەنە ئىكەنلىكى ھەممىمىزگە ئايان. ھازىر ئەرلەر ئۇزۇن ئۆرۈم چاچ قويسا كىشىلەرنىڭ كۆزىگە سىغمايدۇ، بىراق قەدىمكى دەۋردە ئۇزۇن ئۆرۈم چاچ قويۇش ئادىتى ئاياللاردىلا بولۇپ قالماستىن، بەلكى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئەرلىرىدىمۇ ئۇزۇن تارىخقا ئىگە بىر ئەنئەنە بولغانلىقى تارىخىي ۋە ئارخېئولوگىيەلىك مەلۇماتلاردىن ئايان بولىدۇ. بۇنداق مەلۇماتلار مەھمۇد كاشغەرىينىڭ يۇقىرىقى مەلۇماتىنىڭ تارىخىي رېئاللىققا تامامەن ئۇيغۇن ئىكەنلىكىنى تولۇق ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

تارىخىي يېزىقلار ۋە ئارخېئولوگىيەلىك تېپىلمىلاردا، ئۆرۈم چاچ قويۇش ئەنئەنىسىنىڭ ھونلاردا، دىڭلىڭلاردا، سۈي، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە تېلىلار ۋە خۇيخېلاردا، تۈركلەردە، تارىم ئويمانلىقىدا، تەڭرىتاغ، ئالتاي تاغ ئېتەكلىرىدە ياشىغان قەدىمكى تۈركىي تىللىق قوۋملاردا، ئۇلارنىڭ ئەجدادى بولغان ساكلاردا ۋە باشقا قوۋملاردا زور دەرىجىدە ئومۇملاشقان ئەنئەنە ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى.

1979 ـ يىلى شىنجاڭ ئارخېئولوگىيە ئەترىتى لوپنۇر رايونىدىكى كۆنچى دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى قەدىمكى گۇمۇگۇ قەبرىستانلىقىدىن، چەرچەن ناھىيەسىنىڭ زاغۇنلۇق

قەدىمكى قەبرىستىدىن بۇ رايونلاردا ياشىغان قەدىمكى قەبىلىلەرنىڭ ئۇزۇن چاچ قويۇش ئادىتىگە دائىر پاكىتلارغا ئىگە بولدى. زاغۇنلۇقتىن قېزىلغان (2-\m) نومۇرلۇق قەبرىگە كۆمۈلگەن جەسەتلەر ئىچىدە ئۈچ ئايال، بىر ئەر بار بولۇپ، بۇ جەسەتلەر تەبىئىي مۇمىياغا ئايلانغاچقا، خېلى مۇكەممەل ساقلانغان. ئەر ۋە ئاياللارنىڭ چاچلىرى ئۇزۇن بولۇپ، ئىككى تال قىلىپ ئۆرۈلگەن. ئەر جەسەتنىڭ چاچ - ساقاللىرى قوڭۇر رەڭدە بولۇپ، يېرىم ئاقارغان، چېچى ئىككى تال قىلىپ ئۆرۈلگەن. ئايالنىڭ چېچى تۆت تال ئۆرۈلگەن. ھازىرغىچە ئوتتۇرا ئاسىيادىن ئاز بولمىغان بالباللار تېپىلدى. بۇ بالباللاردا ئۇزۇن ئۆرۈم چاچ قويۇش ئادىتى گەۋدىلەندۈرۈلگەنلىرىمۇ خېلى بار. موڭغۇلكۈرە ناھىيەسىدىكى ئاتچىلىق قىرمىسىدىن تېپىلغان بالباللارنىڭ بېشىغا كىيدۈرۈلگەن بۆكىنىڭ ئاستىدىن ئۇزۇن ئۆرۈم چاچلىرى چىقىپ تۇرىدۇ[①]. تارىخىي خاتىرىلەرگە قارىغاندىمۇ، ھونلاردىمۇ، تۈركلەردىمۇ، ئۇيغۇرلاردىمۇ ئۇزۇن چاچ قويۇش ئادىتىدە بىر ئورتاقلىق بارلىقى ھەققىدە خاتىرىلەر بار. «خەننامە»دە خاتىرىلىنىشىچە، ھونلارغا ئەسىر چۈشكەن لى لىڭ بىلەن ۋېي لۈ خەن ئەلچىلىرىنى كۈتۈۋالغاندا، «لى لىڭ بىلەن ۋېي لۈ ھەر ئىككىسى ھونچە كىيىنىپ، چېچىنى تۇرۇۋالغان ئىدى» دېيىلگەن. بۇنى سۈن چى ئەپەندى «چېچىنى تۇرۇۋېلىش دېگەن چېچىنى ئۆرۈپ ئارقىسىغا ساڭگىلىتىۋېلىش دېگەنلىك بولىدۇ» دېگەن. چىڭ سۇلالىسىدە ئۆتكەن ليۇ ياۋنەن دېگەن كىشى يازغان «سۇھاكىمە ۋە بايان. ئادالەتلىك تەمۇنىگە ئىزاھ» دېگەن ئەسىرىدە، «تاغ روڭلىرى ئۆرۈم چاچ قوياتتى» دېيىلگەن. بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان تاغ روڭلىرى دېگەن ئۇقۇم «تارىخىي خاتىرىلەر. ھونلار تەزكىرىسى»دە ئىزاھلانغان[②].

تۈركلەر ھەققىدىكى تارىخىي خاتىرىلەردىمۇ ئۆرۈم چاچ مەدەنىيىتى تىلغا ئېلىنغان. «يېڭى تاڭنامە. تەيزۇڭنىڭ خاتىرىلىرى تەزكىرىسى»دە، تۈركلەر «قوي تېرىسىدىن كىيىم

كىيگەن، ئۇزۇن چاچ قويغان. بەش ئادەمنى بىرلەشتۈرۈپ بىر گورۇپپا دەپ ئاتايتتى» دېيىلگەن. ئۇنىڭدىن باشقا «شىمال تارىخى. تۈركلەر تەزكىرىسى»دە، تۈركلەرنىڭ چېچىنى پېشىگە چۈشۈرۈۋېلىش ئادىتى بارلىقى ھەققىدە مەلۇماتلار ئۇچرايدۇ. تارىخىي خاتىرىلەردىن مەلۇمكى، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلاردىمۇ ئۇزۇن چاچ قويۇش ئادىتى بولغان: «ئۇيغۇرلار ئۇزۇن چاچ قوياتتى». بۇ «كونا تاڭنامە» 199 ـ جىلد «تېلىلار تەزكىرىسى»دىكى بايان. يۇقىرىقى خاتىرىلەر ۋە بايقاشلار بىلەن «دىۋان»دىكى مەلۇماتنى بىرلەشتۈرگەندە، تۈركىي تىللىق خەلقلەر ۋە ئۇلارنىڭ ناھايىتى قەدىمكى ئېتنىك ئەجدادلىرىدىن تارتىپ نەچچە مىڭ يىللىق ئۇزۇن چاچ قويۇش ئەنئەنىسىنىڭ ئىزچىل داۋاملىشىپ تاكى قاراخانىيلار دەۋرىگىچە كەلگەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بۇ خىل ئادەتنىڭ ھونلاردىن تۈركلەرگە، تۈركلەردىن ئۇيغۇرلارغا ئۆتۈپ ئىزچىل داۋاملاشقانلىقى بۇ ۋەقەلەرنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى بىردەكلىكىنى كۆرسىتىدىغان بىر ئىسپات بولىدۇ. ئۇزۇن چاچ قويۇش ئادىتى مانجۇ، خەنزۇلارغا قانداق ئومۇملاشقان دېگەن مەسىلىدە، ھونلاردىن كېيىنكى قىتانلاردىكى ئۇزۇن چاچ قويۇش ئادىتى مانجۇلارغا ئۆتكەن، مانجۇلار جۇڭگودا 300 يىللىق ھۆكۈمرانلىق تارىخىدا خەنزۇلارغىمۇ بۇ ئادەتنى ئومۇملاشتۇرغان. دېمەك، ئۇزۇن چاچ قويۇش ئادىتى قەدىمكى ھونلار ۋە تۈركلەر ئارقىلىق شەرقىي شىمالدىكى مىللەتلەرگە ئۆتۈپ، ئۇلاردىن خەنزۇلارغا تەسىر قىلغان.

ھازىرغا كەلگەندە، تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئىچىدە ئۇزۇن چاچ قويۇش، ئۇزۇن چاچنى ئەتىۋارلاش ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك قارىشىدا ئىنتايىن گەۋدىلىك ئورۇندا تۇرىدۇ. بىراق، بۇ ئادەت ئەرلەردە ئەمەس، بەلكى ئاياللارغا مىراس قالغان بولۇپ، ھازىرغىچە ئىزچىل داۋاملىشىۋاتقان ۋارىسلىق قىلىپ كەلگەن.

## مەگزى قىزىللىقنى ئېسىل تەبىئەت ھېسابلاش

قەدىمكى ئۇيغۇر - تۈركىي تىللىق مىللەتلەر «مەگىز»نى ئادەمنىڭ مىجەز - خاراكتېرىنى ئىپادىلەيدىغان بىر كۆزگۈ ھېسابلىغان. بولۇپمۇ مەگزىنىڭ قېنى بولۇش، قىزىل بولۇشىنى ئېسىل تەبىئەت دەپ قارىغان. مانا شۇ ئادەتكە ئۇيغۇنلىشىش ئۈچۈن قىز - ئاياللار يۈزلىرىگە ئەڭلىك سۈرۈپ، يۈزىنى قىزىل قىلىپ پەردازلايتتى. مەھمۇد كاشغەرىي ئاياللار ئاچ قىزىل بوياق بىلەن يۈزىگە گىرىم قىلىدىغانلىقىدىن خەۋەر بەرگەنىدى[1]. «مەگىز» سۆزىنى ئىزاھلىغان بىر ئىبارىسىدە مەگزىنى ئادەمنىڭ مەگزى دەپ ئېنىقلىما بەرگەندىن كېيىن، «قىزىل مەگىزلىك» دېگەن ئىبارە شۇنىڭدىن ئېلىنغان. بۇ ئىبارە كۆپىنچە مەگزىنىڭ قىزىللىقىغا قارىتىپ ئېيتىلىدۇ» (Ⅲ. 497) دېگەن. بۇ سۆزنىڭ ئارقىسىدا بىز دەۋاتقان يۇقىرىقى ئادەتنىڭ سىماسى كۆرۈنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئېسىل، ياخشى خاراكتېرلىك بولۇش تەلەپلىرىنى قويغاندا مەگزىنىڭ قىزىل بولۇش تەلىپىنىمۇ مۇھىم تەلەپلەر قاتارىدا سانىغانلىقى بۇ خىل ئادەتنىڭ خېلى ئومۇملۇققا ئىگە بولغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

## كېلىشكەن ياشلارنى «تايلاڭ» ئاتاش

ھازىر ئۇيغۇر تىلىدا «تايلاق» دېگەن بىر سۆز بار. بۇ سۆز رەڭلىك نەرسىلەردىن كېيىم كىيگەن، پاكىز، رەتلىك يۈرىدىغان، ياسانچۇق ياش يىگىتلەرگە قارىتىپ ئېيتىلىدۇ. بەزىدە «غىتمەك» مەنىسىدىمۇ ھاقارەت تىلى بولۇپ قوللىنىلىدۇ. قاراخانىيلار دەۋرىدە «تايلاق» — «تايلاڭ» دەپ تەلەپپۇز قىلىنغان. مەنىسى ھازىرقى مەنىسىدىن قىسمەن پەرق قىلغان. مەھمۇد كاشغەرىي مۇنداق دەيدۇ: «تايلاڭ — كېلىشكەن،

زېرەك، پاكىز. تايلاڭ ئەر — زېرەك، زىلۋا، رەڭگى پاكىز، كىيىم - كېچەكلىرى تازا ئادەم». بۇ سۆز كۆپىنچە ياشلارغا نىسبەتەن قوللىنىلىدۇ. «تايلاڭ يىگىت — كېلىشكەن يىگىت» (III. 526). ئومۇمەن پاكىز، رەتلىك، كېلىشكەن، زېرەك ئوغۇللار «تايلاڭ» ئاتالغان. ھازىرقى «تاپلاق» ئىبارىسىنى ياسانچۇق، ئىسىل يۈرىدىغان يىگىتلەرگە قوللىنىش مۇۋاپىق ئەمەس.

## ئىككى ئادەمنىڭ ئارىسىنى تۈزەپ قويۇش — «مۇيانچىلىق»

كىشىلەر ئارىسىدا ھەر خىل سەۋەبلەردىن كۆرە، سۈركىلىش، تالاش - تارتىش بولۇپ تۇرىدۇ. بەزىلەر ئوتقا ياغ قۇيسا، بەزىلەر ئوتقا سۇ قۇيىدۇ. قاراخانىيلار دەۋرىدە ئىككى ئادەمنىڭ ئارىسىغا كىرىپ سالاچىلىق قىلىشنى «مۇيانچىلىق» (III. 248) دەپ ئاتىغان. مەھمۇد كاشغەرىي بۇ سۆزنىڭ ئەسلىي مەنىسى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ساۋاب مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان «مۇيان»دۇر دەپ ئىزاھلىغان. بۇنىڭدىن قارىغاندا، ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنمۇ ئىككى كىشىنىڭ ئارىسىدا سالاچىلىق قىلىپ ئەپلەشتۈرۈپ قويۇشنى پەزىلەت جۈملىسىدىن ھېسابلاپ، ساۋاب مەنىسىدىكى «مۇيان» سۆزى بىلەن ئىپادىلىگەن. ئىسلام دىنىدىمۇ بۇ خىل خالىس ياردەمنى ساۋاب ھېسابلايدۇ. بۇنىڭدىن قارىغاندا ئىسلام تەشەببۇس قىلغان نۇرغۇن پەزىلەت يوسۇنلىرى ئىنسانىيەتنىڭ ئىلغار يوسۇنلىرى ئاساسىدا تاكامۇللاشقانلىقى ئۇقۇلىدۇ.

## ئادەم مۆگدىشىپ، ھايۋان ھىدلىشىپ چۈشىنىدۇ

ئۇيغۇرلاردا ئۆيگە، ھويلىغا، ئىشىك ئالدىغا سۇيا چىقىرىش ئۆي - روزغار مەدەنىيىتىدىكى بىر ئەنئەنە. مەھمۇد

كاشغەرىينىڭ بەرگەن مەلۇماتىدا، «سەكۇ» دەپ ئاتىلىدىغان، ئىشىك ئالدىلىرىغا قۇرۇلغان سۇپىچاقلار بولۇپ، كىشىلەر ئەتىگەن - ئاخشامدا، بوش - بىكار چاغلىرىدا يىغىلىشىپ ئولتۇرۇپ مۇڭدىشىدىكەن (III . 317). بۇ خىل پاراڭلىشىپ، پىكىر ئالماشتۇرۇپ ئولتۇرۇش ئۇلارنىڭ ھايات مەنىسى، تۇرمۇش خۇشاللىقىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى ئىدى. ئۇيغۇر خەلقى مانا شۇ خىل ئادەتنى ھازىرغىچە داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن. ئۇلار بۇنداق يىغىلىشلار، مۇڭدىشىشلار ئارقىلىق كۆڭۈل سىرلىرىنى ئېيتىشىدۇ، يۇرت - مەھەللىدە بولۇۋاتقان ئىشلار، ئۆزگىرىشلەردىن، دۇنيادا بولۇۋاتقان ئۆزگىرىش، يېڭىلىقلاردىن خەۋەردار بولىدۇ. دۇتار، تەمبۇرغا ئوخشاش سازلارنى چېلىشىپ ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىشىدۇ. لەتىپە - چاقچاقلارنى قىلىشىدۇ، ھېكايە - قىسسەلەر ئېيتىشىدۇ. ئومۇمەن، بۇ سۇپا ئۇلارنى جەم قىلىپ ئىنسانىي ۋە قېرىنداشلىق مېھىر - مۇھەببىتىنى چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ. ئۇلار يەنە مانا شۇ سۇپىلاردا يۇرت - مەھەللىنىڭ مۇھىم ئىشلىرى توغرىسىدا ئورتاق كېڭىشىدۇ. «دىۋان»دا «ساۋلاشدى» دېگەن سۆزنى ئىزاھلاپ، ئۇ مېنىڭ بىلەن تەمسىل ئېيتىشتى، يەنى ئۇ ماڭا تەمسىل ئېيتتى، مەن ئۇنىڭغا تەمسىل ئېيتتىم. شۇنىڭدەك بىر - بىرىگە خەۋەر يەتكۈزۈش، پاراڭلىشىش ۋە چۆچەك ئېيتىشقىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ» (II . 309) دېيىلگەن. مانا بۇنىڭدىن يۇقىرىقىدەك پاراڭلىشىش سورۇنىنىڭ ئەھمىيىتى يەنىمۇ چوڭقۇر ئايان بولىدۇ.

ئۆز ئارا پاراڭلىشىشنىڭ يەنە بىر ئەھمىيىتى شۇكى، ئۆز ئارا پاراڭلىشىش ئارقىلىق ئادەم ساغلام روھىي ھالەتكە ھەم ساغلام بەدەنگە ئىگە بولالايدۇ. ھازىرقى تېبابەت ئىلمى شۇنى دەلىللىدىكى، كىشىلەر كۈنىگە باشقىلار بىلەن 15 مىنۇتتىن 30 مىنۇتقىچىلىك بولسىمۇ پاراڭلىشىپ بەرسە، روھىي جەھەتتىن يەڭگىللەپ، بېسىمىنى ئازايتقىلى، شۇنداقلا سەكتە بولۇشنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدىكەن. دېمىسىمۇ ئۇيغۇرلاردا سەكتە

بولىدىغان ياشانغانلار ئىنتايىن ئاز. ھازىر تېلېۋىزورنىڭ قاپلىنىش نىسبىتىنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ، كىشىلەرنىڭ يىغىلىشىپ پاراڭلىشىدىغان ئادىتى بارا - بارا سۇسلاپ كەتمەكتە. بولۇپمۇ شەھەرلىشىش قەدىمىنىڭ تېزلىشىشى كىشىلەر ئارىسىدىكى ئۆيمۇئۆي كۆچمىنى يىمىرمەكتە. ئۆيگە بېكىنىۋېلىش، شاۋقۇن - سۈرەن تۇرغۇن شەھەر كېسەللىكلىرىنى بارلىققا كەلتۈردى. بۇنىڭدىن قارىغاندا، خەلقىمىز نەچچە مىڭ يىل داۋامىدا ياراتقان بەزى يوسۇنلاردىن چەتنەپ كەتمەسلىك كېرەك.

## قولداش پەقەت يىگىت قولدىشىنى كۆرسەتمىگەن

بىز ھازىرقى تۇرمۇشىمىزدا «قولداش» دېسە قىز قولداش، يىگىت قولداش دېگەن ئادەتلىرىمىزنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرىمىز. مەھمۇد كاشغەرىينىڭ مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا، بىز ھازىر ئاتاۋاتقان قولداشلىق قەدىمكى زاماندىكى چوڭلارنىڭ مۇلازىمەتچىسى، ياردەمچىسىنى ئاتىغان «قولداش»تىن كەلگەن. «قولداش، بۇ سۆز كۆپىنچە، چوڭلارنىڭ خادىملىرىغا ئىشلىتىلىدۇ» ( I . 602). يۇقىرىقى باياندىكى «كۆپىنچە» دېگەن سۆزگە دىققەت قىلغاندا، چوڭلارنىڭ، ئەمەلدارلارنىڭ يېنىدىكى مۇلازىملىرىنى قولداش دەپ ئاتىغاندىن باشقا، يەنە تۇرمۇشتىمۇ باشقا ئىشلاردا قىسمەن قوللىنىدىغانلىقى چىقىدۇ.

## بويىغا يەتكەن قىزنىڭ كوكۇلا (ماڭلاي چاچ) قويۇشى

ئۇيغۇرلاردا چاچ قويۇشتىن تارتىپ كىيىنىش ئادىتىگىچە ياش قۇرامى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. ياسىنىش، بېزىنىش ئالاھىدىلىكىگە قارايلا جۇۋانلار بىلەن قىزلارنى پەرق ئەتكىلى بولىدۇ. ھەرگىزمۇ قىز جۇۋان سىياقىدا، جۇۋان قىز سىياقىدا

كۆرۈنمەيدۇ. قىزلار چاچلىرىنى ئۆششاق ئۆرىدۇ، ئۇنى 40 تال چاچ دەپ ئاتايدۇ. جۇۋانلار چاچنى ئىككى تال قىلىپ ئۆرىدۇ، ئۆششاق چاچ ئۆرۈمەيدۇ. قىزلار ماڭلاي چاچ قويىدۇ، جۇۋانلار ماڭلاي چاچ قويمايدۇ. بۇلار ئۇيغۇرلاردىكى بىر قائىدە. بۇ ئادەتنى مەھمۇد كاشغەري «كەسمىلەندى» دېگەن سۆزنى ئىزاھلاپ: «كەسمىلىك بولدى ــ كوكۇلا قويدى. قىز كەسمىلەندى يەنى قىز كوكۇلا قويدى» (Ⅲ، 281) دېگەن. بۇ ئەمەلىيەتتە قىز بويىغا يەتتى دېگەننى ئىپادىلەيدىغان ئىبارە ۋە ئادەت ئىدى. ھازىر ئۇيغۇرلاردا «قاپمۇ تەك، قايچاقمۇ تەك» دېگەندەك، بىز قىز ۋە جۇۋانلارنى پەرق ئېتىدىغان ئەنئەنىمىزنى خېلى دەرىجىدە يوقىتىپ قويدۇق. پەقەت يېزىلاردىلا قىسمەن ساقلىنىپ قالغان.

## تېكە ساقال

ساقال ـ بۇرۇت قويۇش خەلقىمىزنىڭ قەدىمدىن بېرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىسى. ساقالنى ئەرلىك سالاھىيىتىنى نامايان قىلىدىغان، ئەرلەرگە خاس سالاپەت بېرىدىغان بىر كۆركۈ دەپ بىلگەن.

2298. ئېتىم چىقسۇن دېسە ئۇ، بولسۇن جەسۇر،
ساقال ـ چاچى رەتلىك، بەھەيۋەت، غەيۇر.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ دۆلەت كاتتىلىرىغا قويغان تاشقى تۇرق قىياپىتىدە ساقال، چاچقا يۇقىرى تەلەپلەرنى قويغان. ساقالنى ئېستېتىك گۈزەللىك نۇقتىسىدىن باھالىغان. ئۇيغۇرلاردا ساقالسىز كوسا ئادەملەرنى يامان كۆرۈش ئادىتى بولغان. كوسا ئادەمنىڭ قولىدىن بىر نەرسە يېيىش «مەكرۇھ» دەپ قارايدىغان بىر خۇراپاتلىقمۇ ھازىرغىچە داۋاملاشقان. مانا شۇ ئەنئەنىدىن

چىقىپ قەدىمكى ئۇيغۇرلاردا كوسا ئادەملەرنى، يەنى تېكىدەك ئىككى تال ساقىلى بار ئادەملەرنى «تېكە ساقال» دەپ ئاتايدىغانلىقى ھەققىدە «دىۋان»دا ئازراق بولسىمۇ مەلۇمات قالدۇرۇلغان: «نەكە» ساقىلى تېكىنىڭ ساقىلىغا ئوخشايدىغان كوسا ئادەمگە «تېكە ساقال» دېيىش شۇنىڭدىن ئېلىنغان (Ⅲ. 316).

## قولنى ئۇۋۇلاپ جىددىيلەشكەنلىكنى ئىپادىلەش

ھەربىر ئادەمنىڭ ئۆزىگە خاس ئىندىۋىدۇئال ئالاھىدىلىكى بولۇپلا قالماي، بەلكى بىر مىللەتتە ئومۇملاشقان خاس مىللىي ئىندىۋىدۇئاللىقمۇ بولىدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇرلار قەستلەش، ئۆركۈتۈش سېلىش مەقسىتىنى ئىپادىلىگەندە «خەپ توختاپتۇر» دەپ ساقىلىنى ياكى ئېڭىكىنى سىيلايدۇ. مۇھەببەتلەشكەندە قاش ئاتىدۇ. يۈزىنى يۇيغاندا ئىككى قولىغا سۇ ئېلىپ يۈزىگە سۈرتۈپ، قولاق تۈشۈكلىرىنى يۇيۇپ سۇنى ئېقىتىۋېتىدۇ. بۇنىڭدەك ئادەتلەر خېلى كۆپ. قولنى ئۇۋۇلاشمۇ مىللىي ئىندىۋىدۇئال ئالاھىدىلىكنىڭ بىرى بولۇپ، بۇ قەدىمكى زاماندىن تارتىپ ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلگەن. مەھمۇد كاشغەرىي «تەۋۈندى» دېگەن سۆزگە مىسال ئېلىپ: «ئەر ئەلىگىن ئۇۋۇندى تەۋۈندى، ئادەم قولىنى ئۇۋۇلاپ كەتتى، ئادەم قايغۇرغىنىدىن ياكى ئۇياتقىنىدىن قولىنى ئۇۋۇلىدى» (Ⅲ. 208) دەپ جۈملە تۈزگەن. بۇنىڭدىن قارىغاندا، قايغۇرۇپ جىددىيلىشىش ۋە خىجالەت بولۇش سەۋەبلىك قول بېغىشلىرىنىڭ دۈمبىسىنى ئۇۋۇلاپ بۇ خىل روھىي ھالەتنى ئىپادىلەش، قەدىمكى ئۇيغۇرلاردا ئادەتكە ئايلانغان مىللىي ئىندىۋىدۇئاللىقنىڭ بىر ئىپادىسى بولۇپ، ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلگەن. ھازىرمۇ خەلقىمىزدە يوقىرىقىدەك روھىي ھالەتتىكى كىشىلەرنىڭ ئىتماي قول بېغىشلىرىنىڭ دۈمبىسىنى ئۇۋۇلاپ جىددىيلىك، خىجالەتچىلىكنى ئىپادىلەۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز. بۇنىڭدىن

قارىغاندا، بىر مىللەتنىڭ ئىندىۋىدۇئال ئالاھىدىلىكى نەچچە مىڭ يىللار ئىزچىل داۋاملىشىدىغان خىسلەتلىك بىر ئادەت كۆچى بولسا كېرەك.

## سەپەر قىلغۇچىغا خەيرلىك تىلەش

«سەپەر دېمەك زەپەر دېمەك» دەپ ئېيتىشىپتۇ بوۋىلار. مانا شۇ سەپەر مۇناسىۋىتى بىلەن تۇرمۇشتا نۇرغۇن قائىدە - يوسۇنلار بارلىققا كەپتۇ. ئۇزىتىش ئۈچۈن، قايتىپ كەلگەندە قارشى ئېلىش ئۈچۈن ھەر خىل چوڭ - كىچىك مەرىكىلەر ئۆتكۈزۈلۈپ كەپتۇ. بۇ ئارقىلىق سەپەر قىلغۇچىغا سالامەتچىلىك، ئاقىۋول، ئوڭۇشلۇق بولغان قۇتلۇق سەپەر تىلەپتۇ. ئامانلىق تىلەشمۇ مانا شۇ يوسۇنلارنىڭ بىر مەزمۇنى، بۇ خىل يوسۇن بىزدە ھازىر، «ئاقىۋول بولسۇن، خۇدايىم ئامان قىلسۇن، تىنىچ - ئامان قايتىپ كېلىشكە نېسىپ قىلسۇن» دېگەندەك تىلەك سۆزلىرى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. قەدىمكى زاماندىمۇ مانا شۇنداق قۇتلۇق تىلەكلەر بولغان، ئۇنى ئۆز زامانىسىغا يارىشا ئىپادىلىگەن. «ئوغۇر» سۆزى كۆپ مەنىلىك سۆز ئىكەن. ئۇ بىز تىلغا ئېلىۋاتقان سەپەرگە خەيرلىك تىلەش مەنىسىدە قوللىنىلغاندا، «ئوڭۇشلۇق، خەيرلىك» دېگەن مەنىدە بولغان، «يول ئوغۇر بولسۇن» دېگەن سۆز «ئاقىۋول بولسۇن، سەپەر ئوڭۇشلۇق بولسۇن» (I . 75) دېگەن مەنىنى بەرگەن. بۇ سۆزنىڭ يەنە «دۆلەت»، «ۋاقىت» دېگەن مەنىلىرىمۇ بار. سەپەرگە تىنچلىق، ئامانلىق تىلەش ئەڭ قۇتلۇق تىلەك ھېسابلىنىدۇ. سەپەردىن بايلىق ئېلىپ كېلىش، باي بولۇپ كېلىش تىلىكىدە ئەمەس، بەلكى تىنچلىقنى ئېلىپ كېلىش دېگەننىڭ ئۆزى بىر خىل ئىلغارلىق ۋە مەدەنىيلىك.

## يۈرۈك — چۈش تۆرۈش ئادىتى

«يۈرۈك» ئۆرۈك، تەبىر. «تۈش يۈرۈك — چۈش ئۆرۈكى، چۈش تەبىرى» (III. 22). چۈش ئۆرۈش خەلقىمىزنىڭ ئەچچە مىڭ يىللاردىن بېرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىۋى قائىدە - يوسۇنلىرىنىڭ بىرى. ئۇ ھەم تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ چۈشتىن ئىبارەت پىسخىك ھادىسە بىلەن رېئال تۇرمۇش ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى يېشىش ئۈچۈن بولغان تىرىشچانلىقلىرىنىڭ نەتىجىلىرىدىن بىرى. ئەڭ قەدىمكى چاغلاردا كىشىلەر ئۇخلىغاندا يۈز بېرىدىغان پىسخىكىسىدىكى ھەر خىل روھىي پائالىيەتلەرنىڭ چۈش شەكلىدە زاھىر بولۇشىنى تەڭرىنىڭ بېشارىتى دەپ چۈشىنىپ، ئۆز دەۋرىدىكى شامان باخشىلىرىغا، ئەپسۇنچىلارغا كېلىپ چۈشنى ئېيتىپ، ئۇلاردىن چۈشىنىڭ تەبىرىنى ئۇقاتتى. تەبىرچى كىشىلەر ئارىسىدا تەجرىبىلىرىنى توپلاپ، شۇنىڭ بىلەن مەھەللە - مەھەللىلەردە چۈشكە تەبىر بېرەلەيدىغان تەبىرچىلەر كۆپىيىدى، شۇنداق قىلىپ چۈشلەر دۇنياسى كىشىلەرنى تورغۇن قىممەتلىك ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىگەچكە، بەزىدە ئادەتتىكى كىشىلەرمۇ چۈشكە تەبىر بېرەلەيدىغان تەجرىبىگە ئىگە بولدى. ئۇيغۇرلاردا مانا شۇنداق چۈش تەبىرىنى توپلاپ كىتابچە قىلغان «ئىرق بىتىك»كە ئوخشاش قىممەتلىك كىتابلار بارلىققا كەلگەن. بۇ، خەلقىمىزنىڭ ئىنسانىيەتنىڭ چۈش ئىلمىگە قوشقان مۆتىۋەر تۆھپىلىرىنىڭ بىرى ئىدى. ئىسلامىيەتكە قەدەم قويغاندىن كېيىن، بۇ ئىلىم تېخىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇلۇپ خېلى كۆپ تەبىرنامىلەر بارلىققا كەلگەن. بۇنىڭ سەۋەبى چۈش ئىلمى ئىسلام دىنى ئىلھام بەرگەن ۋە قوللىغان ئىلىملەرنىڭ بىرى ئىدى. يۈسۈپ سۈرىسىدە: «يۈسۈپنى مىسىر زېمىنىغا ئورۇنلاشتۇردۇق، ئۇنىڭغا چۈش تەبىرىنى ئۆگەتتۇق» (21 -

ئايەت) دېيىلگەن. شۇڭا، شەرقتە چۈش ئىلمىگە بولغان قىزغىنلىق يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلگەن. قاراخانىيلار دەۋرىدە ئۇيغۇرلاردا چۈشكە تەبىر بېرىش ئىلمى يۈكسەك تەرەققىياتلارغا ئېرىشىپ زور دەرىجىدە ئىلمىيلاشقان. بۇ جەھەتتە دۇنيانىڭ چۈش ھەققىدە ئىزدىنىش ساھەسىدە مۆتىۋەر ئورۇندا تۇرغان. چۈش تەبىرىنىڭ ئىلمىيلىشىش سەۋىيەسى ياۋروپانىڭ چۈش ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرىدىن مىڭ يىلغا يېقىن ئالدىدا تۇرىدۇ. بىز بۇ ھەقتە ياۋروپانىڭ روھىي ئانالىز تەلىماتىنىڭ ئاتىسى دەپ قارالغان فىروئىدنىڭ چۈش ھەققىدىكى قاراشلىرى بىلەن 11 ـ ئەسىرنىڭ بۈيۈك ئۇيغۇر ئالىمى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ چۈش تەبىرى ھەققىدىكى چۈشەنچە ۋە بىلىش نەتىجىلىرىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرگەندە، بەزى جەھەتلەردىن فىروئىدتىن خېلى كۆپ تەرەپلەردە ئىلغار تۇرىدىغانلىقىنى ھېس قىلالايمىز. 11 ـ ئەسىردە ئۇيغۇرلار تەجرىبىلەرگە ئاساسەن چۈشنىڭ مەزمۇنى ۋە مەنبەسى چۈشىگۈچىنىڭ پسىخىك ئالاھىدىلىكى، ئىجتىمائىي ئورنى، تەن سالامەتلىكى، ياش قۇرامى، ۋاقىت ۋە پەسىل بىلەن، كەسىپ ئالاھىدىلىكى ۋە ئارزۇ ـ خىيالى بىلەن، يېمەك ـ ئىچمەك ۋە خاراكتېرى قاتارلىق ناھايىتى كۆپ خىل تەرەپلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن. بۇ نۇقتىدا، «توخۇ داڭگال چۈشەيدۇ، ئۆچكە جاڭگال» دېگەندەك، ئادەمگە قاراپ چۈش ئۆرۈشتىن ئىبارەت ئىلمىي تەبىر ئۇسۇلىنى دۇنياغا جاكارلىغان. تېخىمۇ دىققەتكە سازاۋەر بىر تۆھپە شۇ بولغانكى، 11 ـ ئەسىرلەردە چۈشكە قاراپ كېسەلگە دىياگنوز قويۇش ياكى دىياگنوز قويۇشتا چۈشتىكى ئالاھىدىلىكلەردىنمۇ پايدىلىنىش جەھەتتىكى مۆجىزە خاراكتېرلىك يېڭى يول ئاچقان. بۇ جەھەتتە چۈش چۈشىگۈچىنىڭ ياش قۇرامى بىلەن پەسىل ۋە سالامەتلىكى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئارقىلىق ئەكس ئېتىدىغان خاسلىقىنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلىگە كۆپرەك ئەھمىيەت بەرگەن.

بۇ جەمئىيەتنىڭ نەزەرىيىدە تۆت زات (سۇ، ھاۋا، تۇپراق، ئوت)، تۆت پەسىل ۋە ھاياتلىقنىڭ تۆت باسقۇچىنىڭ ئۆزئارا تەسىرى ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن ئورگانىزمدىكى ئۆزگىرىشلەرنىڭ چۈشكە كۆرسىتىدىغان تەسىرى، چۈش ئىلمى بىلەن تېبابەتچىلىك ئىلمىنى بىرلەشتۈرۈلگەن. بىلىش نەتىجىسىدىن قارىغاندا، چۈشتە ئەكس ئەتكەن قىزىل ۋە قارا رەڭ قاننىڭ كۆپىيىپ كەتكەنلىكىنى كۆرسەتكەن، ئۇنىڭ پەسىل ئۆلچىمى باھار، ئىپادىلىنىش ئۇسۇلىدىكى كۆپىنچە كىچىك بالىلار (6008)؛ چۈشتە ئەكس ئەتكەن قارا تاغ ۋە ھەرقانداق چوڭقۇرلۇقلار سەۋدانىڭ ئىپادىسى بولۇپ، كۆز پەسلىدە كۆپرەك كۆرۈلىدۇ. ئىپادىلىنىش ئۇسۇلىدىكى كۆپىنچە ياشانغانلار.

يۇقىرىقى كۆزقاراشلار مەھمۇد كاشغەرىي زامانىسىدىكى چۈش تەبىرى، چۈش ئىلمى ھەققىدىكى چۈشەنچىلەرنىڭ ئۇيغۇر تېبابىتى بىلەن بولغان باغلىنىشى بولۇپ، بۇ ئۆز دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ چۈشنى كېيىنكى دىياگنوز قويۇش، داۋالاشنىڭ مۇھىم بىر پايدىلىنىش ئاساسى قىلىشى، چۈش ئىلمىنىڭ ۋە تېبابەتچىلىكنىڭ ئۆز دەۋرىدىكى قازانغان ئۇلۇغ نەتىجىلىرى بولۇشقا مۇناسىپ. مانا شۇنداق ئۇزۇن يىللىق تەجرىبىلەر ئۇيغۇرلار ئىچىدە چۈش ئىلمىنى شەكىللەندۈرۈپ قالماي، بەلكى بۇ خەلق ئارىسىدىكى بىر ئادەتكە ئايلانغان. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ تەشەببۇسىدا چۈشنىڭ مەنىۋى ئەت ۋەزىيىتى چۈشكە باغلىق ئەمەس، مۇھىمى ئۇرۇشكە باغلىق ئىدى. چۈش ياخشى ئۇرۇلسە، ياخشى تەرەپكە ماڭاتتى، يامان ئۇرۇلسە يامان تەرەپكە ماڭاتتى. شۇڭا، چۈشنى چۈشكە تەبىر بېرەلەيدىغان كىشىلەرگە ئۇرۇگۇزۇش ۋە ئۇلاردىن ياخشى مەسلىھەت ئېلىش كېرەك، چۈش ئۇرۇش، چۈشكە تەبىر بېرىش ھەرگىزمۇ خۇراپاتلىق ئەمەس.

## بار تاۋۇقىم، يان تاۋۇقىم ئادىتى

خەلقىمىز ئارىسىدا قوشنىلار ئارا بىر - بىرىگە ئاش چىقىرىش ئادىتى قەدىمدىن بېرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان قىممەتلىك مىللىي ئادەتلەرنىڭ بىرى. بىز ھازىرقى تۇرمۇشىمىزدا مەۋجۇت بولغان ھەم يېزىلاردا، قىسمەن شەھەر خەلقى ئارىسىدا ئىزچىل داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان بۇ ئادەتنىڭ 11 - ئەسىرلەردە ۋە ئۇنىڭدىن بۇرۇن ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىدا بىر ئادەت ئىكەنلىكىنى كۆرگەندە، ھەقىقەتەن دۇنيادىكى مىللەتلەر ئارىسىدا ئازدىن - ئاز كۆرۈلىدىغان بۇ ئادەتنى ئومۇملاشتۇرغان خەلقىمىزدىن ئىپتىخارلىنىمىز. مەھمۇد كاشغەرىي بۇ خىل ئادەتنى «تارتىن» دەپ ئاتايدىغانلىقىنى كۆرسەتكەندىن كېيىن: «سۇنۇلغان ئاش، باشقا ئۆيدىن كىرگەن تاماق» دېگەن. بۇ ئادەت ھازىرقى زاماندا كىشىلەر تەرىپىدىن قانداقلا تونۇلسۇن، ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلسۇن، قىلمىسۇن، بۇ ئادەتنىڭ قەدىمدە بولسۇن، ھازىر بولسۇن، كەلگۈسىدە بولسۇن مىللىتىمىزنىڭ مىللىي ئەنئەنىسى بېغىدىكى مەڭگۈ قۇرۇتۇپ قويۇشقا بولمايدىغان مېۋىسى ئىكەنلىكىنى تەن ئالىمىز. بۇ بىر قاچا ئاش مەسىلىسى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئىچىگە ئاجايىپ قىممەتلىك روھ سىڭدۈرۈلگەن. بۇ روھقا ناپىقانىنى تەڭ يېيىش، خۇشاللىق، مەئىشەتتە ئورتاقلىشىش روھى، قوشنىلاردىن تامىقىنى ئايىماسلىق روھى، سېخىيلىق، مېھىر - مۇھەببەت روھى، ئادىمىيلىك پەزىلىتى ۋە ئۆزى ئاچ بولسىمۇ قوشنىلارنى ئۇنتۇپ قالماسلىق روھى قاتارلىق ئالىيجاناب روھ مۇجەسسەم قىلىنغان. شۇ سەۋەبلىكمۇ بۆرىنى توتېم قىلغان خەلقىمىز: «بۆرىنىڭ ئورتاق، قوزغۇنىڭ ياغاچ بېشىدا» دېگەن تەمسىللىرىدە ھەم بۇنداق ئورتاقلىشىش روھىنى مەركەزلىك ئىپادىلىگەنىدى. يەنە «بار تاۋۇقىم، يان تاۋۇقىم؛ بولمىسا ئوتتۇرىلىقتا سۇن تاۋۇقىم» دېگەن ماقاللىرى بۇ ئادەتنى داۋاملاشتۇرۇش-

قا بولغان قىزغىنلىق روھىنى، بۇ ئادەتنى تاشلىۋېتىشنىڭ مېھ-ھىر - مۇھەببەتنى ئۈزۈپ قويىدىغانلىقىغا بولغان نارازىلىقىنى ئىپادىلىگەن. ئىسلامىيەتتىن كېيىن بۇ خىل ئادەت ئەنئەنىنىڭ مەزمۇنىغا ئايلىنىپ: «قوشنىڭ ئېلىپ كىرگەن قويىنىڭ بىر تال تۇيىقى چاغلىق نەرسە بولسىمۇ ئۇنى ئاز كۆرمەي، مىننەتدارلىق بىلەن قوبۇل قىل» دېگەن دەۋەتلەر بارلىققا كەلگەن. ھازىرقى كۈندە ئەنئەنىنىڭ، قىممەت قاراشنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ بۇ قىممەتلىك ئادەتلىرىمىز بارا - بارا زاۋاللىققا يۈز تۇتماقتا.

## سەپەردىن كەلگەن كىشىنىڭ سوۋغىسى — «بەلەك»

كىشىلەر ئارىسىدىكى سوۋغا - سالام ئېلىش ئادىتى ناھايىتى قەدىمكى ئەنئەنە. بۇ كىشىلەر ئارىسىدىكى مېھىر - مۇھەببەتنى چوڭقۇرلاشتۇرىدىغان، بىر - بىرىگە بولغان كۆيۈنۈش، سېغىنىش مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلەيدىغان بىر ئادەت. ئاز بولسۇن، كۆپ بولسۇن كۆڭۈل ساناپ بىرەر نەرسە سوۋغا قىلسا، بۇ شۇ كىشىنىڭ كۆڭلىنىڭ يېقىنلىقى، سېخىيلىقى، كۆيۈنۈشىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ باشقىلارنى خۇرسەن قىلىدۇ. بۇنداق سوۋغا - سالام قىلىشنىڭ شەكلى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، قەدىمكى زاماندا سەپەرگە كەتكەن كىشىنىڭ ئۆز تۇغقانلىرىغا ئېلىپ بارىدىغان ياكى بىر يەردىن يەنە بىر يەرگە ئېلىپ بارىدىغان سوۋغا - سالاملىرى «بەلەك» دەپ ئاتالغان (I . 500).

بۇ خىل ئادەت ھازىرغىچە خەلقىمىز ئىچىدە داۋاملىشىپ كەلمەكتە. سەپەردىن كەلگەن كىشى ئىمكان بار بۇ قائىدىنى ئۇتتۇپ قالماسلىقى، قۇربىتى يەتسە يېقىن - يورۇقلىرىغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا كۆڭۈل سوۋغىسى ئالغاچ كېلىشى لازىم. چۈنكى، ئۇلار قولىغا قارايدۇ. ئەگەر سوۋغا بېرىلمىسە كۆڭلى يېرىم بولىدۇ.

## ئىشلەپچىقىرىشتا ھەمكارلىشىش ئادىتى ــ «لۇشۇت»

ئۆزئارا ھەمكارلىشىش ئىشلەپچىقىرىشنىڭ زۆرۈر ئېھتىياجى بولۇپلا قالماي، بەلكى ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى ھەم ماھىيىتى. جەمئىيەتتە ھېچكىم يەككە ـ يېگانە ياشىيالمايدۇ ھەم يەككە ـ يېگانە ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللانمايدۇ. شۇڭا، ئىپتىدائىي جەمئىيەت بولسۇن، زامانىۋى جەمئىيەت بولسۇن مۇنداق ھەمكارلىق مەڭگۈ داۋاملىشىدىغان مىلودىيە. ھەمكارلىق مەڭگۈلۈك بولىدۇ، بىراق ھەربىر دەۋرنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن شەكلى ۋە مەزمۇنى ئۆزگىرىپ يېڭىلىنىپ ماڭىدۇ. ھازىرقى دەۋردىكى پاي چېكىمۇ بىر خىل ھەمكارلىق، كوللېكتىپ ئىشلەپچىقىرىشمۇ يەنە بىر خىل ھەمكارلىق شەكلى. بۇرۇنقى «لۇشۇت» يەنى لايىقۇتمۇ ئۆز دەۋرىگە يارىشا بىر خىل ھەمكارلىق، بۇنى «دىۋان»دا «لاپقۇت، بۇغداي ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنى يانجىشتا يېزا خەلقىنىڭ بىر ـ بىرىگە ياردەم بېرىشى، ئۇلار ئادەتتە خامان ۋاقتىدا بىر ـ بىرىگە بىرەر ئۇلاغ بىلەن ياكى ئادەم بىلەن ياردەم بېرىدۇ» (I . 590) دەپ ئىزاھلىغان. ئەمەلىيەتتە، بۇ يالغۇز ئۇلاغ ياردەم بېرىش بىلەنلا چەكلەنمەيتتى. ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئالدىراش چاغلىرىدا قوش ھەيدەش، ئېتىزنى ئوغۇتلاش، خامان سورۇش، خامان تېپىش قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسىدە دېھقانلار بىر ـ بىرىگە ئادەم كۈچى ھەم ئۇلاغ بىلەن ياردەم بېرەتتى. بۇ ئىش ئۇيغۇرلاردا ۋە باشقا تۈركىي تىللىق خەلقلەردە ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلدى. ئۆزئارا ھەمكارلىقنىڭ مەنپەئەتىنى شەرق خەلقلىرى ھەقىقىي ماھىيىتى بىلەن چۈشىنىپ يەتكەن ھەم ئائىلىق ھالدا بۇ ئىشنى داۋاملاشتۇرغان. شەرقنىڭ مەشھۇر كىلاسسىك ئەسەرلىرىدىن بىرى بولغان «كەلىلە ۋە دېمنە» دېگەن كىتابتا ھەمكارلىقنىڭ ماھىيىتىنى ناھايىتى ئېنىق بىر مىسال

بىلەن خۇلاسىلەپ، ئاخىرىدا «ئەگەر ھەمكارلىق بولمىسا بىر ئادەم ئۆمرىدە بىر قازان ئاشنىمۇ پىشۇرۇپ يېيەلمەيدۇ» دەپ يەكۈن چىقارغان. ھازىرقى تەرەققىي قىلغان دۇنيادا ھەمكارلىقنىڭ شەكىل ۋە مەزمۇنلىرى تولىمۇ كۆپ خىللاشتى. شەخسلەر ئارا ھەمكارلىقتىن رايونلار ئارا ھەمكارلىق، دۆلەتلەر ئارا ھەمكارلىق، پەن ـ تېخنىكا ھەمكارلىقى، ئىقتىسادىي ھەمكارلىق دېگەندەك زامانغا مۇناسىپ ھەمكارلىق تۈرلىرى بارلىققا كەلدى. مانا شۇنداق ھەمكارلىق بىلەن دۇنيا ئىنتايىن تېز ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە. ئەپسۇسكى، ھازىرقى دەۋردە ئۇيغۇرلار دەۋرگە ماس ھالدا ھەمكارلىشىش تەلىپىدىن خېلى يىراقتا. ھەرقايسى جەھەتلەردە ھەمكارلىشىپ بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە ئىقتىسادنى يۇكسەلدۈرۈشنىڭ ئەھمىيىتىنى تېخى ھەقىقىي مەنىسى بىلەن تونۇپ يەتمىدى. بۇ نۇقتىدا خەلقىمىز ھەمكارلىقنىڭ باشقىلار ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئالدى بىلەن ئۆزى ئۈچۈن مەنپەئەتلىك ئاللاش ئىكەنلىكىنى ئەقەللىي تونۇپ يېتىشى دەۋرنىڭ تەقەززاسى بولۇپ قالدى.

## بىللە يېتىشىدىغان ئادەم ـــ «ياتقاشوك»

قەدىمدىن بېرى ئۇيغۇرلاردا ئۆيىدە يالغۇز قالغان، قارىغۇچىسى يوق، قېرى، ئېرى سەپەرگە كېتىپ ئۆزى يالغۇز قالغان خوتۇنلارغا قوشنىلارنىڭ ياللىرىدىن بىرەرسى ھەمراھ بولۇپ يېتىشىپ بېرىدىغان ئادەت بار ئىدى. بۇ خىل ئادەتنى مەھمۇد كاشغەرىي «ياتقاشوك ـ ياتغاشۇق»، بىللە يېتىشىپ بېرىدىغان ئادەم (Ⅲ. 75) دەپ ئىزاھلىغان. بۇ خىل ئادەت ئۇيغۇرلاردا ھازىرغىچە داۋاملاشقان. چۈنكى، قوشنىلار ئارىسىدا يالغۇز ئادەمگە بىرەر ھەمراھ بولمىسا، بىرەر خېيىم ـ خەتەر يۈز بېرىپ قالسا ئاھانەتلىك ئىش بولىدۇ. ئۇيغۇرلار شۇڭا بۇ ئادەتنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن.

## بەدەلسىز سوۋغا «سىگۇر»

كىشىلەر ئارىسىدا ئادەمگەرچىلىكنىڭ ئۇسۇلى ۋە شەكلى ناھايىتى كۆپ خىل. ئۆزئارا سوۋغا ـ سالام بېرىش بىلەن كۆڭلىنى ئىپادىلەش كىشىلەر ئارىسىدىكى ئۆزئارا ھۆرمەت ۋە مېھىر ـ مۇھەببەتنىڭ بىر خىل ئىپادىلىنىش شەكلى. بۇنداق سوۋغىلارنىڭ بەزىسى ئۆتنە شەكلىنى ئالغان بولىدۇ. بەزىلىرى مەلۇم بىر تەمە بىلەن بولىدۇ؛ بەزىلىرى خالىس بولىدۇ. «دىۋان»دا «سىگۇت» دېگەن بىر خاس، بەدەلسىز سوۋغىنىڭ بارلىقىدىن ئۇچۇر بەرگەن. «سىگۇت ـ سىگۇر، بەدىلىگە بىرنەرسە بېرىلمەيدىغان ۋە قايتۇرۇلمايدىغان سوۋغا. بۇ ئات ماڭا سىگۇت بەردى ـــ بۇ ئاتنى ماڭا سوۋغا قىلىپ بەردى.» (Ⅲ، 495) ھەقىقىي كۆڭۈل سوۋغىسى بەدەلسىز، خالىس بولىدۇ، ئەگەر ئۇنىڭ قايتۇرۇلۇشىنى ياكى يۇقىرىراق قىممەتتە قايتۇرۇلۇشىنى تەمە قىلىپ سوۋغا بېرىش ئۆسۈمگە قەرز بەرگەندەك ئىش بولىدۇ. ھەربىر ئادەم قۇربىتىگە يارىشا سوۋغا بېرىدۇ، ئات كۆتۈرگەننى ئېشەك كۆتۈرەلمەيدۇ. شۇڭا، ھەممىگە ئوخشاش ئۆلچەم قوللىنىلسا، قۇدرىتى يار بەرمەيدىغان كىشىلەرگە بېسىم بولۇپ قالىدۇ. ھەربىر ئادەمنىڭ قۇربىتىگە يارىشا سۇنغان سوۋغىسىنى مىننەتدارلىق بىلەن قوبۇل قىلىش پەزىلەت بولىدۇ. خالىس سوۋغا تېخىمۇ قىممەتلىك سوۋغىدۇر.

## قارلۇقلارنىڭ چوڭلىرىنى «كۆلىركىن» دەپ ئاتىشى

مەھمۇد كاشغەرىي «ئىركىن» سۆزىنى ئىزاھلاپ: يىغىندى سۇ، دېگەن مەنىدە ئىكەنلىكى، ھەربىر توپلانغان نەرسىگىمۇ شۇ سۆزنى ئىشلىتىدىغانلىقىنى ئېيتقاندىن كېيىن: «قارلۇقلارنىڭ چوڭلىرىنى كۆلىركىن» دېيىشىمۇ مۇشۇ سۆزدىن كەلگەن. بۇ

«ئەقلى كۆلدەك تولغان (ئادەم) دېگەن بولىدۇ» (I . 146) دېگەن. بۇ بايانلاردا ئەقلى تولغان ئادەمنى «ئەركىن» دېيىش قارلۇقلارغا خاس ئادەت ئىكەنلىكى مەلۇم بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئەقىلگە بولغان ھۆرمەت، ئەقىلنى يۇقىرى بىلىدىغان قىممەت قارىشى گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ.

ئۇيغۇر خەلقىدە ئەزەلدىن ئەقىلنى ئۇلۇغ بىلىش، ئەقىل ئىگىلىرىنى قەدىرلەش ئومۇمىي قائىدىگە ئايلانغانىدى. ئەقىل ئىگىلىرىنى، پاراسەتلىكلەرنى ئەلنىڭ چوڭى قىلىش ئەنئەنىگە ئايلانغانىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى ھەققىدە بارلىققا كەلگەن بىر رىۋايەتتە «كۆلىركىن» سۆزى تىلغا ئېلىنغان. ئوبۇلغازى باھادىرخاننىڭ «شەجەرەئى تۈرك» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق خاتىرىلەر بار: ئون ئۇيغۇرلار بىلەن توققۇز ئوغۇزلار كېڭەش ئۆتكۈزۈپ، بىردىن كىشىنى تۆرە قىلىپ كۆتۈرۈپ ئۇنىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلماق بولۇشتى: «ئون ئۇيغۇر ئۇرۇقىدىن مەڭگۇ تاي ئاتلىق كىشىنى تۆرە قىلىپ كۆتۈرۈپ، ئۇنىڭغا ئەل ئىلتەبەر دەپ لەقەم قويدى. توققۇز ئوغۇز ئۇرۇقىدىن بىر كىشىنى تۆرە قىلىپ كۆتۈرۈپ، كۆل ئەركىن دەپ لەقەم قويدى». رىۋايەتتە توققۇز ئۇيغۇرلارنىڭ تۆرىسى كۆل ئەركىن لەقىمى بىلەن ئاتالغانلىقى بايان قىلىنغان. بۇنىڭدىن، ئۇ دەۋردىلا بىلىم ۋە ئەقىل ـ پاراسەتنى ئەلگە تۆرە بولۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتى قىلغانلىقى چىقىدۇ. قەدىمكى دەۋردە «ئەقىل» سۆزى يەنە «ئۇقۇش» مەنىسىدىمۇ قوللىنىلغان. «قۇتادغۇبىلىك»تە ئەقىل ئىپادە قىلىنغان سۆز «ئۇقۇش» شەكلىدە كەلگەن. «ئۇقۇشقا، بىلىككە بۇ تىلماچى تىل» (ئەقىل ھەم بىلىم تەرجىمانى بۇ تىل) (162 ـ بېيىت)، «ئۇقۇش ئول يۇلا تەگ قاراڭغۇ تۈنى» (ئەقىل قاراڭغۇ تۈننى يورۇتقۇچى چىراغتۇر) (288 ـ بېيىت)، «ئۇقۇش كۆزى بىرلە يارۇتتى جاھان» (ئەقىل كۆزى بىرلە يورۇتتى جاھان) (290 ـ بېيىت) دېگەنگە ئوخشاش. بۇنىڭدىن قارىغاندا، ئەقىلنى «ئەركىن» دەپ

ئاتاش تەپەككۇر ئورگىنى، ئەقىل ئورنى مېڭىنىڭ يەنە بىر خىل خۇسۇسىيىتىدىن چىقىپ ئاتىلىشى بولسا كېرەك. ئۇنىڭ قارلۇق چوڭلىرىغا قانداق كۆچكەنلىكىگە كەلسەك، قارلۇقلار ئۇيغۇر - تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ تارىخىدا خېلى مۇھىم ئورۇن تۇتقان قەبىلىلەرنىڭ بىرى. ناھايىتى قەدىمكى دەۋردە بارلىققا كەلگەن «كۆل ئېركىن» دېگەن مۇبارەك ھۆرمەت لەقىمىگە قارلۇقلار ۋارىسلىق قىلغان.

## «قىز» نىڭ بىرقانچە خىل مەنىدە قوللىنىلىشى

«قىز» سۆزى جىنسىي جەھەتتىن قىزلارنىڭ ياتلىق بولغۇچە بولغان ئارىلىقتىكى ئاتىلىشى. ياتلىق بولغاندىن كېيىن «قىز» ئاتالماي «جۇۋان»، «چوكان» ئاتىلىدۇ. «قىز» ئاتا - بالىلىق مۇناسىۋەتتى ئىپادىلىگەندە «قىزىم» دېيىلىدۇ. بۇ مۇناسىۋەتتە ياش قۇرامى، ياتلىق قىلىنغان - قىلىنمىغانلىقى ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. قەدىمكى ئۇيغۇر - تۈركىي تىللىق خەلقلەردىمۇ نەسەب مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلىگەندە ھازىرقى بىلەن ئوخشاش «قىزىم» دەپ ئاتىغان. جىنسىي پەرق بويىچە ئاتىغاندا ياتلىق قىلىنمىغان قىزلارنى كۆرسەتكەن. «دىۋان»دا مۇنداق خەۋەر بېرىلىدۇ: «ئەۋ قىزى — ئۆي قىزى، يەنىچكە قىز — بويىغا يەتكەن قىز. بۇ سۆز ئازاد قىزلارغا قوللىنىلغاندەك، سېتىۋېلىنغان چۆرىلەرگىمۇ قوللىنىلىدۇ. بۇ ئەسلىدە (بويىغا يەتكەن، لېكىن ياتلىق بولمىغان قىز) دېگەن بولىدۇ. باشقا مەنىلىرى شۇنىڭغا ئوخشىتىپ ئېيتىلغان كۆچمە مەنىلەردۇر» ( I . 427). ئۇز دەۋرىدە چۆرە قىزلار بولغان، ئازاد قىزلار بولغان. جەمئىيەتتىكى ئورنى، ھوقۇقى پەرقلەنگەن. چۆرىلەرنى خالىسا بەگلەر سېتىۋېتەتتى، خالىسا سېتىۋالاتتى. بىراق، «بويىغا يەتكەن» قىز دېگەن ئىبارىنى ئىشلىتىشتە ھۆر قىزلار بىلەن چۆرىلەر پەرقلەندۈرۈلمىگەن. «قىز» ئىبارىسى ئىپادىلىگەن مەنە ھازىرقىغا ئوخشاش ئۇقۇمنى ئىپادىلەپ كەلگەن.

## ئەگەچ — ئوماق، ئەقىللىق قىز بالىلارغا ئامراقلىق قىلىش سۆزى

بالىلارنى سۆيۈش، بالىلارغا كۆيۈنۈش ئىنسانلارنىڭ ۋە ھەتتا پۈتۈن ھايۋانات، جانلىقلارنىڭ ئورتاق تەبىئىتى. بىراق، ئىنساننىڭ بالىسىغا ۋە بالىلارغا كۆيۈنۈشى، ئۇلارنى سۆيۈشى ئىنسانىي مېھىر - مۇھەببىتىنىڭ مۇھىم بىر ئىپادىسى، ئەمەلىيەتتە بىر جەمئىيەتنىڭ، بىر ئائىلىنىڭ پۈتكۈل تىرىشچانلىقلىرى بالىلار ۋە ئۇلارنىڭ بەختى ئۈچۈن بولىدۇ. بىز «دىۋان»دىن بالىلارغا ۋە بالىلارنىڭ بەخت - سائادىتىگە بولغان كۆيۈنۈش ۋە مەسئۇلىيەتچانلىق ئىپادىلەنگەن قىممەتلىك ئۇچۇرلارنى خېلى كۆپ ئۇچراتتۇق. ئالدى بىلەن، بالىلارغا قىلغان ئۆگۈت - نەسىھەتلەردە بۇ خىل مېھرىبانلىق چاقناپ تۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن، مەخسۇس بالىلارنى ئەركىلىتىش، ئۇلارغا بولغان كۆيۈمچانلىقنى ئىپادىلىگەن سۆزلەردىمۇ بۇنداق مېھرىبانلىقنى ئوچۇق كۆرىمىز.

مەھمۇد كاشغەرىي «ئەگەچ» سۆزىنى ئىزاھلاپ: «ئۆزىنىڭ ئەقىللىقلىقى ۋە زېرەكلىكى بىلەن كىشىلەرگە ئۆز سىڭلىسىدەك تۇيۇلىدىغان قىزچاق. بۇ سۆز قىزچاقلارنى ئامراق كۆرۈش ۋە ئەركىلىتىشكە ئىشلىتىلىدۇ» (I . 73) دېگەن. بۇ بايانلاردىن، بىز خەلقىمىزنىڭ پەرزەنتلەردىن كۈتىۋاتقان، پەزىلەتلىك، ئەقىللىق قىزلار گەرچە ئۆزىنىڭ بالىسى بولمىسىمۇ ئەقىللىق، زېرەك، ھوشيار، پاراسەتلىك، يارامىلىق بولۇشىغا بولغان بىر ئوتلۇق ئارزۇسىنىڭ ھىدىنى پۇرايمىز. يەنە بىرى، ئەقىللىق، زېرەك بالىلارنى ھۆرمەتلەش، قەدىرلەش، ئۇلارنى ئاسراش، ئۇلارغا كۆيۈنۈش ھېسسىياتىنى ھېس قىلىمىز. «ئەگەچ» «ئوماق قىزىم، ئەقىللىق قىزىم» دېگەندەك مەنىدە قوللىنىلغان بولسا كېرەك. بۇنداق ئەركىلىتىش سۆزىنىڭ يەنە بىر شەكلىمۇ

بولغان، يەنى «ئەتەچ» دېگەن سۆزنى ئىزاھلاپ: «كىچىك بولۇشىغا قارىماي، ئۆزىنىڭ زېرەكلىكى بىلەن ھەممىگە ئۆز ئانىسىدەك تويۇلىدىغان قىزچاق ئانىچىقىمىز. بۇ سۆز قىزلارنى ئەركىلىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ» ( I . 74) دېيىلگەن. يۇقىرىقى ئىزاھاتتا بىرئاز ئېغىش كېتىش بار. ھازىرمۇ قىزلارنى ئەركىلىتىش ئۈچۈن «ئانام، ئانام» دېگەن سۆز ئىشلىتىلىدۇ. بىراق، بۇ بىر ئادەت سۆزى، ئەركىلىتىش ئىبارىسى بولۇپ، ئۇ قىزنىڭ ئانىسىدەك تويغۇ بەرگەنلىكى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى چوڭلاردەك ئەقىللىق، زېرەك بولغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئامراقلىقى كېلىپ ئەركىلەتكەن. بەزى ھاللاردا كىچىك بالىلار چوڭلاردەك پاراسەت بىلەن ئاتا ـ ئانىسىغا تەنبىھ بەرسە، ئۇلارغا بەزى مەسلىھەتلەرنى بەرسە «ۋاي چوڭ ئانىمەي» دېگەندەك سۆزلەر بىلەن ئۇلارنىڭ جۈرئەتلىك، زېرەكلىكىگە بولغان ئامراقلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

قىزلارغا ئامراقلىق قىلىپ ئېيتىلىدىغان ئەركىلىتىش سۆزىدىن باشقا، ئوغۇللارنى ئەركىلىتىش، ئامراقلىقنى ئىپادىلەش ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان ئايرىم سۆزلەرمۇ بولغان. «ئۆلىچ — ئوغۇل بالىلارغا ئامراقلىق قىلىپ ئېيتىلىدىغان ئەركىلىتىش سۆزى. ئۆلىچىم — ئوغۇلچىقىم، قارلۇقچە» ( I . 73)، بۇ ھازىرقى زاماندىكى «ئەركەك، ئەركىكىم، مېنىڭ ئوغۇلچىقىم» دېگەندەك سۆزلەر بىلەن باراۋەر تۇرىدىغان سۆز بولسا كېرەك.

## ئاياللار يەپ، ئەرلەر يېمەيدىغان گۆش

بىر مىللەتنىڭ تۇرمۇش ئادىتىدە ھەر تۈرلۈك ئادەتلەر بولىدۇ. «دىۋان» دا مۇنداق بىر ئادەت تىلغا ئېلىنغان: چارۋىلارنىڭ ئۆپكىسىگە چاپلاشقان گۆشنى «يۇڭ» دەپ ئاتىغان. مانا شۇ گۆشنى ئاياللار يەيدۇ، ئەرلەر يېمەيدۇ، دېگەن ( III . 494). بۇ ئادەتنىڭ نېمە سەۋەبتىن كېلىپ چىققانلىقىغا ئىزاھ بەرمىگەن. بىزمۇ سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈشكە ئاجىزمىز.

## ياسانچۇق خوتۇنلارنى يالدۇرۇق ئاتاش

خۇددى ياسانچۇق يىگىتلەرنى «تايلاق» دەپ ئاتىغانغا ئوخشاش، ياسانچۇق ئاياللارنى «يالدۇرۇق» دەپ ئاتايدىغان ئادەت بولغان. بۇ سۆزنىڭ ئەسلىي يالتىراق، پارقىراق، جۇلالىق دېگەن مەنىدىكى سۆز بولۇپ، ئۇ ئاياللارغا ئىشلىتىلگەندە يالدۇرۇق ئەشلەر — ياسانچۇق ئايال دېگەن مەنىنى ئۇقتۇرغان (Ⅲ. 587).

ياسىنىشقا ئامراقلىق ئاياللارنىڭ تەبىئىتى. ئۇلارنىڭ كۆزى ئېيىمگە تويمايدۇ، دېسە كىيىمگە تويمايدۇ. ئۇلار ياسىنىۋېلىشتىن ھۇزۇر ھېس قىلىدۇ. بۇ ئەلۋەتتە ئەيىب ئەمەس، چۈنكى ئاياللارنىڭ شۇنداق ئېستېتىك تەقەززاسى دۇنيادا ئاياللارغا خاس مەدەنىيەت سىستېمىسىنى بەرپا قىلدى. ئاياللار ئۈچۈن بارلىققا كەلگەن مەدەنىيەت بۇيۇملىرىنىڭ تۈرى ۋە سانى، ئىقتىسادىي قىممىتى ئەرلەرنىڭكىدىن نەچچە ھەسسە يۇقىرى تۇرىدۇ. «دىۋان»دا تىلغا ئېلىنغان شۇنچە كۆپ بېزەكلەر ئاياللار ئۈچۈن ئىجاد قىلىنغان. خەلقىمىز ياسىنىشنى گۈزەللىك ئۈچۈن دەپ قارايدىغان، پاكىز، گۈزەل ياسىنىپ يۈرۈشنى ئائىلىسى ئۈچۈن، ئېرى ئۈچۈن دەپ قارايدىغان ئاياللارنى ئوڭلۇق، دۇرۇس، پاك ئايال دەپ ھۆرمەتلەيدۇ. باشقىلارغا چىرايلىق كۆرۈنۈش ئۈچۈن ياسانغان ئاياللارنى بۇزۇق ئايال، ئەسكى ئايال دەپ يامان كۆرىدۇ. مەھمۇد كاشغەرىي تىلغا ئالغان ياسانچۇق ئاياللار يۇقىرىقى سەلبىي مەنىگە ياتىدىغان ئاياللار تىپىغا كىرەتتى.

## ئۇمۇنۇش تەمەخورلۇق ئەمەس

ھازىرقى ئۇيغۇرلاردا «ئۇمۇنۇش، ئۇمۇنىدى» دېگەن بىر سۆز بار. بۇ سۆزنىڭ ئىستېمال مەنىسى كىشىلەرنىڭ ئۆز يېقىنلىرىنىڭ ياخشىلىق قىلىشىنى ئۈمىد قىلىش، يېقىن ئادەملىرىنىڭ قولىغا قاراش (بىرەر نەرسە ئېلىپ كېلىشىنى ئۈمىد قىلىش)

دېگەن مەنىدە قوللىنىلىدۇ. مۇشۇنىڭدىن چىقىپ ئاياللارنى، بولۇيمۇ تۇغۇتلۇق ئاياللارنى ئۇمۇنۇپ قالمىسۇن دەپ، ئۇلارنىڭ يېنىغا قورۇق قول كىرمەيدۇ. ئۇمۇنۇپ قالسا كۆكسى چىگىلىپ قالىدۇ، دېگەن ئادەت بار.

«دىۋان»دا كۆرسىتىلىشىچە، ئۇمۇنۇش، ئۈمىد قىلىش دېگەن سۆز «ئۇمۇنچ» دەپ تەلەپپۇز قىلىنغان. بىراق، بۇ سۆزنىڭ مەنىسى بىرئاز كەڭرەك بولۇپ، تەگرىگە بولغان سېغىنىش، تەگرىدىن ياخشىلىقنى ئۈمىد قىلىش مەنىسىدىمۇ قوللىنىلغان. «ئۇمۇنچ تەگرىگە ــ تەگرىگە ئۈمىد باغلاش» (III . 609). ھازىر «ئۇمۇنچ» سۆزىنىڭ پەقەت يۇقىرىدا دېگەندەك «ئۇمۇنۇش» مەنىسى ئىستېمالدا قالغان.

## توقچىلىقتا ئۆتكەن ئادەمنى «ئوغلاغۇ» ئاتاش

ئۆز دەۋرىدە كەمبەغەل ۋە بايلارنى ئاتايدىغان «چىغاي ــ كەمبەغەل» ۋە «يىلتىزلىق ــ جەمەتلىك كىشىلەر» دېگەن ئاتالغۇلاردىن باشقا كىچىكىدىن باياشاتچىلىقتا، توقچىلىقتا چوڭ بولغان ئادەملەرنى ئاتايدىغان مەخسۇس ئاتالغۇ بولغان. بۇ «توقچىلىقتا ئۆسكەن ئادەم» دېگەن مەنىدە قوللىنىلغان. شۇنىڭدىن چىقىپ دۆلەتمەن خوتۇنلارنى «ئوغلاغۇ خاتۇن» دەپ ئاتايدىغانلىقى تىلغا ئېلىنغان (I . 187).

تۇرمۇشتا كىچىكىدىن نامراتچىلىقتا ئۆتۈپ، كېيىن ھاللانغان ئادەم بولسۇن، باشتا باياشاتچىلىقتا چوڭ بولۇپ، كېيىن سۇنغان ئادەملەر بولسۇن، نامراتچىلىقتا چوڭ بولغان ئادەملەرنىڭ خاراكتېرى بىلەن باياشاتچىلىقتا ئۆسكەن ئادەملەرنىڭ خاراكتېرى خېلى كۆپ جەھەتتە پەرقلىنىدۇ. بۇلارنىڭ خاراكتېرىنىڭ (يۇقىرىقىدىن باشقا كېلىن تاللاشتىمۇ باياشاتچىلىقتا چوڭ بولغان قىزلار بىلەن نامراتچىلىقتا چوڭ بولغان قىزلارنىڭ خۇي - مىجەزى ئوخشاش بولمايدۇ؟

ئىپادىلىرى تۇرمۇشتا ئۆزىنى كۆرسىتىپ تۇرىدۇ. خەلقىمىز شۇڭا «تېگى ئېسىل ئادەم ھەرقانچە نامراتلىشىپ كەتسىمۇ يەنىلا ئېسىل، تېگى پەس ئادەم ھەرقانچە بېيىپ كەتسىمۇ يەنىلا پەس» بولىدۇ دەپ قارايدۇ. بۇ نۇقتىدىن چىقىپ يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئوردىدىكى مۇھىم ئەمەللەرگە كۆزى ئاچ ئادەملەرنى يولاتماسلىق، كۆزى توق «ئوغلاغۇ» كىشىلەرنى مۇھىم ئىشقا قويۇش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ نۇقتىئىنەزەردە چىقىش نۇقتىسى دەل ئادەمنىڭ خاراكتېرىدىكى ئوخشىماسلىق مەسىلىسى ئىدى.

## نان ياپتۇرۇش، نان يېقىشىش ئادىتى

«دىۋان»دا نان ياقتۇرۇش ھەققىدە مۇنداق بىر مىسالدىن بايان بار: «ياپتۇردى، گەتتۇردى. ئول ئاڭار ئەتمەك ياپتۇردى — ئۇ ئۇنىڭغا نان ياپتۇردى» (Ⅲ، 127). ئۇمۇلۇكتە ئىش قىلىش ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمدىن بېرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىۋى ئادىتى، نان يېقىش ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىدىكى ئەڭ مۇھىم بىر ئىش. بىر ئائىلە ھەرگىزمۇ يالغۇز ئۆزىنىڭ ھۇددىسىدىن چىقالمايدۇ. مەھەللىدە ئائىلىلەر جۇغلىشىپ نان يېقىشىدۇ، بىرى ئېچىپ بېرىدۇ، يەنە بىرىلەن يېقىپ بېرىدۇ. بىر مەھەللىدە مەخسۇس كىشىلەرنىڭ نېنىنى يېقىپ بېرىدىغان بىر-ئىككىدىن ئائىلە بولىدۇ. ئۇلار نان يېقىش ئۇستىلىرى بولۇپ، ھەقلىق مۇلازىمەت قىلىدۇ. ئۇلار ناننى يېقىپ، قومۇرۇپ بېرىپ قايتىش ۋاقتىدا كىشىلەر ئاتمىغاننى، يەنى بىر-ئىككى نان بىلەن بىرقانچە تەڭگە پۇل قويۇپ ئۆزىتىدۇ، تويغا ئوخشاش مەرىكىلەرگە نان ياققاندا تېخىمۇ كۆپرەك ھەق بېرىدۇ. مانا بۇ مەھمۇد كاشغەريي تىلغا ئالغان «نان ياپتۇرۇش». يەنە بىر ھەمكارلىق شۇكى، مەھەللىدە بىرىلەن تونۇر قىزىتسا، قوشنا-قولۇملارنىڭ بىرقانچىسى شۇنىڭغا ئەگىشىپ خېمىر ئېتىش (نان يېقىش) كە ئۇتۇش قىلىدۇ، بەزىدە ھەتتا ئۇقۇشۇپ تۇرۇپ

بىرەيلەن نان ياقسا ئەگىشىپ بىرقانچە ئائىلىلىك نان ياقىدۇ. بۇنداق بولۇشتىكى سەۋەب، تونۇر سوغۇق ھالەتتىكى چاغدا تونجى قىزىتقاندا، بىر ئۇلاغدەك ئوتۇن بىلەن ئاران قىزىيدۇ، كېيىنكى قېتىم ياققانلار چاۋار - چاتقاللار بىلەنلا قىزىتىپ ياقالايدۇ. شۇڭا، ئىقتىسادىي ئەھۋالى ياخشىراق كىشىلەر تەشەببۇسكارلىق بىلەن تونجى تونۇرنى قىزىتىدۇ، قالغانلار نۆۋەتلىشىپ بىر كۈن كەچكىچە نان ياقىدۇ. بۇنىڭ بىلەن خېلى كۆپ ئوتۇن تېجىلىپ قالىدۇ. بۇمۇ ئەمەلىيەتتە بىر خىل ھەمكارلىشىش شەكلى بولۇپ، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈشتۇر. يېڭى تونۇرنى سالدۇرغان ۋە تونجى قىزىتىدىغان چاغدا مەھەللىدىكىلەر يەنىلا ھەمكارلىشىپ تونۇرنى سىلىشىدۇ ھەم قىزىتىشىدۇ. تونجى قىزىتقان چاغدا تۆت - بەش قېتىم قىزىتىلىپ كەتسە تونۇر ئاۋلىق، چىدامىلىق بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. بۇ خىل ھەمكارلىشىپ نان يېقىش ئادىتى نەچچە مىڭ يىللاردىن بېرى داۋاملىشىپ كەلمەكتە.

## غوجا تام — تىرەك قويۇش ئادىتى

يۆلەدى — تىرەك قويدى، ئۇل تامنى يۆلەدى (III. 120). تام يۆلەدى، تام يۆلەندى، يەنى تامغا تىرەك قويۇلدى (III. 111). بۇ ھەم بىخەتەرلىك ئۈچۈن قىلىنغان چارە، تەدبىر، ھەم ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆي - بىناكارلىق قۇرۇلۇش ئىشلىرىدا قەدىمدىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان بىر ئادەت ھېسابلىنىدۇ. باغنىڭ تاملىرى بولسۇن، ئۆينىڭ تاملىرى بولسۇن، يىل ئۆتكەنسېرى كونىرايدۇ، ئۇلى زەيلەپ، چاك كېتىپ دېگەندەك خېيىم - خەتەر ھادىسىسى يۈز بېرىش مۇمكىنچىلىكى تۇغۇلىدۇ. ئۇنى دەرھال ئوڭشاي دېسە قىش كۈنى بولۇپ قالىدۇ ۋە يەنە بەزى يېتىشەلمەسلىكلەر بولۇپ تۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىخەتەرلىكنى نەزەردە تۇتۇپ ئۇيغۇرلار تامغا ياغاچتىن ۋە خىشتىن تىرەك

قويۇپ، ئامىنىڭ قىڭغايغان ئەرەپكە ئۆرۈلۈپ خەتەر چىقىشىنىڭ ئالدىنى ئالغان. كالتە ئام ئېتىپ يۆلىگەن يۆلەكنى ھازىرقى ئۇيغۇر تىلىدا «غوجا ئام» دەپ ئاتايدۇ. باغاچتا يۆلىمە «تىرەك» دەيدۇ. بۇ ئادەت ئىزچىل ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلگەن. بۇ ئەمەلىيەتتە خەلقىمىزنىڭ مەسىلىلەرگە ئەتراپلىق قارايدىغان، ئالدىنى ئېلىشقا ئەھمىيەت بېرىدىغان مەسئۇلىيەتچان خاراكتېرىنى نامايان قىلىپ بېرىدىغان بىر ئۆلگە.

## بىھۇدە ئىش — بىھۇدە خۇن تۆلەشتۇر

بىزدە ھازىر «خۇن تۆلەش» دېگەن بىر ئىدىيوم بار. بۇ ئىككى خىل مەنىدە قوللىنىلىدۇ. بىرى، يوللۇق، ھەقلىق خۇن تۆلەش، يەنە بىرى، بىھۇدە خۇن تۆلەش — خۇددى يېمىگەن ماتىنىڭ پۇلىنى تۆلىگەندەك. قاراخانىيلار دەۋرىدە «خۇن» سۆزى «بىھۇدە، پايدىسىز» دېگەن مەنىدە قوللىنىلغان. «خۇن ئىش» دېمەك بىھۇدە ئىش، پايدىسىز ئىش دېگەنلىك ئەدى، «خۇن قاراتىشلىمە» دېگەنلىك بىھۇدە، ئەخمىقانە ئىش قىلما ( III . 189) دېگەنلىك بولغان. يۇقىرىقى جۈملىگە قوشۇلغان «قارا» سۆزى «كۈچىنىش، زورۇقۇش، ئاۋارە بولۇش» دېگەن مەنىنى بېرىپ، يۇقىرىقى «خۇن» سۆزى بىلەن قوشۇلۇپ، بىھۇدە كۈچىنىپ، زورۇقۇپ ئىش قىلما، بۇ ئەخمەقلەرچە ئىش بولىدۇ. ھەر ئىشنى قىلىشىڭ مەقسەتلىك، ئەقىل بىلەن، ئالدى - كەينىنى، نەتىجىسىنى ئويلاپ قىل. نەتىجە كۆرۈلمەيدىغان ئىشقا قول سالما دېگەنلىك بولغان. بۇ قەدىمكى ئاقىللارنىڭ ئەۋلادلارغا قىلغان تەۋسىيەسى، نەسىھەتى، ئاتا - ئانىلارنىڭ، ئۇستازلارنىڭ ئورتاق نەسىھەتىگە ئايلانغان. يۈسۈپ خاس ھاجىپ يېتەلمەيدىغان يەرگە ئاياغ باسما، پايانى مەلۇم بولمىغان دېڭىزغا ئۆزۈڭنى ئاتما، بولمىسا بىھۇدە ئەزىيەت چېكىسەن، ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمەيسەن، دېگەن. مانا شۇنىڭدىن چىقىپ خەلقىمىز «كۆل

يۈزلىگۈچە چوغ يۈزلە» دېگەن ماقالىنى بارلىققا كەلتۈرگەن، بۇ تەۋسىيەتى، بۇ تەجرىبە ـ ساۋاقنى ھەربىر ئادەم تۇرمۇشىنىڭ مىزانىغا، ھايات مۇساپىسىنىڭ مەسلىھەتچىسىگە ئايلاندۇرسا بولىدۇ. ئەھمىيەتسىز ئىشلار بىلەن، مەنىسىز ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولغان ئادەم ئۆمۈر بوستانىنى بىرەر قېتىممۇ كۆكەرتمەي، قۇرۇق قاقشال ھالەتتە بۇ دۇنيادىن كېتىدۇ.

## تونىنى يېپىنچاقلاش ئادىتى ــ «ياخشىناق»

ھەربىر مىللەتنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرىنىڭ قويۇق مىللىي ئالاھىدىلىكى بولۇپ قالماي، كىيىمنى كىيىش ئادىتىمۇ شۇ كىيىمنىڭ ئالاھىدىلىكىگە يارىشا خاسلىشىدۇ. زاڭزۇلارنىڭ يەڭنىڭ بىرىنى سېيىپ، يەنە بىرىنى ساپماسلىقىمۇ ئۇلارنىڭ بىر مىللىي ئالاھىدىلىكى، خەنزۇلارنىڭ يەڭنى كەڭ چىقىرىپ، ئۇنى زۆرۈر تېپىلغاندا نەرسە ـ كېرەك سېلىپ ساقلاش ئۈچۈن ئىشلىتىشىمۇ ئۇلارنىڭ ئادىتى. ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرى ئاساسەن تۇرمۇش، ئىش ـ ئەمگەك، مەشغۇلاتلىرىغا ماسلاشتۇرۇپ قولايلاشتۇرۇلغان. قاراخانىيلاردا تاشقى پەرەنجىنىڭ يېڭى جەينەكنىڭ يۇقىرىسىدا بولغان. ئىش قىلغاندا جەينەكتىن قولنى چىقىرىپ ئىش قىلىشقا قولايلاشتۇرۇپ، شۇ يەردىن بىر چەك قويغان تونلارمۇ بايقالدى. شۇنىڭغا ئوخشاش چاپاننىڭ يېڭىنى ساپماي يېپىنىپ تۇرۇشمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىدىكى بىر ئادەت بولۇپ شەكىللەنگەن. «دىۋان» دا بۇ ئادەت ھەققىدە خەۋەر بېرىپ مۇنداق مەلۇماتنى خاتىرىلىگەن: ياخشىندى. ئەرقانتان ياخشىندى ــ ئادەم تون يېپىنچاقلىدى، يەنى تونىنى يېڭىنى ساپماي، ئىزىنى ئەتمەي ئۈچىسىغا ئارتىۋالدى. كېپىنەك تون ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنى يېپىنچاقلىشىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (Ⅲ. 149). بىز بۇ ئادەت ھەققىدىكى بايانلارنى ئوقۇۋېتىپ، قاراخانىيلار دەۋرىدە كېچە ـ

كۈندۈز، قىش - ياز دېمەي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان، تونىنى يېپىنچاقلاپ مۈكچىيىپ ئولتۇرۇپ تەپەككۇر كېمىسى بىلەن ماددىي ۋە مەنىۋى دۇنيانى كېزىۋاتقان يۇسۇپ خاس ھاجىپ، مەھمۇد كاشغەرىيلەرنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرىمىز. ئەلۋەتتە، قىشتا قىلىن كىيىم بىلەن يەڭنى سىپىۋالسا يېزىقچىلىقتا ۋە باشقا ئىشلاردا قاملاشمايدۇ. شۇڭا، ئۇنى كىيىدۇ ئەمەس، يېپىنىدۇ، دەپ ئىپادىلىگەن. بۇ خىل ئادەت ھازىرغىچە ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش ئادىتىدە ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلگەن. بىراق، بەزى ئاممىۋى سورۇنلاردا چاپاننى يېپىنچاقلاپ تۇرۇش ھازىر تەكەببۇرلۇق دەپ قارىلىدۇ.

## نامراتلارغا يارماق ئۈلەشتۈرۈش

كىشىلىك تۇرمۇشتا باي بىلەن نامرات ھەرقاچان مەۋجۇت. جەمئىيەت ھەرقانچە تەرەققىي قىلىپ كەتسىمۇ، بۇ پەرق ھەرگىزمۇ تۈگىمەيدۇ، چۈنكى بۇ كىشىلىك جەمئىيەتنىڭ مۇھىم بىر ئالاھىدىلىكى. بۇ خىل پەرق ئۆزئارا ياردەم بېرىش، ئۆزئارا يۆلەش ئارقىلىق كىشىلەر ئارىسىدىكى مېھىر - مۇھەببەتنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. ئەگەر ھەممە ئادەم باي ياكى ھەممە ئادەم نامرات بولۇپ كەتسە، جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي خۇسۇسىيىتى بۇزۇلىدۇ. دېمەك، تەبىقە پەرقى جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي ئاتموسفېراسىنى تەڭشەپ تۇرىدىغان بىر ماھىيەت.

ھەربىر مىللەتنىڭ، ئوخشىمىغان دىنىي ئېتىقادتىكى كىشىلەرنىڭ نامراتلارغا ياردەم بېرىش ئۇسۇلى ئوخشاش بولمايدۇ. ئىسلام دىنىدا خەير - ئېھسان قىلىش، سەدىقە، پىتىر، زاكات دېگەنگە ئوخشاش ئەقىدە يوسۇنلىرى ئارقىلىق كىشىلەر ئارىسىدا ئۆزئارا ياردەم بېرىش، يۆلەش، مېھىر - مۇھەببەت، كۆيۈنۈش قانۇنىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. بىز «دىۋان»دىن «ئۈلەتتى» دېگەن بىر ئاتالغۇغا «ئۇ كەمبەغەللەرگە يارماق

ئۆلەشتۈردى» ( I . 286) دەپ مىسال بەرگەنلىكىنى كۆردۇق. بۇ بايلارنىڭ نامراتلارغا ياردەم قىلىشىشىنىڭ بىر ئۇسۇلى بولسا كېرەك. ئۇ بەزى مۇراسىم كۈنلىرى بولامدۇ، ھېيت ـ بايراملاردا بولامدۇ، بۇ خاتىرىلەنمىگەن. قانداقلا بولمىسۇن «كەمبەغەللەرگە يارماق ئۈلەشتۈردى» دېگەن مەلۇماتتا بىر ئادەمگە ئەمەس، بەلكى خېلى كۆپ نامراتلارغا يارماق تارقىتىدىغان ئادەتنىڭ بارلىقىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرەلەيمىز.

## بويى ئېگىز كىشىلەر «سىنلىغ كىشى» دەپ ئاتالغان

«سىن» سۆزى بوي ـ تۇرق مەنىسىدىكى سۆز بولۇپ، بوي ـ بەستى ئېگىز ئادەمنى «سىنلىغ كىشى» دەپ ئاتىغان. بۇ قامەتلىك، بارىشىملىق دېگەندەك ئىجابىي مەنىدە قوللىنىلغان. ئۇيغۇرلارنىڭ قىممەت قارىشىدا پاكار ئادەم جىسمانىي ۋە ئەقلىي جەھەتتە ئاجىزراق، كۆرۈمسىزرەك قارالغان. پاكار ئادەمنىڭ مىجەزىنى ئاچچىقى يامان، تەنتەك، تۆھمەتخور، يالغانچى، ھىيلىگەر دېگەندەك خاراكتېردە باھالاشقان. بويى ھەددىدىن ئېگىز ئادەمنىمۇ ئانچە قوللىمىغان. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قارىشىدا «تولىمۇ ئۇزۇن ئادەم ئازا ئەقىللىق بولمايدۇ» دەپ ھېسابلىغان. بۇ ئەلۋەتتە خەلقنىڭ ئادەتكە ئايلانغان چۈشەنچىسىنىڭ ئەكس ئېتىشى ئىدى. شۇڭا ئوتتۇرا بويلۇق كىشىلەر خوپ كۆرۈنگەن.

«سىن» سۆزى يەنە «گۆر» دېگەن مەنىدە قوللىنىلغان بولۇپ، بۇنى «گۆرنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئادەمنىڭ بويى بىلەن تەڭ بولغانلىقى ئۈچۈن» ( III . 189) دەپ ئىزاھات بەرگەن. «دىۋان»دا يەنە «قاتۇن سىنى» دېگەن بىر جاينىڭ نامى ئۇچرايدۇ. بۇ جاي چىن بىلەن تاڭغۇتلار ئارىسىدا بولۇپ، قارىغاندا بۇ جاي بىرەر قاتۇننىڭ قەبرىسى نامىغا قويۇلغان كىچىك بىر شەھەر بولسا

كېرەك. بىز يەنە كۆرنەك ئادەمنىڭ بويىغا ئۆلچىنىپ ياسىلىدىغانلىقىغا ئاساسەن «سىنلىغ كىشى» دېگەن سۆزنىڭ «ئۆلچەملىك ئادەم» دېگەن مەنىدىمۇ قوللىنىلىدىغانلىقىنى ھېس قىلالايمىز.

## تەقسىمات ياكى مىراس بۆلۈشۈشتە «ئوق»قا ئايرىش ئادىتى

ئوققا ئايرىپ تەقسىمات قىلىش ۋە مىراس بۆلۈشۈش ھازىرقى ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىدىمۇ ئىزچىل يۈرگۈزۈلۈۋاتقان قائىدە. «دىۋان»دىكى مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، «ئوق»قا ئايرىپ تەقسىم قىلىش تارىخى ناھايىتى ئۇزۇن ئىكەنلىكى چىقىدۇ: «ئوق — ئوق، ئوتچە، ئۈلۈش، ھەسسە، مىراس تەقسىماتىدا تېگىدىغان ئۈلۈش، ئۇنىڭدىن بىر ئوق تەگدى» ( I . 66).

بۇ تەقسىمات، بۆلۈشۈش مۇنداق بولىدۇ: بىر ئادەمنىڭ ئىككى قىزى، ئۈچ ئوغلى بولسا، مىراسنى تۆت ئوق قىلىدۇ. ئۈچ ئوغۇلغا بىردىن ئوق تەقسىم قىلىنىدۇ. قالغان بىر ئوقنى ئىككى قىزغا تەقسىملەپ بېرىدۇ. ئولجا ۋە باشقا بايلىقلار بولسىمۇ ئادەمنىڭ سانى ھېسابقا ئېلىنماي، ئومۇمىي ئولجىنى، تەقسىم قىلىنىشقا قاتنىشىدىغان كىشىلەرنى ئوققا ئايرىيدۇ، ھەربىر ئوقتىكى كىشىلەر چوڭ ـ كىچىك، تۆھپىكارلار بويىچە ئۆزلىرى كونكرېت بۆلۈشۈۋالىدۇ. مانا شۇنداق بۆلۈشۈش ئادىتى قەدىمكى ئۇيغۇرلاردا «ئوق» دېگەن، ھازىرمۇ «ئوق» دەپ ئوخشاش قوللىنىدۇ.

## چەك تاشلاش ئادىتى

بۇ ئادەت مەلۇم بىر ئىشنى ھەر ئىككى تەرەپ رازى بولغۇدەك ئۇسۇل بىلەن ھەل قىلىش زۆرۈرىيىتىدىن مەيدانغا كەلگەن،

دەپ، ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىدىكى ئەڭ مۇھىم ۋاستە بولغان ئوقيادىن پايدىلىنىپ ئوق ئېتىشىپ بەسلىشىش ئارقىلىق كىمنىڭ ئاتقان ئوقى يىراققا بارسا، شۇنى بىرىنچى ئورۇنغا تىزىدىغان قائىدە بارلىققا كەلگەن. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئادەت «ئوق»نى سۆزنىڭ تومۇرى قىلىپ، ئۇنىڭغا «تاشتى» دېگەن سۆز قوشۇلغاندا، بىر خىل ئادىل، ھەققانىي ھالدا بەزى تالاش - تارتىشلارنى ھەل قىلىدىغان ئۇسۇل بارلىققا كەلگەن. مەھمۇد كاشغەرىي شۇڭا: «ئۇ ئۇنىڭ بىلەن ئوق ئېتىشتى» دەپ جۈملە تۈزگەندىن كېيىن، «چەك تاشلاشقىمۇ مۇشۇ سۆز ئىشلىتىلىدۇ» (I . 592) دېگەن. چەك تاشلاش بىر ئاۋام ئىچىدىكى بىر خىل قانۇنىي ۋاستە، ئۇ ھازىرغىچە داۋاملاشقان. بۇ ئۇسۇلمۇ يۇقىرىقى «ئوقتاشىش» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلەنگەن. بىز يۇقىرىدا تىلغا ئالغان، مىراس بۆلۈشۈشتە قوللىنىلىدىغان «ئوققا بۆلۈش» ئۇسۇلىدىمۇ مانا شۇ ئوق قوللىنىلغان بولۇپ، بۇنىڭدىمۇ، مىراس بۆلگەندە يەنىلا چەك تارتىشقا توغرا كېلەتتى. بۇنىڭدىن خەلقىمىزنىڭ ھەر ئىشنى ئادىللىق بىلەن لىللا قىلىشقا ئادەتلەنگەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. شۇڭا ئۇيغۇرلاردا ھازىر «چەكتە كەلسە چەكچىمە» دېگەن بىر ماقال بار.

## يىتكەن نەرسىنى سوراپ جار سېلىش

مەھمۇد كاشغەرىي «سورۇغچى» دېگەن سۆزنى: «چىلامچى» يىتكەن نەرسىنى سورىغۇچى (III . 333) دەپ ئىزاھلىغان.

بۇنداق جار سېلىش ئۈچ خىل ئەھۋالدا بولىدۇ. بىرىنچى، بىرنەرسىسى يىتىپ كەتكەن (يەنى بازارغا مىنىپ كەلگەن ئۇلاغلىرى، چارۋا ماللىرى، چۈشۈرۈپ قويغان باشقا نەرسىلىرى قاتارلىقلار)دە سوراپ جار سالىدىغانلار بولىدۇ، ئۇلار: «خالايىق مۇنداق، ئۇنداق رەڭلىك، مانداق خۇسۇسىيەتكە ئىگە ××

نەرسىنى كۆردۈڭلارمۇ؟» دەپ جار سالىدۇ. ئىككىنچى، بازاردا مەخسۇس بەلگىلەنگەن جارچىلار بولىدۇ، ئۇلار: «خالايىق، بىر بىچارە مۇنداق نەرسىنى يوقىتىپ قويۇپتۇ، تەڭرىنىڭ ھۆرمىتى، ئىنسانىي پەزىلىتىمىزنىڭ ھەققى ئۈچۈن كۆرگەن بولساڭلار مەلۇم قىلىڭلار، سېتىۋالغان بولساڭلار، تاپشۇرۇپ بېرىڭلار» دەپ جار سالىدۇ. بۇنى ئاڭلىغان كىشىلەر ئەگەر شۇنداق بىر ئىشتىن خەۋىرى بولسا ياكى بىرەر نەرسە تېپىۋالغان بولسا، ياكى ئىگىسىز بىرەر ئۇلاغنى ئۇچراتقان بولسا، ئۇنى بىخەتەر يەرگە قويۇپ قويۇپ، بازاردا يەنىلا جار سالدۇ ياكى جار سالدۇرىدۇ، كىمنىڭ مۇنداق بىر نەرسىسى يىتۇپ كەتكەن بولسا ×× ئادەمنى تېپىپ شۇنىڭدىن تاپشۇرۇۋالسۇن، دېگەندەك.

بۇ ئادەت خەلقىمىزدە يېقىنقى مەزگىللەرگىچە ئوخشاش داۋاملاشقان ھەتتا بازاردىكى مەخسۇس كانايلاردا ئۇقتۇرۇپ، جار سالاتتى. نەرسە تېپىۋالغانلار كۆپ ھاللاردا تاپشۇرۇپ بېرەتتى، بۇنى ساۋابلىق ئىشلاردىن ھېسابلايتتى. كىشىنىڭ مېلىغا قارا سانىمايتتى. ئۇنداق قىلىشنى كىشىنىڭ ھەققى دەپ ھايا قىلاتتى. ئەلۋەتتە، بۇ خەلقىمىزنىڭ ئېسىل پەزىلىتىنى كۆرسىتىدىغان ياخشى بىر ئادىتى ئىدى.

## ئىشلارنى «ئوڭ» قىلىش ئەنئەنىسى

بىز «دىۋان»دىن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «ئوڭ» ئىبارىسىنىڭ كۆپ مەنىلىك سۆز سۈپىتىدە قوللىنىپ، ھەربىر ئىشنىڭ ياخشى نەتىجىسىنى ئىپادە قىلغانلىقىنى، ئۇ تۈرلەنگەندىن كېيىنمۇ ئە-قىل - پاراسەتكە، ياخشىلىققا، ئىشلارنىڭ قانۇنىيەتكە ئۇيغۇن بولغانلىقىنى كۆرسىتىدىغانلىقىنى كۆردۇق.

«ئوڭاي» دېگەن سۆزنى مەھمۇد كاشغەرىي «ئوڭ ئىش» دېگەن سۆزنىڭ ئاددىيلاشتۇرۇلۇپ ئېيتىلىشى ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتىدۇ. روشەنكى، ھەرقانداق بىر ئىش ئوڭ قىلىنسا

ئوڭايلىشىدۇ، ئوڭاي پۈتىدۇ. ئەگەر تەتۈر ئىشلەنسە، ئۇ ئىش ئوڭاي پۈتمەيدۇ. ئوڭ قول قىلغان ئىشنى سول قول قىلالمايدۇ، چۈنكى ئوڭ قول كۆپ ئىشقا سېلىنغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ تەپەككۇر بىلەن بولغان ماسلىشىشچانلىقى ئاشقان. ئادەم قايسى قولىنى ئىشقا كۆندۈرسە، شۇ پىشىدۇ، يەنە بىر قول ئۇ قولنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ. خەلقىمىزنىڭ ئوڭ قولنى تەكىتلىشىدە، يۇقىرىقى ماسلىقتىنمۇ كۆرە، ئىشنىڭ ئوڭغا تارتىشىغا بولغان ئارزۇ كۆپرەك رول ئوينىغان.

يەنە بىر مەنىدە ئىشلارنى جايىدا، كۆڭۈلدىكىدەك قىلىدىغان، كىشىلەر بىلەن قائىدىلىك، ئەدەپلىك مۇئامىلە قىلىدىغان، قولى ئەپلىك، چېچەن، پاراسەتلىك ئادەمنى ئوڭمۇق ئەر — ئوڭلۇق ئادەم ( I . 219) دەپ ئاتىغان. ئەمەلىيەتتە، بۇ ھەرقانداق ئىشنى قائىدىگە، قانۇنىيەتكە ئۇيغۇن قىلالايدىغان ئادەم دېگەن مەنىنى بېرەتتى. مانا شۇنىڭدىن چىقىپ ئىشلار ياخشى تەرەپكە يۈزلەنگەن بولسا، «ئوڭغۇلدى، ئوڭلاندى، ساقايدى» ( III . 539) دەپ ئىپادىلىگەن. «ئىش ئوڭغۇلدى» دېگەننى «چىگىش، تەتۈر ئىش ئوڭلاندى، يېشىلدى» دەپ ئىپادىلىگەن. ئادەمنىڭ چىرايىمۇ ئەسلىي ئىبارىسى بىلەن ئىپادىلەنگەن. چىرايى ئۆچتى، نورماللىقنى يوقاتتى دېمەكچى بولسا، «ئوڭدى» دېيىلگەن. بىز ھازىر «ئو» نى «ئۆ» گە ئۆزگەرتىپ تەلەپپۇز قىلىپ «ئۆڭدى» دەپ ئىپادىلەيمىز.

روشەنكى، قەدىمدىن تارتىپ ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىدا «ئوڭ» سۆزى ئىنتايىن خەيرلىك، ئېتىبارلىق سۆز قاتارىدا تىلغا ئېلىنىپ كەلدى. «ئوڭ» دېمەك «تۇغرا، ئوڭۇشلۇق، يوللۇق، ئوڭاي، جايىدا، خەيرلىك» دېگەنگە ئوخشاش مەنىلەردە قوللىنىلىپ كەلدى، «ئوڭلۇق ئادەم — ئىشنى ئوڭ قىلىدىغان ئادەم، ئوڭ باقتى — ئىش ياخشىلىققا يۈزلەندى ئىش ئوڭايلاشتى، ئىش ئاسانلاشتى، ئىش ئوڭغا تارتتى. ئىش نىيەتتىكىدەك بولدى، ئوڭۇشلۇق بولۇشقا يۈزلەندى. ئۆڭى

(ئوڭى) ئۇچتى، كاللىسى پىرقىراپ، كېيىمباتى بۇزۇلدى، «ئوڭدى» (ئۈڭدى) يۈز - چىرايى چىرايلىق ھالەتتىن تاتاردى، دېگەندەك نۇرغۇن ئىش - ھەرىكەتلەر «ئوڭ» سۆزى ئارقىلىق ياسالغان ۋە ئۇنىڭغا باغلىنىپ ئىپادىلەنگەن. بۇنداق بولۇش خەلقىمىزنىڭ ھەرقانداق ئىشلىرىنى توغرا قىلىش، ئىشلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشىنى ئارزۇ قىلىش ئىستىكىدىن بارلىققا كەلگەن. ئوڭ قىلىنغان ئىش يوللۇق، جايىدا، شۇ ئىشنىڭ قائىدە - پىرىنسىپىغا ئۇيغۇن بولغاچقا، مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان، تەتۈر قىلىنغان ئىش شۇ ئىشنىڭ قائىدە - پىرىنسىپىغا مۇخالىپ ئىش بىلەن ھەرىكەت ماسلاشمىغان بولغاچقا، مەغلۇبىيەتلىك بولغان.

ئۇزۇن يىللىق تەجرىبە - ساۋاق ئاساسىدا شۇنى يەكۈنلەپ چىققانكى، ھەرقانداق بىر ئىشنى قىلماقچى بولغان ئادەمنىڭ ھەرىكەت ئىقتىدارى، ئەقلىي قابىلىيىتى ۋە باشقا تەرەپلىرىدىن ئۇيغۇنلۇق شەكىللەنمىسە، ھەرقانچە تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن تەقدىردىمۇ، ئۇ ئىش ئوڭۇشلۇق ئىشلەنمەيدۇ. مانا شۇنداق ئىدىيە بىلەن كىشىلەر ئارىسىدا ئوڭلۇق كىشىلەرنى ھۆرمەتلەيدىغان، ئۇلارغا مۇھىم ئىشلارنى خاتىرجەم تاپشۇرىدىغان ئادەت شەكىللەندى. خەلقىمىزنىڭ ئىشلىرىنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك، توغرا، خەيرلىك بولۇشىنى ئۈمىد قىلىش نازۇك ئىستىكى ئارقىسىدا كىشىلىك تۇرمۇشتىكى بارلىق مەشغۇلاتلارنى ئوڭدىن باشلاشتىن ئىبارەت قائىدە ئومۇملاشتى. ئەتىگەندە ئورنىدىن قوپۇپ كىيىم- كېچەكنى كىيگەندە ئاۋۋال ئوڭ پۇتنى، ئوڭ قولنى سېپىپ كىيىش، ئاياغنى كىيگەندە ئوڭ پۇتنى ئاۋۋال كىيىش، ئىشىكتىن چىققاندا ئوڭ پۇتنى ئېلىپ چىقىش، يولدا ماڭغاندا ئوڭ قولنى بېسىپ مېڭىش، كىشىلەر بىلەن كۆرۈشكەندە ئوڭ قولنى ئاۋۋال بېرىپ كۆرۈشۈش قاتارلىقلار كىشىلەرنىڭ ئېڭىغا كىچىكىدىن تارتىپ تەربىيەنىڭ مۇھىم مەزمۇنى سۈپىتىدە سىڭدۈرۈۋېتىلىدۇ.

مانا يۇقىرىقى ئادەتنىڭ ئىپادىسى سۈپىتىدە، ئۆينىڭ ئىش-
كىنى شەرققە قارىتىش، ئۆينىڭ تۆرىنى ئۆينىڭ ئوڭ تەرىپىگە
ئورۇنلاشتۇرۇش، مېھمانلارغا ئاش - تائام تارتقاندىمۇ ئوڭ تەرەپ-
تىن باشلاش، تاماقنى ئوڭ قول بىلەن سۇنۇش، ئوڭ قول بىلەن
تاماق يېيىش دېگەنگە ئوخشاش.

ئۇيغۇرلاردىكى ئوڭنى خاسىيەتلىك بىلىش، ئامەتنى ئوڭدىن
ئىزدەش، سولدىن ھەزەر ئەيلەش (پەرھىز قىلىش)نىڭ يىراق تا-
رىخىي يىلتىزى بار. ئەڭ قەدىمكى مۇراسىم ئادەتلىرىدىمۇ ئوڭدا
ئالاھىدە مەرتىۋىلىكلەر ئولتۇرىدىغان، سولدا ئۇنىڭدىن تۆۋەنرەك
مەرتىۋىلىكلەر ئولتۇرىدىغان ئادەت ئومۇملاشقان. «ئوغۇزنامە»دا
داستانىدا ئوغۇزخاننىڭ بىر قېتىملىق مۇراسىمىنىڭ ئورۇنلاش-
تۇرۇلۇشى مۇنداق بولغان: «ئوڭ تەرەپكە 40 غۇلاچلىق ئۇزۇن
بىر ياغاچنى قاداتقۇزدى، ئۇنىڭ ئۇچىغا بىر كۈمۈش توخۇنى
ئاستى. تۆۋىگە بىر قارا قوينى باغلىدى. ئوڭ تەرەپتە بۇزۇقلار
ئولتۇردى (ئالتۇن قىسمەتلىكلەر)، سول تەرەپتە ئۈچ ئوقلار
(كۈمۈش قىسمەتلىكلەر) ئولتۇردى».

يۇقىرىقى ئۆرنەكتىن «ئوڭ» چۈشەنچىسىنىڭ تارىخىنىڭ
ناھايىتى قەدىمكى بىر مىللىي ئاڭنىڭ ئەكس ئېتىشى ئىكەنلى-
كىنى ھېس قىلغىلى بولىدۇ. شۇنىڭغا ئاساسەن ئوڭ قول ۋەزىر،
سول قول ۋەزىر چۈشەنچىلىرى پەيدا بولغان. بۇمۇ ئەلۋەتتە مەرتى-
ۋىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكىنى ئىپادىلەيدىغان ئۇقۇم بولغان.

ئىسلام دىنى ئۇيغۇرلار ئارىسىغا كىرگەندىن كېيىن، قەدىم-
كى مىللىي قائىدە - يوسۇنلارنىڭ كۆپىنچىسى ئىسلامىي مەزمۇن
بىلەن يۇغۇرۇلۇپ كەتتى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ مۇنداق مىسرالار-
نى يازىدۇ:

ئېرور ياخشىلىق - ئوڭ يامانلىق، ئۇ سول،
جەھەننەم - سولدا بېھىش، ئوڭدا ئول.

شۇنداق قىلىپ يارا - يارا «ئوڭ» چۈشەنچىسى ئېتىمۇ مۇ-

قەددەسلىنىشىپ، تۇرمۇشىمىزنىڭ قاتلام ـ قاتلاملىرىغا چوڭقۇر سىڭىپ كەتتى. ئوڭ قاپاق ئارتسا ياخشىلىققا، سول قاپاق ئارتسا يامانلىققا ئۆرۈيدىغان، ياتقاندا ئوڭ يېتىپ قىبلىشىنى ھەزەر قىلىدىغان، ئوڭدا ياكى ئوڭ تەرەپتى بېسىپ ياتىدىغان، كىشىلەردىن بىرەر ياخشىلىقنى كۈتسە «ئوڭ كۆزۈمگە قاراپ قوي» دەيدىغان، «ئىشلىرىڭ ئوڭ باسسۇن» دەپ تىلەك تىلەيدىغان، ئات ـ ئۇلاغقا ئوڭ تەرەپتىن مىنىدىغان، قوي بوغۇزلىغاندا، قوينى ئوڭ ياتقۇزىدىغان ئادەتلەر ئومۇملاشتى. ئىشنى ئوڭ قىلىش ئەقىل ـ پاراسەتكە، بەخت ـ سائادەتكە يەتكۈزىدۇ، ئىشنى سول قىلىش ئەقىلسىزلىككە، بەختسىزلىككە سۆرەيدۇ، دەپ قارالدى.

ئەقىل ئوڭ كىشىلەر، ئۇ تەتۈر ئىشلىمەس،
پۈتۈنلەي، ئېرور چىن، ئۇ مەككار ئەمەس.

ئومۇمەن، «ئىشنى ئوڭدىن باشلاش»، «ئىشنى ئوڭ قىلىش»، ئەسلىدىن ئالغاندا ئۇ ئىشلارنى ئەقىل ـ پاراسەت بىلەن توغرا قىلىش، شەيئىلەرنىڭ قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇنلىشىش، قانۇنىيەتكە زىت ئىش تۇتۇپ قالماسلىق، توغرا قىلىش، خاتا قىلماسلىق قاتارلىق ئىلمىي ھەقىقەتلەر ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن ئەنئەنە بولۇپ، خۇراپىي ئاڭدىن خالىي ئادەت شەكىللىرىدىن ئىبارەت.

## مۇڭ — ئەقىل چىشى چۈشەنچىسى

«دىۋان»دا «مۇڭ» سۆزى «ئەقىل» دېگەن مەنىدە ئىكەنلىكىنى تىلغا ئېلىپ: مۇڭ ئاغ — ئەقىل چىشى، مۇڭ ئاغ ئۈندى — ئەقىل چىشى ئۈندى» (III. 491) دەپ مىسال كەلتۈرىدۇ. بۇنىڭدىن قارىغاندا، «ئەقىل چىشى» ئۇقۇمى مەھمۇد كاشغەرىي زامانى ۋە ئۇنىڭدىن بۇرۇن بارلىققا كەلگەن، ئۇ خەلقىمىزنىڭ تىل ئادىتىدە ھازىرغىچە ئوخشاش شەكىل ۋە مەنىدە داۋاملاشقان. ئۇ ئادەم ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدىن ياشلىق دەۋرگە قەدەم قويۇش

ئارىلىقىدا ئېزىق چىشىنىڭ ئەڭ ئاخىرىغا چىقىدىغان چىشىنىڭ نامى، ئۇ قىزىتىپ، ئاغرىتىپ چىقىدىغان بىر تەبىئىي فىزىيولوگىيەلىك ھادىسە. ئۇ چىش بالىلار بالىلىق دەۋرىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، مۇستەقىل ياشاشقا، مۇستەقىل دۇنيا قاراشقا ئىگە بولىدىغان گۈزەل ياشلىق مەۋسۇمىغا كىرگەندە چىقىقاچقا ئۇنى ئەقىل چىشى دېيدۇ. بۇ چىش ھەممىلا ئادەمگە چىقمايدۇ. تەخمىنەن 35 پىرسەنت ئادەمگە ئەقىل چىشى چىقمايدىكەن.

## «تۆلكىمۇ، بۆرىمۇ» دېيىش ئادىتى

«تۆلكۇ»، «تۆلكە» دېگەن بۇ سۆز كىنايە تەرزدە «قىز بالا» دېگەن مەنىدىمۇ ئىشلىتىلىدۇ. بىر خوتۇن تۇغسا، تۇغۇت ئانىسىدىن «تۆلكە تۇغدىمۇ ياكى بۆرىمۇ؟» دەپ سورىلىدۇ. بۇ قىز تۇغدىمۇ ئوغۇلمۇ دېگەنلىك بولىدۇ. قىز بالا ناھايىتى شەيتان ۋە ھىلىگەر بولغىنى ئۈچۈن تۈلكىگە، ئوغۇل بالا ئۆزىنىڭ باتۇرلۇقى ئۈچۈن بۆرىگە ئوخشىتىلىدۇ (Ⅰ. 559).

«تۆلكىمۇ، بۆرىمۇ» ئادىتى ئۇيغۇرلارنىڭ ناھايىتى قەدىمكى ئەنئەنىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، بۇ ئەنئەنە ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلگەن. ئوغۇل بالىنى بۆرىگە مىسال قىلغانلىقىدىن قارىغاندا، بۇ ئادەتنىڭ پەيدا بولغان دەۋرى يىراق توتېم دەۋرىگە توغرا كېلىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولىدۇ. مەھمۇد كاشغەرىينىڭ بايانىدىن قارىغاندا، بۇ ھەرگىزمۇ ئوغۇللارنى ئەزىز كۆرۈپ، قىزلارنى پەس كۆرۈش خاھىشىدىن پەيدا بولغان ئادەت ئەمەس. بەلكى بىرى، قىزمۇ، ئوغۇلمۇ دەپ پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن، يەنە بىرى، ئوغۇل بالىلارنىڭ مىجەز ـ خاراكتېرى بىلەن قىزلارنىڭ مىجەز ـ خاراكتېرى ئوخشىمايدىغانلىقى، جىسمانىي كۈچ سېلىشتۇرمىسىدىمۇ پەرق بولىدىغانلىقىدىن ئىبارەت تەبىئىي پەرققە ئاساسەن قوللىنىلغان. بىز ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي مۇساپىسىدە ئاياللارنى خار، پەس كۆرۈپ، ئوغۇللارنى ئەتىۋارلاشنىڭ ئانچە گەۋدىلىك، خاراكتېرلىك بولمىغانلىقىنى،

بەلكى ئاياللارنى ھۆرمەتلەش، ئۇلارنى ئاسراش ئۇيغۇرلارنىڭ مۇھىم ئەنئەنىسى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدىغان پاكىتلارنىڭ گەۋدىلىك ئىكەنلىكىنى خېلى كۆپ ئۇچرىتىمىز.

## ئاجىز ئادەمنى «سارىچقا» ئاتاش

«سارىچقا، چېكەتكە. ئاجىز ئادەم بۇنىڭغا ئوخشىتىلىپ سارىچقا ئەر، دېيىلىدۇ» ( I . 636). بۇ يەردىكى ئاجىز ئادەم ئورۇق، جانسىز ئادەمگە قارىتىلغان بولۇپ، چېكەتكىگە ئوخشىتىلغان. بۇنىڭغا بىر ئاز كەمسىتىش خاھىشى يوشۇرۇنغان. ئەگەر بۇ ئىقتىدارسىز، بىلىمسىز، نادانلىق كەلتۈرۈپ چىقارغان ئاجىزلىق بولغاندا، بۇ يوللۇق بولىدۇ. چۈنكى، بۇنداق ئاجىز ئادەم چېكەتكىدەك ئۇيان ـ بۇيانغا سەكرەپ يۈرسىمۇ، قولىدىن ئىش كەلمەيدۇ. ئادەمنىڭ جىسمانىي جەھەتتىكى ئاجىزلىقى ھەقىقىي ئاجىزلىق ھېسابلانمايدۇ، مەنىۋى جەھەتتىكى ئاجىزلىق ھەقىقىي ئاجىزلىق بولىدۇ. ئادەم مەنىۋى جەھەتتىكى ئاجىزلىقنىڭ ئۈستىدىن غالىب كەلسە، جىسمانىي ئاجىزلىقنىڭ ئۈستىدىن غالىب كېلەلەيدۇ.

# كىشىلىك مۇئامىلە ـ مۇناسىۋەت يوسۇنلىرى

«ئادەم سۆزلىشىپ چۈشىنىشىدۇ، هايۋان ھىدلىشىپ» دېگەندەك، بىر مىللەتنىڭ كىشىلىك مۇئامىلە ـ مۇناسىۋەتلىرى جەريانىدا شەكىللەنگەن قائىدە ـ يوسۇنلار ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى. ئۇ ئۆزئارا ھۆرمەت، ئىنسانغا بولغان مۇھەببەت، ساداقەت، ۋاپادارلىق، ئۆزئارا ياردەم قىلارلىق ئىنسانىي پەزىلەتتىن قانائەتلىنىپ، ھەر خىل ئىش ـ ھەرىكەت، گەپ ـ سۆز، سوۋغا ـ سالام قاتارلىق شەكىللەردە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. مەھمۇد كاشغەرىي ئۇچۇر بەرگەن بۇ تۈردىكى يوسۇنلار خەلقىمىزنىڭ ئىنسانلىق ئوبرازىنى يورۇتۇپ بېرىدىغان يەنە بىر نۇرلۇق چىراغ.

## خۇمارۇ (ئەستىلىك، يادىكار)

بۇ سۆزنىڭ يىلتىزى «خۇمار» بولۇپ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا «ئادەتلىنىپ قېلىش، ئۆگىنىپ قېلىش، روھىي، ھېسسىيات جەھەتتىن باغلىنىپ قېلىش، فىزىيولوگىيەلىك تەقەززالىق» قاتارلىق مەنىۋى، جىسمانىي جەھەتتىن بىرەر نەرسىگە بېقىنىپ قېلىش مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلەپ، «خۇمار بولۇپ قالدى، ئۇ تاماكىغا خۇمار بولدى، ھاراققا خۇمار بولۇپ قالدى، خۇمارىنى باسالمىدى» دېگەندەك مەنىلەرنى بىلدۈرۈپ ئەسلىدىكى مەنىسىدىن بىرئاز بۇرمىلىنىپ كەتكەن. پەقەت خۇمارنىڭ مەنىسىدىكى سېغىنىش، ئايرىلالماسلىق دېگەن مەنىلا

ئەسلىدىكى مەنىگە نىسبەتەن يېقىنلىشىدۇ. بۇ سۆز قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «يادىكار»، «ئەستىلىك» مەنىسىنى بەرگەن. مانا شۇ ئاساستا ئۇيغۇرلاردا بەزى قائىدە ـ يوسۇنلار بارلىققا كەلگەن. «خۇمار»نى «يادىكار» دەپ ئىپادىلەپ، مۇنداق بىر ئادەتتىن خەۋەر بېرىدۇ: «ئەستىلىك ئۈچۈن بېرىلگەن مال يېڭى نەرسە، چوڭلاردىن بىرى ئۆلگەندە، تۈركلەرنىڭ ئادىتى بويىچە ئۇنىڭ مىلىدىن ئەڭ ئېسىل بولغان بىرەر نەرسە خاقانغا تەقدىم قىلىنىدۇ. شۇ نەرسە «خۇمارۇ» دېيىلىدۇ. بۇ سۆز ئەر ۋە ئاياللار ئۈچۈن ئىسىم بولۇپمۇ قوللىنىلىدۇ. ئۆزۈن سەپەرگە كەتكەن كىشى قېرىنداش ۋە تۇغقانلىرىغا يادىكارلىققا قالدۇرغان نەرسىمۇ «خۇمارۇ» دېيىلىدۇ» ( I . 581).

كۆرۈنۈشكە بولىدۇكى، ئۇز دەۋرىدە خان جەمەتىدىن ياكى ئوردا خادىملىرىدىن بىرى قازا قىلغان بولسا، ئۇنىڭ تۇغقانلىرى ئۇنىڭ مال ـ مۈلكىدىن خاقانغا مۇناسىپ بىرەر نەرسىنى ئەستىلىك ئۈچۈن يادىكار قىلىپ بېرىش ئادىتى بار ئىكەن. بۇ ئادەت ھازىرقى تۇرمۇشىمىزدا ياشانغان، ئۆزۈن ئۆمۈر كۆرگەن، ئەقىللىق، پاراسەتلىك بىر ئادەم ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ يېقىن كىشىلىرى ئەستىلىك، يادىكار بولسۇن ئۈچۈن ئۇنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرى بولسۇن، كىتابلىرى بولسۇن ۋە باشقا ئەھمىيەتلىك نەرسىلىرى بولسۇن، سوراپ يادىكار بولسۇن ئۈچۈن ئالىدۇ، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىمۇ رازىمەنلىك بىلەن بېرىدۇ. «خۇمارۇ» ئۇز دەۋرىدە ئەر ـ ئاياللار ئۈچۈن ئىسىم بولغان بولسا، ھازىر ئۇيغۇرلاردا كۆپىنچە ئاياللارغا ئىسىم بولۇپ كېلىدۇ، ئەرلەرگە ئىسىم قىلىپ قويۇش ئانچە ئۇچرىمايدۇ.

## قاياش، قولۇم ـ قوشنىلارنى «قونات» ئاتاش

«دىۋان»دا «قونات» دېگەن سۆزنى «قاياش، قولۇم ـ قوشنا، بىر ـ بىرى بىلەن ئۆم ئۆتىدىغان كىشىلەر توپى» دېگەن مەنىدە

ئىزاھلىغان: «ئۇ مەنىڭ قوناتىم ئول — ئۇ مېنىڭ قاياشىم» (I . 463). بۇ يەردە تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ قاياشلارنى، قوشنا - قولۇملارنى ھۆرمەتلەش، ئۇلار بىلەن ئۆم - ئىتتىپاق ئۆتۈش ئارزۇسى ۋە ئەنئەنىسىنىڭ سىماسى نامايان بولۇپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىمىز. «قونات» «قانات» سۆزىدىن تۈرلەنگەنمۇ، ئېھتىمال، قەدىمكى تۈركىي تىللىق خەلقلەر قاياشلىرىنى، قولۇم - قوشنىلىرىنى «قانات» دەپ قارىغان. چۈنكى، ھېچقانداق ئادەم بۇ دۇنيادا يالغۇز، تىغدەك ياشىيالمايدۇ. ئۇنىڭ ھاياتى، تۇرمۇشى قاياشلىرى ۋە قوشنا - قولۇملىرى ئارقىلىق ھەقىقىي مەنىگە ئىگە بولىدۇ. ئۇيغۇرلاردا قوشنىلار ھەققىدە خېلى كۆپ ماقال - تەمسىللەر بارلىققا كەلگەن. «يەر ئالماق بولساڭ سۇيىنى ئارا، ئۆي ئالماق بولساڭ قوشنىغا قارا»، «بۆرە ئۆز قوشنىسىنى يېمەس» دېگەن قەدىمكى ماقال - تەمسىللەر ئۇيغۇرلارنىڭ قوۋم - قېرىنداشلار، قوشنا - قولۇملارغا بولغان ئەقىدىسىنىڭ تارىخىي ئىپادىسى ئىدى. ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىن قېرىنداشلار ۋە قوشنىلار بىلەن ئۆم - ئىتتىپاق ئۆتۈش ھەققىدىكى ئىجتىمائىي مەسىلە دىنىي ئېتىقادنىڭ ناھايىتى مۇھىم مەزمۇنىغا ئايلانغانىدى. ھازىرقى ئىجتىمائىي جەمئىيەتتە شەھەرلىشىش قەدىمىنىڭ ئىنتايىن تېز بولۇشىغا ئەگىشىپ، قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋەتلىرىدىمۇ دەۋر خاراكتېرلىك ئۆزگىرىش يۈز بېرىشكە باشلىدى. قەۋەت - قەۋەت بىنالار كىشىلەرنىڭ قوشنىلارغا بولغان ھاجىتىنى تۆۋەنلىتىۋەتتى، توي - مەرىكە ئۆتكۈزىدىغان، ئۆلۈم چىقىرىدىغان، نەزىر - چىراغ بېرىدىغان ئىشلارنىڭ كۆپىنچىسى رېستورانلاردا ئۆتكۈزۈلىدىغان بولدى. «يىراقتىكى تۇغقاندىن يېقىندىكى قوشنا ياخشى» دېگەن ئىجتىمائىي يەكۈن شەھەرلەشكەن كىشىلەرنىڭ قىممەت قارىشىدا مۇھىم ئورۇندا تۇرمايدىغان بولۇپ قالدى. بىراق، ماھىيەتنى ئۇنتۇماسلىق كېرەككى، ئىناقلىق، ئىتتىپاقلىق،

ئۆزئارا ياردەم بېرىش، ئۆزئارا ھۆرمەت مەڭگۈلۈك قىممەتكە ئىگە.

## تىنچلىق سورىشىش — «ئايتىخ»

«ئايتىخ» — تىنچلىق - ئامانلىق سورىشىش دۇنيادىكى ھەممە مىللەت ئۈچۈن ئورتاق، پەقەت شەكلى ئوخشاش بولمايدۇ. قەدىمكى ئۇيغۇر - تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭمۇ ئۆزىگە خاس تىنچلىق سورىشىش ئادەتلىرى بولغان، مەھمۇد كاشغەرىينىڭ مەلۇماتىدا، ئىككى قەبىلىنىڭ ئىككى كىشىسى ئۇچرىشىپ قالسا، ئاۋۋال سەن قايسى قەبىلە، قايسى ئورۇقتىن، دەپ سورىشىدىغانلىقى، ئاندىن ئۇلار مەن سالاغۇر قەبىلىسىدىن، مەن قىپنىق قەبىلىسىدىن دەپ تونۇشلۇق بەرگەندىن كېيىن، ئاندىن تىنچلىق - ئامانلىق سورىشىپ، سىردىشىدىغانلىقى ئېيتىلغان. بۇنىڭدىن قارىغاندا، ئۇيغۇر - تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ بىر - بىرىنى تونۇسۇن، تونۇمىسۇن سالام بېرىشىپ تىنچلىق - ئامانلىق سورىشىدىغان ئەنئەنىسىنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلغىلى بولىدۇ. يەنە «ئايتىخ» سۆزىنى ئىزاھلاپ: «ئىككى كىشىنىڭ بىر - بىرىدىن تىنچلىق سورىشىشى» (I . 153)، يەنە بىر شېۋىدە «ئايتىخ» ئامان - ئېسەنلىك ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلارنى سوراشماق» (I . 153) دېگەن مەنىدە ئىكەنلىكىنى ئېيتقان. ئامان - ئېسەنلىك، تىنچلىق، خاتىرجەملىكنى سوراش سالامنىڭ ۋە ھال - ئەھۋال سوراشنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى. ئىسلامىيەتتىن كېيىن سالاملىشىش يوسۇنىدا يەنە ئۆزگىرىش بولۇپ، «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» سالىمى ئومۇملاشتى.

## چىنچە سالاملىشىش

سالاملىشىش ئىنساني مۇناسىۋەتنىڭ مۇھىم شەكلى، ھەربىر مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس سالاملىشىش قائىدىسى بولىدۇ.

سالاملىشىش ئارقىلىق بىر - بىرىگە ھۆرمەت - ئېھتىرامىنى بىلدۈرىدۇ. سالاملىشىش ئارقىلىق مېھىر - مۇھەببىتىنى ئىپادىلەيدۇ. سالام ئارقىلىق كىشىلەر ئارىسىدا يېقىن مۇناسىۋەت ئورنىتىلىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ: سالام كىشىلەرگە تىنچلىق، خاتىرجەملىك، ئەمىنلىك ئاتا قىلىدۇ، دېگەنىدى. بىر مىللەتنىڭ ئۆزئارا قىلىشىدىغان سالام - سەھەتلىرىدىن باشقا، باشقا مىللەتلەر بىلەنمۇ شۇلارنىڭ سالاملىشىش قائىدىسىگە مۇناسىپ سالاملىشىش كېرەك بولىدۇ. قاراخانىيلار دەۋرىدە ئۇيغۇرلار قىتانلار بىلەن خېلى قويۇق مۇناسىۋەتتە بولغان. قىتانلار خەنزۇلار بىلەن يېقىن ياشىغانلىقى ئۈچۈن، خەنزۇلارنىڭ تىل ۋە ئۆرپ - ئادەتلىرىنىڭ تەسىرىگە خېلى ئۇچرىغانلىقى مەلۇم. شۇڭا، ئۇلار خەنزۇلارنىڭ سالاملىشىش ئادىتى بويىچە ياخشى تىلەك، خۇشاللىق، بەخت، خاتىرجەملىك مەنىسىدىكى 喜 (شى) دېگەن سالام سۆزىنى قوللىنىپ سالام قىلاتتى.

مەھمۇد كاشغەرىي «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى يېزىۋاتقان 1070 - يىللىرى قىتانلار جۇڭگو تارىخىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر قۇرغان سۇلالىنىڭ بىرى بولغان لياۋ سۇلالىسىنى قۇرۇپ ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان دەۋرلەر ئىدى. بۇ سۇلالە غەربىي رايوندىكى خەلقلەرنىڭ نەزىرىدە «چىن» نامىدا ئاتالغان. قىتانلار ئۆز دەۋرىدە خەنزۇلارنىڭ مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە خېلى چوڭقۇر ئۇچرىغان. تىل، ئۆرپ - ئادەت جەھەتلەردىمۇ خەنزۇلارنىڭ ئوردا قائىدە - يوسۇنلىرىنى قوبۇل قىلىپ، شۇ ئۇسۇل بىلەن مۇئامىلە قىلغانلىقى مەلۇم. ئەگەر غەربىي رايوندىن خاقانى چىنغا (لياۋ سۇلالىسىگە) بارغان ئەلچىلەر ۋە باشقىلار چىن خاقانلىرى بىلەن كۆرۈشكەندە خەنزۇلارنىڭ سالاملىشىش يوسۇنىدىكى 恭喜 دىكى 喜 نى قوللىنىپ، ئەدەپنى، ھۆرمەتنى، قۇتلۇقلاشنى ئىپادىلىگەن. مەھمۇد كاشغەرىي مۇنداق دېيدۇ: «شى — خوش. چىن خاقانلىرى بىلەن كۆرۈشكەندە قوللىنىدىغان سۆز، بۇ ئەرەبچىدىكى «ابت اللعن»، خوش تەفسىر، خوش، دېگەنگە

ئوخشاش» (Ⅲ. 292). بۇ سۆز ھەقىقەتەنمۇ ھۆرمەتنى، تەكەللۇپنى، سالام ـ سەھەت، مۇبارەك مەنىلىرىنى بېرەتتى. مەھمۇد كاشغەرىي بۇ سۆزنىڭ ئەسلىي مەنىسىنى تولۇق ئېپادىلەپ بېرەلمىگەن. يۇقىرىقى سۆز ئۇچراشقاندا قوللىنىلىدۇ دەپ ئالغان، بىراق، «خوش، خوش تەقسىر» دېگەن مەنىنى بېرىدۇ دېگەن «خوش» سۆزى بىرى، تەكلىپ قىلغاندا، «خوش»، مەرھەمەت» مەنىسىدە قوللىنىلىدۇ، يەنە بىرى، خوشلاشقاندا «خوش» سۆزى قوللىنىلىدۇ.

قانداقلا بولمىسۇن، بۇ سۆز خەنزۇ تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆز بولۇپ، ئۇلار بىلەن كۆرۈشكەندە مۇشۇ سۆز ئىشلىتىلگەن.

## ياشانغان ئاياللارنى «ئاچى» ئاتاش

ئۇيغۇر ـ تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ كىشىلىك مۇناسىۋەتتىكى ئىلغار بىر ئەنئەنىسى شۇكى، ئۇلار چوڭلارنى ھەرگىزمۇ ئىسمى بىلەن ئاتاپ چاقىرمايدۇ. بەلكى تونۇمايدىغان ئادەم بولسا ئاچا، ھامما، چوڭ ئاپا، ئاكا، تاغا، چوڭ دادا دېگەندەك سۆزلەر بىلەن ئاتايدۇ. تونۇيدىغان ئادەم بولسا ئۇ كىشىنىڭ ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا ئاكا، ئاچا، تاغا دېگەندەك سۆزلەرنى قوشۇپ ئاتايدۇ. بۇ خەلقىمىزنىڭ كىشىلىك مۇناسىۋەتتىكى قەدىرلەشكە ئەرزىيدىغان پەزىلەتلىرىدىن بىرى. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش قەدىمكى زامانىدىمۇ خەلقىمىز ئارىسىدا مانا شۇنداق ئادەتنىڭ بارلىقى ھەققىدە «دىۋان»دىن پاكىتلار ئۇچرايدۇ: «ئاچى — ياشانغان خوتۇن. بارسغانچە» (Ⅰ. 118). بۇ «پېشقەدەم، ياشانغان» دېگەن مەنىدىكى سۆز بولماستىن، ياشانغان ئاياللارغا بولغان ھۆرمەت يۈزىسىدىن ئېيتىلغان سۆز بولسا كېرەك.

## ياخشى بىلەن ياماننى ئايرىش

مەھمۇد كاشغەرىي «ئۈس» دېگەن سۆزگە: «ياخشى ـ ياماننى ئايرىش» (Ⅰ. 50) دەپ ئىزاھات بەرگەن. بۇ يەردە ياخشى ـ ياماننى ئايرىش ئىبارىسى ئىككى خىل مەنىدە چۈشىنىلىدۇ.

بىرى، كىشىلىك مۇناسىۋەت جەريانىدا ياخشىلار بىلەن يامانلارنى ئوخشاش سانىماسلىق، ئۇلارغا پەرقلىق مۇئامىلىدە بولۇش، ياخشىلارغا ياخشى، يامانلارغا يامانچە مۇئامىلىدە بولۇش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. يەنە بىرى، ياخشى - ياماننى ئايرىپ، ياخشىلار بىلەن ئارىلىشىش، يامانلارغا يېقىن يولىماسلىق تەلىپى تۇرىدۇ. چۈنكى، «دىۋان»دا «يامانغا يولۇقساڭ يالىسى يۇقىدۇ» دېگەن ماقالمۇ بار. ياخشىلار بىلەن قوشۇلۇش ياخشى، خەيرلىك ئىشلاردىن دېرەك بەرسە، يامانلارغا قوشۇلۇش يامانلىقتىن دېرەك بېرىدۇ.

ئادەمنىڭ مىجەز - خاراكتېرى قانداق شەكىللىنىدۇ، ئۇ تۇغما بولامدۇ ياكى ئىجتىمائىي مۇھىت ۋە ئارىلاشقان كىشىلىرى بىلەنمۇ مۇناسىۋىتى بارمۇ؟ بۇ ناھايىتى قەدىمكى دەۋرلەردىمۇ خەلقىمىز خېلى كۆڭۈل بۆلگەن ۋە مۇئەييەن ئىلمىي خۇلاسىگە كەلگەن مەسىلە ئىدى. ئۇيغۇر خەلقى ئادەم بالىلىرىنىڭ ھەممىسى تۇغۇلۇشىدا ئۇلۇغ، ئېسىل تۇغۇلىدۇ، ئۇنىڭ ياخشى، يامان خاراكتېرگە ئىگە بولۇپ قېلىشى بىرى، تەلىم - تەربىيەدىن بولسا، يەنە بىرى، شۇ جەمئىيەتنىڭ تەسىرىدىن بولىدۇ، دەپ قارىغان. جەمئىيەتنىڭ تەسىرى دېگەندە شۇ كىشىنىڭ ئارىلاشقان ئادەملىرىنىڭ مىجەز - خاراكتېرى ناھايىتى مۇھىم رول ئويناپ كېتىدۇ، دەپ خۇلاسە چىقارغان. «ئەگەر ياخشى كىشىگە يامان كىشى ھەمراھ بولسا، ئۇنىڭ قىلمىشلىرىمۇ يامانىنىڭكىگە ئوخشاش يامان بولىدۇ. يامان ئادەم ياخشىلار بىلەن ئارىلىشىپ يۈرسە، ياخشىلىققا ئېرىشىش ئۈچۈن مەشئەلگە ئىگە بولىدۇ». ئىنسانىيەت جەمئىيىتى پەيدا بولغاندىن كېيىن، كىشىلەر تۈرلۈك - تۈمەن ياخشى ۋە يامان ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىپ، بىر - بىرىگە قارىمۇقارشى ئىككى خىل خاراكتېر پەيدا بولدى. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەرنىڭ ئېڭىدىمۇ ياخشى، يامان ئۇقۇمى ۋە ئېڭى شەكىللەندى. جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ياخشى، يامان خاراكتېرلەرمۇ

ئۇزلۇكسىز تەرەققىي قىلىدۇ. دېمەك، ئادەم ياخشىلىق ۋە يامانلىقنى ئۆز - ئۆزىنى يارىتىش جەريانىدا پەيدا قىلىدۇ. بۇ خىل قانۇنىيەتنى يەكۈنلىگەن خەلقىمىز، ياخشىلار بىلەن يامانلارنى ئايرىشنىڭ مۇھىملىقى ھەققىدە ناھايىتى ئېلمىي چۈشەنچىلەرگە ئىگە بولغان، يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ تۆۋەندىكى بېيىتى خەلقىمىزنىڭ مانا شۇ يەكۈنىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ:

5510. يامانغا قوشۇلما ۋە يۈرگىن كۆنى،<br>
تۈز ـ ئەگرىلە بولسا قارىيۇر كۆنى.

558. يامانغا يولۇقما يالا يۇقۇشار،<br>
دۇرۇسلار بىلەن سەن ياشىغىن بىدار.

## كىشىلىك مۇناسىۋەت كۆچىنى ئىشەنچتىن كۆكىرىدۇ

ئىشەنچ دېگەن قەلبلەرگە تۇتاشقان يول، بۇ يول قەلبنى قەلبكە باغلايدۇ. ئىشەنچ دېگەن قەلبنى يورۇتىدىغان مەشئەل، ئۇ ئارقىلىق روھىي دۇنيانى يورۇتقىلى بولىدۇ. ئىشەنچ دېگەن ئۇ سەممىيەت، ئۇ ئارقىلىق كىشىلەر يۈرىكىنى ئالىقىنىدا ئېلىپ قويۇپ ئۇياتماي يۈرەلەيدۇ (يۇسۇپ خاس ھاجىپ). ئىشەنچتىن مېھىر ـ مۇھەببەت، ساداقەت تۇغۇلىدۇ. كىشىلىك مۇناسىۋەت كۆچىنى ئىشەنچتىن كۆكلەيدۇ، ئىشەنچتىن مەھرۇم بولسا قۇرۇپ قاقشال بولىدۇ. تارىختا ئىشەنچتىن نۇرغۇن خاسىيەتلىك ئىشلار يۈز بەرگەن، ئىشەنچسىزلىكتىن نۇرغۇن تىراگېدىيەلەر پەيدا بولغان. خوتۇن ئەرگە ئىشەنمىسە، ئەر خوتۇنغا ئىشەنمىسە ئائىلە مەۋجۇتلۇقىنى يوقاتقاندەك، خەلق بەگكە ئىشەنمىسە، بەگ خەلققە ئىشەنمىسە دۆلەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ. مانا شۇ نۇقتىدىن چىقىپ خەلقىمىز ئىشەنچ ھەققىدە نۇرغۇن قىممەتلىك

تەۋسىيەلەرنى قىلغان. «دىۋان»دا پەقەت بۇ ھەقتە قىسقا بىر ئىبارە ئارقىلىق ئىشەنچ ئۇقۇمىنى بەگ بىلەن خەلقنى باغلاشقا ئىشلەتكەن بولسىمۇ، لېكىن كىلاسسىك مەنبەلەردە ئىشەنچ تېمىسى چوڭقۇر مۇھاكىمە قىلىنىغان. مەھمۇد كاشغەرىي «ئىنانچ ــ ئىشەنچ، ئىشەنچلىك» سۆزىگە «ئىنانچ بەگ ــ ئىشەنچلىك بەگ» ( I . 180) دەپ ئىزاھات بېرىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ھاكىمىيەت تارىخىدا «ئىنانچ بەگ» دېگەن ئىسىملارمۇ ئۇچرايدۇ، بەگلەرنىڭ ئىشەنچلىك بولۇشى ئەلنىڭ روناق تېپىشى، قۇدرەت تېپىشىغا مۇناسىۋەتلىك ئىش ئىدى. ئورخۇن «مەڭگۇ تاش» ئابىدىلىرىدە خەلق بىلەن بەگ ئوتتۇرىسىدىكى ئىشەنچ سۇسلىشىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن يۈز بەرگەن ئىراگېدىيەلەر بايان قىلىنىدۇ: «بىلىمسىز خاقان تەختتە ئولتۇرۇپتۇ، بۇزۇق خاقان تەختتە ئولتۇرۇپتۇ. بۇزۇقلىرىمۇ ئېھتىمال بىلىمسىزلەردىن، بۇزۇقلاردىن بولسا كېرەك. بەگلىرىدە، خەلقىدە ساداقەت بولمىغانلىقى ئۈچۈن... ئىنى بىلەن ئاكىنى ئۇچمەنلەشتۇرۇپ قويغانلىقى ئۈچۈن، بەگ بىلەن خەلق ئارىسىغا سوغۇقچىلىق سېلىپ قويغانلىقى ئۈچۈن، تۈرك خەلقى تىكلىنىپ بولغان دۆلىتىدىن مەھرۇم بولۇپ قاپتۇ». يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «تىلى چىن كېرەك» (2010)، «سۆزىن قىيغۇچى بەگكە تۇتما ئۈمۈنچ» (سۆزىدە تۇرماس بەگكە ئىشەنچ قىلما) (2013) دېگەن، ئۇنىڭدىن باشقا ئىشەنچ ھەققىدە ناھايىتى تەپسىلىي بايانلارنى بەرگەن ھەم ئۇنىڭ بەگلەرنىڭ پەزىلىتىنىڭ مۇھىم بىر گۇۋاھچىسى ئىكەنلىكىنى ئېيتقان. بىلىمەك كېرەككى، دۆلەتتە خەلق بىلەن ھاكىمىيەت ئوتتۇرىسىدا ئىشەنچ مۇنارى تىكلەنسە، يېڭىلمەس، يىمىرىلمەس كۈچ ـ قۇدرەت ھاسىل بولىدۇ. ئىشەنچ ــ ئۈمىد ئېلىپ كېلىدۇ، ئادەمنىڭ ئەڭ بىچارە ۋە زەئىپ ئەھۋالغا چۈشكەن ۋاقتى ئۇنىڭ ئىشەنچنى يوقىتىپ قويغان ۋاقتىدۇر.

## تېگى - تەكتى بار ئادەمنى «يىلتىزلىق» ئاتاش

تۈركىي تىللىق خەلقلەردە تېگى - تەكتىنى سۈرۈشتۈرۈش قەدىمكى دەۋردىن تارتىپ ئومۇمىي ئادەتكە ئايلانغان. قۇدا - باجىلىق بولۇشتا بولسۇن، ھاكىمىيەت ئىشلىرىدا بولسۇن بۇنىڭغا جىددىي، ئەستايىدىل مۇئامىلىدە بولۇشقان. شۇنىڭدىن چىقىپ مەھمۇد كاشغەرىي «يىلتىز» سۆزىگە مۇنداق ئېنىقلىما بېرىدۇ: «بۇ سۆز دەرەختىنىڭ يىلتىزىنى كۆرسەتكەندىن باشقا، بەزىدە بۇ سۆز ئوخشىتىش يولى بىلەن ئادەمنىڭ ئۇرۇق - جەمەتىگە قارىتىلىپمۇ ئىشلىتىلىدۇ. تۈپلۈك يىلتىزلىغ — تېگى - تەكتى بار (ئادەم) (Ⅲ. 53). يىلتىزلىق جەمەتنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى، ئابرۇيى يۇقىرى بولىدۇ. بۇ يەنە بىر مەنىدە تېگى - تەكتى بار ئادەملەر ئەتىۋارلىنىدۇ، ئەزىزلىنىدۇ، تېگى - تەكتى يوق ئادەملەرنى جەمئىيەتنىڭ تۆۋەن تەبىقىسى ھېسابلايدۇ.

## يەرلىشىپ، قوشۇلۇپ كېتىش — «يىلتىزلانماق»

مەھمۇد كاشغەرىي يەرلىشىش، ئۆزلىشىش، يىلتىز تارتىپ قېلىش، قوشۇلۇپ كېتىش ھەققىدە بىرقانچە يەردە سۆزلۈكلەرنى كەلتۈرۈپ ئىزاھات بەرگەن. بىرىنچى: «يىلتىزلاندى — يىلتىزلىندى، يىلتىز تارتتى» سۆزىنى ئىزاھلاپ: «دەرەخ يىلتىز تارتتى، ئادەم بىر يەرگە يىلتىز تارتقان، يەرلەشكەن بولسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ. ئادەم يىلتىز تارتتى، ئۇرۇق - جەمەتلىك بولدى» (Ⅲ. 159) دېگەن. ئىككىنچى، «يەرشىدى — يەرلەشتى، ئولتۇراقلاشتى» دېگەن سۆزنى ئىزاھلاپ: «ئادەم بىر يەرنى يۇرت قىلىۋالدى، يەنى شۇ يەرگە يەرلىشىپ قالدى» (Ⅲ. 149) دېگەن. ئۈچىنچى، «تۆز — تۈپ، ئەسل، يىلتىز»نى ئىزاھلاپ، «ئۇنىڭ تۈپى تۆزى كىم — ئۇنىڭ ئەسلى نەسلى كىم؟» (Ⅲ. 170)

دېگەن.

يۇقىرىقى يىلتىز، تۆپ، ئەسلى، نەسەبى مەسىلىسىدە، قەدىمدىن بېرى بىر يەردىن كېلىپ يەنە بىر يەردە، بىر قەبىلىدىن كېلىپ يەنە بىر قەبىلىدە يەرلىشىپ قالىدىغان ئادەتلەر كۆپ كۆرۈلگەن. بەزىلەر ئەسلى، نەسلىنى ئۇنتۇپ باشقىلارغا قوشۇلۇپ كەتكەن. بەزىلەر باشقا نام قوللىنىپ جەمەت بولۇپ تەرەققىي قىلغان. ئەمما، ئۇيغۇر - تۈركىي تىللىق خەلقلەردە ئەسلىنى، نەسلىنى دەپ بېرەلمەسلىك ئىنتايىن يامان ئالىدىغان ئىش قاتارىدا قارالغان. «دىۋان»دا كۆرسىتىلگەندەك، «كۆك» سۆزى ئەسلى، نەسلىنى كۆرسىتىدىغان سۆز بولۇپ، ئەسلىڭ كىم، نەسلىڭ كىم، قايسى قەبىلە، قايسى ئۇرۇقتىن سەن دېگەننى «كۆككۈنخىلىن» دەپ سورىغان (Ⅱ. 413). ئەگەر ئۇنىڭغا جاۋاب بېرەلمىسە، ئۇنى ئەسلىنى، نەسلىنى يوقاتقان، ئەسلى، نەسلىگە ئاسىيلىق قىلغان، ۋاپاسىز، نامەرد، پەس كىشى دەپ يامان كۆرگەن.

## ئاداش بولۇش ئادىتى

ئاداش يەنى دوست بولۇشۇش قەدىمدىن تارتىپ خەلقىمىز ئىچىدە ئەڭ ئومۇملاشقان ساداقەت، ۋاپادارلىق قەسىمى ئۈستىگە قۇرۇلغان بىر خىل كىشىلىك مۇناسىۋەت شەكلى. ئاداش بولۇش ئۇ پۈتۈنلەي سادىق ۋە پاك قەلب بىلەن باغلانغان مەڭگۈلۈك رىشتە. دوستلۇقتا يۇقىرى - تۆۋەنلىك پەرقى بولمايدۇ، باي-كەمبەغەللىك پەرقى ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. دوستلۇق دېگەن ئۇ جانغا دوست، نانغا دوست ئەمەس، ياخشى كۈنلەردىمۇ، يامان كۈنلەردىمۇ ئوخشاشلا دوست. دوست دېگەن نۆۋىتى كېلىپ قالسا، ئۆزىنى قۇربان قىلىشقا تەييار تۇرالايدۇ. بىرسى ئىشقا ئاشۇرالمىغان مەقسەتنى يەنە بىرى ئورۇنداپ، دوستىنىڭ روھىنى خۇش قىلىدۇ. بۇ مەنىدىن چىقىپ «قىيامەتلىك دوست»

دېگەن گەپ بارلىققا كەلگەن.

قاراخانىيلار دەۋرىدە دوست، ئاداش ئۇقۇمىنى «سافدىچ» (593. I) دەپ ئاتىغان. «ساغ» دېگەن سۆز تومۇرى «پاكلىق، ئەقىل، ساغلام» مەنىسىنى بىرىدىغان «ساغ» دىن كەلگەن. ئاداشلىق ئەقىل، پاكلىق، دۇرۇس نىيەت ئۈستىگە قۇرۇلغاچقا، ئۇ ئالدامچىلىق بىلەن كېلىشەلمەيدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، دوستلۇق روھنى پاكلايدۇ، ساداقەتكە، ۋاپادارلىققا ئۈگىتىدۇ ۋە ئادەتلەندۈرىدۇ. شۇڭا خەلقىمىزدە بالىلارنى كىچىكىدىن تارتىپ ياخشى كىشىلەرنىڭ بالىلىرى بىلەن ئاداش قىلىپ قويىدىغان ئادەت ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلدى. شۇڭا بالىلارغا ئاداش بولۇشنى ئۈگىتىش، ئاداش بولۇشنىڭ شەرتلىرىنى ئۈگىتىش، ئۇلاردا ياخشى خاراكتېر يېتىلدۈرۈشكە پايدىلىق بولغان ياخشى ئەنئەنە.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ دوستلۇقنىڭ خاسىيىتى، دوستلۇقنىڭ مەنپەئەتنى، دوستلۇقتا تۇتۇلىدىغان مۇئامىلىنى يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن يورۇتۇپ بەرگەن.

3173. قاپاشلىق كىشىنىڭ شان ـ شۆھرىتى چولڭ،
ئاداشلىق كىشىنىڭ سۆزى، ئىتى چولڭ.

3411. ئىغىر كۈندە دوستلار پىدالار ئۆزىن،
سۆيۈنچتە سۆيۈنۈپ يورۇتۇر كۆزىن.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ يەنە دوستلۇقنى خاراكتېر جەھەتتىن ئىككى خىل بولىدۇ، بىرى، مەنپەئەت ئۈچۈن دوست بولىدۇ، مەنپەئەت يەتسە دېمىگەن ياخشى گېپى قالمايدۇ، مەنپەئەت يەتمىسە، ئەزەلدىن كۆرمىگەن كىشىدەك يۈزىنى ئۆرۈيدۇ. يەنە بىرى، خۇدالىق ئۈچۈن دوست تۇتىدۇ، ھەرقانداق ئىغىر كۈنلەردىمۇ يۈز ئۆرىمەيدۇ دەيدۇ. مەنپەئەت ئۈچۈن تۇتۇلغان دوستلۇق دوستلۇق ئەمەس، ئۇ بىر قۇرۇق دەۋادۇر، دەپ

خۇلاسىلەيدۇ:

2002. بىرى، ئاداش تۇتار تەڭرىلىك ئۈچۈن،
بۇنىڭدا ئورۇن يوق ئەگرىلىك ئۈچۈن.
3022. تۇتار دوستىنى تەبىئىي ئۈچۈن ئۇ بىرى،
بۇ دوستلۇق تېگىزسىز، ئىررۇر مەجبۇرى.

ئۆز دەۋرىدە خەلقىمىز دوستلۇقنى ئەقىدە دەرىجىسىدە مۇقەددەس بىلگەن، دوستلۇق ئۈچۈن بارلىقىنى قۇربان قىلىشنى شەرەپ بىلگەن. بۇنداق ئەنئەنە ھەقىقەتەن خەلقىمىزنىڭ مىللىي خاراكتېرىنى نۇرلاندۇرىدىغان ئاجايىپ ئۇلۇغۋار ئۆلگىلەرنىڭ بىرى.

# مېھماندارچىلىق يوسۇنلىرى

ئۇيغۇرلار قەدىمدىن تارتىپ مېھماندوست خەلق. ئۇلار قەدىمدىن مېھماننى «قۇت» دەپ قارايتتى، مېھمان كەلسە «قۇت كېلىدۇ» دەپ مېھمانغا ئىخلاس قىلاتتى. ئۆيىنىمۇ مېھمان ئۈچۈن تۇتاتتى. بۇ خىل ئەنئەنە مېھماندارچىلىققا دائىر كۆپلىگەن ئېسىل قائىدە ـ يوسۇنلارنى بارلىققا كەلتۈرگەن. «دىۋانۇلۇغەتىت تۈرك»تە بېرىلگەن قىسقا ئۇچۇرلار ئۇز دەۋرىدىكى مېھماندارچىلىق يوسۇنلىرىنىڭ ناھايىتى ئاز بىر قىسمىدىنلا ئىبارەت.

## مېھمانلىق ئۆي «قونۇقلۇق»

قەدىمكى ئۇيغۇرلار مېھماننى «قونۇق» دەيتتى. مېھمانلارنى ھۆرمەتلەش، ئۇلارنى ياخشى كۈتۈش تۈركلەرنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسى ئىدى. بۇ خۇسۇستا نۇرغۇن شېئىر ـ قوشاقلار ھەم ماقال ـ تەمسىللەر بارلىققا كەلگەنىدى. «مېھمان كەلسە قۇت كېلۇر» دېگەن ماقالمۇ قەدىمكى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ مېھمانغا بولغان مۇناسىۋەتلىرىنى مەركەزلىك ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. مانا شۇنداق مېھمانغا بولغان ئىخلاس، تۈركىي تىللىق خەلقلەردە بىر ئۆينى مەخسۇس مېھمان ئۈچۈن ياساپ جابدۇش ئادىتىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. بۇ خىل ئادەتنىڭ قەدىمكى دەۋرلەردىن تارتىپ ئىزچىل داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنە ئىكەنلىكى مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «قونۇقلۇغ» دېگەن سۆزنى ئىزاھلىغان بايانىدىن ئايان بولىدۇ.

«قونۇقلۇق ئەۋ، مېھمانلىق ئۆي، مېھمىنى بار ئۆي» (I. 648). مېھمانلىق ئۆي پاكىز، ئازادە، ياسىداق بولىدۇ. ئۇ ئۆيدە مېھراب ـ تەكچىلەر بولىدۇ، مېھرابقا مېھمانلار ئۈچۈن مەخسۇس تىكىلگەن يوتقان ـ كۆرپە تىزىلىدۇ. تەكچىلەردە مېھماننى كۈتۈش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان چىلاپچا، چىنە ـ قاچا ۋە باشقا لازىمەتلىكلەر بولىدۇ.

## چاقىرىلمىغان (ئۇيۇقسىز كەلگەن) مېھمان زىياپىتى — «كەستەم»

مېھمان ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ. بىرى، ساھىبخانا تەرىپىدىن مەخسۇس چاقىرىلىدۇ ۋە «چاقىرماقنىڭ ئىپتى ئۇلۇغ» دېگەندەك چاقىرغانغا لايىق مەخسۇس تەييارلىق قىلىپ كۈتىدۇ. يەنە بەزى، مېھمانلار يىراق ـ يېقىندىن تاسادىپىي كىرىپ قالىدۇ ياكى بەزىدە مۇساپىرلار مېھمان بولۇپ كېلىپ قالىدۇ. بۇنى چاقىرىلمىغان، تاسادىپىي مېھمان دەيمىز. بۇلارغا ھەم تائام ۋە زىياپەت ئۇيۇشتۇرۇلسا، بۇنداق زىياپەت «دىۋان» دا «كەستەم» دەپ ئاتىلىپ، بۇ «كېچىسى ئۆزى كېلىپ قالغان مېھمانلارغا بېرىلىدىغان زىياپەت» (I. 632) دەپ ئىزاھلانغان. ئۇيغۇرلاردا: «بارنى قويسا يوققا سانالماس» دېگەن ماقال بار. بىزدە ھازىر كۈتۈلمىگەن، چاقىرىلمىغان، كەچتە ئۆزى تاسادىپىي كىرىپ قالغان مېھمانلارغا بېرىلىدىغان زىياپەتنىڭ نامى يوق. كەچتە، بىز ئۇخلاپ بولغاندا، بىر ئادەم ئىشىك قاقسا، چوقۇم ئۇنىڭ مەلۇم بىر سەۋەبى بار. شۇڭا، ئۇلارغا ئوچۇق چىراي ئىشىكنى ئېچىپ ئۆيگە باشلاپ، چاي قويۇپ، ئۇلارنىڭ تاماق يېگەن ـ يېمىگەنلىكىنى سوراپ، ئەگەر تاماق يېمىگەنلىكى بايقالسا، ئېغىر كۆرمەي دەرھال ئالدىغا غىزا ئېلىپ چىقىش، ئەگەر ياخشىراق كۈتۈش زۆرۈر تېپىلسا دەرھال ئازغىنە تاماق قىلىپ، نازۇنېمەتلەر بىلەن كۈتۈپ قويۇش بۇ بىزنىڭ پەزىلىتىمىزنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ، خەلقىمىزنىڭ قىممەتلىك ئەنئەنىسى.

## شارابنى ئۈچ قېتىمدىن ئىچىش ئەنئەنىسى

مەي، شاراب ئىچىپ ئولتۇرۇش قەدىمدىن بېرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىلىرىمىزنىڭ بىرى. قەدىمكى تۈركىي تىللىق خەلقلەر مەيسىز، شارابسىز يېگەن غىزانى زەھەر دەپ بىلەتتى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇ ھەقتە مۇنداق دېدۇ:

4655. يېمەكلىك بار يەردە ئىچكۈ بولمىسا،
بولۇر بىر زەھەر، ئۇق، ئۇ ئاشنى يېسە.

مانا شۇنداق چۈشەنچىدە بولغان ئۇيغۇر – تۈركىي تىللىق خەلقلەر ھەرقاچان شارابتىن ئايرىلمىغان. شارابنى سورۇنلىرىنىڭ مۇھىم تاجى سۈپىتىدە مۇھىم بىلىپ كەلگەن. بۇ جەرياندا ئۇلار ئۆزىگە خاس شاراب مەدەنىيىتىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. ئۈچ قېتىمدىن قەدەھ كۆتۈرۈش ئۇلارنىڭ شاراب مەدەنىيىتىدىكى بىر ئەنئەنىسى بولۇپ قالغان. بۇنىڭ ئىپادىسى «دىۋان»دا مۇنداق بايان قىلىنىدۇ: «ئوتۇز» ئوتتۇز. ئوتتۇز يارماق، باشقىلاردىمۇ شۇنداق. ئوتتۇز سۆزىنى «ئۈچ» دېگەن مەنىدە ئىشلىتىشمۇ بار. مەن بۇنى «كۆكچۈت»تە ياغمىلاردىن ئاڭلىدىم. ئۇلار «ئۈچ قېتىم ئىچەيلى» دېيىشنىڭ ئورنىغا «ئوتتۇز ئىچەلىم، يەنى ئوتتۇز قېتىم ئىچەيلى» دەيدۇ. ئوتتۇز سۆزىنى ئادەتتىكى ئۆز مەنىسىدىمۇ ئىشلىتىدۇ. مېنىڭ يېنىمدا ئۈچ قېتىم ئۈچتىن ئىچىشتى (I . 192). بۇ بايانلاردىن بىز بىر تەرەپتىن، يۇقىرىقى قائىدە بويىچە شاراب ئىچىشنىڭ ياغمىلار ئارىسىدا ئومۇملاشقان بىر ئەنئەنە ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز. يەنە بىر تەرەپتىن، مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئىلى بويلىرىدىكى ياغمىلار ئارىسىغا بېرىپ ماتېرىيال توپلاش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئولتۇرۇشلىرىغىمۇ داخىل بولغانلىقىنى كۆرەلەيمىز. مۆھتەرەم ئالىم مەھمۇد كاشغەرىي ئارقىدىن مانا شۇ سورۇنلاردا

ئوقۇلغان قەدەھ شېئىر - قوشاقلىرىدىنمۇ مىساللار كەلتۈرۈشنى نەزەردىن ساقىت قىلمىغان.

ئوتتۇز ئىچىپ قىقرالىم،
يۇقار قوپۇپ سىقرىلىم.
ئارسلانلايۇ كۈكرەلىم،
قاچتى ساقىنچ سەۋنەلىم.

ئوتتۇز ئىچىپ قىقرايلى،
يۇقىرى قوپۇپ سەكرەيلى،
ئارسلاندەك ھۆركىرەيلى،
قايغۇ قاچتى، سۆيۈنەيلى.

بۇ شېئىردا كەلگەن «ئوتتۇز ئىچىپ قىقرالىم» دېگەن مىسرادىكى «ئوتتۇز» سۆزى «ھەربىرىمىز ئۈچ قېتىمدىن ئۈچتىن ئىچەيلى» دېگەن مەنىدە ئىشلىتىلگەن (I. 193).

ئۇيغۇرلاردا بۇ ئادەت ئانچە روشەن بولمىسىمۇ، يەنىلا ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلگەن. ئۈچنى خاسىيەتلىك بىلىش ئەنئەنىسىگە ئاساسەن «ئوتتۇز ئوغۇل»، «مەرتەم، مەرتەم ئۈچ مەرتەم»، «ئۈچ زامان»، مەينى ئاز بولغاندىمۇ ئۈچ رومكا ئىچىش دېگەندەك قائىدىلەر تۇرمۇشىمىزدا ھازىرمۇ بار ۋە قوللىنىلىپ كەلمەكتە.

## يولۇچى ئۇسسۇز قالمىغان

«مۇبان — ساۋاب، مۇبانلىق — يول ئۈستىدە يولۇچىلارنىڭ سۇ ئىچىشى ئۈچۈن ياسالغان سۇ ئىچىش ئورنى، سۇخانا» (III. 237).

ساۋابلىق ئىش ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى ئىش ئەمەس، بەلكى بۇ قەدىمدىن تارتىپ ئەلنىڭ ئارىسىدا بار ئادەت. ياخشىلىق

قېرىمايدۇ، دېگەندەك، ئۇيغۇر خەلقى ئاھايىتى قەدىمدىن تارتىپ باشقىلارنىڭ بەھرىلىنىشى ئۈچۈن، مەنپەئەتلىنىشى ئۈچۈن، ئىشىك ئالدىلىرىغا كۆيۈپ سۇ قويۇپ قوياتتى. يول - يول نى - نى جەزىرىلەردە سۇخانىلارنى تەسىس قىلىپ، يولۇچىلارنىڭ ھاجىتىنى ئورۇندايتتى. چۈنكى، سۇ ھاياتلىق، ئۆتكەن - كەچكەنلەر خالىغانچە ئېلىپ كەتسە قورۇلمىغان، ئىشىك ئالدىلىرىغا ئۈجمە قويۇلغان، ئۈجمىدىن خالىغان ئادەم يېسە توسۇلمىغان. ھەرقانداق بىر مۇساپىر ئاچلىق تارتىپ قالسا ئۆيىگە ئېلىپ كىرىپ، بىر نال تېرىق زاغرىسىنى ئالدىغا ئېلىپ چىقىپ بولسىمۇ ئۇنىڭ ئاقەتسىزلىكىنى باسقان. مانا شۇنداق ئىشلارنى «مۇيان» دەپ ئاتىغان. بۇ خىل ئەنئەنە ھازىرغىچە ئۇيغۇرلاردا ئىزچىل داۋاملاشتى.

«مۇيان» سۆزى يەنە ئىككى ئادەمنىڭ ئارىسىغا چۈشۈپ سالاچىلىق قىلىپ كېلىشتۈرۈپ قويۇشنىمۇ ئىپادىلىگەن.

مۇيانچىلىق — ئارىچىلىق، سالاچىلىق، ئىككى ئادەم ئارىسىدىكى سالاچىلىق.

سەن مۇيانچىلىق قىل — سەن بىزگە ئارىچىلىق قىل، مەھمۇد كاشغەرىي بۇ سۆزنىڭ «ساۋاب» مەنىسىدىكى يۇقىرىقى «مۇيان» دىن كەلگەنلىكىنى ئەسكەرتكەن. (Ⅲ. 248)

يارىشىش خەيرلىك، ياخشىلىق، يامانلىشىش، ئاداۋەت يامانلىقتۇر. نۇرغۇن ئىشلاردا ئىككى ئادەم ئوتتۇرىسىدا مەلۇم سەۋەبتىن زىددىيەت پەيدا بولۇپ، كېلىشەلمىگەندە يەنە بىر ئادەم ياراشتۇرۇپ قويسا، ئۇلار ئەپلىشىپ قالىدۇ. بۇ، ياخشىلىقنىڭ بەلگىسى. بەزىلەر ئوتقا ياغ چاچقاندەك قۇتراتقۇلۇق قىلىدۇ، بۇ، يامانلىق. ئىككى ئادەمنىڭ ئارىسىدا ھېچقايسىسىغا يان باسماي، ھەق ئوتتۇرىدا تۇرۇپ كېلىشتۈرۈپ قويسا، بۇنى ساۋابلىق ئىش دەپ قارىغان. شۇنىڭدىن چىقىپ ياراشتۇرۇشنىڭ ئۆزىنى «مۇيانچىلىق» دەپ ئاتىغان.

## ئۆزىتىش زىياپىتى — بوشۇغ

روشەنكى، ھەربىر ئىشنىڭ قائىدە ـ يوسۇنى بولىدۇ. قائىدە ـ يوسۇن بىلەن قىلىنغان ئىش خەيرلىك بولىدۇ. قائىدە ـ يوسۇنغا ھۆرمەت قىلىش شاھتىن تارتىپ ئاددىي پۇقراغىچە ھەممە ئادەمنىڭ مەجبۇرىيىتى. مەھمۇد كاشغەرىي بىزگە قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ يەنە بىر مۇھىم قائىدە ـ يوسۇنىدىن مەلۇمات بەردى. بۇ يوسۇن «بوشۇغ» سۆزىگە باغلانغان بولۇپ، بۇ سۆزنىڭ لۇغەت مەنىسىدىن قارىغاندا، «رۇخسەت، ئىجازەت، ئىختىيارىغا قويۇش، ئۆزىتىش» دېگەندەك مەنىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. مانا شۇنىڭدىن چىقىپ خان تەرىپىدىن ئەلچىنىڭ قايتىپ كېتىشىگە بېرىلگەن رۇخسەت (قەغىزى) «بوشۇغ» دەپ ئاتالغان. ئەگەر خان ئوردىسىغا كەلگەن باشقا ئەلنىڭ ئەلچىسى، ۋەزىپىسىنى ئورۇنداپ بولغاندىن كېيىن ئەگەر پادىشاھ ئىجازەت بەرمىسە ياكى قولىغا ئىجازەتنامە بەرمىسە، ئۇ ئوردىدىن چىقالمايدۇ. خان ئەلچىنى ئۇتۇپ قېلىش نىيىتىدە بولسا ئۇنىڭغا بوشۇغ بەرمەيدۇ. بوشۇغ بەرمىسە چېگرادىنمۇ ئۆتەلمەيدۇ. قەدىمكى زامان ئادەتلىرى بويىچە پادىشاھلار ئەلچىگە سوۋغا ـ سالاملار بېرىپ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئۇتاتتى. بۇمۇ «بوشۇغ» دەپ ئاتالغان. «ئەلچىگە بېرىلگەن سوۋغىمۇ مۇشۇ سۆز ئىشلىتىلىدۇ. بۇ سۆز ئەرەبچە «سۇفرە»، (مېھمانغا تەييارلانغان تائام) دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. كېيىنچىرەك يېمەكلىكلەرنىڭ ئاستىغا سېلىنىدىغان «تېرە سۇپىرا» (داستىخان) مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان بولۇپ قالغان» دەيدۇ. بۇ سېلىنغان داستىخان قارىغاندا ئەلچىنى ئۆزىتىش ئۈچۈن بېرىلگەن ئاشنى كۆرسىتىسە كېرەك. چۈنكى، بۇ ئەل ئىچىگە مېھمانلارنى ئۆزىتىش چېيى، داستىخىنى، يەنى زىياپىتى سۈپىتىدە ئۆزلەشكەن: «شۇنىڭدەك ئۆز

قېرىنداشلىرىنى يوقلاش ئۈچۈن يىراقتىن كەلگەن ئادەم قايتىپ كېتىدىغان چاغدا ھەممە ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى زىياپەتكە چاقىرىدۇ. ئاندىن بىرمۇنچە سوۋغىلار بىلەن ئۇنىڭ كېتىشىگە رۇخسەت بېرىلىدۇ. ئەنە شۇ زىياپەتمۇ «بوشۇغ ئاشى» (رۇخسەت ئېشى) دېيىلىدۇ» ( I . 482). دېمەك، بۇ خوشلىشىش، ئۇزىتىش، ئۇرۇق - تۇغقانلار يىراقتىن مېھمان بولۇپ كەلگەن تۇغقىنىغا سوۋغا - سالاملار بېرىپ يولغا سېلىش ئۈچۈن ئورۇنلاشتۇرۇلغان زىياپەت بولۇپ، بۇ مۇناسىۋەت بىلەن قېرىنداشلار ئارىسىدا مېھىر - مۇھەببەت چوڭقۇرلىشىدۇ. كىشىلىك تۇرمۇش دېگەن مانا شۇنداق بىر - بىرىنىڭ قەدىر - قىممىتىنى قىلىش ئارقىلىق ھەقىقىي مەنىگە ئىگە بولىدۇ.

ئۆز دەۋرىدە ئۇزۇن سەپەرگە كەتكەن كىشى قېرىنداش ۋە تۇغقانلىرىغا يادىكارلىققا بىرەر نەرسىنى قالدۇرغان بولسا، ھازىرقى دەۋردە ئۇنىڭ دائىرىسى خېلى زور دەرىجىدە كېڭەيدى. بۇرۇن سەپەرگە ماڭغانلار يادىكار نەرسە قالدۇرغان بولسا، ھازىر سەپەرگە ماڭغۇچىغا يادىكارلىق نەرسە سوۋغا قىلىدۇ. دوستلار بىر - بىرىگە يادىكار بولسۇن دەپ بىرەر نەرسە سوۋغا قىلىدۇ. ئەمەلدارلارغا سوۋغا دەپ يادىكارلىق نەرسە بېرىدۇ. قىزلار ئوغۇللارغا، ئوغۇللار قىزلارغا يادىكارلىق سوۋغا بېرىدۇ.

ھازىرقى دەۋردە كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ مەزمۇنى بۇنىڭدىن مىڭ يىل بۇرۇنقى كىشىلىك تۇرمۇش مۇناسىۋەتلىرىگە قارىغاندا زور دەرىجىدە بېيىدى. تۇرمۇش رىتىمى دەۋرنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ تېزلەشتى. كىشىلەرنىڭ ھاياتقا قويغان تەلەپلىرىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. كىشىلەرنىڭ قىممەت قارىشىدا يېڭىلىنىش يۈز بېرىشىگە ئەگىشىپ ماددىي نېمەتكە نىسبەتەن مەنىۋى نېمەتكە بولغان ئېھتىياجى ئاشتى. ئۆز ئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش ئىجتىمائىي جەمئىيەتنىڭ قانۇنىيىتى. ھۆرمەتتىن ھۆرمەتكە ئېرىشكىلى بولىدۇ، مۇھەببەتتىن مۇھەببەت تۇغۇلىدۇ. گەرچە ئۆز ئارا سوۋغا - سالام قىلىشىش تۇرمۇشنىڭ مەقسىتى

بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭسىز كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ كۆركەملىكىگە نۇقسان يېتىدۇ. شەكىل مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ. كىشىلىك مۇناسىۋەتنىڭ كۆپلىگەن مەنە ۋە مەزمۇنلىرى ئۇنىڭ مۇناسىۋەت ۋاسىتىلىرى ۋە شەكلى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. ئۆزئارا سوۋغا - سالام بېرىش، بىر - بىرىگە يادىكار قالدۇرۇش، ئۇنى خۇمارلىق ئەستىلىك قىلىپ ساقلاش ئەلۋەتتە ساداقەت، مۇھەببەت، قەدىر - قىممەتنىڭ ئىپادىسى ئەمەسمۇ؟!

# تەلىم ـ تەربىيە ئادەتلىرى

خەلقىمىز تەلىم ـ تەربىيە ئىشلىرىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن. ئۇلار ئادەمنىڭ تەربىيە ئارقىلىق يېتىلىدىغانلىقىنى ياخشى چۈشىنەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئائىلە تەلىم ـ تەربىيەسى ۋە مەكتەپ تەربىيەسىدىن باشقا، ئاۋام مائارىپىمۇ تەلىم ـ تەربىيەنىڭ ئەڭ مۇنتىزىم «دارىلئۇلۇم»لىرى ئىدى. مىڭلىغان چۆچەك، داستانلار، قىسسە، ماقال ـ تەمسىللەر بۇ ئانا مائارىپىمىزنىڭ ئەڭ ياخشى دەرسلىكلىرى ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھېكمەت ئۆگەنگۈچى ۋائىزلارنىڭ ئەل ئىچىدە ھېكمەت سۆزلەپ جار سېلىشى، شاگىرت تەربىيەلەش ئەنئەنىسىنى سانىغاندا تېخىمۇ ئەھمىيەتلىك ئۈلگىلەردىن ۋاقىپ بولالايمىز.

## بوۋاقنىڭ جەننىتى ــ بۆشۈك

خەلقىمىزنىڭ پەرزەنت تەربىيەلەپ چوڭ قىلىشتا قەدىمكى زاماندا ئىختىرا قىلغان قىممەتلىك تۆھپىسىنىڭ بىرى بۆشۈك بىلەن شۈمەك. ئۇ بالىلارنىڭ پاكىز، ساغلام بېقىلىشى ئۈچۈن بوۋاقلارنىڭ جەننىتى بولغان. بۇ ئەنئەنىنىڭ قايسى دەۋرلەردە بارلىققا كەلگەنلىكى ھەققىدە بىرنەرسە دېيىشكە ئاجىزمىز. بىراق، مەھمۇد كاشغەرىي بەرگەن ئۇچۇرلاردا بۇ ئەنئەنىنىڭ بارلىققا كەلگەن زامانى قاراخانىيلاردىنمۇ خېلى بۇرۇن ئىكەنلىكى مەلۇم. چۈنكى، بىز ئىلگىركى مەزمۇنلاردا ئۇيغۇرلاردا قەدىمدە «بۆشۈك تويى» دەپ ئاتىلىدىغان بىر مۇراسىمنىڭ بولغانلىقىنى تىلغا ئالغان. ئۇنىڭدىن باشقا «دىۋان»دا ئايرىم ھالدا بۆشۈكمۇ

تىلغا ئېلىنغان. ئۇنى: «بەشىك» (I . 531) دەپ ئاتىغان. بۇنىڭدىن خەلقىمىزنىڭ بۆشۈكنى ھەقىقەتەن چوڭ بىلىدىغان، بۇنىڭ ئۈچۈن مەخسۇس «بۆشۈك» نامىدا مۇراسىم يوسۇنلىرىنى بارلىققا كەلتۈرگەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

بۆشۈك ياغاچتىن ياسىلىدۇ. بىز ئۇنىڭ مىڭ يىللار بۇرۇنقى قۇرۇلمىسىنى بىلمىسەكمۇ، ھازىرقى بۆشۈك بىلەن ئوخشاش ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرەلەيمىز.

بۆشۈكنىڭ جاكى بوۋاقنىڭ كىچىك، چوڭ تەرىتىنى چىقىرىدىغان يېرى. ئۇنىڭ بىلەن شۈمەك — «سىبەك»نىڭ رولى مەھمۇد كاشغەرىي ئېيتقاندەك: «سۈيدۈك يېيىلىپ كەتمەسلىك» (I . 505) رولىنى ئوينايدۇ. سىبەك قىزلارغا قىزلارغا لايىق، ئوغۇللارغا ئوغۇللارنىڭ جىنسىي ئالاھىدىلىكىگە ئۇيغۇن قىلىپ ياسىلىدۇ. سۈيدۈك نەيچە ئارقىلىق جاكقا چۈشىدۇ. ئەگەر سىبەك (شۈمەك) بولمىسا، بوۋاقلارنىڭ ئاستى ھۆل بولۇپ ئېچىشتۇرۇپ، ئارام بەرمەيدۇ، سالامەتلىكىگە تەسىر يېتىدۇ، ئارام ئالالمايدۇ. بوۋاق بۆشۈككە بۆلەنگەندە، كۆرپە - كىچەكلىرى ناھايىتى يۇمشاق راسلىنىدۇ. زاكىلار بىلەن قول - پۇتلىرى مەھكەم يۆگىلىپ قول ۋە پۇت تارتقۇلار بىلەن تېڭىلىدۇ. بۇنداق بولغاندا بالا قوللىرىنى ھەرىكەتلەندۈرەلمىگەنلىكى ئۈچۈن، چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتمەيدۇ، ناھايىتى شېرىن ئۇخلايدۇ. بۇ بالىنىڭ ساغلام چوڭ بولۇشىغا پايدىلىق. يەنە بىر تەرەپتىن، بالىغا تاماق يېگۈزۈشتە بولسۇن، ئېمىتىشتە بولسۇن، بۆشۈك ئىنتايىن ئەپلىك. بۆشۈكنىڭ يەنە چىۋىن، پاشىلاردىن مۇداپىئە قىلىشتا چىمىلدىقلىق رول ئويناش ئالاھىدىلىكىمۇ بار. ئومۇمەن، بۆشۈك بىلەن شۈمەك خەلقىمىزنىڭ پەرزەنت تەربىيەلەشكە قوشقان ئالىي تۆھپىلىرىنىڭ بىرى. مەدەنىيلىك نۇقتىسىدىن ئالغاندىمۇ خېلى يۇقىرى مەدەنىيلىك ئەكس ئەتكەن ئىختىرالىرىنىڭ بىرى. شۇنداق بولغاچقا، ئۇيغۇر خەلقى ھازىرغىچە بۆشۈكنى ۋەتەنگە، مەدەنىيەتكە سىمۋول قىلىپ ئىشلىتىپ كەلمەكتە. «مەدەنىيەت بۆشۈكى»، «ۋەتەن مېنىڭ بۆشۈكۈم» دېگەندەك.

## بالىلارنى ئەركىلىتىش ئادىتى ــ ئوخشاماق

بالىلارنى ئەركىلىتىشمۇ ھەربىر مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس ئادەت قائىدىسى بويىچە بولىدىغانلىقى بىلەن قائىدە ـ يوسۇن ھېسابلىنىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئادىتىدە بالىلارنى ئەركىلىتىش، باشقىلارنىڭ بالىلىرىنى ئامراقلىق قىلىپ ئەركىلىتىش ئادىتى، ئۇيغۇرلارنىڭ بالىلارغا بولغان كۆيۈنۈشى، بالىلارنىڭ ساغلام، ئەقىللىق ئادەم بولۇشىغا بولغان تىلەكلىرى بىلەن يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن.

«دىۋان» دا ئەركىلىتىش ئۇقۇمىنى «ئوخشاماق» دەپ، «ئەركىلەتتىم» دېگەن مەنىنى «ئوخشادىم» دەپ ئىپادىلىگەن. مەھمۇد كاشغەرىي يۇقىرىقى سۆزنى ئىزاھلاپ، «مەن ئانى ئوخشادىم ــ مەن ئۇنى ئەركىلەتتىم» ( I . 372) دېگەن. بۇ ئەسلىي بىر نەرسىنىڭ يەنە بىر نەرسىگە ئوخشىغانلىقىنى ئىپادىلەشتە قوللىنىلغان سۆز ئىدى. ئەركىلىتىش كىچىك بالىلارنىڭ گەپ ـ سۆزىگە ئوخشىتىپ ئەركىلەتكەچكە بۇ سۆز ئەركىلىتىشكە قوللىنىلغان. ئەركىلەتكۈچى بالىلارنىڭ تىلى بىلەن «ھە، ييمە (ئېمە)، باتوي بويىمەن، ئايىم (ئالىم) بويىمەن، ييمە دېيدۇ، نانىنا يەيمەن، ممە ئىممەن» دېگەندەك سۆزلەر بىلەن ئەركىلىتىدۇ. بۇ خىل ئەنئەنە ئۇيغۇرلاردا ھازىرغىچە ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلگەن. بولۇپمۇ بەزى ئاياللارنىڭ ئەركىلىتىش قىياپىتى، ئەركىلىتىش سەنئىتى باشقا مىللەتلەردە كەمدىن ـ كەم ئۇچرايدۇ. ئۇنداق تىلسىز بالىلارغا بالىلار تىلى بىلەن گەپ قىلىپ ئەركىلىتىش بالىلارنىڭ روھىغا تەسىر قىلىپ، ئۇلارنى ۋىلىق ـ ۋىلىق كۈلدۈرىدۇ. بۇ كۈلكە ئۇلارغا ساغلاملىق ئاتا قىلىدۇ. تىل قابىلىيىتىنى ئاشۇرىدۇ، تەپەككۇر يوللىرىنى ئاچىدۇ.

## ئۈزۈلمەس كۈي — «ئەللەي»

تارىختا ھەقىقىي مەنىدىكى ئۈزۈلمەس كۈي بار دېيىلسە ئۇ ئەبىشەتنىڭ ئۇلۇغ مېلودىيەسى بىلەن ئانىلارنىڭ ئارزۇ – ئارمانلىرى يۇغۇرۇلغان ئەللەي ناخشىلىرىدىن ئىبارەت. ھەربىر مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس كۈيلىرى بار، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەللەي كۈيى دۇنيادا يەككە – يېگانىدۇر. ئەللەي كۈيى نەچچە مىڭ يىللاردىن بېرى ئانىلارنىڭ قەلب دېڭىزىدىن ئۇرغۇپ چىققان بۇلاقلارنىڭ لەرزان سۈلىرىدەك شىلدىرلاپ پەرزەنتلەرنىڭ روھىغا سىڭىپ كەلدى. پەرزەنتلەر مۇڭلۇق ئەللەي ناخشىلىرىدىن ھاياتنى، ھاياتنىڭ گۈزەللىكىنى ھېس قىلىدۇ. ئۇنىڭ مىسلىسىز ئىستەكلىرى بىلەن ئانىلارنىڭ گۈزەل ئارزۇلىرى يۇغۇرۇلۇپ زېمىننى مېھىر – مۇھەببەتكە تولدۇرىدۇ. بەخت كۈنلىرىدىمۇ، بەختسىز كۈنلەردىمۇ ئانىلار ئۈمىد، ئىشەنچ بىلەن توشقان ئەللەي ناخشىلىرى بىلەن قاراڭغۇ كېچىلەرنى مۇڭغا تولدۇرىدۇ. مىڭ يىللاردىن بېرى ئانىلارنىڭ مېھرىگە، ئانىلار ئۇلۇغلۇقىغا، ئۇيقۇسىز كېچىلەرگە ھەمراھ بولغان بۇ كۈيگە قېتىلغان مىڭلىغان، ئون مىڭلىغان قوشاقلار بارلىققا كەلگەن.

كۆكلەم كۈندە تۇغۇلدۇڭ ئەللەي بالام ئەللەي،
ئۆيىمىزگە نۇر كەلدى ئەللەي بالام ئەللەي.

مەھمۇد كاشغەرىي گەرچە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەللەي ناخشىلىرى ھەققىدە تەپسىلىي مەلۇمات بەرمىگەن ھەم بىرەر كۈيلىك ئەللەي ناخشىسىدىن مىساللار كەلتۈرمىگەن بولسىمۇ، بىراق تۆۋەندىكى بايانى بىلەن ئەللەي رىشتىسىنىڭ قەدىمدىن بېرى ئۈزۈلمەي ئەۋلادتىن – ئەۋلادقا ئۇلانغانلىقىدىن ئىبارەت ھەقىقەتنى ئېيتىپ

بەردى: «بەللى ـ بەللى ـــ ئەللەي ـ ئەللەي، خوتۇنلارنىڭ بالىلىرىنى بۆشۈككە بۆلەپ بولۇپ ئۇخلىتىشتا ئېيتىدىغان سۆزى» (Ⅲ، 320). بۇ كۈي ھەقىقەتەن مۇقەددەس، بۇ مېلودىيەنى ئۇزۇپ قويۇشقا بولمايدۇ، ئۇنى تېخىمۇ گۈزەل ئىستەكلەر بىلەن تېخىمۇ ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلىش كېرەك. ھەي ئانا بولغۇچى، سىز ئەللەي ناخشىسىدىن بىر كۇپلېت دەپ بېقىڭە.

## «جىن كەلدى» دېسەك راستىنلا جىن پەيدا بولىدۇ

«جىن كەلدى، ئالۋاستى كەلدى» دەپ بالىلارنى قورقۇتۇپ جىملەش خەلقىمىز ئىچىدە ناھايىتى قەدىمدىن تارتىپ داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان بىر ئادەت ئىدى. بۇنى قەدىمكى دەۋردە ھەرخىل ناملاردا ئاتىغان. بالىلار تىلىدا ئالۋاستى «ئاباچى» دەپ تەلەپپۇز قىلىنغان. شۇڭا ئانىلار بالىلىرىنى جىملەش ئۈچۈن «ئاباچى كەلدى» دەپ قورقۇتۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىش ئارقىلىق بالىلارنىڭ خاپىسىنى تىنجىتماقچى بولغان. بۇ خىل ئادەت ھازىرغىچە داۋاملىشىپ، تەلىم ـ تەربىيەدىكى ئىنتايىن خاتا ئۇسۇل سۈپىتىدە داۋاملاشماقتا.

بىز شۇنى ئەسكەرتىپ قويىمىزكى، بالىلارنى ئۇلارغا نامەلۇم بولغان ئاشۇنداق مەۋھۇم نەرسىلەرنىڭ نامىنى تىلغا ئېلىپ داۋاملىق قورقۇتقاندا، بارا ـ بارا شۇ بالىنىڭ ئۆزى جىنغا ئايلىنىدۇ. ئۇلار خۇددى جىن چاپلىشىۋالغاندەك، بىرەر قارىنى كۆرسىمۇ «ۋايجان» دەپ قورقىدىغان، قاراڭغۇدىن قورقىدىغان، كېچىدە قورقۇپ سىرتقا چىقالمايدىغان يۈرەكسىز بالىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. بالىلارنى يۈرەكلىك، قورقماس قىلىپ تەربىيەلەش كېرەك. گەرچە قورقۇتۇش ئارقىلىق ناھايىتى قىسقا ۋاقىت ئۇنۇمگە ئېرىشكەندەك قىلغان بىلەن، ئاخىرقى ھېسابتا بالىغا ئۆمۈرلۈك زىيان يەتكۈزىدىغان ئاقىۋەت كېلىپ چىقىدۇ.

ئادەمنىڭ قورقۇشى ئىنتايىن يامان روھىي ھالەت بولۇپ، ئۇ ئادەمگە ئەركىن - ئازادە ياشاش پۇرسىتى بەرمەيدۇ، مەۋھۇم جىن ھەرقاچان ئۇ ئادەمنىڭ كەينىدىن بوغۇپ تۇرىدۇ. بىرەر ئىشقا يۈرەكلىك قول تىقىشقىمۇ يول قويمايدۇ.

## شاگىرت تەربىيەلەش ئادىتى

شاگىرت تەربىيەلەش ئەلڭ قەدىمكى ئىپتىدائىي ئاۋام مائارىپى ئەنئەنىسىدىن تەرەققىي قىلغان، ئىنسانىيەتكە، ھۈنەر - تېخنىكىغا ئورتاق بولغان بىر مەدەنىيەت ھادىسىسى، ئىنسانىيەت ياراتقان تۈرلۈك - تۈمەن ماددىي مەدەنىيەت مەھسۇلاتلىرى، مىراسلىرى ۋە بۇيۇملىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۇستىلار، ئۇستىلاردىن ئۆگىنىپ چىققان شاگىرتلار... بىر - بىرىگە ۋارىسلىق قىلىش ئارقىلىق داۋاملاشتۇردى ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇپ بۈگۈنكى زامانىۋى دۇنياغا ئۇلاپ بەردى. بىز ھازىر تۇرمۇشىمىزدا ئىشلىتىۋاتقان بارلىق ماددىي بۇيۇملارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۇستىسى بار. كىگىزچىلىك، گىلەمچىلىك، توقۇمىچىلىق، چۆمۈچچىلىك، تىككۈچىلىك، ئاشپەزلىك، تۆمۈرچىلىك، مىسكەرلىك، ئوقچىلىق، ياغاچچىلىق، كۆنچىلىك، چويلىچىلىق، پالاسچىلىق، بۆزچىلىك، بورىچىلىق... ساناپ كەلسەك ھۈنەرنىڭ پايانى يوقتۇر. ئەگەر شۇ ھۈنەر - سەنئەت بولمىغان بولسا ئىنسانىيەت جەمئىيىتىمۇ بولمىغان بولاتتى، مەدەنىيەتمۇ بولمىغان بولاتتى. بىز تىلغا ئېلىۋاتقان ماددىي مەدەنىيەتكە كىرىدىغان بارلىق نەرسىلەر ئۇستىلارنىڭ قولىدىن چىققان. ئۇستىلار مىڭلىغان، سىلىپۇتلىغان شاگىرتلارنى تەربىيەلەپ چىققان. مەكتەپ، مەدرىسە مائارىپى تەربىيەلەپ چىققان تالىپلارنىڭ سانىدىن ئاۋام مائارىپىدا تەربىيەلىنىپ چىققان شاگىرتلارنىڭ سانى نەچچە يۈز ھەسسە يۇقىرى تۇرىدۇ.

ئۇيغۇر خەلقى ھۈنەر - سەنئەتنىڭ ماھىرلىرى ئىدى،

«دىۋان»دىكى مەلۇماتلاردىن قارىغاندىمۇ ھۈنەر ـ سەنئەتنىڭ ھەممە تەرەپلىرىدە ئۇيغۇر مەھسۇلاتلىرىنى بارلىققا كەلتۈرگەندى. تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ھۈنەر ـ سەنئەت رىسالىلىرى بارلىققا كەلگەن بولۇپ، ھۈنەر ـ سەنئەتكە پاكلىق، دۇرۇس قەلب بىلەن مۇئامىلە قىلىش، ساختىلىق قىلماسلىق ئۇيغۇر ھۈنەرۋەنلىرىنىڭ قەسىمى ئىدى. ئۇلار مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ھۈنىرىنى شاگىرتلىرىغا ئۆگىتىپ، ھۈنەرنىڭ مەڭگۈ داۋاملىشىشىغا ئاساس سالغانىدى. بىز «دىۋان»دىن ئۇستاز، شاگىرتلىققا دائىر ئانچە كۆپ مەلۇماتقا ئىگە بولالمىغان بولساقمۇ، «بوشغۇتلاندى» دېگەن سۆزنىڭ «شاگىرتلىق بولدى» (Ⅱ. 390) دېگەن مەنىنى بىرىدىغانلىقىنى بىلدۇق. ئەڭ مۇھىمى «دىۋان»دا ھۈنەر ـ سەنئەتكە دائىر ئۇرغۇن ماددىي مەھسۇلاتلارنىڭ نامى تىلغا ئېلىنغان، بىز ئۇنى مانا شۇنداق ئەۋلادمۇئەۋلاد بىر ـ بىرىگە ۋارىسلىق قىلىش ئارقىلىق بارلىققا كەلگەن نەتىجە دەپ قارايمىز. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ھۈنەرۋەنلەرنىڭ رولىنى، تۇرمۇشتىكى قىممىتىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ ئوتتۇرىغا قويغان تۆۋەندىكى بايانلىرى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھۈنەر ـ سەنئەتكە بولغان چۈشەنچىسىنىڭ قانچىلىك چوڭقۇر ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. «تۇرمۇشۇڭنىڭ زىننىتىنى بارلىققا كەلتۈرگۈچى بىر تەبىقە بار، ئۇلار تىرىكچىلىك ئۈچۈن ھۈنەر ـ سەنئەت بىلەن مەشغۇل بولغۇچى ھۈنەرۋەنلەردۇر. ئۇلار ئىنتايىن كېرەكلىك كىشىلەردۇر. تۆمۈرچى، موزدۇز، ئويمىچى دېگەندەك، كۆنچى، سىرچى، بوياقچى، ئوقچى، ياچى دېگەندەك سانسىز يەنە ئۇرغۇن، دۇنيادىكى ئاڭ قالارلىق ئىشلار شۇلارنىڭ قولىدىن چىقىدۇ»[①]. مانا شۇنداق قىممەت قارىشىغا ئىگە بولغاچقا، ئۇيغۇرلار بالىلىرىنى ھۈنەر ـ سەنئەت ئۇستىلىرىغا ھۆرمەت، ئېھتىرام بىلەن ئاپىرىپ بېرەتتى. ئۇيغۇرلاردا «ھۈنەرۋەن خار بولمايدۇ» دېگەن ئەقىدە بار. چۈنكى، ھۈنەرنىڭ مىللەت ۋە دۆلەت چېگراسى

يوق. ھۈنەر ئۆگەنگەن ئادەم ھەرقانداق جايدا جان باقالايدۇ. ئۇيغۇر خەلقى گەرچە ھۈنەر - سەنئەتكە شۇنچە يۈكسەك ئورۇن بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن 18 — 19 - ئەسىردىن باشلانغان خەلقئارا سانائەتلىشىش سۈرئىتىگە يېتىشەلمىدى. شۇنچە كاتتا ھۈنەر - سەنئەتلىرىنى ئىختىرا قىلغان مىللەت، بۇ دەۋردە يەنىلا ئىپتىدائىي ھۈنەر - سەنئەتنىڭ چاڭگىلىدىن چىقىپ كېتەلمىدى، نەتىجىدە زامانىۋى ھۈنەر - سەنئەت ئەنئەنىۋى قول سانائەتنى ئېغىر دەرىجىدە پالەچ ھالغا چۈشۈرۈپ قويدى. بۇ جەھەتتە ئىلىم - پەن بىلىملىرىنى ئۆگىنىپ زامانىۋى پەن - تېخنىكىغا يۈزلىنىش قىلمىغۇچە چىقىش يولى بولمايدۇ.

## ئادەمنى پولاتنى تاۋلىغاندەك تاۋلاش — «قاتۇرماق»

ئۇيغۇرلارنىڭ تەلىم - تەربىيە ئەنئەنىسى ۋە ئادەمنىڭ پىشىپ يېتىلىش پۈرسىتىدە، جاپا - مۇشەققەت ئىچىدە تاۋلىنىش، خۇددى يۇمشاق تۆمۈرنى تاۋلاپ قاتتىق پولاتقا ئايلانغاندەك، ئادەممۇ تاۋلىنىپ يارىملىق بولۇپ چىقىدۇ دەپ قاراپ، بالىلارغا كىچىككىدىن تارتىپ جاپا - مۇشەققەتلىك تۇرمۇشنىڭ تەمىنى تېتىش پۇرسىتىنى بەرگەن. 20 - ئەسىردە ئوستروۋىسكىينىڭ «پولات قانداق تاۋلاندى» دېگەن رومانى كوممۇنىزم دۇنياسىنى زىلزىلىگە سالدى. ئۇنىڭدا پاۋېل كورچاگىننىڭ پىشىپ يېتىلىش جەريانى تەسۋىرلەنگەنىدى. بۇ خىل چۈشەنچە دەۋرىمىزدىن مىڭ يىللار بۇرۇنلا خەلقىمىز ئىچىدە خېلى چوڭقۇر ئىلمىي ئاساسقا ئىگە بولغانلىقىنى «دىۋان»دىكى مانا مۇنۇ بايانلاردىن كۆردۇق: «قاتۇردى — قاتۇردى. ئۇ يۇمشاق نەرسىنى قاتۇردى. يەنى يۇمشاق (بوش) تۆمۈرنى تاۋلاپ چىڭىتقاندەك، يۇمشاق نەرسىنى قاتتىققا ئايلاندۇردى. ئۆزگە يۇرت ئۇنى چېنىقتۇردى، يەنى مۇساپىرچىلىق ئۇنى تەجرىبىلىك

قىلىپ پىشۇردى» ( II . 98). ئادەمگە نىسبەتەن ئەمگەك، مۇساپىرچىلىق، جەڭگاھ قاتارلىقلار تاۋلىنىش ئوچىقى ھېسابلىناتتى. ئۇلار يۇقىرىقى جەريانلارنى باشتىن كەچۈرمىگەن كىشىلەرنى پىشمىغان، «لېيى خام» ھېسابلاپ مۇھىم ئىشلارغا يارىمايدۇ، دەپ قارايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن بالىلارنى كىچىكىدىن تارتىپ چېنىقتۇرۇشنى ئۇلارنىڭ كېيىنكى بەختى ئۈچۈن مۇھىم دەپ قارىغان. ھەقىقەتەن ئادەم تۇرمۇشتا پىشمىسا، روھىنى، بەدىنىنى چېنىقتۇرمىسا، ئازراق زەربىمۇ ئۇنى نابۇت قىلىۋېتەلەيدۇ. ھەقىقىي تاۋلانغان ئادەمنى ھاياتلىق بوران - چاپقۇنلىرى تەۋرىتەلمەيدۇ. بۇ قانۇنىيەتنى ئەقىللىي تونۇپ يەتكەن كىلاسسىكلىرىمىز بۇ خۇسۇستا تېخىمۇ ئەھمىيەتلىك تەۋسىيە ۋە دەۋەتلەرنى قالدۇرغان. «كەلىلە ۋە دىمنە» دېگەن كىتابتا سەپەر مۇشەققىتىنىڭ خاسىيىتى ھەققىدە مۇنداق بايانلارنى بېرىدۇ: «گەرچە سەپەر مۇشەققىتى كۆپ بولسىمۇ، مەنپەئەتىمۇ ئاز ئەمەس. ئەگەر كىشى غۇربەتچىلىكتە جاپاغا قالسا، ئەدەپلىك ۋە پاكىز بولۇپ قالىدۇ، غۇربەتچىلىكتە كىشىگە پۈتۈن بىر ئۆمۈر پايدا يەتكۈزىدىغان تەجرىبىلەر ھاسىل بولىدۇ. سەپەردە كىشىنىڭ چوڭراق راۋاج تېپىشى شۈبھىسىز. خاھى سىرتقى كۆرۈنۈشتىن بولسۇن، خاھى ماھىيەتلىك مەنىسى تەرىپىدىن بولسۇن، شاھماتتا، پىيادە ئالتە مەنزىل سەپەر قىلغاندىلا پەرزىن مۇقامىغا يېتىشەلەيدىغانلىقىنى كۆرمىدىڭمۇ؟ يېڭى چىققان ئاي ئون تۆت كېچە سەپەر قىلىش ئارقىلىق ھىلال ئايلىق مەرتىۋىسىدىن تولۇن ئايلىق دەرىجىسىگە يېتەلەيدۇ ئەمەسمۇ؟ پادىشاھ سەپەر قىلمىسا شەھەر ئالالمايدۇ ئەمەسمۇ؟ ئەگەر كىشى ئۆز ئۆيىدىن بېشىنى چىقارمىسا، ئۆز يۇرتىدىن تاشقىرى قەدەم باسمىسا، ئاجايىپ شەھەرلەرنىڭ مەنزىرىلىرىنى كۆرۈشتىن مەھرۇم ۋە ئىبادەت قىلغۇچىلار سۆھبىتىنىڭ مەنىلىرىدىن بىبەھرى قالىدۇ»

## ھېكايە، قىسسە، تەمسىل ئېيتىشىش ئادىتى — «ساۋلاشماق»

تەمسىل، قىسسە، ھېكايە، چۆچەك ئېيتىشىش ئۇيغۇرلارنىڭ مەنىۋى ھاياتىدىكى ئەڭ قىممەتلىك ئەنئەنىلىرىنىڭ بىرى. ئۇيغۇر خەلقىدە ھازىرغىچە ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچۈپ، ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا ئۆتۈپ يېتىپ كەلگەن مىڭلىغان، ئون مىڭلىغان ھېكايە، چۆچەك، قىسسە، تەمسىللەر مانا شۇنداق ئۆزئارا بىر - بىرىگە ئېيتىپ بېرىش، دادىسى بالىسىغا، بوۋىسى نەۋرىسىگە ئېيتىپ بېرىش ئارقىلىق داۋاملاشقان. نى - نى ئۇزۇن كېچىلەردە، قىش زىمىستانلاردا ئوچاق ئالدىدا، تونۇر بېشىدا، ئال - بارائىتلىق ھويلىلاردا، ئاممىۋى سورۇنلاردا ئاتىلار ۋە ئانىلار، قىز - يىگىتلەر بىر - بىرىگە ھېكايە، چۆچەك ئېيتىشىپ، تۇرمۇشنى، ھاياتنى چۈشىنىشنىڭ دەرۋازىسىنى ئاچقان. بۇ ھەقتە مەھمۇد كاشغەرىي مۇنداق مەلۇمات بېرىدۇ: «ساۋلاشتى — تەمسىل ئېيتىشتى. ئۇ مېنىڭ بىلەن تەمسىل ئېيتىشتى، يەنى ئۇ ماڭا تەمسىل ئېيتتى، مەن ئۇنىڭغا تەمسىل ئېيتتىم، شۇنىڭدەك بىر - بىرىگە خەۋەر يەتكۈزۈش، پاراڭلىشىش ۋە چۆچەك ئېيتىشقىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ» (Ⅱ. 309). مۇنداق ئېيتىشىش ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ناھايىتى مۇھىم ئائىلىۋى ۋە ئىجتىمائىي دەرسخانىسى بولغان. ئۇيغۇر بالىلىرى تونۇر بېشى، ئوچاق بېشى ۋە مەدداھلارنىڭ ئېغىزىدىن نۇرغۇن قىسسەلەرنى، جەڭنامىلەرنى، خان - شاھلارنىڭ سەلتەنەت سۈرۈشى ۋە خاراب بولۇشى، ئاددىي پادىچى بالىلارنىڭ ئەقىل - پاراسەتكە تايىنىپ بەخت تاجىنى كىيگەنلىكى قاتارلىق چۆچەكلەرنى ئاڭلاپ چوڭ بولاتتى. ئوغۇزخان ھەققىدىكى ھېكايىلەر، ئالپ ئەرتۇڭا، باتۇر تەڭرىقۇت ھەققىدىكى قىسسەلەر، تۇمارىس، شىراق ھەققىدىكى ھېكايىلەر سۆزلىنىپ بالىلارنىڭ قەلبىدە ئەجدادلىرىغا بولغان سۆيۈنۈش، ئىپتىخار ھېسسىياتىنى قوزغايتتى. ئەڭ مۇھىمى

ئۇلارنىڭ قورقماس، باتۇر، ھەققانىيەتچى، ۋەتەنپەرۋەر، خەلقپەرۋەر بولۇشتەك ئېسىل خاراكتېر يېتىلدۈرۈشىدە مەنىۋى ئۇلگە بولالىدى. مەھمۇد كاشغەرىي، يۈسۈپ خاس ھاجىپلارنىڭ ئەنە شۇنداق دادىل، مەرد، پىداكار، ئىنسانپەرۋەر، مەرىپەتپەرۋەر ئۇلۇغ ئالىملاردىن بولۇپ يېتىلىشىدە ئەنە شۇ ئېيتىشقان ھېكايە، قىسسە، تەمسىللەر ئەھمىيەتلىك رول ئوينىغان.

ھېكايە، تەمسىل ئېيتىشىش كىشىلەرنىڭ تەپەككۇرىنى چېنىقتۇرىدۇ، سۆزلەش، بايان قىلىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرىدۇ. ھاياتقا يۈزلەندۈرىدۇ. يېڭى - يېڭى چۆچەكلەرنى ئىجاد قىلىش قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرىدۇ. شۇنچە مول چۆچەك، ماقال - تەمسىل، ھېكايە، قىسسەلەر ئاشۇنداق ئىجادكار تەپەككۇرغا باي خەلقىمىزنىڭ بىزگە قالدۇرغان قىممەتلىك تەۋەررۇكى، ئۇنىڭدا خەلقىمىزنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق تارىخى، ئۆتمۈشى، تەجرىبە - ساۋاقلىرى، بىلىش نەتىجىلىرى بار.

## ۋائىزلارنىڭ جار سېلىپ ھېكمەت ئۆگىتىشى

ئۇيغۇرلاردا ۋائىزلىق ناھايىتى قەدىمكى ئەنئەنىۋى ئاۋام مائارىپى ئەنئەنىلىرىنىڭ بىرى، مەھمۇد كاشغەرىي مەلۇمات بەرگەن: «ئەي ئۇيغۇر، ياقاچ كەسسەڭ ئۇزۇن كەس، تۆمۈر كەسسەڭ قىسقا كەس. ئۇيغۇرلارنىڭ بىر جارچىسى باركى — ھەرقاچان مۇشۇنداق ھېكمەتلەرنى خەلققە ئۆگىتىدۇ — دېگەن ئۇچۇر، خەلقنىڭ ئۆزىنى ئۆزى تەربىيەلەشتىن ئىبارەت چوڭ ئانا مەكتىپىنىڭ بىر «سىنىپ»ى ئىدى. خەلقىمىزنىڭ ئۆزىنى ئۆزى تەربىيەلەشنىڭ ئاممىۋى ئاساسى ناھايىتى كۈچلۈك ئىدى. توي - تۆكۈنلىرىمۇ، ئۆلۈم - يېتىملىرىمۇ، مەشرەپلىرىمۇ ماقال - تەمسىل، قىسسە، چۆچەكلىرىمۇ ئاۋام مائارىپىنىڭ بۈيۈك ئوقۇشخانىسى ئىدى. يۇقىرىقى تەلىم - تەربىيە مەكتىپى ئىچىدە يۇقىرىقى ۋائىزلىق ئارقىلىق كىشىلەرنى تەربىيەلەش تۈرى

مەقسەتلىك ئېلىپ بېرىلىدىغان ئالاھىدە بىر شەكىل بولۇپ، بۇ ئارقىلىق كىشىلەرگە ھاياتنىڭ قانۇنىيەتلىرى، تۇرمۇشقا قەدەم بېسىشنىڭ يوللىرى، ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ ئۆلچەملىرى، ئەلنىڭ مەنپەئەتى، مۇۋەپپەقىيەت تەجرىبىلىرى، مەغلۇبىيەت ساۋاقلىرى قاتارلىق بىلىش نەتىجىلىرىدىن خەلقنى ۋاقىپلاندۇراتتى. بۇ خىل ئادەتنى دۇنيادا يەككە - يېگانە ئۆرنەكمىكىن دەپ قارايمىز.

## بالا بېقىۋېلىش ئادىتى

بالا بېقىۋېلىش، قەدىمدىن بېرى ھەرقايسى مىللەتلەردە ئوخشىمىغان شەكىلدە مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن ئەنئەنىلەرنىڭ بىرى. بۇنىڭ شەكلى ۋە مەزمۇنىمۇ مەلۇم جەھەتتە پەرقلىنىدۇ. بەزىسى، رەسمىي بالىچىلاپ بېقىپ ئۆزىنىڭ بالىسى قاتارىدا ئۇنى مىراسخور قىلىدۇ، ئۆي - ئوچاقلىق قىلىدۇ، بەزىسى ئاتاق قىز، ئاتاق ئوغۇل قىلىۋالىدۇ. بەزىسى بالا يوقلۇقى (يەنى تۇغمىغانلىقى سەۋەبلىك) بېقىۋالىدۇ، بەزىسى يېتىم بالىلارنى ئاسرىۋېلىش ئۈچۈن بېقىۋالىدۇ. قەدىمكى ئۇيغۇرلاردىمۇ ھەر خىل سەۋەبلەردىن كۆرە بالا قىلىۋېلىش ئادىتىنىڭ بولغانلىقى ھەققىدە «دىۋان»دىن «قىزلاندى — قىز قىلىۋالدى، ئول ئانى قىزلاندى — ئۇ ئۇنى قىز قىلىۋالدى» (II . 366) دېگەن بايان بىلەن، يەنە بىر يەردە ئۇنى ئوغۇل قىلىۋالدى دېگەن بايانلارنى ئۇچرىتىمىز. بىز بۇنىڭ بېقىۋېلىشنىڭ قايسى تۈرگە كىرىدىغانلىقىنى بىلمىسەكمۇ، لېكىن قەدىمكى ئۇيغۇرلاردىمۇ بېقىۋېلىش ئادىتىنىڭ بارلىقىنى بىلەلەيمىز. بۇنداق بېقىۋېلىش بىرى، ئاتا - ئانىلارنىڭ نەسل - نەسەبىنىڭ ئۈزۈلۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن، بىرەر بالىنى بېقىۋېلىپ ئۇنى ئۆزىگە ۋارىس قىلىشنى مەقسەت قىلىغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، خەلقىمىزنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىك ھېسسىياتىدىن يېتىم بالىلارغا

مېھرىبانلىق كۆرسىتىش ئۇچۇن ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ بالا قىلىۋالغانلىقىدىن بولىدۇ.

## ئەر بېزىكى — كۆركى «بېزىك» — بۇرۇت

ئۇيغۇر خەلقىدە بىر ماقال بار: «ئەرنىڭ كۆركى ساقال، سۆزنىڭ كۆركى ماقال» دېگەن. بۇ ماقالدا دېمەكچى بولغىنى، ئەرلەر ئۈچۈن ئەرلىك سالاپىتى، ئەرلىك كۆركى ئۈچۈن ساقال، بۇرۇت مۇھىم، سۆزنىڭ مەنە - مەزمۇنىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن ماقال - تەمسىللەر مۇھىم، دېمەكچى. چۈنكى، قەدىمدىن تارتىپ ئۇيغۇرلاردا ئەر - ئاياللىق جىنسىي پەرق قىياپەت، كىيىم - كېچەكتىلا ئەكس ئېتىپ قالماي، بەلكى چىراي - تۇرق، ساقال - بۇرۇت ئارقىلىقمۇ جىنسىي پەرق ئېنىق ئايرىلغان. مۇشۇ نۇقتىدىن چىقىپ قەدىمكى ئۇيغۇرلار ساقال - بۇرۇتنى ئەرلىك خاراكتېرى، ئەرلىك ھەيۋىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان مۇھىم بىر ئالاھىدىلىك سۈپىتىدە قەدىرلىگەن. مەھمۇد كاشغەرىي بۇرۇتنى «بەزىك» دەپ ئاتايدىغانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ. بۇ سۆزنىڭ ئەسلىي تومۇرى «بەزەك» بولۇپ، «ياسانماق» دېگەن مەنىنى بىرەتتى، بۇ سۆزنى «بېزەك» شەكلىدە بۇرۇتنىڭ ئىسمى قىلىپ قوللانغان، بۇنىڭدىن ئەرلەرنىڭ «بېزىكى» بۇرۇت، دېگەن مەنە چىقىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇ بىلىك» ئەسىرىدە ئەرلەرنىڭ ساقىلىنىڭ كۆركەم، ياسىلىق ياسىلىشى لازىملىقىنى، بۇ ئەرلەرگە كۆركەملىك، ئەرلىك سالاپەت ۋە ئەرلىك ھەيۋەت ئاتا قىلىدىغانلىقىنى تىلغا ئالغان. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇيغۇرلار ئىسلام تەسىرىدىن مۇستەسنا چاغلىرىدىمۇ ساقال - بۇرۇت قويۇشنى ئەرلىك بەلگىسى دەپ قاراپ كەلگەن.

# پەزىلەت ۋە پەردىشەپ يوسۇنلىرى

ھايا - نومۇس ئىنسانلىق سۈپىتىنىڭ ئەڭ ئېسىل لىباسى بولۇپ، مانا شۇ لىباس بىلەن ئادەم ئىنتايىن گۈزەل ۋە لاتاپەتلىك، مۇبادا بۇ لىباس سېلىنىپ كەتسە ئادەمدەك بەتبەشىرە، مەخلۇق يوقتۇر. مەھمۇد كاشغەرىي تۈركىي تىللىق خەلقلەرنى ھايا - نومۇستا ئۈلگە قىلىپ كۆرسەتكەن، شۇنداق ئېسىل پەزىلەتلىرىدىن ماختانغان ۋە ئۇلۇغۋار ئاتالغان ئىنسان بالىلىرى ھايا سەۋەبلىك كىيىم كىيىشنى ئۆگەنگەن، بىراق ئەسلى ھايا - پەردىشەپ كىيىم - كېچەككە ئورنىشىۋېلىش بىلەنلا جىملىۋە قىلمايدۇ. ئۇنىڭغا ئەلىشىر نەۋائىي «ئىپپەت مەرتىۋىلىرىدىن توقۇلغان لىباسلىرى بولسۇن» دەپ تىلەپ قويغان. دىلدىكى پەردىشەپ تىلدا ئىپادىلەنمەي قالمايدۇ. تىل دىلنىڭ كىلىتى؛ تىل كىشىنى يورۇتقۇچى (يۈسۈپ خاس ھاجىپ). خەلقىمىز ئېغىزىغا ئەسكى تىللارنى ئېلىشنى، نىجاسەت ئالغان بىلەن باراۋەر دەپ قارايتتى. شۇڭىمۇ ھاياسىز، پەردىشەپسىز گەپ - سۆزلەرنى ئېغىزدىن چىقارمايتتى. مەھمۇد كاشغەرىي كۆرسەتكەن تۆۋەندىكى ئۈلگىلەر بۇنىڭ تىپىك مىسالىدۇر.

## ئەردەم

ئەردەم ئۇقۇمى بىز ھازىر قوللىنىۋاتقان ئەدەپ - ئەخلاق ئۇقۇمىنىڭ قەدىمكى تۈركىي تىلدا ئىپادىلىنىشى ئىدى. بىزگە ئەدەپ - ئەخلاق سۆزى ئەرەب تىلىدىن كىرگەن. «دىۋان»دا «ئەردەم» سۆزىنىڭ ئەدەپ - ئەخلاق مەنىسىنى بىرىدىغانلىقىنى

كۆرسەتكەن ( I . 144). بۇ سۆزنىڭ ئىزاھاتى سۈپىتىدە «ئەدەپ ئەردەم باشى تىل» دېگەن ماقالىنى بېرىپ، ئەدەپ - ئەخلاقنىڭ تىلدىن باشلىنىدىغانلىقى، تىلدا ئىپادە قىلىنىدىغانلىقى، تىلنىڭ ئادەمنىڭ پەزىلىتىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان مۇھىم بەلگە ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەنىدى.

«ئەردەم» ناھايىتى قەدىمكى ئۇقۇم بولۇش سۈپىتى بىلەن، خەلقىمىزنىڭ تۇرمۇشىغا چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەن. يۇقىرىدىن تارتىپ تۆۋەنگىچە، ئەردىن تارتىپ ئايالغىچە ئەردەمنى تۇرمۇشنىڭ بارلىق تەرەپلىرىگە ـــ گەپ - سۆزگە، ئىش - ھەرىكەتكە، مۇئامىلە - مۇناسىۋەتكە چوڭقۇر سىڭدۈرگەن. چۈنكى، ئەردەم ئۇلارنىڭ ئەقىدىسىدە بەخت - سائادەتنىڭ ۋە ئامەتنىڭ بەلگىسى، ئەردەمسىزلىك بولسا بەختسىزلىكنىڭ، بەختنى قولدىن بېرىشنىڭ سەۋەبچىسى ئىدى. «ئەردەمسىزدىن قۇت كېتەر» دېگەن ماقالىمىز دەل يۇقىرىقى ئىدىيە روشەن، مەركەزلىك ئەكس ئەتكەن. تۆۋەندىكى شېئىردا ئەردەمنىڭ كۆتۈرۈلۈپ كېتىشى، ئەردەملىك ئەرلەرنىڭ دۇنيادىن كېتىشى خەلققە يۈزلەنگەن بەختسىزلىكنىڭ بىۋاستە سەۋەبى دەپ قارىغان.

ئۆزلەك قامۇغ كۆۋرەدى
ئەردەم ئارىغ سەۋرەدى
يۇنچىغ ياۋۇز تەۋرەدى
ئەردەم بەگى چەرتىلۇر

زامان يۇتۇنلەي ئاينىدى،
پەزىلەت تامامەن سىرەكلەشتى،
بولۇمسىز - ياۋۇزلار تەۋرىدى،
پەزىلەت بېگى يوقىلىپ.

(139 . I)

زامان ئايلىنىپ، ئەلدىن بەخت ـ سائادەت يۈز ئۆرىگەن، چۈنكى ئەلدە ئەردەمسىز، ياۋۇز كىشىلەر باش كۆتۈرگەن. پەزىلەت تامامەن تەرك ئېتىلگەن، پەزىلەت بېگى دۇنيادىن كەتكەنلىكى ئۈچۈن شۇنداق بولغان.

ئەردەمنىڭ بەخت ـ سائادەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ھەققىدىكى چۈشەنچە خەلقىمىزنىڭ قان ـ قېنىغا سىڭىپ كەتكەن. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئەردەمنىڭ ھايات بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى يۈكسەك بىر پەللىگە كۆتۈرۈپ بېشىپ بەرگەنىدى. «ئەردەمنى تەڭرى ئاتا قىلغان نېمەت» (148 ـ بېيىت) دەپ چۈشەنگەن ئۇيغۇرلار، ئەردەم نېمىتىگە خىيانەت قىلسا، بەخت يولى ئېتىلىپ، بەختسىزلىكنىڭ دەرۋازىسى ئېچىلىدىغانلىقىغا ئىشەنگەن. چۈنكى، قۇت بىلەن ئەردەم بىر ـ بىرىنى شەرت قىلاتتى، قۇت بار يەردە ئەردەم بار، ئەردەم بار يەردە قۇتقا ئورۇن بار. ئەگەر قۇت كۆتۈرۈلۈپ كەتسە، ئۇ ئەردەم كۆتۈرۈلۈپ كەتكەنلىكتىن بولىدۇ. ئەردەم بولمىغان يەردە قۇتقا ئورۇن يوق ئىدى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ قۇتنىڭ ئورنىنى قۇتسىزلىقنىڭ ئىگىلىشىدە ئەردەمسىزلىكنىڭ بىردىنبىر سەۋەب ئىكەنلىكىنى كۆپ تەرەپتىن كۆرسىتىپ بەرگەن. ئۇ قۇتقا كىشەن سالالايدىغان مۇنداق بىرقانچە تەرەپنى كۆرسىتىدۇ:

بىرىنچى، تەۋەززۇلۇق، كىچىك پېئىل، يۇمشاق بولسۇن. (703)
ئىككىنچى، ئۆزىنى تۇتالايدىغان بولسۇن، ھەددىدىن ئاشماس بولسۇن، يامان ئەسكى، بۇزۇق ئىشلارغا يېقىن يولىمىغاي. (704)
ئۈچىنچى، مېلىنى ئورۇنسىز بۇزۇپ ـ چاچماسلىقى، خۇلقىنى دۇرۇس قىلىپ، پەيلىنى يامان قىلماسلىقى لازىم. (705)
تۆتىنچى، ئۆزىدىن ئۇلۇغنىڭ خىزمىتىنى قىلسا، ئۆزىدىن كىچىككە چۈچۈك سۆز قىلسا. (706)
بەشىنچى، كىبىر بىلەن كىشىنى رەنجىتمىسە، ئاجىزلارنى

يولسىزلىق بىلەن بوزەك قىلىپ زۇلۇم قىلمىسا. (707)
ئالتىنچى، هاراق ـ شارابقا بېشىنى تىقمىسا، ئىقتىسادىنى ئەھمىيەتسىز ئىشلار ئۈچۈن سورۇۋەتمىسە. (708)
يەتتىنچى، كۆڭلىرىنى مەنىسىز، ئەھمىيەتسىز ئويۇنغا بېرىلىپ ئۆتكۈزمىسە، خۇي ـ پەيلىنى دۇرۇس قىلسا.

يۇقىرىقىلار بەختىنى تونۇپ تۇرۇشنىڭ ئەردەم شەرتلىرى ئىدى. «ئەردەمسىزدىن قۇت كېتەر» دېگەن ماقالنىڭ يېشىمى مانا شۇ بولسا كېرەك. «دىۋان» بىلەن «قۇتادغۇبىلىك»تە بۇنىڭدىن باشقا بەختنىڭ شەرتى بولغان تەپچە يېزىلغان ئۆلگىلەرنى كۆرسىتىش مۇمكىن.

## ئەردەم شاھى هايا ــ ئۇۋۇت

«تۈركىي تىللار دىۋانى»دا هايا، نومۇس، ئىزا ئۇقۇملىرى بىرقانچە شەكىلدە ئۇچرايدۇ. بىرىنچى، ئۇۋۇت شەكلىدە ئىپادىلىنىپ، ئۇيات، هايا، نومۇسنى ئىپادىلىگەن ( I . 113). ئىككىنچى، «ئىر» شەكلىدە ئىپادىلىنىپ، ئىزا، خىجالەت مەنىلىرىدە ئىپادىلىنىدىغان سۆز ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان ( I . 50). ئۈچىنچى، «ئۆتۈنچ» دېگەن سۆزنى چۈشەندۈرۈپ، «ئۆتۈنچ ئىش ــ ئۇياتلىق ئىش، بۇ سۆزنىڭ ئەسلى ئۇۋات، ئۇيات، هايا مەنىسىدىكى ئۇۋۇتتۇر» ( I . 178) دېگەن. يۇقىرىقى سۆز تومۇرىدىن قانائىلىنىپ، «ئىررە» شەكلىدە كەلسە يەنە «ئۇيۇلۇش، ئىزا تارتىش» ( I . 55) مەنىسىنى بىلدۈرگەن. قارىغاندا بىز هازىر قوللىنىۋاتقان «ئىزا»دا «ر»نىڭ ئورنىغا «ز» ئالماشقان.

هايا ـ نومۇس ئىنسانلارغا ئاتا قىلىنغان ئەڭ نازۇك مەنىۋى گۈزەللىكنىڭ جىلۋىگەر، لاتاپەتلىك سۈيۈملۈك «قىز»ى. ئۇ، ئىنسانلارغا رەھمەت قىلىنغان ئەڭ كاتتا نېمەت. شۇڭا،

ئىنسانلار نومۇسقا خىيانەت قىلسا، ئۇنىڭغا ئاتا قىلىنغان كاتتا نېمەتكە خىيانەت قىلغان بولىدۇ. ئاسىيلىقنىڭ تۈرى ناھايىتى كۆپ، لېكىن نومۇسقا خىيانەت قىلىشتىنمۇ ئارتۇق تۈرى يوق. شۇ سەۋەبلىك خەلقىمىز «ھايا كۆتۈرۈلسە ئارقىدىن بالا كېلىدۇ» دەپ بىكار ئېيتمىغان. نومۇس ئەخلاقتىن بۇرۇنقى تۈنجى ئويغانغان تۇيغۇ بولغاچقا، ئۇ ئەزەلدىن ئەخلاقىي پەزىلەتنىڭ تاكامۇللىشىشىدا رەئىسلىك رولىنى جارى قىلىپ كەلدى. نومۇس بىلەن نومۇسسىزلىق ئىككى قۇتۇپتا بىر ـ بىرى بىلەن ئۈزلۈكسىز كۈرەش قىلىپ كەلدى. قانداقلا بولمىسۇن ئەزەلدىن نومۇس بىلەن قەلب پاكلاندى، زېمىن پاكلاندى، نومۇسسىزلىقتىن قەلبمۇ، زېمىنمۇ بۇلغاندى. چۈنكى، كىشىلىك ھاياتتا نومۇس مۇداپىئەسى ئەڭ مۇشەققەتلىك ۋە ئەڭ ئۇلۇغ مۇداپىئە. ئەگەر بىز نومۇسىمىزنى ساقلاپ قالالمىساقلا، ئۆزىمىزگە مەنسۇپ بولغان بارلىق قىممەتلىك نەرسىلەرنى ساقلاپ قالالايمىز. مۇبادا، نومۇستىن ئىبارەت بۇ بىباھا ئەڭگۈشتەر كۆمۈلۈپ كەتسە، قەدىر ـ قىممەتكە ئەرزىگۈدەك ھېچنېمىمىز قالمايدۇ.

ئۇيغۇر خەلقى نومۇسنى ئەلا بىلىدۇ، ئۇنى ئىنسانلىق ئۆلچىمىنىڭ مۇھىم تارازىسى، تەڭرى نېمەتلىرىنىڭ ئەڭ كاتتىسى، بارلىق ئەخلاق مىزانلىرىنىڭ ئاتىسى دەپ بىلىدۇ. «قۇتادغۇبىلىك»تە تەڭرىنىڭ نېمەتلىرى قاتارىدا ئۇياتنى سانايدۇ: «ئۇۋۇت بەردى قىلىق ھەم قىلىنچى سىلىگ — ئۇيات بەردى يەنە گۆزەل، خۇش پېئىل» (149 ـ بېيىت). بۇ مەنىدىن چىقىپ نومۇسنى ئىنسان تەبىئىتى نۇقتىسىدىن چۈشەنگەن. نومۇس دېگەن ئىنسان تەبىئىتى نۇقتىسىدىن ئالغاندا، روھىي ساغلاملىقنىڭ مۇھىم بەلگىلىرىدىن بىرى، يەنە بىر جەھەتتىن ئادەمنى ھايۋان تۈركۈمىدىن ئايرىپ چىققان ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكلەرنىڭ بىرى، نومۇس ئادەمنىڭ پەيدا بولۇشى بىلەن بىللە پەيدا بولغان، ئادەمنىڭ تاكامۇللىشىشىغا ئەگىشىپ

ناكامۇللاشقان. ئەگەر ئادەم نومۇستىن مەھرۇم بولۇپ قالغان تەقدىردە، ئىنسان تەبىئىتىنى تەشكىل قىلغان روھىي تۈۋرۈكنىڭ مۇھىم بىرى ئۆرۈلۈپ كېتىدۇ. بىر جەمئىيەتتە نومۇسلۇق ئادەملەر قانچىلىك كۆپ بولسا، شۇ جەمئىيەتنىڭ ھاياتىي ئىقتىدارى شۇنچىلىك ئاشىدۇ، چۈنكى نومۇسلۇق كىشىلەر ئۆزى تەۋە بولغان جەمئىيەتنىڭ ۋىجدانىدۇر، دېگەن گەپ بار. جەمئىيەتتە نومۇسسىز ئادەملەر قانچىلىك كۆپەيسە، ئۇلار ئەلگە يۇيۇپ بولغۇسىز ھاقارەتلەرنى، كۆتۈرگۈسىز كۈلپەتلەرنى كەلتۈرىدۇ. بىر ئەلنى نامراتلىقمۇ، ساۋاتسىزلىقمۇ، كېسەللىكمۇ گۇمران قىلالمايدۇ، بەلكى نومۇسسىزلىق گۇمران قىلىدۇ. بىر ئادەمنىڭ ھالقىلىق پەيتتە قىلغان نومۇسسىزلىقىنىڭ كاساپىتىنى بىر ئەۋلاد كىشىلەرمۇ يۇيۇپ بولالماسلىقى مۇمكىن. تارىختا ناھەق تۆكۈلگەن قانلارنىڭ كۆپىنچىسى نومۇسسىزلىقتىن بولغان، تۈمەنلىگەن ھەق تۆكۈلگەن قانلارنىڭ ھەممىسى نومۇسنى يۇيۇش بەدىلىگە ئاققان.

بىز شۇنى چۈشىنىشىمىز كېرەككى، نومۇس — ئىنسان روھىغا شۇنچە نۇرانە ۋە بىغۇبار گۈزەللىك ئاتا قىلىپ تۇرىدىغان بىگانە تۇيغۇ. ئىنسان روھى نومۇس كۈچى بىلەن شۇنچە گۈزەل، يۈكسەك، ئالىيجاناب ۋە ئەركىن پەرۋاز قىلغۇچىدۇر. شۇڭا، ئادەممۇ نومۇس بىلەن گۈزەل ھەم قۇدرەتلىك. ئەگەر ئادەم نومۇستىن جۇدا بولغاندا، ئۇنىڭدىن يىرگىنچلىك، بەتبەشىرە مەخلۇق بولمايدۇ، كىشىلەر نۇرغۇن مەھرۇملۇقلىرى ھەققىدە قاقشىشىدۇ، مېنىڭچە، ئەڭ چوڭ مەھرۇملۇق ۋە يوقىتىش — ھاياتنىڭ ئەڭ نازۇك، ئەڭ ئەتىۋارلىق، ئەڭ قەدىر - قىممەتلىك، ئەڭ پاك بولغان نېمىتى نومۇستىن مەھرۇم قېلىش دېمەك بولىدۇ. چۈنكى، بۇ چاغدا ئادەم قەلبىنىڭ سودىيەسىدىنمۇ جۇدا بولىدۇ، ئادەمگە كۆركەملىك ئاتا قىلىدىغان قەلب قەسرىمۇ گۇمران بولىدۇ. نومۇستىن جۇدا بولغاندا ئەخلاق - پەزىلەتتىن سۆز ئېچىشنىڭ قىلچە ئورنى قالمايدۇ. نومۇسسىز ئادەمدە

ئەخلاق - پەزىلەت دېگەن نەرسە بولمايدۇ. شۇ سەۋەبلىك خەلقىمىز ئىنساننىڭ قەدىر - قىممەت تارازىسىدىكى ئورنىنى ئۇنىڭ يۇقىرى ئىلىملىك ئالىم بولۇپ كەتكەنلىكىدىن ئەمەس، بەلكى نومۇس بىلەن بېزەلگەن ئەخلاق - پەزىلەت قەسرىنىڭ بار - يوقلۇقىغا قاراپ باھالىغان.

«دىۋان»دا بېرىلگەن قىسقا ئۇچۇرلارغا ئاساسلانغاندا، «ئۇيات» سۆزىنى ئىش، ھەرىكەت، گەپ، سۆز، ئەر - ئاياللار ئۈچۈن كۆپ قوللانغان. «ئۇيادساق ئەر — بەك ئۇياتچان ئادەم» (I . 218) دېگەن ئىبارە بىلەن ئۇ ئادەمنىڭ تەبىئىتىنىڭ ئوچۇقلۇق، نومۇسچان ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن. بۇ سۆز «ئۇيات»، «سىلىق» («قۇتادغۇبىلىك»تە «سىلىگ — پاكىز، پاك، سۈزۈك») سۆزى قوشۇلۇپ ياسالغان. بۇ نومۇسنىڭ قەلبنى پاكلايدىغانلىقى، پاك، پاكىز قەلبلىك كىشىلەر نومۇسچان بولىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

## تەكەللۇپ سۆزى «ئۇۋۋا، ئىلەل»

تەكەللۇپ سۆزلىرىمۇ ئەدەبىي ۋە پەزىلەتنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تەكەللۇپ سۆزلىرى ناھايىتى كۆپ. ئۇ كىشىلەر ئارىسىدىكى ھۆرمەتتىن پەيدا بولىدۇ. «دىۋان»دا بىر قىسىم تەكەللۇپ سۆزلىرىدىن ئۈلگە ئۇچرايدۇ. «ئۇۋۋا» بىلەن «ئىلەل» شۇنداق تەكەللۇپ سۆزلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، كۆپىنچە باشقىلار چاقىرغاندا تەكەللۇپ، ھۆرمەت يۈزىسىدىن بۇ سۆزلەرنى ئىشلىتىش ئادىتى بولغان، (ئۇۋۋا) چاقىرغۇچىغا جاۋاب تەرىقىسىدە ئېيتىلغان ‹خوش، لەۋەي› دېگەن مەنىلەردىكى سۆز. بىرەر كىشىنى ‹ھەي مۇھەممەد› دېسە، ئۇنىڭغا جاۋابەن ‹خوش، نېمىگە بۇيرۇيدىلا› دېگەنگە ئوخشاش.» (I . 56) ئادەتتىكى كىشىلەر بىلەن يۇقىرى تەبىقىلەر ئوتتۇرىسىدىكى جاۋاب بېرىشتىكى تەكەللۇپ سۆزى پەرقلەندۈرۈلگەن. يۇقىرىقىسى

ئادەتتىكى كىشىلەر ئۆچۈن قوللىنىلغان. بۇ سۆز بىزنىڭ هازىرقى تىلىمىزغا «هوۋا» دېگەن شەكىلدە يېتىپ كەلگەن. «باردۇق هاۋا ـ هوۋا، ئىشنى پۈتكۈزدۇق هوۋا ـ هاۋا» دېگەندەك. «ئىلەل» سۆزى «خوش، لەۋەي» دېگەن مەنىدە بولۇپ، «خاقانىيە شىۋىسىدە بەگلەرگە ۋە خانلارغا جاۋاب بەرگەندە ئېيتىلىدىغان سۆز» ئىدى ( I . 107).

3281. ئىلەل تەپ تۇرۇپ چىقتى ئۆگدۈلمىشە
ئۇل ئەدگۈ قىلىنچ بىرلە ئىگدىلمىشە
(ئېسىل خۇيلۇق، تەربىيە كۆرگەن ئۆگدۈلمىش، «ئىلەل» دەپ هۆرمەت بىلدۈرۈپ ئورنىدىن چىقتى.)

مەھمۇد كاشغەرىي بۇ سۆزنى خاقانىيە شىۋىسى دەپ چۈشەندۈرگەن.

## يەشنى قىستۇرۇپ ئولتۇرۇپ نازاكەتنى ئىپادىلەش

ئۇيغۇرلار يەزىلەتلىك، هايالىق مىللەت. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەخلاق ـ پەزىلىتى قەدىمكى زاماندا ھەممە ئېتىراپ قىلغان مىللىي ئالاھىدىلىكىنىڭ بىرى ئىدى. مانا شۇنداق پەزىلەتنى، هايانى ئىپادىلەيدىغان بەزى يوسۇنلار بارلىققا كەلگەن بولۇپ، ئەر ـ ئاياللارنىڭ يەكتەك ۋە كەمزۇلىنىڭ پېشىنى يېپىپ ئولتۇرۇشى، يەنى «يەكتەكنىڭ ئىككى پېشىنى قىستۇرۇپ ئولتۇرۇش پەزىلەت ۋە نازاكەت ھېسابلانغان» ( I . 484). «دىۋان»نىڭ هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا نەشر قىلىنغان نۇسخىسىدا «سىزىغ»نى پەش، يەنى يەكتەكنىڭ پېشى دەپ تەرجىمە قىلغان. يەكتەكنىڭ پېشىنى قىستۇرۇپ ئولتۇرۇشنى نازاكەت بولىدۇ دېگەن. بىراق، «نازاكەت» دېگەن سۆز ئاياللارغا قارىتىلىدۇ، يەكتەك دېگەن هازىرقى ئۇيغۇر تىلىدا ئەرلەرنىڭ ياقىسىز تونىنى كۆرسىتىدۇ،

ئەسلىدە بۇ ئەر - ئاياللار ئۈچۈن ئورتاق ئىشلىتىلىدىغان ئادەت بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەر - ئاياللىرى ئاساسەن ئۇزۇن پەشلىك كىيىملەر كىيەتتى، بېلىنى ئەرلەر پوتا بىلەن باغلايتتى. ئاياللار ئۈچۈنمۇ، ئەرلەر ئۈچۈنمۇ زوڭ ئولتۇرۇش، پۇتىنى قايرىۋېتىپ ئېغىنى ئېچىپ ئولتۇرۇش ئەدەپسىزلىك ھېسابلىناتتى. كۆڭلىكى بولسۇن، يەكتەكى بولسۇن پەشلىرىنى قىستۇرۇپ يۆگىنىپ ئولتۇرۇش پەزىلەت ھېسابلىناتتى. بۇ ئەلۋەتتە ئەرلەر ئاياللارنىڭ ئالدىدا، ئاياللار ئەرلەرنىڭ ئالدىدا پەزىلىتىنى، پەردىشەپنى ساقلاش ھېسابلىناتتى. روشەنكى، ئادەمنىڭ ئېغى بار يەرگە جىنسىي ئەزا ئورۇنلاشقان بولۇپ، ئۇ يەرلەرنىڭ ھەتتا كىيىمنىڭ ئۈستىدىن بولسىمۇ نامايان بولۇپ قېلىشى ئەر - ئاياللارنىڭ ھېسسىياتىدا غىدىقلاشنى كەلتۈرۈپ چىقىراتتى. ئۇيغۇرلاردا پەشنى تىزىغا يېپىپ يۆگىنىپ ئولتۇرۇش ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلگەن.

بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، بۇ جەھەتتىكى يوسۇنلاردىن خېلى زور دەرىجىدە يانلىنىش يۈز بېرىپ، بىر قىسىم ئەرلەر ئاياللار سىياقىدا، بىر قىسىم ئاياللار ئەرلەر سىياقىدا بولۇۋالىدىغان ئەھۋاللار پەيدا بولدى. بولۇپمۇ ئاياللار تار ئىشتان كىيىپ ئارقا پەشلىرى ۋە ئالدى پەشلىرىنىڭ سۈرىتىنى ناھايىتى ئېنىق گەۋدىلەندۈرۈپ ماڭىدىغان بولدى. شۇنچە يۈكسەك مىللىي مەدەنىيەتكە، نەچچە مىڭ يىللىق پەزىلەت، ھايا ئەنئەنىسىگە ئىگە مىللەتنىڭ بىر قىسىم ئەۋلادلىرىنىڭ ئېسىل مىللىي ئەنئەنىمىزگە خىيانەت قىلىپ، كۆكسىنى، كىندىكىنى، قولتۇقلىرىنى، خاس جايلىرىنى ئېچىپ ئاممىۋى سورۇنلاردا قىلچە ھايا قىلماي يۈرۈشىنى بىز ھەرگىزمۇ مەدەنىيلەشكەنلىك، زامانىۋىلاشقانلىق دەپ قارىمايمىز، بەلكى ھايۋانلىشىش دەپ ھېسابلايمىز. ئەگەر ئۇنداق ياتلىشىشنى گۈزەللىك دەپ قارايدىغان

بولسا، ھاياسىزلىق ھەرگىزمۇ گۈزەللىك ھېسابلانمايدۇ. ئەگەر ئۇلار مەدەنىيلىك دەپ قارىسا، «ئېتى ئۇلۇغ، سۈيرىسى قۇرۇق» بولۇشتۇر، ئاڭسىزلىق ئۈستىگە قۇرۇلغان مەدەنىيەت مەدەنىيەت ئەمەس، بەلكى ئۇ قارىغۇلارچە دوراش ھېسابلىنىدۇ. بىز ئۇلاردىن سوراپ باقساق، قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ خاس جايلىرىنى يېپىشى بىلەن يوشۇرۇپ ئولتۇرۇش ئادىتى ئۇلارنىڭ مەدەنىيەتسىزلىكى، قالاقلىقىنى ئىپادىلەرمۇ؟

## «قىلدى» سۆزىدىن ۋاز كېچىش

تىل ئەخلاقى ئىنسانىي ئەخلاق نورمىسىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى، بىر ئادەمنىڭ پەزىلىتى ئالدى بىلەن ئۇنىڭ تىل ئالاقىسىدە ئىپادىلىنىدۇ. ئەدەپلىك، ھايالىق سۆزلەرنى قىلىش پەزىلەت ۋە مەدەنىيلىك سانالسا، ھاياسىز، يامان گەپ - سۆزلەرنى ئېغىزدىن چىقىرىش پەزىلەتتىن يىراق ئىشتۇر. ئۇيغۇر خەلقى قەدىمدىن تارتىپ تىل پەزىلىتىگە ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن. ھەتتا ئۇرۇشۇپ قالغاندىمۇ ئېغىزدىن يامان سۆزلەرنى چىقارمايتتى. ئېغىزىنى كەلسە - كەلمەس بۇزۇشنى مۇناپىقلىق دەپ قارىغانىدى. مەھمۇد كاشغەرىي ئۇيغۇرلارنىڭ مانا شۇنداق پەزىلىتىنى ئەڭ مەركەزلىك ئىپادىلەپ بېرىدىغان تىپىك بىر مىسالنى كەلتۈرگەن بولۇپ، بۇ ئۆرنەك ئۇيغۇرلارنىڭ يۈكسەك پەزىلىتى بىلەن ئۇلۇغلۇق تاجىنى كىيگەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى يەنە بىر تەرەپتىن دەلىللەپ بېرىدۇ. «قىلدى» ئەر قىزنى قىلدى. بۇ سۆز مۇشۇنداق ئىشلىتىلگەندە ئەر كىشىنىڭ خوتۇن بىلەن جىنسىي ئالاقە قىلىشىدىن كىنايە بولغاچقا، ئوغۇزلار بۇ سۆزدىنمۇ قېچىپ «قىلدى»نىڭ ئورنىغا «ئەتتى» سۆزىنى ئىشلىتىدۇ. مەسىلەن: «ئەر يۈكۈنچ قىلدى» ئادەم ناماز ئوقۇدى دېيىشكە توغرا كەلگەندە، ئوغۇزلار «ئەر يۈكۈنچ ئەتتى»

دەيدۇ. تۈركلەر بولسا «قىلدى» سۆزىنى ئىشلىتىدۇ» (II . 33).

I تومنىڭ 231 ـ بېتىدە «ئەتتى» سۆزىنى ئىزاھلاپ يەنە يۇقىرىقىغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر ئادەتتىن ئۇچۇر بەرگەن: «ئەتتى، تەڭرى مەنىڭ ئىشىم ئەتتى، يەنى تەڭرى مېنىڭ ئىشىمنى ئوڭلىدى. ئۇ يۈكۈنچ ئەتتى، يەنى ئۇ ناماز ئوقۇدى. ئوغۇزچە، ئوغۇزلار بىر ئىشنى قىلسا «ئەتتى» سۆزىنى ئىشلىتىدۇ. تۈركلەر «قىلدى» دەيدۇ. لېكىن، بۇ سۆز جىنسىي ئالاقىگىمۇ ئىشلىتىلگەنلىكتىن، خوتۇنلار خىجالەت بولمىسۇن دەپ، بۇ سۆزنى قوللىنىشتىن ۋاز كەچكەن». مەھمۇد كاشغەرىينىڭ بىر خىل مەزمۇندىكى مىسالنى ئىككى سۆزنى ئىزاھلاش زۆرۈرىيىتىدىن ئىككى يەردە مىسال كەلتۈرگەنلىكى، بۇ ئادەتنىڭ ئۆز دەۋر ئېتىبارى بىلەن مەھمۇد كاشغەرىيگىمۇ مۇناسىپ كۆرۈنگەن ھەم باشقىلار ئالدىدا ماختىنىشقا ئەرزىگۈدەك ئېسىل پەزىلەت بولغانلىقىدىن ئىدى.

ئەسلىدە ئۆز دەۋرىدە جىنسىي مۇناسىۋەتنى يالىڭاچراق ئىپادىلەيدىغان «سىكتى» دېگەن سۆزنىڭ بارلىقى ھەققىدە «دىۋان»دا مەلۇمات بېرىلگەن: «سىكتى، ئەر ئۇراغۇتنى سىكتى» (II . 29). «ئەتتى» دېگەن سۆز ئەسلى ئەستەرلىك سۆز بولۇپ، باشقا ئىشلارنى قىلىشتىمۇ بۇ سۆزمۇ قوللىنىلاتتى. بىراق، بارا ـ بارا بۇ سۆز جىنسىي مۇناسىۋەتكە قارىتىلىپ قالغاچقا، بۇ سۆزنى ئىشلىتىش ھاياسىزلىق بولغان، ئاياللارنى خىجىل بولمىسۇن، دەپ ئاياللارنىڭ قېشىدا بۇ سۆزنى ئىشلىتىشتىن ۋاز كەچكەن، بۇ ئەلۋەتتە ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى تىل ئەخلاقىغا قانچىلىك تەلەپ قويىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ، بىز بۇنى ھەقىقىي مەنىدىكى مەدەنىيلىك دەپ قارايمىز. بۇنداق مەدەنىيلىككە ۋارىسلىق قىلىش ھەربىرىمىزنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان بۇرچى، ھازىر بىز تىل پەزىلىتى جەھەتتە چېكىنىدۇق دەپ

قارىساقمۇ بولىدۇ. ئەر - ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتە بەزى كىشىلەر ھەرگىز ھايا قىلمايدۇ، ئېغىزىدىن تىلغا ئالغىلى بولمايدىغان ئىسكى سۆز ئاقىدۇ. بۇنداق ھاياسىزلىق مىللىتىمىزنىڭ ئوبرازىنى خۇنۇكلەشتۈرىدۇ، شۇڭا مەكتەپلەردە تىل ئەخلاقى مەسىلىسىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

## چۈركۈ - پۈتكۈ — كىچىك بالىلارنى تەرەت قىلىشقا توسۇش ئادىتى

قەدىمدە بالىلارنى سىيگۈزۈش بارمۇ، يوق ئېتەمسەن دەپ سوراشقا توغرا كەلسە «چۈركۈ» بارمۇ دەپ سورايدىكەن ( I . 559). بۇ ھازىرقى «جوجۇ بارمۇ» دېگەن سۆزگە ئوخشايدۇ. «يوق ئېتەمسەن» دەپ سوراشقا توغرا كەلسە، «پۈتكۈ بارمۇ» دەپ سورايدىكەن ( I . 560). بۇ بىر تەرەپتىن، ئەدەپتىن بولسا، يەنە بىرى، بالىلارنىڭ تىل ئادىتىدە ئىپادىلەش ئىدى. بالىلارغىمۇ سىلىق ھالدا «چۈركۈ»، «پۈتكۈ» دەپ قوللانغان. «يوق، سىيدۈك» سۆزىنى تىلغا ئالمىغان. ئۇيغۇرلار پەردىشەپكە، پەزىلەتكە ئەھمىيەت بېرىدۇ. «يوق، سىيدۈك» دېگەن سۆزلەر كىشىلەردە بىر ئاز غەشلىك قوزغايدۇ ھەم ئەدەپسىزلىك ھېسابلىنىدۇ. شۇ سەۋەبلىك چوڭلار «سىيىمەن»، «چىچىمەن» دېگەن سۆزلەرنى تىلغا ئالمايدۇ، بەلكى «تەرەت قىلىمەن، تەرەت سۇندۇرىمەن» دېگەندەك سىلىق، سىپايە، كۆچمە مەنىدىكى سۆزلەرنى ئىشلىتىدۇ. بۇ ئەلۋەتتە قەدىرلەشكە تېگىشلىك يوسۇن.

## ئارچۇغلۇغ — ياخشى خۇلقلۇق كىشىگە جاھان كۈلۈپ باقىدۇ

ھازىر بىز تىلىمىزدا قوللىنىۋاتقان «ئوچۇق، خۇشخۇي، ياخشى خۇلقلۇق كىشى» دېگەن مەنىدىكى سۆز قەدىمكى زامان

ئۇيغۇر تىلىدىمۇ ئوخشاشلا «ئارچۇغلۇغ — ئوچۇقلۇق، ئوچۇق كىشى» دەپ ئاتالغان. بۇ كىشىلەرنىڭ پەزىلىتىنى، مىجەز - خاراكتېرىنى ئىپادىلەيدىغان سۆز بولۇپ، قەدىمكى زامان ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە بۇ خىل پەزىلەتنىڭ قەدىرلىنىدىغانلىقى ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ.

ئوچۇق، خۇشخۇي كىشىگە پۈتۈن دۇنيا گۈزەل، كۈلۈمسىرەۋاتقاندەك كۆرۈنىدۇ، بەتخۇي ئادەملەرگە پۈتۈن دۇنيا قاپاق تۈرگەندەك تۇيۇلىدۇ. ئوچۇق - يورۇقلۇق كۆڭۈلنىڭ ئازادىلىكى، روھنىڭ ساغلاملىقى، خاراكتېرنىڭ ياخشىلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. كىشىلەر ھەرقاچان تىلغا ئالىدىغان «سۆيۈملۈك ئادەم» مانا شۇنداق ئوچۇق - يورۇق ئادەملەرنى كۆرسىتىدۇ. ئوچۇق ئادەملەرنىڭ يولىمۇ ئوچۇق بولىدۇ. ئوچۇق ئادەمنىڭ يۈزىدىن نۇر ياغسا، بەتخۇي ئادەمنىڭ يۈزىدىن مۇز ياغىدۇ. ئوچۇق - يورۇق ئادەملەرنىڭ ئىشلىرى ئوڭغا تارتسا، بەتخۇي ئادەملەرنىڭ ئىشلىرى تەتۈرگە ماڭىدۇ. خۇشخۇي كىشىلەرگە جەمئىيەت تەلپۈنىدۇ، بەتخۇي كىشىلەردىن كىشىلەر تېزىدۇ. شۇڭا، خەلقىمىز قەدىمدىن بېرى ئوچۇق - يورۇق بولۇشنى بەخت، مۇۋەپپەقىيەتنىڭ بوسۇغىسى دەپ قاراپ كەلگەن.

## ساغ كۆڭۈل — يۈزنىڭ ئاقلىقىدىن كۆڭۈل ئاق بولغىنى ئەۋزەل

«دىۋان»دا بىز ھازىر قوللىنىۋاتقان «ئاق كۆڭۈل، كۆڭلى ساپ» دېگەن سۆزلەرنى «ساغ كۆڭۈل» (Ⅲ. 210) دەپ ئىپادىلىگەن. ساغ دېمەك ساغلام، بىجىرىم، توغرا، تۈز، پاكىز مەنىلىرىنى ئاڭلىتاتتى. كۆڭلى ئاقنىڭ قارىمۇقارشىسىدا كۆڭلى قارىلىق بولىدۇ. ساغ كۆڭۈل ئادەملەردىن ياخشىلىق كېلىدۇ، يامانلىق كەلمەيدۇ. ئۇيغۇر خەلقى «كۆڭلى تۈز، كۆڭلى ئاق» دېگەن سۆزنى

ناھايىتى كۆپ مەنىدە ئىشلىتىپ كەلگەن. تىلى بىلەن دىلى بىردەك بولۇش ئاق كۆڭۈللۈكنىڭ بىر ئىپادىسى. كىشىلەرگە سەمىمىي مۇئامىلە قىلىشمۇ ئاق كۆڭۈللۈكنىڭ ئىپادىسى؛ قارىن ـ كۆكسىنىڭ كەڭ، ئەپۇچان، كۆيۈمچان بولغانلىقىمۇ ساغ كۆڭۈللۈكنىڭ بەلگىسى. ئاق كۆڭۈل ئادەملەرنىڭ دوستى كۆپ بولىدۇ، قارا كۆڭۈل ئادەملەرنىڭ دۈشمىنى كۆپ بولىدۇ. ئاق كۆڭۈل ئادەملەرگە كىشىلەر ئامراقلىق قىلىدۇ، قارا كۆڭۈل ئادەملەردىن ئادەملەر بىزار بولىدۇ. كۆڭلى ئاق ئادەملەر چىقىشقاق بولىدۇ، قارا كۆڭۈل كىشىلەر ئۇرۇشقاق بولىدۇ. ئاق كۆڭۈل ئادەم مېھىر ـ شەپقەتلىك بولسا، قارا كۆڭۈل ئادەملەر شەپقەتسىز، رەھىمسىز بولىدۇ. دېمەك، شۇنداق پەرقلەردىن چىقىپ خەلقىمىز «ساغ كۆڭۈل» ئۇقۇمىنى بارلىققا كەلتۈرۈپ «قارا كۆڭۈل» ئۇقۇمىغا قارشى قويغان. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا يەنە «كۆنى» سۆزىمۇ «تۈز، توغرا، راست» مەنىلىرىدە كېلىپ كۆڭلى تۈز ئادەملەرنى ئىپادە قىلىشتىمۇ قوللىنىلغان. «كۆنى، كۆنى ئەر ـــ كۆڭلى تۈز ئادەم» (Ⅲ. 325). يۈسۈپ خاس ھاجىپ شۇنداق بىر سۆزنى ئېيتقان: «نېمە تۈز بولسا، ئۇ چىرايلىق بولىدۇ، چىرايلىق نەرسە تۈز بولىدۇ، نېمە ئەگرى بولسا، ئۇ سەت بولىدۇ».

ئەسىزكە قاتىلما يورچىل كۆنى
كۆنى ئەگرى بىلە كۆنى تار كۆنى
(يامانغا قوشۇلما، توغرا يۈرگىن، تۈز ئەگرى بىلەن بىللە بولسا كۆنلىرى تارىيىدۇ)

كۆنىكە كۆنى بول كۆنلىق كۆنى
(ھەق كۆنى ھەققە توغرىلىق بىلەن يولۇققۇلۇق.)

ئۇمۇمەن، ساغ كۆڭۈللۈك بولسۇن، كۆزى (كۆڭلى تۇز) ئەر بولسۇن، بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ يەزىلەت تەلەپلىرىدە مۇتىۋەر ئورۇندا تۇرىدىغان تەرەپلىرىنىڭ بىرى بولغان. ئاقىلىق خاتىرجەملىككە سەۋەب بولىدۇ، قارىلىق قاباھەتكە سەۋەب بولىدۇ. ئادەمنىڭ كۆڭلى قارا بولسا، ئاق يۈز بىلەنمۇ كىشىلەر يۈزىگە قارىيالمايدۇ، ئەسلى ئاقلىق يۈزنىڭ ئاقلىقىدا ئەمەس، بەلكى كۆڭۈلنىڭ ئاق بولۇشىدا.

## غەرەز ئۇقۇش ئەقىللىق كىشىلەرنىڭ پەزىلىتى

«دىۋان»دا «ئۇقۇشلۇغ» دېگەن سۆزنى «ئۇقۇشلۇق ئادەم، غەرەز ئۇقىدىغان» (I . 199) دەپ ئىزاھلىغان. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «ئۇقۇش» دېگەن سۆز «ئەقىل» مەنىسىنى بىلدۈرگەنىدى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ ئونىنچى بابىنى «بىلىك ئۇقۇش ئەردەمىن ئاسىغىن ئايۇر» (ئىلىم بىلەن ئەقىلنىڭ پەزىلەت ۋە پايدىلىرى باياندا) دەپ، بىرىنچى بېيىتىنى:

> تىلەكىم سۆز ئەردى ئاي بىلگە بۆگۈ
> ئۇقۇشۇغ بىلىگىگ ئۆزۈم سۆزلەگۈ

(ئەي بىلىملىك ھەكىم، تىلىكىم، ئەقىل بىلەن بىلىمنىڭ پايدىسى ھەققىدە سۆزلەش ئىدى) دەپ باشلىغان.

بۇنىڭدىن قارىغاندا، «ئۇقۇش» دېگەن بىلىشنىڭ ئاساسى. ئەقىل بولمىسا بىلىش، چۈشىنىش بولمايدۇ، غەرەز ئۇقۇش ھەم چۈشىنىش، بىلىش ئارقىلىق بولىدۇ، چۈشىنىش بولمىغان يەردە غەرەز ئۇقۇلمايدۇ، كاجلىق، جاھىللىق كېلىپ چىقىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ باۋۇز قىلىقنىڭ بىرى جاھىللىق دېگەنىدى. غەرەز ئۇقۇپ تۇرۇپ بىغەرەزلىك قىلىش جاھىللىق بولسا، غەرەز

ئۇقماسلىق ئەقىلسىزلىقتىن بولىدۇ. غىرەز ئۇقۇش ئەقىللىق ۋە پەزىلەتلىكلىكنىڭ ئىپادىسى.

## ھەرقانداق ئىشنىڭ ئورنى بار

ئۇيغۇر خەلقى كىشىلەردە غەشلىك، بىئاراملىق قوزغايدىغان ھەر قانداق خىلدىكى ئىش ـ ھەرىكەتلەرنىڭ ھەممىسىنى يامان ئالىدۇ. گەرچە تەتۈر يەل قويۇپ بېرىش ئادەملەرنىڭ ھەممىسىدىكى ئورتاق بىر فىزىيولوگىيەلىك ئادەت بولسىمۇ، لېكىن ئۇ كىشىلەرگە سېسىق پۇراپ، بىئاراملىق بالاسىنى سالىدىغانلىقى ھەم پەزىلەتكە يات يامان قىلىق بولغانلىقى سەۋەبلىك، كىشىلەر ئارىسىدا ئۇنداق قىلىقنى قىلىشنى بەك يامان ئالىدۇ. ئۇنى تولىمۇ ھاياسىزلىق، تەكەببۇرلۇق ۋە ھايۋانىيلىق ھېسابلايدۇ. ئۇ ھەرقانداق مەدەنىيەتلىك خەلقلەردە يامان ئېلىنىدىغان ئىش. 11 ـ ئەسىر ئىنسانىيەتنىڭ ھازىرقى مەدەنىيەتلىك دەۋرىدىن 1000 يىل يىراقتا قالغان بىر فېئودالliq جەمئىيەت، مانا شۇ جەمئىيەتتىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى تەتۈر يەل قويۇپ بېرىشنى مەدەنىيەتسىزلىك، ھايۋانىيلىق قاتارىدىن سانىغانلىقى مەلۇم. مەھمۇد كاشغەرىينىڭ مانا بۇ ئىبارىسى بۇنى روشەنلەشتۈرۈپ بېرىدۇ: «ئوسۇرغان. بۇ ئوسۇرۇۋېرىدىغان ئادەم يەنى ئوسۇرغاق ئادەم» (I . 212). بىز خەلقىمىزنىڭ قىممەتلىك ئەنئەنىسىنى داۋاملاشتۇرۇپ، مەدەنىيلىكنى جارى قىلدۇرۇپ، ئاممىۋى سورۇنلاردا كىشىلەرگە بىئاراملىق بالاسىنى سالمايلى، ھەر ئىشنى ئۆز ئورنىدا قىلىش مەدەنىيلىك بولىدۇ.

# ئەدەپ يوسۇنلىرى

قائىدە - يوسۇنلارنىڭ ئىچىدە گەپ - سۆزلەردىكى ئەدەپ، پەزىلەت يوسۇنلىرىمۇ بىر مىللەتنىڭ مەدەنىي ئادەتلىرىنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنىنى تەشكىل قىلىدۇ. ھازىر سۆزدە ئەدەپلىك بولۇش، ھەرىكەتتە ئەدەپلىك بولۇش، ھېسسىيات ۋە قەلبتە ئەدەپلىك بولۇش تەكىتلىنىدۇ. بۇلار بىر ئادەمنىڭ شۇنداقلا بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيلىك دەرىجىسىنى ئۆلچەيدىغان مۇھىم ئۆلچەملەرنىڭ بىرى.

ئۇيغۇر خەلقى قەدىمدىن تارتىپ سۆز- ھەرىكەتتىكى ئەدەپكە رىئايە قىلىپ كەلگەن مەدەنىي مىللەت. ئۇلار ئېغىزدىن يامان، ئەسكى سۆزلەرنى چىقىرىشنى ئەيىب سانايدۇ، نومۇسلۇق ئىش دەپ بىلىدۇ. ئېغىزىدىن يامان سۆزلەرنى چىقارغان ئادەملەردە «مۇناپىقلىقتىن بىر ئۆلۈش بولغان بولىدۇ» دەپ قارايدىغان بىر ئەقىدە بولغاچقا، ھەتتا ئۇرۇشقاندىمۇ يامان سۆزلەرنى ئېغىزىدىن چىقىرىشنى ئەيىب ھېسابلايدۇ، كىشىلەردىن ھايا قىلىپ، ھەرقانچە غەزەپى كەلگەن بولسىمۇ يامان سۆزنى تىلغا ئالمايدۇ. بۇ خىل ئېسىل ئەنئەنىنى قەدىمكى ئاتا - بوۋىلىرىمىز بىزگە مىراس قالدۇرغان. بىزنىڭ ئۇ ئېسىل ئەنئەنىنى داۋاملاشتۇرۇش ھەققىمىز بار. «دىۋان» دا گەرچە ئەدەپ سۆزلىرىگە دائىر سۆزلۈكلەر كۆپ كىرمىگەن بولسىمۇ، يەنىلا ئۇنىڭغا بېرىلگەن قىسمەن سۆزلەر بىزنىڭ ئۇ دەۋردىكى پەزىلەت يوسۇنلىرىنى تەسەۋۋۇر قىلىشىمىزغا ئۈلگە بولۇپ بېرىدۇ.

«توقىدى — ئۇردى، قاقتى، سوقتى». باشقىلارنىڭ ئۆيىگە

كىرمەكچى بولغان ئادەم، ئەدەپ يۈزىسىدىن ئاۋۋال ئىشىكنى چېكىدۇ ياكى قاقىدۇ. ئۆي ئىچىدىن «كىرىڭ» دېگەن ئىجازەت بولغاندىن كېيىن ئاندىن ئۆيگە كىرىدۇ. تۈركىي تىللىق خەلقلەردە بۇ قەدىمدىن تارتىپ كىشىلىك مۇناسىۋەتتىكى بىر ئەدەپ يوسۇنى بولۇپ كەلگەن. «دىۋان» دا «توقىدى» دېگەن سۆزنى چۈشەندۈرگەندە «ئول قاپۇغ توقىدى — ئۇ ئىشىك قاقتى» (Ⅲ. 366) دېگەن مىسالنى كەلتۈرگەن. بۇ قەدىمكى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ پەزىلىتىنى ئىپادىلەيدىغان بىر ئۆرنەك.

بىز شۇنى بىلىمىزكى، بىر ئادەمنىڭ ئۆيى ئۇنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئۇ يەرگە يات ئادەملەرنىڭ ئىجازەتسىز، خالىغانچە كىرىشى ھەم قانۇنسىزلىق، ھەم ئەدەپسىزلىك بولىدۇ. شۇڭا ئاۋۋال ئىشىكنى يەڭگىل چېكىپ، ئۆي ئىچىدىن كىرىشكە ئىجازەت بولسا كىرىش، كىرىشكە ئىجازەت بولمىسا، قايتىش تەلەپ قىلىنىدۇ. بىر ھېكمەتتە «ئەگەر ئىجازەتسىز كىرسەڭ كۆرۈشكە بولمايدىغان ئىشنى، كۆرۈشكە بولمايدىغان نەرسىنى كۆرىسەن» دەپ ئاگاھلاندۇرغان.

## كۆرگەنلا ئەزانى ئوچۇق تىلغا ئالمايدۇ

مەھمۇد كاشغەرىي خەلقىمىزنىڭ قەدىمكى پەزىلەتلىرىنىڭ مۇھىم گۇۋاھچىسى سۈپىتىدە مۇنداق بىر مىسالنى كونكرېت چۈشەندۈرىدۇ.

«سىڭ ـ ئەرلەرنىڭ جىنسىي ئەزاسى، مەھمۇد ئېيتىدۇكى: (بۇ كىتابنى كۆچۈرگۈچىنىڭ سۆزى) ئەدەپ ساقلاش ۋە ئۇلۇغ تەڭرىنىڭ كىتابىغا ھۆرمەت بىلدۈرۈش ئۈچۈن، بىلىمسىز ئەرلەر ۋە ئاياللار ئالدىدا قۇرئان ئوقۇغان كىشى «سىڭ» بىلەن ئاخىرلاشقان ئايەتلەرنى پەس ئاۋاز بىلەن ئوقۇشى كېرەك. چۈنكى، ئۇلار بۇ ئايەتلەرنىڭ مەنىسىنى ئۇقمىغانلىقتىن، بەزى سۆزلەرنى ئۆز تىلىدىكىدەك چۈشىنىپ، كۈلۈۋېتىپ گۇناھكار بولىدۇ.

ئۇنىڭغا ئوخشاش يەنە «تىلاق» بىلەن ئاھاڭداش ئايەتلەرنى ئوقۇغاندىمۇ ئاۋازنى پەسەيتىش كېرەك. چۈنكى، تۈركىي تىلىدا ئاياللارنىڭ جىنسىي ئەزاسى «تىلاق» دېيىلىدۇ. ئۇنىڭدەك بىلىمسىز ئوغۇزلار يېنىدا «ئەم» بىلەن ئاھاڭداش ئايەتلەرنى ئوقۇغاندىمۇ سوراق قوشۇمچىسى بولغان «ام - ئەم» سۆزىنى پەس ئاۋاز بىلەن ئوقۇش كېرەك. چۈنكى، ئوغۇزلارنىڭ تىلىدا ئاياللارنىڭ جىنسىي ئەزاسى «ئەم» دېيىلىدۇ. سۆزنىڭ مەنىسىنى توغرا چۈشەنمەيدىغانلارنىڭ ئالدىدا بۇ ئايەتلەرنى قانداقلا ئوقۇسا بولۇۋېرىدۇ ( I . 436).

يۇقىرىقى پاكىتلار بىزگە شۇنداق بىر پەزىلەتلىك خەلقنىڭ ھايا، پەردىشەپ ئىشىدا قانچىلىك يۇقىرى پەللىگە يەتكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىش پۇرسىتىنى بېرىدۇ. ھەتتا قۇرئان ئايەتلىرىنى ئوقۇۋاتقاندىمۇ بۇنداق پەزىلەت يوسۇنىنى ئۇنتۇپ قالمىغانلىقى، پەزىلەت مەسىلىسىگە قانچىلىك ئەھمىيەت بىلەن مۇئامىلە قىلغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

خەلقىمىز تىل پەزىلىتىنى ئەخلاقنىڭ مۇھىم ھالقىسى قاتارىغا قويغان. ئېغىزدىن ياخشى، گۈزەل تىللارنى چىقىرىش، يامان، ئەسكى سۆزلەرنى چىقارماسلىققا دىققەت قىلاتتى. گەپ قىلدىم دەپ ھەممە ئەزانى تىلغا ئېلىۋېرىش پەزىلەتكە ياتتۇر، قىز - ئوغۇللار ئالدىدا دېيىدىغان گېپىمۇ بار، دېمەيدىغان گېپىمۇ بار. ھەرقانداق سورۇندا ھايا بىلەن سۆزلىگۈلۈك، ھايا بىلەن ئىنسان قاتارىدا سەن، ھايا كۆتۈرۈلسە ھايۋان سانىلىسەن. ھەتتا كىشىلەر بىلەن ئۇرۇشۇپ قالغاندىمۇ ناچار سۆزنى ئېغىزدىن چىقارغۇلۇق ئەمەس. ئۇرۇشقاندا ئېغىزدىن ناچار، ئەسكى سۆزلەرنى چىقىرىپ يۈرىدىغان ئادەمدە مۇناپىقلىقتىن بىر نىشان بولغان بولىدۇ، دېگەن ئاگاھلاندۇرۇشقا ئەمەل قىلغۇلۇق. ياخشى سۆز بىلەن تۈرگۈن كىرەلەرنى يەشكىلى بولىدۇ، يامان سۆز قەلبلەرگە كىرە سالىدۇ.

«دىۋان»دا تىل پەزىلىتىگە دائىر يەنە مۇنداق بىر ئۆلگىنى

كۆرسەتكەن: «ئوغلان چىشەدى ــ ئوغۇل چىشتى»، يەنى بالا چىشتى، بۇ سۆز پەقەت كىچىك بالىلارغا نىسبەتەن ئېيتىلىدۇ» ( Ⅲ. 364). «چىشتى» دېگەن سۆز بىر ئاز قوپاللىراق بولغاچقا، ئۇ بالىلارنىڭ چىچىشىغا ئىشلىتىلىسمۇ، لېكىن چوڭلارغا نىسبەتەن پەزىلەت يۈزىسىدىن قوللىنىلمايتتى. ئەسلىدە «چىچىش» دېگەن سۆز قەدىمدىن بېرى چوڭ تەرەتنى بىلدۈرۈپ كەلگەن خاس ئۇقۇم بولسىمۇ، لېكىن مەھمۇد كاشغەريي دەۋرلىرىدىمۇ بۇ سۆزلەرنى چوڭلارنىڭ چوڭ تەرەت قىلىشىغا ئىپادىلىگەندە ئەدەپ يۈزىسىدىن تىلغا ئالماي، بەلكى ئۇنىڭ ئورنىغا خۇددى بىز ھازىر قوللىنىۋاتقاندەك «تەرەت قىلدى، تەرەت سۇندۇردى، ھاجەت قىلدى» دېگەندەك سىلىق، سىپايە سۆزلەر بىلەن ئىپادىلىگەن.

خەلقىمىز پەزىلەت يۈزىسىدىن «تەرەت سۇندۇراي»، «ھاجەت قىلىۋالاي» دېگەندەك سۆزلەرنى بارلىققا كەلتۈرگەن تۇرسا، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلماسلىق ھەقىقەتەن نادانلىقتۇر.

## ئۆلۈغلارنى ئۇلۇغلاش ئادىتى

قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ماقالىدا «ئۇلۇغلارنى ئۇلۇغلىسا قۇت كېلۇر» دېگەن بىر ئەقىدە سۆزى بار. ئەقىل ـ پاراسەتلىك، بىلىملىك، تەجرىبىلىك، باشلامچى ئۇلۇغلار بىر ئەلنىڭ تۈۋرۈكى ھېسابلىنىدۇ. شۇنداقلا ئۇلار خەلقنىڭ يولىنى يورۇتقۇچى چىراغ، گۈزەل ئىستىقبالغا باشلىغۇچى «سەركە» بولۇپ خىزمەت قىلىدۇ. بىر ئەل باشلامچىسىز، ئالاقىدارلار سىز قەد كۆتۈرەلمەيدۇ، ھەرقانداق بىر ئەل قەدىمدىن تارتىپ دانا يولباشچىلىرىنىڭ يېتەكلىشى بىلەن قابىھەت دەشتىدىن سائادەت مەنزىلىگە ئۇلىشالىغان. قايسى ئەلنىڭ ئاقىل، دانىشمەنلىرى كۆپ، ئىقتىدارى يۇقىرى بولسا، ئۇ ئەل تېز روناق تاپىدۇ. قايسى ئەلدە جاھىللار، نادانلار كۆپ بولسا ئۇ ئەل تېز ھالاك بولىدۇ. ئورخۇن مەڭگۈ تاش خاتىرىلىرىدە مۇنداق بايانلار بار: «ئۇلار دانا

خاقان ئىكەن، باتۇر خاقان ئىكەن. بۇيرۇقلىرىمۇ ئېھتىمال دانا بولسا كېرەك، باتۇر بولسا كېرەك، بەگلىرىمۇ، خەلقىمۇ سادىق ئىكەن»[①].

## ئاقساقاللارنى ئۇلۇغ ئاتاش ئادىتى

ئۇلۇغلۇق ھازىرقى ئۇيغۇر تىلىدا «ئۇلۇغلۇق» دەپ ئاتاۋاتقان سۆزنىڭ ئەينى. بىراق، قەدىمكى دەۋردىكى ئىستېمال مەنىسى بىلەن ھازىرقى مەنىسىدە قىسمەن پەرق قىلىدۇ. مەھمۇد كاشغەرىي «ئۇلۇغلۇق تەگرىگە خاس» (Ⅰ. 204) دەپ جۈملە تۈزگەن. بۇ، ئىسلام ئەقىدىسى بويىچە ئاللادىن باشقىلارغا «ئۇلۇغ» سۈپىتىنى قوللىنىش چەكلىنىدۇ، دېگەنگە ياندىشىدىغان ھەدىسلەردە: سىلەر ئۇلۇغلۇق تالاشماڭلار، ئۇلۇغلۇق ئاللاغا خاس دېگەن كۆرسەتمە بار. بىراق، ئىسلامىيەتتىن بۇرۇن ئەجدادلار ياشتا چوڭلارنى «ئۇلۇغلۇق» سۈپىتى بىلەن ئاتايدىغانلىقىنى يۇقىرىقى سۆزدىن كېيىن كەلگەن يەنە بىر «ئۇلۇغلۇق» نى ئىزاھلىغاندا «ياشقا چوڭلۇق» دېگەن ئىزاھاتىدىن كۆرەلەيمىز. چۈنكى، ياشتا چوڭلار كۆپ ئىشلارنى باشتىن كەچۈرگەن، تەجرىبىلىك بولغاچقا، ئىشلارغا توغرا، ھەق ھۆكۈم قىلالايدۇ، باشقىلارغا توغرا يول كۆرسىتەلەيدۇ، دېگەن مەنىدىن چىقىپ شۇنداق ئاتايدىغان ئادەت شەكىللەنگەن بولسا كېرەك.

يەنە بىر ماقالىدا: «ئۇلۇغنى ئۇلۇغلىسا قۇت كېلۇر» دېيىش بىلەنمۇ تۆھپىكار، ئاقىل، تەجرىبىلىك، ئىلىملىك، پېشقەدەم كىشىلەرنى ئۇلۇغلاش، ئۇلارنى ھۆرمەتلەشنىڭ ئادەمگە قۇت ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى خۇلاسىلىگەنىدى. بۇ ئەنئەنە ھەقىقەتەن تولىمۇ قىممەتلىك، چوڭلارنى چوڭ بىلىش، ئۇلارنى قەدىرلەش، ھۆرمەت قىلىش مىللىتىمىزنىڭ ياخشى پەزىلەتلىرىدىن بىرى.

---

① «كۆكتىنگىن مەڭگۈ تېشى» 3 ـ قۇر «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرى» 81 ـ بەت.

بۇ ئەنئەنىنى تەرك ئەتسەك بەختسىزلىك يۈزلىنىدۇ.

## چوڭلارنى «سىز»لەش، كىچىكلەرنى «سەن»لەش ئادىتى

ئۇيغۇرلار چوڭلارنى، ئاياللارنى، قېرىلارنى ھۆرمەت يۈزىسىدىن «سىز» دەپ ئاتايدۇ. كىچىك ئوغۇل باللار ۋە ئوغۇل ياشلارنى كۆپىنچە «سەن» دەپ مۇئامىلە قىلىدۇ. ئاتا ـ ئانىلارنى پەرزەنتلىرىنىڭ بەزىلىرى «سىز» دەپ مۇئامىلە قىلسا، بەزىلىرى «سەن» دەپ مۇئامىلە قىلىدۇ. بىراق، بۇ يەردىكى «سەن»لەش ھەرگىزمۇ ھۆرمەتسىزلىك ئەمەس، بەلكى ئۆزىنى تېخىمۇ يېقىن تۇتقانلىقنىڭ بىر خىل ئىپادىسى. قاراخانىيلار ۋە ئۇنىڭدىن بۇرۇن ئۇيغۇرلار بىلەن ئوغۇز، قىپچاقلاردا مۇئامىلە، مۇناسىۋەتتە «سىز» دېيىش بىلەن «سەن» دېيىش روشەن پەرق قىلىنغان. ئوغۇز، قىپچاقلار «سىز، سىزلەر»نى كۆپلۈك ئورنىدا ئىشلەتكەن، مۇئامىلە ـ مۇناسىۋەتتە چوڭ بولسۇن، كىچىك بولسۇن ھەممىسىگە «سەن»نى ئىشلەتكەن. ئۇيغۇرلار ھۆرمەت يۈزىسىدىن چوڭلارنى، ئاياللارنى ۋە بالىلارنى «سىز» دەپ ئاتىغان. مەھمۇد كاشغەرىي بۇ ھەقتە مۇنداق مەلۇمات بېرىدۇ: «ئەگەر تىڭشىغۇچى ياشانغانلىقى ۋە ئورنى ئۈچۈن ھۆرمەتلىنىدىغان ئادەم بولسا، تۈركلەر ئۇنىڭغا نىسبەتەن كۆپلۈك شەكلىنى قوللىنىدۇ، مەسىلەن: ‹بار› دېيىش ئورنىغا ‹بارىڭ› دەيدۇ. بۇ سۆزنىڭ ئەسلىي مەنىسى بېرىڭلاردۇر. ئوغۇزلار بىلەن قىپچاقلار بىرلىكتە ‹بار›، كۆپلۈكتە ‹بارىڭ› دەيدۇ. كۆپلۈك بەلگىسى بولغان ‹لار، لەر›نى چۈشۈرۈپ قالدۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئورنىغا بىرلىكتە ھۆرمەتلەش ۋە سۆيۈمچانلىق ئۈچۈن ئاۋۋال غۇنىلىك كاف (ŋ)، ئاندىن «ز، z» (ŋ zl)نى قوشىدۇ. دېمەك، ئوغۇز تىلىدا بىرلىكمۇ كۆپلۈك ئۈستىگە كۆپلۈك قوشۇمچىسى قوشۇلغان بولىدۇ.» (II. 59). «تۈركلەر ئىككىنچى شەخس بىرلىكتە ھۆرمەت يۈزىسىدىن ‹باردىڭىز›

دېيدۇ، غۇنىلىك «ŋ» ئەسلى كۆپلۈك قوشۇمچىسى ئىدى، ئوغۇزلار بۇنى كۆپلۈك ئۈچۈن قوللىنىدۇ. «يارىدىڭىز، بارىدىڭلار» بۇ نۇقتىدا ئوغۇزلارنىڭ قوللىنىشى قائىدىگە ئۇيغۇن بولسىمۇ، لېكىن سۆزنىڭ چىرايلىق بولۇشى ۋە چوڭ بىلەن كىچىكنى پەرق ئېتىش يۈزىسىدىن ئالغاندا تۈركلەرنىڭ بەنىلا مۇۋاپىقتۇر» (II . 61). «سەن» سۆزىنى ئىزاھلاپ: «تۈركلەر بۇ سۆزنى بالىلارغا، خىزمەتچىلەرگە، ياشتا ۋە مەرتىۋىدە ئۆزىدىن تۆۋەن كىشىلەرگە ئىشلىتىدۇ. ئۆزىدىن چوڭ، ھۆرمەتلىك كىشىلەرنى «سىز» دەيدۇ. ئوغۇزلار بۇنىڭ تەتۈرىچە، چوڭلارنى «سەن»، كىچىكلەرنى «سىز» دەيدۇ. كۆپلۈك ئۈچۈنمۇ «سىز» نى ئىشلىتىدۇ. قائىدىسىمۇ شۇنداق، چۈنكى «سىز» كۆپلۈكنى بىلدۈرىدۇ» (I . 442) دېيدۇ. بۇنىڭدىن قارىغاندا، ئۇيغۇرلار بۇ ئەنئەنىنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن. «سەن»لەش قوپاللىق ئىبارە، بىراق يېقىنلىقنى ئىپادىلەيدۇ، «سىز» سىپايە ئىبارە، ئۇ تونۇمىغان كىشىلەرگە، چوڭلارغا، ھۆرمەتلىك كىشىلەرگە، ئاياللارغا ئىشلىتىلىدۇ.

## يۇرت چوڭىنى ھۆرمەتلەش ئادىتى

ھەربىر يۇرت ـ مەھەللىدە ئاۋام ـ پۇقرانىڭ ئىشلىرىنى قوۋۇشتۇرىدىغان، ئۇلارغا يول كۆرسىتىدىغان، ئۇلارنى يېتەكلەيدىغان بىر ۋە بىرقانچە ھۆرمەتلىك چوڭلار بولىدۇ. ئۇيغۇرلار پەسكەش ئادەمنى ئوخشاتقاندەك، ئېسىل، ھۆرمەتلىك ئادەمنى ئېغىرلىقى ئەللىك ـ يۈز رىتىل كېلىدىغان بىر خىل چوڭ بېلىق «باشغان» غا ئوخشاتقان. بۇ يۇرت چوڭلىرى «بۇدۇن باشغانى» ئەلنىڭ باشلىقى دېگەنلىك ئىدى. (I . 570). بۇنىڭدىن قارىغاندا، قەدىمكى زامان ئادىمىدە بېلىقنى ۋە بېلىقنىڭ سورىتىنى سىمۋوللۇق ھالدا ياخشى ـ يامان ئادەملەرگە تىمسال قىلىش ئۇيغۇرلارنىڭ بىر ئەنئەنىسى بولغانىكەن.

## تون كىيدۈرۈش يوسۇنى

تون كىيدۈرۈش، تون تەقدىم قىلىش قەدىمكى ئۇيغۇر - تۈركىي تىللىق خەلقلەردە ئومۇملاشقان ئەنئەنىۋى يوسۇن ئىدى. ئۇيغۇرلاردا دەسلەپ بەگلەرنىڭ قول ئاستىدىكى مۇلازىملارغا، تۆھپىكار ئەزىمەتلەرگە تون كىيدۈرۈش ئارقىلىق ئۇلارغا ئۇنۋان، مەرتىۋە بېرىش قائىدىسىدىن ئاۋام ئىچىدە تۆھپىكار، ئەل ئالقىشىغا ئېرىشكەن كىشىلەرگە تون كىيدۈرۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزىدىغان ئادەت بارا - بارا ئومۇملىشىپ، ھازىرغىچە داۋاملاشقان، بۇ يوسۇنغا ئۇيغۇر خەلقى ھەرقاچان ۋارىسلىق قىلىپ كەلمەكتە. بىز بۇ خىل يوسۇننىڭ قەدىمدىمۇ بارلىقىنى «دىۋان» ۋە «قۇتادغۇبىلىك»تىكى قىسقا ئۇچۇرلارغا ئاساسەن بايقايمىز. «دىۋان»دا «تونادتى» دېگەن سۆزگە: تون كىيدۈردى، تون ھەدىيە قىلدى دەپ يېشىم بېرىپ، ئارقىدىن «ئۇ ماڭا (ھەدىيە قىلىپ) تون كىيدۈردى» دېگەن. بۇنىڭ ئەسلىي مەنىسىنىڭ «تون ئاتتى — تون ئەۋەتتى» ئىكەنلىكى ئەسكەرتىلگەن ( ‖ . 458). «قۇتادغۇبىلىك»تە ئۆگدۈلمىشنىڭ كۆرسەتكەن خىزمىتىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن كۈنتۇغدى ئېلىگنىڭ ئۇنىڭغا تامغا، ئۇنۋان، قوشۇن، ئات، تون ئىنئام قىلغانلىقى «ئاياق بەردى تامغا ئات، ئۈستەم قادۇت — ئۇنىڭغا تامغا، ئۇنۋان، قوشۇن، ئات، تون ھەدىيە قىلدى» (1766) دەپ بايان قىلىنغان. ئەمەلىيەتتە بۇ تون ئەمەل، دەرىجە، ئۇنۋانغا ۋەكىللىك قىلاتتى. كېيىنچە ئۇ تۆھپىگە، ھۆرمەتكە، قەدىر - قىممەتكە، ئەلنىڭ ئالقىشى، ئېتىراپ قىلىشىنىڭ سىمۋولىغا ئايلاندى. تون كىيدۈرۈلدى دېمەك ئەلنىڭ قەدىر - قىممەت تاجىنى كىيدى دېمەكتۇر. ئەل بەرگەن مەرتىۋە نېمىدېگەن قىممەتلىك!

## ئۇلۇغلارنى تۆرگە ئېلىش

تۆر ئۇقۇمى ئۇيغۇرلارنىڭ ناھايىتى قەدىمكى كۆپ مەنىلىك سۆزى بولۇپ، بۇنىڭغا باغلانغان قائىدە ــ يوسۇنلار ناھايىتى كۆپ، ئۇ ئالدى بىلەن يۇقىرى، ئالىي، ھۆرمەتلىك ئورۇن مەنىسىنى بېرىپ، خاقانلارنىڭ ئورنىنى «تۆر» دەپ ئاتىغان. كېيىن مانا شۇ «تۆر» ئاساسىدا قانۇن «تۆرۈ» دەپ ئاتىلىپ، تۆرنى بىلتىمىز قىلىپ تۈرلەنگەن. خەلقىمىزنىڭ قائىدە ــ يوسۇنلىرىمۇ، ئوردىنىڭ قائىدە ــ يوسۇنلىرىمۇ شۇنىڭدىن ئېلىنىپ «تۆرۈ» دەپ ئاتالغان. «تۆرۈ» بىلمىگەن ئادەم ئەيىبلىك، بىلمىسىز، پەزىلەتسىزلىكتە ئەيىبلەنگەن. بىز تىلغا ئېلىۋاتقان «تۆر» ئورۇن، جاي مەنىسىدىكى تۆر بولۇپ، ئۇ قائىدە ــ يوسۇنلىرىمىزنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنىنى تەشكىل قىلغانىدى. «تۆر، ئۆينىڭ تۆرى، تۆرگە ئۆت» (III. 168) دېگەندەك. ھەربىر ئىشنىڭ قائىدە ــ يوسۇنى بولىدۇ. چوڭلار بىلەن كىچىكلەر تەڭ بولالمايدۇ، ئاقىللار بىلەن ئەقىلسىزلار تەڭ بولالمايدۇ، ئۇلۇغلار بىلەن پەسلەر ھەمداستىخان بولالمايدۇ. ھەربىر ئادەمنىڭ جەمئىيەتتە تۇتقان ئورنى، تۇھپىسى، ھۆرمىتىگە مۇناسىپ سورۇندىمۇ ئورنى ئوخشاش بولمايدۇ. بۇ ئاساسەن، شۇ ئادەمنىڭ قابىلىيىتى، بىلىمى ۋە پەزىلىتىگە يارىشا ئۇنى تۆرگە ئېلىش، پەگاھتا قويۇش بەلگىلىنىدۇ. تۆر چوقۇم ئۆزىگە مۇناسىپ ئادەمنى تېپىشى قەتئىي ئەمەل قىلىش لازىم بولغان يوسۇنلارنىڭ بىرىدۇر.

## بىلىملىك، ئالىم كىشىلەرنى «تەڭرى» دېيىش

مىللەتنىڭ بەزى قائىدە ــ يوسۇنلىرى ھەرىكەت شەكلىدە ئىپادە قىلىنسا، بەزىلىرى يۈرۈش ــ تۇرۇش، ھەر خىل ماددىي بۇيۇملاردا ئىپادىلىنىدۇ. بەزى ئادەتلەر تىل ئادىتى شەكلىدە

ئىپادىلىنىدۇ. تىل ئادىتىمۇ مىللەتنىڭ مۇھىم ئەنئەنىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، نۇرغۇن ئۇقۇم ـ چۈشەنچىلەرنى تىل ئادىتىگە ئاساسەن ئىپادىلەپ قالماي، بەلكى بەزى ھۆرمەت، مۇھەببەت، سەممىيەت ئادەتلىرىنى ئىپادىلەيدىغان تىل ئادەتلىرى نۇرغۇن ئىدى. «دىۋان»دا تىل ئادىتىگە دائىر خېلى كۆپ ئۆرنەكلەر كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، بىلىملىك ئادەملەرنى دېڭىزغا ئوخشىتىپ «تەڭىز بىلگە» ــ بىلىمى چوڭقۇر، ئالىم دەپ ئاتاش ئادىتى ئومۇملاشقان (Ⅲ، 595). «تەڭىز»نىڭ ئەسلىي مەنىسى «چوڭقۇر»، «تېرەن» دېگەنلىك ئىدى. مانا شۇنىڭدىن چىقىپ چوڭقۇر دېڭىزنى «رىڭ تەڭىز» دەپ ئاتىغان، چوڭ نەرسىلەرنىمۇ «تەڭىز» دەپ ئاتىغان. ئالىملارنى بۇ نام بىلەن ئاتاش خەلقىمىزنىڭ ئالىملارغا بولغان ھۆرمىتى، ئاشۇنداق چوڭقۇر بىلىملىك ئالىم بولۇشقا بولغان ئارزۇسى ئىدى.

## بىلىملىك ئادەمنى «تەڭرىكەن» دەپ ئاتاش

«دىۋان»دا يەنە مۇنداق بىر مەلۇمات خاتىرىلەنگەن: خۇدا ئۇرغۇر كاپىرلار ئاسماننى «تەڭرى» دەيدۇ. ئۇلار كۆزلىرىگە چوڭ كۆرۈنگەن ھەرقانداق نەرسىنى ــ ئېگىز تاغ، يوغان دەرەخلەرنىمۇ «تەڭرى» دەيدۇ. شۇڭا، بۇنداق نەرسىلەرگە سەجدە قىلىدۇ. ئۇلار يەنە بىلىملىك ئادەمنى «تەڭرىكەن» دەيدۇ. بۇنداق ئازغۇنلۇقتىن خۇدا ساقلىسۇن (Ⅲ، 515). بۇ ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى ئۇيغۇر ـ تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئادىتىدىكى بىر ئالاھىدىلىك ئىدى. ئۇلارنىڭ چۈشەنچىسىدە (شامان دىنى ئەقىدىسى بويىچە) ئەڭ ئالىي تەڭرى كۆك تەڭرى ئىدى. تۇغۇلماق، ئۆلمەك، بەختلىك بولماق، بەختسىز بولماق، ياخشىلىققا ئېرىشمەك، يامانلىق كۆرمەكنىڭ ھەممىسى مانا شۇ كۆك تەڭرىنىڭ ئىلكىدە دەپ قارايتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، تاغلار، دېڭىزلار، چوڭ دەرەخلەر، كۈن، ئاي قاتارلىق يورۇقلۇق

ئەلچىلىرىنى ھەم كۆك تەڭرىنىڭ ئۆزلىرىگە ئاتا قىلغان نېمەتلىرى دەپ قارىغاچقا، دەريانىمۇ تەڭرى، تاغنىمۇ تەڭرى سۈپەتلىرى بىلەن سۈپەتلەپ ئاتاش ئادىتى بارلىققا كەلگەن. مەسىلەن: «تەڭرىتاغ، ئاي تەڭرى، كۆك تەڭرى» دېگەنگە ئوخشاش. شۇنىڭدەك بىلىملىك ھەكىم ۋە ھاكىملارنىمۇ «تەڭرىكەن» دېگەن. بۇ تەڭرى بىلەن تەڭ قويغانلىق ئەمەس، بەلكى تەڭرىدەك ئۆزىدە نۇرغۇن ئىقتىدارنى ھازىرلىغان ئادەم ئىكەن، دېگەن مەنىدىكى سۆز ئىدى. ئۇلار ھەرگىزمۇ ئادەمنى تەڭرى قىلىۋالمايتتى. ئالىم كىشىلەر پاراسەتلىك بولىدۇ، باشقىلار بىلمىگەن نۇرغۇن نەرسىلەرنى بىلىدۇ، باشقىلار قىلالمىغان خىلى - خىلى ئىشلارنى قىلالايدۇ. بىلىملىك ئادەملەر يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئېيتقاندەك: «بىر ئادەم مىڭ ئادەم قىلغان ئىشنى قىلالايدۇ». بىلىملىك ئادەم دۇنيانى سورىيالايدۇ، خەلقىگە بەخت - سائادەت ئاتا قىلالايدۇ. بىلىملىك ئادەملەر ئەلنى توغرا يولغا باشلىيالايدۇ. يەنە شۇنداق سان - ساناقسىز ئىشلار بىلىملىك كىشىلەر ئارقىلىق بولىدۇ. شۇڭا، بەزى دىنىي ئەقىدىلەردە «ئالىملار پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋارىسلىرىدۇر» دېيىلگەن. ئالىملار شۇنداق قابىلىيەتلىك بولغاچقا، خەلقىمىز قەدىمكى زاماندا ئۇلارنى «تەڭرىدەك قابىلىيەتلىك ئىكەن» دېگەن مەنىدە، «تەڭرىكەن» دېگەن سۆزنى ئىشلەتكەن. مەھمۇد كاشغەرىي مەخسۇس «تەڭرىكەن» دېگەن سۆزنى ئىزاھلاپ: «تەڭرىگە ئىبادەت قىلىدىغان ئالىم، روھانىي، زاھىت، كاپىر (مۇسۇلمان بولمىغان) تۈركلەر تىلىدا» (Ⅲ. 531) دېگەن. بۇ يەردە يەنە بىر ئىش ئايان بولىدۇ. بەزى دىنىنىڭ روھانىيلىرى، زاھىتلىرى ئۆزلىرىنى خۇددى تەڭرىنىڭ ئەلچىسىدەك كۆرسىتىپ، ئۆزىگە تەڭرى ئاجايىپ كامالەتلەرنى ئاتا قىلغاندەك، نۇرغۇن ئىشلارنى ئۆز قولى بىلەن بىر تەرەپ قىلىۋاتقاندەك، كىشىلەرنىڭ تەقدىرى مانا شۇ روھانىيلارنىڭ پوزىتسىيەسى بىلەن بىر تەرەپ بولىدىغاندەك سىرلىق سۈپەتتە بولۇۋېلىپ، ئۆزلىرىنى تەڭرىنىڭ

ئورنىغا قويۇۋالغان. مانا شۇ سەۋەبلىك كىشىلەر ئۇلارنى يۇقىرىقىدەك نام بىلەن ئاتىغان.

## دانىشمەن ئەرلەرنى «يۈگۈرۈك بىلىك» دەپ ئاتاش

ئەسلىدە «يۈگۈرۈك» دېگەن سۆز ئاتلارنىڭ يۈگۈرۈكلۈكى، چاپقۇرلۇقىغا قارىتىلىپ ئىشلىتىلىدىغان سۆز بولۇپ، ئوغۇزلاردا بۇ سۆزنى دانىشمەن ئەرلەرگىمۇ ئىشلىتىپ «يۈگۈرۈك بىلىگ» دەپ ئاتاش ئادىتى بولغان. بۇ ئەمەلىيەتتە بىلىملىك، تەدبىرلىك، هازىرجاۋاب، كاللىسى ئىشلەيدىغان دېگەن ئۇقۇمنى بىلدۈرىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىللە بىلىملىك ئەرلەرنى «تەرىڭ بىلىگ» دەپ ئاتاش ئادىتىمۇ بولغان ( Ⅲ. 505). «تەرىڭ» ــ چوڭقۇر دېگەن مەنىدىكى سۆز بولۇپ، ئۇ بىلىمى چوڭقۇر ئادەم دېگەن مەنىنى بېرەتتى.

## ئۇلۇغلارغا تىل تەگكۈزمەسلىك

خۇددى هازىرقى زاماندا «تىل» دېگەن ئىبارە كۆپ خىل مەنە ۋە مەزمۇندا قوللىنىلىپ، 1. تىل ــ گەپ - سۆزدىكى تىلنى، 2. تىل ــ جاسۇس، ئەسىر دېگەن مەنىنى، 3. تىللاش، هاقارەتلەش مەنىسىنى، تىل تەگكۈزۈش، تىللاش هەم هاقارەتلەش مەنىلىرىنى بىلدۈرگەنگە ئوخشاشلا قەدىمكى زاماندىمۇ شۇنداق كۆپ خىل مەنىدە قوللىنىلغان. مەھمۇد كاشغەرىي «تىل» غا تۆت خىل ئىزاهات بەرگەن: 1. سۆزلەش، گەپ قىلىش مەنىسىدىكى تىل يەنى «ئەدەپ ئەردەم باشى تىل» دېگەندە، ئەدەپ - ئەخلاق سۆزلىگەن سۆزدىن يەنى تىلدىن باشلىنىدۇ دېگەن مەنىدە، 2. ئۆيغۇر تىلى، خەنزۇ تىلى دېگەن مەنىدە، 3. «جاسۇس مەنىسىدە» دۈشمەندىن تىل تۇتتى شەكلىدە، 4. تىللاش، هاقارەتلەش مەنىسىدە كەلگەن ۋە ئۇ بەگكە تىل تەگكۈزدى دەپ ئىزاهلانغان.

بىز يۇقىرىدا «ئۇلۇغلارنى ئۇلۇغلىسا قۇت كېلىدۇ» دېگەن

مەنىنى شەرھلەپ، ئۇيغۇرلاردا ئۇلۇغلارنى يەنى ئادىل بەگلەرنى، بىلىملىك ئالىملارنى، قەھرىمان سەركەردىلەرنى، چوڭلارنى ئۇلۇغلاش، ئۇلارنى ھۆرمەت قىلىش ئەنئەنىسى بارلىقىنى ئېيتقانىدۇق. مانا شۇنىڭ يەنە بىر تەرىپىدە ئۇلۇغلارنى تىللاش يەنى تىل تەگكۈزۈش پەزىلەتسىزلىك بولۇپ ھېسابلىنىدىغانلىقى مەھمۇد كاشغەرىينىڭ يۇقىرىقى قىسقا ئىبارىسىدىن مەلۇم بولماقتا. بەگلەر، ئۇلۇغلار دېگەن ئەلنىڭ تۈۋرۈكى، خەلقنىڭ سەركىسى، مىللەتنىڭ باشچىسى، ئۇلارغا تىل تەگكۈزۈش ئەلۋەتتە سۆكۈلۈشى، ئەيىبلىنىشى كېرەك. بىر مۇتەپەككۇر مۇنداق دېگەن: «قايسى خەلقتە ئۇلۇغ ئالىملىرىنى ھەقىقىي قەدىرلەيدىغان ئادەت بولسا، ئۇلار روناق تاپىدۇ، خار بولمايدۇ». شۇنىڭدەك قانداق ئەلدە ئۇلۇغ كىشىلىرىنى ھۆرمەتلىمەي ئۇلارنى ھاقارەتلىسە، ئۇلارغا تىل تەگكۈزسە، ئۇ ئەل تېز ئارىدىلا گۇمران بولىدۇ، يەنى چىقىش يولىنى تاپالماي، قاراڭغۇ زۇلمەتكە پاتىدۇ.

# ئەقىدىگە باغلانغان يوسۇنلار

ئىنسانلار قەدىمدىن بېرى ئەقىدە - ئېتىقادتىن ئايرىلمىدى. ئېتىقاد تۇرمۇشنىڭ بارلىق قاتلاملىرىغا چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەن. نۇرغۇن قائىدە - يوسۇنلار ئېتىقاد ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن. مەھمۇد كاشغەرىي قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەقىدە - ئېتىقادىغا باغلانغان بەزى قائىدە - يوسۇنلاردىن ئۈچۈر بەرگەن بولۇپ، ئۇ ئىسلامىيەتتىن بۇرۇن ۋە ئىسلامىيەتتىن كېيىن شەكىللەنگەن تۇرمۇش ئادەتلىرىنى تەتقىق قىلىشتا بىرىنچى قول مەنبە بىلەن تەمىن ئېتىدۇ.

## بايات — تەڭرى چۈشەنچىسى

«دىۋان»نىڭ III توم 235 - بېتىدە «بايات» سۆزىنى چۈشەندۈرۈپ «ئۇلۇغ تەڭرىنىڭ ئېتى» دېگەن. يەنە بىر جايدا بۇ سۆزنى ئىزاھلاپ: «خۇدا ئۇرغۇر كاپىرلار ئېگىز، چوڭ نەرسىلەرنى تەڭرى دەيدۇ» دېگەن.

قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتىشى بويىچە «بايات»، «تەڭرى» ھازىر قوللىنىلىۋاتقان «خۇدا» (پارسچە)، «ئاللا» (ئەرەبچە) ئاتالغۇلىرى بىلەن باراۋەر ئاتالغۇ بولۇپ، تۈركىي تىللىق خەلقلەر ناھايىتى قەدىمدىن بېرى «تەڭرى» سۆزىنى «يارانقۇچى، ئىگە، قۇدرەت ئىگىسى، ھەممىگە قادىر...» قاتارلىق مەنىلەردە چۈشىنىپ كەلگەن. قەدىمكى شامان ئېتىقادىدىمۇ تەڭرى بار، مانى دىنىدىمۇ تەڭرى بار، بۇددا دىنىدىمۇ تەڭرى بار، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان خاقانىيە ئۇيغۇرلىرى تەڭرىنى ئەرەبچە

«ئىلاھ، ئاللا» دەپ ئاتىماستىن، بەلكى بەزىدە «تەڭرى» دەپ، كۆپىنچە «بايات» دەپ ئاتىغان. شەرقىي ئۇيغۇرلار كۆپىنچە «تەڭرى» سۆزىنى ئىشلەتكەن. خاقانىيە ئۇيغۇرلىرى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن ئۆزلىرىنىڭ تىل ئادىتى ۋە ئەنئەنىسىگە ئاساسەن، ئىلاھنى «بايات» دېگەن نام بىلەن ئاتىغان. يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» تە «تەڭرى»نىمۇ، «بايات»نىمۇ، «ئىلاھ»نىمۇ، «رەب»نىمۇ قوللانغان. بىراق «بايات» ئەڭ كۆپ قوللىنىلغان. «قۇتادغۇبىلىك»تىكى تەڭرى ناملىرىنى ئىستاتىستىكا قىلىپ: «ئەسلىي تېكىست (O)، كېيىن قوشۇلغان نەسرىي مۇقەددىمە (A)، نەزمىي مۇقەددىمە (B) لەرنى قوشۇپ ھېسابلىغاندا 6774 بېيىت بار، بۇ بېيىتلاردا ئىسلام ئىلاھىنىڭ نامى 235 قېتىم تىلغا ئېلىنىدۇ؛ 173 بېيىتتا «بايات» دەپ ئاتىلىدۇ، 26 بېيىتتا «تەڭرى» دەپ ئاتىلىدۇ؛ 21 بېيىتتا «ئىدى» (ياكى «ئىزى») دەپ ئاتىلىدۇ. ئالتە بېيىتتا «ئىلاھ» دەپ ئاتىلىدۇ؛ 9 بېيىتتا «رەب» دەپ ئاتىلىدۇ[1]» دەپ مەلۇمات بېرىدۇ. بىراق 692 ـ بېيىتتا «خالىق» دەپمۇ ئاتالغان.

«تەڭرى» سۆزى مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 3 ـ ئەسىرلەردىن بۇرۇنلا ھۇن تىلىدا بار ئاتالغۇ بولۇپ، ئۇلار ئۆزىنىڭ شامان تەڭرىسىنى شۇنداق دەپ ئاتىغان، ئۇنىڭغا «ئاسمان، كائىنات، ئالەم، ياراتقۇچى، باشقۇرغۇچى، ھەممىدىن يۈكسەك، مەڭگۈ ھايات ـــ ئۆلمەيدىغان، قۇدرەتلىك» دېگەندەك مەنىلەر يۇغۇرۇلغان. ھۇنلاردا «تەڭرىقۇت» ـــ تەڭرى ئاتا قىلغان سەلتەنەت ئىگىسى، «مەڭگۈ تاش» تا «ئۆد تەڭرى ياشار، كىشى ئوغلى قوپ ئۆلگەلى تۇرمىش»[2] (تەڭرى ياشايدۇ، ئىنسان بالىسى ئۆلۈش ئۈچۈن تۆرەلگەن) دېگەندەك ئاتالغۇلار بار. مانا شۇ ھۇنلاردىن تارتىپ كۆكتۈرك خانلىقى، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى، قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى، قاراخانىيلار خانلىقىغىچە ئۇيغۇرلار قايسى دىنغا ئېتىقاد قىلمىسۇن «تەڭرى» ئۇقۇمىنى ھەرگىزمۇ تاشلاپ قويمىغان. ئەگەر زۆرۈرىيەت يۈزىسىدىن باشقا دىنلارنىڭ

خۇدالىرىنى ئاتاشقا توغرا كەلگەندىمۇ، قەدىمدىن بېرى ئادەتلىنىپ كەلگەن كۆك تەڭرىسى، ئاسمان ئىلاھىنىڭ نامى بولغان تەڭرىنى قوشۇپ ئاتىغان.

زورو ئاستىر دىنىنىڭ خۇداسىنىڭ نامىنى «تەڭرى تەڭرىسى خورمۇزدا»، بۇددا دىنىنىڭ خۇداسىنى «تەڭرى تەڭرىسى بۇرخان»، مانى خۇداسىنىڭ نامىنى «تەڭرى تەڭرىسى مانى بۇرخان» دەپ ئاتاپ، ئۆزىنىڭ ئەنئەنىۋى تەڭرى نامىنى ئاتاپ ئېتىقاد قىلىۋەرگەن. بۇ يەردە دىققەتكە سازاۋەر بىر نۇقتا شۇكى، خاقانىيە ئۇيغۇرلىرى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن تارتىپ «دىۋان» يېزىلىشقىچە بىر ئەسىردىن ئارتۇق ۋاقىت ئۆتكەن، ئىسلام دىنى بەرپا بولغىلى 400 يىلدىن ئاشقان بولسىمۇ، ئۇيغۇرلار ئەرەبچە «ئىلاھ»، «ئاللا»، پارسچە «خۇدا» ناملىرىنى قوللانماستىن، ئىسلام ئىلاھىنىڭ شان ـ شەرىپىگە يەنە بىر خۇدا نامىنى ــ «بايات»نى ئىجاد قىلىپ، بۇ نام بىلەن ئىسلام ئىلاھى نامىنى ئىپادىلىگەن. بىز «بايات» دېگەن نامنىڭ ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى باشقا دىنلاردا قوللىنىلغان ئاتالغۇ ئىكەنلىكىنى بىلمەيمىز. «دىۋان»دا ئوغۇزلارنىڭ 22 ئۇرۇقىنىڭ ئىچىدە 9 ـ قاتاردا سانالغان ئۇرۇقنىڭ نامى «بايات» ئىدى. بۇ نام ئوغۇزلار غەربكە كۆچۈپ كېلىشتىن بۇرۇن بار ئىدى، بىراق ئۇنىڭ «تەڭرى»نىڭ نامىدا قوللىنىلغانلىقى ھەققىدە بىرەر ئۇچۇردىن ۋاقىپ ئەمەسمىز. «بايات»نىڭ مەنىسى «دۆلەتلىك ۋە ھەممە نەرسىسى تەل، باي» دېگەن مەنىدە بولۇپ، بۇ سۆزنىڭ ئەسلىي يىلتىزىمۇ «باي»دۇر. بۇ نام مەھمۇد كاشغەرىي سانىغان ئوغۇز قەبىلىلىرىنىڭ 9 ـ قاتاردا سانالغان «ئىسلامدىكى ئاللانىڭ ئەڭ مۇھىم سۈپىتىنىڭ بىرى، غەنى» يەنى ھەممىدىن باي دېگەن سۈپىتى ئىدى. باي بولغانلىقى ئۈچۈن ھەممىگە قادىر بولالايتتى، يەنە بەزىلەرنىڭ تىلىگەن تىلەكلىرىنى ئورۇندىيالايتتى. شۇڭا، بۇ نامنى «ئاللا» نامىدا قوللانغان. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۇيغۇرلار قەدىمكى زاماندا ھەرقانداق بىر يېڭى شەيئى

ۋە يېڭى خۇشاللىقنى قوبۇل قىلىشتا، ئۇنى قارىسىغىلا، ئۆلۈك كۆچۈرۈپ قوللانماستىن، بەلكى ئۆزىنىڭ مەدەنىيەت ئەنئەنىسى، تىل ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن مۇۋاپىق ھالدا ئۇنىڭغا نام، ئىسىم قويغان. شۇنچە تەقۋادار ئالىم يۈسۈپ خاس ھاجىپمۇ بۇ پرىنسىپقا قەتئىي ئەمەل قىلىپ، ئەسىرىنى «بايات ئاتى بىرلە سۆزنىڭ باشلادىم» دەپ باشلىغان. مۇنداق مىللىي روھ ۋە ئىجادچانلىق قەدىمكى ئۇيغۇر ئەنئەنىسىنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى ئىدى.

## ئىسلام دىنى ئادىتى بويىچە ئىمان كەلتۈرۈش

ئۇيغۇر خەلقى، جۈملىدىن بىر قىسىم تۈركىي تىللىق قەبىلىلەر 950 - يىللىرى ئەتراپىدا ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلدى. ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىش، ئىسلام دىنىنىڭ مۇرىتىغا ئايلىنىش ئۈچۈن ئاللاغا ئىمان كەلتۈرۈش كېرەك ئىدى. بۇ ئىسلام دىنىنىڭ ئېتىقاد ئادىتىدىكى بىر ئالاھىدىلىك. مەھمۇد كاشغەرىي بۇ ئادەت ھەققىدە مەلۇمات بېرىپ: «ئىقرار قىلدى، ئىمان كەلتۈردى، قول ئاللانىڭ ئەلچىلىرىگىمۇ ئىشەندى» (III . 576) دېگەن. بۇ ئىسلام ئېتىقادىدىكى ئادەت بولۇپ، ئىسلام دىنىغا كىرگەن ئادەم ئاۋۋال ئاللانىڭ بىرلىكىگە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە باشقا پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاللانىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە مۇتلەق ئىشىنىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدىغان سۆزدۇر. بۇ ئەرەب تىلىدا: «لائىلاھە ئىللەللا، مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللا» دېگەن شاھادەت كەلىمىسى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. ئەگەر ئىمان ئېيتمىغان بولسا مۇسۇلمان ھېسابلانمايدۇ.

## قامانلارنىڭ رەم سېلىشى ھازىرمۇ داۋاملاشماقتا

ئۇيغۇرلاردا «پالچى»، «رەممال» دېگەن بىر ئۇقۇم بار. بۇ پال سالىدىغان، رەم باقىدىغان كىشىلەرنى كۆرسىتىدىغان خاس

ئاتالغۇ. بۇ نام نەچچە مىڭ يىللاردىن بېرى ئىزچىل داۋاملىشىپ ھازىرغىچە كەلگەن. بۇ جەرياندا تۈرلۈك دىنلار ئالماشقان بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئادەت يەنىلا ھەرقايسى دىنلارنىڭ يوپۇقى بىلەن يوپۇقلىنىپ داۋاملىشىۋەرگەن. ئۇ بىر خىل سېھىرلىك كۈچى بار نەرسىدەك يەنىلا كىشىلەرنى جەلپ قىلىپ كەلدى. ئۇيغۇرلاردا «رەڭگىمۇ ئىشەنمە، رەسمىزمۇ يۆرمە» دەپ ماقاللارمۇ بارلىققا كەلگەن. بۇنىڭدىن ئۇلارنىڭ رەڭگە ئىشەنمىسىمۇ، يەنىلا رەم ئارقىلىق ئۆزىنىڭ كەلگۈسىگە بولغان ئىنتىلىشى ۋە قىزىقىشىنى ئىپادىلىگەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ. مەھمۇد كاشغەرىي پال سالدى، رەم باقتى دېگەن سۆزنىڭ قارخانىيلار دەۋرىدە «ئىرقلادى» دەيدىغانلىقىنى تىلغا ئېلىپ «قام ئىرقلادى — رەممال پال سالدى، رەممال رەم باقتى» (Ⅲ. 600) دېگەن جۈملىنى تۈزگەن. يۇقىرىقى جۈملىدىكى «قام» دېگەن سۆز بىزنىڭ دىققىتىمىزنى قوزغايدۇ. ئۇ شامان دىنىنىڭ قامانلىرىنى بىلدۈرىدىغان «قام» ئىدى. بۇنىڭدىن بىز رەممالچىلىقنىڭ قامان دىنىنىڭ ئادەتلىرىنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز. پال سېلىشنىڭ تۈرلۈك ئۇسۇللىرى بولغان. مەھمۇد كاشغەرىي پال سېلىشنىڭ مۇنداق بىر تۈرىدىن خەۋەر بەرگەن. «سۆرپىلەدى — قوموْلاق سالدى، پال باقتى. ئول ئەرگەك بىلە سۆرپىلەدى — ئۇ بارماقلىرى بىلەن قوموْلاق سالدى» (Ⅲ. 601). قوموْلاق سالدى دېمەك پال تاشلىرى ۋە بارماقلىرى بىلەن پال سالغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

## كېچىدە ئاڭلانغان ئەرۋاھلارنىڭ گۈڭ - گۈڭ ئاۋازى

«روھلار» ھەققىدىكى چۈشەنچە ئەڭ قەدىمكى ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىن تارتىپ ھازىرقى زامانىۋى دەۋرگىچە ئىزچىل داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان قاراشلارنىڭ بىرى. بۇ خىل ئەقىدە

تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەردىمۇ، تەرەققىي قىلمىغان ئەللەردىمۇ بار. «روھلار» ھەققىدىكى قاراشلارنىڭ مەزمۇنى ناھايىتى كۆپ ھەم بۇ ناھايىتى سىرلىق دىنىي ئەقىدىلەر بىلەن يۇيۇقلانغاچقا، بۇ ھەقتە كېسىپ بىرەر ھۆكۈمگە كېلىش مۇمكىن ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە روھلارنىڭ ھايات بولىدىغانلىقى، ئۇلار بىر ھالەتتىن يەنە بىر مەۋجۇتلۇق ھالىتىگە ئۆتۈپ ياشايدىغانلىقى ھازىرقى ئىلىم - پەن ئۈزلۈكسىز تەتقىق قىلىۋاتقان بىر ئىش. قەدىمكى ئۇيغۇر - تۈركىي تىللىق خەلقلەردە روھلار توپلىشىپ ئۆزى ھايات ۋاقتىدا تۇرغان شەھەر - يېزىلىرىغا كېلىپ زىيارەت قىلىدۇ، دەپ قارايدىغان بىر چۈشەنچە بارلىققا كەلگەن. «تەڭگى» كېچىلەردە ئاڭلىنىدىغان گۈڭ - گۈڭ ئاۋاز، تۈركلەر شۇنداق قارايدۇكى، ئۆلۈكلەرنىڭ روھلىرى ھەر يىلى بىر كېچە توپلىشىپ، ئۆزلىرى ھايات ۋاقتىدا ياشىغان شەھەرلىرىگە كېلىپ شەھەر ئاھالىسىنى زىيارەت قىلىدۇ. كېچىدىكى مۇشۇ گۈڭ - گۈڭ ئاۋازغا كىم يولۇقۇپ قالسا ئۆلىدۇ. بۇ تۈركلەردە كەڭ تارقالغان بىر خىل چۈشەنچە (Ⅲ . 317).

روھلار ھەققىدىكى چۈشەنچە ھەرقايسى مىللەتلەردە ئوخشاش بولمىغان مەزمۇن ۋە شەكىلدە ئەكس ئېتىپ كەلدى. خەنزۇلاردىكى پوجاڭزا ئېتىپ يامان روھلارنى قوغلاش ئادىتى بولسۇن، تۈركلەردىكى ياغ پۇرىتىش قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەن روھلارنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلىنىشنى ئۈمىد قىلىش ئادىتى بولسۇن، بۇ قەدىمدىن بېرى ئىزچىل داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان بىر ئادەت. ھازىر ئۇيغۇرلاردا ئۆلۈكلەرنىڭ روھلىرى پەيشەنبە كۈنى كەچتە كېلىپ ئۆز ئىگىلىرىنىڭ ئۆيىنىڭ ئەتراپىدا دۇئا تەلەپ قىلىپ تەلمۈرۈپ تۇرىدىكەن، ئۇلارغا ئاتاپ دۇئا قىلغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ روھلىرى جانلىنىپ ئۇلۇغ سەپەرگە ئاتلىنالايدىكەن، دېگەندەك چۈشەنچىلەر بار. شۇڭا، «ئارنا ئاخشىمى قىلدۇق» دەپ پەيشەنبە كۈنى تىزىر - چىراغ قىلىش، دۇئا - تەكبىر ئوقۇش، مانا شۇ چۈشەنچە ئاساسىدا كېلىپ چىققان. مەھمۇد كاش-

غەربي بەرگەن يۇقىرىقى مەلۇمات ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنلا ئارقال-
غان بىر چۈشەنچە بولۇپ، كېچىدە بەزى خېيىم - خەتەرگە ئۇچ-
رىغان كىشىلەرنى روھلارنىڭ گۈلك - گۈلك ئاۋازىنىڭ تەسىرىدە
ئۆلگەن دەپ قارىغان.

بۇ قەدىمكى ساددا چۈشەنچە شەكىللەندۈرگەن خۇراپىي ئاڭ-
نى بىلمەك كېرەككى، ئۆلگەن روھلارنىڭ بۇ دۇنيا بىلەن
مۇناسىۋىتى بولمايدۇ. تىرىكلەر ھەرگىزمۇ روھلارغا موھتاج
ئەمەس. ئەگەر ھازىرقى زامان دىنىي ئەقىدە بويىچە قارىغاندا،
ئۆلۈكلەرنىڭ روھى تىرىكلەرنىڭ دۇئاسىغا موھتاج بولىدىكەن.

## كاككۇك سۆڭىكىنى ئەپسۇندا پايدىلىنىش

قەدىمكى دىنىي ئېتىقاد ئادىتى بويىچە كېسەللىك،
بەختسىزلىك ۋە خېيىم - خەتەرلەرنى ئەپسۇنچىلارنىڭ ئەپسۇن
ئوقۇشى بىلەن قايتۇرغىلى بولىدۇ دەپ قارىلاتتى. شامان
باخشىلىرى، كېيىن پەيدا بولغان داخان، جىنكەش ۋە سېھىر
قىلغۇچىلار ھەر خىل ھايۋان ۋە قۇشلارنىڭ سۆڭىكىگە ئەپسۇن
ئوقۇپ، شۇ ئارقىلىق ئادەمگە تەگمەكچى بولغان ھەر خىل
كۆڭۈلسىزلىكلەرنى، ئاغرىق - سىلاقنى كۆچۈرمەكچى
بولۇشاتتى. «دىۋان»دىكى مەلۇماتتىن قارىغاندا، كاككۇك
سۆڭىكىنىمۇ ئەپسۇندا ۋە سېھىرگەرلىكتە ئىشلەتكەنلىكىنى
بىلدۇق (II. 418). قاراخانىيلار دەۋرىدە ئۇيغۇرلار گەرچە ئىسلام
دىنىغا ئېتىقاد قىلغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ دەۋردە ئەپسۇنچىلار
ئىسلام بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ يەنىلا ئەپسۇنچىلىق بىلەن
شۇغۇللانغان. بۇ ھەقتە «قۇتادغۇبىلىك»تە مۇنداق مەلۇماتلار بار:

4361. بۇلاردىن قالسا، باردۇر ئەپسۇنچىلار،
پەرى - جىنلىق كېسەل داۋالاۋچىلار.

4362. ئاشۇلار بىلەن ھەم قوشۇلماق كېرەك،
پەرى – جىنلىق كېسەلنى ئوقۇتماق كېرەك.

4364. تېۋىپلار تەن ئالماس ئۇلار سۆزىنى،
ئۇلارمۇ، تېۋىپقا ئۆرەر يۈزىنى.

4365. بىرى دەر: دورا يەپ كېسەل ساقىيار،
بىرى دەر: قاچار جىن، ئېسىلسا تۇمار.

بىز يۇقىرىقى بايانلاردىن ئۆز دەۋرىدىكى تېۋىپلار بىلەن ئەپسۇنچىلار ئوتتۇرىسىدا بولغان ئۆتكۈر زىددىيەتنىڭ ئىپادىسىنى كۆردۇق. ئەپسۇنچىلار كېسەلنى جىن چاپلاشقانلىقىدىن بولىدۇ، ئۇنىڭغا ئەپسۇن ئوقۇش ئارقىلىق ۋە تۇمار ئېسىش بىلەن بەدەندىكى كېسەللىك ئاسارىتىنى ھەيدەش ئارقىلىق كېسەل داۋالاشنى تەشەببۇس قىلغان. تېۋىپلار كېسەلگە دورا بىلەن تاقابىل تۇرۇشنى تەكىتلىگەن. ئەمەلىيەتتە بۇ زىددىيەتتە تېۋىپلارنىڭ تۇتقان يولى ئىلغار ۋە قانۇنىيەتكە ئۇيغۇن بولغان يول ئىدى. ئەپسۇنچىلارنىڭ تۇتقان يولى بولسا ئېزىتقۇ يول ئىدى. چۈنكى، كېسەل ئەپسۇن ئوقۇش بىلەن ساقايمايتتى، ئەپسۇسكى، بۇلار «قۇرئان»نى، «خۇدا»نى شىپىي كەلتۈرۈپ سۆزلىگەچكە، دەرھال ئىنكار قىلغىلى بولمايتتى، شۇڭا يۈسۈپ خاس ھاجىپمۇ بۇ جەھەتتە كەسكىن بىر تەرەپتە تۇرماي، مۇتەدىل يول تۇتۇش بىلەنلا بۇ زىددىيەتتىن ئۆزىنى قاچۇرغان. شۇنداق بولغاچقا، ئەپسۇنچىلىق، داخانلىق ھازىرغىچە خەلقىمىز ئىچىدە داۋاملىشىپ كەلمەكتە. ئېتىقاد، ئەقىدە بىلەن كېسەلنى ئارىلاشتۇرۇۋېتمەسلىك كېرەك. كېسەللىك دېگەن بەدەندىكى خىلىتلارنىڭ ئۆزگىرىشى، تەكىپۇئۇلۇقنىڭ بۇزۇلۇشى بىلەن كۆرۈلىدىغان فىزىيولوگىيەلىك، ئاناتومىيەلىك ھادىسىلەرنىڭ بىرى. ئۇنى پەقەت دورا بىلەن تەكشىش –

تەشۋىقلاشتۇرۇش پاكى ئېغىر بولسا ئوپېراتسىيە قىلىپ داۋالاشتىن باشقا چارە يوق.

## مۇسۇلمان بولمىغان ئۇيغۇرلارنى «تات» دەپ ئاتاش

«تۈركىي تىللار دىۋانى»دا مەھمۇد كاشغەرىي «تات» دېگەن سۆزنىڭ ئىشلىتىلىشى ھەققىدە ناھايىتى قىممەتلىك تارىخىي ئۇچۇردىن مەلۇمات بەردى.

«تات» پۈتۈن تۈركلەرنىڭ نەزىرىدە پارسچە سۆزلىشىدىغان كىشى. ماقالدا مۇنداق كەلگەن: «تاتنىڭ كۆزىگە ئۇر، تىكەننىڭ تۈۋىگە». تات — توخسى، ياغمىلارنىڭ نەزىرىدە مۇسۇلمان بولمىغان ئۇيغۇرلار. مەن بۇنى ئۇلارنىڭ ئۆز يۇرتلىرىدا ئاڭلىدىم. «تات تاۋغاچ» دېيىشىدۇ. بۇ «ئۇيغۇر ۋە چىنلىق» دېگەن بولىدۇ. يۇقىرىدىكى ماقال بۇلارغا (ئۇيغۇر بىلەن چىنلىقلارغا) قارىتىپمۇ ئېيتىلىدۇ، چۈنكى ئۇلار ۋاپاسىز كېلىدۇ. شۇڭا، تىكەننى يىلتىزىدىن كېسىش لازىم بولغاندەك، ئۇيغۇرلارنىڭمۇ كۆزىگە ئۇرۇش لازىم، دېمەكچى. يەنە بىر ماقالدا مۇنداق كەلگەن: «تاتسىز تۈرك بولماس، باشسىز بۆك بولماس». بۇنىڭ مەنىسى باشسىز بۆك بولمىغاندەك، پارسلارسىز تۈركمۇ بولمايدۇ (Ⅱ. 410).

ئۆز دەۋرىدىكى تارىخىي مۇناسىۋەت كەلتۈرۈپ چىقارغان يۇقىرىقى قائىدىنى مۇنداق بىرقانچە تەرەپتىن مۇھاكىمە قىلىش مۇمكىن:

بىرىنچى، «تات»نىڭ ئېتىمولوگىيەلىك مەنىسى. «تات» سۆزى تۆمۈر، قىلىچ، پىچاق، قىڭراق قاتارلىق تۆمۈر ۋە تۆمۈر سايمانلارغا نىسبەتەن سىۋەبلىك چۈشىدىغان تات، ھازىر ئۇنى «دات» دەيمىز. ئۇ تۆمۈر، سۇ تەركىبىدىكى ئوكسىگېننىڭ ئوكسىدلىنىشىدىن پەيدا بولىدۇ. «دات»نى تۆمۈر ئوكسىد دەيدۇ. ئۇ تۆمۈرنى چىرىتىپ كاردىن چىقىرىدۇ. مۇشۇنىڭدىن

چىقىپ، قەلبى بۇلغانغان كىشىلەرنىمۇ «قەلبى داتلاشتى» دەپ ئوبرازلىق مەنىدە ئېيىتىلىش ئادىتى بار. مانا شۇ مەنىدىن چىقىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپ قىرلىق، كۆپ مەنبەلىك مەدەنىيەتنى قوبۇل قىلغانلىقىغا ئاساسەن تۈركىي ئالاھىدىلىكنى ساپ ساقلاپ قالغان باشقا قەبىلىلەر ئۇيغۇرلارنى «تاتلار» دەپ ئاتاش ئادىتى شەكىللەنگەن.

ئىككىنچى، يۇقىرىقى باياندا «پارسچە سۆزلىشىدىغان كىشى» دېگەن ئېنىقلىما بار. بۇنىڭدىن پارسلار ئەمەس، بەلكى پارسچە سۆزلىشەلەيدىغان كىشىلەرنىمۇ «تات» دەپ ئاتىغانلىقى چىقىدۇ. پۈتۈن تۈركىي تىللىق قەبىلىلەر ئىچىدە ئەڭ بۇرۇن شەھەرلەشكەن مەدەنىيەت باسقۇچىغا كىرگەن ھەم دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرى بىلەن سودا ـ سېتىقچىلىقتا ئادەتلەنگەن ئۇيغۇرلار كۆپ خىل تىل بىلىشنى دۇنيا مەدەنىيىتىگە يانداشىشنىڭ مۇھىم قورالى دەپ بىلگەن ھەم كۆپ تىل بىلىش ماھىرلىرى يېتىشىپ چىققان. ئۇيغۇر زىيالىيلىرى سانسكرىت تىلى، خەنزۇ تىلى، پارس تىلى، ئەرەب تىلى، توخرى تىلى، سوغدى تىلى، قىتان تىلى قاتارلىق تىللارنى بىلەتتى. ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا خەنزۇ تىلىنى بىلىدىغانلار بار ئىدى ھەم ئۇلار بىلەن تۇرلۇك سودا ۋە مەدەنىي ئالاقىلەردە بولاتتى. بۇ خىل ئالاھىدىلىك باشقا تۈركىي تىللىق قەبىلىلەردە يوق ئىدى. مانا شۇ جەھەتتىن چىقىپ ئۇيغۇرلارنى پارسلاشتى، پارسچە سۆزلەشتى، تاۋغاچلاشتى، تاۋغاچچە سۆزلەشتى، چىنلىقلاشتى، چىنچە سۆزلەشتى، دەپ قاراپ، بۇنى ئۇلارنىڭ ياتلىشىشى، بۇلغىنىشى ۋە «تاتلىششى» دەپ قارىغاچقا، ئۇيغۇرلارنى «تاتلار» دەپ ئاتىغان.

بۇ كۆزقارىشىمىزنى يەنىلا «تات»نىڭ يەنە بىر خىل ئىپادىلىنىشى ھەققىدە كەلتۈرگەن «قىلىچ داتلاشسا ئىش بۇزۇلىدۇ، ئادەم داتلاشسا ۋۇجۇدى بۇلغىنىدۇ» دېگەن ماقالىغا مەھمۇد كاشغەرىي بەرگەن تۈۋەندىكى بايانلار باشقا تۈركىي

تىللىق قەبىلىلەرنىڭ ئۇيغۇرلارنى ۋاپاسىزلىقتا، بۇلغانغانلىقتا ئەيىبلەشكە ئاساس قىلىنۇۋالغان سەۋەبىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلىش پۇرسىتىنى بېرىدۇ: «قىلىچنى دات باسسا، يىگىتنىڭ ھالى خارابلىشىدۇ، تۈرك پارس خۇلقىغا ئۆگىنىپ قالسا، ۋۇجۇدى بۇلغىنىدۇ، بۇ ماقال كىشىنى قايتماس باتۇر بولۇشقا، ھەر نەرسىنىڭ ئۆز جىنسى بىلەن ياشىشى لازىملىقىغا ئۈندەپ ئېيتىلىدۇ» (Ⅱ. 410). بۇ بىر قىسىم تۈركىي تىللىق قەبىلىلەرنىڭ بىكىنمىچىلىك خاھىشىدىن بارلىققا كەلگەن ماقال بولۇپ، بۇلار پارسلارنى يامان كۆرگەن، ئۇلارنى ۋاپاسىز ئاتىغان. شۇڭا، پارسلار بىلەن ئارىلىشىپ ياشىغان، ئۇلارنىڭ تىل، مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىپ ئۇلارنىڭ مىجەز - خۇلقىنى ئۆزلەشتۈرۈۋالغان ئادەمنى ۋۇجۇدى بۇلغىنىدۇ، دەپ قارىغان. مەھمۇد كاشغەرىي «ئادەم تاتلاشسا» دېگەن ئىبارىنى «تۈرك پارس خۇلقىغا ئۆگىنىپ قالسا، ۋۇجۇدى بۇلغىنىدۇ» دېگەندە، «ئۇيغۇر» دېگەن ئىبارىنى نەزەردىن ساقىت قىلىپ «تۈرك» ئۇقۇمىنى قوللىنىدۇ. بۇنىڭدا «تۈرك» دېگەن ئۇقۇمنىڭ ئىچىدە «ئۇيغۇر»نىڭ بارلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئۈچىنچى، يۇقىرىقى مەلۇماتتىن ئىككى خىل ئايرىما مەلۇم بولىدۇ. پۈتۈن تۈركلەرنىڭ چۈشەنچىسىدە «پارسچە سۆزلىشەلەيدىغان كىشى (پارسلارمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)»، يەنە بىرى، توخسى، ياغمىلارنىڭ نەزىرىدىلا «مۇسۇلمان بولمىغان ئۇيغۇرلار». مەھمۇد كاشغەرىي: «مەن بۇنى ئۇلارنىڭ ئۆز يۇرتىدا ئاڭلىدىم» دەيدۇ. بۇ مەنىدە «كاپىر ئۇيغۇرلار» دېگەن مەنىنى بەرگەن. يەنە بىر مەنىدە «تاۋغاچلارنىڭ يۇرتىدا ياشىغان ئۇيغۇرلار» دېگەن مەنىدىمۇ كېلىپ، «تات تاۋغاچ» دەپ ئاتىغان. مەھمۇد كاشغەرىي بۇنى چۈشەندۈرۈپ ئۇيغۇرلار تاۋغاچ يۇرتىدا ياشىغانلىقى ئۈچۈن، شۇنىڭدىن چىقىپ شۇنداق ئاتىغانلىقىنى ئەسكەرتىپ ئۆتىدۇ. بۇ مەنىدىن ئالغاندا، بۇ تۈرپان ئۇيغۇرلىرىدىن كۆرە كۆپىنچە گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىنى كۆرسەتسە

كېرەك دەپ قارايمىز.

تۆتىنچى، يۇقىرىقى مەلۇماتتىكى «مۇسۇلمان بولمىغان ئۇيغۇرلار» دېگەن ئىبارىگە دىققەت قىلىمىز. قاراخانىيلار دەۋرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ قاراخانىيلارغا قاراشلىق زېمىنىدا ياشىغانلىرى 950 ـ يىللاردىن كېيىن مۇسۇلمان بولغان. قوچو خانلىقىغا قارايدىغان، گەنجۇ خانلىقىغا قارايدىغان ئۇيغۇرلار مۇسۇلمان بولمىغان. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى مانى دىنىدا بولسا، بەزىلىرى بۇددا دىنىدا، يەنە بەزىلىرى شامان دىنىدا ئىدى. كۇچادىن تارتىپ تاكى غەربتە قەشقەر، بالاساغۇن، ئامۇ، سىر دەريا بويلىرىدىكى، جەنۇبتا خوتەن رايونلىرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ھەممىسى ئىسلام دىنىدا ئىدى. شۇ سەۋەبلىك خاقانىيە ئۆلكىسىدىكى ئۇيغۇرلار ئومۇمەن «تۈرك» نامىدا ئاتىلىپ، مۇسۇلمان بولمىغان ئۇيغۇرلار «ئۇيغۇر تاتلار» دەپ ھاقارەت نامىدا ئاتالغان. بۇ ئۇلارنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلمىغانلىقىغا بولغان ئارازىلىقى سەۋەبلىك ئۇلارنى قارىلاش، يامان كۆرۈش ھېسسىياتىنىڭ ھەم بىر ئىپادىسى ئىدى.

بەشىنچى، يۇقىرىقى بايانلارنىڭ ئارقىسىدا مۇنداق بىر ماقالنى بېرىدۇ: «تاتسىز تۈرك بولماس، باشسىز بۆك بولماس» (II، 410). گەرچە مەھمۇد كاشغەري بۇ ماقالنىڭ مەنىسىنى: «باشسىز بۆك بولمىغانغا ئوخشاش، پارسلارسىز تۈرك بولمايدۇ» دەپ يەشكەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ يەردە يەنە بىر مەنە بار. ئالدى بىلەن مەھمۇد كاشغەرىينىڭ يېشىمىگە ياندىشاندا، پارسلار بىلەن تۈركلەر ـ ئۇيغۇرلارنىڭ بىللە ياشىغان تارىخى ئىنتايىن ئۇزۇن، پارسلار بىلەن تۈركلەر مەدەنىيەت جەھەتتە بىر ـ بىرىگە زور دەرىجىدە تەسىر قىلىپ، بىر ـ بىرىگە سىڭىشتى. تىل جەھەتتىمۇ بىر ـ بىرىگە كۆپ تەسىر كۆرسىتىشتى. تۈركىي تىللىق خەلقلەر پارس تىلىدىن خېلى كۆپ ئىبارىلەرنى قوبۇل قىلغان بولسا، پارسلارمۇ تۈركىي تىلدىن نۇرغۇن ئىبارىلەرنى قوبۇل قىلدى، كىيىم ـ كېچەك، يېمەك ـ ئىچمەك جەھەتتىمۇ

كۆپ جەھەتتە ئورتاقلىق بارلىقى ھەققىدە «دىۋان»دا خېلى كۆپ مەلۇماتلار بار. دېمەك، بۇ ماقالىنىڭ مەنىسىدىن پارسلار تۈركلەردىن ئايرىلالمايدۇ، تۈركلەر پارسلاردىن ئايرىلالمايدۇ، دېگەن مەنىنى چىقىرىش مۇمكىن. ئىككىنچى قاتلام مەنىدە، ئۇيغۇرلارسىز تۈرك بولمايدۇ، دېگەن مەنىنى ئۇقتۇرىدۇ. تارىخىي تەرەققىيات نۇقتىسىنەزىرىدىن قارىغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ پۈتكۈل تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ ھاياتىدا تۇتقان ئورنى ئىنتايىن مۇھىم. ھۇن دەۋرىدە بولسۇن، كۆكتۈركلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىق تارىخىدا بولسۇن، كېيىن قۇرۇلغان گەنجۇ، قوچو، قاراخانىيلار قاتارلىق خانلىقلاردا بولسۇن ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ ھاكىمىيەتلەردە يادرولۇق رول ئوينىغانلىقىنى تارىخىي مەلۇماتلار ئىسپاتلاۋاتىدۇ. شۇنداق كۆپ خىل ئامىللارنى ھېسابقا ئالغاندا، ئۇيغۇرلارسىز تۈرك بولمايدۇ، دېگەن بۇ يەكۈن ئۆز دەۋرىدىكى تارىخىي، ئىجتىمائىي رېئاللىققا ئۇيغۇن قاراش ئىدى.

## تۇزنى ئۇلۇغلاش ئادىتى

تۇز ئۇيغۇر - تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئەڭ قەدىمكى ئاش تېتىتقۇسى، تۇز بىلەن تاماق ئىستېمال قىلىشنىڭ ئىختىرا قىلىنىشى ئۇيغۇر - تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئىنسانىيەتنىڭ تاماق مەدەنىيىتىگە قوشقان مۇھىم بىر تۆھپىسى ئىدى. مانا شۇنىڭدىن باشلاپ تۇزنى ئۇلۇغ بىلىش خەلقىمىز تۇرمۇشىدا مۇھىم بىر ئەنئەنىگە ئايلاندى. ئۇيغۇرلاردا «تۇزۇڭنى يەپ تۇزلۇقۇڭنى چاقاي»، «تۇز ھەققى»، «تۇزدەك تېتىپ ئۆتۈپ كېتىمەن» دېگەندەك ماقال - تەمسىل، قەسەم، ئىدىيوم سۆزلىرى ناھايىتى كۆپ. ھەتتا نىكاھلانغان قىز - يىگىتكە نىكاھنىڭ چىڭ باغلىنىشى ئۈچۈن تۇزغا چىلانغان نان يېگۈزۈش ئادىتىمۇ بار. ئۇنىڭدىن باشقا «تۇزنى دەسسىسە يامان بولىدۇ»، «تۇزنىڭ ھەققى»، «تۇزكورلۇق قىلماق» دېگەندەك پەرھىز سۆزلىرى ھەم

ۋاپاسىزلىقنى ئىپادىلەيدىغان سۆزلەر بار. مانا شۇ ئادەتلەرنىڭ تېگى ـ تەكتىنى سۈرۈشتۈرگەندە، بۇ ئۇنۇگۈن ياكى بۈگۈن شەكىللەنگەن ئادەت ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ يىلتىزىنىڭ ناھايىتى چوڭقۇر ئىكەنلىكىنى بىز «دىۋان»دىكى قىسقىچە بىر ئۇچۇردىنلا ھېس قىلىپ قالدۇق. مەھمۇد كاشغەرىي دەۋرىدە ۋە ئۇنىڭدىن بۇرۇنلا خۇددى بىز ھازىر «ئاش» ئۇقۇمىنى «تۇز» ئۇقۇمىدا ئىپادىلەپ، «ئېشىمنى يېگەن»، «ئېشىمنى يەپ قازىنىمنى چاقتى» دېگەن سۆزلەرنى «تۇزۇمنى يېگەن»، «تۇزۇمنى يەپ تۇزلۇقۇمنى چاقتى» دەپ ئىپادىلىگەندەك، ئۇلارمۇ ئاشنى تۇز ئۇقۇمى بىلەن ئىپادىلىگەنىكەن: «تۇزغۇلاندى ــ ئول ماڭا تۇزغۇلاندى، يەنى ئۇ ماڭا تاماق تەقدىم قىلدى» (Ⅲ. 278). دېمەك، «تۇز بەردى» دېگىنى ئاش بەردى دېگەننى ئىپادە قىلغان. بۇ يەردە تۇزنى ئۇلۇغلاش دېگەن ھەرگىزمۇ ئۇنىڭغا چوقۇنۇش، تەڭرى قىلىۋېلىش مەنىسىدىكى ئىش ئەمەس، بەلكى ئۇ تۇزنى خاسىيەتلىك بىلىش، تۇز ھەققىنى ئادا قىلىش، تۇزنى يېگەندىن كېيىن ئۇنىڭغا ۋاپادارلىق قىلىش، ۋاپاسىزلىق قىلماسلىق قاتارلىق مەنىلەرنى ئىپادىلەيتتى. يەنى نانتى، ئاشنى ئۇلۇغلاشنىڭ سىمۋوللۇق ئىپادىلىنىشى ئىدى. تۇزنى خاسىيەتلىك بىلىشنى ھەرگىزمۇ خۇراپاتلىق دەپ قاراشقا بولمايدۇ.

## «پېشانىسى كەڭلىك»نى بەخت نىشانى دەپ قاراش

قەدىمكى ئۇيغۇر ـ تۈركىي تىللىق خەلقلەردە ئادەمنىڭ فىزىيولوگىيەلىك قۇرۇلمىسىغا قاراپ، ئۇنىڭ بەخت ئىقبالىغا باھا بېرىش، چېھرىدە ئىپادىلەنگەن ئالامەتلەر ئارقىلىق ئۇنىڭ خاراكتېر ـ مىجەزىگە باھا بېرىش ئادەمنىڭ ئىچكى دۇنياسى بىلەن تاشقى دۇنياسى ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىشنى چۈشىنىش ئۈچۈن قىلىنغان ئىزدىنىشچانلىقلىرىنىڭ بىرى ئىدى. بىزنىڭ

بايقىشىمىزغا قارىغاندا، قاراخانىيلار دەۋرىدە پسىخولوگىيە ئىلمى خېلى تەرەققىي قىلىپ، ئادەمنىڭ تاشقى قىياپىتى بىلەن ئىچكى دۇنياسىنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدە مەلۇم ئىلمىي ئاساسلارغا ئىگە بولغانلىقى مەلۇم. «دىۋان»دىن بىز پەقەت «پېشانىسى كەڭ ئادەم» دېگەن مەنىنى ئۇقتۇرىدىغان «ئالىنلىغ» دېگەن سۆزنىلا ئۇچرىتىمىز، بىراق «قۇتادغۇبىلىك»تە پسىخىك دۇنيا بىلەن فىزىيولوگىيەلىك ئالاھىدىلىك ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ھەققىدە يەكۈنلەنگەن خېلى كۆپ مەنبەلەرنىڭ بارلىقىنى كۆرەلەيمىز. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئالدى بىلەن ئىنسان تەبىئىتى ۋە ئىنسان خاراكتېرىنى مۇھاكىمە قىلغاندا نەسىل، تۇغما ئالاھىدىلىك مەسىلىسىگە ئەڭ ئېتىبارلىق ئىلمىي مەسىلە سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىدۇ. دۆلەت ئاپپاراتلىرىغا ئادەم قويۇشتا نەسلى ئېسىل ۋە ئېرىق بولۇشى كېرەك دەپ قارىغان. بۇ خاراكتېرشۇناسلىقتا ئاۋۋال دۇچ كېلىدىغان ئۆتكەل ئىدى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ خاراكتېرشۇناسلىق ئىلمى نۇقتىسىنىڭ ئىككىنچى قەدىمىنى قىياپەتكە، بەدەن فىزىيولوگىيەلىك ئالاھىدىلىككە قاراتقان. ئۇنىڭ نەزەرىيەسىنىڭ چىقىش نۇقتىسى «چىرايلىق، ئۆلچەملىك يارالغان ئادەمنىڭ ئىچكى دۇنياسىمۇ چىرايلىق بولىدۇ» دېگەندىن ئىبارەت ئىدى. «ئادەمنىڭ ئىچكى دۇنياسىغا تاشقى كۆركى گۇۋاھ، تېشىنى كۆرۈپ ئىچىنى پەرەز قىل، ئىچى تېشىدەك، تېشى ئىچىدەك بولىدۇ». بۇ بايانلار شەرق خەلقلىرى ئارىسىدىكى «چىراي قەلبنىڭ دېرىزىسى» دېگەن چۈشەنچىنىڭ 11 ـ ئەسىردىكى ئىلمىي يېشىمى ئىدى.

2086. بويى بەك ئۇزۇنىنى خوپ كۆرمەس بىلىم،
تولا قىسقا بولسا، بولماس خۇش يىچىم.

2089. پاكار، ئۇزى ئاجىز، ئاچچىقى يامان،
بۇ ئاچچىق نەدە، شۇندا جاڭجال ھامان.

ھۈسەيىن ۋائىز كاشىفىنىڭ «مۇسۇلمانلاردا گۈزەل ئەخلاق» دېگەن ئەسىرىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: «نۇشىرۋاننىڭ زامانىدا ھۆكۈمالار پاراسەت بابىدا كىتاب بېزىپ قىلىپ بەرگەنىدى، نۇشىرۋان ھەمىشە ئۇنى ئەستايىدىل كۆرۈپ، ئۇنىڭ مەزمۇنى بويىچە ھۆكۈم يۈرگۈزەتتى.

بىركۈنى بىر پەتەك كىشى كىرىپ:

— ماڭا بىرى زۇلۇم قىلدى، — دەپ ئەرز قىلدى.

نۇشىرۋان:

— مەن پاراسەت كىتابىدىن پەتەك كىشىلەرنىڭ خۇنۇك، ھىيلىگەر ۋە زالىم بولىدىغانلىقى توغرىسىدىكى مەزمۇنلارنى كۆرگەن. بۇ ئالامەتلەر سەندە بار ئىكەن، شۇڭا زۇلۇم قىلغۇچى سەن ئۆزۈڭ، — دېدى.

— ئۇ مەندىنمۇ پەتەكتۇر، — دېدى ئۇ كىشى.

ئۆزىنىڭ رەقىبىنى ھازىر قىلغانىدى، بۇ كىشى راستتىنلا ئەرز قىلغۇچىدىنمۇ پەتەك ئىكەن. نۇشىرۋان ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى بىلىپ ئەرز قىلغۇچىنىڭ دادىغا يەتتى.»

«كەلىلە ۋە دىمنە» دېگەن ئەسەردىن مۇنداق بىر باياننى ئۇچرىتىمىز: «پاراسەتلىك ئۆلىمالار ۋە دانىشمەن پازىللارنىڭ ئېيتىشىچە، ئەگەر كىمنىڭ ئىككى چىشىنىڭ ئارىسى كەڭ ۋە يىراق بولسا، ئوڭ كۆزى سول كۆزىدىن كىچىكرەك بولسا ۋە نەزىرى تېز بولۇپ، كۆز ئۇچىدا ئىشارەت قىلغان بولسا، بۇرنى سول تەرەپكە مايىل بولۇپ، تولا ۋاقىتلاردا يەرگە قارىغان بولسا، شۇنىڭ ئىخلاس زاتىدا مەككارلىق، ئالدامچىلىق ۋە پىتنە - پاساتلارنىڭ ھەممىسى جەملەنگەن بولىدۇ» دېيىلگەن. بۇ ئەسەر زامانىمىزدىن ئاز دېگەندە 1500 يىل بۇرۇن بارلىققا كەلگەن. بۇنىڭدىن قارىغاندا، قىياپەت ئىلمىنىڭ شەرقتە ناھايىتى قەدىمدىن تەتقىق قىلىنىشقا باشلىغانلىقى ئايان بولىدۇ.

مەھمۇد كاشغەري مەلۇمات بەرگەن پىشانىسى كەڭ ئادەم دېگەن چۈشەنچە ھازىرقى ئۇيغۇرلاردىمۇ ئىزچىل داۋاملىشىپ

كېلىۋاتقان، ئالدى ئوچۇق، قولى كەڭ، بەختلىك بولۇشىنىڭ نىشانى دەپ قارىلىدىغان ئالامەتلەرنىڭ بىرى. بۇ ھەقتە «قىياپەتۇل بەشەر» دېگەن ئەسەرنىڭ «پېشانە ئالامەتلىرى بايانىدا» دېگەن ماۋزۇسىدا مۇنداق خاراكتېر بېرىدۇ: «ئەگەر كىشىنىڭ پېشانىسى كەڭ بولۇپ، سىزىقى بولماي تېكىس (ئوز) بولسا ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ئالامەتلەر بولمىسا، ئۇ شۇ كىشىنىڭ ئۇچخور، پەيلى يامان، يالغانچى، ئالدامچى، تەكەببۇر ۋە ھاۋايى - ھەۋەسكە بېرىلگۈچى كىشى ئىكەنلىكىگە دەلىلدۇر.

ئەگەر پېشانىسى ئوتتۇرا ھال بولۇپ، ئوتتۇرىسىدا سىزىقلىرى بولسا، بۇ شۇ كىشىنىڭ راست سۆزلۈك، دوستقا سادىق، ئەقىل - تەدبىرلىك ۋە بەخت - سائادەتلىك بولماقلىقىغا دەلىلدۇر. ھەر كىشىنىڭ پېشانىسى تار بولسا، بۇ شۇ كىشىنىڭ ھاياسىز، نادان، قورقۇنچاق، پالاكەت ۋە نىجىس ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلىدۇر.»[①].

ئومۇمەن، مەھمۇد كاشغەرىينىڭ يۇقىرىقى پېشانە ھەققىدە بەرگەن ئۇچۇرى، ئۆز دەۋرىدىكى خەلق ئىچىدىكى قىياپەت ھەققىدىكى چۈشەنچە ئادەتلىرىنىڭ بىر ئىپادىسى ئىدى دەپ ئېيتىشقا ھەقلىقمىز.

## قەسەم قىلىش ئادىتى

ھازىرقى ئۇيغۇر تىلىدا قوللىنىۋاتقان «قەسەم» سۆزى ئەرەب تىلىدىن كىرگەن سۆز، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «ئانت» دېيىلەتتى. ئانت دېمەك، ئەڭ ئالىي ۋەدە، گۇۋاھلىق ۋە نىيەتنى ئىپادىلەش ۋاستىسى. ئۇنىڭدا ئانت ئىچكۈچى مەلۇم بىر ئىشقا ۋەدە قىلسا، مەلۇم ئىشنى قىلىشقا نىيەت قىلغان بولسا، تەڭرىنى گۇۋاھقا تارتىپ، تەڭرىنى شېھىي كەلتۈرۈپ تۇرۇپ دېگىنىنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. يەنە ئەگەر بىر ئادەم يەر كىشىدىن بىرەر ئىشتا گۇمانلانغان بولسا، شۇ گۇماننى

مۇقىملاش ياكى يوققا چىقىرىشتا بىر قارارغا كېلەلمىسە، شۇ كىشىنى ئانت ئىچىشكە مەجبۇرلايدۇ. قەدىمكى زامان ئادەتلىرىدە ئاسمان تەڭرىسى ئۇرسۇن، تۆمۈر ئۇرسۇن، تۆمۈر قانغا بويالسۇن، دېگەندەك ئانت قىلىش ئادەتلىرى بولغان. ئىسلامىيەتتىن كېيىن ئانتنىڭ مەزمۇنىدا ئۆزگىرىش بولدى. يەنى بىر ئاللا نامىدا قەسەم قىلىدۇ، بەزىدە قۇرئان تۇتۇپ قەسەم قىلىدۇ. قەسەمنىڭ خاراكتېرى ناھايىتى ئېغىر بولغاچقا، ئىسلامدا كەلسە ـ كەلمەس قەسەم قىلىش چەكلەنگەن. «قەسەمخور ئادەم قىيامەتتە يۈزىنىڭ قەتئىي گۆشى يوق ھالەتتە ھەشر قىلىنىدۇ» دېگەندەك ھەدىسلەرمۇ بار. قەسەم قىلىش دېگەن ئېغىز قانۇن مۇنتىزىملاشمىغان دەۋرلەرنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، بەزى ئىشلارنى دەلىللەشتە دىنىي يول بىلەن تەڭرى ھەققىدە قەسەم قىلدۇرۇش ئۇسۇلى بىلەن دەلىللىيەتتى. بۇنى ھەرگىزمۇ قانۇننىڭ ئورنىغا قويۇشقا بولمايدۇ. ئەڭ مۇھىمى ئەمەلىيەتكە، دەلىل ـ ئىسپاتقا، قانۇنغا ئاساسلىنىش كېرەك. قەسەم بىر خىل بولسىمۇ، قەلب كۆپ خىل بولغاچقا، نەتىجە ئوخشاش بولمايدۇ.

## مىنىلمەيدىغان، سېغىلمايدىغان ئۇلاغ ــ ئىزۇق

مەھمۇد كاشغەرىي «ئىزۇق» دېگەن سۆزنى ئىزاھلاش يۈزىسىدىن مۇنداق بىر ئادەتتىن مەلۇمات بەرگەن: «ئىزۇق» دېگەن سۆز «قۇتلۇق، مۇبارەك نەرسە، ئىرىملىق نەرسە» دېگەن مەنىدىكى سۆز بولۇپ، ھەرقانداق تەۋەررۈك، ئەتىۋارلىق، قۇتلۇق نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى مۇشۇ نامدا ئاتالغان. مانا شۇنىڭدىن چىقىپ، مىنىلمەيدىغان، سېغىلمايدىغان، ئۆز ئىختىيارىغا قويۇپ، ئۆزلىرى بىلەن ھەمراھ قىلىپ بىللە ئېلىپ ماڭىدىغان ئۇلاغلارنىمۇ «ئىزۇق» دەپ ئاتىغان. مەھمۇد كاشغەرىي: «ئۇنىڭغا يۈك ئارتىلمايدۇ، ئۇنىڭ سۈتى سېغىلمايدۇ، يۇڭىمۇ قىرقىلمايدۇ. ئىگىسى ئۇنى بىرەر نەرسىگە ئاتاپ ساقلايدۇ» ( I . 89) دېگەن.

قارىغاندا بۇ قەدىمكى ئەقىدىگە باغلانغان بىر قائىدە بولسا كېرەك. ئۇنى «قۇتلۇق، مۇبارەك» نامىدا قەدىرلىگەنلىكىگە قارىغاندا، ئۇنى ئۇزۇن ئېتىقادىدىكى مەلۇم بىر «ئەۋلىيا ـ ئەنبىيالار» نىڭ ئىشلىتىشىگە قالدۇرغان ۋە شۇنىڭغا ئاتالغان بولۇشى مۇمكىن.

## قىلىچنى يالىڭاچلاپ ئالدىغا كۆندىلەڭ قويۇش

تۈركىي تىللىق خەلقلەر نەچچە يۈز قەبىلە ۋە ئۇرۇقتىن تەشكىل تاپقانىدى. نۇرغۇن قائىدە ـ يوسۇنلاردا ئورتاقلىق، بىرلىك بولسىمۇ، يەنە بىر قىسىم ئادەتلەر خاس بىر قەبىلىنىڭ ئۆزىگە خاس بولاتتى. بىراق، «دىۋان»دا قەبىلىلەر ئارىسىدىكى تىل جەھەتتىكى بەزى دىيالېكت پەرقلىرىنى كۆرسەتكەن بولسىمۇ، قائىدە ـ يوسۇن جەھەتتىكى پەرقلەر ھەققىدە كۆپ مەلۇمات بەرمىگەن. پەقەت «تۆمۈر» دېگەن سۆزنى ئىزاھلاپ، قىرغىز، ياباقۇ، قىپچاق قاتارلىق قەبىلىلەرگە خاس قائىدە بولغان مۇنداق بىر ئەنئەنىنى تونۇشتۇرغان: «تۆمۈر، كۆك تۆمۈر بىكار تۇرماس» دېگەن ماقالنى بەرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ يەنە بىر مەنىسى بارلىقىنى تىلغا ئېلىپ: «قىرغىز، ياباقۇ، قىپچاق ۋە باشقا خەلقلەر قەسەم ئىچكەندە ياكى ۋەدە قىلغاندا، قىلىچنى يالىڭاچلاپ، ئالدىغا كۆندىلەڭ قويىدۇ ـ دە، ‹بۇ كۆك قورسۇن قىزىل چىقسۇن›، دەيدۇ، بۇ ۋەدە بۇزۇلسا قىلىچ قانغا بويالسۇن، تۆمۈر ئۆچ ئالسۇن دېگەن بولىدۇ. چۈنكى، ئۇلار تۆمۈرگە ھۆرمەت قىلىدۇ» ( [ ] . 468)دېگەن.

تۆمۈرنى ئۇلۇغ بىلىپ، ئۇنى ۋاستە قىلىپ قەسەم قىلىش، يېقىندا سانالغان بەزى تۈركىي تىللىق قەبىلىلەرنىڭ، بولۇپمۇ تېخى مۇسۇلمان بولمىغان تۈركىي تىللىق قەبىلىلەرنىڭ قائىدە ـ يوسۇنى ئىدى. ئىسلامغا ئەقىدە قىلغان خەلقلەردە ئاللاننىڭ نامىدىن باشقا ھەرقانداق نەرسىنى ۋاستە قىلىپ ياكى شۇ

نەرسىنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىش گۇناھ، شەك كەلتۈرۈش ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭدىن قارىغاندا، 11 ـ ئەسىرلەردە قىپچاق، ياباقۇ ۋە قىرغىز قاتارلىق قىر ـ سەھرا قەبىلىلىرىنىڭ تېخى ئىسلام دىنىغا كىرمىگەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. بىز تۆمۈرنى ئۇلۇغ بىلىشنىڭ سەۋەبىنى، «كۆك تۆمۈر بىكار تۇرماس» دېگەن ماقالنى شەرھلىگەندە قىسقىچە چۈشەندۈرۈگەنىدۇق. «قىلىچ قانغا بويالسۇن، قىلىچ ئۇرسۇن» دېگەن قەسەم ئەلۋەتتە قىلىچنىڭ ئۆز دەۋرىدىكى ئۇرۇشلاردا، جازادا ئالاھىدە رول ئوينىغانلىقى، جان ئالىدىغانلىقى ئۈچۈن ئىدى. قىلىچ يەپ ئۆلۈش تۈركىي تىللىق قەبىلىلەر ئۈچۈن تولىمۇ خورلۇق، ھاقارەتلىك بىر ھال بولغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

## قۇربانلىق قىلىش ئادىتى

«دىۋان»دا «ياغىش ـــ قۇربانلىق» سۆزى ئىزاھلىنىپ، «ئىسلامدىن بۇرۇنقى تۈركلەرنىڭ بىرەر ئىش يۈزىسىدىن ياكى تەڭرىگە يېقىنلىقىنى بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن بۇتلارغا ئاتاپ سويىدىغان قۇربانلىقى» (Ⅲ. 11) دېيىلگەن.

ھازىر «قۇربانلىق» دېيىلسە كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىغا ئىسلام دىنىنىڭ قۇربانلىق قىلىش ئادىتى كېلىدۇ. چۈنكى، ئىسلامىيەتتىن كېيىن ئۇيغۇرلار ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدىن تارتىپ ۋاجىپ بولغان قۇربانلىق قىلىش ئادىتىنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى. بىراق، ئىسلامىيەتتىن بۇرۇن ئۇيغۇرلار بۇرخانغا ئاتاپ نەزىر ـ چىراغ قىلاتتى، ئۇنىڭغا ئاتاپ مال سويۇپ، بۇرخان تەڭرىدىن ياخشى تىلەكلىرىنى تىلەيتتى. يامان كۈنلەرگە قالسا، قۇرغاقچىلىق، ھۆل ـ يېغىن قاتارلىق تەبىئىي ئاپەتلەرگە ئۇچرىغاندا قۇربانلىق قىلىش ئارقىلىق تەڭرىدىن ياخشى

تىلەكلىرىنى تىلەيتتى. مانا شۇ خىل ئادەتنى «يافىش» دەپ ئاتاشقان.

## تۇمار ساقلاش ئادىتى

«دىۋان»نىڭ I توم 499 ـ بېتىدە، «بېتىك» سۆزىنى ئوغۇزچە «تۇمار» دېيىلىدىغانلىقى ھەققىدە مەلۇمات بېرىلگەن. قەدىمكى شامان ئەقىدىسىدە شامان باخشىلىرى، كاھىنلىرى، پېرىخونلار، پالچىلار مەلۇم ئادەمنىڭ يامانلارنىڭ زىيانكەشلىكىدىن، جىنلارنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلىنىشى، ئىشلىرىنىڭ ئوڭغا تارتىشى ئۈچۈن شامان، مانى تەڭرىلىرىنىڭ نامىنى تىلغا ئېلىپ تۇمار پۈتۈپ بېرەتتى. كىشىلەر بۇ تۇمارنى ساقلاپ خاتىرجەملىككە ئېرىشىش تۇيغۇسىدا بولاتتى. بۇ ئادەت كېيىن ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىنمۇ ئىسلام تۈسىنى ئېلىپ، موللاملار، داخانلار قۇرئان ئايەتلىرىنى، ھەدىسلەرنى پارچە قەغەزگە يېزىپ ئۈچ بۇرجەك قىلىپ قاتلاپ، بىر تۇمار قېپى تىكىپ بېرىدىغان بولدى. بۇ ئادەت ھازىرمۇ ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە داۋاملاشماقتا. ئىسلام ئەقىدىسى بويىچە قارىغاندا، ئاللا ئىرادە قىلغان ئىشنى ھېچقانداق بىر كۈچ ئۆزگەرتەلمەيدۇ، بەختسىزلىكنى بەختكە، بەختنى بەختسىزلىككە ئۆزگەرتىش مەخلۇقاتنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ. ئەگەر ئۆزگەرتىش توغرا كەلسە پەقەت شۇ ئادەمنىڭ ئۆزىلا توغرا يولغا قەدەم باسسا، يامان يولدىن ئۆزىنى تارتسا، ياخشىلىق يولىنى تۇتسا، ئاندىن بەختكە يۈگەن سالالىشى مۇمكىن. شۇڭا، دىلىدا ئىمان نۇرى پارلىغان ئادەمگە نىسبەتەن بوينىغا تۇمار ئېسىۋېلىشنىڭ ھېچقانداق زۆرۈرىيىتى يوق، دىلىدا ئىمان بولمىسا، قۇرئاننى بوينىغا ئېسىپ قويسىمۇ ئۇنىڭدىن نېمە پايدا؟ شۇ نۇقتىدىن چىققاندا، تۇمار ئېسىش، تۇمارغا ئىشىنىش ھەقىقىي مەنىدە خۇراپاتلىق بولىدۇ.

## يازدا تۇغۇلغان «كۆرپە» ئوغۇل

مەھمۇد كاشغەري «كۆرپە» سۆزىنى ئىزاھلاپ، مۇنداق بىر ئادەتنى ئۇچۇر بېرىدۇ: «كۆرپە ئوت قايتا ئۈسكەن ئوت، كۆرپە يېمىش ئىككىنچى پىششىقى يېمىش، يازدا تۇغۇلغان ئوغۇلمۇ ‹كۆرپە ئوغۇل› دېيىلىدۇ. شۇنىڭدەك، ۋاقتىدىن كېيىن تۇغۇلغان قوزا، ئوغلاق ۋە موزايغىمۇ ‹كۆرپە› سۆزى قوشۇلۇپ قوللىنىلىدۇ» (Ⅰ . 542). بۇ قەدىمكى چارۋىچى خەلقلەر ئارىسىدا پەيدا بولغان ئادەت بولۇپ، ئۇنىڭ بالىنىڭ يازدا تۇغۇلغانلىقىنى قانداق مەنىدىن چىقىپ «كۆرپە» ئاتىغانلىقىنى چۈشەندۈرمەك قىيىن. ھازىر ئۇيغۇرلار بۇ خىل ئادەتكە ۋارىسلىق قىلمىغان.

## «قاپلىغ ئوغۇل» ئەقىدىسى

قەدىمكى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ چۈشەنچىسىدە، بالا ئانا قورسىقىدا ئۆزىنى ئوراپ تۇرغان بىر قەۋەت نېپىز قاپ بىلەن تۇغۇلغان بولسا، ئۇنى «قاپلىغ ئوغۇل» دەپ ئاتىغان ۋە ئۇنى شۇ بالىنىڭ بەختلىك بولۇشىنىڭ بەلگىسى دەپ ھېسابلاشقان (Ⅲ . 200).

بالىنىڭ قاپ بىلەن تۇغۇلۇشى ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ. بىراق، يەنىلا يۈز بېرىپ تۇرىدىغان ئىش. بۇ ھادىسىنىڭ شۇ بالىنىڭ كېيىنكى بەختى بىلەن ئانچە مۇناسىۋىتى بولمىسىمۇ، قەدىمكى تۈركىي تىللىق خەلقلەردە بۇ خىل چۈشەنچىنىڭ قانداق سەۋەبتىن پەيدا بولغانلىقى ھەققىدە ئەقىلگە مۇۋاپىق بىرنەرسە دەپ بېرىشكە ئاجىزلىق قىلىمىز.

كىتاب تورى بېكىتى



## ئوغۇلنىڭ قۇلىقىنى تىلدۇرۇش ئادىتى — «ئەز تۇرۇش»

مەھمۇد كاشغەرىي «ئەز تۇردى» دېگەن سۆزگە مىسال كەلتۈرۈپ: «ئۇ ئوغۇلنىڭ قۇلىقىنى تىلدۇردى» ( I . 295) دېگەن جۈملىنى تۈزىدۇ. بۇ خىل ئادەتنىڭ قانداق شەكىللەنگەنلىكى، ئۇنىڭ قانداق مەقسەتكە ۋەكىللىك قىلىدىغانلىقى ھەققىدە باشقا مەنبەلەردە بىرەر مەلۇماتنى ئۇچراتمىدۇق. تۈركىي تىللىق قوۋملاردا ئوغۇللارنىڭ قۇلىقىنى تېشىش ئادىتى بولغان. بۇ ئادەت ھازىرغىچە ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ۋە باشقا تۈركىي تىللىق قوۋملاردا ئازدۇر - كۆپتۇر ساقلىنىپ كەلگەن. قۇلاقنى تېشىش، ئۇ بالىنىڭ بىجىرىم ئەي بولۇپ قاتارغا قوشۇلۇشى، يەنە بىرى، بەختلىك، يامان كۆزدىن يىراق بولۇشى قاتارلىق ئىستەكلىرى ئاساسىدا پەيدا بولغان. قۇلاقنى تىلدۇرۇشمۇ بەلكىم يۇقىرىقىدەك بىر ئۈمىد، ئارزۇلىرى ئاساسىدا پەيدا بولغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولىدۇ. بىز قۇلاق تىلدۇرۇشنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلمىسەكمۇ، «دىۋان»دىكى يۇقىرىقى مىسالنىڭ ئاخىرىدا چۈشەندۈرۈلگەن «تېرىنى ياكى يەرنى ئۇزۇنىسىغا جىجىلاشقىمۇ مۇشۇ سۆز ئىشلىتىلىدۇ» دېگەنگە قارىغاندا، قۇلاقنىڭ يۇمشىقىدىن تۈز ھالدا تىلىپ قويسا كېرەك. خەلقتە ئاڭنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ بۇنداق خۇراپىي ئادەتلەر بارا - بارا قېپقالغان. بىلىش كېرەككى، بىر ئادەمنىڭ يارىتىلىشى بىر پۈتۈن بولىدۇ. مانا شۇ بىر پۈتۈنلۈك ئىچىدە مۇكەممەللىك بولىدۇ. تەبىئىي يارالمىش پۈتۈنلۈككە نىسبەتەن ھەرقانداق شەكىلدىكى ئۆزگەرتىشكە ئۇرۇنۇش ياخشىلىق ئەمەس، بەلكى يامانلىق ئېلىپ كېلىدۇ. ئادەمنىڭ بەختىمۇ، بەختسىزلىكىمۇ فىزىيولوگىيەلىك ئالاھىدىلىكتە ئەمەس، بەلكى ھەربىر ئادەمنىڭ مەنىۋى جەھەتتىكى كامالىتىگە، تەلىم - تەربىيەدىكى ئەتراپلىق

بولۇشىغا، ئەبىشىي ۋە ئىجتىمائىي شارائىتىنىڭ قانداق بولۇشىغا، ئۆزلۈكسىز ئىرىشىچانلىقىغا باغلىق بولىدۇ.

## شامان دىنىغا ئائىت بىر قىسىم سۆزلەرگە ئىزاھات

«تۈركىي تىللار دىۋانى»غا ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنە، ئۆرپ ـ ئادەت ۋە دىنىي ئېتىقادىغا مۇناسىۋەتلىك خېلى كۆپ سۆزلۈكلەر، رىۋايەتلەر ۋە باشقا ئۇچۇرلار كىرگۈزۈلگەن. بۇنىڭدا شامان دىنىغا دائىر مەلۇماتلار خېلى سالماقنى ئىگىلەيدۇ.

شامان دىنى تۈركىي ئاتالغۇ بويىچە قامان دىنى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. شامانىزم قەدىمكى شىمالىي ئاسىيا خەلقلىرى چوقۇنىدىغان دىن. تەتقىقاتلاردىن مەلۇم بولۇشىچە، «شامان» سۆزى تۇنگۇس ـ مانجۇ تىلى تەركىبىدىكى سۆز بولۇپ، بۇ دىننىڭ تارقىلىش دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ، تارىخى ناھايىتى ئۇزۇن بولغاچقا، كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش، ئۆرپ ـ ئادەتلىرىگە ناھايىتى چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەن. ئۇنىڭ تەسىرى ھەتتا ھازىرقى زامانىمىزدىمۇ ھەر خىل مەزمۇندا خەلق ئارىسىدا داۋاملىشىپ كەلمەكتە.

مەھمۇد كاشغەرىي قەدىمكى شامان ئېتىقادىغا مۇناسىۋەتلىك بەزى سۆزلەرنىڭ مەنىسى، ئېتىمولوگىيەسىنى ئىزاھلاش زۆرۈرىيىتىدىن شامان ئېتىقادىغا ئائىت بەزى رىۋايەتلەر، ئىبارىلەر، ئەپسانىلەر ۋە يەنە بەزى مۇھىم ئۇچۇرلارنى قالدۇرۇپ كەتكەن. بۇ ئادەتلەرنىڭ بەزىلىرى ھازىرغىچە ئۇيغۇرلار ئارىسىدا خېلى ئومۇملاشقان بولۇپ، نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان تاشلىنىپ كەتمىگەن. مەسىلەن، ئىسرىق سېلىش، ئوتلاپ كۈچ ـ كۈچ قىلىش، قارانچۇق قاتارلىقلار. بۇ ئۇچۇرلار بىزنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى تۇرمۇش، ئۆرپ ـ ئادەت، ئەنئەنە، ئېتىقاد ساھەلىرىگە باشلاپ بېرىپ ساياھەت قىلدۇرىدۇ.

تۆۋەندە بىر قىسىم مۇھىم ئۆرنەكلەر ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە بېرىش بىلەن كۇپايىلىنىمىز.

**ئىسرىق** — ئىسرىق سېلىپ جىنلارنى ھەيدەش، بالىلارنى جىن ـ ئالۋاستىلاردىن ۋە كۆز تېگىشتىن ساقلاش ئۈچۈن ئەپسۇن ئوقۇغاندا ئىشلىتىدىغان سۆز. ئىسرىقنىڭ ئىسى بالىنىڭ يۈزىگە تەگكۈزۈلۈپ «ئىسرىق، ئىسرىق، ھەي جىن، كۆچ ـ كۆچ دېيىلىدۇ» ( I . 134).

بۇ خىل ئادەت ۋە جىن ئۇقۇمى ئىسلام دىنىدىكى كۆز تېگىش، جىن چاپلىشىش ھەققىدىكى چۈشەنچىلەر بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەن. ئىسلام دىنى ئەقىدىلىرىدە جىن ئېتىراپ قىلىنىدۇ، كۆز تېگىشمۇ ئېتىراپ قىلىنىدۇ. بىراق، شامان دىنى بىلەن ئىسلام دىنىنىڭ بۇ ئىككى ئىشقا قوللانغان تەدبىرى ئوخشىمايدۇ. شامان دىنىدا ئىسرىق سېلىش، ئوت كۆچۈرۈش ئۇسۇلىدا بىر تەرەپ قىلسا، ئىسلام دىنىدا ئايەت ئوقۇپ ئۈرۈش ئارقىلىق جىنلارنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلىنىدۇ. ئىسرىق سېلىشنى ئىسلام دىنى قاتتىق چەكلەيدۇ. بۇ ئىسلام ئەقىدىسىگە خىلاپ ئىش دەپ قارايدۇ. بىراق، بۇ ئادەت ھازىرغىچە خەلق ئارىسىدا ساقلىنىپ كەلمەكتە.

**ئۇماي** — ئۇمايغا تېۋىنىش ۋە ئۇماي ئانا. ئەش، يولداش، ھەمراھ، ئاياللارنىڭ كۆزى يورۇغاندا بالىدىن كېيىن چۈشىدىغان نەرسە. ماقالىدا مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئۇمايغا تېۋۈنسە ئوغۇل تۇغۇر» ( I . 167).

ئۇماي ئۈچ خىل مەنىدە قوللىنىلىدۇ. بىرى، قەدىمكى ئىپتىدائىي ئىلاھىي ئانا. يەنە بىرى، ئاياللارنىڭ جىنسىي ئەزاسى. ئۈچىنچى بىر مەنىدە بالا ھەمراھىنى ئۇقتۇرىدۇ. ئانىلارنىڭ بالا تۇغۇشى ۋە بۇ جىنسىي ئەزالارنىڭ خاسىيىتى ئىپتىدائىي ئىنسانلارنى ھەيران قىلغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇلاردا ئاياللارنىڭ جىنسىي ئەزاسىغا چوقۇنۇشتەك ئىپتىدائىي ئەقىدە بارلىققا كەلگەن. مەركىزىي ئاسىيادىكى قىيا تاش رەسىملىرىدە

بۇ خىل جىنسقا چوقۇنۇش ئادىتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن رەسىملەر خېلى كۆپ بايقالدى. بۇ ناھايىتى قەدىمكى ئىپتىدائىي چۈشەنچىنىڭ بىر ئىپادىسى. «كۆلتېگىن مەڭگۈ تېشى»دا «ئۇمايدەك ئەگىم قاتۇن قۇتىڭا ئىنىم كۆلتېگىن ئەر ئات بولتى» (ئۇمايدەك ئانام قاتۇننىڭ دۆلىتىدە ئىنىم كۆلتېگىن ئەر ئاتالدى) دېيىلگەن. بۇ يەردە ئۇماي تەڭرى ئەمەس، بىراق «ئۇمايدەك» دېگەن سۆز ئانىنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى نامايان قىلىۋاتىدۇ، پەزىلەتلىك، مېھرىبانلىقنى نامايان قىلىۋاتىدۇ. شۇڭا، ئاشۇنداق ئانا بولغاچقا كۆلتېگىندەك باھادىر، يىراقنى كۆرەر خاقانلار بارلىققا كەلگەن. ئۇمايغا تېۋىنسا يەنى ئۇنىڭغا چوقۇنسا ئوغۇل تۇغۇر دېگەندىمۇ مانا شۇ ئەقىدە گەۋدىلەندۈرۈلگەن. ھازىر «ئۇماي»نىڭ مەنىسى پەقەت ئاياللارنىڭ جىنسىي ئەزاسىنىلا ئىپادىلەيدۇ.

**ئاباقى** — جېنى يوق قارانچۇقتىن پاناھ تىلەش، قارانچۇق. كۆز تەگمىسۇن دەپ باغ ۋە كۆكتاتلارغا قاداپ قويۇلىدىغان قارانچۇق.

بۇ ئادەتنىڭ قانداق شەكىللەنگەنلىكى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات يوق، بىراق بۇ ئادەت ھازىرغىچە خەلقىمىز ئارىسىدا داۋاملىشىپ كەلگەن. ئۇنىڭدىن باشقا ئىت، ئېشەك، كالا قاتارلىقلارنىڭ باشلىرىنى ئېسىپ قويۇش ئادىتى بار. بىر ئالىم بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «بىر باغقا ئېشەكنىڭ كاللىسى ئېسىلغانىكەن. مەن دېدىم: بۇ ئېشەك ھايات ۋاقتىدا تاياق – توقماقتىن ئۆزىنى قۇتۇلدۇرالماي يېغىر بولۇپ ئۆلگەن، ئۇ باغنى قانداق ساقلاپ قالسۇن.» بۇ كىتابىدىن بۇ ئادەتنىڭ ئىسلام ئەقىدىسىگە خىلاپ خۇراپىي ئادەت ئىكەنلىكى چىقىدۇ.

**ئارۋاشتى** — قامانلارنىڭ سېھرىي ئەپسۇنى، يەنى قاملار قامۇغ ئارۋاشتى (قامانلارنىڭ ھەممىسى ئەپسۇن ئوقۇشتى). باش – كۆزىگە چىققان يامان جاراھەت ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلارغا سۈيكۈچ قىلىشمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ ( I . 315).

قامان دېمەك شامان دېمەكتۇر. بۇنىڭدىن ئۇلارنىڭ «ئارۋاش» دەپ ئاتىلىدىغان ئەپسۇن ئوقۇش ئادىتى بارلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. بىراق، مەلۇم بولۇشىچە، شامان دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتابىمۇ بولمىغان، پەيغەمبەر ھەمراھ بولمىغان. دىنىي ئىمتىياز جەھەتتە پېرىخون (باخشى)لارنى ھەممىگە قادىر. شامان تەڭرىسى بىلەن ئالاقىسى بار، دەپ قارىغان. ئۇلار ئىسرىق سېلىپ جىن ـ ئالۋاستىلارنى قوغلىغاندىن سىرت، رەم سېلىپ ياخشىلىق ۋە يامانلىقتىن ئالدىن بېشارەت بېرىشىدۇ. بۇ خىل رەممالىلىق، داخانلىق، جاراھەت ۋە سۆڭەكلەرگە ئەپسۇن ئوقۇپ سۈپكۈچلەش ئادىتى داۋاملىشىپ كەلگەن، بىراق بۇ ئادەت ئىسلام تۈسىنى ئالغاچقا، كىشىلەر ئۇنى قەدىمكى شامان ئەقىدىسىدىن قالغان ئادەت دەپ ئەمەس، بەلكى ئىسلام دىنىنىڭ ئادىتى دەپ قاراپ، كىشىلەرگە پېرە ئوينىتىدۇ، سۈپكۈچلىتىدۇ. بۇنىڭدىن بىگى بىر دىنغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىنمۇ، ئالدىنقى دىنىي ئېتىقاد تەسىرىنىڭ ناھايىتى ئۇزۇن مەزگىل ساقلىنىپ تۇرىدىغانلىقىدەك بىر ئەمەلىيەتنى كۆرەلەيمىز.

**ياراتقان** ــ شامان تەڭرىسى مۇقەددەسلىكى، ياراتقۇچى. «تەڭرى ئول يەرنى ياراتقان» ــ تەڭرى يەرنى ياراتقۇچىدۇر.

ئۇلار ياراتقۇچىنى، يەرنى، ئاسماننى ۋە ئىنسانلارنىڭ ئىرادىسىگە باغلىق بولمىغان ھادىسىلەرنىڭ ھەممىسىنى كۆك تەڭرى ياراتقان، دەپ كۆك تەڭرىگە چوقۇنغان. ئۇيغۇرلارنىڭ بۆرە مۇقەددەسلىك ئەقىدىسىمۇ كېيىنكى ۋاقىتلاردا شامان ئەقىدىسى بىلەن يۇغۇرۇلۇپ، شامان تەڭرىسىنىڭ تۈركىي تىللىق خەلقلەرگە ئەۋەتكەن قۇت نىشانى، دەپ بىلگەن. بۇ خىل چۈشەنچە «ئوغۇزنامە»دە ئاسماندىن شامان تەڭرىسى بىر كۆك نۇر چۈشۈرگەنلىكى، بۇ كۆك نۇردىن كۆك يالىلىق ئەركەك بۆرە پەيدا بولۇپ ئوغۇزخانغا يول باشلىغانلىقى ھەققىدە مەلۇماتلار بار. بۇنى بەزى تەتقىقاتلاردا توتېم ئېتىقادى دەپ چۈشەندۈرۈشتى. مېنىڭ قارىشىمچە، ئۇ توتېم ئېتىقادى ئەمەس. ئوغۇزخان دەۋرىدە

ئۇيغۇرلار ئومۇمىيۈزلۈك شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى. بارلىق قائىدە ـ يوسۇنلىرى شامان دىنى ئەقىدىسى بويىچە بولىدۇ. بۇ يەرە شامان تەڭرىسىنىڭ ئەۋەتكەن قۇت ئەلچىسى ھېسابلىنىدۇ.

**چۈۋى** ـــ جىنلارمۇ ئۆزى تەۋە خەلقىنىڭ تەرىپىدە تۇرىدۇ دېگەن قاراش. جىنلار گۇرۇھىدىن بىرىنىڭ ئېيتىشى. تۈركلەر شۇنىڭغا ئىشىنىدۇكى، ئىككى يۇرت كىشىلىرى بىر ـ بىرى بىلەن ئۇرۇشسا، ھەر ئىككى يۇرتتىكى جىنلارمۇ ئۆز يۇرتىنىڭ ئىگىلىرىنى قوللاپ ئۇرۇشىدۇ. جىنلارنىڭ قايسى تەرىپى يەڭسە، ئەتىسى شۇ يۇرتنىڭ ئىگىلىرى غەلىبە قىلىدۇ. كېچىلىرى ئىككى يۇرت جىنلىرىنىڭ قايسىسى يېڭىلسە، شۇ جىنلار تۇرغان يۇرتنىڭ پادىشاھىمۇ مەغلۇپ بولىدۇ. تۈرك ئەسكەرلىرى ئۇرۇشتىن قايتقان كېچىسى جىنلارنىڭ ئوقلىرى تېگىپ كېتىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئۆزلىرىنى دالدىغا ئېلىپ چېدىرغا كىرىۋالىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ ئىچىدە كەڭ تارقالغان بىر چۈشەنچە ( Ⅲ. 311، 312).

«جىن» ھەققىدىكى چۈشەنچە قەدىمكى شامان ئېتىقادى دەۋرىدىن تارتىپ تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئىچىگە ئومۇملاشقان بىر ئەنئەنە. كېيىن ئۇ بۇددا دىنىدىمۇ ھەر خىل مەزمۇنلاردا ئىپادىلەنگەن. قەدىمكى قوچو ئەدەبىياتىدا بۇددا، مانى دىنلىرىدىكى بەزى ئەدەبىي ئەسەرلەردە ئالۋاستى، جىن، شاياتۇن سۆزىدە، ئۇلارنى سەلبىي كۈچ سۈپىتىدە تەسۋىرلىگەنلىكىنى كۆرىمىز. «چاستانى ئىلىگ بەگ» داستانىدا «جىن»نى «يەك» ئۇقۇمى بىلەن ئالغان ھەم ئۇلارنى ئەلگە كېسەللىك بالاسىنى ئېلىپ كەلگەن ياۋۇزلۇق مەنبەسى سۈپىتىدە تەسۋىرلىگەن. ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتابى «قۇرئان كەرىم»دە، جىنلار ئىنسانلار بىلەن بىللە تىلغا ئېلىنىدۇ ھەم مەككىدە «جىن» سۈرىسى نازىل بولغان. جىنلارمۇ خۇددى ئادەملەردەك ئىمان ئېيتىدۇ ھەم ئىمان ئېيتمايدىغانلار بولىدۇ.

يۇقىرىقى ئايەتتىن مەلۇم بولىدىكى، جىنلارمۇ بىر جەمئىيەت

قۇرۇلمىسىغا ئىگە مەخلۇقاتلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ تەركىبىمۇ ئىنتايىن مۇرەككەپ. مەھمۇد كاشغەرىي ئىسلام ئەقىدىسىدىكى ئالىم بولسىمۇ، قەدىمكى جىنلار ھەققىدىكى ئۇقۇملار، چۈشەنچىلەر ئىسلام دىنىدىمۇ ئۆزگىچە مەنە، مەزمۇن بىلەن ئورۇن ئالغاچقا، قەدىمكى جىنلار ھەققىدىكى چۈشەنچىلەرنى ئىنكار قىلمىغان.

ئۆرۈك — باشتىن ئۆرۈش ئادىتى. پالچىغا بېرىلىدىغان ھەق. قەدىمكى شامان باخشىلىرى ھاجەتمەنلەرنى سۆيكۈچلەپ، دۇرۇت ئوقۇپ شامان قائىدىسى بويىچە ھاجىتىدىن چىققاندىن كېيىن، ھاجەتمەن بىرەر نەرسىنى بېشىدىن پەتتە قېتىم ئۆرۈپ باخشىغا بېرىش ئادىتى بولغان. بۇ خىل ئادەت ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى تۇرمۇشىدىمۇ بار. ئۆرۈم قىلىش، بېشىدىن سەدىقە ئۆرۈش، سايىللارغا نەرسە بەرگەندە بەرگەن نەرسىنى ئۆزىنىڭ ياكى باللىرىنىڭ بېشىدىن ئۆرۈش قاتارلىق ئادەتلەر تۇرمۇشىمىزدا ھازىرغىچە داۋاملاشماقتا. يۇقىرىقى مەلۇماتتىن قارىغاندا، بۇ ئادەت قەدىمكى شامان ئېتىقادىدىن قالغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ.

تەمۈر — تۆمۈر. بۇ سۆز «كۆك تەمۈر كەرو تۇرماس» دېگەن ماقالىدىمۇ كەلگەن. بۇ «كۆك تۆمۈر بىكار تۇرمايدۇ، تەگكەن» دېگەن بولىدۇ. بۇ يەردە مەھمۇد كاشغەرىي يۇقىرىقى تەمسىلنىڭ ئىپادىلىگەن يەنە بىر مەزمۇنىنى نەزەردىن ساقىت قىلغان. مېنىڭ پىكرىمچە، بۇ تەمسىل تۆمۈر لازىملىق نەرسە بولغاچقا، ئۇنىڭ بىكار قالمايدىغانلىقى، ئۇنىڭدا ھەرقانداق بىر نەرسە ياسىسا بولىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرۇۋاتىدۇ. قەدىمكى چاغلاردا تۆمۈردە ئۆرۈش ۋە دېھقانچىلىق قوراللىرى ياسىلىدىغانلىقى ئۈچۈن ئەتىۋار ھېسابلىناتتى. شۇڭا، تۆمۈرنىڭ بۇنداق قىممىتى نەزەردە تۇتۇلۇپ لازىملىق نەرسىنىڭ بىكار قالمايدىغانلىقىدەك مەزمۇنىمۇ ئەكس ئەتتۈرگەن. بۇنىڭ باشقا بىر مەنىسىمۇ بار.

قىرغىز، باباقۇ، قىپچاق ۋە باشقا خەلقلەر قەسەم ئىچكەندە ياكى ۋەدە قىلغاندا، قىلىچنى يالىڭاچلاپ ئالدىغا كۆندىلىڭ قويىدۇ – دە، «بۇ ۋەدە بۇزۇلسا قىلىچ قانغا بويالسۇن، تۆمۈر ئۆچ ئالسۇن» دەيدۇ. چۈنكى، ئۇلار تۆمۈرگە ھۆرمەت قىلىدۇ ( I . 466، 469).

تۆمۈرنى مۇقەددەس بىلىش شامان ئېتىقادىدىكى بىر ئەقىدىمۇ ياكى يۇقىرىقى قەبىلىلەرگە خاس بىر ئادەتمۇ، بۇ توغرىدا كېسىپ بىر نەرسە دېگىلى بولمايدۇ. بىراق، تۆمۈرنىڭ ئىنسانلارنىڭ تەرەققىياتىدا غايەت زور رول ئوينىغان دەۋر بۆلگۈچ ئەھمىيەتكە ئىگە ئىختىرا ئىكەنلىكى ناھايىتى ئېنىق. بۇ خىل ئەقىدە كېيىن ئىسلام دىنىدىمۇ مۇقەددەسلىك ئورنى بىلەن ئاللاھنىڭ زېمىنغا چۈشۈرگەن نېمىتى ئىكەنلىكى ئېنىق. بۇ ھەقتە مەخسۇس ئايەت چۈشۈرۈلۈپ، تۆمۈرنىڭ كۈچ – قۇدرەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقىدىن بىشارەت بېرىلگەن. «تۆمۈرنى ياراتتۇق، تۆمۈر كۈچ – قۇدرەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، تۆمۈردە ئىنسانلار ئۈچۈن نۇرغۇن مەنپەئەتلەر بار» (57 – سۈرە ھەدىد 25 – ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

يۇقىرىقى بىز ئۆرنەك ئۈچۈن قىسقىچە شەرھ بەرگەن سۆزلۈكلەر، ئىبارىلەر ۋە مەلۇماتلار «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى شامان ئەقىدىسى ۋە ئىسلامدىن بۇرۇنقى ئۆرپ – ئادەتكە دائىر مىساللاردىن بىرئاز تېپىكرەك بولغانلىرى. بۇ ئۆرنەكلەر يالغۇز شامان دىنى ۋە تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ قەدىمكى تۇرمۇش، ئۆرپ – ئادەتلىرىنى ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىش قىممىتى جەھەتتىلا ئەمەس، بەلكى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ قەدىمكى بىلىش نەتىجىلىرى، دىنىي ئېتىقادى ۋە ئۇلارنىڭ تەبىئەت بىلەن بولغان مۇئامىلە – مۇناسىۋەتلىرى ھەققىدە ئىزدىنىشىمىزنى قىممەتلىك ماتېرىياللار بىلەن تەمىن ئېتىدۇ.

## ياغمىلاردا «يادا تاش سېھىرگەرلىكى»

مەھمۇد كاشغەرىي تىل تەكشۈرۈش سەپىرىدە ھەرقايسى قەبىلىلەر ۋە ھەرقايسى ئەللەردە ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىغا چوڭقۇر چۆككەن، ئۇلار بىلەن سۆھبەتلەشكەن، مۇراسىملىرىغا قاتناشقان، ئولتۇرۇشلىرىدا ھەمداستىخان بولغان. بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ تىل جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىنى تەتقىق قىلىپ قالماي، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرىنىمۇ ئۆگەنگەن. ئۆزى كۆرگەن، ئاڭلىغان خېلى كۆپ مەلۇماتلارنى ئەسىرىگە كىرگۈزۈپ، كېيىنكىلەرنىڭ بۇ ئاجايىباتلاردىن ۋاقىپ بولۇشى ئۈچۈن ئاساس سېلىپ بەرگەن. «قولباق» توغرىسىدا رىۋايەت، پولات قاناتلىق قۇش «توبۇلغان»، دېڭىزدا بوران چىقىرىدىغان ئوت «قۇملاق»، «يادا تاش» سېھىرگەرلىكى ئارقىلىق يامغۇر، قار ياغدۇرۇش قاتارلىق بىر قىسىم تەسەۋۋۇردىن ھالقىغان كارامەتلىك ئىشلاردىن ئۇچۇر بەرگەن.

«يات — يادا» ياغمىلاردىكى سېھىرگەرلىك ئادىتىنىڭ بىرى بولۇپ، مەھمۇد كاشغەرىي، ياغمىلار ئارىسىدا بولغاندا ئۇلارنىڭ بۇ پائالىيىتىگە قاتناشقان ۋە ئۇلارنىڭ يازدا قار ياغدۇرغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن. مەھمۇد كاشغەرىي مۇنداق دەيدۇ:

«يادا تاش» ئادىتى، بۇ بىر خىل سېھىرگەرلىك بولۇپ، يامغۇر، شامال ۋە باشقىلارنى تىلەش ئۈچۈن مەخسۇس تاشلار (يادا تاشلار) ياردىمى بىلەن سېھىر قىلىنىدۇ. بۇ ئادەت ئۇلارنىڭ ئارىسىغا كەڭ تارقالغان. مەن بۇنى ياغمىلاردا ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. ئۇ يەردە بىر ياڭغىن بولغاندا ياڭغىننى ئۆچۈرۈش ئۈچۈن شۇنداق قىلىنغانىدى، خۇدانىڭ ئەمرى بىلەن يازدا قار ياغدى، كۆز ئالدىمدا ئوت ئۆچۈرۈلدى ( Ⅲ . 2).

بىز شۇنى بىلىمىزكى، ئىسلام دىنى سېھىرگەرلىكنى گۇناھلاردىن ھېسابلايدۇ. شۇنداق ئەھۋالدا مەھمۇد كاشغەرىي

يۇقىرىقى ئىشنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنلىكى ئۈچۈن، بۇ سې-
ھىرگەرلىك ئادەتنى ئىككىلەنمەي تونۇشتۇرۇشنى مۇناسىپ
كۆرگەن ھەم بۇنى «خۇدانىڭ ئەمرى بىلەن» دېيىش ئارقىلىق، بۇ
ھادىسىگە بولغان پوزىتسىيەسىنى ئەسكەرتىپ قويۇشنىمۇ ئۇنت-
ۇمىغان.

مۇقەددەس تاش ئەقىدىسى ناھايىتى قەدىمكى دەۋرلەردىن
باشلاپ كەلگەن ئومۇملاشقان بىر ئادەت بولۇپ، ئۇ ھەقتە نۇرغۇن
رىۋايەتلەر بارلىققا كەلگەن. نوھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى ياپەس
دادىسىدىن «ماڭا دۇئا ئۆگەتسىڭىز، مەن خالىغان چاغدا دۇئا
ئوقۇپ يامغۇر ياغدۇرىدىغان بولسام» دەپ ئىلتىماس قىلغانىدى.
دادىسى بۇنى تەڭرىنىڭ دەرگاھىغا ئىلتىجا قىلدى. تەڭرى ئۇنىڭ
تەلىپىنى قوبۇل كۆرۈپ، جەبرائىل ئەلەيھىسسالام ئارقىلىق
ئىسمى ئەزەم دېگەن ئايەتنى ئەۋەتتى. جەبرائىل ئەلەيھىسسالام
ئۇنى تاشقا نەقىش قىلىپ ئويۇپ بەردى. بۇ تاشنى ئەرەبچە
«ھەجىرىلمۇتەر» (يامغۇر ياغدۇرىدىغان تاش) دەيدۇ. تۈركلەر «يادا
تاش» ياكى «جادۇ تاش» دەپ ئاتايدۇ.

رىۋايەتتە ياپەسكە 11 پەرزەنت ئاتا قىلىنىغان. ئۇلار چىن،
ساقلاپ، گۇمادى، تۈرك، خەلەج، خەزىز، روس، سەدسان، غەز،
روج، مونشەج دەپ ئاتالدى. ياپەسنىڭ ئەۋلادىغا تۈرك دېگەن
ئوغلى باشلىق بولغان. ئۇ ناھايىتى غەيرەتلىك، مەردانە،
ھۈنەرۋەن، ئەقىللىق بالا بولغانىدى. ياپەسنىڭ يەنە بىر ئوغلى
غەز بولغار دېگەن زېمىنغا كېلىپ ئورۇنلاشقان، ياخشى
ئىمارەتلەرنى بىنا قىلغان. لېكىن، ئۇ ناھايىتى مەككار،
ھىيلىگەر ئىكەن. ئۇ قېرىندىشى تۈرك بىلەن ھەر دائىم جەڭگى -
جېدەل قىلىپ تۇراتتى. بۇلارنىڭ بۇنداق ئۆچەكىشىگە دادىسىدىن
قالغان يادا تاش سەۋەب بولغان دېيىلىدۇ. دادىسى ياپەس
ئۆلگەندىن كېيىن يادا تاش قېرىنداشلارنىڭ ئارىسىدا تالاشتا
قالغان. غەز بۇ چاغدا ھىيلە ئىشلىتىپ چەك تاشلىماق بولدى.
چەك تۈرك بىنىنى ياپەسكە چىقتى. شۇنىڭ بىلەن غەز ئۆزى
تەييارلاپ قويغان ساختا يادا تاشنى تۈرككە بەردى. تۈرك بۇ يادا

تاشنى ئېلىپ بېرىپ ھەرقانچە يامغۇر تەلەپ قىلىپ ئۆرۈنسىمۇ يامغۇر ياغمىدى، تۆرك يالغان يادا تاشقا ئالدانغانلىقىنى بىلىپ، غەرگە قارشى ئۇرۇشقا ئاتلانغان.

بۇنىڭدىن قارىغاندا، «يادا تاش» ئەنئەنىسى ناھايىتى قەدىمكى ئادەت بولۇپ، ئۇنىڭ تارقىلىش دائىرىسى ناھايىتى كەڭ بولغان. ئومۇملىشىشىمۇ چوڭقۇر بولغان. ئەپسۇن، دۇئا ـ تەكبىر ئېيتىپ قار، يامغۇر تەلەپ قىلىش ئادىتى ئىسلامىيەتتىن كېيىنمۇ ئىزچىل داۋاملاشقان. ھازىرقى ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى «زاراخەتمە» مانا شۇ ئادەتنىڭ ئىسلاملاشقان بىر ئىپادىسى.

بۇنىڭ قانداق ئىش ئىكەنلىكىگە كەلسەك بۇ بىر سىر. ئەگەر ئەپسۇن ئوقۇسا يامغۇر، قار ياغمايدىغان بولسا، بۇ ئادەت نەچچە مىڭ يىللاردىن بېرى داۋاملاشمىغان بولاتتى. مەھمۇد كاشغەري تاشقا ئەپسۇن ئوقۇپ يانغىننى يازدا قار ياغدۇرۇش بىلەن ئۆچۈرگەنلىكىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنلىكىنى ئېيتىدۇ. شۇڭا، بىز ئۇنى ئالدىراپ خۇراپاتلىق، يالغان، كۆز باغلاش دەپ ئىنكار قىلىشقا ئاساسىمىز يوق. بولسا بۇ سىرلىق ئىشنى چوڭقۇرراق تەتقىق قىلىپ بېقىشقا ئەرزىيدۇ.

## شامال دارىشنى «جىن چاپلاشتى» دەپ قاراش

شامال دارىش سەۋەبلىك قول ـ پۇتلارنىڭ پالەچ بولۇپ قېلىشى، ئېغىزنىڭ تارتىشىپ مايماق بولۇپ قېلىشى بىر خىل كېسەللىك. قەدىمكى زاماندا بۇ خىل ئەھۋالنى «يەل تەگدى، جىن چاپلاشتى» دەپ قارىغان. مەھمۇد كاشغەري «يەل» سۆزىنى جىن، «جىن شامىلى» دەپ ئاتايدىغانلىقىنى ئېيتىپ، «ئەر يەلپىندى ـ ئادەمگە جىن چاپلاشتى» دېگەن مىسالنى كەلتۈرگەن (III .197). بۇ خىل چۈشەنچە ئۇيغۇرلار ئارىسىدا شۇنداقلا باشقا بەزى تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئارىسىدا ھازىرغىچە ئۆزگەرمەي داۋاملىشىپ كەلگەن. بۇنداق كېسەللىكلەرنى ئۇيغۇرلار جىنكەش، داخان دېگەندەك كىشىلەرگە ئاپىرىپ ئوقۇتىدۇ ياكى پېرە ئوينىتىش ئار-

قىلىق بۇ كېسەلنى داۋالاشنى مەقسەت قىلىدۇ. قەدىمكى زاماندا شامان باخشىلىرى ئىسرىق سېلىش، ئوت كۆچۈرۈش، پېرە ئوي-ناش، ئوقۇش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق بۇنداق كېسەللەرنى داۋالاشقا ئۇرۇنغانىدى. «دىۋان»دا: «قوۋۇچ — جىن تەگكەنلىكنىڭ ئەسىرى. بۇنداق ئادەمنى داۋالاشتا، يۈزىگە سوغۇق سۇ سېپىپ تۇرۇپ، «قوۋۇچ، قوۋۇچ» دېيىلىدۇ. ئادراسمان ۋە ئۇھدى بىلەن ئىسرىق سېلىنىدۇ. بۇ سۆز «ھەي جىن قاچ، قاچ، سۆزىدىن ئې-لىنغان بولسا كېرەك» دېيىلگەن. «قوۋۇز» سۆزىنىڭ ئەپسۇن ئورنىدا قوللىنىلىدىغانلىقى تىلغا ئېلىنىپ: «يەل قوۋۇز بىتى-كى — جىن تېگىشكە قارشى ئوقۇلىدىغان ئەپسۇن» دېگەن. ھا-زىرقى ئۇيغۇر تىلىدا «كۆچ» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. بۇ «جىن بۇ ئادەمنىڭ تېنىقىدىن كۆچ — يوقال» دېگەنلىك بولىدۇ.

# مەردلىك يوسۇنلىرى

«دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»كە قەدىمكى مەردلىك ۋە قەھرىمانلىقنى ئىپادىلەيدىغان، مەردلىك، قەھرىمانلىقنىڭ بەلگىسى سۈپىتىدە قارىلىدىغان بىر قىسىم يوسۇنلاردىن نەمۇنىلار كىرگۈزۈلگەن. قەدىمكى زامانلاردا باتۇرلۇق، قەھرىمانلىق ئەرلەرنىڭ ئەرلىك خاراكتېرىنى نامايان قىلىدىغان مۇھىم بەلگىلەرنىڭ بىرى ئىدى. چۈنكى، باتۇرلۇق، مەردلىك ئىنتايىن قەدىرلىنەتتى ۋە ھۆرمەت تۆرىگە ئېلىناتتى؛ قورقۇنچاقلىق، يۈرەكسىزلىك بەك ئەيىبلىنەتتى. ئۇ ئەرلەر ئۈچۈن نومۇسلۇق ئىش دەپ قارىلاتتى. شۇڭا، ئەرلەر ئەل ئارىسىدا نومۇسقا قالماسلىق ئۈچۈنمۇ جاندىن كەچسە كەچەتتىكى، ھەرگىزمۇ قورقۇنچاقلىق قىلىپ جەڭگاھلاردا دۈشمەنگە تىز پۈكمەيتتى. ئەل ئارىسىدا ئومۇملاشقان شۇنداق ئەنئەنىنىڭ تۈرتكىسىدە باتۇرلۇقنى ئىپادىلەيدىغان، باتۇر ئەزىمەتلەرنى مۇكاپاتلايدىغان بىر قاتار قائىدە ـ يوسۇنلار بارلىققا كەلگەن.

## قوي بېشىنى تەقدىم قىلىش ئادىتى

مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋان»دا «مەڭلەدى» دېگەن سۆزنى ئىزاھلاپ «مېڭە يېدى، ئادەم مېڭە يېدى» دەپ، بۇنىڭ قانداق پەيدا بولغان ئادەت ئىكەنلىكىنى مۇنداق ئىزاھلايدۇ: بۇ سۆز ئەرەبلەرنىڭ «تۆبە لەكە» دېگەن سۆزىگە ئوخشايدۇ. مېڭە ئۈچۈنلا قوي سويۇش، مېڭىسىنىڭ قويىنىڭ ئەڭ قەدىرلىك يېرى بولغانلىقىدىندۇر. بىر كىشىنىڭ ھۆرمىتىگە قوي سويۇپ، مېڭىسىنى تەقدىم قىلىش ئەڭ چوڭ ھۆرمەت ھېسابلىنىدۇ.

كېيىن بۇ سۆز ياخشى غىزالارغا ئېرىشكەن ئادەملەرگىمۇ قوللىنىلىدىغان ئىسىم بولۇپ كەلگەن.

بۇ قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ مېھمانلارنى ھۆرمەتلەش، ئۇلارنى خۇرسەن قىلىش ئەنئەنىسى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن قائىدە بولۇپ، مېھمانغا قوي سويۇشنىڭ ئۇنىڭغا قوينىڭ مېڭىسىنى تەقدىم قىلىپ، ھۆرمەتنى، قەدىر - قىممەتنى ئىپادىلەش ئۈچۈن بولغانلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ. بۇ ئادەت ھازىرغىچە ھەرقايسى تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئىچىدە ئوخشىمىغان شەكىلدە داۋاملىشىپ كەلگەن. مېھمانغا قوي سويۇش ھەم تۈركىي تىللىق خەلقلەردە ئوخشاش، مېڭىنى تەقدىم قىلىش ئۇيغۇرلار ئارىسىدا بىرئاز ئۆزگەرگەن، يەنى قوينىڭ بېشى، پاچىقى ئۆتلىنىپ ئايرىم پىشۇرۇلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن قوينىڭ كاللىسىدىكى ئاساسلىق گۆشلەرنى سويۇۋېلىپ، مېڭىسى، كۆزى، بىر قۇلىقى، تامغاقلىرىنى قالدۇرۇپ، مېھماننىڭ، مېھمان بولمىسا ئۆينىڭ چوڭىنىڭ ئالدىغا قويىدۇ.

مەھمۇد كاشغەرىي كېيىن يۇقىرىقى سۆزنىڭ بايلىق، باياشاتلىق، ئۈلجىنى ئىپادىلەيدىغان سۆز بولغانلىقىنى تۆۋەندىكى شېئىرىي پارچە بىلەن تېخىمۇ ئېنىقلىققا ئىگە قىلىدۇ.

ئانى يەتىپ سۈڭۈلەدى
باشىن ياندۇرۇ ياڭىلادى
ئەرەن ياپۇپ مەڭىلەدى
ئانىڭ ئالپىن قارا بوگدى

ئۇنىڭغا يېتىپ نەيزىلىدى،
يارىسىنى يەنە يېڭىلىدى؟
باتۇرلار بىرىپ مېڭە يېدى،
ئۇنىڭ باتۇرلىرىنى قىرىپ بوغدى.

بۇ شېئىرنى ئىككى قاتلام مەزمۇندا چۈشىنىش مۇمكىن، بىرى، باتۇر يىگىت دۈشمەنگە بولغان كۈرەشتە قەھرىمانلىق كۆرسىتىپ، دۈشمىنى ئۈستىدىن غالىب كەلگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇ قوۋم - قېرىنداشلىرى تەرىپىدىن قەدىرلىنىپ، ھۆرمەتلىنىپ قوي مېڭىسى بىلەن تارتۇقلانغانلىقىنى ئۇقتۇرۇپ، جەڭلەردە باتۇرلۇق كۆرسەتكەن باھادىر ئەزىمەتلەرنىڭ شەنىگە قوي سويۇش، قويىنىڭ مېڭىسىنى يېگۈزۈش ئادىتىنىڭ بارلىقىدىن ۋاقىپلاندۇرىدۇ. يەنە بىرى، جەڭدە نۇسرەت قازىنىپ تۇرغۇن ئولجا غەنىيمەت ئالغانلىقى ئۈچۈن، تۇرمۇشى باياشاتلىققا ئېرىشكەنلىكى، مول نېمەتلەرگە ئىگە بولغانلىقىنى سىمۋوللۇق ھالدا «مەڭلەدى» دەپ ئىپادىلىگەنلىكىنى ھېس قىلالايمىز.

## ئات قۇيرۇقىنى ئۆرۈش ئادىتى

قەدىمكى ئۇيغۇرلاردا باتۇرلۇقنىڭ، قەھرىمانلىقنىڭ نىشانىنى ئىپادىلەيدىغان بەزى ئادەتلەر بارلىققا كەلگەن. چۈنكى، ئۇيغۇرلاردا باھادىرلارنى ھۆرمەتلەش، ئەل ئۈچۈن پىداكارلىق كۆرسىتىش بىر خىل يوسۇن بولۇپ، بۇنداق كىشىلەر ئەل ئىچىدە ئالقىشلىناتتى ھەم ئۇلار ئۆلسە ئالاھىدە خاتىرە مۇنارى تىكلىنەتتى. جەڭدە ئۆرۈشۈپ ئۆلسە ئۆلۈم ھېسابلانمايتتى (يۈسۈپ خاس ھاجىپ). شۇڭا، ئۇيغۇر يىگىتلىرى ئۆزلىرىنىڭ باتۇرلۇقى، پىداكارلىقىنى نامايان قىلىش ئۈچۈن بەزى قائىدىلەرنى بارلىققا كەلتۈرگەن. ئات قۇيرۇقىنى ئۆرۈش مانا شۇنداق ئادەتلەرنىڭ بىرى. مەھمۇد كاشغەرىي «چۇمەيتتى» (ئۆرۈيتتى) سۆزىنى ئىزاھلىغاندا، بۇ ئادەتنى تىلغا ئېلىپ ئۆتىدۇ: «باتۇر ئەرلەر ئېتىنىڭ قۇيرۇقىنى (يىپەك بىلەن) چۇمەتتى. بۇ باتۇرلۇقنىڭ بەلگىسى. ھەرقانداق بىر نەرسىنى چىرماپ ئۆرۈسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ. بۇ قامچىنىڭ ئۇچىنى ئىنچىكە تاسما بىلەن ئۆرگەندەك ئۆرۈشتۇر (II، 510، 511).

تۆۋەندىكى شېئىردا بۇ خىل ئادەتنىڭ مەنزىرىسى ناھايىتى روشەن نامايان بولىدۇ.

قۇدۇق كاتىغ تۇگدۇمىز
تەڭرىگ ئۇكۇش ئۇگدۇمىز
كەمشىپ ئاتىغ تەگدىمىز
ئالداپ يانا قاچتىمىز

ئات قۇيرۇقىنى قاتتىق تۇگدۇق،
تەڭرىگە كۆپ ھەمدۇ ـ سانا ئېيتتۇق.
ئاتنى دېۋىتىپ تەگدۇق،
ئالداپ يەنە قاچتۇق.

بۇنىڭدىن مەلۇم بولىدىكى، قەدىمكى جەڭگاھلاردا ئۇيغۇر ئەسكەرلىرىنىڭ ئاتنىڭ قۇيرۇقىنى ئۆرۈشى (تۇگۇشى) ئۇلارنىڭ دۈشمەن ئۈستىدىن نۇسرەت قازىنىشقا بولغان ئىشەنچىنى، پىداكارلىقىنى، باتۇرلۇقىنى ئىپادىلەشنىڭ بىر ئىپادىسى بولغانىدى.

## باتۇر يىگىتلەرنى «لاچىن» ئاتاش

قەدىمكى ئادەت بويىچە باتۇر يىگىتلەرنى «لاچىن» دەپ تەرىپلىگەن، ماختىغان. «لاچىن» بۇ بىر خىل يىرتقۇچ قۇش، باتۇر يىگىتلەرمۇ «لاچىن» دېيىلىدۇ ( I . 533). بۇ خىل ئادەت ھازىرغىچە ئۇيغۇرلاردا داۋاملىشىپ كەلگەن. يەنە ئۇيغۇرلاردا باتۇر ئەزىمەتلەرنى «بۆرە» سۈپىتى بىلەن، «شۇڭقار» سۈپىتى بىلەن، ئات سۈپىتى بىلەن، شىر قاتارلىق يىرتقۇچ ھايۋانلار بىلەن سۈپەتلەيدىغان، تەرىپلەيدىغان ئادەت بار. «لاچىن» ئىنتايىن چەبدەس باتۇر قۇش، ئۇزىنىڭ جۇغى ئانچە چوڭ

بولمىسىمۇ، ئۆزىدىن چوڭ قۇشلارنىمۇ ئالالايدۇ. شۇڭا، قەدىمكى زامانلاردا ئۇيغۇرلارمۇ «لاچىن» دەپ سۈپەتلەنگەنىدى. يەنە بەزى مەنبەلەردە لاچىننى قۇت نىشانى بولغان دەپ قاراۋاتىدۇ.

## قوتاز قۇيرۇقى تاقاپ باتۇرلۇقنى ئىپادىلەش

بىز يۇقىرىدا ئاتنىڭ قۇيرۇقىنى ئۆرۈش، يىپەك رەخت بىلەن تۈگۈشنىڭ باتۇرلۇق، قورقماسلىقنى، يېڭىشكە بولغان ئىشەنچكە ۋەكىللىك قىلىدىغان بىر ئادەت ئىكەنلىكى ھەققىدە پىكىر قىلغان. «پەچكەم» مۇ قەدىمكى زامانىدىكى تۈرك ئەسكەرلىرى جەڭگە كىرگەندە جەڭ بەلگىسى سۈپىتىدە تاقىۋالىدىغان يىپەك رەخت ۋە قوتاز قۇيرۇقىمۇ بەچكەم، دەپ ئاتالغان. ئوغۇزلار بۇنى «بەرچەم» دېگەن. بىز بۇ يىپەك رەختنىڭ ياكى قوتاز قۇيرۇقىنىڭ دۇبۇلغىغا قادىلىدىغانلىقى ياكى ئاتنىڭ يۈگەن نوختىسى ياكى ئېگەرگە تاقىلىدىغانلىقىنى بىلمەيمىز. شۇ سۆزنى ئىزاھلاپ بەرگەن بىر شېئىردا ئۇ بەلگىنى ئاتقا بەلگە قىلىپ تاقايدىغانلىقى تىلغا ئېلىنغان. ئۇ شېئىرنىڭ بىرىنچى مىسراسى: پەچكەم ئۇرۇپ ئاتلاقا — ئاتلارغا بەلگە تاقاپ (Ⅰ. 630) دەپ كەلگەنلىكىگە قارىغاندا، يۇقىرىقى بەلگىنى ئاتقا تاقايدىكەن.

## ئەر ئاتقا ئىگە بولسا «قاناتلاندى» دېيىش

قەدىمكى ئۇيغۇرلاردا ئاتنى ئۇلۇغلاش، ئاتنى ئوغۇل بالىنىڭ، باھادىرلارنىڭ قانىتى دەپ قاراش ئومۇملاشقان. شۇنىڭدىن چىقىپ «قاناتلاندى» دېگەن سۆزنى ئىزاھلاپ: «ئەر قاناتلاندى» يەنى «ئۇچقۇر ئاتقا ئىگە بولدى، تىلىكىگە يېتىدىغان بولدى» (Ⅱ. 388) دېگەن. بۇنىڭدىن قارىغاندا، ئەركەكلەرنىڭ ئاتقا ئىگە بولۇشى قاناتقا ئىگە بولغانلىق، تىلەكى ھاسىل بولغانلىق ھېسابلانغان. چۈنكى، ئاتقا ئىگە بولۇش تۇرمۇشىدىكى،

جەمئىيەتتىكى ئورنىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلگەنلىكى، روھىغا ئۈمىد، ئىشەنچ ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنىڭ ئىپادىسى ئىدى. ئادەم ئاتقا مىنگەندە روھى كۆتۈرۈلۈپ، ئۆزىدە ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان روھىي يۈكسەكلىككە ئىگە بولىدۇ.

## ئات قۇيرۇقىنى تۈگۈپ باتۇرلۇقنى ئىپادىلەش

«چەرمەتتى» دېگەن سۆزنى ئىزاھلاپ مۇنداق بىر مىسال بېرىدۇ: «ئالپ ئەر ئاتىن چەرمەتتى — باتۇر ئەر ئېتىنىڭ قۇيرۇقىنى (يىپەك بىلەن) چۈمەتتى. بۇ باتۇرلۇقنىڭ بەلگىسى» ( Ⅱ . 510). باتۇرلۇقنىڭ ئىپادىلىرى ھەر خىل بولىدۇ. تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ قەدىمكى ئەنئەنىسىدە ئات قۇيرۇقىنى يىپەك يىپ ياكى رەخت بىلەن تۈگۈپ ئاتلىنىشىنى باتۇرلۇقنىڭ بەلگىسى سۈپىتىدە قارىغان. ھازىرقى قازاق، قىرغىز چارۋىچىلىرى ئارىسىدىمۇ بۇ ئادەت ئىزچىل ساقلىنىپ قالغان. بۇ يىگىتلەرنىڭ قەيسەر، قورقماس، ئىرادىلىك، يېڭىلمەس ئىكەنلىكىگە، ئۆزىنى جەڭگە ئاتىغانلىقىغا ۋەكىللىك قىلاتتى. بۇ خىل ئادەت بەيگە مۇسابىقىلىرىدىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. «دىۋان»دا باتۇر يىگىتلەرنىڭ ئات قۇيرۇقىنى يىپەك رەخت بىلەن تۈگۈپ جەڭگە ئاتلانغان ھالىتىنى تەسۋىرلەيدىغان شېئىر - قوشاقلارمۇ بېرىلگەن.

ئات قۇيرۇقىنى قاتتىق تۈگدۈق،
تەڭرىگە كۆپ ھەمدۇ - سانا ئېيتتۇق.
ئاتنى دېۋىتىپ تەگدۇق،
ئالداپ يەنە قاچتۇق.

(617 . Ⅰ )

# بىر قىسىم پەزىلەتسىز ناچار ئادەتلەر

بىر مىللەتنىڭ ئادەتلىرىنىڭ ھەممىسى ئۈنچە ساپ، بىغۇبار
بولمايدۇ، بەلكى ئىنتايىن قالاق، خۇراپىي، چاكىنا ئادەتلىرىمۇ
ئۇرمۇشىدا ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا ساقلىنىدىن بولۇپ كېلىۋېرىدۇ. يە-
نە بىر قىسىم ئادەتلەر دەۋر خاراكتېرىنى ئالغان بولۇپ، ئۆز
دەۋرىنىڭ سىياسىي تۈزۈلمىسى، تەبىقىلەر ئوتتۇرىسىدىكى پەرق
قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بارلىققا كەلگەن بولۇپ، ئۇ شۇ
جەمئىيەت فورماتسىيەسىنىڭ ئۆزگىرىشى، تەرەققىي قىلىشى،
ئىنساني ئەركىنلىك، كىشىلىك ھوقۇق باراۋەرلىكىنىڭ ئىشقا
ئېشىشىغا ئەگىشىپ ئەمەلدىن قالىدۇ. «دېۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تە
ئۆز دەۋرىنىڭ مەھسۇلى بولغان بىر قىسىم ئىنسانىي پەزىلەتكە
يات قالاق ئادەتلەرمۇ خاتىرىلەنگەن بولۇپ، ئۇ ئۆز دەۋرىنى چۈ-
شىنىشتە مۇئەييەن قىممەتكە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ ئادەت-
لەرنىمۇ تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشنىڭ زۆرۈرىيىتى بار دەپ قارايمىز.

## ئاياللارنى سۈننەت قىلىش ئادىتى

مەھمۇد كاشغەرىي «يەچىل» دېگەن سۆزنى ئىزاھلاپ:
«سۈننەت قىلىنغان خوتۇن» ( I . 510) دېگەن. بىز ئۇيغۇرلاردا
خوتۇنلارنى سۈننەت قىلىشنىڭ قايسى دەۋرلەردە پەيدا
بولغانلىقى، ئۇنىڭ ئىسلامىيەتتىن كېيىن ئەرەبلەردىن ياكى
پارسلاردىن قوبۇل قىلىنغانلىقى ۋە ياكى ئۇيغۇرلاردا ئەزەلدىن
بارلىقى ھەققىدە بىرەر مەلۇماتقا ئىگە ئەمەسمىز. بىراق،
قەدىمكى فېئودال پادىشاھلار، يۇقىرى تەبىقە فېئودال بەگلەر كۆپ

خوتۇنلۇق بولغاچقا، ئاياللارنىڭ جىنسىي ھېسسىياتىنى قوزغاتقۇچ ئەزاسىنى سۈننەت قىلىۋېتىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ باشقىلار بىلەن خۇپىيانە جىنسىي مۇناسىۋەت ئارقىلىق ئاسىيلىق يولىغا مېڭىشىنى كونترول قىلماقچى بولغان. بۇ خىل ئادەت ئەمەلىيەتتە ئاياللارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىنى ئېغىر دەرىجىدە ھاقارەتلەش بولۇپ، ئۇلارغا تەبىئىي ئاتا قىلىنغان ئاياللىق ئىستەكلىرىنى، ئايالىق ھېسسىياتىنى بوغقان. «دىۋان»دا بۇ خىل ئادەتنىڭ خاتىرىلەنگەنلىكى قەدىمكى ئۇيغۇرلاردا بۇ ئادەتنىڭ بولغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

## ئەرلەرنى ئاختا قىلىش ئادىتى «تۇتۇق»

ئەرلەرنى ئاختا قىلىش 19 - ئەسىرلەرگىچە ئەرەب، پارس، تۈرك دۇنياسىنىڭ كۆپ قىسىم جايلىرىدا ئومۇملاشقان ئوردا قائىدىلىرىنىڭ بىرى. بۇ خىل ئادەتنى قەدىمكى ئۇيغۇرلار «تۇتۇق» ( I . 492) (ئاختا، پىچىۋېتىلگەن)، «پەچەل» دەپ ئاتىغان. «دىۋان»دا «پەچەل»نى ئىزاھلىغاندا يەنە: «ئاختا قىلىنغان ئەركەك» دېگەن ( I . 510). قەدىمدە ھەرەمخانىدا مۇلازىمەت قىلىدىغان ئەرلەر ئومۇمەن ئاختا قىلىناتتى. بۇ ئوردىدىكى كېنىزەكلەرگە، خانىشلارغا مۇلازىملارنىڭ چېقىلىپ قويۇشىدىن قوغدىنىش ئۈچۈن بولاتتى. بىراق، ئاختا قىلىنغان ئەرلەر بىر ئۆمۈر ئۆي - ئوچاقلىق بولۇش، بالا - چاقىلىق بولۇش ئىقتىدارىدىن مەھرۇم قىلىناتتى. بەزىلەر مەجبۇرىي تۇتۇلۇپ ئاختا قىلدۇرۇپ، بەزىلەر ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن ئاختا قىلدۇرۇپ، ئوردىدا مۇلازىمەتچىلىك قىلىپ ئۆمرىنى ئاخىرلاشتۇراتتى. بۇ خىل ئادەتمۇ ئوخشاشلا ئەرلەرنى بەھرىمەنلىك ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلاتتى.

## ئاياللارنىڭ ئارسىزلىقى «ئەركەكلىك»

ئۇيغۇرلار ئەرلەردە ئەرلەرگە خاس سالاپەت، قىياپەت، جاسارەت بولۇشىنى ئەرلەرگە خاس ئالاھىدىلىك ھېسابلاشقان، ئاياللاردىكى ئاياللارغا خاس نازاكەت، شەرم - ھايا ۋە گۈزەل ھۆسن - جامال، پاكىزلىق ۋە ئوڭلۇقلۇقنى ئاياللارغا قويۇلغان مۇھىم تەلەپ دەپ قارىغان. شۇڭا، ئەرلەرنىڭ سۆيۈنچى ئۇلارنىڭ ئەرلىكىنى، باتۇرلۇقىنى، جاسارىتىنى سىنايدىغان، دۈشمەن بىلەن بولغان كۈرەش سەھنىسى بولغان جەڭگاھ دەپ قارىغان، ئاياللارنىڭ سۆيۈنچى بولسا ئۇنىڭ دىيانىتى، پاكلىقى، ساداقىتى، ئىپپەت - نومۇسنى ھەممىدىن ئەلا بىلگەنلىكىنى سىنايدىغان ئىمتىھان نىكاھ كۈنى، دەپ قارىغان. شۇڭا، ئاياللار ئاياللارچە ياسىنىش، ئەرلەر ئەرلەرچە ياسىنىشنى ئەرلىك ۋە ئاياللىقنىڭ قويغان مۇھىم تەلەپ قىلغان. شۇڭا، كىيىم - كېچەك ۋە ياسىنىش تەلەپلىرىدە ئەرلەر ئەرلەرگە خاس سالاپىتىنى ئىپادىلەيدىغان كىيىملەرنى كىيگەن، ھەرگىزمۇ ئالتۇن ئۈزۈك، ئالتۇن زەنجىر، ھالقا قاتارلىق نەرسىلەرنى تاقىمىغان. ئاياللار بولسا ئاياللارغا خاس كىيىم كىيگەن، ئۇلار خۇددى تورلاردەك ياسانغان. ئۇلارنىڭ ئەرلەرچە ياسىنىۋېلىشىنى يامان ئالغان. بۇ يوسۇننىڭ بۇزۇلۇشى قىيامەتنىڭ نىشانى دەپ چۈشەنگەن. بۇنداق ئاياللارنى «ئەركەكزەدەك» دەپ قارىغان. «دىۋان»دا ئەركەكلىك دېگەن بۇ ئۇقۇمغا ئىزاھات بېرىپ خوتۇننىڭ يۈزسىزلىكى، ھاياسىزلىقى دەپ چۈشەندۈرگەن ( I . 207). بىر دانىشمەندىن ھايۋان بىلەن ئادەمنىڭ ئەقىل - پاراسىتىدىن باشقا يەنە روشەن ئىپادىلىنىدىغان پەرقى نېمە؟ دەپ سورىسا، ئۇ دانىشمەن مۇنداق ئۈچ ئالاھىدىلىكنى دەپ بېرىپتۇ: بىرىنچى، ھايۋاننىڭ يېمىكىنىڭ ئاشۇخالىسى بولمايدۇ، نېمە ئالدىغا كەلسە يەۋېرىدۇ، ئادەم بولسا ئۆزىگە مۇناسىپ نەرسىلەرنى يەيدۇ. ئىككىنچى،

ھايۋاننىڭ مۇقىم ماكانى بولمايدۇ، ئۇ جاھاننىڭ نەرىدە ئۆزىگە مۇناسىپ يەر بولسا، ياشىغىلى بولسىلا ياشاۋېرىدۇ. ئادەمنىڭ بولسا ۋەتىنى، مۇقىم ماكانى بولىدۇ. ئۈچىنچى، قارىماققا ھايۋاننىڭ ئەركىكى بىلەن چىشىسىنى پەرق ئەتكىلى بولمايدۇ. ئادەمنىڭ بولسا ئەر بىلەن ئايال روشەن پەرق قىلىدۇ. قەدىمكى دەۋرلەردە ئەرلەر ئەرلەرگە خاس ساقال - بۇرۇت قويباتتى، قەددى - قامەتكە يارىشا كىيىم كىيەتتى، ئاياللار ئاياللىق نازاكىتىگە يارىشا ياسىناتتى، ئاياللار ئەرلەرنىڭ خۇيىنى ئېلىپ قالسا، ئەرلەردەك ياسىنىۋالسا، ئۇلارنى «ئەركەكلەك» دەپ ھېسابلايتتى. ئولتۇرۇش - قوپۇشتىمۇ ئاياللارغا خاس نازاكەتنى ئىپادىلىشى كېرەك ئىدى. ئەرلەر ئەرلەرگە خاس جاسارەتنى ئىپادىلەيتتى.

## ياش باللارنى تىللاش ئادىتى «كۆتىچ»

ھەرقانداق بىر خەلقنىڭ تىلىدا ياخشى، چىرايلىق سۆزلەر بولۇپلا قالماي، بەلكى ئەسكى تىل - ھاقارەتلىك سۆزلەرمۇ بولىدۇ. بۇ خىل تىل بارا - بارا ئادەتكە ئايلىنىپ كېتىدۇ. «دىۋان»دا «كۆتىچ»نى ئىزاھلاپ: «كۆتلەش، ياش باللارنى تىللىغاندا ئىشلىتىدىغان سۆز، ‹كۆتكە ئوخشاش سېسىق› دېگەنلىك بولىدۇ» ( I . 466) دېگەن. بۇ بەلكىم ئەدەپسىز، پەزىلەتسىز، قوپال، يامان كىشىلەرگە قارىتىلغان بولسا كېرەك.

## ئاياللارنى ئەتىۋارلاش ۋە ھاقارەتلەش— «ئەردىنى»

ئۆزۈك «ئەردىنى»، بۇ سۆز قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا مەرۋايىت، گۆھەر مەنىسىدە بولۇپ، كۆچمە مەنىدە خوتۇنلارنى بىلدۈرۈپ «ئەرتىتىنى ئۆزۈك» دەپ كەلگەن، بۇ «بەدىنى مەرۋايىتتەك خوتۇن» دېگەن بولىدۇ، دېگەن ( I . 192). ئۆزۈك سۆزى ھازىر ئاياللار زىبۇ - زىننەتلىرىنىڭ بىرى بولغان قولغا

ىبىلىنىدىغان ئۈزۈكنى كۆرسىتىدىغان بولغان. مەھمۇد كاشغەري «بەدىنى مەرۋايىتتەك خوتۇن» دەپ ئىزاھات بەرگەن بولسىمۇ، «ئۈزۈك» سۆزى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «خوتۇن» دېگەن مەنىنى بەرمەيدۇ. پەقەت كۆچمە مەنىدىلا ئاياللار «ئىرلىرى سالىدىغان، مەرۋايىت قويۇلغان ئۈزۈك» دەپ ئەركىلىتىپ شەكىلدە كەلگەن. چۈنكى، قەدىمكى زاماندا خوتۇنلار «ئۇراغوت»، «ئوخشاغۇ» ( I . 187) دەپمۇ ئاتالغان.

قوچو دەۋرىدىكى بىر شېئىردا:

ئەردەملىك كىشى ئەردەمنى بىرلە تۈز ئول،
ئەردەمسىز كىشى ئۈتۈك ئىچىندەكى ئولياق بىرلە تۈز ئول

دېيىلگەن. بۇ يەردە پەزىلەت ئىگىلىرىنى گۆھەرگە، مەرۋايىتقا ئوخشاتقان.

ئوخشاغۇ ( I . 187): بۇ سۆز ئەسلى ئويۇنچۇق دېگەن مەنىنى بەرسىمۇ، لېكىن، خوتۇنلارنىمۇ ئويۇنچۇققا ئوخشىتىپ «ئوخشاغۇ» دەپ ئاتىغان. بۇنىڭدىن بىز مۇشۇ سۆز قايسى دەۋرلەردە كۆچمە مەنىدە قوللىنىلىشقا باشلىغان بولسا، شۇ چاغلاردا ئاياللارنىڭ كەمسىتىلگەنلىكى، ئويۇنچۇققا ئوخشىتىلىپ ھاقارەت قىلىنغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالايمىز. بۇ پىكرىمىزگە «دىۋان»دىكى چۆرىلەرگە قوللانغان «ئاۋىنچۇ» ( I . 181) ئاتاشمۇ ئىسپات بولىدۇ. بۇنى مەھمۇد كاشغەري «ئاۋۇنچۇق نەرسە» دەپ جۈملە تۈزۈپ، ئۇنى كۆڭۈلنى ئالىدىغان، ھۆرمەت قىلىدىغان نەرسە دېگەن مەنىدە يەشكەن ۋە شۇنىڭدىن چىقىپ چۆرىلەرنىڭمۇ «ئاۋۇنچۇ» دېيىلىدىغانلىقىنى تىلغا ئالغان. بۇنىڭدىن قارىغاندا، قەدىمكى زاماندا چۆرە قىزلارنىڭ، چۆرە ئاياللارنىڭ ھۆكۈمران تەبىقىلەر تەرىپىدىن ئىنتايىن خورلىنىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

## ئۆكتەملەرنىڭ ھەيۋە سۆزى «چىق»

بەزى ئىشلار باشلىنىشتا پەقەت بىر قېتىملىق بىر ئاددىي جەريان بولۇپ لاپلا قىلىپ ئۆتۈپ كەتسىمۇ، بەزى ئىشلار كۆپ تەكرارلانغاندىن كېيىن بارا - بارا ئادەتكە ئايلىنىپ كېتىدۇ. ئۆكتەملىكمۇ، ياۋاشلىقمۇ ئاشۇنداق ۋارىسلىق قىلىش ئارقىلىق ئادەت بولۇپ قالىدىكەن، ھازىرقى تۇرمۇشىمىزدا بەزى يولسىز، ئۆكتەم ئادەملەر گەرچە ئۆزى ھەققانىي بولمىسىمۇ، ھەققانىي كىشىلەرگە ھەيۋە قىلىپ، «غىڭ - پىڭ قىلىپ باق، نوچىلىقىڭنى بىر كۆرەي» دەپ ئۆكتەملىك قىلىدۇ. ھەققانىي كىشى ئۇنىڭ ئۆكتەملىكىدىن قورقۇپ دېمىنى ئىچىگە يۇتۇپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولىدۇ. مانا شۇ ئادەت مەھمۇد كاشغەرىي دەۋرىدىمۇ بولغانىكەن. «چىق» دېگەن سۆز ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا «غىڭ» دېگەن مەنىدە قوللىنىلغان. ئۇنىڭغا جۈملە تۈزۈپ: «چىق ئەت كۆرەيىن — غىڭ قىلىپ باقە، نوچىلىقىڭنى كۆرەي» دەپ مۇنداق چۈشەندۈرىدۇ: «رەنجىتكۈچىگە تاقابىل تۇرالمايدىغان كىشىگە قارىتىپ ئېيتىلىدۇ» (III . 179) دېگەن. ئۆكتەملەر كۆپىنچە ياۋاشلارنى بوزەك قىلىپ، كۈچلۈكلەرنىڭ ئالدىدا مۇللامۇشۇك بولۇپ كېتىدۇ. بۇ بارلىق ئۆكتەملەرنىڭ تەبىئىتىدىكى ئاجىزلىق. بوزەك قانچىكى كۆپ يول قويۇۋەرسە، ئۇنىڭ ھاقارەتلىشى شۇنچە ئېشىپ بارىدۇ. ھاقارەتكە سۈكۈت بىلەن ئەمەس، قەتئىي كۆرەش قىلىش بىلەن تاقابىل تۇرۇش ياخشى ئۈنۈم بېرىدۇ. «قاننى قان بىلەن يۇغىلى بولمايدۇ، دېيىلگەن بولسىمۇ، لېكىن ھاقارەتنى قاندىن باشقا نەرسە بىلەن يۇغىلى بولمايدۇ»[1]. ئەگەر ھاقارەتكە يەنىلا سۈكۈت قىلسا، ئۆكتەملەر شۇنداق ھالەتكە يېتىدۇكى، «بوزەكنى بوزەك قىلمىسا قىيامەتتە دەۋاسى باردۇر» دەپ، بوزەك قىلىش ئۈچۈن قانۇنىي، دىنىي ئاساسلارنى كۆرسىتىپ، ئۇنى قانۇنلاشتۇرۇۋالىدۇ.

## قەدىمكى تىكىشىش ئادىتى

قىمارنىڭ قايسى زامانلاردا، كىم تەرىپىدىن، قانداق بارلىققا كەلگەنلىكىنى بىلمەيمىز. خەلق رىۋايەتلىرىدە جەمشىت دېگەن ئادەم قىمارنىڭ پىرى ئىكەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، جەمشىت پادىشاھ بولۇپ، دۆلىتىنىمۇ قىماردا دو تىككەنىكەن. تارىختىن بۇيان قىماردىن ئىبارەت بۇ يامان تۇرمۇش ئادىتى ھەرقايسى ئەللەر خەلقلىرى ئارىسىدا ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلدى.

تىكىشىش قىمارنىڭ بىر شەكلى بولۇپ، ئۇ قەدىمدىن بېرى ھەرقايسى خەلقلەر ئارىسىدا ئومۇملاشقان بىر ئادەت. مەھمۇد كاشغەري بەرگەن مەلۇماتتىن قارىغاندا، بەگلەر مەلۇم ئىش ئۈچۈن ئۆي، ئات، يەر، قۇل تىكىشتەك ھەر خىل تىكىشىش ئويۇنلىرى بولغان. ئۇ خىل ئويۇننى «ئۇ بەگ بىلەن ئۆي تىكىشىپ ئوينىدى» ( I . 320) دېگەن. بۇ ئادەت بېيگە، چەۋگەن ئويۇنىدا، شاھماتتا ۋە باشقا قىمار شەكلىنى ئالغان ئويۇنلاردا تىكىشىش ئادىتى بولۇشى مۇمكىن. ھازىرمۇ پۈتۈن دۇنيادا بۇ خىل تىكىشىش كۆپ خىللاشتى، مۇنتىزىملاشتى. بىر مەيدان پۇتبول، بىر مەيدان بوكس، بىر مەيدان بېيگە قاتارلىق مۇسابىقىلەر ئۈچۈن مىلياردلاپ ـ مىلياردلاپ پۇللار تىكىلىپ كېتىدۇ. ھەتتا بۇ ئىش بەزى دۆلەتتە قانۇنلۇق ھالدا باشقۇرۇلىدىغان بولدى. قەدىمكى ئۇيغۇر ـ تۈركىي تىللىق خەلقلەردە «بۇ بىر قائىدە» ( I . 320) بولغانلىقىنى بىز «دىۋان» ئارقىلىق ۋاقىپ بولدۇق. گەرچە بۇنداق تىكىشىش قىمار شەكلىنى ئېلىپ بىرىنى مەنپەئەتدار قىلىدىغان، يەنە بىرىنى ئۆيۋاقىدىن ئايرىيدىغان بولسىمۇ، لېكىن ئويۇننى ئەۋجىگە چىقىراتتى ھەم بۇ قائىدىگە ئايلانغاچقا، مەلۇم جەھەتتە قانۇنلاشقانىدى. مەھمۇد كاشغەرىينىڭ بۇ «بىر قائىدە» دېگەن سۆزى ئۇنىڭ ئاۋام ئىچىدە قانۇنلىشىپ كەتكەنلىكىنى

چۈشەندۈرىدۇ. بۇ خىل پائالىيەت يالغۇز ئۇيغۇر ئۆي بىلەن چەكلەنمىگەن، ئەگەر ئات، يەر ۋە باشقا نەرسىلەرنى تىككەن بولسا، شۇ نەرسىنىڭ نامى تىلغا ئېلىنىپ «لەشتى» قوشۇقچىسى قوشۇلغاندا قىماردا ئۇتۇش مەنىسىنى بەرگەن. ئىسلامىيەتتىن كېيىن گەرچە بۇنداق تىكىشىش زور دەرىجىدە چەكلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن خەلقىمىز ئىچىدە چوڭقۇر يىلتىز تارتقان بۇ ئادەت كۆپ خىل شەكىل ۋە مەزمۇن ئېلىپ ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلدى. قوچقار سوقۇشتۇرۇش، توخۇ سوقۇشتۇرۇش، ئىت تالاشتۇرۇش قاتارلىق پائالىيەتلەردىمۇ بۇنداق تىكىشىش ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلمەكتە. خەلقىمىز بۇنى بىر خىل كۆڭۈل ئېچىش ۋاسىتىسى سۈپىتىدە قوبۇل قىلىپ كەلگەن.

## خوتۇنلارنىڭ ئاسىلقى — «ئۈيناش»

ھازىرقى زاماندا ئەرلەر خوتۇنىدىن خۇپىيانە، خوتۇنى ئېرىدىن خۇپىيانە ئويناش ئېپىۋالغان، بىر - بىرىگە ۋاپاسىزلىق قىلىپ ئاسىي يولنى تۇتقان بولسا، ئۇنى «ئاشنا ئويناش» دەپ ئاتايمىز. 11 - ئەسىر ۋە ئۇنىڭدىن بۇرۇن ئۇيغۇرلار ئاياللارنىڭ ئاشنا تۇتۇۋېلىپ ئاسىي يول تۇتۇشىنى «ئۈيناش» دەپ ئاتىغان: «ئۈيناش، ئۈينىشى بار خوتۇن» (I ، 163).

قەدىمدىن تارتىپ ۋاپا بىلەن ۋاپاسىزلىق، پاكلىق بىلەن ناپاكلىق مەۋجۇت بولۇپ كەلدى. ئۇيغۇرلار ۋاپا مەسىلىسىگە ئەزەلدىن ئېتىبار بېرىپ كەلگەن. ۋاپاسىزلىقنى يامان كۆرگەن ۋە ئۇنى ھەممە كىشى ئەيىبلىگەن. پاكلىقنى ئائىلىنىڭ بەختى دەپ قارىغان، ناپاكلىقنى ئائىلىگە بەختسىزلىك ئېلىپ كېلىدۇ، دەپ پاكلىقنى قوغداش ئۈچۈن تىرىشقان. خوتۇن ئېلىشتا قەلبى گۈزەل، تەقۋادار، ۋاپادار، پاك، ئېسىل نەسەبلىك خوتۇنلارنى ئېلىشنى قوغلاشقان.

4500. دۇرۇس خۇيلۇق بولسا، گۈزەللىك كېلۇر،
خوتۇننىڭ كۆركى ئەخلاق، بىلىملىك بىلۇر.

4501. ئېرىغ، تەقۋا بولسا، ئۇ ئېسىل بولۇر،
قالغان ئۈچ نەرسىمۇ[1] ئۇندا تېپىلۇر.

خەلقىمىز، يۇقىرىقىدەك خوتۇنلارنى ئالغاندىن كېيىن يەنىلا ياخشى كۆزەتچى بولۇش، ئەرلەر بىلەن ھەمداستىخان قىلماسلىق كېرەك. ئەگەر چاڭ تۇتۇلمىسا مىزان بۇزۇلىدۇ دەپ قارىغان. يۇسۇپ خاس ھاجىپ خەلقىمىزنىڭ مەيدانىدىن چىقىپ مۇنداق مىسرالارنى تۈزىدۇ:

4523. نەچچە مىڭ جەسۇر ئەر يىگىتلىر ئۆزى،
خوتۇنلار تۈپەيلى قۇرىدى يىلتىزى.

4524. تالاي ئابرۇيلۇق قىزىل يۈزلۈك ئەر،
خوتۇنلار تۈپەيلى ئۆزى بولدى يەر.

4525. تۈمەن مىڭ ئاناقلىق باھادىرلارنى،
خوتۇنلار تىرىك يەرگە كۆمدى ئۇنى.

بۇ بايانلاردىن قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ساداقەتمەنلىك، ۋاپادارلىقتا بولغان چۈشەنچىسىنىڭ ھەقىقەتەن ناھايىتى يۇقىرى ئىكەنلىكىنى، ئاياللارنىڭ خۇيىيانە ئىشلارنى قىلىشىغا، ئويناش تۇتۇۋېلىشىغا نىسبەتەن پوزىتسىيەسى، بايرىقى ناھايىتى روشەن ھالدا كەچۈرمەسلىك ئىكەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

### قۇللارنى سۆككەندە «قاشاڭ» دېيىش

قاراخانىيلار خانلىقى فېئوداللىق تۈزۈم ئاساسىغا قۇرۇلغان بولسىمۇ، يانچىلىق تۈزۈمىنىڭ قالدۇقلىرى تېخى ساقلىنىپ قالغان. بەگلەرنىڭ قولىدا يەنىلا قۇل ـ دېدەكلەر بولغان.

قۇللارنى سېتىش، ئېلىش ئىشلىرىنىڭمۇ بەزى ئالامەتلىرىنى «دىۋان» دىكى بەزى ئۇچۇرلاردىن بايقايمىز. قۇللار ھەرقاچان غوجايىنغا نارازى بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ئىشلىرىنى ھەقىقىي جان كۆيدۈرۈپ قىلمايتتى، ئالدىدا ئاكتىپ بولۇۋېلىپ، ئارقىسىدىن غوجايىننى تىللايتتى. شۇڭا، ئۇلار ئىشلاردا ئومۇمەن ئاكتىپ بولماي، سۆرەلمىلىك قىلاتتى. بۇنىڭ بىلەن غوجايىنلار، بەگلەر ئۇلارنى ئۇراتتى، تىللايتتى، ھاقارەتلەيتتى. مەھمۇد كاشغەرىي قۇللارنى تىللىغاندا ئىشلىتىدىغان بىر ئادەت سۆزدىن ئۇچۇر بەرگەن.

قاشاڭ ــ قۇللارنى سۆككەندە ئىشلىتىلىدىغان بىر سۆز بولۇپ، «پەس، پەسكەش» مەنىسىدۇر (Ⅲ. 504). ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا «قاشاڭ» دېگەن سۆز «تەپسە تەۋرىمەس، ھورۇن، بوشاڭ، ھاڭۋاقتى» دېگەندەك مەنىلەردە قوللىنىلىدۇ. قەدىمكى زاماندا ئۇنى قۇللارنى تىللاشقا ئىشلەتكەن، مەنىسى «پەس، پەسكەش» دېگەنلىك بولغان.

ھازىر ئۇيغۇر تىلىدا «قاشاڭ» دېگەن بىر ھاقارەت، ئەيىبلەش سۆزى بار. بۇنى ھورۇن، تەرسا، ئىشقا يارىمايدىغان بەزى كىشىلەر ئۈچۈن ئىشلىتىدۇ. «ئۇ قاشاڭ ئادەم» دېگەندە ئۇ ئادەمنىڭ تەپسە تەۋرىمەس، بوشاڭ ئادەم ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرىدۇ. «قاشاڭلىق قىلىش» دېمەك، ئۇ ئۇنىڭ ھورۇنلۇق قىلماسلىققا، گەپ تەسىر قىلمايدىغان، تىل - ھاقارەتمۇ ئۆتمەيدىغان مۇردا بولۇۋالماسلىققا ئۈندەپ ئېيتىلىدۇ. لېكىن، بۇ سۆز مەھمۇد كاشغەرىينىڭ مەلۇماتىدا قۇللارنى سۆككەندە ئىشلىتىدىغان سۆز ئىكەن. بۇ سۆزنىڭ ھازىرقى ئىستېمالدا ئىككى ئۆبيېكتى ئۆزگەرگەن. بىرى، ھازىر قۇل - چاكارلار بولمىغاچقا، قۇللارغا ئەمەس، قۇللاردەك قاشاڭ كىشىلەرگە ئېيتىلىدىغان بولدى، يەنە بىرى، ھازىر «قاشاڭ» سۆزىنىڭ «پەس، پەسكەش» مەنىسى يوق، بەلكى، ھورۇن، گەپ ئۆتمەيدىغان يارىماس، دېگەن مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ.

# خەلق يامان كۆرىدىغان مەنىۋى ئىللەتلەر

قائىدە ـ يوسۇن دېگەندە، بىز ئومۇمىي خەلق ئېتىراپ قىلغان، تۇرمۇشنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمىغا ئايلانغان، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى بىلەن باغلانغان قېلىپلاشقان ئادەتلەرنى نەزەردە تۇتىمىز. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئاۋامنىڭ ئەنئەنىۋى قائىدە ـ يوسۇنغا، قىممەت قارىشىغا، ئەخلاق قارىشىغا، گۈزەللىك قارىشىغا، ئېتىقادىغا، ئادىمىيلىك ئۆلچەم ـ تەلەپلىرىگە يات بولغان بىر قىسىم ناچار قىلمىش ـ ئەتمىشلەرمۇ جەمئىيەتتە بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. مانا شۇنداق يامان قىلمىش ـ ئەتمىشلەرگە بولغان پوزىتسىيە مەسىلىسىمۇ شۇ خەلقنىڭ ئىلغار قائىدە ـ يوسۇنلىرىنى داۋاملاشتۇرۇشى، جەمئىيەتنى ئاكتىپ، تەشەببۇسكار، مەسئۇلىيەتچان جامائەت پىكرى ئارقىلىق تەربىيىلەشكە مۇناسىۋەتلىك بولغان سىناق، بۇ مەنىدىن ئالغاندا، يامان، چەكلەنگەن ئىشلارنى قىلماسلىق، ئۇنداق ئىشلاردىن ئۆزىنى چەكلەش يەنىي ئاتالغۇ بويىچە «تابۇ» دەپ ئاتىلىدۇ. بىراق، ئۇ يەنىلا قائىدە ـ يوسۇننىڭ بىر تەركىبىي قىسمى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەل ئىچىدىكى يامان ئىش، يامان ھەرىكەتلەرگە ئورتاق قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت ئاممىۋى ئاڭلىقلىق يەنىلا قائىدە ـ يوسۇنىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى ھېسابلىنىدۇ. «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»تە ئۆز دەۋرىدە ئومۇمىي خەلق يامان ئالىدىغان، ئۆچ كۆرىدىغان، ئېيىبلەيدىغان يامان ئادەتلەردىن خېلى كۆپ ئۆرنەكلەرنى كىرگۈزگەن ھەم بۇنىڭغا بولغان پوزىتسىيەمۇ ئېنىق ئىپادىلەنگەن. بۇنى بىز خەلقنىڭ ئىلغار ئەنئەنىسى ھېسابلاپ، قائىدە ـ يوسۇننىڭ مەزمۇنى قاتارىدا ئىزاھلىدۇق.

## ئىچى يامان ئادەمنى «تەپىز» ئاتاش

«تەپىز»، دېمەك شورتاڭ، ھېچ نەرسە ئۈنمەيدىغان يەر دېگەن مەنىنى بەرگەن. مانا مۇشۇ سۆزدىن ئېلىنىپ قەدىمكى تۈركلەر ھەسەتخور، ئىچى قوتۇر، زىيانداش ئادەمنى تەپىز كىشى دەپ ئاتىغان» ( I . 472). بۇ ئادەتتىن تۈركلەرنىڭ ھەسەتخورلۇقنى، ئىچى قوتۇرلۇقنى ئىنتايىن يامان ئالىدىغان خاراكتېرى ئىپادىلىنىدۇ. ھەسەتخور ئادەمدىن ھېچقانداق ئادەمگە مەنپەئەت يەتمەيدۇ، ھەتتا ئۆزىمۇ مەڭگۈ بەختلىك بولالمايدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ھەسەتخورلارنىڭ خاراكتېرىدىكى شۇملۇقنى خۇلاسىلەپ: «ھەسەتخور ئۆزىنىڭ گۆشىنى ئۆزى يەپ تۈگەيدۇ» دېگەن. ھەسەتخورغا نىسبەتەن بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق يېشىم بولماس.

## ئەلگە ئەسقاتمايدىغان تاشلاندۇق كىشى

«ياتۇق» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى «تاشلانغان»، «ئۇنتۇلغان» دېگەن مەنىنى بەرگەن. تاشلانغان، ئۇنتۇلغان، قىممەتسىز، ئەھمىيەتسىز نەرسىنى «ياتۇقنەڭ» دەپ ئاتىغان. ھۇرۇن، يارىماس ئادەملەرنىمۇ «ياتۇق كىشى» دەپ ئاتاش ئادىتى بولغان. ئوغۇزلار ئارىسىدا بولسا، ئۆز شەھىرىدىن باشقا يەرگە چىقمايدىغان، بېكىنىۋالغان، ئۇرۇشىمۇ قىلمايدىغان، ئۇرۇشقىمۇ چىقىشنى خالىمايدىغان بىر قىسىم كىشىلەرنى «ياتۇق» دەپ ئاتاش ئادىتى بولغان. بۇنىڭ مەنىسىنى مەھمۇد كاشغەرىي «تاشلانغانلار، ھۇرۇنلار» دېگەنلىك بولىدۇ دەپ چۈشەنچە بەرگەن (III . 12).

بۇ ئادەتنىڭ مەزمۇنىدىن تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئادەمگە بولغان قىممەت قارىشى چاقنايدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆز دەۋرىدىكى قىممەت قاراشنى تولىمۇ كونكرېت بايان قىلغان بولۇپ، يارىماس، ھۇرۇن، ئەلگە يۈك بولىدىغان ئادەملەرنى

تىرىكلەر ئارىسىدىكى ئۆلۈك دەپ خۇلاسىلىگەنىدى. بۇ مەھمۇد كاشغەرىينىڭ يۇقىرىقى ئادەتكە بولغان يېشىمى بىلەن بىر نۇقتىدىن چىققان. جەمئىيەت تەرىپىدىن كېرەكسىزلىكى، يارىماسلىقى، قىممەتسىزلىكى سەۋەبلىك تاشلىنىپ كەتكەن ئادەمگە، ئەگەر ئازراق ئىدراكى بولسا، مىڭ ئۆلگەندىن يامان ئازاب ئەمەسمۇ؟ ئادەمنىڭ بۇ دۇنياغا كېلىپ ياشىشىدىكى مەقسىتى ئەل ئارىسىدا ھەقىقىي مەنىدىكى قەدىر ـ قىممەتكە ئېرىشىپ، ئەلنىڭ قەلبىدىن مەڭگۈ يىقىلمايدىغان خاتىرە مۇنارى تىكلەش. شۇڭا مەھمۇد كاشغەرىي: «ئەي ئوغۇل، مەڭدىن ئۆگۈت ـ نەسىھەت ئال، پەزىلەتلىك بول، ئەل ئارىسىدا ئۇلۇغ ئالىم بولۇپ، بىلىمىڭنى تارات» دەپ يۇتۇن نەسىھەتلىرىنىڭ جەۋھىرىنى ئىككى سۆزگە ـــ بىرى، پەزىلەتكە، يەنە بىرى، بىلىمگە مۇجەسسەملىگەن. بۇنىڭ چىقىش نۇقتىسى ئەلگە پايدىلىق ئادەم بول دېگەن تىلەپ، تەۋسىيە ئىدى. يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ يەنە بىر باياندا ئادەم پەزىلەتلىك بولىدىغان بولسا، قورقۇنچاقلارمۇ ئۇرۇشتا باتۇرلۇق كۆرسىتىدۇ دېگەن. ئۇرۇش دېگەن ئەرنى سىنايدۇ، ئەرنى تاۋلايدۇ، قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ نەزىرىدە ئۇرۇشتىن ئۆزىنى تارتقان، ئۇرۇشقا چىقمىغان ئادەم ھەقىقىي مەنىدىكى ئەر ئەمەس، ئۇنداق ئادەمنى كىشىلەر كۆزگىمۇ ئىلمايدۇ ھەم ئۇنداق ئادەم بىلەن ئالغۇ ـ بېرگۈمۇ قىلمايدۇ. چۈنكى، خاراكتېرسىز ئادەملەرنىڭ يامانلىقتىن باشقا ئىش قولىدىن كەلمەيدۇ. خەلق ئۇلۇغ، ئۇلار يارامىلىق بىلەن يارامسىزلارنى تاۋلايدۇ، جەمئىيەتتە خەلقنىڭ يامانلارنى جازالايدىغان بىر كوزىرى، ياخشىلارنى مۇكاپاتلايدىغان مەنىۋى ئورتكىسى بولمىسا بولمايدۇ. ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن پەزىلەتسىز، قورقۇنچاق، ھۇرۇن، ھارام تاماق، ئۇرۇشتىن قاچقان ئادەملەرنى جازالايدىغان كوزىرى ئۇلارنى ئارىغا ئالماي تاشلىۋېتىش، ئۇنى بۇ دۇنيادا يەككە ـ يېگانىلىك ئوچىقىغا تاشلاپ يۇچىلاش ئىدى.

«ياتۇق»نىڭ يەنە بىر مەنىسى ئۆيدىن، شەھەردىن،

مەھەللىسىدىن سىرتقا چىقمايدىغان، بىكىنمە ئادەمنى كۆرسىتەتتى. بۇ دېگەنلىك، جەمئىيەتنى كۆرمىگەن، جەمئىيەتنى چۈشەنمىگەن، نەزەر دائىرىسى تار، ياشاشنى بىلمەيدىغان «غىلاپ بەندىسى» دېگەنلىك بولاتتى. كۆپنى كۆرگەننىڭ، جەمئىيەت بىلەن قويۇق ئارىلاشقاننىڭ نەزەر دائىرىسىمۇ كېڭىيىدۇ، خاراكتېرىدىمۇ ئۆلگىرىلەش بولىدۇ. بۇمۇ ئادەم ئۈچۈن بىر پۇرسەت ۋە بەختتۇر. شەيخ سەئدىنىڭ بىر سۆزى بولىدىغان: «ئون يىل مەدرىسەدىن چىقماي ئىلىم ئۆگەنگەن ئالىمدىن، بىرەر يىل جاھان كەزگەن دەرۋىشنىڭ بىلىمى مول بولىدۇ.»

## پاسلى بۇزۇلغان ئايالنى «يەرۈك» ئاتاش

بۇ تىل ئادىتى ۋە ئاياللارغا قويۇلغان پاكلىق تەلىپى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن ئىستېمالىك ئىبارە. يەنى مەھمۇد كاشغەري «يەرۈك» نى چۈشەندۈرىدۇ: «يېرىق، دىز، يەرۈك ئىشلىر — يېرىلغان ئايال، پاسلى بۇزۇلغان ئايال»، ئۆزۈنىسىغا يېرىلىپ ھۆسنىنى يوقاتقان ھەرقانداق نەرسىنى شۇنداق ئاتايدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ (III. 22). «يەرۈك» دېگەننىڭ يەنە «كەمتۈك»، «پۇچۇق» دېگەن مەنىسىمۇ بولغان. ھازىرمۇ خەلقىمىز ئىچىدە، ئاياللار «چىنى چىنىگە ئوخشايدۇ، ئەگەر ئۇنىڭغا چاك كەتسە ھەرگىزمۇ ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولمايدۇ» دەپ قارايدىغان ئادەت بار. بۇ ئۇقتىدىن چىققان ئالىم يۈسۈپ خاس ھاجىپ «خوتۇنلارنىڭ ئەسلى گۆش، كۆزەتمەك زۆرۈر، كۆزەتمەي قويارسەن، ئۇ گۆش بۇزۇلۇر» (4519 ـ بېيىت) دېگەن. بۇ خىل قاراش ئۇيغۇرلارنىڭ پاكلىقنى، ساداقەتنى ئەزىز بىلىش، پاسلىنى چىڭ ساقلاش، ئۇنىڭ بۇزۇلۇشىغا قەتئىي يول قويماسلىق ئىدىيەسىنىڭ نامايەندىسى ئىدى. بۇ ئادەت ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمدىن كېلىۋاتقان پەزىلەت تەلەپلىرىنىڭ بىرى.

## سۆيۈق، مەيدانى يوق ئادەمنى «يايىخ» ئاتاش

«يايىخ» دېمەك، تۇتامى يوق، مەيدانى يوق، يېپىلمەي تۇرىدىغان، قايسى تەرەپكە باشلىسا شۇ ياققا كېتىۋېرىدىغان دېگەندەك مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. بۇ سۆز مانا شۇنداق خاراكتېردىكى كىشىلەرگە قارىتىپ ئېيتىلغان «يايىغ كىشى» ئالاڭغۇ، ئالاڭغۇ ئادەم، ھېلى ئۇنىڭغا، ھېلى بۇنىڭغا مايىل بولۇپ تۇرىدىغان ئادەم (Ⅲ. 28). بۇ يالغۇز تىل ئادىتىدىكى ئىش ئەمەس، بەلكى جەمئىيەتتىكى يۇقىرىقىدەك كىشىلەرگە تۇتقان پوزىتسىيە ھەم باھانى ئىپادىلەيدىغان ئادەت سۆزى. خۇددى ھازىر كىشىلەر ئىككى يۈزلىمىچى، خائىن، يۇمىلاق تاۋۇز كىشىلەردىن ئۆزىنى نارتىپ قاچقانغا ئوخشاش، «يايىغ كىشى» لەردىن قېچىش ئادىتى شەكىللەنگەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ. بۇ، خەلقىمىزنىڭ كىشىلەرگە قويغان پەزىلەت تەلىپىنىڭ بىر مەزمۇنى ئىدى. يۇقىرىقى سۆزنىڭ تېگىدە مەيدانسىز ئادەملەرنى ئەيىبلەش، ئۇنداق ئادەم بولماسلىققا نىسبەتەن ئاگاھلاندۇرۇش نىيىتى ئىپادىلىنىدۇ. يايىخ ئادەمنىڭ خاراكتېرى تۇراقسىز بولغاچقا، ھەق ـ ناھەق تۇيغۇسى روشەن بولمىغاچقا، ئۇنداق ئادەملەر ئەڭ ھالقىلىق پەيتلەردە كارغا كەلمەيدۇ. ئومۇمەن، «يايىخ» ئادەمدىن ۋاپا كەلمەيدۇ. شۇنىڭدىن چىقىپ شۇ خىل خاراكتېردىكى كىشىلەرنى ئوبرازلىق ھالدا «يايىخ كىشى» دەپ ئاتاپ، يايىخ ئادەملەرنى ئادەملەرنىڭ ئەسكىسى دەپ قارىغان. مەھمۇد كاشغەرىي «يۈزلۈك» دېگەن سۆزنى ئىزاھلاپ مۇنداق جۈملە تۈزىدۇ: ئىككى يۈزلۈك ئادەم، مۇناپىق، ئالدامچى (Ⅲ. 60). روشەنكى، ئىككى يۈزلۈك يايىخ كىشىلەردىن ئالدامچىلىق، مۇناپىقلىق كۆپ كۆرۈلىدۇ.

## سۇخەنچىلىك، پىتنە ـ پاسات كېسىلى

سۇخەنچىلىك، پىتنە ـ پاسات خاراكتېرىنىڭ ناچارلىقى، قەلبىنىڭ پالەچلىكىدىن يۈز بېرىدۇ. بۇ خىل ئىللەتنى قەدىمكى ئۇيغۇرلار «ئۇششاق» ــ سۇخەنچىلىك، دەپ ئاتىغان. «ئۇششاق» قا سۆز قوشۇلغاندا: «ئۇششاق سۆز ــ غەيۋەت» ( I . 165) مەنىسىنى بەرگەن. سۇخەنچىلىك ۋە غەيۋەتنىڭ بىر يۈتى تەمە ئۈستىگە قويۇلغان بولسا، يەنە بىر يۈتى غەرەزلىك، مەقسەتلىك زىيانكەشلىك قىلىش نىيىتى ئۈستىگە قويۇلغان. تارىختا نى ـ نى رەزىل ئويۇنلار مانا شۇ سۇخەنچىلىك، پىتنە ـ پاسات ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغان كىشىلەرنىڭ قولىدا ئوينالدى. باھادىر ئەزىمەتلەرنىڭ بېشى شۇ رەزىل مەخلۇقلار سەۋەبىلىك ناھەق كېسىلدى. ھەتتا چوڭ ئىمپېرىيەلەرمۇ شۇ سۇخەنچىلەرنىڭ قولىدا ھالاك بولدى. ئۇلار يالغاننى توقۇيالايدۇ راستتەك، راستقا بوياق بېرىپ قارايتالايدۇ يالغاندەك. يۈسۈپ خاس ھاجىپ:

4411. تۈپىڭ ـ يىلتىزىڭنى پاساتلىق قىرار،
بۇ ياخشى ئىزىڭنى پاساتلىق بۇزار.

پاساتنىڭ يېنىغا يېقىن بارمىغىل،
پاسات نەدە بولسا، خارلىق شۇندا بىل.

دېگەن. يەنە ئۇ غەيۋەتخورغا قېتىلماسلىقنى تەكىتلەيدۇ ۋە غەيۋەتخورنىڭ قولىدا ئوت كۆيىدۇ، غەيۋەتخورنىڭ قولىنى كەسمىگۈچىلىك يۇرتىغا، ئائىلىگە ئاراملىق بولمايدۇ، دەپ قارىغان. باشقىلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلىشنى باشقىلارنىڭ گۆشىنى يېگەنگە باراۋەر دەپ قارىغان كىلاسسىكلىرىمىز، بۇنداق يامان كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قالماسلىققا ئاگاھلاندۇرۇپ كەلگەن.

## پىتنە ـ پاسات ھەسەتتىن تۇغۇلىدۇ

مەھمۇد كاشغەرىي قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ھەسەت قىلدى، كۆرەلمىدى، دېگەن سۆزنى ئىزاھلاپ: «ئۇ ئۇنى كۆرەلمىدى، يەنى ئۇنىڭغا ھەسەت قىلدى» (Ⅲ. 386) دېگەن. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ھەسەتنى بىر ساقايماس كېسەل، ئۇ ئۆزىنىڭ گۆشىنى ئۆزى يەپ سىزىپ تۈگەيدۇ، دەپ يازغان.

4253. تەپىزلىك ئىگ ئول بىر ئوتاتغۇ ئۆزۈن
يەمشى ئانى يەر سىزار بۇ ئۆزۈن

يەنە ئوردا ئىچى يۈتۈنلەي ھەسەت بىلەن تولغان، نەدە ھەسەت بولىدىكەن، شۇ يەردە ئۇرۇش پاراكەندىچىلىكى بولىدۇ، دېگەن.

4247. تەپىزلىك بولۇر بۇ قاپۇغدا ئۆكۈش
تەپىز قايدا ئەرسە تۇتۇش ئول ئۇرۇش

نەچچە مىڭ يىللاردىن بېرى ھەسەتخورلۇقنىڭ يامان كېسەل ئىكەنلىكى ھەققىدە كىلاسسىكلار ھەرقاچان ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرۇۋېتىپتۇ. بىراق، بۇ كېسەلگە ھازىرغىچە بىرەر داۋا تېپىلماپتۇ. ئاجايىپ ئىش، ھەسەتخور ھەرگىزمۇ ئۆزىدىن يىراق، ئۆزىگە تونۇشلۇق بولمىغان كىشىلەرگە ھەسەت قىلمايدۇ، ھەسەت قىلسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ تەپتى ئانچە قىزىق بولمايدۇ، ھەسەت ئونى يەقەت ئەڭ يېقىن كىشىلىرى مۇۋەپپەقىيەت تاجىنى كىيسە ئاندىن خۇددى دوزاخ ئوتىدەك لاۋۇلداپ ھۆلىنىمۇ، قورۇقنىمۇ ئوخشاش كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىدۇ. شۇڭا دېيىمىزكى، ھەسەت ئوتىنىڭ ئوت قالىغۇچىسى كۆرەلمەسلىك. شۇڭا، بۇ كېسەلنىڭ ئەڭ ياخشى شىپاسى، ئەگەر قولىدىن كەلسە قورسىقىنى كەڭرەك تۇتۇپ، ئۆزىمۇ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشقا تىرىشىش، ھەسەتنىڭ

ئورنىغا ئادىل رىقابەتلىشىشنى ئالماشتۇرۇپ، سەن يەتكەن مەنزىلگە مەن نېمىشقا يېتەلمەيدىكەنمەن، دەپ ئالغا قاراپ ئىلگىرىلەش، باشقىلارنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىنى ئۆزى ئۈچۈن ئاپەت ئۈچىقى قىلىۋالماي، بەلكى يۇقىرى ئۆرلەشتىكى رىقابەت شوتىسى قىلىۋېلىش كېرەك. بۇنى قولىدىن كەلمىسە، باشقىلارنىڭ خۇشاللىقىغا ئورتاقلىشىش ئارقىلىق خۇشاللىق تېپىش لازىم. ئەگەر بۇنىڭغىمۇ قادىر بولالمىسا، ئۆلۈۋېلا ئۆزىمۇ ئارام تېپىپ، باشقىلارنىمۇ ئارام تاپتۇرۇش لازىم.

## يىلان، چايانلار چېقىلسا چاقىدۇ، چېقىمچى چېقىلمىسىمۇ چاقىدۇ

ھەسەتخور ۋە سۇخەنچىنىڭ بىر قورساق ھەمشىرىسى بار، ئۇ بولسىمۇ چېقىمچىدۇر. «ياڭاغ، يوناق، چېقىمچىلىق ئانى يوناغ يونادى — ئۇنى خانغا چاقتى، چېقىشتۇردى» (III. 513).

ئۇيغۇر خەلقى قەدىمدىن بېرى «يوناش، يونىماق، چېقىش» سۆزىنى كۆچمە مەنىدە ئىشلىتىپ، يىلان، چايانلارنىڭ چېقىشىنى پەس تەبىئەتلىك چېقىمچىلارغا يۆتكەپ قوللىنىپ، ئۇلارنىڭ زىياندا شلىقىنى، ئۇلاردىن يىلان، چاياندىن قاچقاندەك قېچىش كېرەكلىكىنى ئاگاھلاندۇرۇپ كەلگەن.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ مۇنداق يازىدۇ:

«مېنى ئۆزۈڭ ھەرقانچە كۆرسەتمۇ، چېقىمچى چېقىپ كىرسە قوشۇماڭ تۈرۈلىدۇ. غەيۋەتچىنىڭ سۆزىنى ھەرقانچە ئاڭلىمايمەن، دېسەڭمۇ، چېقىمچى ئارىغا كىرسە ئۆزگەرمەي قالمايدۇ. ھەي بەختلىك ئېلىگ، مانا شۇ ئاسىي ئىتلارنىڭ چېقىشىدىن ئەيمىنىمەن، ئەنسىرەيمەن.»

بۇ مەنىدىن چېقىپ چېقىمچى، ئىككى يۈزلىمچى كىشىلەرگە ئارىلاشماسلىق، ئۇلاردىن نېرى تۇرۇشقا ئاگاھلاندۇرغان (4272). دەرۋەقە، چېقىمچىلىق دېگەن

مەنپەئەتپەرەسلىك، كۆرەلمەسلىك، ھەسەتتىن قوزغىلىدىغان كېسەل. بىراق، ئۇ باشقا كېسەللەرگىمۇ گۇمان، شۈبھى دالىلىرىنى سالىدۇ، ئارىدا نىزا ـ ئاداۋەت قوزغايدۇ. چېقىمچىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان ئادەم خۇددى چېقىمچى ئۆزىگە كۆيۈنۈۋاتقاندەك تۇيغۇغا كېلىپلا، كېسەللىك بىلەن يۇقۇملىنىپ ۋۇجۇدى بىئاراملىقتىن تىترەيدۇ، چىشلىرى غۇچۇرلايدۇ، مۇشتلىرى تۈگۈلىدۇ، كۆزلىرى ئالىيىدۇ، قوشۇمىلىرى تۈرۈلىدۇ، قەلبى ئۆرتىنىدۇ. ئىشەنچ دەرىخىنىڭ يىلتىزىغا پالتا ئۇرۇلىدۇ. شۇنداق قىلىپ دوستلۇق دۈشمەنلىككە ئايلىنىدۇ، ئىناقلىق ئورنىنى ئاداۋەت ئىگىلەيدۇ. بۇ چېقىمچىلىقنىڭ نەشتىرىنى ئۇرغان كىشى توپىلاڭدىن توقاچ ئوغرىلايدۇ، ئاخىر ھەر ئىككى تەرەپكە زىيانكەشلىك قىلىدۇ. شۇنداق كېسەل بىلەن يۇقۇملانماسلىقنىڭ مۇداپىئەسى شۇكى، بىر ئادەمگە بولغان بىر ئۆمۈرلۈك ئىشەنچ بىناسىنى يەنە بىر ئادەمنىڭ پىتنە ـ پاسىقىغا ئىشىنىپ ئۆرۈۋېتىش ئاقىلانىلىك ئەمەس، بەلكى نادانلىقتۇر. ھەرقانداق ئىش بولسا، ئاۋۋال چېقىمچىنىڭ مەقسەت ـ مۇددىئاسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ياخشى ئىگىلەش، ئەڭ مۇھىمى يۈزتۇرانە ھالدا پىكىرلىشىپ ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى تېپىپ چىقىش، ھەتتا چېقىمچىنىڭ سۆزى راست بولغان تەقدىردىمۇ، شۇ چېقىمچىنىڭ دامىغا چۈشۈپ كەتمەسلىك، ئۇنى زىيانداش ئادەم قاراپ، ئۇنىمۇ ئۆزىگە يېقىن يولاتماسلىق لازىم. بۇمۇ مەھمۇد كاشغەرىي ۋە يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋەكىللىك قىلغان ئىلغار پىكىرلىك ئالىملىرىمىزنىڭ تەجرىبىسى ۋە ئۈنۈملۈك رېتسېپى.

## بىپەرۋالىق قەلبنىڭ پالەچلىكى

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئوسال» دېگەن سۆز «ئوسال ئادەم، ئوسال نەرسە» دېگەندەك مەۋھۇم، ئابستراكتراق ئۇقۇم سۈپىتىدە ئەسكى ئادەم، ئەسكى، يامان

ئىش دېگەن مەنىنى ئۇقتۇرىدۇ. بىراق قايسى ئەرەپتە ئۇسال، يامان دېگەن كونكرېت مەنە چىقمايدۇ. مەھمۇد كاشغەري مەلۇمات بەرگەن «ئۇسال» دېگەن سۆز قەدىمكى زاماندا بىپەرۋا، مەسئۇلىيەتسىز ئادەمنى كۆرسىتەتتى. (Ⅰ. 166) يەنە بۇ سۆزگە مەنىداش تۇرىدىغان يەنە بىر سۆزنى كۆرسەتكەن: «ئۇدۇق، ئۇدۇقلۇق. ئادەمنىڭ بىرەر ئەرسىدىن غاپىللىقى، بىخۇدلۇقى» (Ⅰ. 202) غاپىللىق، بىخۇدلۇقمۇ مەسئۇلىيەتسىزلىك، بىپەرۋالىقنىڭ بىر خىل ئىپادىلىنىشى.

جەمئىيەتتە يۇقىرىدىن تارتىپ تۆۋەنگىچە ھەممە كىشىنىڭ ئۆتەشكە تېگىشلىك مەسئۇلىيىتى بولىدۇ، ئورنى يۇقىرىلىغانسېرى ئۈستىگە ئالغان مەسئۇلىيەت يۈكىمۇ ئېغىرلىشىپ بارىدۇ. ماھىيەتتىن ئالغاندا، بۇ دۇنيا مەسئۇلىيەتچانلىق ئۈستىگە قۇرۇلغان. ئەگەر ھەربىر ئادەم مەسئۇلىيەتتىن باش تارتسا، جەمئىيەت بىناسىنىڭ ئۇلى بوشاپ كېتىدۇ.

## مۇناپىقنى ئىككى يۈزلۈك ئاتاش

«يۈزلۈك» سۆزىنى ئىزاھلاپ «ئىككى يۈزلۈك ئىر — ئىككى يۈزلۈك ئادەم، مۇناپىق، ئالدامچى» دېگەن (Ⅲ. 60).

تارىختىن بۇيان مەيدانى مۇستەھكەم، ئىرادىلىك، بايرىقى روشەن كىشىلەر بىلەن مۇقىم مەۋقەسى يوق، مەيدانى يوق، ئۆزىگە خاس دۇنيا قارىشى يوق، يۇمىلاق تاۋۇز، ئالدىدا بىر خىل، ئارقىدا بىر خىل، يۈزسىز كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا كەسكىن كۆرەشلەر بولۇپ كەلدى. ئىككى يۈزلىمە ئادەملەرنىڭ كاساپىتىدىن كىشىلىك تۇرمۇشتا مۇناپىقلىق، ساتقۇنلۇق بارلىققا كەلدى. ناھايىتى ئېغىر ئىراگېدىيەلەر كېلىپ چىقتى. مۇناپىقلار روھى مەجرۇھ، ئەڭ يارامسىز، ھەق ـ ناھەق تۇيغۇسى يوق، زەئىپ كىشىلەردۇر. بىراق، ئۇلار ئەڭ ئېپىل، يارامىلىق،

باھادىر ئەزىمەتلەرگە ساتقۇنلۇق قىلىپ ئۇلارنى نابۇت قىلىدۇ. تارىختا ناھايىتى قۇدرەتلىك دۆلەتلەرمۇ مۇناپىقلارنىڭ كاساپىتىدىن ئاغدۇرۇلۇپ كەتكەن مىساللار ناھايىتى كۆپ. مۇناپىقلار پۇرسەتپەرەس كېلىدۇ، ئۇلارغا نەدە بازار بولسا شۇ يەردە ئۇلار مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدۇ. قايسى جەمئىيەتتە مۇناپىقلارغا كۈن بېرىلمىسە، ئۇلارنى جەمئىيەت يېتىم قالدۇرسا، پۇرسەت بېرىلمىسە ئاندىن ئۇلار باشقىلارغا، خەلققە زىيانكەشلىك قىلىشقا پېتىنالمايدۇ. مانا شۇنىڭدىن چىقىپ قەدىمكى دەۋرلەردە مۇناپىقلارنى ئىككى يۈزلۈك ئادەم دەپ قاراپ، ئۇنىڭدىن نەپرەتلەنگەن، ئۇنداق مەخلۇقلارغا يىرگىنىش بىلەن قارايدىغان بىر ئادەت ئومۇملاشقان.

## يۈزسىزلىك ئىككى يۈزلىمىلىككە ئېلىپ بارىدۇ

بىز «يۈزسىز» دېگەن سۆزنى يەنە «قارا يۈز»، «يۈزى يوق» دېگەن سۆزلەر بىلەنمۇ ئىپادىلەيمىز. قەدىمكى زاماندا بۇ ئۇقۇمنى «ئەسسىز» سۆزى بىلەن ئىپادىلىگەن. «يۈزسىز، ياخشىلىقنى بىلمەيدىغان ئادەم» دېگەننى «ئەسسىز كىشى» دېگەن. (193. I) «ئەسسىز» سۆزى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا كۆپ مەنىلىك سۆز بولۇپ، «يامان، ئەسكى» دېگەن مەنىنىمۇ «ئەسسىز» سۆزى بىلەن ئىپادىلىگەن. بىز يۇقىرىدا تىلغا ئالغان «ئەسسىزگە قاتما» دېگەن سۆز يامانغا، ئەسكىگە قوشۇلما دېگەن مەنىنى بىلدۈرۈپ كەلگەن. ئەسلى ماھىيەتتىن كۆزەتكەندىمۇ ھەرقانداق ئەسكىلىك، يامانلىق دېگەن يۈزسىزلىكتىن، قارا يۈزلۈكتىن بولىدۇ. يۈزى يوق، يۈزسىز دېگەن سۆز، نومۇس يوق، ھايا يوق دېگەن مەنىنىمۇ ئۇقتۇرىدۇ. يۈزسىز ئادەمدە ئادىمەنچىلىك بولمايدۇ، ياخشىلىققا يامانلىق قىلىشتىن ھايا قىلمايدۇ، كىچىككىنە مەنپەئەت ئۈچۈن ئەڭ يېقىن دوستىدىن يۈز ئۆرىيەلەيدۇ. يۈزسىز ئادەمدە ۋاپا، ساداقەت دېگەن نەرسىگە ئورۇن يوق. يۈزسىزنىڭ چوڭى ئەلدىن

يۈز ئۆرۈيدۇ، يۈزسىزنىڭ كىچىككى دوستىدىن سىنىت چاغلىق مەنپەئەت ئۈچۈن يۈز ئۆرۈيدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ يۈزسىز ئادەمنىڭ تاشقى ئالامەتلىرىنى: «يۈزى گۆشسىز سۆڭەكتۇر، كۆزى خۇنۇك ئېتىلمەس تۈشۈكتۇر» دەپ سۈپەتلىگەن. ئۇنىڭ يۈزسىزلىكىنى قانداق بىلگىلى بولىدۇ دېسە، ئەڭ كىرەكلىك بىر نەرسىنى سوراپ باقساڭلار ئۆزىنى ئاشكارىلايدۇ دېگەن.

## يالغانچىلىق، ۋەدىدە تۇرماسلىق

يالغانچىلىق بىلەن ۋەدىدە تۇرماسلىق بىر يىپلەكتىن چۈشكەن ئىككى خەمەككە ئوخشايدۇ، ئۇلار يەنە يۈزسىز ئادەملەر. ۋاپاسىز ئادەملەر، ئىككى يۈزلىمىچى ئادەملەر بىلەن يىلتىزداش، بىر جەمەتنىڭ ئەزالىرى. ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ بىر ئورتاقلىقى شۇكى، تىلى بىلەن دىلى باشقا، ئالدىدا بىر خىل، كەينىدە بىر خىل، مەنپەئەت يەتسە بىر دەملىك «ۋاي» دەپ تەبەسسۇم قىلىدۇ، مەنپەئەت يەتمىسە دەرھال «ئوھۇش» دەپ قاپىقىنى تۈرىدۇ.

«دىۋان» دا ۋەدىدە تۇرمايدىغان كىشى «قىيىق كىشى» (III . 229) دەپ ئاتىلغان. «دىۋان» نىڭ 3 — توم 833 - بېتىدە ۋەدىدە تۇرمايدىغان دېگەن سۆزگە خىلاپلىق قىلىدىغان دېگەن مەنىنى يەنە «قىيدى» دېگەن سۆز بىلەنمۇ ئىپادىلىگەن. بۇ ئىبرازلىق ئىبارە بولۇپ، «قىيدى، كەستى، ياندى» دېگەن بولۇپ، «سۆزىدىن قىيدى» دېگىنى «سۆزىدىن ياندى، سۆزىنى قىيدى، ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلدى» دېگەن مەنىنى ئۇقتۇرغان. «قۇتادغۇبىلىك» تە ھازىرقى زامانغا ئوخشاش «يالغان» ئاتىلغان.

ئۇيغۇر خەلقى يالغانچىلىقنى ئىنتايىن يامان كۆرىدۇ. ۋەدىگە خىلاپلىق قىلىشنى ئەرلىككە، ئادىمىيلىككە خىيانەت قىلىش دەپ قارايدۇ. «ئەر سۆزىدىن يانماس» دېگەن سۆز خەلقىمىزنىڭ قەسەمى. يالغانچىلىق بىر قەدەم ئالدىغا ماڭسا ئالدامچىلىققا ئېلىپ بارىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ بەختنى تورۇتۇۋېتىدىغان، بەختسىزلىك تونىنى كىيدۈرىدىغان يامان قىلمىشلارنىڭ قاتارىدا يال-

ھانچىلىقنى تىلغا ئالغان.

1326. تىلىڭدىن چىقارما ھېچ يالغان سۆزۈڭ،
بۇ يالغان بىلەن خار بولۇرسەن ئۆزۈڭ.

چۈنكى، يالغانچىلىق بىلەن ئەل ئارىسىدا ئىشەنچسىز دېگەن نامغا ئۇچرىلىدۇ ـ دە، ھېچقانداق ئىشى ئىلگىرى باسمايدۇ. يال- غانچى ئادەم ئەلگىمۇ، ئۆزىگىمۇ ناھايىتى كۆپ زىيانلارنى سالى- دۇ. شۇڭا، ئۇنى پەزىلەتكە ھەم بەختكە يات ياۋۇزلۇقلار قاتارىدا سانىغان. يەنە: يالغانچىلاردىن ۋاپا كۈتمە، بۇ ئىش ئۆزۈڭ يىللار- دىن بېرى سىنالغان (2042) دەپ ئاگاھلاندۇرغان.

## بېخىللىق ئۆزىگە ئۆزى زۇلۇم قىلغانلىق

خەلقىمىز ئىچىدە سېخىيلىق ماختىلىدۇ، بېخىللىق سۆكۈ- لىدۇ. بېخىللىقنى ئۆزىنى ئۆزى جازالاش، ئۆزىگە ئۆزى زۇلۇم قىلىش، ئۆزىگە ئاتا قىلىنغان نېمەتتىن يۈز ئۆرۈش دەپ قاراي- دۇ. مەھمۇد كاشغەري قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «ئۆزۈتلۈك» دېگەن سۆزنىڭ بېخىللىق، پىخسىقلىق دېگەنلىك بولىدىغانلىقىدىن خە- ۋەر بېرىدۇ ( I . 204) ۋە يەنە بىر شېئىرنى مىسال ئېلىپ، بې- خىللىق ۋە پىخسىقلىقنىڭ دەستىدىن يىراقتىن بىر قارا كۆ- رۈنسە ئۆيىنى يۇدۇپ كېتىشكە ئالدىرايدىغان كىشىلەرنى قاتتىق سۆكىدۇ:

مېھمان كەلسە قۇت دەپ بىلەر ئەرلەر كەتتى،
قارا كۆرسە، ئۆيىنى چۇۋار پەسلەر قالدى.

(115. I )

بۇنىڭدىن قەدىمدىن تارتىپ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىسىدە بې- خىل، پىخسىق كىشىلەر يامان كۆرۈلىدىغانلىقى، ئۇلارنى «ياۋۇز»

(پەس، رەھىمسىز) دەپ ئەيىبلەيدىغانلىقى چىقىدۇ. مانا شۇنداق قىممەت قاراشنى تۇرغۇزغان كىلاسسىكلىرىمىز ئەسەرلىرىدە ساخاۋەتلىك، مەرد كىشىلەرنى ماختاپ، پەس، پىخسىق كىشىلەرنى ئادەملەرنىڭ پەسكىشى ھەم ئەسكىسى دەپ سۆكۈپ كېلىشتى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ مۇنداق يازىدۇ: «ئەي بىچارە، ھەي ھەسەتخور، قولى يۇمۇق، ئالتۇن يىغىشنى بىلىدىغىنىڭ، يېيىشنى بىلمىدىڭ، بۇ ئالتۇنلارنى يىغىپ نېمىشقا يەرگە كۆمۈپ بېرىسەن؟ ئەي دۇنيانى يىغىپ يېيەلمىگۈچى ئىنسان، يېگۈچىلەر تەييارلاندى».

ئەلىشىر نەۋائى مۇنداق يازىدۇ: «بېخىللىنىڭ مال ساقلىماق يولىدىكى جاپاسى قاتتىق، ھەسەتخورنىڭ ئۆز خۇي - پەيلىدىن راھەتمۇ ئاچچىق. ئالدىنقىسى ئۆز جاپاسى بىلەن خار، كېيىنكىسى ئۆز قىلىقى بىلەن خاروزاردۇر».

موللا مۇھەممەد تۆمۈر مۇنداق دەيدۇ: «ھۆكۈمادىن بىرى سورىدى: ئەيىبلەرنىڭ ئەڭ يامىنى نېمىدۇر؟ ھۆكۈما: بېخىللىق دەپ جاۋاب بەردى».

ئىمىر ھۈسەيىن سەبۇرى مۇنداق دەيدۇ: «بېخىل كىشى ئۆز ھاياتىدا خۇشاللىقنىڭ يۈزىنى كۆرەلمەيدۇ».

شۇنداق، بېخىل، پىخسىق ئادەمدىن باشقىلارغا ياخشىلىق يەتمەس ھەم ئۆزىگە مېھىر كەلمەس. پىخسىقلىق ئۆزىگە ئۆزى قىلغان ياۋۇزلۇق، تەڭرى بەرگەن نېمەتكە قىلىنغان تۇزكورلۇق. شۇڭا خەلقىمىزدە بېخىل كىشىلەرنى ئەيىبلەش ئەنئەنىسى بارلىققا كەلگەن.

## سۇسلۇق مەھرۇملۇققا سەۋەب بولىدۇ

قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئىشتا سۇسلۇق ۋە سۇسلۇقنى «ئۇزاقلىق» دەپ ئاتىغان.( I . 203) بۇنىڭدىن خەلقىمىز ھەرقانداق ئىشقا جىددىي، ئەستايىدىل، مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن

كىرىشىپ، تەشەببۇسكارلىقنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ مۇۋەپپەقىيەتكە يول بېرىدىغانلىقى، سۈرەلمىلىك ۋە سۇسلۇقنىڭ، ئىشنىڭ پەيتىنى قولدىن بېرىپ قويۇشنىڭ مەغلۇبىيەتكە سۆرەپ كىرىدىغانلىقى ھەققىدىكى بىلىشكە ئىگە بولغانلىقى چىقىدۇ.

ھەرقانداق ئىشنىڭ ئۆز پەيتى ۋە قەرەلى بولىدۇ، ھېچقانداق ئىش ئۆز قەرەلىدىن بۇرۇن ياكى كېيىن يۈز بەرمەيدۇ، بىر ئىشنىڭ بىر مىنۇتلۇق پۇرسىتىنى سۈرەلمىلىك بىلەن قولدىن بېرىپ قويسا، پۈتۈن ئۆمرىنى سەرپ قىلىپمۇ ئۇ پۇرسەتنى قولغا كەلتۈرگىلى بولمايدۇ. شۇڭا ئۇيغۇرلار ئىككى ئىشنى يامان كۆرىدۇ. بىرى، ئىشتا سۈرەلمىلىك، بوشاڭلىق، يەنە بىرى، ئىشتا ئالدىراقسان ئادەم. ھەر ئىككىسى مەغلۇبىيەتكە سەۋەب بولىدۇ.

557. ئالدىرىماي كۈتكۈلۈك ئىشقا پەيتنى دەل،
ھەي ھېكىم، ئىش بولۇر ئۆز پەيتىدە ھەل.

بۇ بېيىتتىمۇ سۇسلۇق ۋە ئالدىراقسانلىقنىڭ ھەر ئىككىلىسى يامان نەتىجە بېرىدىغانلىقى ھەققىدىكى يەكۈن ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بۇ مەنىدىن ئالغاندا، ئۇيغۇرلار ھەرقانداق ئىشتا پەيتنى كۈتۈش، پەيتى كەلگەندە مىنۇتىمۇ پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي كەسكىن بولۇشنى قوللايدىغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

### ئەقىلنىڭ تىزگىنى غەزەپ، تەننىڭ ئوزۇقىمۇ غەزەپ

مەھمۇد كاشغەرىي «ئۆرۈلگەن» دېگەن سۆزنى ئىزاھلاپ: «دائىم كۆپۈپ كېتىدىغان، بۇ غەزىپىدىن دائىم (تولۇمدەك) كۆپۈپ كېتىدىغان ئادەم» ( I .215) دېگەن. ئۇيغۇرلار تەمكىنلىك، ئېغىر - بېسىقلىقنى پەزىلەت ۋە ئاقىللارنىڭ ئىشى دەپ قاراپ، غەزەپ ۋە يەڭگىلتەكلىكنى ئەقىلدىن بىگانىلىك ۋە پەزىلەتسىز-

لىك دەپ ئېيتىلىپ كەلگەن. قەدىمكى زامان ئۇيغۇر تىلىدا غەزەپ-
نى «ئۆۋكە» دەپ ئاتىغان. يۈسۈپ خاس ھاجىپ غەزەپ — ئۆۋكە
ھەققىدە مۇنداق مىسرالارنى تىزغان:

332. غەزەپ بىرلە ئاچچىق كىشىگە يامان،
چېكەر تەن ھەمىشە بۇلاردىن زىيان.

(ئادەم ئۈچۈن غەزەپ بىلەن ئاچچىق شۇنداق ياۋۇزكى، ئۇ
ئىككىسىدىن يۈرەك ۋە تەنگە زور زىيانلار يېتىدۇ.)

334. قىزىققان بولسا ئىنسان بىلىمسىز بولۇر،
غەزەپلەنسە ئادەم ئەقلىدىن قالۇر.

(ئادەم قىزىققان بولسا بىلىمسىز، نادان بولىدۇ، ئەگەر غە-
زەپلەنسە ئەقلىدىن مەھرۇم بولىدۇ.)

يۈسۈپ خاس ھاجىپ تىلغا ئالغان «ئۆۋكە» — غەزەپنىڭ
ئېتى، مەھمۇد كاشغەرىي تىلغا ئالغان «ئۆرۈلگەن» (كۆپكەن، كۆ-
پۈپ كەتكەن) دېگەن سۆز غەزەپلەنگەندىن كېيىنكى ئۆپكە ۋە بە-
دەننىڭ ھالىتى. بۇنداق چاغدا قانلارنىڭ ھەرىكىتى تېز بولىدۇ،
مېڭە كۆپرەك ئوكسىگېن تەلەپ قىلىدۇ. بىراق يۈرەك يەنى «ئۆز»
ئۆپكىنىڭ ئىككى قانىتى تەرىپىدىن قاتتىق قىسىلغانلىقى ئۈ-
چۈن ئۇ مېڭىگە نورمال قان ۋە ئوكسىگېن يەتكۈزۈپ بېرىش
ئىقتىدارىدىن مەھرۇم بولىدۇ. شۇڭا، كاللىمۇ نورمال ھالەتتى-
كىدەك ئىشلىمەيدۇ، يۈرەكمۇ زورۇقۇپ زەخىم يەيدۇ. بۇ ھالەت
ئۇزاق داۋام قىلغاندا قان تومۇرلار يېرىلىپ ھاياتقا خەۋپ يەتكۈ-
زىدىغان يامان ئاقىۋەتلەرنى پەيدا قىلىدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن قا-
رىغاندا، غەزەپتە قىلىنغان ئىش پۇشايماندىن باشقا ھوسۇل بەر-
مەيدۇ. شۇڭا كىلاسسىكلىرىمىز بۇ ھەقتە يۇقىرىقىدەك قىممەت-
لىك تەۋسىيەلەرنى قىلغان.

## قۇتۇلماس قۇللۇق تەمە قۇللۇقىدۇر

«سۇق — ئاچ كۆز، تاماخور. سۇق ئەر — تاماخور، پەسكەش ئادەم. سۇق ئەركەك — كۆرسەتكۈچ بارماق، بىگىز قول. بۇ بارماق ھېرىس بولىدۇ، چۈنكى تاماققا ھەممىدىن بۇرۇن مۇشۇ قول ئۇزۇتىلىدۇ» (III. 179). يۇقىرىقى ئىزاھاتتىن كۆرۈدۇقكى، ئۇيغۇرلار تەمەخور ئادەملەرنى ئاچ كۆز، پەسكەش كىشىلەر قاتارىدا سانىشقان. شۇڭا، «تەمە ھارام» دېگەن ئەقىدە خەلقىمىزنىڭ ھەربىر ئادەمگە ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ياشاش، باشقىلارغا يۆلىنىۋالماسلىق ھەم باشقىلارغا تەمە قولىنى سۇنۇپ، ئۆزىنى پەسلەشتۈرمەسلىك، تەمە سەۋەبلىك پەسكەشلىك بىلەن كاللا سوقۇشتۇرىدىغان، ئىككى يۈزلىمىلىك قىلىدىغان يامان خۇيلاردىن ئازاد بولۇش ھەققىدىكى پەزىلەت تەلەپلىرىنىڭ بىرى بولۇپ كەلدى. مەھمۇد كاشغەرىينىڭ يۇقىرىقى ئىزاھاتى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ تۆۋەندىكى بېيىتلىرىدا ناھايىتى روشەن يورۇيدۇ:

2616. كىمكى تەمەگە بولسا ئەسىر- قۇل،
قۇتۇلغاي ئۇنىڭدىن ئۆلۈم بىرلە ئۇل.

2619. ئىچە بولسىمۇ قۇل، كۆزى توق - ئۇ، خان،
ھېرىس بەگلىكىدىن قۇل ياخشى ھامان.

2610. كۆيۈمچان خادىم ئول كىشى باغرىدەك،
بېغىردىن يېقىنراق، يۈرەك قانىدەك.

مانا بۇ قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ قىممەت قارىشىدىكى ھايات پەلسەپىسىدىن بىر نادىر ئۈلگە.

قەدىمكى زاماندا بىز ھازىر قوللىنىۋاتقان «ئۆمۈنۈش» سۆزى، «تەمە» مەنىسىنى بەرگەن. «سۇق» سۆزى ئاچ كۆز، ھېرىس-

مەن مەنىسىنى بەرگەن. تەمەگەر ئادەم ئاچ كۆز بولىدۇ، ئاچ كۆز ئادەم ھەم تەمەگەر بولىدۇ. ئادەمنى تەمەگەرلىك بىلەن ئاچ كۆزلۈك ھەر بالاغا سالىدۇ. ئەڭ رەزىل قىلمىشلار تەمەگەر، ئاچ كۆز ئادەملەرنىڭ قولىدىن كېلىدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ روھىي دۇنياسى قۇرۇق، ئۆزىنى قەدىرلەش، ئۆزىگە ئىشىنىش ئېڭى يوق. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ يۇقىرىقى سېلىشتۇرمىسى ئۇنىڭغا ئەڭ تېپىك مىسال بولالايدۇ. ھەقىقىي بەگلىك، ئۆز - ئۆزىگە خوجىلىقتۇر. تاماخور ئادەم مەڭگۈ ئۆزىگە خوجا بولالمايدۇ. ئۇ كىمدىن بىر لوقما مەنپەئەت يەتسە شۇنىڭ ئەسىرى ۋە قۇلى. تاماخورنىڭ تىلى ئۇتۇلغان، ھەق - ناھەق تۇيغۇسىدىنمۇ مەھرۇم بولغان. خورلۇق، ھاقارەتنىڭ نېمىلىكىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇغان بولىدۇ. شۇڭا، تەمەگەر، ئاچ كۆز ئادەملەردىن نېرى قاچماق لازىمدۇر. ئۇ سەندىن نەپ ئالسا ئاكا، تاغا، دادا دەۋېرىدۇ، سەندىن نەپ ئالالماسلىقىغا كۆزى يەتكەندىن كېيىن، دەرھال يۈز ئۆرۈپ، ساڭا زىيانكەشلىك قىلىدۇ.

## ۋالاقتەگكۈرلۈكمۇ بىر خىل پىسخىك كېسەل

قەدىمكى ئۇيغۇرلار تىل ئەخلاقىغا ناھايىتى ئەھمىيەت بېرەتتى. ئاز سۆزلەش، ساز سۆزلەش، مىڭ گەپنىڭ تۈگۈنىنى بىر سۆز بىلەن يېشىش (يۈسۈپ خاس ھاجىپ) خەلقىمىزنىڭ تىل ئەخلاقىغا قويغان مۇھىم تەلەپلىرىنىڭ بىرى ئىدى. مەھمۇد كاشغەرىينىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، قەدىمكى زاماندا تولا گەپ قىلىدىغان، مەنىسىز، ئەھمىيەتسىز گەپلەرنى سېتىپ كىشىلەرنى بىئارام قىلىدىغان كىشىلەرنى «مۇنغان كىشى — تولا سۆزلەيدىغان كىشى، ۋالاقتەگكۈر» (I .573) دەپ ئېيتىلگەن. مانا شۇنىڭدىن چىقىپ خەلقىمىز «كۆپ سۆزنى چۈشەنگىلى بولماس، تىك قىيانى يىقىتقىلى بولماس» دەپ كۆپ سۆزنىڭ مەنىسىز، چۈشىنىكسىز بولىدىغانلىقىنى خۇلاسىلىگەنىدى. شۇ مەتىدىن

چىقىپ كۆپ گەپ قىلىشنى يەزىلەتتىن يىراق دەپ ئېيىلەش ئۇيغۇرلارنىڭ پەزىلەت تەلىپىدىكى بىر ئۆلچەم بولۇپ كەلگەن.

ئۇيغۇرلارنىڭ تىل پەزىلىتىدە، ھەرقانداق ئورۇنلۇق سۆز بولغان تەقدىردىمۇ ئاۋۋال سورىلىشى كېرەك، سورالماستا ئېيتىلغان سۆز ئۆزىنىڭ قىممىتىنى يوقىتىدۇ. ئەگەر سورالماي تۇرۇپلا سۆزلەشكە تىل ئاچسا ئۇنى ھايۋان ئاتىسا بولىدۇ (269 بېيىت) دېگەن. يەنە يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇ نۇقتىدا، سورىماق ئەر بولسا، جاۋاب چىشى بولىدۇ، ئىككىسى قوشۇلسا ئوغۇل دۇنياغا كېلىدۇ. سورالماستا ئېيتىلغان سۆز نىكاھلانماي جۈپلەشكەن پاھىشىگە ئوخشايدۇ، دەپ قارىغان.

ئۇيغۇرلارنىڭ تىل پەزىلىتىدە كۆپ ئاڭلاش، ئاز گەپ قىلىش تەكىتلىنىدۇ.

1015. كۆپ سۆز بىلەن بولماس ئالىم كىشى،
كۆپ ئاڭلاپ بولۇر ئۇ ئالىم ئۆز بېشى.

ئەلىشىر نەۋائىي شۇنداق دېگەن: «ھەم ئۇزۇن، ھەم بىمەنە سۆز ئەگەر سۈرەتكە كەلسە، ئۇنىڭ سۈرىتى پاقىغىلا ئوخشايدۇ». مەھمۇد كاشغەرىيمۇ «دىۋان»نىڭ كىرىش سۆزىدە: «مەن ئىشنى يىنىكلىتىش ۋە كىتابنى ئىخچام قىلىش ئۈچۈن، ھەربىر قەبىلىنىڭ سۆز ياساشقا ئاساس بولىدىغان توپ سۆزلىرىنىلا ئالدىم، چۈنكى سۆزنىڭ قىسقىسى ياخشى» (I. 7) دېگەن. شۇنداق ئۇلۇغ ئالىملارنىڭ ئازغىنە ۋە ئىخچام سۆزلەش ھەققىدىكى ئۈچۈنمۇ ئەسەر تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئۇزۇن ھاياتىنى شۇنچە ئەتراپلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەنلىكىگە قارىماي بۇ قامۇس ئاشۇنداق مېغىزلىق چىققان.

## مىجەزى يامان ئادەم نەگە بارسا يالغۇز قالىدۇ

ئۇيغۇر خەلقى مىجەزى تولۇق، خۇيى يامان، چېچىلغاق، ئۇرۇشقاق، ئاداۋەتخور كىشىلەرنى مىجەز - خاراكتېرى ناچار ئادەم

دەپ قارايدۇ. بۇ خىل قاراش قەدىمدىن تارتىپ داۋاملىشىپ كې-
لىۋاتقانلىقىنى مەھمۇد كاشغەري ۋاستىسى ئارقىلىق بىلدۇق.
ئۇز دەۋرىدە بەتخۇي، مىجەزى ئەسكى ئادەمنى «چۇتۇر كىشى»
( I . 470) دەپ ئاتىغان. ياخشى مىجەز ئادەمنىڭ بەختى ۋە دوس-
تى، يامان، ئەسكى مىجەز ئادەمنىڭ دۇشمىنى. بەتخۇي ئادەمنىڭ
كۆڭلى ئارام تاپالمايدۇ، خۇشال - خۇرام ئۆتەلمەيدۇ. بەتخۇي ئا-
دەمنىڭ ئۆمرىمۇ قىسقا بولىدۇ. شۇڭا، ئۇيغۇرلاردا «ياخشى خۇي
ئالتۇندىن قىممەت» دېگەن گەپ بار. بەتخۇي ئادەم ئۆزىنىمۇ رەن-
جىتىدۇ، باشقىلارنىمۇ ئارامىدا قويمايدۇ. ئادەمنىڭ چىرايىدىكى
ئوچۇقلۇق بىر نېمەت، بۇزۇقلۇق بىر ئاپەت. شۇنىڭدىن چىقىپ
«ياخشى خۇلق مىڭ كىمخاب توندىن ياخشى» دېيىلگەن.

## ئەڭ پەس ــ نەس كۈن يالاقچىنىڭ كۈنى

مەھمۇد كاشغەرىينىڭ مەلۇماتىدىن قارىغاندا، قەدىمكى ئۇي-
غۇرلاردا: «ياقى - يۇقى ئەر ــ خۇشامەتچى، يالاقچى ئادەم»
( III .30) دېگەن مەنىنى بەرگەن، «ياقى - يۇقى» دېگەن سۆز
ئەسلى «يۇندى، يالاق، يۇق» دېگەن مەنىدە بولۇپ، يالاقچى دې-
مەك، ئازغىنە يۇندى - يالاقنىڭ تەمەسىدە ئۆت پۈتلۈق بولۇپ،
باشقىلارنىڭ ئايىغىدا ئۆمىلەيدىغان، ياخشى بولسۇن، يامان بول-
سۇن، قۇلچىلىق بىلەن ئۇنىڭ تەرىپىنى ئالىدىغان، خاراكتېر-
سىز، ئەقىدىسىز، مەيدانسىز، ھەق - ناھەق تۇيغۇسى يوق كىشى-
لەرنى كۆرسەتكەن. ئۇلارنى ئىت يالىقىغا يەنى «يۇق» قا ئوخشا-
تقانلىقىنىڭ ئۆزىلا يالاقچى ئادەملەرنى قەدىمدىن تارتىپ خەلقىمىز
ئىنتايىن يامان كۆرىدىغانلىقىدىن ئىبارەت بىر ياخشى ئادەتتىن
خەۋەر بېرىدۇ. يالاقچىلار ھەر زاماندا، ھەر ماكاندا بار. ئۇلار بىر
پارچە سۆڭەك تاشلاپ بەرسە، كىم ئالە دېسە شۇنىڭ تەرىپىنى ئې-
لىپ قاۋايدۇ. ئۇنداقلاردىن ھېچكىمگە ۋاپا كەلمەيدۇ. چۈنكى ئۇ-
زىنىڭ قەدىر - قىممىتىنى بىلمەي باشقىلارنىڭ ئايىغىدا ئۆمە-

لىگەن، ئۆزىنى ئۆزى خارلاشقا كۆڭلى ئۇنىمىغان ئادەمدىن يەنە قانداقمۇ ۋاپا، ساداقەت، ياخشىلىق دېگەنلەرنى كۈتكىلى بولسۇن. قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە ھەر زامان، ھەر ماكاندا يالاقچىلار بار. ئۇلار نەسلىك ۋە پەسلىك بىلەن كۈن ئۆتكۈزىدۇ. ئۇلارغا ھەرگىزمۇ ئىشەنمەسلىك، ئۇلارنىڭ ماختاپ ئۇچۇرۇشلىرىغا ئۇچماسلىق، بولسا ئۇلارنىڭ تاپان يالىشىغىمۇ يول قويماسلىق كېرەك. چۈنكى، بالا ـ قازا كەلسە مانا شۇنداق پەسكەش ئادەملەردىن كېلىدۇ. يالاقچىلار ئالدىدا مۇداپىئە قالقىنىنى تاشلىماسلىق دانالىق بولىدۇ.

## شالغۇت ئادەمنىڭ روھىمۇ شالغۇتلىشىدۇ

مەھمۇد كاشغەري «قالىغلىغ» دېگەن سۆزنى ئىزاھلىغاندا «قالىغلىغ ئەر» دېگەن جۈملىنى تۈزگەندىن كېيىن ئۇنى: «شالغۇت ئادەم، تېگى پەس ئادەم، ئەسلىنى يوقاتقان ئادەم» دەپ سۈپەتلەيدۇ ( I .647). مەھمۇد كاشغەرىينىڭ بۇ مەۋقەسى ئۆز دەۋرىدىكى خاقانىيە خەلقىنىڭ چۈشەنچىسىنىڭ ئەكس ئېتىشى بولۇپ، دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ.

بىرىنچى، بىز بۇ مەۋقەدىن تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ نەسىل ئۆزگەرتىش، نەسلىنى بۇلغاش، ئەسلىي نەسلىگە ئاسىيلىق قىلىشنى قاتتىق يامان ئالىدىغان، ئۇنداق ئادەملەرنى پەس كۆرىدىغان بىر ئەنئەنىسىنى ھېس قىلالايمىز. ئۆز دەۋرىدە قەبىلە، ئۇرۇق سۈرۈشتۈرۈپ ياشاۋاتقان قەبىلىداشلىق، ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمدە نەسىل ـ نەسەبكە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرەتتى. بولۇپمۇ ئوردا مىزانلىرىدا، ئوردا خادىملىرىغا نىسبەتەن تەلەپ تېخىمۇ قاتتىق بولۇپ، ئەگەر بىرەر شاھزادە يات قەبىلىدىن ياكى ھۆكۈمران تەبىقە ھېساپلانمايدىغان قەبىلىدىن ئۆيلەنمەكچى بولسا، ئۇ ئەرنىڭ خاقانلىققا ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقى بولمايتتى.

ئىككىنچى، ئادەمنىڭ تېگى شالغۇتلاشسا، روھىمۇ شالغۇ-

لىشىدۇ، دەپ قارىغان، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ، شالغۇت ئادەمنى پەقەت شالغۇتلۇق ئالاھىدىلىكىنى ئەسكەرتىش بىلەن قانائەتلەنمەي، ئۇنىڭ روھىمۇ بۇزۇلغان پەسكەش ئادەم ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ. بۇ يەردە دىققەتكە تېخىمۇ ئەرزىيدىغىنى «ئەسلىنى يوقاتقان» دېگەن سۈپەت، دېمەك، ئەسلىنى يوقاتقان، ئەسلىنى ئۇنتۇغان ئادەمدە ئۆز نەسلى، ئۆز قەبىلىسى، تەۋە بولغان ئەلگە بولغان سادىقەت ئاجىز بولاتتى ياكى بولمايتتى. ئۇنىڭ قەلبى ئاللىقاچان باشقىلار تەرىپىدىن ئىگىلىۋېلىنغان بولغاچقا، يۈرىكى شۇ تەرەپكە سوقاتتى. ئۇنداق ئادەم ھايات ــ ماماتلىق پەيتلەردە كارغا كەلمەيتتى، بەربىر ئۆزىنىڭ پەس تەبىئىتىنى ئاشكارىلاپ قوياتتى.

ئۈچىنچى، بىز يۇقارىقى چۈشەنچىگە ئۇلاپ، يەنە شۇنداق بىر شالغۇتلۇقنىمۇ ئەسكەرتىپ قويىمىزكى، شالغۇتلۇق يالغۇز نەسىل ئۆزگەرتىش ئارقىلىقلا يۈز بەرمەيدۇ، بەلكى روھتىمۇ شالغۇتلۇق كېلىپ چىقىدۇ. بىر ئادەمنىڭ تەلىم - تەربىيە مۇھىتى، روھىغا سىڭدۈرۈلگەن نەرسە، ئۇستازىنىڭ ئىدىيولوگىيەسى، ياشاش شارائىتى، باشقىلار بىلەن قويۇق ئارىلىشىش قاتارلىق ئامىللارمۇ روھنىڭ شالغۇتلىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بىر قانۇنىيەتنى ئۇنتۇماسلىق كېرەككى، بىر ئادەمنى قانداق ئادەمنىڭ تەربىيەلىشىگە تاپشۇرسا، ئۇ ئادەم شۇ ئادەمنى تارتىپ يېتىلىدۇ. قانداق ئادەملەر تويىغا قېتىلىپ چوڭ بولسا، شۇنداق ئادەملەرنىڭ تىپىدىن بولۇپ يېتىلىدۇ. بەزى دىتاللاردا روھنىڭ شالغۇتلىشىشى تەننىڭ شالغۇتلىشىشىدىنمۇ ئېغىر ئاقىۋەتلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ.

## روھتىكى تەكەببۇرلۇق گەۋدىدىمۇ ئەكس ئېتىدۇ

قەدىمدىن تارتىپ تەكەببۇرلۇق سۆكۈلگەن، ئىنساننى پەزىلەتكە يات قىلمىش دەپ قاراپ ئېيىبلىنىپ كېلىنگەن

بولىسىمۇ، بىراق تەكەببۇرلۇق، مەنمەنچىلىك ئىنسان تەبىئىتىدىكى بىر ئاجىزلىق بولغاچقا، تارىختىن بۇيان يەنىلا مەۋجۇت بولۇپ كەلدى. ئىنسان تەبىئىتىدىكى نەرسىنى ئەيىبلەش بىلەن، تەربىيە بىلەن ئۆزگەرتكىلى بولمايتتى. جەمئىيەتتە بىر قىسىم يۇقىرى ئابرۇيلۇق مۆتىۋەر ئادەملەر بار، مىليون، مىليون پۇلى بار بايلار بار، يەنە ھېچنەرسىگە قۇربىتى يەتمەيدىغان مەنەۋىيىتىمۇ زەيىپ، ئىقتىسادىي كۈچىمۇ ئاجىز كىشىلەرمۇ بار. كىشىلەر ئەمەلدارلارنى، بايلارنى تەكەببۇرلۇق قىلىدۇ، دەپ قارايدۇ، ئەمەلىيەتتە ئىش ئۇنداق ئەمەس، مەرتىۋىسى شۇنچە يۇقىرى كىشىلەر بار، ئۇلار شۇنچە كەمتەر، ئاددىي سادda، كۆيۈمچان كېلىدۇ، يەنە بىر قىسىم بۈگۈنى تاپسا ئەتىسىگە يوق، جەمئىيەتنىڭ تۆۋەن قاتلىمىغا تەئەللۇق كىشىلەر بار، ئۇلارنىڭ تەكەببۇرلۇقتىن غادىيىشىدىن بېلىنىڭ سۇنۇپ كەتمىگىنىگە ھەيران قالىسىز، شۇڭا تەكەببۇرلۇق ئۈچۈن باي ــ كەمبەغەللىك، يۇقىرى ــ تۆۋەنلىك ئۆلچىمى بولمايدۇ، ئۇ ئادەمنىڭ تەبىئىتىدىكى بىر كېسەللىك.

دۇنيادىكى ھەممە مىللەت تەكەببۇرلۇقنى يامان كۆرىدۇ، كەمتەرلىكنى ماختايدۇ. ئۇيغۇر خەلق تەكەببۇر كىشىلەرنىڭ روھىدىكى تەكەببۇرلۇقنىڭ گەۋدىسىدىكى ئىپادىسىنى مۇنداق بىر كىنايە ئىدىيوم بىلەن ئوبرازلىق گەۋدىلەندۈرگەن:

«ئاتنىڭ ئەيگۈسى ئارتتى ــ ئۆزىنىڭ قوۋۇرغىسى ئارتتى، كۆيەيدى (Ⅲ 578) بۇ ھال تەكەببۇر كىشىلەرنىڭ غادايغان، ئال-چاڭلاپ ماڭغان ھالىتىگە كىنايە ئىدى، ئۇنداق ئادەملەرنىڭ قو-ۋۇرغىسى باشقا ئادەملەرنىڭكىدىن ئارتۇق كەتكەچكە تەمپۇڭلۇقى بۇزۇلغان، ئىگىلمەيدۇ. بۇنىڭدىن خەلقىمىزنىڭ تەكەببۇرلۇقنى يامان كۆرىدىغان ئەنئەنىسى كۆرگىلى بولىدۇ. يۇقارىقى كىتاب-نىڭ مەنىسىگە تېپىشچان ئېلىمىيونىڭ مۇنۇ رۇبائىيسى ئەڭ ياخشى ئىسپات بولىدۇ.

ئېگىلىدىكەن ئالما شاخلىرى،
مېۋىسى قانچە ئوخشىغانسېرى،
كەمتەرلىك بىلەن ئادەم چىرايلىق،
سەتلىشىدىكەن غادايغانسېرى.

## ئەسلىنى ئۇنتۇغان ئادەمنى «قاتىقلىغ» ئاتاش

ئەسلىنى ئۇنتۇش، ئەسلىگە ۋاپاسىزلىق قىلىش، ئەسلىنى يوقىتىش ئاسىيلىقلا ئەمەس، بەلكى ئۆزىنى ئۆزى ئۆلتۈرۈش، ئۆزىنىڭ يىلتىزىغا پالتا ئۇرۇش دەپ بىلگەن ئەجدادلىرىمىز، نەسىل ـ نەسەبكە ئىنتايىن جىددىي پوزىتسىيەدە مۇئامىلە قىلغان، نەسىل ئۆزگەرتىش شالغۇتلىشىشنى دېرەك بېرەتتى، شالغۇتلىشىش شۇ مىللەتنىڭ يوقىلىشىنىڭ مۇقەددىمىسى ئىدى. مانا شۇنىڭدىن چىقىپ شالغۇت ئادەمنى: «قاتمغلىق» دېگەن. بۇنىڭ مەنىسىنى مەھمۇد كاشغەرىي «شالغۇت ئادەم، تېگى پەس ئادەم، ئەسلىنى يوقاتقان ئادەم» (I . 647) دەپ يەشكەن. بۇنىڭغا خەلقىمىزنىڭ ۋە مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئەسلىنى يوقاتقان ئادەمگە بولغان قەتئىي پوزىتسىيەسى سىڭگەن. ئۇيغۇر خەلقى نەسىل ـ نەسەبكە شۇنداق جىددىي قارىغانلىقى، شالغۇتلىشىشقا قەتئىي قارشى تۇرغانلىقى، ئۆز خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى يوسۇنىغا يۈكسەك ھۆرمەت بولغانلىقى ئۈچۈن، نەچچە مىڭ يىللىق تارىخىي تاللاش ۋە ئاللاش كۈرىشىدە غالىب كېلىپ مەۋجۇتلۇقىنى داۋاملاشتۇرۇپ 21 ـ ئەسىرگە قەدەم قويالىدى. بۇ مىللەتنىڭ ۋۇجۇدىدىكى مىللىتىگە بولغان ئەقىدە ـ ئېتىقادىنىڭ غەلىبىسى ئىدى. قەدىمكى ئۇيغۇر تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ پوزىتسىيەسىدە، مۇئامىلە ـ مۇناسىۋەتلىرىدە ئەسلىنى يوقاتقان ئادەمنى تېگى پەس دەپ قارىغان. چۈنكى، ئۆز مىللىتىنىڭ قىممەت قارىشىدىن، ئېستېتىك تۇيغۇسىدىن، تارىخ،

مەدەنىيىتىدىن، ئارزۇ - ئارمانلىرىدىن يۈز ئۆرۈگەن ئادەم ئەلۋەتتە پەس ئادەم دەپ قارىلاتتى. ئۆزىنىڭ مىللىتىگە ۋاپا قىلمىغان ئادەم ھېچقانداق ئادەمگە ۋاپا قىلمايتتى. ئۇ پەقەت بىر نان كۈچۈكىلا ئىدى. بۇ مەنىدىن چىقىپ مەھمۇد كاشغەرىي ئەسلىنى يوقاتقان ئادەم بىلەن پەس ئادەمنى باراۋەر ئورۇنغا قويىدۇ.

مەھمۇد كاشغەرىي «يىلتىز» سۆزىنى ئوخشىتىش يولى بىلەن ئۇرۇق - جەمەتكە قارىتىلىپمۇ كېلىدۇ. «tuplugyildizliq» نى تېگى - تەكتى بار ئادەم (III، 53) دېگەن. بۇنىڭدىن قارىغاندىمۇ يىلتىزنى ئىزدەش، يىلتىزنى قوغداپ قويماسلىق قەدىمكى ئۇيغۇر — تۈركىي تىللىق خەلقلەردە قەتئىي بىر ئادەت بولغانلىقى چىقىدۇ.

# «توي» ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ئادەتلەر

توي ھەربىر مىللەتنىڭ مىللىي قائىدە - يوسۇنلىرى، ئەنئەنىسى ئەڭ روشەن نامايان بولىدىغان، شۇ مىللەتنىڭ نۇرغۇن يوسۇنلىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن چوڭ مەركىسىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. ھەربىر مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس توي ئادەتلىرى بولۇپلا قالماي، ھەتتا ھەربىر يۇرتنىڭ تويلىرىمۇ بەزى جەھەتلەردە بىر - بىرىدىن روشەن پەرق قىلىدۇ. شۇڭا، ھەربىر مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس توي ئۆتكۈزۈش ئەنئەنىسى ھەم تويىنى ئەۋجىگە چىقىرىدىغان تەنتەنىسى بار.

قەدىمكى زامانلاردا تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ توي ئادەتلىرىمۇ كۆپ خىل، رەڭگارەڭ مەزمۇنلار بىلەن بېيىپ، ئۆزىنى ئاجايىپ جەلپكار ياسىداق ئادەتلەر بىلەن جابدۇندۇرغانىدى. پادىشاھلارنىڭ شاھلارغا خاس داغدۇغىسى، پۇقرالارنىڭ ھەم ئۆزىگە خاس شاد - خۇراملىقى بولغان. پادشاھلار 40 كېچە - كۈندۈز توي ئۆتكۈزسە، پۇقرالار 40 قا ۋە 9 غا مۇناسىۋەتلىك مۇقەددەس ئەنئەنىلىرى، يوسۇنلىرى بىلەن سىمۋوللۇق ھالدا 40 كۈنلۈك تويىنىڭ ئىپادىسىنى كۆرسەتكەن. قانداقلا بولمىسۇن يۇقىرىدىن تارتىپ تۆۋەنگىچە قائىدە - يوسۇنغا ئەمەل قىلىنغان، قائىدە - يوسۇنلارنى ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا داۋاملاشتۇرغان ھەم ئۈزلۈكسىز بېيىتىپ تېخىمۇ جەلپكار ۋە سېھرىي كۈچكە باي قىلغان. «دىۋان»دا گەرچە توي ئادەتلىرىمىزنىڭ قىسمەن كۆرۈنۈشلىرى نامايان قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەنىلا بىزنى قەدىمكى توي مەركىسىگە داخىل بولۇۋاتقاندەك گۈزەل ۋە شېرىن سېزىمغا ئىگە قىلىدۇ.

## دۇنياۋى ئورتاق ئىنسانىي ئادەت سۆيۈش ۋە سۆيۈشۈش

مەن «دۇئان»دىكى سەۋدى، ئول مەنى سەۋدى — ئۇ مېنى سۆيدى (III. 20) دېگەن سۆزلەرنى كۆرۈپ، كاللامدا ئەزەلدىن ئويلاپ باقمىغان، پىكىر قىلىپ باقمىغان، باشقا ماتېرىياللاردا ھەم تېخى ئۇچرىتالمىغان بىر پىكىر ئويغىنىپ قالدى. سۆيۈش، سۆيۈشۈش ئىنسانلاردىكى تۇغما، تەبىئىي بىر ئادەت، قائىدىمۇ ياكى ئىنسانلار تەرەققىي قىلىپ مەلۇم مەدەنىيەت دەۋرىگە كىرگەندىن كېيىن بارا - بارا شەكىللەنگەن ھەم ئومۇملاشقان بىر مەدەنىيەت ھادىسەسىمۇ. ئەگەر بۇ مەدەنىيەت ھادىسىسى بولسا ئۇ ئەڭ بۇرۇن قايسى مىللەتلەردە، قايسى زامانلاردىن باشلاپ ئادەتكە ئايلانغان بولغىيتتى؟ ئېغىزغا سۆيۈش ئارقىلىق ھېسسىياتنى، مۇھەببىتىنى ئىپادىلەش قانداق سەۋەبتىن، قايسى مىللەتلەردە بۇرۇن شەكىللەنگەن بولغىيتتى؟ ھايۋانلاردىمۇ ھېسسىياتنى ئىپادىلەيدىغان ئۆزىگە خاس بىر ئۇسۇل بولىدىكەن، پىنگۋىنلار، تيۇلېنلار، ھەتتا قۇشقاچلارنىڭ ئېغىزىدا سۆيۈش ھەرىكىتىنى قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز. بۇ ئۇلارنىڭ تۇغما ئىقتىدارى. ئۇنداقتا، ئىنسانلارنىڭ سۆيۈشۈشى ھەققىدە نېمە پىكىرگە كېلىش مۇمكىن؟

مېنىڭچە، مەدەنىيەت نۇقتىئىنەزىرىدىن قارىغاندا، سۆيۈشنى ئىنسانلارغا خاس بىر مەدەنىيەت ھادىسىسى دەپ قاراشقا بولىدۇ. چۈنكى، ھايۋانلارنىڭ ھېسسىيات ئالماشتۇرۇشى بىلەن ئىنسانلارنىڭ ھېسسىيات ئالماشتۇرۇشى ماھىيەت جەھەتتىن پەرق قىلىدۇ. گەرچە ھەر ئىككىسىدە فىزىيولوگىيەلىك تەقەززالىق بولسىمۇ، ئادەمنىڭ سۆيۈشۈشى فىزىيولوگىيەلىك ئېھتىياج تەقەززاسىدىن ئاللىبۇرۇن ناھايىتى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلىپ ئىنسانىي، گۈزەللىكنى سۆيۈشكە، ھەتتا ئەقىدىگە، ساداقەت ۋە ۋاپا مىزانىغا ئايلانغان. يەنە بىر

جەھەتتىن، سۆيگۈ بىلەن جىنسىي ھەۋەس خاراكتېرلىك پەرق قىلىدۇ. بىرى، ئىنسانغا خاس پاكلىقتا، ھۆرمەتكە، پىداكارلىقتا جور بولغان بولسا، يەنە بىرى، ھايۋانىي نەپسىگە جور بولىدۇ. شەرقنىڭ مۇھەببەت پەلسەپىسىدە، نەپسى ئۈچۈن سۆيگەنلەر سۆيگۈ ھارامدۇر دېگەن ئەقىدە بار. سۆيگۈ دېگەن ئۆزىنىڭ جىنسىي ھەمراھىغا بولغان تەلپۈنۈش ۋە ئاشىقلىقلا ئەمەس، بەلكى ئۇ ماھىيەتتە ئىنسانلىقنى، پەزىلەتنى، ۋاپا، ساداقەتنى سۆيۈشتۇر.

مەھمۇد كاشغەرىي تىلغا ئالغان «ئۆپۈش» دېگەن فىزىيولوگىيەلىك ئەزا لەۋنىڭ لەۋگە سۆيۈشى دېيىلگەندە، ئۇ ئىككى قانلام مەنىگە ئىگە. بىرى، ئۇ مەنىۋى سۆيگۈنىڭ شەكلەن ھەرىكەت شەكلىدە ئىپادىلىنىشى. لەۋ لەۋگە تەگكەندە سۆيۈشكۈچى ئىككى كىشىنىڭ ۋۇجۇدىدا ئىنتايىن نازۇك، ھاياجانغا سالىدىغان، شېرىن ئېقىم يۈرەككە تۇتۇشۇپ، يۈرەكنىڭ ھەرىكىتىنى تېزلىتىپ، قانلارنى ئۇرغۇتىدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن لەۋنىڭ سۆيۈشىمۇ ماھىيەتتە جىنسىي جۈپلىشىشنىڭ بىر خىل ئىپادىسى. ئۇ ھەرگىزمۇ قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەندەك ئاددىيلا بىر فىزىيولوگىيەلىك ئۇچرىشىش ئەمەس. شۇڭا، جىنسىي مۇناسىۋەت ئىنسانغا خاس مەدەنىي ئۆلچەمگە ئۇيغۇن ھالدا بولۇشنى تەلەپ قىلغانغا ئوخشاش، سۆيۈشىمۇ ئىنسانغا خاس مەدەنىي تەلەپكە ئۇيغۇنلىشىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇنىڭ ئەڭ مۇھىم ئىپادىسى ئۇ سورۇن تاللىماي كەلسە - كەلمەس يەردە، ئاممىۋى سورۇنلاردا ئېلىپ بېرىلىدىغان ئىش ئەمەس، بەلكى ئۇ ھايا بىلەن يوشۇرۇن ئېلىپ بېرىلىدۇ. بۇ مەسىلىدە ھازىر غەرب دۇنياسى بىلەن شەرق دۇنياسى ئوتتۇرىسىدىكى پوزىتسىيەدە، ئىپادىلىنىشتە تامامەن ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل كۆزقاراش، ئىككى خىل ھالەت نامايان بولماقتا. غەربتە سۆيۈشۈش ئاشكارا سورۇنلاردا ھاياسىز ئېلىپ بېرىلىدۇ. شەرقتە ھاياسىزلىق دەپ قارايدۇ. غەربتە بۇنى بىر خىل مەدەنىيەت دەپ قارىسا، شەرقتە

مەدەنىيەتكە يات دەپ قارايدۇ. شەرقنىڭ بۇ خىل قارىشىنى غەربلىكلەر خۇراپاتلىق، بىكىتمىچىلىك دەپ ئەيىبلەيدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ سۆيگۈ ـ مۇھەببەت تارىخى سۆيگۈ بابىدا ئەڭ يۈكسەك مەدەنىيلىكنى بارلىققا كەلتۈرگەن، دۇنياغا مەشھۇر ئاشىق ـ مەشۇقلارنى ياراتقان تارىخ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ خاقانلىرىدىن بىرى بولغان ئوغۇزخان ھەققىدىكى مۇھەببەت خاتىرىسىدىن بىز ئۇيغۇرلاردا سۆيۈش ـ كۆيۈش ھەققىدىكى چۈشەنچىلەرنىڭ ناھايىتى چوڭقۇر مەنىۋى ئاساسقا ئىگە چۈشەنچە بولغانلىقىنى كۆرەلەيمىز: ئوغۇزخاقان بىركۈنى بىر يەردە تەڭرىگە سېغىنىۋاتقاندا (ئەتراپ) قاراڭغۇلىشىپ، ئاسماندىن بىر كۆك يورۇق چۈشتى. ئۇ كۈندىنمۇ نۇرلۇقراق، ئايدىنمۇ يورۇقراق ئىدى. ئوغۇزخاقان ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ قارىسا بۇ يورۇقنىڭ ئىچىدە بىر قىز تەنھا ئولتۇرغان. ئۇ ساھىبجامال بىر قىز ئىدى. ئۇنىڭ پېشانىسىدە پارقىراق مېڭى بولۇپ، خۇددى تۆمۈر قوزۇققا ئوخشايتتى. ئۇ قىز شۇنداق گۈزەل ئىدىكى، ئۇ كۈلسە تەڭرىمۇ كۈلەر ئىدى، ئۇ يىغلىسا تەڭرىمۇ يىغلار ئىدى. ئوغۇزخان ئۇنى كۆرگەندە (قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى باياننى بىللە بېرىمىز) «ئۇزى قالمادى، كەتتى، سەۋدى، ئالدى ـ پۈتۈن بەدىنىنى تىترەك بېسىپ ھوشىدىن كەتتى. ئۇنىڭغا كۆيۈپ قالدى.»[1] ئوغۇزخان يەنە بىر كۈنى ئوۋغا چىقىپ دەرەخ پۈتىقىدا يەنە بىر ساھىبجامال قىزنى ئۇچراتتى. ئۇمۇ شۇنداق گۈزەل ئىدىكى، پۈتكۈل تەبىئەتنىڭ گۈزەللىكىنى ئۆزىگە مۇجەسسەم قىلغانىدى. بۇ قىزنى كۆرۈپ: «سۈتتەك قىمىز بولا تۇرۇرلار. ئوغۇزخاقان ئانى كۆردۈكتە ئۆزى كەتتى. يۈرەكىگە ئاتاش تۇشتى. ئانى سەۋدى — سۈت قىمىزغا ئايلاندى. ئوغۇزخاقان ئۇنى كۆرگەندە ھوشىدىن كەتتى، يۈرىكىگە ئوت چۈشتى (كۆيدى) ئۇنى سۆيدى». مۇھەببەت ـ سۆيگۈ دېگەن مانا شۇنداق قۇدرەتلىك، شۇنچە باتۇر، شۇنچە بۈيۈك كۈچ ـ قۇدرەتكە ئىگە بولغان ئوغۇزخاقان سۆيگۈ ئالدىدا ئاجىز كەلدى. يەنى ئۇ

ھوشىنى يوقىتىپ قويىدى، «سۆيۈش»، «كۆيۈش»، «ئوت چۈشۈش» ئۇيغۇرلارنىڭ مۇھەببەت بابىدا سىمۋوللۇق مەنىگە ئايلاندى.

«دىۋان»دا سۆيگۈ ـ مۇھەببەتنىڭ ئوتلىرىدا كۆيگەن، سۆلىرىدا ئاققان ئاشىقلارنىڭ سۆيگۈ ـ ساداقەت، ۋاپا ھېسسىياتلىرى ئىپادىلەنگەن شېئىرلاردىن نەمۇنىلەر بېرىلگەن:

دېدى: سېنىڭ كويۇڭدا،
ئۇرغۇن جاپا ـ مۇشەققەتلەرگە (ئۇچرىدىم)
قاتتىق تۆپىلىكلەر يۇمشايدۇ،
كۆڭلۇم ساڭا يۈگۈرۈك (بولغاچقا).

سۆيۈملۈكى بىلەن كۆرۈشۈش ھەققىدە: «بىز تەرەپكە شۇنچە ئېگىز تاغلاردىن ھالقىپ ئۆتۈپ قانداق كەلدىڭ؟ دېگەن سوئالغا جاۋاب بېرىدۇ: كۆڭلۇم ساڭا تەلپۈنگەچكە، ئېگىز تاغلارمۇ يۇمشاپ يول بېرىدۇ» ( I . 150).

ئۇيغۇرلارنىڭ مۇھەببەت ئەنئەنىسىدە گۈزەللىكنىمۇ ھايا بىلەن سۆيۈش، مۇھەببەتنى قەلبىنىڭ قېتىدا ساقلاش، جار سالماسلىق، ئۇلارنىڭ ئەھدىسى ئىدى: «يۈز خىل بالا كىشەنلىرىگە گىرىپتارمەن، يۈزلەپ ئەلەملەر ئىچىدە مەيۈسلۈك بىر تەرەپ، يەنە بىر تەرەپتە ئار ـ نومۇس، ئەرلەر مەجلىسىنىڭ زىبۇزىننىتى شاراب، خۇشاللىقتۇر، خوتۇن كىشىنىڭ زىبۇزىننىتى توغرىلىق ياخشىلىقتۇر. بۇ ئىشق مېھنىتى ئۈستى ـ ئۈستىگە يامىشىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەگەر نومۇس كەتسە ھەممىسى ھېچ نەرسە ئەمەس... سەنسىز غەملىرىم كەممۇ ئەمەس، سېنىڭدىن بولمىسا ئازمۇ ئەمەس، سەن ئوت ئارىلاش ئاھ چېكىسەن، مەن ئوتنى يۈرىكىمگە ياقىمەن، لېكىن ئىس كۆپ چىقارمايمەن»[1]. شۇنداق، ھايا يوق يەردە ۋاپا يوق، ۋاپا يوق يەردە سۆيگۈگە ئورۇن يوق. سۆيگۈدىن جار سالغان ئادەمنىڭ سۆيگۈسى يەقەت يالغان دەۋادۇر. ئادەم ھايۋان ئەمەس، كوچا ـ كوچىلاردا

ھاياسىزلارچە بىر - بىرىگە چېپىلمايدۇ. ھايا پەردىسى قايرىلىپ كەتكەندە، سۆيگۈنىڭ ئورنىغا نەپرەت ئالمىشىدۇ. ھەربىر مىللەتنىڭ سۆيگۈ دۇنياسىدا ئۆزىگە خاس قائىدە - يوسۇنى بولىدۇ. قائىدە - يوسۇنغا ھۆرمەت قىلىش مىللەتكە، خەلققە بولغان ھۆرمەت ھېسابلىنىدۇ.

## سۆيۈملۈكنى ئىپادىلەش تىل ئادىتى — «تۇزاق»

ھەربىر مىللەتنىڭ تىلىدىكى بىر قىسىم سۆزلەر شۇ خەلقنىڭ تىل ئادىتى ۋە ئۆرپ - ئادىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بەزى ئىدىيوملارمۇ تىل ئادىتى ۋە ئۆرپ - ئادەتنى ئىپادىلەيدۇ. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا: بىر جۈپ يارنىڭ بىر - بىرىنى ھازىرقى ئاتالغۇ بويىچە «سۆيۈملۈكۈم» مېنى ئەسىر قىلغان يارىم، قەلبىمنى ئوۋلىغان مەشۇقۇم، ئاشىقىم، دېگەن مەنىنى قەدىمكى زاماندا «تۇزاق، تۇزاقى» دېگەن سۆز بىلەن بىلدۈرگەن. بۇ ئارقىلىق تولىمۇ سۆيۈملۈكلۈكى، ئامراقلىقىنى ئىپادىلىگەن (Ⅰ . 493). بۇ ئەمەلىيەتتە قەلبىنى ئوۋلىغان «تۇزاق» مەنىسىنى ئۇقتۇرغان. بۇ مەنىنى يەنە بىر شېئىردا مۇنداق ئىپادىلىگەن:

مېنىڭ ئايىغىم ئاغرىدى،
يوشۇرۇن تۇزاقنى كۆرمەي (ئىلىپ قىلىپ)،
ئاندىن ئۇزاق ئاغرىق تارتتىم.
سۆيۈملۈكۈم، ئەمدى ئەسلىگىن.
(493. Ⅰ)

ئىچلەدى مەنىڭ ئازاق
كۆرمەزىپ ئوقرى لازىك
ئىگلەدىم ئەندىن ئۇزاق
ئەملەگىل ئەمدى تۇزاق

(يوشۇرۇن تۇزاقنى كۆرمەي، ئۇنىڭغا ئىلىنغىم ئىلىندى، مۇشۇ سەۋەبتىن، ئۇزاق ئاغرىدىم، ئەي سۆيۈملۈكۈم، ئەمدى مېنى ئۆزۈڭ ئەملىگىن.)

شۇنداق قىلىپ بۇ تىل ئادىتى مۇھەببەتلەشكەن، بىر-بىرىنى ياخشى كۆرگەن كىشىلەر ئۈچۈن تۇرمۇش ئادىتىگە ئايلانغان.

## سۆيگۈ تەڭرىنىڭ مەرھەمىتى

«سۆيدۈردى. ئۇ تەڭرى سېنى ماڭا سۆيدۈردى، سېنىڭ مۇھەببىتىڭنى مېنىڭ قەلبىمگە سالدى» (II . 264).

سۆيۈش — سۆيۈلۈش ئىنسانلاردىكى تۇغما ئىقتىدار. ئۇ ئىنسانلارغا ئاتا قىلىنغان ئاجايىپ قىممەتلىك، شېرىن نېمەت. مانا شۇنداق سۆيگۈ بولغانلىقى ئۈچۈنلا ھاياتلىق مەۋجۇت، ئەر-خوتۇنلۇق مۇناسىۋەت، ئائىلە ۋە پەرزەنت مەۋجۇت. ئەگەر سۆيگۈ بولمىغان ۋە ئەرنى ئايالغا، ئايالنى ئەرگە موھتاج قىلمىغان بولسا، بۇ تۇرمۇشنىڭ مەنىسى ۋە قىممىتىمۇ بولماس ئىدى. تارىختىن بۇيان سۆيگۈ سەھنىسىدە ئاجايىپ-غارايىپ كومېدىيەلەر ۋە تىراگېدىيەلەر كۆرۈنۈپ ئۆتتى. بۇ جەرياندا سۆيگۈ تاۋلاندى ۋە پىشىپ يېتىلىپ ھەقىقىي مەنىدىكى ئىنسانىي، مەدەنىي مۇناسىۋەتكە ئايلاندى. سۆيگۈ دېمەك ئىنساننىڭ ئىنسانغا بولغان سۆيۈشى، قەدىمكى ئۇيغۇرلار مۇنداق سۆيگۈ رىشتىسىنى تەڭرى باغلايدۇ، تەڭرى كۆڭۈلگە سالىدۇ ۋە تەڭرىنىڭ ئىرادىسى بويىچە سۆيىدۇ، دەپ قارىغان. شۇ سەۋەبلىكمۇ «لەيلىنى كۆرمەكچى بولساڭ، مەجنۇننىڭ كۆزى بىلەن قارا» دېگەندەك چۈشەنچىلەر بارلىققا كەلگەن. چۈنكى، مەجنۇننىڭ كۆڭلىگە تەڭرى لەيلىنىڭ مۇھەببىتىنى سالدى، دەپ قارىغان. شۇڭا، مۇھەببەتنى قەدىرلەش، مۇھەببەتكە ۋاپادارلىق قىلىش ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمىي قىسمىگە ئايلانغان.

## ئەلچىلىك ئادىتى ــ «يۇمۇش»، «ساۋ»

ئەلچى ئارقىلىق كېلىشىش، يۇتۇشۇش، قۇدا ـ باجا بولۇش تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ تۇرمۇشىدىكى مۇھىم ئادەتلەرنىڭ بىرى. ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ساقال ـ ئىمىسىللىرىدە پىچاق ھەرقانچە ئۆتكۈر بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ سېپىنى يونۇيالمايدۇ دېيىلگەن. شۇنىڭدەك بەزى ئىشلارنى ئەدەپ ـ پەردىشەپ يۈزىسىدىن ئەلچىلەرنىڭ ۋاسىتىسى بىلەن ئورۇندايدۇ (ھۆكۈمەتلەر ئارا ئەلچىلىك بۇنىڭ سىرتىدا)، بولۇپمۇ نىكاھ ئىشىغا ئەلچى ئارىلاشماي بولمايدۇ. بۇ خىل ئەلچىلىك ئىشى قەدىمكى تۈركىي تىللىق خەلقلەردە ئىككى خىل ئاتالغان. بىرى، «يۇمۇش» بولۇپ، بۇنى مەھمۇد كاشغەرىي «ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ كىشى ئوتتۇرىسىدىكى ئەلچىلىك» (Ⅲ، 13) دەپ ئىزاھلىغان. يەنە بىرى، «ساۋ»، بۇنى مۇنداق ئىزاھلايدۇ: «ساۋ» خەۋەرلەر، رىۋايەتلەر، پەيغەمبەرنى «ساۋچى» دېيىش مۇشۇنىڭدىن ئېلىنغان، چۈنكى ئۇ ئەلچىلىك قىلىپ خەۋەرلەرنى يەتكۈزىدۇ، قىسسەلەرنى سۆزلەپ بېرىدۇ. ساۋچى ــ ئەلچى. قۇدىلار ئارىسىدىكى بېرىپ ـ كېلىپ ئەلچىلىك قىلىدىغان كىشى. ساۋچى، مەن يۇقىرىدا ئېيتقاندەك ئۇنىڭ سۆزىنى بۇنىڭغا يەتكۈزىدۇ. (Ⅲ، 221) «ساۋ»نىڭ يەنە بىر مەنىسى «نەسىھەت، تەلىم، دەۋەت» تىن ئىبارەت:

بىلگە ئەرەن ساۋلارىن ئالغىل ئۆگۈت
ئەزگۈ ساۋىغ ئەزلەسە ئۆزگە سىگەر

(بىلىملىك ئادەمنىڭ سۆزلىرىدىن نەسىھەت ئال، ياخشى سۆز تەسىر قىلسا قەلبكە سىڭىدۇ) (Ⅲ، 210).

بۇنىڭدىن قارىغاندا، ئەلچىنىڭ سالاھىيىتى ۋە ۋەزىپىسى روشەن بولىدۇ. ئەلچى بولغۇچى ئادەم ئىككى تەرەپنى كېلىشتۇرۇش، ياراشتۇرۇش، ئىشلارنى قوۋۇشتۇرۇش، «ئۆزۈنى

قىسقارتىش، قىسقىسىغا ئۇلاش» دېگەندەك ئىشلار ئارقىلىق بىر تويدا ۋە پاكى مۇھىم ئىشلاردا رولىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئالدى بىلەن گەپدان، بىلىمدان، قائىدە ـ يوسۇنىنى بىلىدىغان، ھەققانىيەتچى بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ. چۈنكى، «ساۋ» دېگەن سۆزنىڭ تەسىھەت، ياخشى سۆز، تەلىم، پاراسەت مەنىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقى بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ. ئەلچى بولۇش ھەقىقەتەن ئېغىر مەسئۇلىيەت. ئۇنىڭغا كەلسە ـ كەلمەس ئادەملەرنى قويسا ئىشنى ئۇڭشىمايدۇ، ئەكسىچە بۇزىدۇ. شۇڭا، تەمەسىز، شەخسىيەتسىز، پەزىلەتلىك، ئەخلاقلىق، بىلىملىك، ھۆرمەتلىك كىشىلەرنى ئەلچىلىككە تاللاش كېرەك. شۇنداق ئادەملا يامان ئىشلارنىمۇ ياخشىغا بۇراپ ئىشلارنى كۆڭۈلدىكىدەك قىلىپ، ھەر ئىككى تەرەپنى رازى قىلىدۇ. شۇنداق بولغاچقا، ئەلچىنىڭ نامىنى قەدىمكى تۈركىي تىللىق خەلقلەر «ساۋچى» نامىدا ئاتىغان.

ئىككى ياش بىر ـ بىرىگە ماھىل بولغاندىن كېيىن، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ رازىلىقى ئېلىنىدۇ، بۇ ئىشتا قىز بىلەن يىگىت ھەرگىزمۇ «مەن پوكونىتى ياخشى كۆرۈپ قالدىم» دەپ ئاتا ـ ئانىسىغا تىل ئاچمايتتى. بۇ ئەلۋەتتە ھايا ـ پەردىشەپ ۋە پەزىلەتنىڭ ئىپادىسى ئىدى. بۇ زۆرۈرىيەتتىن ئارىغا چوقۇم ئەلچى سېلىش لازىم. تېپىلغان، ئەلچى ئارىلاشماي توي روياپقا چىقمايتتى. مەھمۇد كاشغەرىي قىز بىلەن ئوغۇلنىڭ ئائىلىسى ئوتتۇرىسىدا بىر ـ بىرىنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىنى يەتكۈزۈپ كېلىشتۈرگۈچىلىك رول ئوينايدىغان «ئەلچى»نىڭ بىرقانچە خىل نامدا ئاتىلىشىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن.

## ئارقاچى

«ئارقاچى» ئوغۇل تەرەپ بىلەن قىز تەرەپتە يۈرۈپ، بىر ـ بىرىنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىنى يەتكۈزگۈچى ئەلچىنى كۆرسەتكەن.

بۇ خىل ئەلچىلىك ئاغزاكى شەكىلدە بولاتتى. ئۆز دەۋرىدە قۇدا بولغۇچى ئىككى تەرەپ تاكى توي بولۇپ قۇدا كۆرۈشۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلگىچە ئۆزئارا كۆرۈشمەيتتى. بۇخىل ئادەت ھازىرغىچە ئۇيغۇرلارنىڭ قائىدىسىدە ئىزچىل ساقلىنىپ كەلگەن. شۇڭا ئارىدا ئەلچى بولمىسا توي ۋۇجۇدقا چىقمايتتى. تويلاشقۇچى ئىككى تەرەپ تويلىشىش باسقۇچىغا يەتكەندىن كېيىن، توينى قانداق ئورۇنلاشتۇرۇش، تويغا كەلگەن قۇدا تەرەپ تۇغقانلارنى قانداق رازى قىلىش، تويلۇق ئىشلىرى قاتارلىق ئىشلاردا يازما شەكىلدە خەۋەر يەتكۈزۈپ، ئىككى تەرەپنىڭ رازىلىقىنى ئالىدىغان بىر ئەلچى بولغان، مانا شۇ رولنى ئوينايدىغان ئەلچىنى دەپ ئاتىغان. بۇ يەردىكى «يېزىق» مەنىسىنى بىرىدىغان سۆز بولماستىن، بەلكى ئارىنى كېلىشتۈرۈش، ياراشتۇرۇش مەنىسىدىكى سۆز ئىدى. ئەگەر ئىككى تەرەپ ئازارلىشىپ قالىدىغان بولسىمۇ «ئارقاچى»نىڭ رول ئوينايدىغانلىقى مەلۇم. «ئەلچى»لىك رولنى ئۆتەيدىغان كىشى يەنە «يارىغچى» دەپمۇ ئاتالغان. قىز سوراش، قۇدىلىشىش مانا شۇنداق ئەلچىلەرنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئېلىپ بېرىلاتتى. قىز تەرەپ ماقۇل كەلگەندىن كېيىن، مەخسۇس «قىز سوراش» مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلۈپ، ئوغۇل تەرەپتىن ۋەكىللەر قىز تەرەپنىڭ ئۆيىگە كېلەتتى. بۇ ئەلۋەتتە قىزنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ ئالدىن ئۆتۈش، ئۇلارنىڭ رازىلىقىنى ئېلىش، يۈزتۇشۇش ئۈچۈن بولاتتى.

قىز تەرەپ رازىلىق بەرگەندىن كېيىن، توي ئۆتكۈزۈلىدىغان ۋاقىت ۋە باشقا تويلۇق ئىشلىرى ئايرىم كېلىشىلگەندىن كېيىن ئاندىن بەلگىلەنگەن كۈندە نىكاھ ئوقۇلۇپ توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلەتتى، تويغا نۇرغۇن ئادەم قاتنىشىپ داغدۇغا قىلاتتى.

قىزنى يۆتكەشتىن بۇرۇن تويلۇقلار قويۇلۇپ، ئۇرۇق - تۇغقانلار سوۋغا - سالاملىرىنى قويۇشۇپ، كۆڭۈل ئىزھار قىلىشاتتى. ئۇرۇق - تۇغقانلار ئۆزلىرىگە چۈشكەن ماللارنى قىزغا بېرىپ، قىزنىڭ قېيىنئانا ۋە قېيىنئاتىلىرىنى ئالدىدا يۈزى

يورۇق بولۇشى ئۈچۈن ياردەم قىلاتتى، بۇنى «يۇۋاش» دەپ ئاتىغان. ( Ⅲ، 13) بۇ خۇسۇستا: «تارتۇقلانغان كېلىن ئېغىر-بېسىق، يۇۋاش كۈيئوغۇلغا ئېرىشەر» دېگەن ماقال كەلگەن بولۇپ، مەھمۇد كاشغەرىي ماللىق ئۆيلەنگەن قىزنى ھۆرمەتلەيدۇ، دېگەن. شۇڭا ئورۇق-تۇغقانلارنىڭ سوغىسى كېلىنىنىڭ بەختلىك بولۇشىنى ئارزۇ قىلغانلىقىدا ئىدى. قىزنىڭ ئاتا-ئانىسى قىز ئۈچۈن بىر يۈرۈش ئۆي جازىلىرىنى تەييارلايتتى. بۇنى «سەپ» دەپ ئاتىغان، بۇ ھەربىر ئادەمنىڭ قۇدرىتىگە يارىشا قىلىنىغان ئىش بولۇپ، بايلار كۆپرەك، كەمبەغەللەر ئۆزىگە يارىشا «سەپ» تەييارلايتتى.

بۇ خىل قائىدە ھازىرقى ئۇيغۇرلارنىڭ تويلىرىدىمۇ ئوخشاشلا داۋام قىلىپ كەلگەن. ھازىر ئاساسەن، ئۆينىڭ ئۆي جازىلىرىنى ئوغۇل تەرەپ ھازىرلىسىمۇ، ئۆينىڭ پەردە، گىلەم، يوتقان-كۆرپە، قاچا-قۇچا قاتارلىقلارنى قىز تەرەپ تەييارلايدۇ. بۇرۇنراق قىز ئۆزى بىلەن ئېلىپ باراتتى. بۇ مال قىزنىڭ ئۆزىگە تەئەللۇق بولۇپ، ئەگەر ئائىلىدە كۆڭۈلسىزلىككە ئۇچراپ ئۈزلىشىپ كەتكەندەك بولسا، بۇ ماللارنى قايتۇرۇپ كېلىدۇ. قارىغاندا خاقانىيە دەۋرىدە قىزلارنىڭ بېشىمى بىرئاز ئېغىرراق بولسا كېرەك. «سەپ» نىڭ بىر يۈرۈش ئۆي جازىلىرى، دېيىلگەنگە قارىغاندا، ئۆيگە كېتەرلىك خېلى كۆپ ئەسلىھەلەرنى قىز تەرىپىنىڭ تەييارلايدىغانلىقى مەلۇم بولىدۇ.

## توي

نۆۋەتتە تويىنىڭ مەزمۇنى بېيىپ، نىكاھ توي، سۈننەت تويى، بۆشۈك تويى قاتارلىقلاردىن باشقا، جۇۋان تويى، ئالتۇن-كۈمۈش توي، مەكتەپ تويى، زاۋۇت تويى، دۆلەت قۇرۇلغانلىقى تويى دېگەندەك مەزمۇنلار قوشۇلۇپ كەتتى. قەدىمكى ئۇيغۇرلاردا «توي»

ئاساسەن نىكاھ تويى، بۆشۈك تويى، يىغىلىش، زىياپەت ئەنئەنىسىنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى ئىدى.

«توي» دېگەن سۆز «دىۋان»دىمۇ ئوخشاشلا «توي» دەپ ئېلىنغان. ئۇ كۆپ كىشىلەرگە بېرىلگەن خۇشاللىق، تەنتەنە، تەبرىك، مۇبارەك، قۇتلۇق جاي، زىياپەت، دېگەندەك مەنىلەرنى بەرگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ قەدىمكى قائىدە - يوسۇنلىرىدىن خېلى مۇيەسسەل ئۇچۇر بېرىدىغان ئەسەر «ئوغۇزنامە»دە ئوغۇزخاقاننىڭ داغدۇغىلىق ئۆتكۈزگەن چوڭ مۇراسىمى، زىياپىتى بايان قىلىنىدۇ. ئۇنىڭدا «بەردى تويىدىن سوڭ (بەدۇقتوي — ئوغۇزخان «داغدۇغىلىق زىياپەت ئۆتكۈزدى، زىياپەت ئاخىرلاشقاندا» دەپ تەرجىمە قىلىنغان بولسىمۇ، ئەسلىي ئۇنى چوڭ مەرىكە، توي ئۆتكۈزدى، دەپ ئالسىمۇ، بۇ ئۆز دەۋرىدىكى تويىنىڭ ئۇقتۇرغان مەنىسىنى ئىپادىلەيتتى. «توي»نىڭ مەنىسى قەدىمكى زاماندا يەنە ئوي - بارگا دېگەن مەنىلەرنىمۇ بەرگەن، «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ 2349 - بېيتىدا «تۇشۇرسە تويۇغ كۆرسە ئوت سۇۋتالۇ (قارارگاھ قۇرسۇن ئۇ ئوت - سۇنى كۆرۈپ) دېيىلگەن. «ئەرەبچە - تۈركچە چوڭ لۇغەت»تە «توي»نى بىر چوڭ يىغىلىش، دېگەن. بۇ مەنە مەھمۇد كاشغەرىي بەرگەن مەنە بىلەن ئوخشايدۇ. «دىۋان»دا «توي»نى ئىزاھلاپ: «تويغا كەلگەنلەر تارقىدى» دەپ ئىزاھلىغان. قاراخانىيلار دەۋرىدە «توي» ھەم بىز ھازىر قوللىنىۋاتقان توي مەنىسىدە قوللىنىلغان. «كۆدەن» دېگەن سۆزنى ھەم «زىياپەت» مەنىسىدە چۈشەندۈرگەن. بۇ ھازىر قوللىنىلىشتىن قالغان. توي بولسۇن، توي مەرىكىسى بولسۇن، يىغىلىش بولسۇن، ئۆي، روزغار تۇتۇش مەنىسىنى بەرسۇن، ئومۇمەن خۇشاللىق، تەبرىك، خاتىرىلەش، مۇبارەكلەش، تەنتەنە قىلىش يۈزىسىدىن ئۆتكۈزۈلگەن يىغىلىشلار، زىياپەتلەرنى «توي» دەپ ئاتاپ كەلگەن.

## چاچقۇ چېچىش ئادىتى «مۇندۇرى»

«مۇندۇرى» كۈيئوغۇل بىلەن كېلىننىڭ باشلىرىدىن چاچقۇ چاچىدىغان كىچىك بەزمە (I . 641).

چاچقۇ چېچىش نىكاھ تويىنىڭ مەزمۇنلىرىدىن بىرى بولۇپ، قىزنى جابدۇندۇرۇپ ئوغۇلنىڭ ئۆيىگە يۆتكەپ ماڭغاندا، تويىنىڭ قۇتلۇق بولۇشى، ئىككى ياشنىڭ بەختلىك بولۇشى، ئۆمۈرۋايەت ساداقەت، ۋاپادارلىق بىلەن ئۆتۈپ، كۆپ بالىلىق بولۇپ، خاتىرجەم ھاياتنى ئۆتكۈزۈشكە بولغان تىلەكلەردىن ئىبارەت. قەدىمكى زامان ئادەتلىرىدە خانزادە، بەگزادىلەرنىڭ تويىدا ئۇلارنىڭ بېشىدىن يارماق، تەڭگە پۇللارنى ئۆرۈپ چاچقۇ قىلاتتى، پۇقرالار پۇل چاچقۇ قىلىشقا قۇربىتى يەتمىگەندىن كېيىن، جىگدە، گۆلە، ياڭاق، يېمىشكە ئوخشاش يېمەكلىكلەرنى چاچقۇ قىلاتتى. چاچقۇ چېچىشمۇ مۇراسىم شەكلىدە بولۇپ، تويغا كەلگەن كىشىلەرنىڭ ھەممىسى بۇ بەزمىگە مۇراجىئەت قىلاتتى. سازەندىلەر ناخشا ئېيتىپ، قوشاقلارنى توقۇپ، تەنتەنە قىلىپ بەزمىنى يۇقىرى دولقۇنغا چىقىراتتى، بۇ قائىدە ھازىرمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ نىكاھ تويىدا داۋاملىشىپ كېلىۋاتىدۇ. ئەمما، ھازىر پۇل چاچقۇ قىلىشنىڭ ئورنىدا ئاساسەن گۆلە، كەمپۈت قاتارلىقلار چاچقۇ قىلىدىغان بولدى.

## كېلىنگە سوۋغا ـ سالام بېرىش ئادىتى «يۈپۈش»

مەھمۇد كاشغەرىي «يۈپۈش» دېگەن سۆزنى ئىزاھلاپ: «يېقىن كىشىلەرگە مال ۋە كىيىم ـ كېچەك بىلەن ياردەم بېرىش. بۇ ئىش كۆپىنچە كېلىن يۆتكەلگەندە بولىدۇ. يەنى كېلىننى جابدۇپ ئۇزىتىدىغان چاغدا ئۇنىڭ يېقىنلىرى كېلىننىڭ ھۆرمىتى

بۇزىسىدىن ئۆزلىرىگە چۈشكەن سوۋغىلارنى ئۇنىڭغا بېرىدۇ» دەپ، ئاخىرىدا «يۇپيۇشلىنىڭ كەلىن كۆزەڭگۇ ياپاش بولۇر ــ تارتۇقلانغان كېلىن ياۋاش كۆيىۈۋ تاپار» دېگەن ماقالىنى مىسال كەلتۈرۈپ، «كېلىن كۆپ سوۋغىلار بىلەن كۆيئوغۇل ئۆيىگە بارسا، مۇنداق ماللار بىلەن خوتۇنغا ئىگە بولغان كۆيئوغۇل ئۇنىڭغا ھۆرمەت قىلىدۇ» (Ⅲ. 13) دەپ چۈشەندۈرگەن.

بۇ ئادەتتە نىكاھ تويىدا بولىدىغان مال سوۋغا قىلىش يوسۇنىدىن ئىبارەت. بۇنىڭدىن قارىغاندا، تويغا كەلگەن ئۇرۇق ـ تۇغقانلار، يېقىن كىشىلىرى قىز تويىغا كىيىم ـ كېچەك، مال ـ مۈلۈك، چارۋا قاتارلىقلارنى ئېلىپ كېلىپ، تويى بولغان قىزغا سوۋغا دەپ بېرىدىكەن. ئاتا ـ ئانىسى قىزنى تويغا چۈشكەن سوۋغاتلار بىلەن قوشۇپ ياتلىق قىلىدىكەن. تويدا يەنە ئۇرۇق ـ تۇغقانلار توي مۇناسىۋىتى بىلەن بىر ـ بىرىگە سوۋغا ـ سالاملار قىلىشىدىكەن، بەزىلەر ئۆزىگە چۈشكەن ماللارنىمۇ قىزغا سوۋغا قىلىۋېتىدىكەن. مانا شۇنداق ئادەتنى قەدىمكى تۈركىي يىللىق خەلقلەر «يۇپۇش» دەپ ئاتىغان. ھازىرقى ئۇيغۇرلارنىڭ تويلىرىدا تويدا بېرىلىدىغان سوۋغا ـ سالاملارنىڭ مەخسۇس نامى يوق، پەقەت ئۇنى «داستىخان» دېگەن سۆز بىلەنلا ئىپادىلەيدۇ. داستىخان ئاپىرىشنىڭ ئىچىگە ھەم سوۋغا ئېلىپ بېرىش دېگەن مەنىمۇ سىغدۇرۇلغان. بىراق، تويدا يۇپۇش مەخسۇس «يۇپۇش» بېرىش ئادىتى يوق. «دىۋان»دا سەپ دېگەن سۆزنى ئىزاھلاپ: «كېلىن بولغۇچى قىز ئۈچۈن تەييارلانغان ئۆي جاھازلىرى» (Ⅰ. 418) دېيىلگەن. بۇنى قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسى راسلامدۇ، ئوغۇل تەرەپ راسلامدۇ، بۇنى ئېيتمىغان. ھازىرقى ۋاقىتتا ئاتا ـ ئانا قىز ئۈچۈن يوتقان ـ كۆرپە، ياستۇق، ساندۇق، كىيىم ـ كېچەكلەر بىلەن، يېتىشەلىگەنلەر بىرەر پارچە گىلەم بىلەن ئۇزىتىدۇ. بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە ئۇنى «ئۆي جابدۇش» دەپ ئاتاپ، قىز تەرەپ كېلىن ئۈچۈن راسلىغان ئۆينى ياكى مەخسۇس ھوجرىنى پەردە، چىنە ـ قاچا، زىننەت بۇيۇملىرى، ئاشخانا

جابدۇقلىرى قاتارلىق نەرسىلەر بىلەن ئوغۇل تەرەپ راسلىغان زامانىۋى ئېلېكتىر سايمانلىرى بىلەن سەرەمجانلاشتۇرىدۇ. قۇربىتى يەتكەن ئاتا ـ ئانىلار قىزى ئۈچۈن يەنە ئوغۇل ئالغان زىبۇزىننەت، كىيىم ـ كېچەكنىڭ تاشايىنىدا ئۆزلىرى ئالتۇن جابدۇق، كىيىم ـ كېچەك راسلاپ بېرىدۇ. بۇمۇ قىزنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن بولىدۇ. ئومۇمەن، قەدىمكى زامانىدىكى «يۇيۇش» ئادىتى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ھازىرغىچە شەكلى ۋە مەزمۇنى ئانچە ئۆزگەرمىگەن ھالدا داۋاملىشىپ كەلگەن.

## نىكاھ كېچىسى كېلىنگە قوشۇلىدىغان دېدەك — «ئەگەتلىك»

نىكاھ كېچىسى كېلىن بىلەن بىللە يەڭگە ئەۋەتىش ھازىرقى نىكاھ تويلىرىنىڭ يەنە بىر ئادىتى. بۇ خىل ئادەت قەدىمكى زاماندا «ئەگەتلىك» دەپ ئاتالغان. «ئەگەتلىك قارا باش، نىكاھ كېچىسى كېلىن بىلەن بىللە ئەۋەتىلىدىغان دېدەك» (I .204).

قەدىمكى زامانلاردا قىزلار 14 — 15 ياشتا ۋە ھەتتا ئۇنىڭدىن كىچىك چاغدا ياتلىق بولاتتى. بۇ چاغدا ئۇلار تېخى باشقىلارغا خوتۇن بولۇش، نىكاھ كېچىسىدىكى ئىشلار ۋە باشقىلار ھەققىدە ئاساسەن كۆپ نەرسىنى بىلمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئورۇن سېلىش، نەرەتكە سۇ راسلاش، ناشتىلىق تەييارلاش دېگەندەك نۇرغۇن ئىشلار بولغاچقا، قىز بۇنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدۇ. شۇڭا، بەزى ئىشلاردا پىشقان، تەجرىبىلىك دېدەكلەردىن بىرنى قوشۇپ، كېلىننىڭ ئىشلىرىغا ياردەملەشتۈرەتتى. بۇ دېدەك ياتلىق بولۇپ بارغان قىز ئۆينىڭ شارائىتىغا كۆنۈۋالغۇچە بولغان ئارىلىقتا بىرنەچچە كۈن ئىشلىرىغا ياردەملىشىپ بېرىپ ئاندىن قايتىپ كېتەتتى. بۇقىرى تەبىقىلەرنىڭ قىزى بولسا، مەخسۇس بىرەر دېدەكنى قىزنىڭ خىزمىتىنى قىلىشقا ئەۋەتەتتى. بۇ خىل ئادەت ھازىرغىچە

ئۇيغۇرلاردا داۋاملاشقان بولۇپ، بەزى يەرلەردە يەڭگىلەرگە «چۈشەك» بېرىش ئادىتىمۇ بار. چۈشەك دېمەك سازەندە ۋە ئۇسسۇلچىلارغا ئۆرۈلىدىغان پۇل، يىگىتلەر داستىخانغا تاشلايدىغان پۇلنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى بولۇپ، يىگىتلەر ئوغۇلنىڭ تويىغا ئاتىغان پۇللىرىنى پەتنۇسقا تاشلايدۇ. بۇنىڭ بىر قىسمىنى سازەندىلەرگە بەرسە، بىر قىسمىنى يەڭگىلەرگە بېرىدۇ.

ھازىر قىزلار كۆپ ئىشلارنى توي قىلماي تۇرۇپلا بىلىپ كەتتى، شۇڭا يەڭگىگە ھاجىتى چۈشمەيدىغان بولدى.

## كەزۇت

خاقانىيە تويلىرىدىكى يەنە بىر قائىدە، تويغا سوۋغا ئېلىپ كەلگەنلەرگە، تون كىيدۈرۈپ ياكى بىرەر كىيىملىك مال قويۇپ ئۇزىتاتتى. مەھمۇد كاشغەرىي بۇ قائىدىنى مۇنداق چۈشەندۈرىدۇ: «بۇ كۆپىنچە تويدا ئىشلىتىلىدىغان كىيىم - كېچەك يەنى كۈيئوغۇلنىڭ ۋە كېلىننىڭ يېقىنلىرىغا سوۋغا قىلىپ كىيدۈرىدىغان كىيىم». بۇ خىل قائىدىمۇ ھازىرقى زاماندىكى ئۇيغۇر تويلىرىدا ئىزچىل داۋاملاشماقتا، ئوغۇل تەرەپتىن ياكى قىز تەرەپتىن بولسۇن، تويغا قوي، گىلەم، شىردىمال ئات، ۋە لىسبۇت پاختا قاتارلىق بىرقەدەر ئالىي سوۋغىلارنى ئېلىپ كەلگەنلەرنى قۇرۇق قول يولغا سالمايدۇ، بەلكى تىرىك مال سوۋغا قىلغانلارغا دەل شۇ مەيداندىلا تون ياكى تونلۇق تەييارلاپ كىيدۈرۈلىدۇ. باشقا سوۋغىلارنى ئېلىپ كەلگەنلەرنى تويىنىڭ ئاخىرىدا ئۇلارنىڭ ئالدىغا مال قويۇپ، توي ئۇزاتتىڭلار دېگەن نام بىلەن ئۇلارغا سوۋغا قايتۇرۇلىدۇ. مەھمۇد كاشغەرىي مەلۇمات بەرگەن يۇقارىقى «كەزۇت» دەل مانا شۇكى ئادەتنىڭ خاقانىيە دەۋرىدىكى ئىپادىسى ئىدى.

ئېلىش - بېرىش رەسمىيەتلەر تۈگىگەندىن كېيىن، قىزنى جابدۇندۇرۇپ يۆتكەشكە تەييارلىق كۆرۈنىدۇ. بۇ ۋاقىتتا بەلكىم توي قوشاقلىرى توقۇلۇپ، داقا - دۇمباق بىلەن قىز يۆتكىلىدىغان بولۇشى مۇمكىن. قىز ئالاھىدە تويلۇق كىيىملەر بىلەن ياساندۇرۇلاتتى. قىزنىڭ قولداشلىرى قىزغا گىرىم قىلىپ، كىيىملىرىنى كىيدۈرۈپ راسلايتتى.

## دىدىم

كېلىننىڭ تويلۇق كىيىملىرى ئىچىدە ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىدىغىنى «دىدىم» دەپ ئاتىلىدىغان ئۈتۈغاچ تاج ئىدى. تاج ئالتۇندىن ياكى باشقا مېتاللاردىن ياسالغان بولۇپ، ئۇنىڭغا ھەرخىل قىممەتلىك كۆزلەر قويۇلاتتى. ئۈتۈغاچ تاجنىڭ ئۈستىگە «دەزدەك» دەپ ئاتىلىدىغان، كېلىننىڭ باشقىلارغا كۆرۈنمەسلىكى ئۈچۈن يۈركەنچ ئارتىلاتتى. ئۇ ھەرخىل يىپەك رەختلەردىن بولۇشىمۇ، گىژمە رومالدەك يىپەك روماللار بولۇشىمۇ مۇمكىن ئىدى.

كېلىن جابدۇندۇرۇپ ئېلىپ چىقىلغاندىن كېيىن يىگىتلەر ۋە قۇدا تەرەپ قىزنى يۆتكەپ ئېلىپ مېڭىش ئالدىدا توي قوشاقلىرى بىلەن چاچقۇلار چېچىلاتتى. چاچقۇ چېچىش «مۇندۇرى» دەپ ئاتالغان بولۇپ، مەھمۇد كاشغەرىي: «كۈيۈئوغۇل بىلەن كېلىننىڭ باشلىرىدىن چاچقۇ قىلىدىغان كىچىك بەزمە» دېگەن. بۇنىڭدىن قارىغاندا، بۇ مۇراسىمنى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرىدىغان ئالاھىدە بەزمە بولغان، چاچقۇ تەڭگىلەر، ياماقلار، گۈل - چېچەكلەر بولۇشىمۇ مۇمكىن ئىدى. بولۇپمۇ يۇقىرى تەبىقىدىكىلەرنىڭ تويلىرىدا ئالتۇن - كۈمۈش تەڭگىلەرمۇ چاچقۇ قىلىناتتى، بۇ تويغا قاتناشقانلارغا زور خۇشاللىق ئېلىپ كېلەتتى.

## كېلىن ئولتۇرىدىغان چىمىلدىق — «مۇندەرۇ»

«چىمىلدىق — يىپەك رەختتىن تىكىلگەن كۆشكە. بۇنىڭ ئىچىدە كېلىن ئولتۇرىدۇ» ( I . 685). بۇ، ئىسلامىيەتتىن بۇرۇن ۋە كېيىن داۋاملىشىپ كەلگەن ئەنئەنە. كېلىن بولغۇچى ئۆزىنىڭ تويى بولۇۋاتقانلىقىدىن خۇشال بولسىمۇ، لېكىن كىشىلەردىن ئىزا تارتىدۇ، يەنە تېخى كېلىن بولغۇچى قىزنىڭ يۈزى ئېچىلمىغاچقا، كىشىلەرگە يۈزىنى كۆرسەتمەيدۇ. شۇڭا، مەخسۇس كۆشكە ياساپ قىزنى ئولتۇرغۇزغان. ھەتتا ھارۋا «قاڭقىل»، تۆگىلەرنىڭ ئۈستىگىمۇ كۆشكە ياساپ يۆتكەش ئادىتى بولغان.

ئۇز دەۋرىدە كېلىن يۆتكەشمۇ نىكاھ تويىنىڭ ئىنتايىن مۇھىم مەزمۇنى بولۇپ، كېلىننى قانداق ۋاستە بىلەن يۆتكەش تەبىقىلەر ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ۋە مۇساپىنىڭ ئۇزۇن - قىسقىلىقى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىدى. مۇساپە ئۇزۇن بولسا، تۆگە ئۈستىگە كۆشۈك ياساپ، يىپەك رەختلەر بىلەن ئوراپ، يۆتكەپ ماڭاتتى، مۇساپە نىسبەتەن قىسقا بولسا قاڭقى - ھارۋىنى كۆشۈكە ياساپ، ئۇنىڭ ئىچىگە كېلىن، كېلىن بىلەن بىرگە بارىدىغان دېدەك ۋە يەڭگە بولۇپ بارغۇچى ئاياللار ئولتۇراتتى. كۆشۈكە ھەر خىل بېزەكلەر بىلەن جابدۇندۇراتتى. كېلىن بىلەن يىگىت، يىگىتنىڭ قولداشلىرى ۋە يىگىت تەرەپتىن قىزنى يۆتكىگىلى كەلگەن قۇدا تەرەپ بىللە مۇھاپىزەت قىلىپ ماڭاتتى. تۆۋەن تەبىقىدىكىلەر مۇساپە قىسقا بولسا ئات بىلەن يۆتكەيتتى. بۇنداق كېلىن يۆتكەش يېقىنقى زامانغىچە ئوخشاش داۋاملاشقان، بۇ خىل كېلىن يۆتكەشنى «دىۋان»دا «مۇندەرۇ» چىمىلدىق، يىپەك رەختتىن قىلىنغان كۆشۈكە، بۇنىڭ ئىچىدە كېلىن ئولتۇرىدۇ. دېيىلگەن.

مەھمۇد كاشغەرىي مەلۇمات بېرىۋاتقان يۇقارىقى مەلۇماتلار

ئاساسەن بىر قەدەر يۇقىرى دەرىجىلىك تويلارنىڭ كۆرۈنۈشى ئىدى. لېكىن يۈتكەلگەندە بىرگە بارىدىغان دېدەك، كېلىننىڭ خىزمىتىنى قىلىدىغان ئاغۋات توغرىسىدىكى بايانلار بۇ نۇقتىنى ئىپادىلەپ تۇرىدۇ. «مامۇ» دېگەن سۆزنى چۈشەندۈرۈپ: «نىكاھ كېچىسى كېلىن بىلەن بىللە ئەۋەتىلىدىغان خوتۇن، يەڭگە» دېگەن. كېلىن بىلەن يەڭگىنىڭ بىرگە بېرىشى نەچچە مىڭ يىللاردىن بېرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنە، چۈنكى قەدىمكى زاماندا قىزلار 13 ــ 15 ياشلاردىلا ياتلىق قىلىنىدىغان بولغاچقا، قىزلار بەزى ئىشلارنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايتتى، نىكاھ كېچىسىدىكى بەزى نازۇك ئىشلاردا يېتەكلەشكە موھتاج بولاتتى. يەڭگە بولغۇچى ئۆتەك سىلىش، قىزغا نىكاھ كېچىسى دىققەت قىلىدىغان ئىشلارنى ئۆگىتىش، نىكاھ كېچىسىنىڭ ئەتىسى كۈنى، قىزنىڭ ئۆتۈشكە تېگىشلىك مەسئۇلىيەتلىرىنى ئەسكەرتىش، يېڭى ئۆينىڭ شارائىتى ۋە ئادىتىگە كۆنۈۋېلىش قاتارلىقلاردا مەسلىھەتچى بولاتتى. بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە مەخسۇس يەڭگە قوشۇش قائىدە ـ يوسۇنىمىز سىڭىپ چۈشۈپ قالغىلى تۇردى.

## ئەگەتلىك قارا باش

يۇقىرىدا دېگەندەك يېڭى كېلىنلەرنىڭ يېشى كىچىك بولغاچقا، كېلىننىڭ دائىملىق خىزمىتىنى قىلىدىغان دېدەك بىللە ئەۋەتىلەتتى. بۇ دېدەك «ئەگەتلىك قارا باش» دەپ ئاتالغان. بولۇپمۇ يۇقىرى تەبىقىلەرنىڭ قىزلىرىغا ھەرقاچان بىر ۋە بىر قانچە دېدەك قېتىلىدىغانلىقى مەلۇم، خەلق چۆچەكلىرىدە ھەتتا شاھلارنىڭ قىزلىرىغا 40 نەپەر كېنىزەك قېتىلىدىغانلىقى بايان قىلىنىدۇ. بۇ ئەلۋەتتە بەگلەرنىڭ تۇرمۇشىدىكى ھەشەم ـ دەبدەبە ۋەكىللىك قىلىدۇ.

«دىۋان»دا قىزنىڭ ئۆيىدە ئۆتكۈزۈلىدىغان مۇراسىم ۋە

قائىدە ـ يوسۇنلار ھەققىدە خېلى كونكرېت ئۇچۇرلارنى بەرگەن بولسىمۇ، ئوغۇلنىڭ ئۆيدە بولىدىغان توي بەزمىسى ھەققىدە ئاساسەن ئۇچۇر بەرمىگەن، قىز يۆتكىلىپ بارغاندىن كېيىن، بىرىنچى كېچە قىز ـ ئوغۇل ئۇچۇن ھاياتىدىكى ئىنتايىن زور بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولۇپ قالىدۇ. قىز قىزلىق ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، چوكانلىق مەۋسۇمىگە كىرىدۇ. ئوغۇل يىگىتلىك مەۋسۇمىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ ئەرلىك مەۋسۇمىگە كىرىدۇ. بۇ ئەھۋاللار ھەققىدىمۇ ئازدۇر كۆپتۇر ئۇچۇر بەرگەن مەھمۇد كاشغەري «قىزادى» دېگەن سۆزنى ئىزاھلاپ:

«ئول قىزىق قىزادى ـــ ئۇ قىزنىڭ قىزلىقىنى ئالدى» دېگەن جۈملىنى تۈزىدۇ. «قىزلىق» دېگەن سۆزنىڭ ئۆزى «قاپاق» دېيىلگەن. بۇ قىزلارغا ئاتا قىلىنغان مۇقەددەس پېچەت بولۇپ، ئۇ قىزلارنىڭ پاكلىقىغا گۇۋاھ بولۇپلا قالماي، شەرمى ـ ھاياسىغا، تەلىم ـ تەربىيىسىگە ۋە كېيىنكى بەختىگە ھەم گۇۋاھ بولاتتى. بۇ نۇقتىدىن چىقىپ ئۇيغۇر يىگىت ـ قىزلىرى قىزلىققا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىدۇ. قىزلىقى ئېلىنغاندىن كېيىن چوكان بولاتتى. قىرىق تال ئۆرۈمە چېچىنى چۇۋۇپ، سىكىلەك چاچ قوياتتى، بۇ ئۇ قىزنىڭ چوكانلىق مەۋسۇمىگە كىرگەنلىكىنى ئىپادىلەيتتى. ئۇ خىل ئۆزگىرىشنى «چوكان سىكىلەك» دەپ ئاتايتتى. شۇنداق قىلىپ بىر يېڭى ئائىلە ۋۇجۇدقا كېلەتتى.

ئۈچىنچى، بىز يۇقارىقى چۈشەنچىگە ئۇلاپ، يەنە شۇنداق بىر شالغۇتلۇقنىمۇ ئەسكەرتىپ قويىمىزكى، شالغۇتلۇق يالغۇز نەسىل ئۆزگەرتىش ئارقىلىقىلا يۈز بەرمەيدۇ، بەلكى روھتىمۇ شالغۇتلۇق كېلىپ چىقىدۇ. بىر ئادەمنىڭ تەلىم ـ تەربىيە مۇھىتى، روھىغا سىڭدۈرۈلگەن نەرسە، ئۇستازىنىڭ ئىدىئولوگىيەسى، ياشاش شارائىتى، باشقىلار بىلەن قويۇق ئارىلىشىش قاتارلىق ئامىللارمۇ روھنىڭ شالغۇتلىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بىر قانۇنىيەتتى ئۇنتۇماسلىق كېرەككى،

بىر ئادەمنى قانداق ئادەمنىڭ تەربىيەلىشىگە تاپشۇرسا، ئۇ ئادەم شۇ ئادەمنى تارتىپ يېتىلىدۇ. قانداق ئادەملەر توپىغا قېتىلىپ چوڭ بولسا، شۇنداق ئادەملەرنىڭ تىپىدىن بولۇپ يېتىلىدۇ. بەزى دېتاللاردا روھنىڭ شالغۇتلىشىشى تەننىڭ شالغۇتلىشىشىدىنمۇ ئېغىر ئاقىۋەتلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ.

## ئاياللارنى ئايرىيدىغان كۆشكە «تۇلۇۋر»

ئىسلام دىنى ئۇيغۇرلار ئارىسىغا تارقالغاندىن كېيىن، ئاياللارنىڭ يات ئەرلەر بىلەن ئۇچرىشىشى قەتئىي چەكلەندى. ئاياللار كوچىغا چىقسا يۈزىنى ياپىدىغان بولدى. ئۆيدە بولسا، پەرەنجە بىلەن كۆشكە ياساپ، ئاياللار بىلەن ئەرلەر ئارىسىغا پەردە تارتىلدى. بۇ خىل ئادەت «دىۋان»دا «تۇلۇۋر، كۆشكە، ئاياللارنى ئايرىپ تۇرىدىغان پەردە، بۇ بۆز ياكى يىپەك رەختتىن قىلىنىدۇ» (I . 596) دېيىلگەن. ئاياللارنىڭ يۈزىنى يېپىشى ھەققىدە مەلۇمات بەرمىگەن بولسىمۇ، يۈسۈپ خاس ھاجىپ كىشىلەردە ئىمان سۇسلىشىپ كەتكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ تەسىرىدە يۈز بەرگەن بۇزۇلۇشلارنى سۆزلىگەندە، تېشىدە ئۇۋۇت كەتتى ئۆرتمەز يۈزىن» (6474) دېگەن. بۇنىڭدىن قارىغاندا، ئىسلامىيەتنىڭ تەسىرىدە خاس ئاياللار ئۈچۈن بەزى قائىدىلەر يۈكلەنگەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

## سوۋغا ـ سالام ئارقىلىق كېلىنگە ياردەم بېرىش

ئۆزئارا ياردەم بېرىشنىڭ ئۇسۇللىرى كۆپ خىل بولىدۇ، يەنى ۋاسىتىلىكمۇ بولىدۇ، بىۋاسىتىمۇ بولىدۇ، ئاشكارىمۇ بولىدۇ، يوشۇرۇنمۇ بولىدۇ. قەدىمكى ئۇيغۇرلار بەزى مۇراسىم شەكىللىرىدىن پايدىلىنىپ بىر ـ بىرىنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى قىلىش، ئۇنى يۆلەش، قوللاش، ياردەم بېرىش ئۈچۈن سوۋغىلارنى قىلىشاتتى. بۇ خىل ئادەتنى «يۇيۇش» دەپ ئاتىغان:

«يۇيۇش — يېقىن كىشىلەرگە مال ۋە كىيىم - كېچەك بىلەن ياردەم بېرىش. بۇ ئىش كۆپىنچە كېلىن يۆتكەلگەندە بولىدۇ. يەنى كېلىننى يۆتكەپ ئۇزىتىدىغان چاغدا ئۇنىڭ يېقىنلىرى كېلىننىڭ ھۆرمىتى يۈزىسىدىن ئۆزلىرىگە چۈشكەن سوۋغىلارنى ئۇنىڭغا بېرىدۇ. بۇنداق قىلىش ئارقىلىق كېلىننىڭ كۆيئوغۇلنىڭ ئائىلىسىدە يۈزى يورۇق بولسۇن، قېيىنئانا، قېيىنئاتىلىرى تەرىپىدىن ئىززەتلەنسۇن» دېگەننى مەقسەت قىلغان ( Ⅱ . 13).

يۇقىرىقى مەلۇماتتا، «تويدا ئۆزىگە چۈشكەن سوۋغىلارنى ئۇنىڭغا (يەنى كېلىنگە) بېرىدۇ» دېگەن سۆزدىن، توي - تۆكۈندىكى ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - بۇرادەرلەر بىر - بىرىنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن، تويىنىڭ قۇتلۇق بولۇشى ئۈچۈن، شۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بىر - بىرىگە سوۋغىلارنى بېرىۋاتقان، بىر - بىرىنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى قىلىۋاتقان كۆرۈنۈش كۆز ئالدىمىزغا كېلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ سوۋغىلارنىڭ بىر قىسمىنى كېلىنگە سوۋغا قىلىش ئارقىلىق ئۆز ئارا مېھىر - مۇھەببەت رىشتىسىنىڭ باغلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز. دېمەك، قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ توي - تۆكۈنلىرىدە بىر - بىرىنى شىللىۋېلىش مەقسەت قىلىنماي، بەلكى بىر - بىرىگە ياردەم بېرىپ، مېھىر - مۇھەببەتنى چوڭقۇرلىتىش مەقسەت قىلىنغانلىقى ئايان بولىدۇ.

## پاكلىق گۇۋاھچىسى — «قىزلىق»

«قىزلىق» قەدىمدىن تارتىپ پاكلىق ئۇقۇمىنى بىلدۈرىدىغان ئاتالغۇ، قەدىمدىن «قاپاق» دەپ ئاتالغان. «قىزلىق» دېگەن تەڭرىنىڭ قىزلارغا ئاتا قىلغان پاكلىق پېچىتى. خەلقىمىز قەدىمكى زاماندا بۇنى «kapak» دەپ ئاتىغان. «دىۋان»دا

ئىزاھلاپ: « kapak ــ قىزلىق، قىزنىڭ قىزلىقى» دېگەندىن كېيىن مۇنداق جۈملە تۈزگەن: «قىزنىڭ قىزلىقى ئېلىندى» (I . 496). «قىز» مانا شۇ مۇقەددەس پېچەت بىلەن قىز، «قىزلىق» پاكلىق بىلەن مۇقەددەس. قىزنىڭ نامى «قىزلىق» بىلەن. قەدىمدىن بېرى قىزلىرىمىز ئۆزىگە ئاتا قىلغان بۇ پاكلىق پېچىتىنى ساقلاش، ئۇنى نىكاھ ئەھدىسىز بۇلغىماسلىق ئۈچۈن ئەڭ ئېسىل ئەخلاق - پەزىلەت مۇنارىنى تىكلەپ كەلدى. ئۆزى نىكاھلانغان ئائىلىگە پاكلىق بىلەن كىرىش، پېچەتنى پەقەت ھالال جۈپتىنىڭ ئېچىشىغا ئىلتىپات كۆرسىتىش قىزلىرىمىزنىڭ قەسىمى بولۇپ كەلدى.

ئەپسۇسكى، جەمئىيەتتە ھازىر كوچا - كوچىلاردا سۈنئىي قىزلىق پەردىسى سېلىش ھەققىدىكى ئەخلەت ئېلانلىرى ھەممە يەردە كۆزگە چېلىقىدۇ. بۇ ھال جەمئىيەتنىڭ ئەخلاق - پەزىلەت بوستانىنىڭ ئېغىر دەرىجىدە بۇلغىنىپ كەتكەنلىكىنىڭ ئىپادىسى ئەمەسمۇ؟

تۈنجى كېچە بۇ قىز ئۈچۈنمۇ، ئوغۇل ئۈچۈنمۇ ئىنتايىن مۇھىم، مەڭگۈ ئۇنتۇلماس خاتىرىلەرنى قالدۇرىدۇ. ئۇ ئۆمۈرلۈك بەختىگە سېلىنغان ئۇل بولۇپ قالىدۇ. ئەگەر قىز ناپاك چىقىپ قالسا، مەڭگۈلۈك داغ بولۇپ قالىدۇ. ئۇ كېيىنكى بەخت يولىدىكى تىكەن بولىدۇ. مانا شۇنداق بولغاچقا، ئۇيغۇرلاردا بىرىنچى كېچىنىڭ قىزلىق نىشانىنى ئائىلىسىدىكى چوڭلارغا، يېقىن دوستلىرىغا كۆرسىتىش ئادىتى ھازىرغىچە داۋاملاشقان. بۇ ئاتا - ئانىلارنى، دوستلارنى خاتىرجەم قىلىدۇ. ئەگەر قىز قىزلىق نىشانىنى يوقىتىپ قويغان بولسا، ناننىڭ ئوتتۇرىسىدىن تۆشۈك ئېچىپ قۇدا تەرەپكە ئەۋەتىپ بېرەتتى. بۇنى بىلگەن قىز تەرەپ ئادەم ئەۋەتىپ قىزنى ئېلىپ كېتەتتى. بۇنداق ئەنئەنە خەلقىمىزنىڭ پاكلىققا، ساداقەتكە، كېيىنكى ئائىلىنىڭ بەختىگە قانچىلىك مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىنى

چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇ ئەنئەنە ھەقىقەتەنمۇ قىممەتلىك.

## ئاياللارنىڭ ئاغۋاتلىق بولۇشى

قەدىمكى زامان ئادەتلىرىدە ئوردا ھەرىمىدە كېنىزەكلەر كۆپ بولغاچقا، ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى قىلىشقا ئاغۋاتلار ئورۇنلاشتۇرۇلاتتى. ھەرەمگە مەھرەم ئەرلەر يېقىن يولۇقتۇرۇلمايتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە بەزى بەگ ـ غوجاملارنىڭ ئۆيىدىمۇ ئەر خىزمەتچىلەرنى تۇرغۇزۇش ئومۇملاشقانلىقى، ئۇلار ئاغۋات ئەرلەردىن ئىبارەت ئىكەنلىكى مەلۇم. شۇ ئادەتتىن چىقىپ مەھمۇد كاشغەري «تۇتۇقلاندى» دېگەن سۆزنى ئىزاھلاپ: «ئۇراغۇت تۇتۇقلاندى» — ئايال تۇتۇقلۇق بولدى، دېگەن جۈملىنى تۈزىدۇ. بۇ دېگەنلىك: ئالدىدا خىزمەت قىلىدىغان ئاغۋات ئاغىسىغا ئىگە بولدى، دېگەنلىك بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرگەن ( Ⅱ . 385). بۇنىڭدىن مەلۇم بولدىكى، ئاياللارنىڭ خىزمىتىنى قىلىدىغان ئاغۋات ئەرلەر «تۇتۇق ئاغا» دەپ ئاتالغان. ئەمەلىيەتتە بىز ھازىر تىلغا ئالىدىغان ھەرەمئاغىسى: «تۇتۇق ئاغا» دەپمۇ ئاتالغانلىقى مەلۇم بولىدۇ. بۇ قەدىمكى فېئودال ئائىلىلەردىكى ئومۇمىي ئادەت ئىدى.

## كېلىننىڭ «ھاسىلىق» بولۇشى

«تاياق» سۆزى ئىزاھلىنىپ «كۆزەكە تاياق بەردى، يەنى كېلىنگە كېنىزەك ياكى قۇل بەردى. كېلىن، ئۇلارغا تايىنىپ ئاتتىن چۈشىدۇ. بۇ بايلاردىكى بىر ئادەت بولۇپ، كېنىزەك ياكى قۇل كېلىننىڭ مۈلكى ھېسابلىنىدۇ» ( Ⅲ . 227) دېيىلگەن.

بۇ قەدىمكى زاماندىكى يۇقىرى تەبىقىلەر ئارىسىدىكى بىر ئادەت ئىكەنلىكى روشەن بولدى. ئاغىچا خېنىملار ئاتقا مىنىش، ئاتتىن چۈشۈش بولسۇن، ئائىلىسىدىكى ھەرقانداق بىر ئىشلاردا بولسۇن كېنىزەك ۋە قۇللارنى ئۆزىنىڭ قولى، پۇتى

قىلىنغانىدى. مەھمۇد كاشغەرىي ئېيتقانىدەك، قۇللار ۋە كېنىزەكلەر كېلىنلەرنىڭ مۈلكى ئورنىدا بولۇپ، يارسا ئۇلاردىن نەرسە ئورنىدا پايدىلانغان، يارىمىسا ئۇلارنى مالنى ساتقاندەك بازارغا ئېلىپ بېرىپ ساتقان. بۇ ئەلۋەتتە ئۆز دەۋرىدىكى بىر ئادەتكە شاھىت بولۇپلا قالماي، بەلكى ئىككى تەبىقە ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنىڭ قانچىلىك چوڭ ئىكەنلىكىگە ھەم شاھىت بولۇپ بېرىدۇ.

# خاقانىيەدە تۇغقاندارچىلىق ئاتالغۇلىرى

ئىنسانىيەت ئائىلە، ئۇرۇق، قەبىلە، مىللەت ۋە دۆلەتلەرگە
تەرەققىي قىلىپ بىر پۈتۈن جەمئىيەت گەۋدىسىنى تەشكىل
قىلغان. بۇنىڭ ئىچىدە ئۇرۇق - تۇغقانچىلىق باغلىنىشى تەبى-
ئىي ھالدا قانداشلىق، نەسىل - نەسەبداشلىق، يىلتىزداشلىق،
تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. ئۇرۇق -
تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. ئۇرۇق -
تۇغقانلارنىڭ يېقىن - يىراقلىق، بىۋاسىتە - ۋاسىتىلىك باغ-
لىنىشلىرىغا ئاساسەن ئۇلارنى بىر - بىرىدىن پەرقلەندۈرىدىغان
نام - ئاتالغۇلار بارلىققا كەلگەن. دۇنيادىكى ھەممە مىللەتلەر-
نىڭ ئۆزىگە خاس تۇغقاندارچىلىق ئاتالغۇسى بار، چۈنكى تۇغ-
قاندارچىلىق مۇناسىۋىتى ۋە ئۇنىڭ نام - ئاتاقلىرى بىر مىل-
لەتنىڭ مىللىي مەدەنىيىتىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى. ئۇ
ئىنسانشۇناسلىق، مىللەتشۇناسلىق، تىلشۇناسلىق، جەمئىيەتشۇ-
ناسلىق، ئېتنوگرافىيە قاتارلىقلارغا مۇناسىۋەتلىك مۇھىم تەت-
قىقات تېمىسى.

11 - ئەسىردە ياشىغان مەشھۇر ئالىم مەھمۇد قەشقەرى
ئۆزىنىڭ دۇنياۋى مەشھۇر ئەسىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا
ئۆز دەۋرىدىكى نەسەب - نەسىل مۇناسىۋەتلىرى ئارقىلىق بار-
لىققا كەلگەن ئۇرۇق - تۇغقانچىلىق مۇناسىۋەتلىرىدىكى نام -
ئاتاقلاردىن خېلى كۆپىنى تونۇشتۇرغان ھەم خېلى كونكرېت
چۈشەنچە بەرگەن. چۈنكى، نەسىل - نەسەب مۇناسىۋىتى سەل
قارالسا بولمايدىغان قائىدە - يوسۇنلارنىڭ بىرى ئىدى. بىز

ئۆز دەۋرىدىكى تۇغقاندارچىلىق ئاتالغۇلىرى بىلەن ھازىرقى ئۇرۇق - تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىنى ۋە نام - ئاتاقنى سېلىشتۇرۇپ كۆرسەك، بەزى جەھەتتە بىردەكلىكنىڭ ساقلانغانلىقىنى، بەزى جەھەتتە بەزى ئەنئەنىلەرنىڭ ئۇنتۇلۇپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز.

قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «ئۇرۇق - تۇغقان» ئۇقۇمىنى ئۇقتۇرىدىغان ئاتالغۇ ھازىرقى زاماندىكىگە ئوخشاش «ئۇرۇق» سۆزى بىلەن ئىپادىلەنگەن. مەھمۇد قەشقەرى «ئۇرۇق»نى ئىزاھلىغاندا «يېقىن تۇغقانلارمۇ شۇنداق ئوخشىتىلىپ ئۇرۇغ - تارىغ — ئۇرۇق - تۇغقان دېيىلىدۇ» (1 - توم 67 - بەت) دېگەن. بۇ خىل ئاتاش ھەقىقەتەن تۇغقانلىق باغلىنىشىنى كەم - كوتىسىز ئىپادە قىلغانىدى.

ئائىلىنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، ئەۋلاد بىلەن ئەجدادنى باغلايدىغان زەنجىرلىك رولىنى ئادا قىلىدىغان ئەر بىلەن ئايال تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋەتتىكى يادرو ھېسابلىنىدۇ. ئۇلار پەرزەنتلەرنى بۇ دۇنياغا ئاپىرىدە قىلغانلىقىدەك تۆھپىسى بىلەن ئاتا، دادا؛ ئاپا، ئانا شەرىپىگە ئىگە بولىدۇ. بۇ نام قەدىمكى دەۋردىمۇ ئوخشاشلا ئاتا، دادا؛ ئاپا، ئانا دەپ ئاتالغان. مەسىلەن، «ئاتىڭ، ئاناسى، ئاتىڭ ئاتاسى» (3 - توم 290 - بەت) دېگەندەك، بىراق «دادا» ئاتالمىسى ئوغۇزلارنىڭ تىلىدىكى ئاتىلىشى (3 - توم 304 - بەت)، «ئاتا» ئۇيغۇر تىلىدىكى ئاتىلىشى ئىدى. «ئانا» قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ئاتالغۇ، «ئاپا» قەدىمكى ئوغۇز تىلىدىكى ئاتالغۇ بولۇپ، مەھمۇد قەشقەرى: «قارلۇق تۈركمەنلىرى قاتتىق تەلەپپۇز بىلەن (ئاپا) دەيدۇ» (1 - توم 116 - بەت) دەيدۇ. خەلقىمىز ھازىر بۇ ئاتالغۇنىڭ ھەر ئىككىسىنى ئورتاق قوللىنىدۇ. تۇرپان ئۇيغۇرلىرى كۆپىنچە «ئاتا، ئاپا»نى قوللىنىپ كەلگەن، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى ئۇيغۇرلار «دادا، ئانا»نى قوللىنىپ كەلگەن. ئەپسۇسلىنارلىقى بىر تەرەپ شۇكى، يېقىندىن بېرى جەنۇبتا «ئانا»نى «ئاپا»دەپ ئاتاش ئو-

مۇملاشقىلى تۇردى، مەركىزىي شەھەر ئۇرۇمچىدە ئومۇمەن «ئا ـ
پا» ئاتالمىسى ئومۇملاشتى. گەرچە ھەر ئىككى ئاتالغۇنى قول ـ
لىنىش يوللۇق بولسىمۇ، لېكىن قىسمەن كىشىلەرنىڭ نەزىرى ـ
دە «ئانا» سۆزى سەھراچە ئاتالما، «ئاپا» سۆزى مەدەنىي ئاتالما
بولۇپ تۇيۇلغان بولسا كېرەك. «ئانا» دەپ ئاتاۋاتقان كىشىلەرمۇ
«ئاپا»نى قوللىنىدىغان بولدى.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، ئۇرۇق ـ تۇغقاندارچىلىق نام ـ ئا ـ
تاقلىرىدا ھازىرغىچە خېلى كۆپ ئۆزگىرىش بولغان. بۇ نۇق ـ
تىمدا بىر تەرەپتىن، تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋەتلىرىنى ئېنىق
ئايرىپ بېرىدىغان بەزى ئاتالغۇلارغا ۋارىسلىق قىلىنمىغان بول ـ
ساق، يەنە بىر تەرەپتىن، ئەر تەرەپ تۇغقانلار بىلەن ئايال تەرەپ
تۇغقانلارنى پەرقلەندۈرۈپ ئاتاش ئادىتىمۇ يوقىلىپ كەتتى.

مەھمۇد قەشقەرى مەلۇماتىدا قېرىنداشلار ئارىسىدىكى
ھەممىدىن چوڭ ئەر قېرىنداشنى «ئاچىق» دەپ ئاتىغان. خاقا ـ
نىيىلىكلەر (قاراخانىيلارنىڭ قەشقەرنى مەركەز قىلغان مەرك ـ
زىي قىسمى) چوڭ ئاكىسىنى «ئاچىقىم» دەپ چاقىرغان (1 ـ
توم 88 ـ بەت). بۇنداق خاس ئاتاش ھازىر بىزدە تاشلىنىپ
قالغان. ئەگەر ئۇلارنى پەرقلەندۈرۈشكە توغرا كەلسە، «چوڭ»
سۆزىنى قوشۇپ ياكى ئىسمىنى ئاتاپ مەقسەت ئۇقتۇرۇلىدۇ.
چوڭ پەرزەنتنى بىلدۈرىدىغان يەنە بىر پەرقلەندۈرۈش ئاتالمى ـ
سى «تۇن ـــ تۇنجى» سۆزى ئەسلىي سان تەرتىپىنى بىلدۈرۈپ،
«بىرىنچى، ئالدىنقى، تۇنجى» دېگەن مەنىنى ئۇقتۇرىدىغان سۆز
ئىدى. كېيىن شۇ مەنىدىن چىقىپ، «تۇن ئوغۇل»، «تۇن قىز»
دەپ ئاتالغان (3 ـ توم 188 ـ بەت). شۇنىڭغا ياندىشىپ يەنە
ئايالنىڭ دەسلەپتە تەگكەن ئېرى «تۇن تەگ» دەپ ئاتالغان، يە ـ
نى خوتۇنلار ئېرىنى قەدىمدە «بەگ، بېگىم» دەپ ئاتىغان. مەھ ـ
مۇد قەشقەرى بۇنىڭغا چۈشەنچە بېرىپ: «ئەر ئۆيدە بەگكە ئوخ ـ
شىغانلىقتىن شۇنداق دېيىلىدۇ» (3 ـ توم 212 ـ بەت) دې ـ
گەن. ھازىر جەمئىيەتتە ئەر ـ خوتۇنلۇق مۇناسىۋەتنى ئىپادى ـ

لەيدىغان «يولداش — يولدىشىم» دېگەن سۆز ئومۇملىشىپ
كەتتى، بۇ سۆز ئەر - ئاياللىق مۇناسىۋىتىنى ھەقىقىي رەۋىش-
تە ئىپادىلەپ بېرەلمەيدۇ. ئەسلىدىن ئالغاندا ئەرگە نىسبەتەن
مۇقەددەس نىكاھ ئارقىلىق باغلانغان ئايال ئايالى ياكى خوتۇنى
بولىدۇ. شۇڭا، ئەر خوتۇنىنى «خوتۇنۇم، ئايالىم» دەپ ئاتىسا تو-
لۇق، كەم - كوتىسىز مەنە ئۇقتۇرىدۇ. ئايال ئۆزىگە ئەر بولغان
نىكاھلىق جۈپتىنى «ئېرىم، بېگىم» دەپ ئاتىسا تامامەن ئۇيغۇن
بولىدۇ. بۇ نام ھەرگىزمۇ قوپال، قالاق، مەدەنىي بولمىغان ئا-
تالغۇ ئەمەس، بەلكى مۇكەممەل دەرىجىدە مەدەنىيلىكنى ئىپادى-
لەيدىغان ئاتالغۇ. ئۇ ئەر - خوتۇنلۇق مۇناسىۋەتنى ناھايىتى
ياخشى يورۇتۇپ بېرىدىغان سۆز. ياشتا ئۆزىدىن چوڭ ئەر بىلەن
تۇغقاننى قەدىمدە «ئىچى» (1 - توم 118 - بەت) دەپ ئاتىغان.
ئۆزىدىن چوڭ ئايال بىر تۇغقاننى ئىككى خىل ئاتىغان، بىرى،
«ئەچە — ئاچا، ھەدە، ئېگىچە» مەنىسىدە (1 - توم 117 -
بەت)؛ يەنە بىرى، «ئەگەر مەھمۇد قەشقەرىنىڭ تونۇشتۇرۇشىغا
قارىغاندا، ئۇرۇق - تۇغقانلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئىپادى-
لەشتە ئەر تەرەپنىڭ تۇغقانلىرى بىلەن ئايال تەرەپنىڭ تۇغقاندا-
لىرى روشەن پەرقلەندۈرۈلگەن. ئەر جەمەتنىڭ ئوغۇل باللىرى
«ئۇرى» دېيىلگەن. «ئۇرى — ئوغلان» دېگىنى، «ئەر تەرەپ جە-
مەتنىڭ ئوغۇللىرى» دېگەن مەنىنى بەرگەن (1 - توم 119 -
بەت). بۇ خىل پەرقلەندۈرۈشمۇ ھازىر بىزدە تاشلىنىپ قالغان.
بەزى مىللەتلەردە ئەر تەرەپ نەۋرىلەر بىلەن ئايال تەرەپ نەۋرى-
لەر روشەن پەرقلەندۈرۈلىدۇ.

ئاتا - ئانىغا نىسبەتەن ئوغۇل پەرزەنت قەدىمكى دەۋرىدىمۇ
ئوخشاشلا «ئوغۇل» دېيىلگەن (3 - توم 291 - بەت). تۇنجى
ئوغۇل، تۇنجى بالا باشقىلار پەرقلەندۈرۈلگەنگە ئوخشاش، كەنجى
بالا، كەنجى ئوغۇلمۇ پەرقلەندۈرۈلۈپ، «ئاشتال — كەنجى،
ئاشتال ئوغۇل — كەنجى ئوغۇل» (1 - توم 143 - بەت) دې-
يىلگەن. ھازىرقى ئۇيغۇر تىلىدا بۇ «كەنجى» دېگەن سۆز بىلەن

ئىپادىلىنىدۇ، مەسىلەن «كەنجى ئوغۇل» دېگەندەك.

قەدىمدە خوتۇننىڭ ئىنىسى بىلەن ئەرنىڭ ئىنىسى پەرقلەندۈرۈلگەن. بۇ ھەقتە «دىۋان» دا مۇنداق دېيىلگەن: «يۈرچ خوتۇننىڭ ئىنىسى، يەنى ئەرنىڭ قېينىئىنىسى. ئەرنىڭ ئىنىسى بىلەن خوتۇننىڭ ئىنىسى پەرقلەندۈرۈلىدۇ، خوتۇنغا نىسبەتەن ئەرنىڭ ئىنىسى ئۆزىدىن كىچىك ئۆكىسى (ئىنى) بولىدۇ، يېشى ئۆزىدىن چوڭ بولسا (ئىچى) دېيىلىدۇ. ئەرنىڭ ئۆزىدىن كىچىك قىز قېرىنداشى (ئەگە) دېيىلىدۇ. ئەرنىڭ ئۆزىدىن كىچىك قىز قېرىنداشى (ئەگە) دېيىلىدۇ. ئەرگە نىسبەتەن خوتۇننىڭ ئۆزىدىن كىچىك قىش قېرىنداشى (بالدىز) بولىدۇ، ئۆزىدىن چوڭ قىز قېرىنداشى (ئەگە) دېيىلىدۇ» (3 - توم 7 - بەت) دېيىلگەن. ئەرنىڭ ئۆزىدىن كىچىك قىز قېرىنداشى ئەگەر نىسبەتەنمۇ، خوتۇنغا نىسبەتەنمۇ «سىڭىل» (3 - توم 500 - بەت) دەپ ئاتالغان. ئەرنىڭ ئۆزىدىن كىچىك ئوغۇل قېرىنداشى ھەر ئىككىسى ئۈچۈن «ئىنى» دەپ ئاتالغان (1 - توم 125 - بەت). بۇ بىر خىل ئىلغارلىق. چۈنكى، ئۇ قەدىمكى دەۋرلەردە نەسەب مۇناسىۋىتى، تۇغقانلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى پەرقلەندۈرۈشتىكى ئاكتىپ ئىپادە ئىدى. بىراق ھازىرقى دەۋردە بەزى مىللەتلەر بۇ ئەنئەنىنى ساقلاپ قالغان بولسىمۇ، خەلقىمىزدە بۇ خىل ئەنئەنە ئۈزۈلۈپ قالغان. خەلقىمىزدە ھازىر ئەرنىڭ ئىنىسى بىلەن خوتۇننىڭ سىڭلىسى، ئەرنىڭ ئاچىسى، ئاكىسى بىلەن خوتۇننىڭ ئاچىسى، ئاكىسىنى پەرقلەندۈرۈپ ئاتايدىغان مەخسۇس ئاتالغۇ يوق. پەقەت ھەر ئىككى تەرەپ ئىنىم، سىڭلىم، ئاكام، ئاچام دەپ ئاتىشىدۇ. پەرقلەندۈرۈشكە توغرا كەلسە، قېيىنئىنىم، قېيىنسىڭلىم، قېيىنئاچام، قېيىنئاكام دېگەندەك ئاتالغۇلار بىلەنلا پەرقلەندۈرۈلىدۇ. بۇ، تۇرمۇشىمىزدىكى قالايمىقانچىلىقنى، مۈجمەللىكنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. بىز «قېيىن» دېگەن سۆزنى قوشماي تۇرۇپ، ھەرگىزمۇ ئۆزىنىڭ سىڭلىسى ياكى قېينىسىڭلىسى ئىكەنلىكىنى ئۇق-

تۇرالمايمىز، بۇ ئەھۋال ھەربىر كىشىنىڭ دىققەت-ئېتىبارىنى قوزغىشى كېرەك.

«قاڭسىق» ئۆگەينى ئىپادىلىگەن (3-توم 523-بەت)، ھازىرقى ئۇيغۇر تىلىدا «قاڭسىق» دېگەن بىر سۆز بار. بۇ يېپىشكە قېرىق، تەمسىز يېمەكلىكلەرگە قارىتا ئىشلىتىلىدۇ، قاڭسىق تاماق، قاڭسىق قوغۇن دېگەندەك. مانا مۇشۇ سۆز قەدىمدە ئۆگەينى ئىپادىلەيدىغان سۆز بولغان. مەسىلەن، «قاڭسىق ئانا — ئۆگەي ئانا، قاڭسىق ئوغۇل — ئۆگەي ئوغۇل» (3-توم 523-بەت). بۇ خىل ئاتاش ئەسلى سۆزنىڭ كېلىش مەنىسىدە كەلگەندە يەنىلا قاڭسىق مەنىسىدە، «ئۆگەي» مەنىسىدە قوللىنىلغاندا ئوبرازلىق مەنىدە قوللىنىلغان. قەدىمدە «ئۆگەي» سۆزى ھازىرقىغا ئوخشاشلا «ئۆگەي» دەپمۇ ئاتالغان. بۇ خاس نام ئىدى، «ئۆگەي ئاتا»، «ئۆگەي ئانا»، «ئۆگەي ئوغۇل» دېگەندەك (1-توم 166-بەت). ئۆگەي ئۇقۇمى يەنە «بالدىر» دەپمۇ ئاتالغان، «بالدىر ئوغۇل» دېمەك «ئۆگەي ئوغۇل» دېمەكتۇر (1-توم 595-بەت). قارىغاندا، ئىككى خىل ئاتالما قەبىلىلەر ئوتتۇرىسىدىكى تىل جەھەتتىكى پەرقتىن كېلىپ چىققان بولسا كېرەك.

قۇدا تۇغقانلار «تۇڭغۇر» دەپ ئاتالغان، «ئۇلار مېنى تۇڭغۇرلىدى» دېگەن سۆز «ئۇ مېنى قۇدا ھېسابلىدى» (3-توم 558-بەت) دېگەن مەنىدە قوللىنىلغان. خەلقىمىزدە يەنە قەدىمدىن تارتىپ قايتا قۇدا بولۇش، يەنى بىرى قىزىنى بەرسە، يەنە بىرىمۇ قىزىنى بېرىپ قوش قۇدا بولۇش ئەنئەنىسى بولغان.

قەدىمدە تۇغقانلارنى ئامراقلىقتىن «ئاتاقى»، «ئاناقى»، «دادىكا»، «ئانىكا» دەپ ئاتاش ئادىتى بولغان. ھازىرقى خەلقىمىز ئارىسىدا «دادىكا»، «ئانىكا» دېگەن سۆز قېيىنئاتا، قېيىنئانا دېگەن ئۇقۇمنى ئاڭلىتىدۇ. مەھمۇد قەشقەرى مەلۇمات بەرگەن ئامراقلىقنى بىلدۈرۈش مەنىسىدىكى «ئاتاجان، ئاناجان، ئاكاجان» دېگەن ئادەت بەزى جايلاردا قوللىنىلىدۇ. ئۇ ئاتاقى —

ئاتىكا، ئاتاقى — ئاتىكا بىلەن ئوخشاش مەنىدىكى ئاتالغۇ بول-
سا كېرەك.

تۇغقانلارنى ئاتاشتا ئانا تەرىپىدىن بولغان «هاما» بىلەن ئاتا تەرىپىدىن بولغان هاما پەرقلەندۈرۈلگەن. «دىۋان»دا «كۆ-كۆ» دېگەن سۆز ئىزاھلىنىپ، «ئاتا تەرىپىدىن بولغان هاما، بۇ سۆز كۆكۆي دېمۇ ئاتىلىدۇ، توغرىسى مۇشۇ، كۆكۆيۈم كەل-دى — هامام كەلدى» (3 - توم 319 - بەت) دېيىلگەن. بۇ خىل ئاتاش ئادىتى بەزى رايونلاردا هازىرغىچە داۋاملاشقان، بەزى جايلاردا قېپقالغان. «ئاغا» دېگەن سۆز قەدىمدە «ئاغاي» دەپ ئا-تالغان (3 - توم 328 - بەت). بىراق، بۇ ئەرنىڭ تۇغقىنىنى ئاتاش ئادىتىمۇ، ئايالنىڭ تۇغقىنىنى ئاتاش ئادىتىمۇ ياكى ھەر ئىككىسىگە ئورتاقمۇ بۇ ھەقتە ئىزاھات بېرىلمىگەن. ئايالغا نىسبەتەن ئەرنىڭ بىۋاسىتە تۇغقانلىرى بىلەن ئەرگە نىسبەتەن ئايالنىڭ بىۋاسىتە تۇغقانلىرى ئومۇمەن پەرقلەندۈرۈپ ئاتالغان. خوتۇن تەرەپتىن بولغان تۇغقانلار — خوتۇننىڭ قېرىنداشلى-رى، ئانا - ئانىلىرى «تۇڭۇر» (3 - توم 496 - بەت) دەپ ئا-تالغان.

قەدىمدە ئاتىسى بىر، ئانىسى باشقا قېرىنداشلارنى پەرقلەن-دۈرۈشنىڭ خاس نامى بولغان. يەنى، «قاڭداش» ئاتىسى بىر، ئا-نىسى باشقا قېرىنداشلار (3 - توم 521 - بەت) دېگەن مەنىنى بىلدۈرگەن. ئانىسى بىر، دادىسى باشقا قېرىنداشلار «ئىگدەش» دەپ ئاتالغان. هازىر خەلقىمىزدە يۇقىرىقى قېرىنداشلىق مۇنا-سىۋەتنى ئىپادىلەيدىغان خاس نام - ئاتاق يوق.

بىز هازىر قوللىنىۋاتقان «جيەن بالا» قەدىمدە «چىقان» دەپ ئاتالغان. ئۇ «هاما ئاچىسىنىڭ ئوغلى» دېگەن مەنىنى بىلدۈر-گەن (1 - توم 523 - بەت).

قەدىمدە ئاسراندى ئوغۇلنى «يۇفغا» دەپ ئاتىغان (3 - توم 42 - بەت)، بۇ ئادەت خەلقىمىزنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىكىنى، ئىنسانىي مېھىر - مۇھەببىتىنى، كۆيۈمچانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ-

غان ئادەت ۋە ئاتالغۇ بولغان. «يۇفغا» سۆزى هازىرقى ئۇيغۇر تىلىدا «نىپىز، ئاجىز، شالاڭ» دېگەن مەنىلەردە قوللىنىلىدۇ. ئاسراندى ئوغۇل دېمەك، ئۇ يېتىم، ئىگە - چاقىسىز، دىلى سۇنۇق بولغانلىقتىن باشقىلارنىڭ ئاسرىشىغا موھتاج بولىدۇ، شۇڭا ئۇلار «يۇفغا» دەپ ئاتالغان بولسا كېرەك.

يەنە تۇغقاندارچىلىق باغلىنىشتا قۇدا - باجىلىق مۇناسىۋىتىمۇ بار. مەھمۇد قەشقەرى «قازىن قازغاغۇن» نىڭ «قۇدا - باجىلار» ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرغاندىن كېيىن، كۈيئوغۇل ۋە ئۇنىڭ تۇغقانلىرىنىڭمۇ شۇنداق دېيىلىدىغانلىقىنى ئەسكەرتكەن. بۇ خىل ئاتاش هازىرقى زاماندىكىسى بىلەن ئوخشاش. ئوغۇل بولسۇن، قىز بولسۇن، ئاچىسىنىڭ ئېرىنى هازىرقى ئادەتكە ئوخشاشلا «يەزنە» دەپ ئاتىغان (3 - توم 45 - بەت).

يۇقىرىقىلاردىن باشقا ئۇرۇق - تۇغقانچىلىقنىڭ كىچىك شاخچىلىرى، يىلتىزلىرى خېلى كۆپ. مەھمۇد قەشقەرى بۇلاردىن بىۋاستە تۇغقانلار ۋە ئۇلارنىڭ ئاتىلىشى، پەرقلىرى توغرىسىدا خېلى ئەتراپلىق ئۇچۇرلارنى قالدۇرغان بولۇپ، ئۇ بىزگە ناهايىتى قىممەتلىك ئۆلگە هېسابلىنىدۇ. بۇ يۇقىرىقى ئىلغار ئەنئەنىۋى ئادەتلەرگە ياندىشىپ، ئۇرۇق - تۇغقانچىلىق نام - ئاتاقلىرىمىزدىكى خاتالىقلارنى تۈزىتىشىمىزگە تولىمۇ پايدىلىق.

# ئۆلۈم - يېتىم يوسۇنلىرى

ئۆلۈم دېگەن ھاياتلىق سەپىرى ئاخىرلىشىپ، ماماتلىق سەپىرىگە يول ئالغان كىشى ئۈچۈن قىلىنىدىغان يوسۇنلار ئۆلۈم - يېتىم يوسۇنلىرى دەپ ئاتىلىدۇ. قەدىمكى زاماندا ئۆلۈمنى ئۇيغۇرلار «كەچتى» دېگەن سۆز بىلەنمۇ ئاتاپ، بىر ئادەمنىڭ ئۆلگەنلىكىنى ئىپادىلەيتتى. «ئەر كەچتى، دېگەنلىك، ئۇ ئادەم ئۇ دۇنياغا كۆچتى، دېگەننى بىلدۈرەتتى» ( II . 4). قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئۆلۈمنى مۇتلەق ئۆلدى، تۈگىدى، دەپ ئەمەس، بەلكى بىر ماكاندىن يەنە بىر ماكانغا كۆچتى، بۇ دۇنيادىن ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلدى، دەپ قارىغاچقا، ھەر خىل باسقۇچلۇق مۇراسىملارنى ئۆتكۈزۈپ، مەرھۇملەرنى ئۇزۇنلاشتۇرۇپ، ياخشى تىلەكلەرنى تىلەپ دافنۇغا بىلەن ئۇزىتىپ قوياتتى. ئۆلۈم - يېتىم يوسۇنلىرى مانا شۇنداق پائالىيەتلەر جەريانىدا پەيدا بولۇپ، بارا - بارا مىللەتنىڭ ئەنئەنىسىگە ئايلانغان. «دىۋان»دا قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆلۈم - يېتىم ئادەتلىرىگە دائىر ناھايىتى ئاز بىر قىسىم يوسۇنلىرىدىن ئۇچۇر بېرىلگەن.

## ئۆلۈكنى ساندۇققا سېلىش ئادىتى «قابىرچاق»

«دىۋان»دا «قابىرچاق» دېگەن سۆزنى ئىزاھلاپ: «قابىرچاق، ساندۇق، بۇ بىرىنچى سۆز كۆپىنچە ئۆلۈك سالىدىغان ساندۇقنى بىلدۈرىدۇ» ( I . 652) دېگەن. بۇ قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆلۈكنى دەپنە قىلىشتا ئۆلۈك ساندۇقىغا سېلىپ كۆمۈش ئادىتى بارلىقى ھەققىدە ئۇچۇرغا ئىگە قىلىدۇ. بىراق، بۇ ئادەت تۈركىي

تىللىق خەلقلەرنىڭ ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى دەپنە قىلىش ئادىتى ئىدى، ئىسلامىيەتتىن كېيىن، يۈز بىلەن كېپەنلەپ يەرلىككە قويۇش ئادىتى ئومۇملاشقان. بۇ سۆز ساپ تۈركچە سۆزمۇ ياكى سۆز تومۇرى ئەرەبچە، سۆز ياساش قوشۇمچىسى تۈركچىمۇ، كېسىپ بىر نەرسە دېگىلى بولمىدى. چۈنكى، ئەرەب تىلىدا «قاب» رامكا، ساندۇقچە دېگەندەك مەنىلەرنىمۇ بېرىدۇ. بىراق، «قابىرچاق» ھەرگىزمۇ ئەرەبلەردىن قوبۇل قىلغان ئادەت ئەمەس. ئوتتۇرا ئاسىيادىن ئارخېئولوگىيەلىك قېزىش جەريانىدا بايقالغان قەدىمكى قەبرىلەردىكى جەسەتلەرنىڭ كۆپىنچىسى قابىرچاققا سېلىنىپ دەپنە قىلىنغان. چۈنكى، ئۇ چاغلاردا ئاخىرەتلىك بۇيۇملار بىلەن بىللە دەپنە قىلىش ئادىتى بولغاچقا، ساندۇق ياساپ، ئۆلۈكنى، ئاخىرەتلىك نەرسىلەرنى ئۇنىڭغا قويغان. 10 ـ ئەسىرلەردىن كېيىن بۇ ئادەت ئۆزگىرىپ، كېپەن بىلەن دەپنە قىلىدىغان بولغان. ئاخىرەتلىك بۇيۇملار بىلەن بىللە دەپنە قىلىش ئادىتى تەرك ئېتىلگەن. شۇڭا، «قۇتادغۇبىلىك»تە مۇنداق دېيىلگەن:

6552. نەگۇ ئاسىغ ئاخىر يانىش يەركە بولدى
تۇرۇ قالدى دۇنيا ئىكى يۈز ئەلەتتىم

(ئاخىرى دۇنيا قالىدىكەن، ئىككى يۈز بىلەن تۇپراققا قايتىدىغان ئىشقا، بۇلاردىن نېمە پايدا)

«قۇتادغۇبىلىك»تە مۇنداق مىساللار خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ. «دىۋان»دا يەنە، مۇسۇلمانلارنىڭ قەبرىسى بىلەن مۇسۇلمان بولمىغانلارنىڭ قەبرىسىنىڭ پەرقلىق ئاتىلىدىغانلىقى ھەققىدە «سابۇزگەن» دېگەن سۆزنى كەلتۈرۈپ: ئۇنى «گۆرىستان، گۆرلۈك، مۇسۇلمان بولمىغانلارنىڭ گۆرلۈكى» (I . 670) دېگەن. بۇنىڭدىن قارىغاندىمۇ مۇسۇلمان بولغان ئۇيغۇرلار بىلەن مۇسۇلمان بولمىغان ئۇيغۇرلارنىڭ مېيىت ئۇزىتىش، گۆرلۈكى قاتارلىق تەرەپلەردە روشەن پەرق ساقلانغانلىقى مەلۇم بولىدۇ.

## تاۋۇت بىلەن دەپنە قىلىش ئادىتى

«دىۋان» دا «ئۆكەك» دەپ ئاتىلىدىغان تاۋۇت تىلغا ئېلىنغان (I . 107). بۇ ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى تۈركىي تىللىق قوۋملارنىڭ، جۈملىدىن قاراخانىيلار دەۋرىدە تېخى مۇسۇلمان بولمىغان ئۇيغۇر ۋە باشقا قەبىلىلەرنىڭ ئارىسىدا ئومۇملاشقان ئادەت ئىدى. قەدىمدە روھ ئۆلمەيدۇ، ئادەم ئۆلگەن بىلەن روھ مەڭگۈ ياشايدۇ دېگەن ئەقىدە بارلىق دىنلاردا ئورتاق بولغان. شۇ سەۋەبلىك جەسەتنى تاۋۇت بىلەن قويغاندا، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئاخىرەتلىك بۇيۇملار، كىيىم - كېچەك، زىبۇزىننەت، قورال - جابدۇق، دېدەك، قۇل، يېمەك - ئىچمەك دېگەندەك نەرسىلەر بىلەن بىللە دەپنە قىلاتتى.

ئىسلامىيەتتىن كېيىن پەقەت كېپەن بىلەن قويۇش ئومۇملاشقاچقا، قەدىمكى تاۋۇت بىلەن دەپنە قىلىش ئادىتى بارا - بارا ئادەتتىن قېپقالغان.

## قەبرە ۋە جىنازىغا يوپۇق يېپىش ئادىتى «ئەشۈك»

هازىرقى ئۇيغۇرلارنىڭ قائىدە - يوسۇنلىرىنىڭ ئىچىدە، جەسەتنى قەبرىگە ئېلىپ بېرىشتا جىنازا ئۈستىگە ئۆي ئىگىسى ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلار بىر كىيىملىكتىن رەخت ياپىدىغان ئادەت بار. بۇنى «يوپۇق» دەپ ئاتايدۇ. ئۇنى مېيىت يەرلىككە قويۇلۇپ بولغاندىن كېيىن گۆركارغا، مېيىت يۇغۇچىغا، كەمبەغەللەرگە، قارىي - مولىلارغا ئۈلەشتۈرۈپ بېرىدۇ. يوپۇقنىڭ قانچە قەۋەت يېپىلغانلىقى ئۆلگۈچىگە بولغان ھۆرمەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ خىل يوسۇننىڭ قەدىمكى دەۋردە پادىشاھلار، بەگلەرنىڭ

جەمەتىدىن ئۆلۈم چىقسا قىلىنىدىغان ئادەت ئىكەنلىكى ھەققىدە «دىۋان»دا مۇنداق مەلۇمات بەرگەن: «ئەشۈك، گۆشۈك، يوپۇق، خانلار ۋە بەگلەر ئۆلگەندە، ئۇلارنىڭ قەبرىلىرى ئۈستىگە يېپىلىپ، كېيىن كەمبەغەللەرگە ئۈلەشتۈرۈپ بېرىلىدىغان يىپەك يوپۇق» ( I ، 98). نۇرغۇن قائىدە - يوسۇنلار ئاۋۋال يۇقىرى تەبىقە كىشىلەر ئارىسىدا مەنمەنلىك، رىقابەت، ئۆزىنىڭ بايلىق، باياشاتلىقىنى نامايان قىلىش ئۈچۈن پەيدا بولىدۇ. ئاندىن بۇ بارا - بارا قائىدىگە ئايلىنىپ ئوتتۇرا ھال تۇرمۇشتىكىلەرگىمۇ ئومۇملىشىدۇ، بەزىلىرى ئەسلى دىنىي ئېتىقاد بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى بولمىسىمۇ، بارا - بارا كىشىلەر ئۇنى دىنىي يوسۇن سۈپىتىدە قاراپ مۇئامىلە قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئاۋامغا ئومۇملىشىدۇ. «ئەشۈك» ئەسلىي شاھ ئائىلىسى ۋە بەگ ئائىلىسى ئارىسىدا ئومۇملاشقان قائىدە ئىدى، بارا - بارا ھەممىگە ئومۇملاشقان بىر ئەنئەنىگە ئايلانغان. بۇرۇن «ئەشۈك» قەبرىگە يېپىلىدىكەن، ھازىر بولسا جىنازىغا يېپىلىدۇ.

قانداقلا بولمىسۇن ئۆلۈمنى ھەيۋەتلىك، ھۆرمەت - ئېھتىرام بىلەن پۈتۈن يۇرت ئەھلى قاتنىشىپ ئۇزىتىش ئۇيغۇرلارنىڭ ياخشى ئەنئەنىلىرىنىڭ بىرى. ئۆلۈمنى ئىززەت - ئىكرام بىلەن ئۇزىتىش، ئۇنىڭ ھاياتىدىن خۇلاسە چىقىرىش ياخشى ئىجتىمائىي ئۈنۈمگە ئىگە پائالىيەت ھېسابلىنىدۇ. بىراق، بەزى قائىدە - يوسۇنلارنى ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتمەسلىك كېرەك. ھەر ئىشتا ئوتتۇرا ھال يول تۇتۇش خەيرلىك بولىدۇ.

## نەزىر - چىراغ ئادىتى «يۈغ» ۋە «باسان»

مۇسىبەت يۈزىسىدىن نەزىر بېرىش ئادىتى بارلىق دىنلاردا بار. پەقەت شەكلى ئازراق پەرقلىنىدۇ. تۈركىي تىللىق

مىللەتلەرنىڭ ھەممىسىدە ئىسلامىيەتتىن بۇرۇن ۋە كېيىن بولسۇن، نەزىر بېرىش ئومۇملاشقان ئەنئەنىۋى ئادەت. ئىسلامىيەتتىن كېيىن «يۇغ»نىڭ مەزمۇنى بىر ئاز ئۆزگەرگەن.

مەھمۇد كاشغەرىينىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، «يۇغ» مۇسىبەت يۈزىسىدىن بېرىلىدىغان نەزىر ئىكەن. «يۇغ — نەزىر، ئۆلۈك كۆمۈلگەندىن كېيىن ئۈچ كۈنگىچە ياكى يەتتە كۈنگىچە بېرىلىدىغان ئاش» (Ⅲ. 195). «باسان» سۆزىنى ئىزاھلاپ: «ئارقا ئاش، ئۆلۈك كۆمۈلگەندىن كېيىن بېرىلىدىغان ئاش. شۇنىڭدىن ئېيتىلىپ نەزىر ئېشى «يۇغ باسان» دېيىلىدۇ» (Ⅰ. 503) دەيدۇ. بۇنىڭدىن قارىغاندا، ئۇز دەۋرىدە ئۆلۈم چىققان ئۆيدە ئۈدا ئۈچ كۈن، قۇربىتى يېتىدىغانلار ئۈدا يەتتە كۈن نەزىر ئاش بېرىدىغان ئادەتنىڭ ئومۇملاشقانلىقى مەلۇم بولىدۇ. بۇ ئەلۋەتتە زور ئىسراپچىلىق، ئوشۇق ئىش بولۇپ، ئىسلامنىڭ قائىدىسىگىمۇ ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. ئىسلام ئەھكاملىرىدا بۇنداق كۆرسەتمە يوق. قارىغاندا ئۇيغۇرلار ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى ئادەتلىرىنى ئىسلامغا كىرگەندىن كېيىنمۇ داۋاملاشتۇرغان بولسا كېرەك. بۇنىڭ بىر ئاز ئۆزگەرگەن شەكلى ھازىرغىچە ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىدا داۋاملىشىپ كەلگەن. ھازىر ئۇيغۇرلاردا ئۈچ نەزىر، يەتتە نەزىر يەنى ئۈچ (ئۈچىنچى كۈنى) ۋە يەتتىسى (يەتتىنچى كۈنى) بېرىدىغان نەزىر ئۈچ كۈنگىچە، يەتتە كۈنگىچە بېرىلىدىغان نەزىرنىڭ ئورنىغا ئالماشقان، دېمەك، بىر ئاز ئىسلاھ قىلىنغان. بىراق، ئۇيغۇرلار ھازىرغىچە قەدىمكى ئېپتىدائىي دىنلارنىڭ تەسىرىدە پەيدا بولغان ئادەتلەردىن ئۈزۈل - كېسىل مۇستەسنا بولالمىغان. ھازىرقى تۇرمۇشىمىزدا 40 كۈنگىچە ھەر پەيشەنبە كۈنى بېرىدىغان نەزىر، 40 نەزىر، يىل نەزىر دېگەندەك شەكىللەرگە قانائەتلىنىپ كېلىۋېتىپ. بۇ ئەلۋەتتە بىھۇدىلىك. تۇرمۇش رىتىمى تېزلىشىۋاتقان ئۇچۇر دەۋرىدە بەزى

زورورىيەتسىز رەسمىيەتلەرنى ئىسلاھ قىلىش كېرەك. بولمىسا نۇرغۇن ۋاقىت ۋە زېھنىي قۇۋۋىتىمىزنى خورىتىۋېتىمىزدۇ. قەدىمكى يېيىش - ئىچىش ئۈچۈنلا پەيدا بولغان بەزى قائىدىلەرنى ھازىرمۇ داۋاملاشتۇرۇپ، بىر ۋاخلىق تاماق ئۈچۈن نەچچە سائەتلىك، ھەتتا كۈنلۈك ۋاقىتنى زايە قىلىشقا ئەرزىمەيدۇ.

3 - تومنىڭ 422 - بېتىدە «يافلادى» دېگەن سۆزنىڭ «نەزىر قىلدى» دېگەن مەنىدە ئىكەنلىكى، بۇ ئادەتنىڭ پەقەت تۈركلەردىلا بارلىقىنى تىلغا ئالغان. بىز بۇ ئادەتنى ھازىرقى زاماندا ئۇيغۇرلاردا داۋاملىشىۋاتقان «ياغ پۇرىتىش» ئەنئەنىسى بولسا كېرەك، دەپ قارايمىز. بۇنىڭدىن بىر ئىش ئايان بولىدىكى، نەزىر بېرىش ئادىتى قانداقتۇر ئىسلامىيەتنىڭ تەسىرىدىن تۈركىي تىللىق خەلقلەرگە سىڭگەن ئادەت بولماستىن، بەلكى ئۇ تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ قەدىمكى شامان، بۇددا دىنى ئەقىدىلىرىدىن تارتىپ داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىسى ئىكەنلىكى ئايان بولىدۇ.

ھازىرقى تۇرمۇشىمىزدا يۇقىرىقىلاردىن باشقا قىرىق نەزىرسى، يىل نەزىرسى دېگەن تۈرلىرىمۇ بار بولۇپ، «دىۋان»دا قىرىق نەزىرسى تىلغا ئېلىنغان بولسىمۇ، يىل نەزىرسى تىلغا ئېلىنمىغان.

## ئۆلگەن كىشى ھەققىدە يامان گەپ قىلىش — «كىرتۇ»

«كىرتۇ»نىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى مەنىسى «ئىشەنچلىك، ھەقىقىي، راست، توغرىلىق، راستلىق» دېگەن مەنىلەرنى بەرگەن. شۇ مەنىدىن چىقىپ ئۆلگەن كىشى توغرىسىدا: «ol kirtu yarda ol»، «ئۇ راستلىق جايدا» (I. 543) دېيىلگەن. بۇ ئىبارە ئىككى قاتلام مەنىگە ئىگە. بىرى، ئادەمنىڭ

ئۆلۈشى، بۇ دۇنيادىن ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلىشى مەڭگۈلۈك قانۇنىيەت — راستلىق، ئۇنى ھېچكىم ئىنكار قىلالمايدۇ. ھېچكىم بۇنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ. يەنە بىر مەنىسى، ئاخىرەت ھەققىدە بىردىنبىر راستلىقنىڭ ئىگىسى بولغان تەڭرىنىڭ دەرگاھى بولۇپ، ئۇ يەردە يالغانچىلىققا، ناھەقچىلىككە ئورۇن يوق، دېگەنلىك بولغان. مانا شۇنداق چۈشەنچە ئارقىلىق خەلقىمىزدە ئۆلگەن كىشى ھەققىدە يالغان سۆزلىمەسلىك، يامان گېپىنى قىلماسلىق، ياخشى، راست گەپ قىلىپ، ئۇنىڭ روھىغا خاتىرجەملىك بېغىشلاش ئارزۇسى ئىپادىلەنگەن.

كتاب تور بكتى
www.uyghurkitap.com

图书在版编目(CIP)数据

道德书：维吾尔文/亚尔买买提著．—喀什：喀什维吾尔文出版社；乌鲁木齐：新疆电子音像出版社，2009.12
ISBN 978-7-5373-1997-3

Ⅰ．①道… Ⅱ．①亚… Ⅲ．①品德教育—中国—通俗读物—维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ．①D648-49

中国版本图书馆CIP数据核字（2010）第000084号

书　　名　道德书(1)
策　　划　艾则孜·阿塔吾拉·萨尔特肯
作　　者　亚尔买买提·塔依尔
责任编辑　努尔阿利亚·阿布都克里木
特约编辑　阿不里米提·卡德尔
责任校对　迪丽努尔·阿布都热合曼
特约校对　阿不都热依木·阿不力米提
封面设计　努尔买买提·吾买尔
出　　版　喀什维吾尔文出版社
　　　　　新疆美术摄影出版社
地　　址　乌鲁木齐市西虹西路36号
邮　　编　830000
发　　行　新疆新华书店
印　　刷　新疆新华印刷厂
开　　本　880×1230mm　1/32
印　　张　18.25
版　　次　2009年12月第1版
印　　次　2011年3月第1次印刷
书　　号　ISBN　978-7-5373-1997-3
定　　价　48.00元

（书中如有缺页、错页及倒装请与工厂联系）